215

H059/17

تۇختى باقى

# قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك

21500008276

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



توختى باقى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك؟

توختى باقى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 22.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1996 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 6 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 4000 — 2001
ISBN 7-228-02957-7/H·78
باھاسى: 19.50 يۈەن

# تەھرىردىن

ئالىي تەرجىمان، ئاتاقلىق تەرجىمەشۇناس توختى باقى ئوغلى 1922 - يىلى شىنجاڭ ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىتارچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈر چېغىدىلا ئاتا - ئانىسى بىلەن كورلا ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى شۇ يەردە تاماملىغان. 1938 - يىلى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ئاۋۋال شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە، كېيىن ساقچى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1944 - يىلدىن تاكى 1987 - يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىدە، ئاتۇش ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىپ، باش كاتىپ؛ قەشقەر «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ھەقىقەت» گېزىتلىرىدە تەھرىر؛ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇتقۇچى بولغان؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان؛ كېيىن بېيجىڭدا مىللەتلەر نەشرىياتىنى قۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، شۇ يەردە تەرجىمان - تەھرىر، «شىنجاڭ گېزىتى» دە تەرجىمان - تەھرىر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا تەرجىمان - تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن.

توختى باقى ئۆز ھاياتىنىڭ توپتوغرا 50 يىلىنى تەرجىمە - تەھرىرلىك بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئۇ «ئوۋچى» دېگەن بەدنام بىلەن 1957 - يىلدىن تاكى 1980- يىللىغىچە 20 نەچچە يىل ئېغىر كۈلپەت، تاتتىق رىيازەت ئىچىدە تالىغان بولسىمۇ، يەنىلا خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپ خەلقىمىزگە تەرجىمانلىق ۋاستىسى بىلەن ئۇنتۇلماسلىق خىزمەت قىلىمەن دېگەن ئالىيجاناب ئىرادە، ۋە غەيرەت بىلەن مەنىۋى زۇلمەتنى يەڭدى. بولۇپمۇ 70 - يىللاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مەركەزلىك ھالدا كەينى - كەينىدىن نەشىر قىلىپ تارقىتىلغان مەشھۇر ئەدىب. مۇتەپەككۇر لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى — «ياۋا گىياھ»، «يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايىلەر»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «گۈلشەن پاراكلىرىغا ئىستىئارە»، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»، «كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى»، «لۇشۈن فىليەتونلىرى»، «لۇشۈن مەكتۇبلىرى»، «لۇشۈننىڭ ھېكايە، نەزمە ۋە نەسرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق 26 توپلىمى — ئەنە شۇ ئېغىر كۈنلەردىكى دەرت - ئەلەمگە قارشى تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە، توختى باقى كۆپ يىللىق تىرىشچانلىقى بىلەن مول تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىپ، كىتابخانلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىشقا زور ھەسسە قوشتى. «يېڭى باتۇرلار»، «شىددەتلىك بوران-چاپقۇن»، «ئوۋچى قىزى»، «پولات ئىستىھكام»، «بارلىقىمنى پارتىيىگە بېغىشلايمەن»، «باھار پەللىسى»، «تۇن يانغاندا»، «ئۆلمەس ۋاڭ شياۋخې» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلەر ئەنە شۇلارنىڭ نامايەندىسى. توختى باقى بىۋاستە تەرجىمە خىزمىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، تەرجىمە تەھرىرلىكى خىزمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، سىياسى، ئەدەبىي ۋە ئىلمىي - پەن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تەھرىرلەش جەھەتتىمۇ مول ۋە ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

توختى باقى مول ھوسۇللۇق ۋە ئاتاقلىق تەرجىمان بولۇش بىلەنلا قالماستىن ھەم خەلقىمىز ئىچىدە تەرجىمە ساھە-



سىدە خېلى چوڭقۇر بىلىملىك تەرجىمشۇناس بولۇپ قەدىرلەنمەكتە. ئۇ 1957 - يىلى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەرجىمانلار سېمىنارىيىسىگە — سابىق سوۋېت مۇتەخەسسىسى تۇرسۇن رەھىموۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان تەرجىمانلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا — خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى «سېلىشتۇرما گرامماتىكا ۋە تەرجىمە مەسىلىسى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالە بىلەن قاتنىشىپ، ياخشى باھا ئالغاندىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە تەرجىمە ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتىنى توختاتماي كەلمەكتە. ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكەت بويىچە تىل ۋە تەرجىمە مەسىلىلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا، تەرجىمانلارنىڭ كەسپىي كۇرسلىرىدا ئىلمىي مۇھاكىمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللاردا تەرجىمە تەتقىقاتىغا دائىر ماقالە ئېلان قىلىپ كەلدى. «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا»، «تەرجىمە تەجرىبىلىرىمىدىن تەرمىلەر»، «تەرجىمە توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك مەخسۇس توپلاملىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەرجىمە ھەۋەسكارلىرى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، دەرسخانىلاردا ئوقۇش - ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان، تەرجىمە كەسپىدىن ئۇنۇۋان ئېلىشتا پايدىلىنىدىغان زۆرۈر قوللانما بولۇپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، توختى باقى خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز، ئەرەب، تۈرك، پارس تىللىرى ئارا تەرجىمە قانۇنىيەتلىرى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، تەرجىمە مەسىلىلىرى ئۈستىدە بەزى يېڭى، مۇستەقىل نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنگەندىن كېيىن، شۇ مەنىنى تەرجىمە قىلغۇچى تىلنىڭ قانۇنىيىتى، ئادىتى، مىللىي خۇسۇسىيىتى بويىچە ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك تەرجىمە قانۇنى-

بېشىغا خىلاپتۇر، ئۇنداق تەرجىمە بىلەن يارىتىلغان تىل مەھسۇلاتى ياسىما بولۇپ، تەرجىمە تىلىنى بۇزۇش، بۇلغاش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنداق مەھسۇلات خۇددى تۇز قويۇلغان ھالۋىغا، ئىس ئۆتۈپ كەتكەن پولۇغا ئوخشاش بەتتام بولۇپ، كىتابخانلارنى بىزار قىلىشى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا ياقماسلىقى تۇرغان گەپ.» — ئاپتور توختى باقى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق مەزمۇنلاردىكى كۆز قاراشلىرىنى ئاساسەن «گەپنى ئۇقلاپ قىلىش كېرەك» دېگەن ئىبرازلىق سۆز بىلەن بايان قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ قولىڭىزدىكى «قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك؟» سەرلەۋھىلىك ئەسىرى ئۇنىڭ خەنزۇچە — ئۇيغۇرچە تەرجىمە مەسىلىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ، كۆز قاراشلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

تەرجىمە كەسپى مېخانىك ھۈنەر ئەمەس. بەلكى جىسمانىي بەرداشلىق ۋە بولۇپمۇ زېھنىي سۇباتلىق بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزۈلىدىغان سەنئەتتۇر. بۇ سەنئەتنى ئۆگىنىشنىڭ ھەممىدىن ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى — سېلىشتۇرۇش. تەرجىمە كەسپىدىكى سېلىشتۇرۇش ئاساسەن باشقىلارنىڭ قانداق تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلىپ كۆرۈش، ئۇ تەرجىمىلەرنىڭ ياخشى ياكى يامان، توغرا ياكى خاتا تەرەپلىرىنى باھالاپ كۆرۈش ۋە بۇلارنى ئۆزىنىڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، تەرجىمە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، تەرجىمە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ قانۇنىيەتلىك ئامىللىرىنى تېپىشتىن ئىبارەت. تەرجىمىشۇناس توختى باقىنىڭ قارىشىچە، كېيىنكى يىللاردىن بۇيان خەنزۇچە — ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەمەلىيىتىمىزدە سۆزنى سۆزگە توغرىلاپ «ھەجىلەپ» تەرجىمە قىلىش خاھىشى كۆپىرەك ئورۇن ئىگىلىمەكتە، بۇ بىر تەرەپلىمىلىك تېگى — تەكتىدىن قارىغاندا، تىلىمىزنى بۇزماقتا، بۇلغىماقتا،



ئەلۋەتتە، تەرجىمان ھەربىر سۆزنى، بىرىكمىنى، ھەربىر ئىبارىنى ئىلاجى بار ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە «ھەجىلەپ تەرجىمە قىلىش»تىن ساقلىنىش لازىم. مەنە يەككە — يەككە سۆزلەرنىڭ سىرتىدا بولمايدۇ، لېكىن يەككە — يەككە سۆزلەر مەنىدىن خالىي بولمايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە شۇنداق پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش لازىمكى، «سۆزنى سۆز بىلەن» ئەمەس، بەلكى «مەنىنى مەنە بىلەن» ئىپادىلەش شەرت. ئاپتور بۇ ئەسىرىنىڭ ئاخىرىغا مەشھۇر تەرجىمان ھەم تەرجىمە نەزەرىيىچىسى لۇشۈننىڭ تەرجىمە مەسىلىلىرى ھەققىدە يازغان ئوچېرك، فېليەتونلىرىنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ قوشۇپ قويغان. ئاپتورنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەجرى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

توختى باقىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئۇنىڭ تەرجىمە ساھەسىدە يېرىم ئەسىر جاپاغا چىداپ ئىشلەپ يېتىشتۈرگەن مول مېۋىلىرىنىڭ شېرىن مېغىزى دەپ تەرىپلىسەك مۇبالىغە بولماس. بۇ ئەسەردە مەسىلىلەر روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئېنىق يېشىلگەن: تەرجىمە جەھەتتىكى بىرمۇنچە چىگىش، مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە بۇ ئەسەردىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تېپىش مۇمكىن.

# مۇندەرىجە


تەرجىمە پىكىرنىڭ شاكىلى ئەمەس، مېغىزى!.......... 1

تەرجىمە توغرىسىدا قىسقىچە ساۋات.................. 19

تەرجىمىدە چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش مەسىلىسى........ 31

قايسىسى ھەل قىلغۇچ ئامىل؟ ............................ 44

يەنە تەرجىمىدە چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش مەسىلىسى... 54

پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ۋە تەرجىمە..................... 94

تەرجىمىدە سۆزنى جايىدا قويۇش لازىم ............... 101

تىل ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.............. 112

«تەرجىمە تىلى»نى زورلاپ تاڭمايلى ................. 124

سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا ............ 141

«چاتما جۈملە» نىڭ تەرجىمىدىكى سىرى............... 173

«ئىبارە»تىن ئىزاھ ئىزدەپ چىقىش يولىنى تېپىش.................. 189

«ئۇچۇر» توغرىمۇ ياكى «سىرتىق»مۇ؟ ................ 210

تەرجىمىدە مەنتىقى ئۇقۇم مەسىلىسى ................ 217

يەنە تىل ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك!......... 225

تەرجىمە ئۇسۇلىغا دائىر ................................. 229

تەرجىمىدە جۈملە ئۈستىدە ئىشلەش..................... 272

مۇرەككەپ جۈملىلەرنى قانداق تەرجىمە قىلىش كې‍
رەك.................................................................. 298

«تەرجىمە توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىلەر
تـوپلىمىغا كىرىش سۆز ........................ 325
تەرجىمە سەنئىتى ھەققىدە ئوچېرىك .................. 330
گەپنى ئوڭلاپ قىلىش كېرەك — (1) ................ 361
گەپنى ئوڭلاپ قىلىش كېرەك — (2) ..................... 377
تەرجىمىنىڭ سىرى — (3) ............................ 396
تەرجىمە ئەينەككى ............................................. 406
گەپ مىسالىدا ئەمەس ......................................... 436
لۇشۈن ۋە تەرجىمە ............................................ 446
لۇشۈن ئەسەرلىرى شىنجاڭدا ............................... 457
ئوقۇپ قويۇڭ، پايدىسى تېگەر ............................. 477

## قوشۇمچە

گاسلىقتىن گاچىلىققا ............................................ 491
تەرجىمىنى ئاقلايمەن ............................................ 496
تەرجىمە توغرىسىدا (1) ........................................ 501
«ماۋزۇسى تويۇلمىغان» ماقالە .............................. 507
ياشلارغا سەمىمىي مەسلىھەتىم .............................. 515
چۈشىنىكسىز ئاھاڭ تەرجىمىسى ............................. 522
«قاتمال تەرجىمە» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى»...... 532
بىرنەچچە «راۋان» تەرجىمە ................................... 586
يەنە بىر «راۋان» تەرجىمە توغرىسىدا ..................... 593
چاقچاق چاقچاقچە بولسۇن ....................................... 599
كاللا دېسە پاقالچەك دەپتۇ! .................................... 612
تەرجىمە توغرىسىدا (2) ........................................ 619
تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا .................... 625
تەرجىمە توغرىسىدا سالام خەت ............................. 630



يەنە تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا ........... 673
تەكرار تەرجىمە قىلمايمۇ بولمايدۇ ....................... 678
ھەيرانمەن ............................................................. 685
بىزگە تەنقىدچى كېرەك ......................................... 689
تىللاپ ئۆلتۈرۈش ۋە ماختاپ ئۆلتۈرۈش ................. 695
تىللاش ................................................................ 699
سودىگەرنىڭ تەنقىدى .......................................... 702
تەنقىدچىنى تەنقىد قىلغۇچى ................................ 706

# تەرجىمە پىكرىنىڭ شاكىلى ئەمەس، مېغىزى!

## (مۇقەددىمە ئورنىدا)

«ھازىرقى بەزى تەرجىمە ئەسەرلەردە (ھەتتا بەزى جانلىق، ئاغزاكى گەپ - سۆزلەردىمۇ) يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەر زامانىمىزنىڭ تەلىپىگە، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشتىن خېلى يىراق. تەرجىمە ئەسەرلىرىمىزدە پىشىپ يېتىلمىگەن، ئوقۇغان كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان، كىتابخانلارنىڭ زوقىنى ياندۇرىدىغان (ھەتتا بەزى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدىغان)، پەقەت ئايرىم تەرجىمانلارنىڭ ئۆزىگىلا شېرىن، باشقىلارغا بەتتام تۇيۇلىدىغان نەرسىلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممە ساھە يۈكسەك دەرىجىدە ئىلگىرىلەۋاتقان ھازىرقى پەيتتە تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تازا باش قاتۇرۇش مۇشۇ ساھە بويىچە ھەممىدىن مۇھىم ئىش بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.»

بۇ پىكىر 1980 - يىلى «تەرجىمە تەجرىبىلىرىمدىن تەرمىلەر» ناملىق ئەسىرىمنىڭ كىرىش سۆزىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن ئازغىنە كەم 10 يىل ئۆتكەندە، 1990 - يىلى «تەرجىمە توغرىسىدا» ناملىق يەنە بىر ئەسىرىمگە «ئاپتوردىن» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن يېزىلغان كىرىش سۆزىدىمۇ يەنە شۇ پىكىر ئەينەن تەكىتلىنىپ، قايتا

ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مانا ھازىر 1994-يىل بويىچە ھېسابلىساق، تۆت يىل ئۆتتى.تۆت يىل! قارىماققا تۆت يىل ئىنسانىيەت تارىخىدا تولىمۇ قىسقا بىر ۋاقىت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىمىز باشلانغاندىن بۇيان ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان دەرىجىدە بارلىققا كەلگەن نى-نى چوڭ ئىشلار، زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئاجايىپ-غارايىپ يېڭىلىقلار ئېتىبارى بىلەن ئېيتساق، شۇ تۆت يىلنى ئۆتكەن 40 يىلغا باراۋەر دەپ قارىساق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ ھېسابلىساق مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز دەپ ئويلايمەن. دېمەك، 40 يىلغا تەڭ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىتقا تەڭ كېلەلەيدىغان تۆت يىل ئىچىدە، ھاياتىمىزنىڭ ھەممە ساھەسىدە ھەرقانچە تەرىپلەسەكمۇ، پەخىرلەنسەكمۇ مۇبالىغە بولمايدىغان يېڭىلىقلار، مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. بۇ تەرەققىياتلار كىشىنى خۇشال قىلماقتا، زوقلاندۇرماقتا، روھلاندۇرماقتا. لېكىن، ئەپسۇسكى، كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان مۇشۇنداق تەرەققىيات دەۋرىدە، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان مۇشۇنداق يېڭىلىق، ئىسلاھات پەيتىدە، تەرجىمە ساھەسىدىكى تەرەققىيات يولىمىزدا ئۇچراۋاتقان قىسمەن غەيرىي نورمال ھادىسىلەر كىشىنى ئېچىندۇرماي قويمايدۇ. بۇنداق ئېچىنىشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى قىسقىچە مۇنداق مۇھاكىمە بىلەن يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

تەرجىمە مۇناسىۋىتى بىلەن تىلىمىز بۇزۇلماقتا!

تەرجىمە مۇناسىۋىتى بىلەن تىلىمىز بۇلغانماقتا!

... ... ...

مۇشۇنداق قايغۇلۇق سادالار كۆپەيمەكتە، بۇنداق مۇھاكىمە ۋە سادالار تاسادىپىي، ھېچبىر ئاساسسىز ئوتتۇرىغا چىققان ۋە چىقىۋاتقان ھادىسە ئەمەس. پاكىتلارغا قاراڭ:



△ «ئىدارىمىزدە تەرجىمانلارنىڭ كۈچى يېتىشمەيدۇ……»

(«تەرجىمە خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى» سەرلەۋھىلىك دوكلاتتىن)

مەسىلە: خەنزۇ تىلىدا 翻译力量缺少…… دېگەن سۆزدە تەرجىمانلارنىڭ ئازلىقى، خىزمەت ئېھتىياجىدىن چىقالمىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمانلارنى كۆپەيتىش لازىملىقى بايان قىلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرچە تەرجىمىنىڭ مەنىسىدىن، گەپنىڭ ئورانىدىن، مەنتىقىسىدىن قارىغاندا، خۇددى 10 ياشلىق بالىنى 30 ياشلىق ئادەم بىلەن چېلىشىشقا سېلىپ قويسا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن دېگەندەك، «تەرجىمانلار كۈچسىز، ئاجىز، كۈچى يېتىشمەيدۇ……» دېگەندىن باشقا مەنە چىقارمۇ؟ بۇ تەرجىمىدىن ئەسلى تېكىستتىكى «تەرجىمان كەم ياكى ئاز» دېگەن تۈپ مەنىنى تېپىش قىيىن. ھېچ بولمىغاندا، بۇ تەرجىمىدىكى پىكىر، مەنە تۇتۇق، مۇجمەل ئەمەسمۇ؟

△ كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا چاپلانغان لەۋھەلەردە «ياشانغان، ئاجىز، مېيىپ، كېسەل ۋە ھامىلىدار ئاياللارغا ئورۇن بېرەيلى» دېگەندەك سۆزلەرنى ۋە ئىبارىلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. شەك يوقكى، بۇ ئىبارىلەر خەنزۇچە 老弱病残孕妇…… دېگەن ئىبارە بولۇپ، ئەسلى «ياشانغانلارغا، ئاجىزلارغا، كېسەلمەنلەرگە، مېيىپلارغا ۋە ئېغىر ئاياق ئاياللارغا ئورۇن بېرەيلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەپسۇسكى، «ئەركەك» لەرگىمۇ ئورتاق بولغان «ياشانغانلار، ئاجىزلار، كېسەلمەنلەر، مېيىپلار» دېگەن مەنىلەر تەرجىماننىڭ «ماھىر» لىقى بىلەن پۈتۈنلەي بۇرمىلانغان، يەنى «ئەركەك» لەرمۇ ياشانغان، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ ۋە ھامىلىدار «ئايال» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

«چەت ئەللىك مېھمانلار ئۈرۈمچىنى ئالتە جەھەتتە ياخشى كەن دەپ ماختاشتى:...... گۆش بىلەن تەمىنلەشتىمۇ ياخشى كەن، گۆش دۇكانلىرىدا، ئاشخانا ۋە مېھمانخانىلاردا قوي گۆشى، كالا گۆشى مول ئىكەن، كانارىدا ئىسسىقلىق گۆشلەردىن قان تېمىپ تۇرىدىكەن، پىششىقلىرىنىڭ مەززىلىك

---

پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن،......» («شىنجاڭ گېزىتى» دىكى تەرجىمە خەۋەردىن)

مەسىلە: گۆش تەمىناتىدىكى مولچىلىقنى مەدھىيەلەش ئۈستىدە گەپ بولغاندا. گۆشنىڭ ئەمدىلا سويۇلغان «يېڭى گۆش» ئىكەنلىكى خەنزۇ تىلىدا 鲜血直滴 دېگەن ئىبارە بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەنسە، ئۇيغۇر تىلىدا شەكىلەن، «قان تېمىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئىبارە بىلەن تەرجىمە قىلىش تامامەن خاتا. چۈنكى خەنزۇچە ئىباردىن گۆشنىڭ يېڭى ئىكەنلىكى خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۇ گۆش خام يېگۈدەك يېڭى ئىكەن، قېنىمۇ قاچماپتۇ...» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلغان. لېكىن تەرجىمىدىكى «قان تېمىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئىبارىدىن، ئۇيغۇر تىل مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن ۋە مەنتىقىسىدىن ئالغاندا، گۆشنىڭ يېڭى سويۇلغان گۆش ئىكەنلىكىنى ئەمەس، مۇزلاپ ئېرىگەن كونا گۆش دېگەن مەنىنى چۈشىنىش مۇمكىن. دېمەك، ئەسلى مەنا بىلەن تەرجىمىدىكى مەنە پۈتۈنلەي ئىككى باشقا بىر نەرسە بولۇپ قالغان. ھەرپىمۇ ھەرپ قىلىنغان تەرجىمە شەكىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، مەنەن قارىمۇ قارشى بولۇشى كۆپ ھاللاردا تىل مەدەنىيىتىدىكى مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئېتىبار قىلمىغانلىقتىن پەيدا بولىدىغان ھادىسىدۇر.

△ «تەڭرىنىڭ پۈتۈكچىلىرى پانىي دۇنيادىكىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرىنى مۇقەددەس قەغەزلەرگە



پۈتۈۋېتىپتۇ.» («دۇنيا ئەدەبىياتى» دىن)

مەسىلە: «تەڭرى»، «پۈتۈكچى»، «پانىي دۇنيا»، «ياخشىلىق، يامانلىق»، «مۇقەددەس» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزىلا بىر پەردە گەپنىڭ تارىخ، دىن ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق ئىكەن، سۆزلەرنى ياكى تارىخىي ۋە ياكى دىنىي تەسىرات پەيدا قىلالمايدىغان، ياكى ساپ ھازىرقى زامان تىلى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرەلمەيدىغان ۋە ياكى تىل مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگىمۇ، تىلنىڭ زامانىۋى تەرەققىيات يۆنىلىشىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، تىل ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەبلەتە ئۇسلۇبتا ياساپ، «قېچىر تىل» پەيدا قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇش ئەرزىمەس بىر ئىش بولسا كېرەك. بۇنداق ياسىما قېچىر تىل تەرجىمە قائىدىلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمىسە كېرەك. تارىخىي ئەنئەنىۋى تىل ئۇسلۇبى ئېتىبارى بىلەن مۇلاھىزە قىلساق، «تەڭرىنىڭ پۈتۈكچىلىرى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا «كەرەمۇلكاتىبىن» دېگەن ئاتالغۇ، «مۇقەددەس قەغەز» نىڭ ئورنىدا «لەۋھىلمەھپۇز» دېگەن ئاتالغۇ بارغۇ؟! ھازىرقى زامان تىلى ئېتىبارى بىلەن ئالساق، «پۈتۈكچى» نىڭ ئورنىغا «كاتىپ»، «يازغۇچى» دېگەن ئاتالغۇ بارغۇ. «پانىي دۇنيا» نىڭ ئورنىدا «ئىنسانىيەت دۇنياسى»، «رېئال دۇنيا» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار يوق ئەمەس. ھازىرقى زاماندا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ھازىرنىڭ ھاۋاسى، تەربىيىسى، تىل ئادىتى تەسىرى بىلەن ئۆسۈۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مۇبادا ئۆز تىلىدا «لىباسىمنى كىيىپ چىقاي، بىر دەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. چۈنكى بىمار بولۇپ قالغانىدىم. ئىستېمال قىلغان دورىلار تېخى شىپا قىلمىدى...» ۋەھاكازا. دېگەن ئۇسلۇبتا سۆزلىسە، بۇنىڭ ئۈنۈمى، تەسىرى قانداق بولار؟

△ «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ گۇناھىنى تولدۇرۇشنى خالايمەن.»

مەسىلە: ئۇيغۇر تىلىدا «تولدۇرۇش» دېگەن سۆز كۆپ ھاللاردا شەيئىلەرنىڭ كەم، چالا قالغان، يېتىشمىگەن، ئاز بولۇپ قالغان قىسمىنى «تولۇقلاش»، «تولدۇرۇش» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، «گۇناھىنى تولدۇرۇش» دېگەن تەرجىمىدىن كەم، چالا قالغان «گۇناھىنى تولۇقلاش، داۋاملاشتۇرۇش» دېگەن تەتۈر مەنە چىقماسمۇ؟ ھالبۇكى، ئەسلى خەنزۇچە 我愿意弥补先人的罪过 دېگەن تېكىستتە بولسا «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى گۇناھىدىن ساقىت قىلىشنى خالايمەن» ياكى «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ گۇناھى بەدىلىگە ھەرنېمە كەلسە مانا مەن جاۋاب قىلىشقا ھازىرمەن» دېگەندەك ئېنىق، توغرا مەنە چىقىپ تۇرىدۇ.

△ «تەخسىرنىڭ پەرزەنتلەر قەرزىنى بالدۇرراق ئادا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.» ئەسلى: 愿相公早毕儿女之债。

مەسىلە: بۇ تەرجىمىدىن قارىغاندا، ① سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىككى شەخسنىڭ بىرى يەنە بىرىگە ئۈچىنچى بىر ئادەم توغرىسىدا يەنى «تەقسىر» توغرىسىدا سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى بايان قىلغان. ② 相公 نىڭ «تەقسىر» دەپ، 儿女 نىڭ «پەرزەنت» دەپ، 毕 نىڭ «ئادا قىلىش» دەپ ئېلىنغانلىقىغا قارىغاندا، تەرجىمان بۇ تارىخي شەخسنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن كونا زامان تىلىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىشكە خېلى كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن. دەرۋەقە، 相公 دېگەن كونا سۆز ئەسلىدە «ۋەزىر»، «ۋەزىر ئەزەم»، «ۋەزىر ھەزرەت» دېگەندەك مەنىدە قوللىنىلاسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى كونكرېت سۆز مۇھىتىدا، ياشانغان موييسپىتلارنىمۇ، كىچىك باللارنىمۇ، خۇددى بىز ئۇيغۇرلار «تەقسىر، غوجام، بېگىم، شاھزادەم...» دەپ ئاتىغاندەك، 相公 دەپ ئاتايدىكەن؛ ھەتتا ئىچىملىك سو-



رۇنلىرىدىكى «ساقى» نىمۇ 相公 دەپ ئاتايدىكەن؛ خوتۇنلىرى ئەرلىرىنى ھۆرمەتلەپ ئاتىغان چاغدىمۇ 相公 دەيدىكەن. لېكىن بۇ تەرجىمىدە مەسىلە شۇ يەردىكى، ① ئەسلى خەنزۇچىدە گەپ ئۈچىنچى بىر ئادەم ئۈستىدە ئەمەس، پەقەت سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىككى ئادەم ئۈستىدىلا بولۇۋاتىدۇ. يەنى سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى يەنە بىرىگە: «تەقسىر،... ...قەرزلىرىنى ئادا قىلىۋەتسىلە.» دەۋاتىدۇ. بۇ يەردە تەرجىمىدىكىدەك، «تەقسىرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قەرزىنى بالدۇرراق تۆلىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»، بۇ ئۈمىدىمنى تەقسىرگە يەتكۈزۈپ قويسىلا، دېگەنگە ئوخشاش ئەكس مەنە يوق. دېمەك تەرجىمىدە مەنە خاتا بولغان.② بۇ جۈملىدىكى 儿女债 دېگەن ھەرپلەرنىڭ سېلىشتۇرما لۇغەت بويىچە «ئوغۇل - قىز»، «قەرز» دېگەن سۆزلەردىن تەركىب تاپقان «ئوغۇل - قىز (ياكى پەرزەنت) قەرزى» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا «پەرزەنتلەر قەرزى» دېگەن سۆزدىن پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدا تۆلەشكە (قايتۇرۇشقا) تېگىشلىك «مەجبۇرىيىتى» يەنى باللارنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىغا ياندۇرۇشقا تېگىشلىك «ھەققى» دېگەن مەنە چىقىدۇ. لېكىن خەنزۇ تىلىدىكى 儿女之债 شەكلىدىكى «پەرزەنتلەرنىڭ قەرزى» دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرسىمۇ، ماھىيەتتە، شۇ ھەرپلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىنىڭ ئەكسىچە، «ئاتا - ئانىلارنىڭ قەرزى» دېگەن چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىق بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلىش، تەربىيىلەش، بالاغەتكە يەتكەندە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىش «مەجبۇرىيىتى»، «قەرزى» بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى شەكلەن تەرجىمە پۈتۈنلەي مەنىنىڭ خاتا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان.

△ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «قىزىلتاغ» يولىدىكى 4 -

ئومۇرالۇق ئۆيىنىڭ ئىشىك بېشىدا «چېگرا قورغىنى باشقۇرۇش ئورنى» دېگەن لەۋھە ئېسىقلىق تۇرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ، بۇ يەر «چېگرا»، ئىككى دۆلەت ئارا قاتناش «ئاغزى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەرلەرنى، چېگرا مۇداپىئە «قورغان» لىرىنى باشقۇرىدىغان «ئىدارە» ئىكەن دەپ چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن. ياق، شۇ لەۋھە ئېسىلغان ئورۇن ئۇنداق «ئىدارە» ياكى «باشقۇرۇش ئورنى» ئەمەس. ئەكسىچە، «ماگىزىن»! ئەسلى «قىزىلتاغ» كوچىسىدىكى 乌市汽运司边塞经理部 يەنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاپتوماشىنا ترانسپورت شىركىتىنىڭ «بېيەنسەي» ناملىق ماگىزىنى ئىكەن. تەرجىمىدە بۇ سۆزلەرنىڭ تولىسى قىسقارتىلىپ، پەقەت 边塞经理部 دېگەن قىسمىلا تەرجىمە قىلىنغان. 边塞 = چېگرا قورغىنى؛ 经理 = باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق. بۇ تەرجىمىنىڭ توغرىلىقىدا قىلچە شەك يوق. ئەگەر بۇ تەرجىمىدىن ۋە بۇ تەرجىمىنىڭ توغرىلىقىغا بەرگەن باھايىمىزدىن گۇمانلىنىدىغان بولسىڭىز، ئەنە تەرجىمە دەستۇرىمىز بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان بىرقەدەر مۇكەممەل «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» (ئىككى توملۇق) كە قاراڭ. شەك يوق، تامامەن توغرا! لۇغەت بويىچە قارىغاندا «چېگرا قورغىنى باشقۇرۇش ئورنى» دېگەن ئىبارە تامامەن توغرا ئىكەنۇ، لېكىن شۇ تەرجىمىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان پىكىر، مەنە جەھەتتىن نېمە ئۈچۈن پۈتۈنلەي تۆمۈر - تەسەك ۋە ئاپتوماشىنا زاپچاسلىرىنى ساتىدىغان «ماگىزىن» ئەمەس، چېگرا، قورغانلارنى باشقۇرىدىغان «ئورگان» دېگەندەك باشقىچە چۈشەنچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ بۇ يەردە تەرجىمان «ماگىزىن» دەپ چۈشەنگەن نەرسىنى تەرجىمان ئەمەس ئادەملەرنىڭ «باشقۇرۇش ئورنى» ياكى «ئىدارە» دەپ چۈشىنىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان غەلىتە «ئېزىتقۇ» بارمىدۇ؟ شۇنداق، بۇ يەردە بىر سىر بار. تەرجىمىدىكى بۇ سىرنى پەقەت تەرجىمە كەسپىدە رول ئوينايدىغان، تەرجىمە



ئەمەلىيىتىدە رىئايە قىلىش شەرت بولغان «ساداقەت» لا يېشىپ بېرەلەيدۇ. تەرجىمە كەسپىدە «ساداقەت» ئىككى تەرەپلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىر تەرەپتىن، ئەسلىگە يەنى ئەسلى تېكىستكە، ئەسلى تېكىستتە ئىپادىلىنىۋاتقان مەنە، پىكىرگە سادىق بولۇش شەرت، شۇ مەنە، شۇ پىكىرنى كەم - كۈتىسىز ھالدا توغرا ئىپادىلەپ بېرىش شەرت، بۇ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسلى مەنىنى، ئەسلى پىكىرنى تەرجىمە قىلىنغۇچى تىلدا شۇ تىلنىڭ ئادىتى، قانۇنىيىتى ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا كەم - كۈتىسىز، توغرا ئىپادىلەپ بېرىش شەرت. يەنى تەرجىمە قىلىنغۇچى تىلغىمۇ سادىق بولۇش شەرت. بۇ ئىككى شەرتنىڭ قايسىبىرى نەزەر - ئېتىبارسىز قالىدىكەن، شۇ تىل ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرجىماننى جازالايدۇ، يەنى تەرجىماننى تەرجىمە ماھارىتى، ئومۇمىي بىلىمى، تەرجىمىدە شۇغۇللىنىۋاتقان تىلى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئانا تىلى قاتارلىق جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرى، قۇسۇرلىرى بىلەن يەرگە قارىتىدۇ، تەرجىمە كەسپىدىكى ساداقەتسىزلىكى ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا كەسىپ ئەخلاقى ئالدىدا ۋىجدانى ئازابقا قالدۇرىدۇ. بىر چاغدا مەلۇم «بىر تەقرىزچى» 论翻译书 سەرلەۋھىلىك قىسقىغىنە بىر پارچە ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدە تەقرىز يېزىپ، ئەدەبىي تەرجىمە توغرىسىدىكى 译事要以艺术修养为根本…。 دېگەن جۈملىنىڭ، ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتە «……قورساقتا بەدىئىي ئوماچ توپلاش» ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىپ، «قورساقتا ئوماچ توپلاش» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا، ئاچقان قورساقنى ئوماچ بىلەن تويغۇزۇش، دېگەندىن باشقا مەنە بەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەدەبىي تەرجىمىدە قورساقتا بەدىئىي ئوماچ توپلاش كېرەك» دېگەن تەرجىمىنى ئۇيغۇر تىلى قائىدىسى بويىچە «تەرجىمىدە بەدىئىي تەربىيىلىنىشنى ئاساس قى-

لىش......» دېگەن شەكىلگە ئۆزگەرتىش كېرەك، دەيدۇ. دېمەك،
قورساقتا ئۈماچ توپلاش كېرەك دېگەندەك سۆزلەر ئۇيغۇر تى-
لىنىڭ قائىدىسىگە سىغماسمىش، چۈنكى «ئۈماچ» نىڭ ئاچقان
قورساقنى تويغۇزىدىغان «تائام» دىن باشقا مەنىسى يوقمىش.
ئېھتىمال، بىلىملىك ئادەمنى، «ئۇنىڭ قورسىقىدا ئۈمىچى بار
ئىكەن» دەپ تەرىپلەش بۇ تەقرىزچىنىڭ نەزىرىدە «ئۇ سامان
قورساق ئادەم ئىكەن» دېگەندەك ھاقارەت گەپ بولسا كېرەك.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تەقرىزچى تەرجىمىدە ئەسلى خەنزۇچىدا سۆز،
جۈملە قانداق بولسا، ئۇنىڭ ھەرپىلىرىگىمۇ، جۈملە شەكلىگى-
مۇ مۇتلەق «سادىق» بولۇپ، ئەينەن تەرجىمە قىلىشنى تەشەب-
بۇس قىلىدۇ. «三四一十二» سەرلەۋھىلىك بىر مىكرو ھېكا-
يىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ: بىر خىزمەت گۇرۇپ-
پىسى مەلۇم بىر مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن مەلۇم
بىر ئىدارىگە بارىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر بۇلارنى مول ۋە ئېسىل زى-
ياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. گۇرۇپپا باشلىقى تۇرمۇشتا تېجەش-
لىك ۋە مۇئامىلىدە پاك بولۇش نىيىتى بىلەن ئۇلارغا، تولا كا-
يىماڭلار، تاماقنى ئاددىي قىلىپ، تۆت سەي، بىر تاڭ بەرسەڭلا
كۇپايە قىلىدۇ دەيدۇ. ئۇلار خوپ دەيدۇ ۋە لېكىن كاتتا زىيا-
پەتكە لايىق مول ۋە ئېسىل تائاملارنى ئاددىي تۆت تەخسە ۋە
بىر تاۋاققا توغرىلاپ ئۈستەلگە ھازىرلايدۇ. بۇنى كۆرگەن گۇ-
رۇپپا باشلىقى «又是三四一十二!» دەيدۇ، يەنى «يەنە شۇ
بىلگىنىڭلارنى قىپسىلەر!» دەيدۇ. شۇ ھالەتتە «يەنە شۇ ئاتام
ئېيتقان بايىقىدەك قىپسىلەر!»، «يەنە شۇ ئىككى سەككىز ئون
ئالتە قىپسىلەر!» دېيىشى ھەم مۇمكىن. چۈنكى شۇ
ھالەتتە، شۇ سۆز مۇھىتىدا خەنزۇچە رەقەملەر بىلەن قىلىنغان
سۆزلەردىكى تۈپ مەنە، تۈپ پىكىر شۇنداق. ئەپسۇسكى (ئې-
سىمدە قالغان تەسىرات شۇنداق، ئايرىم ئەسلى سۆز ياكى ئى-
بارىلەردە خاتىرە سەۋەنلىكى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ يەر-



دە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلە توغرىسىدىكى خا-
تىرەمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىمەن)، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تەر-
جىمە «تەقرىز» چىسى بۇ رەقەملىك ئىبارىنى «3 كەررە تۆت
12» دەپ تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمىدىكى «ساداقەتلىك» كە
ئۈلگە كۆرسەتكەن. ئەگەر گەپ ماتېماتىكا ئۈستىدە بولىدىغان
بولسا، «3 كەررە تۆت 12» دېگەن گەپمۇ «ئىككى يەردە سەك-
كىز ئون ئالتە»، «ئىككى كەررە سەككىز ئون ئالتە»، «سەككىز-
گە سەككىزنى قوشساق ئون ئالتە بولىدۇ» دېگەندەك ئېنىق
بولۇپ، مەنە جەھەتتىن چۈشەنچە خاتالىقى پەيدا قىلمايدۇ.
لېكىن گەپ ھېساب ئۈستىدە ئەمەس، بىرەر ئادەمنىڭ باشقى-
لارنىڭ مەسلىھەتىنى، پىكرىنى ۋە ياكى تاپشۇرۇقىنى ئاڭلىماي،
يەنىلا ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلغانلىقى ئۈستىدە بولغاندا،
«ئۈچ كەررە تۆت ئون ئىككى» دېگەن ئىبارىدىن «يەنە شۇ ئىك-
كى سەككىز ئون ئالتە بوپتىغۇ» دېگەن مەنىنى تېپىش، ئېھتى-
مال، تەرجىمە قائىدىسى جەھەتتە شۇنداق شەكىلچىلىكنى
دەستۇر قىلىۋالغان تەرجىمان، تەقرىزچىلەردىن باشقا كىتابخان-
لار ئاممىسىغا مۇمكىن بولمىسا كېرەك. تەرجىمە ئۇسۇلى جە-
ھەتتىن قارىغاندا شۇنداق؛ ستىلىستىكا جەھەتتىن قارىغاندا،
بولۇپمۇ «كەررە» سۆزى پۈتۈن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ
ئاران 5 تىن 1 نى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن شۇ 5 سۆزدىن
تەركىب تاپقان جۈملىنىڭ مەنىسىنى 100 پىرسەنت بۇرمىلاپ
تاشلىغان. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا «3 كەررە تۆت 12» دېگەن
سۆزدىن $3 \times 4 = 12$ دېگەن ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىنىلا ئى-
پادىلەش مۇمكىن، ئەسلى خەنزۇچىدا بايان قىلىنغان پىكىرنى،
مەنىنى ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئۇسلۇب بىلەن قى-
لىنغان تەرجىمىدە ئانا تىلغا سادىق بولۇشنىڭ ئازغىنە بولسى-
مۇ بىرەر ئالامىتىنى تېپىش قىيىن؛ ئەسلى خەنزۇچە مەنە توغ-
را ئىپادىلەنگەن بولسا كاشكى، ئەسلى تېكىستتىكى مەنىمۇ

بۇرمىلانغان. خەنزۇ تىلىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاشلا،
ئۇيغۇر تىلىمۇ شۇنداق نازۇك تىلكى، ئۇنى قوللانغان كىشى
مۇبادا سۆزلەرنى جايىدا ئىشلەتمىسە، ئۇرانى جەھەتتىنمۇ
باشقا - باشقا مەنىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىشى، ھېچ بولمىغاندا
گەپنى ئوڭلاپ قىلالماسلىق ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇم-
كىن. «ناۋاي (نانۋاي)» دېگەن سۆز نان يېقىپ ساتقۇچى
دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. بۇ يەردە «ۋاي (ئەسلى: باي)» دېگەن
قوشۇمچە مەنىسى ۋە رولى جەھەتتىن «ياغاچچى»، «تۆمۈرچى»
دېگەن سۆزلەردىكى «چى» قوشۇمچىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش
ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، «نانۋاي» دېگەن سۆزنى «نانچى»
دېگەن شەكىلدە ئۆزگەرتسىڭىز، ئۇ چاغدا مەنە «نان ياققۇچى،
نان يېقىپ ساتقۇچى» دېگەن چۈشەنچىدىن پۈتۈنلەي باشقا
تائامنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان، ناننى ياخشى كۆرۈپ يەي-
دىغان ئادەم دېگەن چۈشەنچىگە ئۆزگىرىدۇ. يەنە، «ناۋاي»
دېگەن سۆزنى ئىزاھلىق لۇغەتتىن باشقا يەردە، مەيلى يېزىق-
تا ياكى ئېغىزدا بولسۇن، «نان يېقىپ پىشۇرۇپ ساتىدىغان
ئادەم» دەپ قوللانسىڭىز، تەبىئىكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە
خىلاپ ياسىما تىل بولۇپ، بۇزۇلغان، بۇلغانغان تىللار قاتا-
رىغا كىرىپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇنداق خۇسۇس-
يەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، «ناۋاي» دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىدا
卖馕的人، 烤馕的人 ياكى 卖考馕的人 ۋە ياكى
以烤馕为职业的人 (نان يېقىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم)
دەپ تەرجىمە قىلماي مۇمكىن بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئىلمىي
ئاساسلىرى چۈشىنىشلىك: بۇ يەردە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆرپ -
ئادىتى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى، تىل
ئادىتى قاتارلىق پەرقلىق خۇسۇسىيەتلەر رول ئوينايدۇ.
祖农走着走着有些渴了，……在枣树影里坐下来，把两手拢在一起窝成个小土碗，放进小渠里，舀起一捧水喝起来。……他从袷袢



里后腰那儿掏出一只雪白的麦面馕掰下一小块，在泥水里蘸一蘸，吃起来。（见“出塞男儿”，92页，新疆人民出版社1987年8月出版）
قاراڭ، بۇ قۇرلاردا پىكىر، مەزمۇن شۇنداق ئوبرازلىق، شۇن-
داق جانلىق ۋە جەزىبىلىك تەسۋىرلەنگەن. ئەگەر ئۇيغۇر تى-
لىغا «زۇنۇن ... چىلان دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، ئىككى
قولىنى جۈپلاپ غېدىر تاۋاقچا ئايلاندۇرۇپ، ئېرىققا كىرگۈزۈپ،
بىر چاڭگال (خەير، مەيلى، بىر «ئوچۇم» مۇ دەيلى.— ئاپتور
ئىزاھى) سۇ ئىچتى ... » دەپ، سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىپ،
كىتابخانلار ئاممىسىغا سۇنساق، بۇ تەرجىمىنى ئوقۇغانلاردا
قانداق تەسىرات پەيدا بولار؟!

ھەرپمۇ ھەرپ ھەجىلەپ، سۆزنى سۆزگە لۇغەتچە توغ-
رىلاپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى تەرجىمىدىكى شەكىلۋازلىق
ئېقىمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنداق ئېقىمدىكىلەر تەرجىمى-
دە پەقەت ئەسلى تېكىستكىلا، ئەسلى تېكىستنىڭ شەكلىگىلا
سادىق بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. خەنزۇچە 他是没有修养的人
دېگەن گەپنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆز مۇھىتىغا قاراپ «ئۇ
ئەدەپسىز (ياكى تەربىيە كۆرمىگەن) ئادەم ئىكەن» دەپ تەرجىمە
قىلسىڭىز، ئەسلىدىن يىراقلىشىپ، بۇ يەردە خەنزۇچىدا 礼貌
ۋە 教育 دېگەن سۆز يوق، شۇڭا تەرجىمە چەتلەپ كېتىدۇ
دەيدۇ؛ «ئۇ تەربىيىلىنىشى يوق ئادەم» دەپ ئەسلىدىن يىراق-
لاشتۇرماي تەرجىمە قىلىش كېرەك دەيدۇ؛ ئەگەر «ئۇ ئۆپكىسى
يوق ئادەم ئىكەن» دەپ تەرجىمە قىلسىڭىز، بۇ گەپ خەنزۇ-
چىغا ياندۇرۇپ تەرجىمە قىلغاندا 他是没有肺脏的人 بولۇپ
تېخىمۇ چەتلەپ كېتىدۇ دەيدۇ؛ تەرجىمىدە مەنىنىڭ، پىكىرنىڭ
قانداقلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ؛ شۇنداق سۆزمۇ سۆز ۋە ياسىما
تەرجىمىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا زادى قانداق چۈشەنچە بېرىۋات-
قانلىقىنى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىش دەپ قاراشقا

قىزىقمايدۇ. ئاخىر، ئاقىۋەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز قېلىپىدىن، قانۇنىيىتىدىن، ئادىتىدىن چەتلەپ، بۇزۇلۇش ۋە بۇلغىنىش تەرىپىگە يۈزلىنىشىگە زامىن بولغانلىقىنى ئۆزى ھەم سەزمەي قالىدۇ. شۇنداق ئېقىمدىكىلەرنىڭ تەرجىمە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىتابخانلارنى بىزار قىلىشى، تىل ۋە تەرجىمە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئاغزىدا، نەزەرىدە رەت قىلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس. بەزى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ قالىدۇ. شۇنداق چاغلاردا مەسىلىگە ئەستايىدىل قارايدىغان بولسىڭىز، شۇنى بىلىۋېلىشىڭىز مۇمكىن: ئەسلىدە مەسىلە شۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلمىغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان! تەرجىمە كەسپى ئىككىنچى بىر تىلنى، ئۇنىڭ يېزىقىنى بىلىدىغانلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇ مۇنتىزىم ئىلمىي خىزمەت. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «قويىنى قاسساپ سويسۇن» دېگەن ماقالى بار. قويىنى سويۇشنىڭ، ھەتتا توخۇ بوغۇزلاشنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلمىگەن ئادەم ئۇنى ھارام قىلىپ قويۇشى تۇرغان گەپ.

### تەرجىمە قانۇنىيىتى نېمە؟

تەرجىمە ساھەسىدە ئومۇمىي ۋە ئاددىي ساۋات سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان، نەزەردە تۇتۇپ ئەھمىيەت بەرسىڭىز ئىشىڭىزنى ئارزۇ - تەلەپكە لايىق ياخشى پۈتتۈرۈپ بېرىدىغان، نەزەردە تۇتمىسىڭىز، ئېتىبارغا ئالمىسىڭىز، ئىشىڭىزدىن ئارزۇيىڭىزنىڭ تەتۈرىسىچە قۇسۇر، چاتاق چىقىشقا سەۋەبچى بولىدىغان غەلىتە بىر ئۇنسۇر مەۋجۇت، ئۇ بولسا تەرجىمە قانۇنىيىتى. بۇ قانۇنىيەتنىڭ تەركىبىي ئېلېمېنتلىرىنى مۇنداق بايان قىلىش مۇمكىن:

ئالدى بىلەن، ئەسلى ئەسەرنى، تېكىستنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپ، مەنىنى پىششىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش شەرت، يەنى



ئەسلى ئەسەرنى، ئەسلى تېكىستنى، ئۇنىڭدىكى پىكىرنى، مەنىنى، ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنى، گەپنىڭ ئورانىنى ۋە شۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى چوڭقۇرلاپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش كېرەك. تەكرار بولسىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتەي: مۇشۇ ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن 论翻译书 دېگەن ئىبارە ئەسلىدە ئاپتورنىڭ بىراۋغا يازغان سالام خېتى. تەرجىمان «تەرجىمە توغرىسىدا سالام خەت» دېگەن ئەسلى مەنىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنمەي، سۆزمۇ سۆز «كىتاب تەرجىمىسى ھەققىدە» دەپ ئەسلىدىن باشقىچە مەنىدە تەرجىمە قىلغان. بۇ خاتالىق شۇ تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرىنىڭمۇ كۆزىنى غەلىت قىلىپ، مەتبۇئات يۈزىگە چىقىپ كەتكەن، مەتبۇئات يۈزىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «تەقرىز» چىنىڭ كۆزىگە چېلىققان، تەھلىل قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا «توغرا تەرجىمە» لەر قاتارىدا باھالىنىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى خاتانىڭ «توغرا» بولۇپ قېلىشىدا سەۋەب نېمە؟ بۇ يەردىكى سىر شۇ يەردىكى، 论翻译书 دېگەن ئىبارىدە 书 نىڭ «كىتاب» ئەمەس، «سالام خەت» مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى، بۇ ئىبارىدە جۈملە خەنزۇچە يېرىم 文言文 (كونا كىتابىي تىل) ئۇسلۇبى بويىچە تۈزۈلگەنلىكى — بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئەسلى تېكىستنىڭ ئۆزىدىلا قالغان، تەرجىمانمۇ، تەھرىرمۇ، «تەقرىز» چىمۇ تېكىستنىڭ ھەرپمۇ ھەرپ شەكلى ئۈستىدىلا توختاپ قېلىپ، ئىچكى مەنىسىگە يېتەلمىگەن، ئۆرۈكنىڭ ئۆزىنىلا يەپ، مېغىزىنى چاقالمىغان. مېغىزىنى چېقىپ يېمىگەن ئۆرۈك، ئاخىر قورساقنى كۆپتۈرىدۇ.

ئاندىن كېيىن، باشقا تىلنى، كونكرېت ئېيتقاندا خەنزۇ تىلىنى شۇنداق قېتىرقىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تەرجىمە تىلىدا، يەنى ئۇيغۇر تىلىدا كەم - كۈتىسىز، راۋان ۋە بولۇپمۇ توغرا ئىپادىلەپ بېرىش لازىم. ئەسلىنى چۈشىنىش

بىر ئىش، شۇ چۈشەنچىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن توغرا ئىپادىلەپ بېرىش بىر ئىش. چۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىل مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى ئاساسەن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. گەپتە سۆزلەرنى بىر - بىرىگە توغرىلاپ ئۆرۈپ قويۇش بىلەنلا، ئىشنى توغرا قىلدىم دېگىلى بولمايدۇ. تەرجىمىدە شەكىلگە ئېتىبار بەرگەندىن كۆرە، مەزمۇنىغا، مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرگەن ياخشى؛ تەرجىمە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ چىقىشى، ياسما، قاتمال، ئېغىزغا چۈشۈپ بەرمەيدىغان بولۇپ قالماسلىقى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمان ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى، يەنى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك. ئانا تىلىمىزدا يېزىلغان قەدىمكى، كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى، ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇماي خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، سۆز بايلىقىمىزنى كۆپەيتىش مۇمكىن ئەمەس. تىلىمىزنىڭ ئەسلى جۈملە قائىدىلىرىنى، تىل ئادىتىنى پىششىق بىلمەي تۇرۇپ، پىكىرنى، مەقسەتنى، مەنىنى راۋان، توغرا ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن. تارىختىن گەپ بولۇپ، «پۈزۈلغىچە ئوقۇغانىمەن» دېگەندە، بۇ گەپنى توغرا چۈشەنمەي «پۈزۈلى» دېگەن سۆز بىر يازغۇچىنىڭ تەخەللۇسى تۇرسا، «پۈزۈلىنى ئوقۇغانىمەن» دېگەن گەپ خۇددى «يۇنۇس بەگنى ئوقۇدۇم» دېگەندەك مەنتىقسىز گەپ بولماسمدۇ؟ دەيدىغانلار يوق ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالنى ئانا تىلىنى، يەنى ئۇيغۇر تىلىنى ئوبدان بىلمەسلىك ھادىسىسى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مەلۇم بىر شەخس «دىكتاتورلار دۆيى» ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا «مېنى ناھەق قىستىماڭلار، كەڭچىلىك قىلىڭلار، ماۋ جۇشىنىڭ قورسىقى كەڭغۇ...» دېگەن مەزمۇندىكى تەلىپىنى



ئۆزى تەرجىمە قىلىپ تۇرۇپ: 请不要无故强迫我，我要求宽大处理，毛主席的肚子大嘛。 دېگەن. نەتىجىدە بۇ شەخس ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ قاتتىق تاياق - توقماق يېگەنىنىڭ ئۈستىگە، ماۋ جۇشىغا «ھاقارەت» قىلدى دېگەن بەتنام بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان. بۇ ھادىسىنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى شۇ يەردىكى، بۇ شەخس ئۇيغۇر تىلىدىكى پالانىنىڭ «قورسىقى كەڭ» دېگەن سۆز «رەھىمدىل» دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر شەكلى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە ياخشى سۈپەت ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى خەنزۇچىغا شەكلەن تەرجىمە قىلىپ 毛主席的肚子大 دېگىنىدە «...قورسىقى يوغناپ، ئېغىر ئاياق بولۇپ قاپتۇ» دېگەنلىكىنى نەدىمۇ ئويلىسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان سۆزى خەنزۇ تىلىدا يامان نىيەتلىك بەتنام بولۇپ، كۈتۈلمىگەن يامان ئاقىۋەتكە قالغان، بۇنداق ھادىسىلەرنى ئىككى تىلنىڭ پەرقىنى، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان بىلمەسلىكتىن پەيدا بولغان دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

× × ×

تەرجىمە كەسپىدە تەرجىمە سەنئىتىنىڭ ئۆزى بىر بىپايان دۇنيا. بۇ بىپايان دۇنيا شۇنچە ياشناپ، شۇنچە جانلىنىپ، شۇنچە باراقسان گۈللەپ ئېچىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرغان، تېخى ئېچىلمىغان ياكى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن سىرلىق بوز يەرلىرى ئاز ئەمەس. تەرجىمە تىلىمىزدىكى نۇقسانلارنى ئەنە شۇ سىرلارنىڭ تولۇق يېشىلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراش ئارتۇقچە گەپ بولمىسا كېرەك.

تەرجىمىنى يارامىلىق ئىشلەش، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى، ئىبارىسىنى، جۈملىسىنى، سەھىپىسىنى ئوقۇغۇچىغا مەنزۇر قىلىش، كىتابخاننى مەمنۇن قىلىش، سۆيۈندۈرۈش ئاسان ئەمەس. لېكىن تەرجىمان تەرجىمىنىڭ ئىجادىيەت جاپاسىغا چىداپ، ئۆتكۈر دىت ۋە ئىستىداتلىق قەلب بىلەن ھالال - ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئاۋايلاپ تەرجىمە قىلغاندىلا، ئۆزىنىڭ تەرجىمىسىدىن ئۆزى لەززەت ئالالىغاندىلا، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭدىن مەمنۇنىيەت ھوزۇرىنى ئالالايدۇ، باشقىلارنىمۇ مەمنۇن قىلالايدۇ.

1993 - يىل ئاۋغۇست.



## تەرجىمە توغرىسىدا قىسقىچە ساۋات

تەرجىمە بىر خىل تىلدا يېزىق شەكلى بىلەن ياكى ئېغىزچە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنى يەنە بىر خىل تىلدا يېڭىباشتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تىل پائالىيىتى؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىلى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى. يولداش ستالىن ئۆزىنىڭ «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق توغرىسىدا» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە: «تىل شۇنداق ۋاستە ۋە قورالكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ. تىل تەپەككۇر بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلەر بىلەن ۋە سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر بىلەن خاتىرىلەپ قويىدۇ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ» دەپ يازغانىدى. ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلى بولغان تىل، خۇددى ستالىننىڭ تەبىر بەرگىنىدەك، تەپەككۇرنىڭ بىۋاستە ئەمەلىيىتى، مەنىۋى پائالىيەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى، ھەربىر مىللەتنىڭ تىلى بىر - بىرىدىن ھەرقانچە پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە كەچۈرۈۋاتقان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى، شۇ

مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش لوگىكىسى ئومۇمەن ئوخشىشىپ كەتكەچكە، تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن پىكىر - ھېسسىياتلىرىدا ھەممە ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان ئورتاقلىق بولىدۇ. بۇنداق ئورتاقلىق بىر مىللەتنىڭ تىلىدا ئىپادىلەنگەن پىكىر مەزمۇنىنى يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. بۇنى ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن تىلنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدىغان ماقال بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىش مۇمكىن. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا بىرەر ئىشنى دەل ئۆز پەيتىدە ئىشلەش زۆرۈرلۈكى ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ "趁热打铁" دېيىلسە، شۇ چۈشەنچە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن ئوبرازلىق ماقال بىلەن توغرا، ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلىمەي چىشلەشكە تەييار تۇرىدىغان ھارامتاماقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى خەنزۇ تىلىدا "饭来伸手，汤来张口" دەپ سۈپەتلەنگەن بولسا، خۇددى شۇ چۈشەنچىنى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈزۈم پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئىپادىلەش مۇمكىن. بەدنىيەت، ئاچكۆز ئادەمنى خەنزۇ تىلىدا "吃着碗里，望着锅里" دېگەن ئىبارە بىلەن سۈپەتلىگەن بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «ئاغزى ئاشتا، كۆزى قازاندا» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن. قېرىنداش خەنزۇ خەلقى بىلەن ھەر جەھەتتىكى ئورتاق تۇرمۇش شارائىتىدا، مەيلى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن بولسۇن، شەكلەن تىل جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، چۈشەنچە جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش بولغان ئورتاقلىقلارنىڭ سانى يوق. خەنزۇ تىلىدا شەكلەن باشقىچە يېزىلغان، سۆزلەنگەن سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇ مەنىدە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش مۇمكىن. خەنزۇ تىلىدا "胡须" دېيىلگەن بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «ساقال - بۇرۇت» دەپ ئىپادىلەش مۇمكىن.

دېمەك، بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت-



نىڭ تىلىنى بىر - بىرىگە تەرجىمە قىلىش مۇمكىنلىكى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەرجىمە نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، كونكرېت تەرجىمە ماھارەتلىرىنى تېپىش ۋە كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەڭ ئىستىقبال يارىتىپ بېرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەربىر مىللەتنىڭ تىلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدىغان چۈشەنچە ئورتاق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورتاقلىق بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ كونكرېت تەرجىمە پائالىيىتىدە ھېچقانچە چوڭ قىيىنچىلىق تۇغۇلمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

تەرجىمە بىلەن خاراكتېرلەنگەن تىل پائالىيىتىنىڭ باشقا تىل پائالىيەتلىرىدىن (بۇ يەردە ئاساسەن ئىجادىي يېزىقچىلىق پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) پەرقلىنىدىغان ئاساسىي بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، تەرجىمان تەرجىمە قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئۆزى خالىغانچە ئىپادىلىمەستىن، تەرجىمە قىلىنىدىغان ماتېرىيالدا بايان قىلىنغان نەرسىلەرنى تەرجىمە قىلغۇچى تىلدا قايتا بايان قىلىپ بېرىدۇ. تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەردىكى پىكىر بىلەن چەكلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەسلى پىكىرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش تەرجىمە كەسپىدىكى چوڭ بىر زىددىيەت. بۇ زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تەرجىمە تارىخىدا تۈرلۈك ئېقىم، خاھىش ۋە ئۇسۇللار ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، «سۆزمۇسۆز تەرجىمە» ۋە «مەنەن تەرجىمە»، «مېخانىك تەرجىمە» ۋە «ئەركىن تەرجىمە»، «ئۆلۈك تەرجىمە» ۋە «جانلىق تەرجىمە»، «يېرىك تەرجىمە» ۋە «راۋان تەرجىمە»،

«تەڭ قىممەتلىك تەرجىمە» ھەتتا «مالىمان تەرجىمە» (بەزىدە «ئۇرۇپ - سوقۇپ تەرجىمە قىلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋەھاكازا. مەن بۇ يەردە ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ تەرجىمە تەجرىبىلىرى دائىرىسى بىلەنلا چەكلەنگەچكە، تەرجىمىنىڭ سىياسىي - نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى ۋە خەۋەر ئاخبارات دېگەندەك تارماقلار بويىچە تۈرلىنىشى ئۈستىدە، تەرجىمىنىڭ ئومۇمەن نەزەرىيىۋى قائىدىلىرى ۋە ئېقىملىرى ئۈستىدە توختالمايمەن.

لېكىن گېپى كەلگەندە شۇنى تەكىتلىمەي مۇمكىن ئەمەسكى، تىل پائالىيىتىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان تەرجىمە ئىشى تىلنى ۋاستە قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئەسلى تىل بىلەن تەرجىمە تىلى (بۇ يەردە گەپ خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىلا بارىدۇ) كۆپ ھاللاردا، بىر - بىرىدىن كۆپ پەرق قىلىدۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆز - ئىبارىلىرى، لۇغەت فوندى، تىل ئادىتى ۋە جۈملە تۈزۈش قائىدىسى بار. تەرجىمىدە ئەنە شۇنداق ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولغان ئىككى تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، قائىدە - قانۇنلىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىگە مۇناسىپ ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاتاقلىق پېشقەدەم تەرجىمانلىرىمىزدىن لۇشۈن مۇنداق دەيدۇ: «مەن، تەرجىمە قىلىشنى ئىجادىي يېزىقچىلىقتىن ئاسان، چۈنكى ئۇنىڭدا ھېچبولمىغاندا پىكىر يۈرگۈزىمەن دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن راستىنلا تەرجىمىگە كىرىشكەندىن كېيىن، قىيىن داۋانلارغا دۇچ كەلدىم. مەسىلەن، بىرەر ئىسىم ياكى بىرەر پېئىلنى تاپالماي قالغاندا. ئىجادىي يېزىۋاتقاندا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن، تەرجىمىدە ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس: تەرجىمىدە تاكى باش قېيىپ - قېتىپ كەتكىچە، خۇددى مېڭىدىن ساندۇقنىڭ ئاچقۇ-



چىنى ئاختۇرغاندەك، ئويلاشقا، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.» بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تەرجىمىدە بىرەر سۆزنى، بىرەر ئاتالغۇنى ئىجاد قىلىش، ياساش ئاسانلا ئەمەس، ئادەتتىكى ئىسىم، پېئىل ياكى سۈپەتنى ئۆز لايىقىدا تەرجىمە قىلىشمۇ سەل چاغلايدىغان ئاددىي ئىش ئەمەس؛ تىل ئادىتى، تىل قائىدىلىرى كۆپ پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر مىللەتنىڭ پۈتۈن - پۈتۈن ئەسەرلىرىنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ تىلىغا توغرا، چۈشىنىشلىك، ئەسلىگە سادىق بولغان ھالدا دەل ئىپادىلەپ بېرىش ناھايىتى زور بىر ئىش.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزدىن مەلۇمكى، تەرجىمە تىلنى مېخانىك ئالماشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى مۇۋاپىق، دەل ۋە ئېنىق ئىپادىلەش شەكىللىرىنى ئىزدەش، تاللاش يولىدا كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان مۇرەككەپ بىر جەريان؛ يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تەرجىماننىڭ ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىجادىيەت جەريانى. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۈشكۈللىكىمۇ ئەنە شۇ جەرياندا گەۋدىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىجادىي خىزمەت ئىكەنلىكىمۇ ئەنە شۇ جەرياندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. قايسىبىر تەرجىمە نەزەرىيىچىسىنىڭ تەرجىماننى رەسسامغا ئوخشاتقىنى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ: تەرجىمان خۇددى سۈرەت سىزىدىغان رەسسامغا ئوخشايدۇ، ئۇ كۆز ئالدىدىكى كونكرېت مەنزىرىنى ئۆز لايىقىدا سىزىپ بەرسىلا بولىدۇ، كۆز ئالدىدىكى نەرسىنى فوتو ئاپپاراتى بىلەن تارتقانغا ئوخشاش، مېخانىك ھالدا ئەينەن تارتىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەنىدى. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى نۇرغۇن پاكىتلار ئەسلى گەپ، ئەسلى جۈملىنى خۇددى فوتو ئاپپاراتى بىلەن سۈرەت تارتقاندەك مېخانىك ھالدا كۆچۈرۈپ قويۇشنىڭ يارىماس خاھىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا، تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟

تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە رىئايە قىلىنىدىغان مىزان، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى باھالاشنىڭ ۋاستىسى. تەرجىمىدە ئۆلچەم مۇتلەق بولمايدۇ، نىسپىي بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىگە قاراپ، تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ بېرىشىغا قاراپ راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

بىزگە مەلۇم، تەرجىمىنىڭ مەقسىتى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى سادىقلىق بىلەن تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش. بۇ ــ ھەرقانداق تەرجىمە ئۈچۈن ئورتاق ئۆلچەم ۋە ھەرقانداق تەرجىمانغا ئايان ساۋات.

لېكىن، ئەسەرلەرنىڭ تۈرلۈك ژانىرلاردا بولۇشىغا قاراپ، تەرجىمىنىڭ ئىپادىلەش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدىنقى شەرت بولغان ئومۇمىي ئۆلچەم ئاساسىدا، تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ:

“在社会主义制度下，实行按劳分配；
在共产主义制度下，实行按需分配。”

«سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ؛ كوممۇنىزم شارائىتىدا ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ.»

بۇ مىسال سىياسى ـ ،نەزەرىيىۋى ئەسەردىن ئېلىنغان. سىياسى ـ نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدە سىياسى نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئېنىق بولۇشى، سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كېلىشى، جۈملىلەرنىڭ راۋان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ مەنتىقىي چۈشەنچىنىڭ ئەسلىگە تۈپتىن ئۇيغۇن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئېھتىمال، بۇ يەردە



“制度” سۆزىنىڭ «شارائىت» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى، “实行……分配” ئىبارىسىنىڭ «تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش» دەپ تەرجىمە قىلىنماي، «تەقسىم قىلىش» دەپلا تەرجىمە قىلىنىشى ئۈستىدە باشقىچە پىكىر تۇغۇلۇشى مۇمكىن. مۇنداق مەسىلە سىياسى ـ نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر تەرجىمىسىگە قويۇلىدىغان تۈپ تەلەپ ۋە ئومۇمىي ئۆلچەم دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر تەرجىمىسىمۇ خۇددى باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىگە ئوخشاشلا، مەزمۇن ۋە چۈشەنچىنى ئەسلىگە ماس، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق دەرىجىدە سۆز تاللاش ۋە شۇ ئاساستا سۆز ـ ئىبارىلەرنى بىر ـ بىرىگە ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، جۈملىنى راۋان ئېلىشقا يول قويۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە چىن مەنتىقىي چۈشەنچە ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا، «سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدا ...... قىلىش يولغا قويۇلىدۇ» دېگەن گەپ ساغلام گەپ ئەمەس؛ خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر تىلىدا «تەقسىملەش يولغا قويۇلىدۇ» ياكى «تەقسىمات يولغا قويۇلىدۇ» دېگەن سۆز «تەقسىم قىلىنىدۇ» دېگەن ئۇقۇمدىنلا ئىبارەت. بۇ يەردە گەپ پەقەت تەرجىماننىڭ سۆزنى قانداق تاللاش، قانداق ئىشلىتىش ماھارىتىگە باغلىق.

ئەمدى پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىدىن مىسال كەلتۈرەيلى:

“蜂蜜是大自然赠给的贵重礼物。蜂蜜中含有碳水化合物，酶，维生素，矿物盐，有机酸。一百克蜂蜜的热量为三百至三百二十卡。”

«ھەسەل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قىممەتلىك سوۋغىسى. ھەسەلنىڭ تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، فېرمېنت، ۋىتامىن، مىنېرال تۇز، ئورگانىك كىسلاتا بار. 100 گرام

ھەسەل 300 — 320 كالورىيە ئىسسىقلىق بېرىدۇ.» — بۇ بىر خىل تەرجىمە.

بۇ مىسالنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن: «ھەسەل تەبىئەت ھەدىيە قىلغان قىممەتلىك سوۋغا. ھەسەلدە كاربون - سۇ بىرىكمىلىرى، فېرمېنت، ۋىتامىن، مىنېرال تۇز، ئورگانىك كىسلاتا بار. 100 گرام ھەسەلدە 300 — 320 كالورىيە ئىسسىقلىق بولىدۇ.»

مەيلى بىرىنچى خىل تەرجىمىدە بولسۇن، مەيلى ئىككىنچى خىل تەرجىمىدە بولسۇن، ئەسلى ئەسەردە بايان قىلىنغان پاكىتلار ۋە ئىلمىي ئۇقۇملار ئېنىق، توغرا بايان قىلىپ بېرىلگەن. چۈنكى پاكىتلار، ئىلمىي ئۇقۇملار پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تېرمىن - ئاتالغۇلارنى توغرا قوللىنىشمۇ پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە قويۇلىدىغان مۇھىم تەلەپلەردىن بىرى. بۇ مىسالنىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسىدە ئايرىم تېرمىنلار ئىككى خىل ئېلىنغان. بۇ ئىككى خىل تەرجىمە ئومۇمەن مەنىنى توغرا بېرىش جەھەتتىن كىشىنى رازى قىلالىسىمۇ، لېكىن تېرمىن - ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتىن يەنىمۇ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. تېرمىن - ئاتالغۇ جەھەتتە قارارلاشتۇرۇش زۆرۈر بولغان مەسىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرىنچى خىل تەرجىمىنى خېلى پىشقان تەرجىمە دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. “大自然赠给的贵重礼物” دېگەن ئىبارىدىكى “赠给的” (ھەدىيە قىلغان)» دېگەن سۆز، قارىماققا تاشلىنىپ قالغاندەك تۇرسىمۇ، ماھىيەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ نازۇك مەنىلىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قىممەتلىك سوۋغىسى» دېگەن ئىبارىنىڭ ئۆزىدىنلا تولۇق چۈشىنىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تەرجىمە ئۇسۇلىدىكى «كونكرېت قوللىنىلمىسىمۇ،



ئالدى - كەينىدىكى باشقا سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇن مەنىسى چىقىپ تۇرىدىغان سۆزلەرنى قىسقارتىش مۇمكىن» دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇن. “蜂蜜中” دېگەن سۆز «ھەسەلنىڭ تەركىبىدە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «ھەسەلدە» سۆزى خەنزۇ تىلىدا توق، تولۇق سۆز بولسىمۇ، جۈملىدىكى ئورنى، ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن، قانداقلا بولمىسۇن، ئاچلىق قىلىپ تۇرغانلىقى «ھەسەلنىڭ تەركىبىدە» دېگەن ھالىتىگە سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا گەۋدىلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەسلى ئەسەردىكى مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، تەرجىمىدە «تولۇقلاش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا يول قويۇلىدۇ.

قىسقىسى، سىياسىي - نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنىڭ، پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدە مەنىنىڭ توغرا بولۇشى، مەنتىقىي ئۇقۇمنىڭ ئېنىق بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ؛ شۇ ئالدىنقى شەرتى ئاساسىدا، جۈملىنى راۋان ئىشلەش ئۈچۈن، تەرجىمە قىلغۇچى تىلنىڭ ئۆزىگە خاس تىل قائىدىلىرىگە، تىل ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى دېگىنىمىزدە شۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرلەر، كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار، تەسۋىرلەنگەن شەيئىلەر، يېشىپ بېرىلگەن قائىدىلەر ۋە ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەرجىمان تەرجىمىنى توغرا ئىشلەش ئۈچۈن ئەسلى ئەسەردىكى شۇ ئامىللارنى ئۆز تىلى بىلەن كەم - كۈتسىز، تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك؛ بۇرمىلىماسلىقى، كېمەيتمەسلىكى، مۇبالىغە قىلماسلىقى، ئەسلى ئەسەردە يوق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ قويماسلىقى لازىم. لېكىن شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بەلگىلىك ۋاستە، يەنى بەلگىلىك

شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شەكىل ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلى. كونكرېت بىر مەزمۇننىڭ ئەسلى ئەسەردە ئۇنداق شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا، تەرجىمىدە بۇنداق شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت. مەسىلەن، بۇغدايدىن ئۇن تارتىدىغان زاۋۇت قېلىپلاشقان خەنزۇ ئەدەبىي تىلىدا "面粉加工厂" دېيىلىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇن زاۋۇتى» دېيىلىدۇ. ئەگەر بىر تىلدىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنمەي، تەرجىمىدە سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلماي، «ئەسلىگە سادىق بولىمەن» دەپ شەكىلگىلا بېرىلىپ كەتسەك، ئۇ ھالدا، "面粉加工厂" نى «ئۇننى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى» دەپ تەرجىمە قىلىش خاتالىقىدىن خالى بولالمايمىز. «ئۇننى پىششىقلاپ ئىشلەش» دېگەن سۆزنىڭ مەنتىق جەھەتتىن نىمە مەنىنى بېرىدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. تەرجىمىدە شەكىل بىلەن مەزمۇننى توغرا بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ:

"是的，教授！我发现你对于丁洁琼还是那样一往情深，还是那么忠贞不渝。我从你的眼神中可以发现，她的名子和笑靥，已经和您的灵魂汇在一起，在时时唤起您对那早已消逝的青春时代的痛苦回忆……。"

سۆزمۇ سۆز تەرجىمىسى: «شۇنداق، پروفېسسور! سىزنىڭ يەنىلا دىڭ جيېچيۇڭغا بولغان مۇھەببىتىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، يەنىلا ئۇنىڭغا تايىماستىن سادىق ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقۇپ قالدىم. مەن سىزنىڭ كۆزىڭىزدىن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە زىناقلىرىنىڭ جېنىڭىزغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن ياشلىق دەۋردىكى ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلەر



سىزنى ھەر دائىم ئويغىتالايدىغانلىقىنى سېزىۋالالايمەن......»

بۇ، «ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈش» ناملىق روماندىكى دىئالوگلاردىن ئېلىنغان بىر ئابزاس سۆز. بۇ يەردە پوپ قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر چەت ئەل جاسۇسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي ئالىم، پروفېسسورنى ئۆزىنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان مەھبۇبىغا بولغان مۇھەببىتىدىن پايدىلىنىپ ئالداپ، چەت ئەلگە ئېلىپ قېچىش غەرىزى بىلەن «مۇھەببەت ھېيلىسى» نى ئىشلىتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. تەرجىمە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ تەرجىمىنى ئەسلىگە سۆزمۇ سۆز سادىق دەپ ئېيتىش مۇمكىن. لېكىن بۇنداق تەرجىمىنى توغرا تەرجىمە دەپ قارىيالمايمىز. جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ دىئالوگدا «مۇھەببىتىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، يەنىلا سادىق ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقۇپ قالدىم» دېيەلمەيمىز؛ «كۆزىڭىزدىن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە زىناقلىرىنىڭ جېنىڭىزغا (خەير، «روھىڭىزغا» مۇ بولسۇن) قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلەر سىزنى ئويغىتىدىغانلىقىنى سېزىۋالالايمەن» دېيەلمەيمىز. مەنە شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ مەنىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس جۈملە تۈزۈش ئادىتى بويىچە، ئېغىزغا راۋان چۈشۈپ بېرىدىغان، مەنىسىمۇ روشەن ئاڭلىتالايدىغان شەكىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تامامەن مۇمكىن. مەسىلەن، «شۇنداق، پروفېسسور! قارىسام سىز تېخىچە دىڭ جيېچيۇڭدىن مېھرىڭىزنى ئۈزمەپسىز، ئۇنىڭغا تېخىچە شۇنداق سادىق ئىكەنسىز. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى، زىناقلىرى سىزنىڭ ئەقلى ـ ھوشىڭىزنى ئېلىپ، ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق دەۋرىڭىزدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىڭىزنى دائىم ئېسىڭىزگە كەلتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى كۆزىڭىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ......»

تەرجىمىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنى فوتو ئاپپاراتى بىلەن سۈرەتكە تارتقاندەك ھېچبىر ئۆزگەرتىشسىز شەكلەن ئوخشىتىپ تەرجىمە قىلىش، يەنى بۇنداق سادىقلىق، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، تەۋىلەرچە سادىقلىق، ئۆلۈك تەرجىمە بولۇپ چىقىش خەۋپىدىن خالىي بولالمايدۇ. ئەسلىگە سادىق، توغرا تەرجىمە ئەسلى ئەسەرنى سۆزمۇسۆز، شەكلەن ئىپادىلەپ بېرىش ئەمەس، ئۇنىڭ روھىنى، مەزمۇنىنى توغرا بايان قىلىپ بېرىش دېمەكتۇر. ھەربىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆزىگە خاس بايان قىلىش ئۇسۇلىغا، قائىدىسىگە ئىگە. بىرەر مەنىنى، بىرەر مەزمۇننى ياكى بىرەر جۈملىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ ھەربىر ھەرپ، سۆزلىرىگە، جۈملە شەكىللىرىگە بىرمۇبىر جاۋابكار بولۇشتىن كۆرە، تەرجىمە تىلىنىڭ روھىنى، مېغىزىنى ئەسلى ئەسەرنىڭ روھىغا، مېغىزىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا جاۋابكار بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش زۆرۈر.



## تەرجىمىدە چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش مەسىلىسى

قەلەم تەرجىمىسىگە كىرىشكەن ھەرقانداق تەرجىماننىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتى داۋامىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى ئۇچرىتىشى ۋە ئۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش يولىدا تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئەجىر سىڭدۈرۈشى ھەممىگە ئايان. تەرجىمان ئەسلى ئەسەرنى، ھېچ بولمىغاندا ئەسلى جۈملىنى پىششىق ئوقۇپ ھەزىم قىلىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن چۈشىنىكسىز بولغان تېرمىن - ئاتالغۇلار ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ، لۇغەتتىن ئىزلەيدۇ، سۆز تاللايدۇ، ئەسلى تېكىستتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىسىنى ئۆز تىلىدا توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇۋاپىق بايان شەكىللىرىنى ئىزلەيدۇ ۋە باشقىلار. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى بۇ چارە - تەدبىرلەر تەرجىمىگە كىرىشكەندىن تارتىپ تەرجىمە پۈتكەنگە قەدەر بىر پۈتۈن جەريان بارلىقىنى ۋە بۇ جەرياننى ئېتىبار بىلەن نەزەردە تۇتۇش زۆرۈرلۈكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مۇرەككەپ بىر جەريان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە، يەنى تەرجىمىگە كىرىشكەندە ئىككى باسقۇچنى مەزمۇت قەدەم بىلەن بېسىپ ئۆتۈش شەرت ئىكەنلىكى تەرجىمە تەجرىبىسىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە يەكۈنى بولسا كېرەك. بۇ ئىككى باسقۇچنىڭ بىرى ئەسلى ئەسەرنى چۈشىنىش باسقۇچى؛ يەنە بىرى تەرجىمە بىلەن ئىپادىلەپ

بېرىش باسقۇچى.

تەرجىمىگە كىرىشكەندە، ئالدى بىلەن، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى، مەزمۇنىنى، سۆز - ئاتالغۇلىرىنى، گراماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئەسلى ئەسەردە بايان قىلىنغان كونكرېت ۋەقە ۋە شەيئىلەرنى ئوبدان چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئاندىن كېيىن، ئەنە شۇ چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن تەرجىمە تىلىنىڭ ئۆزىگە يارىشا بايان قىلىش شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن. ئەسلى ئەسەرنى، ئەسلى تېكىستنى مەزمۇن جەھەتتىن چۈشەنمەي تۇرۇپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا سۆز - ئىبارىلىرىنى، گراماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرمەي تۇرۇپلا تەرجىمە قىلىشمۇ تەرجىمە ئۆلچىمىگە، تەرجىمىگە قويۇلىدىغان تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى:

“对于生产的实践，经济建设的实践，用什么来衡量成功和失败呢？”

ئەگەر ئەسلى جۈملىنىڭ گراماتىك خۇسۇسىيىتىگە ئوبدان ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا «ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنى نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟» دەپ تەرجىمە قىلغان بولاتتۇق. بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا «نىسبەتەن» سۆزى مەيلى ئىستېمالدا بولسۇن، مەيلى لۇغەت شەرھىسىدە بولسۇن، سېلىشتۇرماق مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. يەنى «سېلىشتۇرغاندا»، «قارىغاندا» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بېرىدۇ. مەسىلەن، «ماڭا نىسبەتەن سەن چاققان»، «بۇلاق سۈيى ئۆستەڭ سۈيىگە قارىغاندا سۈزۈك بولىدۇ» ۋە باشقىلار. مۇشۇنداق مەنىدىن ئالغاندا، يۇقىرىقى تەرجىمىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ «ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە



نىسبەتەن (...... ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا، سېلىشتۇرغاندا)، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنى نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟ دېيىلسە، مەنتىق جەھەتتىن زادى نېمە مەنە كېلىپ چىقىدۇ؟» روشەنكى، ئۇنداق تەرجىمىدىن «ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنىڭ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ياكى مەغلۇبىيىتىنى نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟» دېگەن ئېنىق مەنىنى چۈشىنىش قىيىن. يۇقىرىقىدەك چۈشىنىكسىز تەرجىمە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس گراماتىك خۇسۇسىيىتىنى توغرا چۈشەنمەي، سۆزمۇسۆز يۈزەكى تەرجىمە قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى. تەرجىمىنىڭ مەقسىتى ئەسلى ئەسەرنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمگە ئەسلى ئەسەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمان ئەسلى ئەسەرنى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزى توغرا چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۆز تىلىدا توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

“真理标准问题讨论两年来，我们在思想战线取得了伟大胜利。一个重要标志是：坚持辩证维物主义的思想路线，已经载入《关于党内政治生活的若干准则》和党章修改草案，成为全党必须遵循的党规党法。”

«ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى مۇزاكىرىگە قويۇلغان ئىككى يىلدىن بۇيان ئىدىيە سېپىدە ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشتۇق. بۇنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى شۇكى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرىدىغان ئىدىيە لۇشيەنى «پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىرقانچە مىزان» غا ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىگە كىرگۈزۈلۈپ،

پۈتۈن پارتىيە بويىچە رىئايە قىلىش شەرت بولغان قانۇن - قائىدىگە ئايلاندۇرۇلدى.»

“近两年来，党中央坚持实践标准，逐步制定了马克思主义的思想路线、政治路线和组织路线，这是正确地总结了正反两方面的历史经验的结晶，是一件十分了不起的事情。”

«يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمچە ئىدىيە لۇشيەنىنى، سىياسىي لۇشيەننى ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى پەيدىنپەي تۈزۈپ چىقتى، بۇ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەردىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى توغرا يەكۈنلىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى، تولىمۇ كاتتا ئىش.»

يۇقىرىقى ئىككى مىسالنى بۇنىڭدىن باشقىچە شەكىلدە تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن؛ ئېھتىمال ئومۇمىي مەنە يەنە شۇ چۈشەنچىدىن چەتلەپ كەتمەس. لېكىن بىرىنچى مىسالدىكى “真理标准” دېگەن ئىبارە بىلەن ئىككىنچى مىسالدىكى “实践标准” دېگەن ئىبارە سۆزلەرنىڭ گرامماتىك باغلىنىشى جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئوخشاش. ئەجەبا ئۇيغۇر تىلىدا ئالدىنقىسى «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان يەردە، كېيىنكىسى «ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچىمى» دەپ تەرجىمە قىلىنماي، نېمە ئۈچۈن «ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ؟ «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى» دېگەندە، شۇ ئۆلچەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدىغان بىر نىشاننىڭ بارلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، «ئەمەلىيەتنىڭ



ئۆلچىمى» دېگەندىمۇ، شۇ ئۆلچەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر نىشان تەلەپ قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەسلى تېكىستنىڭ گرامماتىك شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولسىمۇ، مەنە جەھەتتىن، مەزمۇن جەھەتتىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. “实践标准” دېگەن ئىبارە “以实践为标准” دېگەن ئىبارىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بولغاچقا، مەنە جەھەتتىن “真理标准” دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى تېكىستنىڭ شەكلىگىلا بېرىلىپ، «ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچىمى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، مەنە تامامەن بۇرمىلانغان بولىدۇ.

دېمەك، ئەسلى ئەسەرنى، ئۇنىڭ جۈملىلىرىدىكى گرامماتىك مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىق ۋە توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئوبدان باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئەسلى ئەسەرنى ئومۇمىي مەزمۇنى، يېزىلىش ئۇسلۇبى، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقە ھادىسىلەر، ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەر قاتارلىق جەھەتتىن ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، كونكرېت جۈملىلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئايرىم سۆز - ئىبارىلىرى، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ماسلىشتۇرۇلۇشى، جۈملىدىكى مەنتىقىي ئۇرغۇ قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. بۇ — تەرجىمان ئۈچۈن ئەقەللىي ساۋات. تەرجىمانىنى مەلۇم مەنىدىن ئارتىسقا ئوخشىتىش مۇمكىن. ماھىر ئارتىس ئۆزى ئويناپ چىقىدىغان رولنى ئالدى بىلەن پىششىق تەتقىق قىلىدۇ، شۇ رولنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىكى بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى — رەڭگى - روھىنى، قاش - كىرپىكلىرىنى، ساقال - بۇرۇتلىرىنى، بېشىدىن - ئايىغىغىچە كىيىنىشلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن تاشقىرى، روھىي دۇنياسىغىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەنىۋى پائالىيەتلىرىدىن چىرايىدا، گەپ - سۆزىدە، ھەرىكىتىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان نازۇك كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ ئۆزلەشتۈرىدۇ.

ئەنە شۇ چاغدا ئۇ تاماشىبىنلار نەزەرىدە مەلۇم بىر ئارتىس شەكلىدە ئەمەس، ئەسەردىكى مەلۇم بىر پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تەرجىمىدە ئەگەر پەقەت ئەسلى ئەسەرنى شەكلەن قاراش بىلەنلا سۆزگە - سۆزنى ئۆلۈك توغرىلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغان بولسا، ئۇنى چىن مەنىدىكى تەرجىمە ھېسابلاش قىيىن.

«物质生产有它的目的，精神生产也有它的目的。怎样衡量文艺实践的成败，也要看目的是什么。资本家把艺术当商品，只要能赚钱的就是好的。我们社会主义国家就不能单纯用票房价值来评判一出戏、一部电影、一首歌的好坏，而应该主要看社会率果。票房价值不能完全不要，但票房价值高的未必都是社会效果好的。»

«ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى بولىدۇ، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭمۇ مەقسىتى بولىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ياكى مەغلۇبىيىتىنى ئۆلچەشتىمۇ شۇ ئەمەلىيەتنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. كاپىتالىستلار سەنئەتنى تاۋار قاتارىدا كۆرىدۇ، پۇل تېپىپ بېرەلىگەنىنىلا ياخشى دەيدۇ. بىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بىرەر تىياتىر، بىرەر كىنو، بىرەر ناخشىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا بېلەت كىرىمى بىلەنلا ھۆكۈم قىلمايمىز، ئاساسەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە قارايمىز. بېلەت كىرىمىنى پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قالدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ، لېكىن بېلەت كىرىمى كۆپ بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن.»



بۇ مىسالدىكى “价值” سۆزى لۇغەت شەرھى بويىچە «قىممەت» دېگەن سۆز. ئەگەردە لۇغەت شەرھى بويىچە «قىممەت» دەپ ئېلىنسا، ئۇ ھالدا “票房价值” سۆزىنى «بېلەت كاسسىسىنىڭ قىممىتى» ياكى «بېلەت سېتىش ئورنىنىڭ قىممىتى» ۋە ياكى «بېلەت ساتىدىغان ئۆينىڭ قىممىتى» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ - دە، ئۇ چاغدا مەنە پۈتۈنلەي بۇرمىلىنىپ، «بېلەت ساتىدىغان ئۆينىڭ باھاسى»، «نەرخى» بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. ئەلۋەتتە، «价值»(قىممەت) سۆزى سىياسىي ئىقتىسادتىكى مۇقىم ئاتالغۇ. خاس ئاتالغۇلاردا بىرلىكنى ساقلاش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىش زۆرۈر. لېكىن مەنىنىڭ بۇرمىلىنىشىدىن، چۈشەنچىنى خاتالاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۆز تاللاپ، مەنىنى توغرا بېرىش ئۈچۈن، ئايرىم سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىش ھەم مۇمكىن. ئۇنداق قىلمىغاندا، سىياسىي جاۋابكارلىق سەۋەنلىكىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

ئەسلى تېكىستنى توغرا چۈشىنىش بىلەن تەرجىمىدە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىمىگە كىرىشكەندىن كېيىنكى ئىككى باسقۇچنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياننىڭ ئەسلى ئەسەرنى چۈشىنىش باسقۇچى، كۆپ ھاللاردا، تەرجىمە بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش باسقۇچى بىلەن بىرلىشىپمۇ كېتىدۇ؛ ئىپادىلەش جەريانىدا چۈشىنىش باسقۇچىنىڭ ئامىللىرىمۇ بولىدۇ ۋە چۈشەنچە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ، دېمەك، ئىككى باسقۇچ گىرەلىشىپمۇ كېتىدۇ.

پەن - تېخنىكىغا دائىر ماقالە، ماتېرىيال ياكى ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن تەرجىمان، ئەگەر شۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىسا، تەرجىمە قىلىنىدىغان ماتېرىيال ياكى ئەسەرنى

چۈشىنىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ؛ تەرجىمىگە كىرىشكەندىن كېيىن، مەخسۇس تېرمىن ـ ئاتالغۇلار توغرىسىدا بەلگىلىك ساۋاتقا ئىگە بولۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان ھېس قىلىدۇ. ئەگەر تەرجىمان بىرەر مەخسۇس ساھەدىكى كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى، شۇ جەرياندىكى مۇناسىۋەتلەرنى، كونكرېت مەشغۇلاتلارنى، كونكرېت شەيئىلەرنى، ھېچ بولمىغاندا ئەسلى تېكىست نۇقتىسىدىن بولغان تەقدىردىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىسە، ئۇنى توغرا تەرجىمە قىلىپ بېرىشى ناتايىن. بۇ ئەھۋال ئەسلى ئەسەرنى مەزمۇنى جەھەتتىن پىششىق ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەرجىمىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمىلەردە ئەسلى ئەسەرنى تەرجىمىگە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى مۇنداق بىرلا ئاددىي پاكىت بىلەنمۇ ئىسپاتلاپ بېرىش مۇمكىن: بەزى ئەسەرلەرنىڭ جۈملىلىرىنىڭ پۈتۈن خەۋەرلىرى «قىلىپتۇ»، «ئېتىپتۇ»، «دەپتۇ» ياكى «بولغانىكەن»، «قىلغانىكەن» دېگەندەك شەكىلدە كېلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا، گراماتىك خۇسۇسىيەتلەردىن ئالغاندا، خۇددى «ئىسىم» بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزىدە بىرلىك، كۆپلۈك ياكى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بولماي، ئايرىم ياردەمچىلەر ۋاستىسى بىلەن كەلگىنىگە ئوخشاش، پېئىلنىڭ ئۆزىدىمۇ ھازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان ياكى كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانمىلار بولمىغاچقا، يۇقىرىقىدەك «بار ئىكەن»، «بولغانىمىش»، «ئېتىپتۇ»، «دەپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ھەربىر كونكرېت جۈملىدىن، شۇ جۈملىدىكى كونكرېت سۆزلەردىن تېپىش قىيىن. ۋەھالەنكى خەنزۇ تىلىدىكى «چۆچەك»، «جەڭنامە» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەر ئىسىملىرىدىن ياكى ئايرىم بابلارنىڭ بېشىدىلا بېرىلگەن “传说”، “话说” دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىنلا پۈتۈن



ئەسەرنىڭ زامانىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بەزىبىر تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئوقۇغان كىشىدە «تىلى ئۇيغۇرچە بولماپتۇ»، «مەنتىقىسى قاملاشماپتۇ»، «ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلى شۇنداق تاققا ـ تۇققۇ بولسا كېرەك» ياكى «ئۇ مىللەتنىڭ تىلى شۇنداق قوپال بولسا كېرەك» دېگەن تەسىراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، تەرجىماننىڭ ئەسلى ئەسەرنىڭ تىل قائىدىسىنى، تىل ئادىتىنى ئوبدان چۈشەنمەي، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان مەزمۇننى ئۆز تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە راۋانلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرمەي، ئۆلۈك ھالدا سۆزگە ـ سۆزنى توغرىلاپلا، تەرجىمە قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان يامان تەسىرات دېمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى تۈرلۈك خاھىشنى ئۇچرىتىمىز. بەزىلەر: تەرجىمىدىن مەنە ئېنىق ئۇقۇلسا، ئوقۇغاندا سۆزلىرى ئېغىزغا راۋان چۈشۈپ بەرسە، ئۇنى ياخشى تەرجىمە ھېسابلايمىز دەيدۇ. ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك. يەنە بەزىلەر: بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئەسلى ئەسەرنىڭ جۈملە شەكلى، سۆزلىرىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇش بەلگىلىرى، ستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىرمۇ بىر گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك، يەنى ئەسلى ئەسەرگە شەكىل جەھەتتىنمۇ سادىق بولۇشى كېرەك دەيدۇ. دېمەك، بىرىنچى خىل خاھىشتىكىلەر ئەسلى ئەسەرنى مەزمۇن جەھەتتىن دەل توغرا ئىپادىلەپ بېرىشنى تەكىتلىسە، ئىككىنچى خىل خاھىشتىكىلەر شەكىل جەھەتتىن توغرا ئىپادىلەپ بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ:

“县委根据这个社员的来信，立即组织了调查组，深入公社进行调查，弄清真相，得出了正确结论，认为这个社员的问题实属错案。后来县委领导同志亲自去这个公社，帮助公社纠正了错误。

ئىككىنچى خاھىش بويىچە تەرجىمە قىلىپ كۆرەيلى:

«ناھىيىلىك كومىتېت بۇ گۈڭشې ئەزاسىنىڭ خېتىگە ئاساسەن دەرھال تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، گۈڭشېغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈردى، ئەينى ئەھۋالنى ئېنىقلاپ توغرا خۇلاسە چىقاردى، بۇ ئەزانىڭ مەسىلىسىنى ھەقىقەتەن خاتا ئەنزە دەپ قارىدى. كېيىن ناھىيىلىك كومىتېتتىكى رەھبىرىي يولداش بۇ گۈڭشېغا بىۋاسىتە بېرىپ، گۈڭشېغا ياردەم بېرىپ، خاتالىقنى تۈزەتتى.»

بۇ، سۆزمۇ سۆز ئالغاندا ئەسلى تېكىستكە تامامەن ئۇيغۇن، جۈملىنىڭ گرامماتىك تۈزۈلۈشى جەھەتتىنمۇ سۆزلەر راۋان. بۇ تەرجىمىنى ئەسلىگە سادىق تەرجىمە دەپ ھېسابلاش مۇمكىنمۇ؟ ياق، بۇ «تەرجىمە» دېگەن سۆزنىڭ ماھىيىتىگە، تەرجىمە ئۆلچىمىگە خىلاپ. بۇ مىسالنى ئىخچاملاپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

«ناھىيىلىك كومىتېت...... تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، گۈڭشېغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈردى،...... توغرا خۇلاسە چىقاردى،... خاتا ئەنزە دەپ قارىدى.»

بۇ گەپچە، بىرىنچىدىن، «ناھىيىلىك كومىتېت» نىڭ ئۆزى گۈڭشېغا بېرىپ «تەكشۈردى» مۇ؟ ئىككىنچىدىن، ئۇنداق بولسا، «ناھىيىلىك كومىتېت» ئۇيۇشتۇرغان «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» نىڭ رولى نېمە بولدى؟ ئۈچىنچىدىن، ئەھۋالنى «ناھىيىلىك كومىتېت» ئېنىقلاپ چىقتىمۇ؟ تۆتىنچىدىن، ئاۋۋال «توغرا خۇلاسە چىقاردى»، ئاندىن كېيىن «خاتا ئەنزە دەپ قارىدى» مۇ؟ بەشىنچىدىن، «ناھىيىلىك كومىتېت» گۈڭشېغا



«چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرگەن» تۇرسا، يەنى گۈڭشېغا بارغان تۇرسا، «كېيىن...... رەھبىرىي يولداش» نىڭ «بىۋاسىتە» بارغانلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئالتىنچىدىن، «خاتالىقنى» رەھبىرىي يولداش «تۈزەتتى» مۇ ياكى رەھبىرىي يولداش گۈڭشېنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشىگە ياردەم بەردىمۇ؟......

بۇ سوئاللار تاسادىپىي چىقىرىلغان سوئال ئەمەس، تەرجىمىدىن ئۇقۇلۇۋاتقان مەنىلەرگە ئاساسەن مەنتىقىي يوسۇندا چىققان سوئال. ئەسلى تېكىستنىڭ سۆزلىرىگە، سۆزلەرنىڭ گرامماتىك باغلىنىشلىرىغا، جۈملىدىكى ئىبارىلەرنىڭ ئورنىغا دەل توغرا ئىشلەنگەن تەرجىمە، شەكلەن قارىغاندا پۈتۈنلەي سادىق بولۇپ تۇرغان تەرجىمە نېمە ئۈچۈن توغرا بولماي، شۇنچە سوئاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ گەپ شۇ يەردىكى، ئالدى بىلەن، تەرجىمان ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلمىگەن؛ ئاندىن قالسا، ئەسلى مەزمۇننى ئۆزلەشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، شۇ مەزمۇن خەنزۇ تىلى قائىدىسى بويىچە شۇنداق شەكىلدە بايان قىلىنىدىغانلىقىنى، يەنى خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتىنى ئىلمىي ئاساستا يېشەلمىگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى ئۆزلەشتۈرگەن مەزمۇننى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىگە مۇناسىپ شەكىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ تەرجىمىنى «ئەسلىگە سادىق» يوسۇندا ئىشلەيمەن دېگەن ئارزۇسىنىڭ تەتۈرىسىچە ئۈنۈم پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. دۇرۇس، شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۈملىنىڭ شەكلى شۇنداق تۈزۈلگەن، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ شۇ شەكىلگە ئۇيغۇن. لېكىن شۇ شەكىل بىلەن بايان قىلىنغان مەنە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكىگە ئوخشاش مەنتىقىسىزمۇ؟ ياق. خەنزۇچىسىدا «ناھىيىلىك كومىتېت بۇ گۈڭشې ئەزاسىنىڭ خېتىگە ئاساسەن دەرھال تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ

گۇڭشېغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇ گۇرۇپپا ئەينى ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، بۇ گۇڭشې ئەزاسىنىڭ مەسىلىسى ھەقىقەتەن خاتا ئەنزىگە ياتىدىكەن دېگەن توغرا خۇلاسىنى چىقاردى. كېيىن ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ رەھبىرى يولداش شۇ گۇڭشېغا بېرىپ، خاتالىقنى تۈزىتىشكە ياردەملەشتى» دېمەكچى (كېيىنكى جۈملىنىڭ ئاخىرىنى «رەھبىرى يولداش شۇ گۇڭشېغا بېرىپ، خاتالىقنى تۈزىتىشىپ بەردى» دەپ تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن). كېيىنكى تەرجىمىدە قارىماققا ئايرىم سۆزلەر تاشلىنىپ قالغان، ئايرىم سۆزلەر قوشۇلغان، ئايرىم سۆزلەر ئۆزگەرتىلگەن، ئايرىم ئىبارىلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا بىرىنچى تەرجىمىدىكىگە ئوخشاش سوئاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئورۇن قالمىغان.

دېمەك، تەرجىمىگە كىرىشكەندە، تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىنىڭ ئالدىنقى زۆرۈر شەرتىنى ئوبدان ئورۇنداپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، مەنىسىنى، پىكرىنى ئۆزىگە خاس گىراماتىك شەكىل بىلەن خۇددى ئۆز پىكرىنى ئېنىق بىلگەندەك ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىلا، ئاندىن ئىككىنچى زۆرۈر شەرتىنى، يەنى ئىپادىلەش باسقۇچىنى ئورۇنلاشتا ئەسلى ئەسەرنىڭ جۈملە شەكىللىرى، گىراماتىك خۇسۇسىيەتلىرى چەكلىمىسىدىن ئازاد بولۇپ، زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئۆتۈپ، مەقسەتنى كۆڭۈلدىكىدەك ئەينەن ۋە راۋان ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، مەلۇم بىر پىكىرنى بايان قىلىشتا ئۇنىڭغا ۋاسىتىچى بولغان سىنتاكسىس مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ؛ بۇنىڭدا شەك يوق. ۋەھالەنكى، ئەسلى ئەسەردىكى مەقسەتنى ئۆزىنىڭ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە دەلمۇ دەل تىزغىنلانغان ھالدا تەرجىمە تىلى بىلەن كۆچۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە تولۇق، توغرا ۋە ئېنىق ھەم راۋان بايان قىلىپ بېرىش كۆپ ھاللاردا ئەقىلغا سىغمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆگەنچى تەرجىمانلارنىڭ قەلەمنى قولغا ئېلىش بىلەنلا ئەسلى جۈملىنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ كۆرمەي، ئۆزلەشتۈرمەيلا، خۇددى ئۇيغۇرچىنى ئۇيغۇرچىغا كۆچۈرگەندەك، خەنزۇچە جۈملىنى بېشىدىن باشلاپ تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ كېتىشىنىڭ، ئاخىر جۈملىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ جاپا چېكىشىنىڭ ياكى «سۆزمۇ سۆز سېلىشتۇرغاندا ئەسلىگە سادىق بولۇپ چىقسىلا بولدى» دەپ تەرجىمە تىلىنى قوپاللاشتۇرۇشقا سەۋەبچى بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، تەجرىبىلىك تەرجىمانلارنىڭ ئاۋۋال پۈتۈن ئەسەر ۋە ھەربىر جۈملىنى باشتىن ئاياغ چۈشىنىپ، ئاندىن كېيىن شۇ چۈشەنچىنى ئۆز تىلىنىڭ ئادىتى، گىراماتىكىلىق شەكلىگە ئەركىن چۈشۈرۈپ، مەنىنى راۋان ھەم ئېنىق ئىپادىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس.

# قايسىسى ھەل قىلغۇچ ئامىل؟

## «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە» ۋە «مەنەن تەرجىمە» توغرىسىدا

تەرجىمە خىزمىتى بىلەن يېڭى شۇغۇللانغان يولداشلارنىڭ بەزىلىرى تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە، ئەسلى ئەسەرنىڭ تېكىستىدە نېمە سۆز بولسا شۇنى دەلمۇ دەل تەرجىمە قىلىپ بېرىش تەرجىمىنىڭ ‹ساداقەتلىك› بولۇش دېگەن قائىدىسىگە مۇۋاپىق بولۇپ چىقىدۇ.» ئۇلار بۇ ھەقتە “趁热打铁” دېگەن ئىبارىنى «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دەپ تەرجىمە قىلىپ، بۇنى ئەسلى تېكىستىگە «سادىق» بولغان دەلمۇ دەل توغرا تەرجىمىنىڭ دەلىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

مۇنارىرە ئۈستىدىكى تەرجىمان يولداشلارنىڭ يەنە بەزىلىرى “利剑不斩悔罪人” دېگەن ماقالنى «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىپ، ئەسلى تېكىستتىكى سۆزلەرنى دەلمۇ دەل تەرجىمە قىلىشنىڭ «ئەسلىگە سادىق» دېگەن چۈشەنچىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ.

تەرجىمىدە «ئەسلىگە سادىق بولۇش» دېگەن سۆز تەرجىمىنى توغرا ئىشلەش ئۆلچىمىدىكى مۇھىم، ئاساسىي قائى-



دىلەرنىڭ بىرى، بۇنىڭدا شەك يوق. تەرجىمان ئۆز خىزمىتىنى تولۇق ۋە توغرا، ئىشەنچلىك ۋە ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەش ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بۇرمىلىماستىن، كېمەيتمەستىن، مۇبالىغىمۇ قىلماستىن ئىپادىلەپ بېرىشى شەرت. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، “趁热打铁” نىڭ «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دەپ تەرجىمە قىلىنىشىدا تەرجىمىنىڭ ئەسلىگە سادىق، توغرا بولۇشى لازىم دېگەن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىشىدە شەك يوق. لېكىن “利剑不斩悔罪人” دېگەن ماقالنىڭ «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى قارىماققا ئەسلى تېكىستتىن خېلىلا چەتنەپ كەتكەندەك تۇرسىمۇ، لېكىن بېرىدىغان چۈشەنچىسى ئەسلى تېكىستتە بىلدۈرمەكچى بولغان مەنىنى تولۇق ئۇقتۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ چىققان.

ماقالەمنىڭ بۇ قىسمىدا «تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى» ئۈستىدە توختالماقچى ئەمەسمەن، ئۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمەن. بۇ ماقالەمدە پەقەت تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدىغان «تىل ئادىتى» توغرىسىدىلا توختالماقچىمەن.

تىل — سۆزدىن ۋە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان گەپتىن ئىبارەت. گەپنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان سۆز تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۇقۇم. ئۇقۇم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ھەر مىللەت ئۈچۈن ئورتاق نەرسە. خەنزۇ تىلىدىكى “书” ئۇيغۇر تىلىدىكى «كىتاب»، خەنزۇ خەلقى ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنمۇ شۇ ئوخشاش بىر شەيئىنى ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن ئۇقۇملارنى ئۇقتۇرىدىغان ياكى ئۇقۇملارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇقتۇرىدىغان سۆزلەر، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس پەرقلەرگە ئىگە. خەنزۇ تىلىدىكى

سۆزلەرمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن شۇنداق پەرق قىلىپ تۇرىدۇ. تەرجىمە تۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇنداق پەرقلەر سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتە گەۋدىلىنىك ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى «剑» سۆزى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى «قىلىچ» سۆزى ئوخشاش بىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ، ۋەھالەنكى خەنزۇ تىلىدىكى "悔罪人" سۆزى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئېگىلگەن بويۇن» سۆزى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. شۇنداق ئىكەن، "利剑不斩悔罪人" دېگەن گەپنىڭ «ئۆتكۈر قىلىچ تووا قىلغان ئادەمنىڭ كاللىسىنى كەسمەيدۇ» دېگەن تەرجىمىسى توغرا تاپماي، نېمە ئۈچۈن «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ» دېگەن تەرجىمىنى توغرا تاپىمىز؟

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، مەسىلىنى ئىككى تەرەپتىن، يەنى خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە سۆز ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتىكى پەرقلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىن قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە خىلمۇ خىل ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ:

1. خەنزۇ تىلىدىكى مەلۇم سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى مەلۇم سۆزلەر مەنە جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 社会主义 | سوتسىيالىزم |
| 美丽的鲜花 | چىرايلىق قىزىلگۈل |
| 民族 | مىللەت |
| 太阳 | قۇياش |
| 方法 | ئۇسۇل |

بۇنداق مىساللار كۆپ. بولۇپمۇ خاس ئاتالغۇلار تامامەن دېگۈدەك ئوخشاش، ئۇقۇم جەھەتتە ھېچقانداق پەرق قىلمايدۇ.



شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىمۇ زور قىيىنچىلىق يۈز بەرمەيدۇ. تەرجىمان ئادەتتە ئېسىدە تۇتالىسىلا، مۇكەممەل ۋە ئىشەنچلىك لۇغەت كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلسىلا، مەسىلىنى تولۇق ۋە توغرا ھەل قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمە تىلىدىن ئۆز باراۋىرىدە سۆز ـ ئاتالغۇ تاپالمىغاندا باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىپ سۆز ـ ئاتالغۇلىرىنى ئېلىشى، ئۆز تىلىدىن مۇناسىپ يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ياسىشى مۇمكىن.

2. خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر بىلەن مەنە جەھەتتىن ئانچە ئوخشىشىمايدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ، يەنى خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى قىسمەن ھالدا پەرقلىنىق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: «打» سۆزىنى ئالايلى. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇرماق»، «سوقماق»، «زەربە بەرمەك» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇم دائىرىسىدىن چەتلەپ كېتەلمەيدۇ. ۋەھالەنكى خەنزۇ تىلىدا بولسا «ئۇرماق»، «سوقماق» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملارنىڭ دائىرىسىدىن ناھايىتى كۆپ دەرىجىدە چىقىپ كېتىپ، ھەتتا شۇ ئۇقۇملارنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرىسىچە بولغان، بىر ـ بىرىگە زادىلا يېقىن كەلمەيدىغان مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 打架 | ئۇرۇشماق | 打鼓 | ناغرا چالماق |
| 打官司 | دەۋالاشماق | 打交道 | مۇئامىلە قىلماق |
| 打墙 | تام سالماق | 打馕 | نان ياپماق |
| 打信号 | بەلگە بەرمەك | 打杈 | چاتىماق |
| 打鸟 | قۇچقاچ تۇتماق | 打条子 | ھۆججەت يازماق |
| 打球 | توپ ئوينىماق | 打秋千 | ئىلەڭگۈچ ئۇچماق |
| 打哈欠 | ئەسنىمەك | 打场 | خامان تەپمەك |
| 打捞 | سۈزمەك | 打量 | سەپ سالماق |
| 打气 | يەل بەرمەك | 打酒 | ھاراق سېتىۋالماق |

بۇ مىساللاردىكى "打" سۆزىنى ئەگەر ھەممىلا شارائىتتا «ئۇرماق»، «سوقماق» دېگەن ئۇقۇم دائىرىسى يەنىلا چەكلەپ، خەنزۇ تىلىدىكى شۇ بىر سۆزگە ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر سۆزنى دەلمۇ دەل توغرىلاشقا ئۇرۇنىدىغان بولساق، تەرجىمىمىز كۆپ ھاللاردا توغرا بولماي قالىدۇ.

3. خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغەت فوندىدا خېلى كۆپ ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنداق كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى شۇنداق كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەنىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇشى، كۆپ ھاللاردا مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: «饿» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاچ» دېگەن تۈپ سۆز. بۇ سۆز «ئاچلىق»، «ئاچارچىلىق»، «ئاچ قالماق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ، لېكىن مەيلى قانداق تۈرلەنسۇن، «ئاچ» دېگەن تۈپ مەنىدىن چەتلەپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر بىز ئاھاڭداشلىق ئېتىبارى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىن «ئاچ» سۆزىنى مىسالغا ئېلىپ سېلىشتۇرساق، «ئاچ» سۆزىنى «ئاچارچىلىق»، ئىشىكنى «ئاچماق» دېگەنگە ئوخشاش بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان مەنىلەردە تۈرلەندۈرۈپ قوللىنىشىمىز مۇمكىن. خەنزۇ تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن مۇناسىۋىتىگە قارىماستىن، ئۇيغۇرچە بىلەن دەلمۇ - دەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش، كۆپ ھاللاردا ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. چۈنكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قايسىبىر كونكرېت مەنىسىنى تاللىۋېلىپ قوللىنىش پەقەت كونكرېت گەپ ياكى جۈملىدىكى مۇناسىۋىتىگە، ئەھمىيىتىگە ئېتىبار بېرىش بىلەنلا قارارلىشىدۇ. ئۇلارنى مۇتلەق، يېتىم ھالەتتە قويۇپ چۈشىنىش ۋە شۇنداق تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە مەنىنىڭ توغرا بولماسلىقى ياكى



مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن مۇجمەللىشىشى تۇرغان گەپ. بىز كۆپ ھاللاردا «农牧业» دېگەن سۆزلەرنى «农业和牧业» دەپ چۈشىنىپ، «دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. ۋەھالەنكى «农业国» دېگەن سۆزنى «يېزا ئىگىلىك دۆلىتى» دەپ تەرجىمە قىلىمىز، چۈنكى بۇنىڭدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋەھاكازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن بىر ئىگىلىك سىستېمىسىنى كۆزدە تۇتىمىز؛ «دېھقانچىلىق» ئەنە شۇ بىر پۈتۈن ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدىلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «国家» «经济» سۆزلىرىمۇ يېزىق يۈزىدە «农业» سۆزىگە ئوخشاش بىر خىل شەكىلدە يۈز بەرسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتە «دۆلەت»، «ئىقتىساد» دېگەن بىرلا مەنىنى ئاڭلىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. كونكرېت جۈملە تەركىبىدە، كونكرېت سۆز مۇھىتىدا «国家» سۆزىنى «دۆلەت» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغاندىن تاشقىرى «مەملىكەت»، «ئەل» دېگەن مەنىدە قوللىنىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ؛ «经济» سۆزىنى «ئىقتىساد» مەنىسىدە قوللىنىشتىن باشقا، «ئىگىلىك»، «تېجەشلىك» ھەتتا «ئەرزان» دېگەن مەنىلەردىمۇ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەھۋاللارغا ئوخشاشلا، خەنزۇ تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كونكرېت مەنىسىنى، يەنى بىر سۆزنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مەنالىرىنىڭ قايسىسىنى تاللىۋېلىش مەسىلىسىنى پەقەت شۇ كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ جۈملىدە تۇتقان ئورنىغا ۋە ئالدى - كەينىدىكى سۆزلەر بىلەن مەنە جەھەتتىن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بېرىش بىلەنلا ھەل قىلىش مۇمكىن. تەرجىمىدە جۈملىدىكى كونكرېت سۆزلەرنىڭ كونكرېت شارائىتتا گەۋدىلەندۈرۈش — تاللىۋېلىش زۆرۈر بولغان خۇسۇسىيەت

لىرىگە ئېتىبار بېرىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنى ئەسلى
تېكىستتە نېمە بولسا، سۆزلەرنىڭ يۈزەكى شەكلىگىلا قارىماس-
تىن، كونكرېت شارائىتتىكى كونكرېت مەنىسىگە قاراپ،
جۈملە تەركىبىدىكى، ھەتتا پۈتۈن ئابزاس ۋە پۈتۈن ئەسەر-
دىكى ئۆزىگە خاس سۆز مۇھىتىنى نەزەردە تۇتۇپ جانلى-
لىق تۈرلەندۈرۈپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

4. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە يەنە مۇنداق ئەھۋاللارمۇ
ئۇچرايدۇ: ئۇيغۇر تىلىدا «......سۆزگە چىقتى» دېگەن سۆز
ھەرگىزمۇ «...... سۆز سېتىۋالغىلى چىقتى»، «سۆزنىڭ ئۈستى-
گە چىقتى» دېگەن مەنىدىكى سۆز ئەمەس. «دوپپىسىغا جىگدە
ساپتۇ» دېگەن گەپ ھەرگىزمۇ جىگدىنى قاچىلايدىغان نەرسە
تاپالماي، «دوپپىسىغا قاچىلاپتۇ» دېگەن گەپ ئەمەس. خۇددى
شۇنىڭغا ئوخشاش، خەنزۇ تىلىدىكى "卖狗皮膏药" دېگەن
سۆزدە مەككار، قىزىلكۆز سودىگەرنىڭ «ئىت تېرىسىدىن
ياسالغان مەلھەم دورىنى ساتقان» لىقى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ؛
ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياپ ئالدامچىلىق قىلغانلىقى،
ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ «دوپپىسىغا
جىگدە سالغان» لىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر تەرجىمە
ئەمەلىيىتىدە خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئادىتىدىن
چەتلەپ، كونكرېت سۆز - ئىبارىلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن
ئالاقىسىدىن قەتئىينەزەر، بىر سۆزگە بىر سۆزنى يەككە - يې-
گانە ھالدا توغرىلاش يولىنى تۇتىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا
تەرجىمىنىڭ توغرا بولماسلىقى تۇرغان گەپ.

قىسقىسى، خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلى-
غا بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلغاندا ياكى دەلمۇ دەل تەرجىمە
قىلغاندا، ئۇنداق تەرجىمىنىڭ مەنە جەھەتتىن ئەسلىگە
سادىق بولۇپ چىقىشى، توغرا بولۇشى ناتايىن؛ تەرجىمىدە
كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كونكرېت قىسمىنى تاللىۋېلىشقا



ئېتىبارسىز قارىغاندا، تەرجىمىنىڭ ھېچ بولمىغاندا ستىلىس-
تىكا جەھەتتىن ساغلام بولماسلىقى تۇرغان گەپ؛ بەزىدە
خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سۆز - ئىبارىلەرنى ئەينەن تەرجىمە
قىلىش ھەتتا مەنە خاتالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ ئەھۋاللار نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟ تىل ۋە سۆز خەلقنىڭ
تارىخىي، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-
لىك، ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلى ۋە سۆزلەردىن گەپ تۈ-
زۈش، سۆز ئىشلىتىش ئادىتى تارىختا شەكىللىنىپ چىقىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ستالىن: «......مەلۇم بىر خىل تىلنى ۋە
ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىنى پەقەت شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەق-
قىيات تارىخىغا، شۇ تىلنى ياراتقان، ئىشلىتىۋاتقان خەلقنىڭ
تارىخىغا زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەتقىق قىلغاندىلا، ئان-
دىن بىلگىلى بولىدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان. دېمەك، ھەربىر
مىللەتنىڭ تىلى ئۆزىنىڭ تارىخىغا مۇناسىپ ھالدا بىر - بى-
رىگە ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ سۆزلەش ئادەتلىرىمۇ،
بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى تىلدىكى سۆزلەر جۈملىدە،
ئالدى - كەينىگە باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەر تىزمىسىدا مۇتلەق
مۇستەقىل مەۋجۇت تۇرالمايدۇ، ئۇ باشقا سۆزلەر بىلەن مەنە جەھەتتە،
ستىلىستىكا جەھەتتە، گىرامماتىكا جەھەتتە بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە
بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى-
نىڭ سۆزلەش ئادىتى، كۆپ ھاللاردا، بىر - بىرىدىن پەرق
قىلىدۇ. بۇ پەرق تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە شۇنداق مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگىكى، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا
خەنزۇچە تېكىستى مەنىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ھەم توغرا
چۈشىنىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىسا، ئۇيغۇرچىسى شۇ
مەنىنى ئۆزىگە خاس شەكىللەرنى تاللاپ ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە

قىلىشتا ئۇيغۇرچە تېكىستى مەنىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ھەم توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىسا، خەنزۇچىسى شۇ مەنىنى ئۆزىگە خاس شەكىللەرنى تاللاپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى بەزى تەرجىمىلىرىمىزدە گەپتە سۆزلەر گراماتىكا جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلىنىپ، ماسلىشىپ كەلسىمۇ، لېكىن جۈملىدىكى سۆزلەر مەنە جەھەتتىن، ستىلىستىكا جەھەتتىن بىر-بىرىگە دېگەندەك ماسلاشمايدىغان جۈملىلەر ئۇچراپ قالمايدۇ. مەسىلەن: «بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزدە ئىلگىرىلەش بار بولدى» (我们的学习有了进展)؛ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» (争取实现四个现代化)؛ «كونا ئىنقىلابىي بازىنىڭ ئاممىسى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ» (老革命根据地群众进行四个现代化)؛ «بۇنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە قارىتا چوڭ ياردىمى بار» (这对我的工作大有帮助) ۋەھاكازا. بەزىلەرنىڭ بۇنداق جۈملىلەرنى «خەنزۇچىلاشقان ئۇيغۇرچە سۆز» ياكى «تەرجىمانچە سۆز» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە جانلىق تىلدا «بىز ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلىدۇق»، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ياكى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش»، «كونا ئىنقىلابىي بازىدىكى ئامما تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇۋاتىدۇ»، «بۇنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە چوڭ ياردىمى بار» دەيمىز. ھالبۇكى يۇقىرىقىدەك ياسالما سۆزلەر، ياسالما جۈملىلەر ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئادەتتىكە ماسلاشمايدىغان غەلىتە خاھىشلار تەرجىمىدىكى شەكلىياتچىلىقنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئوخشاش بىر مەنىنى ئۇقتۇرۇشتا ستىلىستىكا ۋاسىتىلىرى، تىل ئادىتى خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى تامامەن دېگۈدەك ئوخشىشىپ كەتمىگەچكە، تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەسلى تېكىستتىكى سۆزلەرنىڭ



يۈزەكى مەنىسى بىلەن، ستىلىستىكا ۋاسىتىلىرى بىلەن ھەتتا سۆزلەرنىڭ مىقدارى بىلەن چەكلىنىپ قېلىش نەتىجىسىدە ئەسلى تېكىستنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى دەل توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش، كۆپ ھاللاردا، مۇمكىن ئەمەس؛ زورمۇزور ئەكس ئەتتۈرگەن تەقدىردىمۇ، تەرجىمە تىلىنىڭ تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ چىقىشى ناتايىن.

# يەنە تەرجىمىدە چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش مەسىلىسى

تەرجىمە دېگەن نېمە؟

تەرجىمە دېگەن بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنى يەنە بىر تىلدا تەڭ قىممەتتە ئىپادىلەپ بېرىش دېگەن سۆز. دۇنيادىكى تۈرلۈك تىللاردىكى تەرجىمە ئۈچۈن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بۇ تەبىر ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈنمۇ شەكسىز ئۇيغۇن كېلىدىغان قائىدە. تەرجىمە جەھەتتىكى «تەڭ قىممەت» دېگەن ئۇقۇم، ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، تەرجىمىدە مەنىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ياكى كېمەيتىپ قويماسلىق دېگەن سۆز.

ئەسلى تىلدا ئىپادىلەنگەن مەنىنى يەنە بىر تىلدا ئاشۇرۇۋەتمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن دەلمۇدەل ئىپادىلەپ بېرىش ئېيتماققا ئاسان، لېكىن ئەمەلىيەتتە جاپالىق ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى لۇشۈننىڭ ئېيتقىنىدەك، كۆپ ھاللاردا «بىرنەچچە تال ساقال ياكى بۇرۇتنى يۇلۇپ سالغان» لىقىنى تۇيماي، باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

小朋友，你能告诉我到医学院怎什走吗？

بۇ جۈملىنى تەرجىمە ساھەسىدە باشلانغۇچ ساۋاتتا ئىگە بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ يارىدەمىسىز، لۇغەتسىز چۈشىنىپ كېتىشىدە گۇمان بولمىسا كېرەك. بىر تەرجىمان بۇ جۈملىنى «كىچىك بۇرادەر، يىشۆيۈەنگە قانداق بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ



بېرەلەمسىز؟» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە سۆزلەرنىڭ مىقدارى، لۇغەت مەنىسى، جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ھەتتا گىراماتىكىلىق باغلىنىش جەھەتتىن ئالغاندا، «توغرا» دەپ قارىلىشى مۇمكىن. ئەسلى خەنزۇ تىلىدا بۇ گەپ ناھايىتى سىلىق، چىرايلىق ئېيتىلغان. بىراق، ئۇيغۇر تىلىدا مەنە جەھەتتىن، تىل ئادىتى جەھەتتىن ئالغاندا، خەنزۇ تىلىدىكىدەك مۇئەييەن روشەن مەنىنى ئاڭلىتالماسلىقى تۇرغان گەپ. ئەگەر بۇ گەپ چىن مەنىدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن، ئۇيغۇر تىل ئادىتى بىلەن چۈشىنىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئۇنۇم باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ سوئال مۇنداق جاۋابلارنى ئېلىشى مۇمكىن.

ئېھتىمالدىكى جاۋاب:

1. «ئېيتىپ بېرەلەيمەن» (ياكى «ئېيتىپ بېرەلمەيمەن»).

2. (پىيادە بولسا) «مۇشۇنداق مېڭىپ بارسىڭىز بولىدۇ.» (ماشىنىدا بولسا) «ماشىنىدا بارسىڭىزمۇ، پىيادە ماڭسىڭىزمۇ بولىدۇ.»

3. «كىچىك بۇرادەر» دېگەن سۆز كىچىك بالىنى «بۇ ئادەم غەلىتە گەپ قىلىدىكەنغۇ؟!» دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، تەرجىمە مەنىنى ئىپادىلەشتىن چەتلەپ كەتكەن. دېمەك، تەرجىمان شەكلەن توغرا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن توپ مەنىنى (يەنى يىشۆيۈەن قەيەردە؟ دېگەن مەنىنى) توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن. تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىش بىلەن ئۆز تىلىدا توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىپ بېرەلمىگەن.

بۇنداق قىيىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغاچقا ۋە ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، تەرجە-

مىدە تۈرلۈك تەرەپلەردىن تەتقىق قىلىش ۋە پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈر بولغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئالدى بىلەن، سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتە پەرق بار. ئانىسىز ئادەم بولمايدۇ، ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇھەببەت پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق، ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئانا» سۆزى خەنزۇ تىلىدا 母, 妈 دېيىلىدۇ؛ لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا «ئانا» سۆزى ھەرقانچە تۈرلەنسىمۇ «ئانا» دېگەن تۈپ مەنىسىدىن چەتلەپ كەتمەيدۇ؛ ۋەھالەنكى، خەنزۇ تىلىدا ئەركەك، چىشى (母, 公) دېگەن ئۇقۇم ئۈچۈنمۇ 母 ھەرپى ئۆز شەكلىنى ساقلاپ قالغان ھالدا خىزمەت قىلىدۇ، ھەتتا «ئىنەك» (母牛)، «مېكىيان» (母鸡) سۆزلىرىدىمۇ «ئانا كالا»، «ئانا توخۇ» دېگەندەك ئەسلى شەكلىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىدا «ئانا كالا»، «ئانا توخۇ» دەپ، «ئانا» شەكلىنى ئىپادىلەش تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. 万 ھەرپى نوقۇل سىمانتىكا نۇقتىسىدىن «ئون مىڭ، تۈمەن» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىش بىلەنلا قالماستىن، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» كە قارىغاندا، تۈمەنلىگەن، ھەممە، كۆپ، ئىنتايىن، مۇتلەق، خىلمۇ خىل، تۈرلۈك، مەڭگۈ قاتارلىق مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ؛ دېمەك، «سان» نى بىلدۈرىدىغان مەنىگە زادىلا يېقىن كەلمەيدىغان باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى «打» ھەرپىنىڭ سىمانتىكا جەھەتتىكى سان - ساناقسىز، چەكسىز رولى بىلەن ئۇيغۇرچە «ئۇرماق، سوقماق» سۆزىنىڭ چەكلىك رولى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەندىلا، ئىككى تىلنىڭ پەرقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق ھادىسىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق،



مەلۇم ئوخشاشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاز ئەمەس.

بۇ يەردە پەقەت بىرلا مەسىلىنى، يەنى «پېئىل» نى مىسال كەلتۈرەي، گراماتىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «پېئىل» ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىدا ھەممىدىن مۇرەككەپ ۋە چوڭ مەسىلە. بۇ ھەقتە بىر - ئىككى سائەتلىك سۆز بىلەن مەسىلىنى يېشىپ بېرىش مەقسىتىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت بۇ مەسىلىنىڭ بىر - ئىككى شېخى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. يولداش ئۆتكۈر 50 - يىللاردىلا «تەرجىمىدە تىل قائىدىلىرىدىن توغرا پايدىلىنىش مەسىلىسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە پېئىل ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «پېئىلنىڭ ھەممە تىللارغا ئورتاق ئاساسىي خۇسۇسىيىتى، يەنى گەپتە دائىم دېگۈدەك خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغانلىقى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىغىمۇ ئورتاق. ئەمما بۇ ئىككى تىلدا پېئىللاردىن ياسالغان خەۋەرلەرنىڭ گەپتە (خەۋەر گەپلەردە) ئورۇن ئېلىش قانۇنى كۆپ جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.» پېئىلنىڭ ھەممە تىللاردا خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغانلىقى — ئاساسىي قانۇنىيەت، مەن بۇ ھەقتە توختالماي، رولى جەھەتتىكى پەرقلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىدىكى ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلاي.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، يىغىق جۈملىدە ئاۋۋال ئىگە، ئاندىن كېيىن خەۋەر كېلىدىغانلىقى خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئورتاق قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەنزۇ تىلىدا پېئىل شەخس، زامان قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. چۈنكى خەنزۇ تىلىدا پېئىلنى تۈرلەندۈرۈپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدىغان قوشۇمچىلار يوق، ئۇنداق قوشۇمچىلار ئورنىدا بىر ياكى بىرنەچچە مۇستەقىل سۆز خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: 说 سۆزىنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلىدا

«سۆزلىدىم»، «سۆزلىدىڭىز»، «سۆزلىدى»، «سۆزلەيمىز»، «سۆزلەيسىلەر»، «سۆزلەيدۇ» ۋە ياكى «سۆزلىمەكچى» دەپ، بىرلا سۆز بىلەن ھەم شەخسلىكنى، ھەم زامانىنى ئىپادىلەش مۇمكىن. خەنزۇ تىلىدا بولسا شەخسلىكنى، زامانىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن “我说，你们说，他们说过” دېگەندەك بىر ياكى بىر نەچچە سۆزدىن پايدىلانماي مۇمكىن ئەمەس.

پېئىلنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى خۇسۇسىيەتلىرى بۇيرۇق پېئىللىرىدىمۇ (مەسىلەن، ياز، يېزىۋەتكىنە، يازساڭچۇ...)، ھال پېئىللىرىدىمۇ (مەسىلەن، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى)، شەرت پېئىللىرىدىمۇ (مەسىلەن، ئۇنىسلا ئىشلەيمەن...)، سۈپەتداش پېئىللاردىمۇ (مەسىلەن، ئوقۇۋاتقان، ئوقۇيدىغان، ئوقۇغان بالا...)، مەقسەت پېئىللاردىمۇ (مەسىلەن، ئوقۇماقچى...)، گۇمان پېئىللاردىمۇ (مەسىلەن، بىلەرسەن، ئوقۇغاندۇ، ئوقۇپتىمىش......) ۋە شۇنىڭدەك ياردەمچى پېئىللاردىمۇ ئالاھىدە پەرق قىلىدۇ. دېمەك، پېئىللار ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆزگە ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرلەنسە، خەنزۇ تىلىدا تۈپ سۆزلەرنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە مۇستەقىل سۆز قوشۇش يولى بىلەن تۈرلىنىدۇ. تەرجىمان بۇ قانۇنىيەتنى ئوبدان چۈشەنمىسە، «تەرجىمىدە سۆز چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك» دېگەن قائىدىگە ئۆلۈك ئېسىلىۋېلىپ، خەنزۇچە تىل قائىدىسىگە خاس فورمۇلىنى ئۇيغۇر تىلىغا سالىدۇ - دە، ئۇيغۇر تىلىنى خۇددى چاچلىرىنى بۇدۇرلەتكەن قىزغا چورۇق كىيدۈرۈپ قويغاندەك بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئۇيغۇر تىلىنى بۇزىدۇ، ئۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، تەرجىمە تىلىنى ئاڭلىغۇچى ياكى ئوقۇغۇچىدا «خەنزۇ تىلى مۇشۇنداق داڭقانپۇتى تىل ئوخشايدۇ» دېگەن سەلبىي تەسىراتنى پەيدا قىلىش خەۋپىدىن خالىي بولالمايدۇ.



“我们边走边谈吧” دېگەن گەپنى «بىز بىر تەرەپتىن مېڭىپ، بىر تەرەپتىن سۆزلىشەيلى» دەپ ئىپادىلىسەك، “他想要学习” دېگەن گەپنى «ئۇ ئوقۇشنى ئويلايدۇ» دېسەك، خەنزۇ تىلى ئادىتى بويىچە چىرايلىق تۈزۈلگەن، ئېيتىلغان گەپنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئادىتى بويىچە غەيرىي تەبىئىي، ياسىما، ھەتتا تىل قائىدىسىگە يات گەپ بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تىل قائىدىلىرى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈلمىگەچكە، بىر قىسىم تەرجىمىلىرىمىزدە خەنزۇ تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق بولغان چىرايلىق ئىپادە شەكىللىرى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەككە سۆز بويىچە ئالغاندا ئۇيغۇرچە، جۈملىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە تىل ئادىتى بويىچە ئالغاندا خەنزۇچە شەكىلگە كىرىپ قالغان ياسىملىقلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، “听说他不会走。” «ئاڭلىشىمچە (ئاڭلىنىشىچە) ئۇ ماڭمايدىكەن.» (توغرىراقى: «ئۇ ماڭماسمىش.») “看来不会吃” «قارىغاندا يېمەسلىكى مۇمكىن.» (توغرىراقى: «يېمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.») “我想他不会同意” «ئۇنىڭ ماقۇللىماسلىقىنى ئويلايمەن.» (توغرىراقى: «ئۇ ماقۇللىماسمىكىن.») “大家不妨试穿一下” «كۆپچىلىك سىناپ كىيىپ كۆرسە بولىدۇ.» (توغرىراقى: «كىيىپ بېقىڭلار») ۋەھاكازا.

يەنە، خەنزۇ تىلىدا مەستەر (ھەرىكەت نامى) كۆپ، خەنزۇ تىلىدا مەستەر كۆپ ھاللاردا ياردەمچى پېئىللارنىڭ ياردىمى بىلەن مۇستەقىل پېئىلغا ئايلىنىپ، ئاندىن خەۋەرلىك رولىنى ئورۇندايدۇ. مەسىلەن:

表示欢迎。进行生产。
做出努力。促进发展。
争取完成。实现四个现代化。

سۆزلەرنىڭ بۇ تۈزۈلۈشىدە پېئىل بىلەن مەستەر بىرىكىپ،

ساپ ياكى مۇستەقىل پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى ئالغان ۋە خەۋەرلىك رولىنى ئورۇنداشقا خىزمەت قىلغان. بۇ خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى. تەرجىمىدە «قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى»، «ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ باردى»، «راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈردى»، «ئورۇنداشنى قولغا كەلتۈردى»، «زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى» دەپ ئىپادىلىسەك، تىلدا تاشنى تاياققا تاڭغاندەك بىر ھادىسە يۈز بېرىدۇ. ئەسلى مەنە شۇنداق ئىپادىلەپ بېرىلىدىغان بولسا، بەلگىلىك ۋاقىتتىن ئالغاندا، چىرايلىق خەنزۇ تىلىنى بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ، ئۇيغۇر تىلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن ئۇيغۇرچە مەنىنى مۇجمەللەشتۈرگەنلىك بولىدۇ. «راۋاجلىنىشنى (ياكى تەرەققىياتنى) ئىلگىرى سۈردى» دېگەن ئىبارىدىن «راۋاجلىنىۋاتقان نەرسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى سۈردى» دېگەن مەنىنى چۈشىنىشمۇ مۇمكىن. ھالبۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا مەستەردىن خەۋەر پېئىل ياساش ئۇسۇلى تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، خەنزۇ تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، سانى كۆپ ئەمەس. ئايرىم قېيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا. خەنزۇچە مەستەر بىلەن پېئىلنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان خەۋەرنى توغرىدىن - توغرا بىر سۆزلۈك پېئىل (خەۋەر) ئورنىدا تەرجىمە قىلىش تامامەن مۇمكىن. مەسىلەن، «قارشى ئالدى»، «ئىشلەپچىقاردى»، «راۋاجلاندۇردى»، «ئورۇندىدى»، «زامانىۋىلاشتۇردى» ۋەھاكازا. مانا بۇ — ئۇيغۇر تىلى قائىدىسىنىڭ تەلىپى.

ئۈچىنچىدىن، خەنزۇ تىلىدا گەپ ياكى جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەلىپى مۇقىم بولىدۇ، جۈملىدىكى سۆزلەر-نىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى



ۋە ياردەمچى سۆزلەر ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپى ئۆزگىرىپ كەتسە، مەنە كۆپ ھاللاردا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ياكى ئۇقۇلمايدۇ. مەسىلەن، “我吃饭” دېگەن جۈملىنى “吃饭我” ياكى “饭我吃”، ياكى “饭吃我” دەپ ئۆزگەرتسەك، مەنە ئۇقۇلمايدۇ، ياكى مەنە ئۆزگىرىدۇ ۋە ياكى گەپ بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «مەن تاماق يەيمەن» دېگەن جۈملىنى «تاماق يەيمەن مەن» دەپ ئۆزگەرتسەكمۇ، «يەيمەن تاماق مەن» دەپ ئۆزگەرتسەكمۇ، ھەر ھالدا مەنە ئۇقۇلىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكىگە ئوخشاش چۈشىنىكسىز ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ. خەنزۇ تىلىدا، سۆزلەرنىڭ گەپ ياكى جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىپى، كۆپ ھاللاردا، مۇنداق بولىدۇ:

ئىگە — خەۋەر.

مەسىلەن: 我写。你念。他做。

بۇنداق يېيىق ئاددىي جۈملىلەر «ئىگە — خەۋەر» دېگەن تەرتىپتە، يەنى ئىگە باشتا، خەۋەر ئاخىرىدا كېلىدۇ. يېيىق ئاددىي جۈملە «ئىگە — تولدۇرغۇچى — خەۋەر» دېگەن تەرتىپتە كېلىدۇ. مەسىلەن: 我写字。你念书。他做木工。 يېيىق ئاددىي جۈملىدىكى گەپ بۆلەكلىرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى خەنزۇچىدىمۇ، ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاش. لېكىن يېيىق ئاددىي جۈملىدە بولسا، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى پۈتۈنلەي پەرق قىلىدۇ. يۇقىرىقى يېيىق ئاددىي جۈملىنى خەنزۇچە «ئىگە — خەۋەر — تولدۇرغۇچى» دېگەن شەكىلنىڭ ئەكسىچە «ئىگە — تولدۇرغۇچى — خەۋەر» شەكلىدە تەرجىمە قىلماي مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق پەرق ئاددىي جۈملىدە شۇنداق، مۇرەككەپ جۈملىدىمۇ شۇنداق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن: （三千多年青）工人（加紧）建筑

（那座千万人渴望多年的一公里长的大铁）桥。

«(3000 دىن ئارتۇق ياش) ئىشچى (مىڭلىغان -

ئونمىڭلىغان ئادەم بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ھېلىقى چوڭ تۆمۈر) كۆۋرۈكنى (جىددىي) سېلىۋاتىدۇ.»

بۇ جۈملىدە ئاساسىي گەپ «ئىشچى كۆۋرۈكنى سېلىۋاتىدۇ»، ئاددىي يېيىق جۈملە بويىچە، تەرجىمىدە ھېچقانداق قىيىنچىلىق يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن مۇرەككەپ جۈملە بويىچە، تەرجىمىدە بەزى ھاللاردا جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ۋە شۇ باش بۆلەكلىرىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن خېلى باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ زۆرۈرىيەتنى توغرا چۈشەنمىگەندە، كۆپ ھاللاردا مەنە جەھەتتە مۇجمەللىك يۈز بېرىدۇ. مانا قاراڭ: «3000 دىن ئارتۇق ياش ئىشچى جىددىيلىك بىلەن ھېلىقى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئادەم بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ تۆمۈر كۆۋرۈكنى سېلىۋاتىدۇ» دېيىلسە، «جىددىيلىك بىلەن»، «ھېلىقى» دېگەن ئېنىقلىغۇچى ئەگەشمە بۆلەكلەر خۇددى كوچىدا ئانىسىنى تاپالماي، ھېلى ئۇ ئادەمنىڭ، ھېلى بۇ ئادەمنىڭ پېشىغا ئېسىلغان كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالمامدۇ؟!

تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدا قوشما جۈملىلەر كۆپ ھاللاردا باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر - بىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ؛ خەنزۇ تىلىدا كۆپ ھاللاردا باغلىغۇچى بولمايدۇ، قوشما جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى گەپنىڭ ئىچكى مەنىسىگە قاراپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

他放下工作，闭上眼睛休息一会儿。

بۇ قوشما جۈملىنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلساق، «ئۇ خىزمىتىنى تاشلاپ قويدى، كۆزىنى يۇمۇپ بىرئاز دەم ئالدى» بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن بۇ قوشما جۈملە بىر - بىرىگە چىڭ باغلىنىپ «ئۇ خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ بىر-



ئاز دەم ئالدى» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

يەنە، خەنزۇ تىلىدا 连谓式 (قوش خەۋەرلىك جۈملە)، 兼语式 (چاتما سۆزلۈك جۈملە) دېگەندەك پەۋقۇلئاددە سىنتاكسىسلىق ھادىسىلەرمۇ بار.

翻译协会组织全体翻译人员学习翻译理论和翻译实践。

«تەرجىمانلار جەمئىيىتى بارلىق تەرجىمانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۆگەندى» مۇ؟ شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەنتىق جەھەتتىن «تەرجىمانلار جەمئىيىتى... ئۆگەندى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ - دە، «ئۇنداق بولسا، بارلىق تەرجىمانلار نېمە ئىش قىلدى؟» دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ. ئەسلىدە بۇ جۈملىدە «تەرجىمانلار جەمئىيىتى بارلىق تەرجىمانلارنى ئۇيۇشتۇردى، بارلىق تەرجىمانلار تەرجىمە نەزەرىيىسىنى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۆگەندى» دېگەن مەنە بېرىلگەن. لېكىن بۇ مەنە بىرلا ئاددىي جۈملە فورمۇلىسى بىلەن بېرىلگەن. خەنزۇ تىلىدىكى بۇنداق جۈملە شەكلى رۇس تىلى ئۈچۈنمۇ، ئىنگلىز تىلى ئۈچۈنمۇ، ھەتتا خەنزۇ تىلىنىڭ ئادەتتىكى سىنتاكسىسى ئۈچۈنمۇ «ئالاھىدە جۈملە شەكلى» دېگەن نام بىلەن تەرىپلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق. تەرجىمىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان «ئەسلىگە سادىق بولۇش» ھەتتا «شەكلىگە سادىق بولۇش»، «خەنزۇچە ئەسلى تېكىستقا يېقىنلاشتۇرۇش» دېگەن مۇجمەل ۋە ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا خاتا قائىدىلەرگە مەھكەم يېپىشىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، زورمۇزور شەكلەن تەرجىمە قىلىپ كەلدۇق.

共产党领导人民从胜利走向胜利。
马克思主义引导全世界人民朝着美好的生活前进。
党要求我们迎接战斗。
他请我去看电影。
学校组织学生春游。

بۇنداق جۈملىلەر ئادەتتە «كوممۇنىستىك پارتىيە پۈتۈن جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى» دېگەن فورمۇلىدا تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى، لېكىن مەنتىق جەھەتتىن توغرا بولمىغانلىقى تولىمۇ روشەن گەۋدىلىنىپ چىققاندا، باشقىچە يول بىلەن ھەل قىلىنىپ كەلدى، ماھىيەتتە، بۇنداق جۈملىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى سىنتاكسىلىق تۈزۈلۈشى بويىچە، ئىگىسى ئىككى، خەۋىرى ئىككى بولۇپ، «1 - ئىگە — خەۋەر — تولدۇرغۇچى — 2 - ئىگە — خەۋەر» فورمۇلىسىدا كېلىدۇ. مانا قاراڭ:

共产党——→领导——→人民——→走
马克斯主义——→引导——→人民——→前进
党——→要求——→我们——→迎接
他——→请——→我——→看
学校——→组织——→学生——→春游.

بۇ فورمۇلىنى تەھلىل قىلساق، «ئۇ مېنى تەكلىپ قىلدى، مەن كىنوغا باردىم» بولۇپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ فورمۇلىدىكى جۈملىنى ئۇنداق تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. خەنزۇ تىلى گىرامماتىكىسىدا، بۇنداق جۈملىدىكى بىرىنچى ئىگە (ئۇ) دىن ۋە ئۇنىڭ خەۋىرىدىن كېيىن كەلگەن تولدۇرغۇچى (مېنى) شۇ كونكرېت جۈملىدە مەنە جەھەتتىن ئىككىنچى ئىگە (مەن) رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 兼语式 دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنە شۇنداق رولىغا قاراپ، ئۇنى «قوش ۋەزىپىدار سۆز» دەپ، پۈتۈن جۈملىنى «قوش ۋەزىپىدارلىق جۈملە» دەپ ئاتاش مۇمكىن. بۇنداق جۈملىنى، پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغۇچە، ئومۇمەن پۈتۈن جۈملە بويىچە «كوممۇنىستىك پارتىيە پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلدى» دېگەن فورمۇلا



بويىچە تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى جۈملىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى پېئىلنى ھالەتكە ئايلاندۇرماستىن، پۈتۈن جۈملىنىڭ خەۋىرى قىلىپ چۈشۈرگەن ياخشى. بۇ ئۇسۇلدىن باشقا، يەنە جۈملىنىڭ باش قىسمىدىكى قوش ۋەزىپىلىك سۆزنى، يەنى ئىككىنچى ئىگىنى بىرىنچى ئورۇنغا يۆتكەش يولى بىلەن تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: «پۈتۈن جۇڭگو خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى». ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. ئەنە شۇ چاغدا «ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى پۈتۈن ناھىيە خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، 60 مىڭ مو يەردىكى بۇغداينى ئالتە كۈن ئىچىدە تېرىپ بولدى»، يەنى «شۇجى يەرنى تېرىپ بولدى» دېگەن خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. «قوش ۋەزىپىدارلىق جۈملە» نىڭ تەرجىمە مەسىلىسى مۇرەككەپ مەسىلە، بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا دىققىتىمىزنى قوزغاش ئارزۇسى بىلەن، مۇقەددىمە ئورنىدا بۇ يەردە پەقەت تەرجىمە جەھەتتىكى بىرنەچچىلا ئۇسۇل توغرىسىدا توختالدىم.

بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇ تىلىدا ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى (باشقا تىللاردىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان جۈملە شەكىللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) يېزىق يۈزىدىن ئايرىش قىيىن. چۈنكى جۈملىدە كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ پەرقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت بولمايدۇ. مەسىلەن:

我们这个队伍。我们共产党人。我们全体干部。

بۇ ئىبارىلەرنى مەنە جەھەتتە «بىز، بۇ قوشۇن»، «بىز

كوممۇنىستلار»، «بىز يەنى بارلىق كادىرلار» دېگەندەك ئۇسۇلدا تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇنداق تۈزۈلۈشتە كەلگەن ئىبارىلەردە سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى تەڭداش ئورۇندا بولۇپ، بىرىنى بىرى ئىزاھلايدۇ؛ بۇ مۇناسىۋەتنى چۈشەنمەي، «بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز»، «بىزنىڭ كوممۇنىستلىرىمىز» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئەسلى مەنە بۇرمىلانغان بولىدۇ.

我们这个队伍完全是为着解放人民的，是彻底地为人民利益工的作的。

«ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 3 - تومىدا «بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز تامامەن خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشنى كۆزلەيدۇ، ئۈزۈل - كېسىل خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ماھىيەتتە، "我们这个队伍" دېگەن ئىبارە «بىزنىڭ بۇ قوشۇن»، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنە «قوشۇنىمىز... كۆزلەيدۇ، ئىشلەيدۇ» دېگەن 3 - شەخسنىڭ پائالىيىتى ئەمەس، بەلكى «بىز، بۇ قوشۇن... كۆزلەيمىز، ئىشلەيمىز» دېگەندەك 1 - شەخسنىڭ پائالىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ...

خەنزۇ تىلىدا مۇشۇنداق ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى بىلەن كەلگەن جۈملىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوبدان تەتقىق قىلىنمىغاچقا، تولا چاغلاردا، يۇقىرىقىدەك خاتالىقتىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە يات بولغان ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

«لاۋۋاڭدىن ئىبارەت بۇ ئاق نانچى...»

（老王这个二流子…）

«سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىلغار تۈزۈم...» （社会主义的先进制度） ۋەھاكازا... بۇمۇ ئىككى تىلنىڭ تەرجىمىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، مەيلى ئۇيغۇر تىلى بولسۇن، مەيلى خەنزۇ تىلى بولسۇن، سۆزلەرنىڭ تۈپ مەنىسى، كۆچمە



مەنىسى، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە جۈملىلەرنىڭ ياسىلىشى جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇپلا قالماستىن، سۆز - ئىبارىلەرنىڭ شەكلەن مەنىسى ۋە ئىچكى مەنىسى جەھەتتىمۇ بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ، يەنى مەنتىقى ئۇقۇم جەھەتتىنمۇ، تىل ئادىتى جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى ئاز ئەمەس. بۇنداق تىل ھادىسىلىرى تەرجىمىدە تۆرلۈك سۈپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

A. لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە تەڭ تۇرالايدىغان سۆزلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنداق سۆزلەر بولۇپمۇ سىياسىي ئاتالغۇ، خاس ئىسىملار مەنە جەھەتتىن ھەر ئىككى تىلدا تەڭ بولغاچقا، ئۇلارنى ھەرقانداق كونتېكىستتا ئومۇملىشىپ قالغان تەييار سۆز بىلەن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. بۇنداق سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىشتا يېڭى سۆز ياساش ھاجەتسىز.

B. تەڭدىشى يوق سۆزلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سۆز، خاس ئاتالغۇ، تېرمىنلارنىڭ، مىللىي خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بەزى شەيئىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا تەييار ئاتالغۇسى بولۇشى ناتايىن. بۇنداق ئەھۋالدا تەرجىمىدە يېڭى سۆز - ئاتالغۇ تېپىش، ياساش، مەنەن تەرجىمە قىلىش، ئەسلىنى قوبۇل قىلىش ياكى ھەم ئەسلىنى، ھەم مەنىسىنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

C. سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئادىتىدىكى پەرق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: خەنزۇ تىلىدا، 后而还有很多事要做。 (ئارقىمىزدا يەنە ئىشلەيدىغان بىرمۇنچە ئىش بار) دەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆز شۇنداق ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنتىقىسىگە سىغمايدۇ. «ئارقىمىزدا» سۆزىنى «ئالدىمىزدا» سۆزىگە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەكسىچە، بەزى ھاللاردا ئابستراكت ئىسىم پائالىيەتچان ئىگە ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، 我们的斗争获得了胜利。 小王的头比老王大。 يەنە، خەنزۇ تىلىدا 3 - شەخس بەزىدە 1 - شەخس ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، 好孩子，不要哭，爸爸抱你。

خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، ئىشلىتىلىش ئادىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، پەرقلىق بولغاچقا، تەرجىمىدە سۆز، ئىبارە ۋە جۈملىنىڭ زاھىرى شەكلىگە قاراپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، كۆپ ھاللاردا، مەنىنى تەڭ قىممەتتە ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن كونكرېت تىلنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيەتلىرىگە، كونكرېت تىل شارائىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تەلەپلىرىگە ئاساسەن تۈرلۈك جانلىق تەرجىمە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، تەرجىمە قائىدىلىرىدە «ئۇدۇل» ياكى «سۆزمۇسۆز» تەرجىمە قىلىش قائىدىسى بار. ئۇنىڭ ئەكسىچە «مەنەن» تەرجىمە قىلىش قائىدىسى بار. بۇ قائىدىلەر تەرجىمە خىزمىتىدە تارىختىن بۇيان بىر تەرەپتىن يېتەكچى پرىنسىپ سۈپىتىدە رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلدى. XIX ئەسىردە ياشىغان ئېنگلىز شائىرى ھەم ئەدەبىي تەنقىدچى ماتىپ ئارنولد تەرجىمە مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەگەر مۇمكىن بولسا، تەرجىمىنى شۇنداق دەرىجىگە كەلتۈرۈپ ئىشلەش كېرەككى، ئۇنى ئوقۇغان كىشى تەرجىمىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇۋاتىمەن دېگەن ھېسسىياتتا بولسۇن» دەيدۇ. دېمەك، تەرجىمىنى ئىجادىي ئەسەرگە ئوخشاش راۋان ئىشلەش — ئەڭ ئالىي غايە. لېكىن تەرجىمىدە بۇنداق غايىگە



يېتىش قىيىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئارنولد «ئەگەر مۇمكىن بولسا» دېگەن ئېھتىمالنى نەزەردىن قاچۇرمىغان. بۈگۈنكىدىن كۆپ ھاللاردا تىلى راۋان ئىشلەنگەن تەرجىمىنىڭ مەنە جەھەتتە تازا توغرا بولۇشى ناتايىن؛ مەنە جەھەتتە تازا توغرا چىققان تەرجىمىنىڭ تىلى جەھەتتىن راۋان بولۇشى ناتايىن دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تەرجىمانى، تەرجىمە نەزەرىيىچىسى يەن فۇ «ئەسلىگە سادىق بولۇش، مەنىنى توغرا ئىپادىلەش، تىلنى گۈزەللەشتۈرۈش» دېگەن تەرجىمە ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لۇشۈن ۋە چۈي چيۇ- بەي بۇ ئۆلچەمنىڭ ئارتۇقاۋۇقچىلىقىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئەسلىگە سادىق بولۇش ۋە مەنىنى توغرا ئىپادىلەش» بىلەن «تىلنى گۈزەللەشتۈرۈش» نىڭ بىر - بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. لۇشۈن ئۆز ۋاقتىدا «ئەسلىگە سادىق بولمىسا بولمىسۇنكى، راۋان بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسقا قارشى «راۋان بولمىسا بولمىسۇنكى، ئەسلىگە سادىق بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ يەنى «مەنەن تەرجىمە» ئۇسۇلىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ، قارىسىغا بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىش رەڭۋازلىقلىرىغا قارشى «ئۇدۇل تەرجىمە» قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزىلەر لۇشۈننىڭ بۇ تەشەببۇسىنىڭ شۇ كونكرېت تارىخىي شارائىت بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى نەزەردە تۇتماي، ئۇنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «ئۇدۇل تەرجىمە» قىلىش ئۇسۇلىنى بىردىنبىر ئۆلچەم دەپ قارىماقتا، بىزنىڭ ھازىرقى تەرجىمىلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەنە شۇنىڭ دەلىلى. بەزى تەرجىمە ئەسەرلىرىمىز، ئەسلى خەنزۇچە تېكىستتىقا سېلىشتۇرسىڭىز، لېكسىكا جەھەتتىن بىرمۇبىر توغرا بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن قېلىپلاشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنتىقىسىگە، تىل ئادىتىگە سالسىڭىز،

ئۇنى ئوقۇغىنىمىزدا بىر خىل غەيرىي تەبىئىي ئامىللارنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىمىز. «ئۇدۇل تەرجىمە» ئۇسۇلىنى چەكلىك تەكىتلىگەن لۇشۈنمۇ تەرجىمىگە «ھېس - تۇيغۇنى كۆچۈرۈش» دەپ تەبىر بەرگەن، يەنى بىر مىللەت چۈشەنگەن ئۇقۇمنى ئىككىنچى بىر مىللەتكە ئەينەن كۆچۈرۈپ بېرىش كېرەك دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ رۇس تىلىدىكى «تىزىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش» دېگەن سۆزنى «زوكزىيىش» دەپ، ئىنگلىز تىلىدىكى «سۈت يولى» دېگەن سۆزنى «سامانيولى» دەپ تەرجىمە قىلىدىغانلىقىنى، يەنى شەكلەن سۆزنى ئەمەس، مەنىنى تەرجىمە قىلىدىغانلىقىنى، خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتىگە رىئايە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. لۇشۈن مۇنداق يازىدۇ: تەرجىمىگە يېڭى كىرىشكەن ئادەم «مەنەن تەرجىمە قىلىشقا پېتىنالمىغاچقا، ئوڭايلا ئەسلى تېكىست بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، كىتابخانلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگە قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ تەرجىمىدە ئەنە شۇنداق قۇسۇر بار ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سېلىشتۇرۇپ تەھرىرلەش داۋامىدا خېلى كۆپ ئۆزگەرتىۋەتتىم، شۇنىڭ بىلەن خېلى راۋانلاشتى.»① دېمەك، لۇشۈن تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنىڭ، تەرجىمە تىلىنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەرگەن.

تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۆگەتمەكتىكى، تەرجىمىدە «قۇللارچە ساداقەتلىك تۈپەيلىدىن قۇللارچە ئاسىيلىق قىلىدۇ» غان (ژۇكوۋىسكى) ئۆلۈك تەرجىمە ئۇسۇلىدىن ساقلىنىش كېرەك، ئەسلى تېكىستنى سۈيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ ئەسلى مەنىنى بۇرمىلايدىغان، تەرجىمە تىلىنىڭ قانۇنىيىتىنى بۇزىدىغان تەرجىمە ئۇسۇلىدىنمۇ ساقلىنىش كېرەك. بىز «تەڭ قىممەت» لىك تەرجىمە ئۇسۇلىنى تەكىتلەيمىز. «تەڭ قىممەت» ئەسلى سىياسىي ئىقتىسادتىكى خاس ئاتالغۇ بولۇپ، تەرجىمە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مەيلى ئەسلى ئەسەردىكى چۈشەنچە ياكى ئۇقۇم بولسۇن، مەيلى تەرجىمىدىكى چۈشەنچە ياكى ئۇقۇم بولسۇن، بىر - بىرىدىن كېمىيىپ كەتمەي، بىر - بىرىدىن ئېشىپمۇ كەتمەي، تەڭ - باراۋەر بولۇپ چىقىشى كېرەك. تەرجىمىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئەنە شۇ. تەرجىمىدە تەڭ - باراۋەر قىممەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئامىل شەكىل ئەمەس، سۆزنىڭ مىقدارى ئەمەس، بەلكى مەنە. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ:

① لۇشۈن: «ئۈچ بىكار. (كىچىك پېتىر) نىڭ تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز».



他向孙中山提出了两点建议。

ئۇ سۇن جۇڭشەنگە ئىككى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

他这句话正说到群众的心坎里。

ئۇنىڭ بۇ سۆزى دەل ئاممىنىڭ كۆڭلىگە يەتتى.

谁不知道爱情本身固有的排他性？

مۇھەببەتنىڭ ئۆزىگە خاس باشقىلارنى چەتكە قېقىش خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟

يۇقىرىقى مىساللاردا: 1) جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ مىقدارى ئوخشاش؛ 2) سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن ئانچە كۆپ مەسىلە يوق؛ 3) بىرىنچى مىسالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىنتاكسىس نۇقتىسىدىن جۈملە تۈزۈلۈشى گرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن.

لېكىن تۈپ مەنە جەھەتتىن ئالغاندا، ئەسلى مەنە بىلەن تەرجىمىدىكى مەنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق كۆپ، ئەسلى مەنە بىر جىڭ بولسا، تەرجىمىدىكى مەنە يېرىم جىڭ ياكى ئەك-

سىچە ئىككى جىلىك بولۇپ قالغان. چۈنكى، بىرىنچى مىسالدا، مەنە چۈشىنىكسىز. ئۇ تەكلىپنى سۇن جۇڭشەنگە قويىدىمۇ؟ ياكى ئوتتۇرىغا قويىدىمۇ؟ ئىككىنچى مىسالدا، «كۆكلىگە يەتتى» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلى ئادىتى بويىچە «قۇلىقىغا يەتتى» دېگەندەك، «كۆكلىگە يېتىپ باردى» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. كۆكلىگە تەگدى» (رەنجىتتى) دېگەن مەنىدىمۇ چۈشىنىش مۇمكىن.

ئۈچىنچى مىسالدا: «ئۆزىگە خاس باشقىلارنى...» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. «باشقىلارنى چەتكە قېقىش» ياكى يەكلەش» خۇسۇسىيىتى دېگەن سۆز كونكرېت سۆز مۇھىتىدا، بولۇپمۇ ئىشق ـ مۇھەببەت بابىدا ئۆز جايىغا چۈشمىگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە «مۇھەببەتتە كۆڭۈلشىلىك بولىدۇ» دېيىلسە، سۆزنىڭ ئۈنۈمى جانلانماسمۇ؟

يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمىزدىن شۇنداق مەنە كېلىپ چىقىدۇكى، تەرجىمىدە ئەسلىنى توغرا چۈشىنىش — توغرا ئىپادىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئەسلىنى چۈشىنىش — زۆرۈرىيەت؛ شۇ چۈشەنچە ئاساسىدا ئىپادىلەش ـ ھۆرىيەت. تەرجىمان ئەسلىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆز تىلىدا شۇ چۈشەنچىسىنى ئەركىن، جانلىق، روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئەسلىنى چۈشىنىش مەسىلىسى:

A. ئاپتور بىلەن (ئۇنىڭ ھاياتى، ياشىغان دەۋرى، يېزىش ئۇسلۇبى...) تونۇشۇش كېرەك.

بۇنىڭ رولى چوڭ. ئۆز تەجرىبەمدىن ئالسام، لۇشۈن زەردىلىك يازغۇچى. تىلى ئۆتكۈر، تىلغا باي، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگودا ئومۇملىشىش جەريانى بىلەن تەڭ سۆز، ئاتالغۇلىرىدىمۇ بەلگىلىك تەرەققىيات جەريانى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

意德逻辑＝思想意识＝意识形态＝思想体系……



唯物的历史观＝历史底物质论＝唯物史观＝（反话）
唯物史观
上海＝洋场＝十里洋场。
租界地＝租界＝且介。

Ә. كونكرېت ئەسەرنى تەرجىمىگە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشۇش ئۈچۈن ئوقۇپ چىقىش. بۇ ئەدەبىي ئەسەردە ئىنتايىن زۆرۈر. ئالدى بىلەن، ئەسەرنىڭ قانداق ئەسەر ئىكەنلىكىنى (تارىخىي، زامانىۋى ھېكايە ياكى چۆچەك...) ئايرىۋالغىلى، شۇنىڭ بىلەن تەرجىمە ئۇسلۇبىنى تاللىغىلى بولىدۇ. ئاندىن قالسا، ئەسەردىكى ئوبرازلار — پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى بىلەن تونۇشقىلى بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا تەرجىمىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدە چوڭلارنىڭ، كىچىك بالىلارنىڭ، ئەرنىڭ، ئايالنىڭ، زىيالىينىڭ، ئىشچى، دېھقاننىڭ، كونا موللامنىڭ، زامانىۋى ئالىمنىڭ ئۆزىگە خاس تىللىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

B. كونكرېت سۆزلەرنىڭ كونكرېت جۈملە تەركىبىدىكى مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. خەنزۇ تىلىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى كۆپ ھاللاردا كونتېكىستقا (يۇقىرىدىكى ياكى تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە) باغلىق بولغان ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. خەنزۇ تىلىدا مەلۇم سۆز (مەيلى بىر ھەرپلىك ياكى كۆپ ھەرپلىك بولسۇن) ئەسلىدە لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بىر ياكى بىرنەچچە خىل تۈپ مەنىدە رول ئوينايدۇ. لېكىن تۈرلۈك كونتېكىستتا كونكرېت سۆز مۇھىتىنىڭ تەسىرى بىلەن يەنىمۇ چوڭقۇر، يەنىمۇ ئەتراپلىق ۋە تۈرلۈك مەنىلەردىمۇ خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: غەيرەت، جاسارەت، جۈرئەت...

敢：
①勇敢，敢作，敢当……
②你敢！

قېنى قولۇڭدىن كەلسە... باقمامسەن!

كېرەك، لازىم، زۆرۈر... 应该

ئەسلى تېكىستنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش لازىم.

①该应吃透原文。

سەن بىلىسەن! ②你应该知道！

تېز، چاپسان، چاققان، ئىلدام. 快：

ۋاي كىرىڭ! 快进来！

چوقۇم، جەزمەن، مەلۇم... 一定

ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

①一定要加强学习

ئۇ ئۆيىگە كەتكەن بولسا كېرەك (ئېھتىمال).

②他一定是回家去了。

تەرجىمىدە كونكرېت سۆزلەرنىڭ كونكرېت تېكىستتىكى مەنىسىنى توغرا چۈشەنگەندىلا، ئەسلى مەننى توغرا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدا سۆزلەرنىڭ يەككە ھالەتتىكى لۇغەت مەنىسى كۆپ ھاللاردا تۇراقلىق بولىدۇ، لېكىن جۈملە تەركىبىگە ئۆتكەندە، يۇقىرىدىكى ياكى تۆۋەندىكى جۈملىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەندە. باشقىچە مەنىدىمۇ رول ئوينايدۇ. بۇ بىر زىددىيەت. بۇ زىددىيەتنى كۆپ ھاللاردا لۇغەتكە مۇراجىئەت قىلىش بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لۇغەتتىن ياردەم سورىغاندىن تاشقىرى، خەنزۇ تىلىنى، مەيلى يېزىق جەھەتتە، مەيلى ئېغىز جەھەتتە بولسۇن، چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق، سىنتاكسىسلىق پەرقلىرىنى ئوبدان ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەسلى تېكىستنى تولۇق چۈشىنىش كېرەك دېگىنىمىزدە



جۈملىدىكى يەككە سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىنىلا ئەمەس، كونكرېت مۇھىتتا تۈرلەنگەن مەنىلىرىنىمۇ تېپىشنى نەزەردە تۇتىمىز.

لۇشۈن «يەنە شياڭگاڭ ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ پاراخوت بىلەن شياڭگاڭغا بارغانلىقىنى، پاراخوت ئۈستىدە ساقچىلارنىڭ تەكشۈرگەنلىكىنى نەزەردە بىلەن بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

一位同胞查网篮，他先将鱼肝油的纸匣撕碎，掷在地板上，还用铁签在……茶叶的瓶上钻了一个洞。

«بىر قېرىندىشىمىز تور سومكىلىرىمنى تەكشۈردى. ئۇ ئالدى بىلەن بېلىق مېيى قاچىلانغان كوروپكىنى يىرتىپ، پولغا تاشلىۋەتتى. چاي قاچىلانغان قۇتامنى قولىدىكى ئىسكىنە (مىتىن) بىلەن تەشتى.»

چاي «قۇتا» سىنى «ئىسكىنە» ياكى «مىتىن» بىلەن تېشىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟! ئۇنداق بولسا تەرجىمىدىكى مەسىلە نېمىدە؟

ھازىرقى كۈندە خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەھەتتە، ئومۇمەن ئالغاندا، تەرجىمە قوشۇنىمىزنىڭ سېپى كېڭەيدى، تەرجىمىمىزنىڭ سۈپىتى خېلى ئۆستى، ئالدى بىلەن بۇنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن مەسىلىمۇ يوق ئەمەس. مانا قاراڭلار:

欧洲大战时候，大家用毒瓦斯来打仗，
画家 George Grosz 曾画了一幅讽刺画，
给钉在十字架上的耶苏的咀上 。也蒙上一
个避毒咀套，于是很受了一场罚。

«ياۋروپا چوڭ ئۇرۇشى ۋاقتىدا ھەم-
مەيلەن مۇۋاس بىلەن جەڭ قىلغان، رەسسام

> كېئورگى گروز بىر ھەجۋىي رەسىمنى سىزىپ،
> داردىكى ئەيسانىڭ ئاغزىغا مىخلاپ قويغان،
> ئۇنىڭغا گازدىن ساقلىنىش ماسكىسىنى
> كىيدۈرۈپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن جازاغا
> تارتىلغان.»

مەنە جەھەتتىن ئەسلىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك سەۋەبى
بىلەن ئەنە شۇنداق خاتا تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەھۋاللار، شەك-
لەن يېزىق يۈزىدىلا چالا چۈشىنىپ قېلىپ، مەنىنى مۇجمەل
تەرجىمە قىلىپ قويىدىغان ھادىسىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس؛
تەرجىمىدە ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدىغان غەيرىي نورمال ھادى-
سە، مېنىڭچە، ھازىرقى كۈندە، ئەسلى خەنزۇچىنى مەنە جەھەت-
تىن تولۇق ۋە توغرا چۈشەنگەندىن كېيىن، شۇ چۈشەنچىنى
ئۇيغۇر تىلىدا توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك مەسىلىسى.

مۇپاسسان «لاتىن تىلى» ناملىق ھېكايىسىدە لاتىن تىلى
ئوقۇتقۇچىسى پىكدوننىڭ ھال - كۈنىنى ئۇنىڭ ئۆز سۆزى
بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«مەن ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزۈمنىڭ ئۆيىۇم، ئۆي جاھازلى-
رىم ۋە ئۆز كىتابلىرىمغا ئىگە بولۇشنى... تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.
لېكىن ئەمەلىيەتتە بىر دانە پەلتو ۋە بىرنەچچە ئىشتاندىن
باشقا ئۆزۈمنىڭ دېيەلىگۈدەك ھېچ نەرسەم يوق... مۇشۇ دەرس
بېرىۋاتقان سىنىپتىن باشقا ئۆزۈمنى دالدىغا ئالغۇدەك ئۆيۈم-
مۇ يوق...» مەلۇمكى، پىكدوننىڭ تۇتقان ئۆيى، ئۆي سەرەم-
جانلىرى يوق، ئۇ ماكانسىز قالغان. لېكىن «ئۆزۈمنىڭ
ئۆيۈم...گە ئىگە بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن سۆز-
دىن، «ئەسلىدە ئۆي - ماكانى بار ئىدى، بىراق قولدىن
كېتىپ قالغان» دېگەن مەنە چىقامدۇ؟

بۇ يەردە تەرجىمىدە “能有” سۆزى تەرجىمانىڭ
نەزەرىدە ئۇستۇنلۇكنى قازىنىپ كەتكەن. نەتىجىدە، «قۇل-لار-



چە ساداقەتلىك تۈپەيلىدىن قۇللارچە ئاسىيلىق» كېلىپ چىق-
قان، يەنى مۇپاسساننىڭ مەقسىتى بۇرمىلانغان.

بىز تەرجىمىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى توغرىسىدا سۆزلىگىنى-
مىزدە، «ئەسلىگە سادىق بولۇش كېرەك» دېگەن شەرتنى
تەكىتلەيمىز. بۇ توغرا. ئەلۋەتتە؛ بۇنىڭ توغرىلىقىدا گەپ
يوق. لېكىن گەپ شۇ يەردىكى، «ئەسلى» دېگىنىمىزدە نېمىنى
كۆزدە تۇتىمىز؟ كونكرېت جۈملە ئۇقتىسىدىن ئالساق، شۇ
جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مىقدارىمۇ؟ جۈملىنىڭ تۈزۈ-
لۈش شەكلىمۇ؟ ياكى شۇ كونكرېت سۆزلەردىن تەركىب تاپ-
قان جۈملىدىن چۈشىنىلگەن ئۇقۇم (مەنە) مۇ؟ ئىككىنچى
تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «ئەسلىگە سادىق بولۇش» دېگىنى-
مىزدە شەكلىگە سادىق بولۇش كېرەكمۇ ياكى مەزمۇنىغا سادىق
بولۇش كېرەكمۇ؟

مەزمۇنىغا، يەنى مەنىگە سادىق بولۇش كېرەك. بۇ ھەم-
مىگە ئورتاق قائىدە. لېكىن بۇ ئورتاق قائىدىنى ئورتاق
ساۋاتقا، ئەمەلىي ئۇسۇلغا ئايلاندۇرۇش ئاسان ئەمەس.

يىراقتىن مىسال كەلتۈرسەم، ئامېرىكىلىق مەشھۇر ياز-
غۇچى، مەشھۇر تەرجىمان Pearls Back (خەنزۇچە ئىسمى
سەي جىنجۇ) «سۇ بويىدا» نى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىل-
غاندا، ياۋروپا - ئامېرىكىدىكى مەشھۇر تەرجىمە تەتقىقاتچى-
لىرىنىڭ باھالىرىغا قارىغاندا، «شەكلىگە سادىق» بولۇش
ئۇسۇلىغا بېرىلىپ كەتكەچكە، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا،
مەنىسىگە قۇسۇر يەتكۈزگەن، يەنى ئەسلى مەنىنى بۇرمىلاپ
قويغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمىسىدە
مۇنداق گەپلەر بار:

32 - بابتا: «ۋۇ سۇڭ قورساقنىڭ ئاچلىقىدا، ئۇنىڭ
سۆزىنى بۆلۈپلا: ئوسۇرۇۋەت! ئوسۇرۇۋەت! دەپ تۈۋلىدى.»

ئەسلىدە بۇ يەردىكى 放屁 سۆزى «كاپشىما! قۇرۇق گەپ-

نى قوي! ۋالاقشما!» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تەرجىمان بۇ گەپنى شەكلەن تەرجىمە قىلىپ، قارشى تەرەپنى يەل قويۇپ بېرىشكە زورلىغان.

9 ـ باپتا: “三四个筛酒的酒保都手脚忙乱搬东搬西” دېگەن جۈملىدىكى 手忙脚乱 دېگەن سۆز، تۇپ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئالدىراشلىق» دېگەن سۆز. 搬东搬西 دېگەن سۆز نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇش ـ يۆتكەش دېگەن سۆز. لېكىن تەرجىمان «قولى ئالدىراپ، پۇتى كالاكشىپ»، «بىر شەرققە، بىر غەربكە يۆتكىلىپ» دەپ تەرجىمە قىلغان. نەتىجىدە مەنە چۈشىنىكسىز بولۇپ چىققان.

شەكلىنى تەرجىمە قىلىدىغان، مەنىگە ئەھمىيەتسىز قارايدىغان تەرجىمە قائىدىلىرى، تەرجىمە ئۇسۇللىرى بىزنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىمىزدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇ يەردە ئۇتتۇر كەلگىنىچە مۇنداق بىرنەچچە مىسالنى كەلتۈرەي:

«بۇ شەھەردە ماشىنا ۋە ئادەملەر كۆپ بولمىغىنى ئۈچۈن، يولنىڭ ماتورلۇق قاتناش، ھارۋا ئۇلاغ قاتنىشى، ئادەم ماڭىدىغان يول، توغرا كېسىپ ئۆتۈش ئورنى دېگەن ئۇقۇملار بويىچە ئايرىلىشى كىشىلەرگە ھېچقانداق تەسىر بېرەلمەيتتى.»

(مەنە مۇجمەل، جۈملە خام، تەرجىماننىڭ ئەسلى مەنىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.)

«قەلبىنۇر ئاتلىق ئۇيغۇر كۈتكۈچى
قىز...سەبىي، پاك، ئاز ـ تولا نادانلىقىمۇ بار،
ئېڭى ئانچە تەرەققىيمۇ قىلمىغان ھەم
بۇلغىنىپمۇ كەتمىگەن بىر قىز... ئۇ بۇ
جايدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئوخشاشلا قولت
قىغا ھالقا سېلىۋالغانىدى...»



بۇ مىسالدا، ئىسمى قەلبىنۇر ئىكەنلىكى بېرىلگەن، ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدە شەك يوق، شۇڭا «ئۇيغۇر» سۆزىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. «ئېڭى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان» دېگەن سۆز بەدىئىي تەسۋىردە «ئەقىل جەھەتتىن ئانچە يېتىشمىگەن» دېگەندەك سۆزلەرنى تەلەپ قىلسا كېرەك. «بۇلغىنىپ كەتمىگەن» سۆزى «كۆزى ئېچىلمىغان» دېيىلگەن بولسا، قىز ھاقارەتتىن خالىي بولغان بولاتتى.

这只金壳怀表是我过去一位老师赠送
给我的，它曾伴随我的老师走过了从一个
大学毕业生到一位国际知名学者的历程，
以后，又伴随我走过了一个相同的历程。
现在，赠送给你，我希望它伴随着你再走
过一个不平凡的历程。

سۆزمۇسۆز تەرجىمە مۇنداق: «بۇ ئالتۇن سائەتنى ئىلگىرى بىر مۇئەللىم ھەدىيە قىلغان. بۇ شۇ مۇئەللىمگە ئەگىشىپ داشۆنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچىدىن خەلقئارادا نامى چىققان ئالىم بولۇپ يېتىشكەن جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. كېيىن يەنە ماڭا ئەگىشىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ھازىر سىزگە ھەدىيە قىلاي، ئۇنىڭ سىزگە ئەگىشىپ يەنە بىر ئاجايىپ جەرياننى بېسىپ ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» («ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈش» ناملىق رومانىدىن)

بۇ تەرجىمىدە مەنە پۈتۈنلەي بۇرمىلىنىپ، مۇئەللىمنىڭ سەرگۈزەشتىسى سائەتنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنداق تەسەۋۋۇرغا كېلىش مۇمكىنكى، شەكىلگە سادىق بولۇشقا ئارتۇقچە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، تەرجىمان يېزىقتا بىرلا كۆز يۈگۈرتۈش بىلەن شەكلەن تەرجىمە قىلىۋەتكەن. نەتىجىدە شۇنداق تەرجىمە بىلەن ئىپادىلەنگەن مەنە تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ ئەك-

سى بولۇپ چىققان. “黑瘦” دېگەن سۆزنى تەرجىمە ئىش-
لىرىدىن ھەتتا باشلانغۇچ ساۋاتى بار ئادەممۇ بىلمەي قالماس،
لېكىن «ئۇنىڭ قاپقارا جۇدەڭگۈ كەلگەن يۈزلىرىدىن قىزىل-
لىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇ... ناھايىتى خۇشال ئىدى» دېگەن
كونكرېت جۈملىنى ئوقۇغان، بولۇپمۇ «قارا يۈز» دېگەن
ئۇقۇمنى چۈشەنگەن ئادەم بۇ تەرجىمىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى
بايقىماي قالماس.

يۇقىرىقىدەك سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلار، يىغىپ ئېيتقاندا،
تەرجىمانىنىڭ تەرجىمە قائىدىلىرى ۋە تەرجىمە ئۇسۇلى جەھەت-
تىكى قۇسۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان، يەنى تەرجىمان ئۆزىنىڭ
تەرجىمە قائىدىسىنى توغرا دەپ، شۇ قائىدە بويىچە توغرا
تەرجىمە قىلدىم دەپ ھېسابلىغان. لېكىن يولداش ئىبراھىم
مۇتىئى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتقاندەك، ئۇنداق تەرجىمىنى «مەن
توغرا چۈشەنگەن بىلەن باشقىلار ئۇنداق چۈشەنمەيدۇ.» دې-
مەك. بۇنداق تەرجىمە مەغلۇبىيەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

تەرجىمىدە، مەنە ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، جۈملە تەركى-
بىدىكى سۆزلەر، شۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا سىنتاكسىسلىق باغلى-
نىپ ياسىلىشىدىن ھاسىل بولغان جۈملە شەكلى مەنىنى روشەن
چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدىغان ياردەمچى ئامىل،
ھەل قىلغۇچ ئامىل — مەنە.

ئەپسۇسكى، بىزدە بۇنداق ئاساسىي ئامىل بىلەن ياردەمچى
ئامىلنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ھادىسىلەر ئاز ئەمەس.
يولداش ما ۋېيخەن تەرجىمانلار جەمئىيىتىنى قۇرۇش يىغىنى-
دا سۆز ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھازىرقى تەرجىمە
ئېقىملىرى ئۈستىدە توختىلىپ، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەر-
جىمە قىلىشتا «شەكىلۋازلىق» خاھىشى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى،
ئۇيغۇر ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىن خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىشتا «ئەركىنچىلىك» خاھىشى مەۋجۇت ئىكەنلى-



كىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمەلىيەتتە، تەرجىمە ئەسەر-
لەرنىڭ كىتابخانلىرىدىن ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلاپ
تۇرىمىز. شۇ مۇلاھىزىلەرنىڭ گەۋدىلىك بىر قىسمى ئۇيغۇر
تىلىنى خەنزۇ تىلى قېلىپى بويىچە ئىپادىلەش مەسىلىسى.

«يۇقىرى قان بېسىمىدىن ئىبارەت
كېسەل ئىبلىس ئۇنى چىرمىۋالدى.»

«بۇ ئىش كىشىلەردە چوڭقۇر ئويلى-
نىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.»

«ئۇ گويا بىر قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا
ئەڭ مۇھىم بولغان بىر بېكەتكە يېتىپ
كەلدى...»

«... چېگرا رايونلارغا ئېھتىياجلىق
بولغان چاي مەسىلىسى ...»

سۆز - ئىبارىلەردە:
سوغۇق ئېقىن = جۇت.
تەربىيە ئېلىپ باردى.
پاكىز بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.
زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى
قولغا كەلتۈرۈش...

ئۇيغۇر تىلىنى مۇشۇنداق خەنزۇچە سۆزلەش ھادىسىسى
قارىماققا مەسىلە ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە سۆزنىڭ
ئۇنۇمىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ھەتتا يوقىتىش، ئاخىرقى ھېسابتا
ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇش رولىنى ئوينايدۇ.

سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

同志们，为实现我国四个现代化的这场斗争，决定着我们
国家的前途与命运！

يولداشلار، ئېلىمىزنى تۆتتە زامانىۋى-
لاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت

بۇ كۆرەش ئېلىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ!
يولداشلار، ئېلىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە
تەقدىرى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى كۆرىشىمىزگە باغلىق!

ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىرىنچى خىل تەرجىمە، قانداقلا بولمىسۇن، ئېغىر؛ چۈنكى ئۇ خەنزۇ تىلى شەكلىگە كىرىپ قالغان: 1) «زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دېگەن بىرىكمە ئۇيغۇر تىلىدا «زامانىۋىلاشتۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. 2) «زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ كۆرەش» دېگەن ئىبارە ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشمىگەن، يات، ياسىما شەكىل؛ ئۇنى «زامانىۋىلاشتۇرۇش كۆرىشى» ياكى «زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى كۆرەش» دەپ ئىپادىلەش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئوبدان ئىپادىلەش يوللىرى بولۇشى مۇمكىن.

كېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتكۈم كېلىدۇ، بىزنىڭ بەزى تەرجىمىلىرىمىز، قايتۇرۇپ تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، ئەسلىنى تاپالمايدىغان، ئەسلى ئۇقۇمنى بېرەلمەيدىغان ھادىسىلەردىنمۇ خالىي ئەمەس.

«كورلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە
ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ،
قەشقەر، قاراماي، ئالتاي ئايرىم - ئايرىم
ھالدا بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىلىكنى ئالدى.»

بۇ گەپنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟

دېمەك، تەرجىمىدە ئەسلىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىش، شۇ چۈشەنچىنى ئۆز تىلىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تولۇق ۋە



توغرا ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىماننىڭ ماھارىتىگە باغلىق.

تەرجىمان ئەسلى تېكىستتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئەسلى تېكىستنىڭ شەكلەن چەكلىمىلىرىگە قارىماستىن، ئۆز تىلىدا مۇۋاپىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ئەركىن تاللىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك زۆرۈرىيەتلەرگە سەل قارىماسلىق كېرەك.

1. سۆز تاللاش مەسىلىسى

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلغان تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر سۆزنى كونكرېت قايسى مەنىدە تەرجىمە قىلىش كېرەكلىكى شۇ سۆزنىڭ كونكرېت مۇھىتىغا باغلىق بولىدۇ. چۈنكى ئوخشاش بىر سۆز كونتېكستتا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە ئادەتتىكى لۇغەت مەنىسىگە قاراپلا بىرگە بىرنى توغرىلاپ قويۇش يارىمايدۇ. مەسىلەن، دۇنيادا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان «گرۇپپا» (گۇرۇپپا) سۆزىنى ئالساق، خەنزۇ تىلىدا كونكرېت ئورنىغا قاراپ ئومۇمەن مۇنداق جانلىق تەرجىمە قىلىنغان.

社会 ,团体、公社、公团、集团、共同体、大家庭、集体、
派别、界（教育界，外交界等）；村、乡、镇、市区、庄、
街、厂、族（尼泊尔族），部落，民（居民、侨民）；人
（土著人）；群体、集群、群落（生物）等

بۇنداق تىل ھادىسىلىرى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمىدىمۇ ئوخشاش رول ئوينايدۇ. 挤 سۆزىنىڭ تەرجىمىسىنى ئالساق، ئۇنى پۈتۈنلەي «سىقماق» ۋە ياكى پۈتۈنلەي «ساغماق»، «قىستىماق» دەپ ئىپادىلىگەندە، جۈملىنىڭ مەنتىققە سىغمايدىغان گەپ بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. “推广新技术, 推广新经验” دېگەن ئىبارىلەرنى «يېڭى تېخنىكىنى، يېڭى تەجرىبىنى كېڭەيتىش» دەپ تەرجىمە قىلساق، شەكىلدىن ماھىيەتكە ئۆتۈپ، ئەقلىگە

سېلىپ ئويلاپ كۆرگىنىمىزدە، كىچىككىنە تېخنىكىنى ياكى ئازغىنە يېڭى تەجرىبىنى «كېڭەيتىپ چوڭ قىلىش» دېگەن مەنە كېلىپ چىقىۋاتقانلىقىغا، بۇ مەنىنىڭ «ئومۇملاشتۇرۇش» دېگەن مەنىدىن پەرق قىلىنىۋاتقانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمىساق كېرەك.

2. سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى مەسىلىسى

خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قانۇنىيەتلىرى جەھەتتە قىسمەن ئوخشاشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاشمايدىغان يەرلىرى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە ئەسلىنى ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ قويۇش يارىمايدۇ. ئەسلى مەنىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە بويسۇندۇرۇش يولى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشمۇ تەرجىماننىڭ ئاساسىي ماھارەتلىرىنىڭ بىرى. مەسىلەن: “大” سۆزىنى ئالساق، خەنزۇ تىلىدا 大小

大风，大雨、大数、大好、大白天　大红　大众　大好形势

دېگەندەك بىرىكىپ كېلىشى مۇمكىن، ئۇيغۇر تىلىدا “大” سۆزىنى ھەممىلا يەردە «چوڭ» دەپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭ ـ كىچىك»، «بوران» (چوڭ شامال ئەمەس)، «كەڭ يايلاق» (چوڭ يايلاق ئەمەس)، «كۆپ سان» (چوڭ سان، كىچىك سان ئەمەس) دەپ بىرىكىش ئادىتى بار...

3. سۆزلەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىق مەنىسى مەسىلىسى

ھەرقانداق تىلدا ئىنسانىي مۇئامىلە، يىراق ـ يېقىنلىق مۇناسىۋىتى، سىياسىي كۆز قاراش ۋە باشقا ئامىللار سەۋەبى بىلەن سۆزدە ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

«ئىشغال قىلدى؛ بېسىۋالدى.»

«سىز؛ سەن.»

«كۆزىدىن ياش ئېقىتىپ تۇرۇپ؛
كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ.»



«قاشلىرىنى ئۈينىتىپ؛ قاشلىرىنى
ھىمىرىپ ...»

خەنزۇ تىلىدا 褒贬 مەسىلىسى بولغىنىدەك، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ سۆزلەرنىڭ ئاشۇرۇش، چۈكۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار. سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىكى بۇنداق نازۇك پەرقلەرنى توغرا چۈشىنىش، توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىدىكى مەنىنى ئوبدان ھەزىم قىلغاندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن توغرا پايدىلىنىش زۆرۈر.

4. مەنتىقىي چۈشەنچە مەسىلىسى

تەرجىمىدە مەنتىقىي چۈشەنچە شۇنداق چوڭ رول ئوينايدۇكى، ئۇ خەنزۇ تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى ھەل قىلىپ بېرەلمىگەن، جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىمۇ يېشىپ بېرەلمىگەن مەسىلىلەرنى مەنتىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدۇ.

大腿还不灵便，需要每天跟医生一起做体操。

بۇ يەردە كونتېكىستتىكى 跟医生 دېگەن سۆز «دوختۇرغا ئەگىشىپ» ئەمەس، «دوختۇرنىڭ ياردىمىدە» گىمناستىكا ئويناشقا توغرا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

共产党人不是为了做官，而是为了革命而斗争。

«كوممۇنىستلار ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئىنقىلاب ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.» مەنتىق جەھەتتىن ئالغاندا، كوممۇنىستلار ھەرقاچان، ھەر جايدا ئاۋانگارتلىق، باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ، شۇ رولنى ئىجرا قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە، زۆرۈر تېپىلغاندا ئەمەلدار بولىدۇ ۋە لېكىن «ئاتىكاچا»، «خوجايىن» بولۇۋالمايدۇ.

中国共产党领导全国人民走上了振兴中华的新道路。

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش يېڭى يولىغا

ماگدى.» بۇ تەرجىمە بويىچە «پارتىيە... يېڭى يولغا ماڭدى»
دېگەن مەنە چىقىدۇ ۋە «پۈتۈن مەملىكەت خەلقى نېمە ئىش
قىلدى؟» دېگەن مەنتىقىسىز سوئال كېلىپ چىقىدۇ.

تەرجىمىدىكى مەنتىق مەسىلىسىدە، شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەزىلەر لۇغەت ياردىمى بىلەن سۆزلەرنى لۇغەت مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىپ، قاتار تىزىپ قويۇشنى «تەرجىمە» ھېسابلىسا كېرەك، بۇنداق تەرجىمىلەرنى بەزى بۇيۇملارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدە، بەزى ۋىۋېسكىلاردا خېلى كۆپ ئۇچرىتىمىز. "友好商场住宅区商店" دېگەن ۋىۋېسكا «دوستلۇق ماگىزىنىنىڭ ئاھالە ئولتۇراقلاشقان ماگىزىنى» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ، ماگىزىننى مال ساتىدىغان ئورۇن ئەمەس، ئاھالە ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويغان؛ نەنلىياڭدا يىپ ـ يىڭنىدىن تارتىپ گەزمال ۋە تېلېۋىزورغا قەدەر بولغان ھەر خىل تاۋار سېتىلىدىغان 红旗综合商店 گە «قىزىل بايراق ئومۇملاشقان ماگىزىنى» دېگەن ۋىۋېسكا ئالتۇن ھەل بىلەن بېزەپ، ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك ئېسىپ قويۇلغان. ئەلۋەتتە، بۇنداق ھادىسىلەر تەرجىمە جەھەتتە مەنتىققە سېلىپ تەھلىل قىلىشقا ئەرزىمىسە كېرەك. چۈنكى بۇلارنى چىن مەنىدىكى «تەرجىمە» ھېسابلاش قىيىن.

قىسقىسى، تەرجىمىدە ئەسلىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىككىنچى بىر تىلدا ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىمىدە تەرجىمە پرىنسىپلىرى، تەرجىمە ئۆلچەملىرى ۋە تەرجىمە ئۇسۇلى ھەم ماھارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرجىمىدە ئىپادىلەشنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا بولۇشى، ئومۇمەن ئالغاندا، ئەسلى تېكىستنى ئەنە شۇنداق ئامىللارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا چوڭقۇر چۈشىنىش ياكى چۈشەنمەسلىككە باغلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز تىلىدا ئىپادىلەپ بېرىش ۋاستىلىرىنى پىششىق ئىگىلەش ياكى ئىگىلىيەلمەسلىككە باغلىق.



بەزىدە خەنزۇچە جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرمۇبىر مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. دېمەك، بەزىدە سۆز ـ ئاتالغۇ ۋە گراماتىكىلىق ساۋاتىمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيدىغان ھادىسىلەرمۇ يۈز بېرىدۇ. ئۇنداق شارائىتتا تەرجىماننىڭ يۇقىرىقىدەك بىرمۇنچە ئامىللار توغرىسىدىكى، ئومۇمىي ۋە ئاساسىي ساۋاتىنىڭ، بىلىمىنىڭ يېتىشسىزلىكى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. شۇنداق شارائىتتا زورمۇزور تەرجىمە قىلىنسا، خاتالىق يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ. مەسىلەن: 感时花溅泪，恨别鸟惊心。 بۇ ئىككى جۈملە سۆزنىڭ يەككە مەنىلىرىدىن چۈشىنىلمەيدىغانلىرى بولمىسا كېرەك. سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلساق، ئۇ چاغدا "想起时事，连见了好花也叫人掉泪，和家人别离很久，听到鸟叫声，也叫人心神不安。" دېگەن مەنىنى چىقىرىش مۇمكىنمۇ؟

دېمەك، تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەسلىنى چۈشىنىش ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاندەك، ئىپادىلەشمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەسلىنى چۈشىنىشتە يەككە سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىنى چۈشىنىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، لۇغەتچىلەپ سۆز تىزمىسىنى بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، سۆزلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىچكى مەنىلىرىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، يەنى ئەسلى شەكلى بويىچە سۆزمۇسۆز ئۆلۈك تەرجىمە قىلىشتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك. ئەسلى مەنىنى تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن قېلىپلاشقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن جانلىق پايدىلىنىش كېرەك.

تەرجىمە ــ مەلۇم چەكلىمە ئاستىدىكى ئىجادىي ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئەھۋاللاردا ئىجاد قىلىشتىنمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كۈلمىكى بىر ئىش، بىراۋنىڭ كۈلۈشىنى دوۋرىماق يەنە بىر ئىش. بەلكى تازا كېلىشتۈرۈپ دورىماق

تېخىمۇ قىيىن ئىش. دۇنيا بويىچە چارلىز چاپلىندىن نەچچىسى بار؟ مەملىكەت بويىچە خۇباۋلىندىن نەچچىسى بار؟ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمەت ئۆمەر، مۇھەممەت داۋۇتتىن نەچچىسى بار؟ بۇ ئەھۋال مەلۇم چەكلىمە ئاستىدا ئىجاد قىلىشنىڭ نەقەدەر زور تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

× × ×

يىغىپ ئېيتقاندا، تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستنى ئوبدان چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۆز تىلىدا توغرا ئىپادىلەپ بېرىش — تەرجىمىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم شەرتى. بۇ مۇھىم شەرتنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ — چۈشىنىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئەسلى تېكىستنى ھەر جەھەتتىن تولۇق ھەزىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچ — ئىپادىلەش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئەسلى تېكىستتىن چۈشەنگەن مەنىسىنى ئۆز تىلىنىڭ قانۇن — قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق ئېينەن ئىپادىلەپ بېرىش شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمان ئۆزىنىڭ تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىشى لازىم.

ئەدەبىيات، بىر مەنىدىن ئالغاندا، تىل سەنئىتى. يازغۇچى رېئال تاشقى ھادىسىلەرنى، ئىچكى پىكىر ۋە ھېس — تۇيغۇنى تىل ۋاستىسى بىلەن جانلىق، ئوبرازلىق بايان قىلىپ بېرىدۇ. خۇددى پەدە ۋە ئاۋازسىز مۇزىكا، خۇلق — ھەرىكەتسىز ئۇسسۇل بولمىغىنىدەك، تىل — سۆزسىز ئەدەبىيات بولمايدۇ. تىل — ئەدەبىياتنىڭ جېنى. يازغۇچى ئەسەر يېزىش جەريانىدا تىل ئۈستىدە ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى مۇئەييەن تىل شەكلى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گوركىي: «يازغۇچى ئۆز خىزمىتىنى بىر تەرەپتىن تىلغا ئۆلپىلاندۇرسا،



يەنە بىر تەرەپتىن تىلنى خىزمەتكە ئايلاندۇرىدۇ» دېگەن. يازغۇچىلارنىڭ پېرسوناژلارنىڭ تىل — سۆزلىرىنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى يېزىقتا قانداق جايلاشتۇرىدىغانلىقىغا قارىتىلغان بۇ سۆز تەرجىمان ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە.

يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مېڭىسىدە توقۇغان ئەسىرى، قانداقلا بولمىسۇن، ئاخىر تولۇق پىشقان تىل شەكلى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئەسەردىكى ۋەقەلىك، ئوبرازلار تىل بىلەن ئەكس ئېتىدۇ، يەنى بارلىق چۈشەنچە، مەنە، ھېس — تۇيغۇ، پىكىر ۋە ھادىسىلەر تىل ۋاستىسى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. كىشىلەر ئەسەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى پىكىر بىلەن تونۇشۇشتا، مەنىنى چۈشىنىشتە، ئەسەرگە باھا بېرىشتە ئەنە شۇ تىل — سۆزنى ۋاستە قىلغان شەكىلنى ئاساس قىلىدۇ. ئەسەردە، تىل ماتېرىيالى جانلىق، توغرا، راۋان ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا، يەنى يازغۇچى تىل قابىلىيىتى جەھەتتىن ناچار بولسا، شۇنداق پىشمىغان خام تىل ماتېرىيالىدىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات، خۇددى نوقۇل قومدىن قوپۇرۇلغان تام مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغاندەك، كىشىنى جەلپ قىلالمايدۇ، ئەسەرلىك رولىنى ئوينىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۇنيادىكى مەشھۇر يازغۇچىلار توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ، بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ تىل خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ تىل خەزىنىسىدىكى مول بايلىقتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ئۈچۈن تىرىشقانلىقىنى كۆرىمىز.

لۇشۈن «مەن قانداقسىغا ھېكايە يازىدىغان بولۇپ قالدىم؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «مەن يېزىپ بولغاندىن كېيىن ھەرقاچان ئىككى قېتىم ئوقۇپ كۆرىمەن، چايىغا چۈشمىگەن سۆزلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئىلاجى بار راۋانلاشتۇرىمەن: جانلىق ئەدەبىي تىلدىن مۇۋا-

پىق سۆز تاپالمىسام، كونا كىتابىي تىلدىن باشقىلار ھەر ھالدا چۈشىنىپ كېتەلەيدىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلىمەن؛ پەقەت ئۆزۈملا چۈشىنىدىغان ياكى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان ياسالما سۆزلەرنى كۆپ ئىشلەتمەيمەن.» لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ تىل خەزىنىسىنىڭ نەقەدەر مول، تولۇق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ جانلىق ئاممىۋى ئەدەبىي تىلدىن پايدىلىنىشتا، كلاسسىك ئەسەرلەردىكى ھاياتىي كۈچى بار سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشتا، ماقال - تەمسىللەردىن پايدىلىنىشتا، چەت ئەل تىللىرىدىن پايدىلىنىشتا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىسقا، ئەمما تىلى چۈچۈك ئەسەرلىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شېكسپىرنىڭ تىل خەزىنىسىدە 12 — 13 مىڭ سۆز بار ئىكەن، پۇشكىننىڭكىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق، كلاسسىك فرانسۇز دراماتورگى موررىنىڭكىدە يەتتە مىڭدىن كۆپرەك سۆز بار ئىكەن (خەنزۇچە «ئەدەبىيات ۋە تىل ھەققىدە» گە قاراڭ). ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ سۆز بايلىقىنىڭ ئادەتتە قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىن پەرەز قىلىش مۇمكىن. مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىش خۇسۇسىيىتى، كۆپ ھاللاردا، سۆز بايلىقىنىڭ موللۇقى ۋە سۆز ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە قانۇنىيىتى بولسىمۇ، ئۇ، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، يازغۇچىنىڭ ئىجادىي خىزمىتىگە خاس بولغان بەزى خۇسۇسىيەت ۋە قانۇنىيەتلەر بىلەن ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ تىل جەھەتتە شۇنداق، تەرجىمان ئۆز مەشغۇلاتىدا، خۇددى يازغۇچىغا ئوخشاش، تىل بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تەرجىمە قىلغۇچى تىلنى — ئۆز تىلىنى، ئەگەر مۇمكىن بولسا،



ئۆزىنىڭ تەرجىمە خىزمىتى بىلەن ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان باشقا بىر ياكى بىرنەچچە مىللەتنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىشى شەرت ۋە ئۆزىنىڭ شۇ تىللاردىكى سۆز خەزىنىسىنى بېيىتىپ بارغاندىن تاشقىرى، شۇ سۆز بايلىقلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن توغرا پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى شەرت. بۇ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنىڭ تەلىپى. بىزدە «قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال» دېگەن ماقال بار. بۆزنىڭ سۈپەتلىك ياكى سۈپەتسىز ئىكەنلىكى قىرغىقىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ھەرقانداق پىكىرنىڭ ئېغىز بىلەن ياكى يېزىق بىلەن ئىپادىلىنىشىنىڭ ئېنىق، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بولغان - بولمىغانلىقى ئۇنىڭدا ۋاستە قىلىنغان تىل بايلىقىغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۇن تىل بايلىقىنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختالغىنىدا، خەنزۇ تىلى تۇرمۇشتىكى مۇھىم رېئاللىقلارنى ۋە نازۇك نۇقتىلارنى ئىپادىلەپ بېرىشتە گاداي بولغاچقا، بەزىدە ئىپادىلەش ئۈچۈن لايىقىدا سۆز تاپالماي، قول، پۇت، كۆز ۋە قىياپەتلىرىمىز بىلەن ئىشارەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىمىز، دېگەنىكەن. مەشھۇر يازغۇچى فلوبېر مۇپاسسانغا يازغان بىر خېتىدە: «بىز تەسۋىرلەيدىغان نەرسە ئۈچۈن، كونكرېت جۈملىدە ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىرلا ئىسىم بولۇشى مۇمكىن؛ شۇ نەرسىنىڭ پائالىيىتىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن بىرلا پېئىل بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن بىرلا سۈپەت بولۇشى مۇمكىن؛ ئەنە شۇ بىردىنبىر ئىسىمنى، پېئىلنى، سۈپەتنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. شۇلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغان سۆزلەرنى تېپىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىق كېرەك ۋە بۇ قىيىنچىلىقتىن قېچىپ، ئۇنى چالا - چۈشتى قىلماسلىق كېرەك» دەپ يازغان

(خەنزۇچە «ئەدەبىيات ۋە تىل ھەققىدە» دىن). مانا بۇ گەپلەردىن، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىجادىي يازغۇچىلارنىڭ سۆز تاللاش، سۆزلەرنى مۇناسىپ ئىشلىتىش، سۆزلەرنىڭ كونكرېت ئورۇندىكى مەنەن ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە رولىنى ئېنىق ۋە توغرا جارى قىلدۇرۇش يولىدا تىرىشىشلىرى تەرجىمان ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. ھالبۇكى، بىزنىڭ تەرجىمە تىلىمىزدىكى «بىر ئۇچۇم ئەكسىلئىنقىلابچى...»، «پېشقەدەم كادىرلار ياشلارغا نىسبەتەن ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك» دېگەندەك گەپلەرنىڭ پىكرىنى ئېنىق، روشەن، راۋان ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكى، مەنتىق جەھەتتىن قاملاشمىغانلىقى، ھەتتا «ئۇچۇم» بىلەن «ئۆچۈم» نىڭ نازۇك پەرقلىرىنى گايىدا چۈشەنمەي ئىشلىتىشلىرىمىز، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە تىرىشچانلىقىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن دېرەك بەرسە كېرەك.

دېمەك، تەرجىمىدە تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئۆستۈرۈش، سۆزلەرنى توغرا، چۈشىنىشلىك ۋە ماھىرانە ئىشلىتىش ئۈچۈن، خۇددى رويال چالغۇچى بارماقلىرىنى كۆندۈرۈشكە، ناخشىچى ئاۋازىنى كۆندۈرۈشكە تىرىشقاندەك تىرىشىش كېرەك. ئۇنى تەرجىمە ئۈچۈن ئاساسىي ماھارەت دەپ قارىغاندىلا، ئاندىن ئۇستا رەسسام تۈرلۈك رەڭ-بوياقلار بىلەن چىرايلىق رەسىم سىزغاندەك، مۇناسىپ سۆزلەردىن چىرايلىق گەپ ياكى جۈملە تۈزۈپ، تەرجىمىدە پىكىرنى خۇددى ئەسلى ئەسەردىكى تۈقۇمدەك ئەينەن، توغرا، ئېنىق ھەم راۋان ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. روسىيىلىك مەشھۇر تەرجىمان، تەرجىمە نەزەرىيىچىسى كۇزنېتسوۋ ئۆزىنىڭ «ئەدەبىي تەرجىمە توغرىسىدا» ناملىق



ماقالىسىدە: «تەرجىمان تەرجىمە ماھارىتى كەمچىل بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ مىللەتنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى ۋە تارىخى توغرىسىدىكى بىلىملىرى تولىمۇ كەمچىل بولغان ھالەتتە تەرجىمە قىلسا، ئۇ ھالدا شۇ مىللەتنى خورلاش خەۋپىگە، ئەسلى ئەسەرنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان خۇسۇسىيىتىنى، ماھىيىتىنى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى بۇرمىلاش خەۋپىگە تەۋەككۈل قىلغان بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل تەرجىمان تەرجىمىنىڭ بۇ تۈپ خاراكتېرلىك ۋە پرىنسىپال ئەھمىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك.

# پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ۋە تەرجىمە

تىلشۇناسلىقتىن ساۋاتى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئادەم ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇدى، يېزىۋاتىمەن، ئىشلەۋاتىدۇ، بارماقچى...... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىر كىشىنىڭ بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى، بولۇۋاتقانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، پېئىللاردا ئۈچ زامان بار: ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كېلىدىغان زامان. بۇ ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا ئۈچ شەخس بار: 1 - شەخس — مەن (ئىشلەيمەن)؛ 2 - شەخس — سەن (ئىشلەيسەن)؛ 3 - شەخس — ئۇ (ئىشلەيدۇ). پېئىللارنىڭ شەخس بىلەن تۈرلىنىشمۇ ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار سان بىلەنمۇ تۈرلىنىدۇ: بۇلاردىن بىرى — بىرلىك (مەسىلەن، ئوقۇيمەن، ئوقۇيسەن، ئوقۇيدۇ)؛ يەنە بىرى — كۆپلۈك (مەسىلەن، ئوقۇيمىز، ئوقۇيسىلەر، ئوقۇيدۇ).

پېئىل ئۆزىنىڭ تۈپ مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان تۈپ تومۇرى ياكى تۈپ پېئىل جەھەتتىن، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، خەنزۇ تىلىدىمۇ ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆزى زامانىنى، شەخسنى، سانىنى ئۇقتۇرالمايدۇ. خەنزۇ تىلىدا زامانىنى، شەخسنى، سانىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن تۈپ پېئىلنىڭ ئالدى تەرىپىگە، ئايرىم چاغلاردا ئارقا تەرىپىگە باشقا سۆزلەرنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، تۈپ پېئىلنىڭ ئۆزى بىلەنلا زامانىنى، شەخسنى، سانىنى ئۇقتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بۇ خۇسۇسىيىتى تەرجىمىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، «ئىشلەيمەن» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلىدا «ئىشلەش» دېگەن تۈپ پېئىل ھەم شەخس بىلەن، ھەم سان (بىرلىك) بىلەن؛ ھەم زامان (كېلىچەك زامان) بىلەن تۈرلەنگەن. ۋەھالەنكى، خەنزۇ تىلىدا بولسا تۈپ پېئىل "工作" نى شەخس بىلەن تۈرلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىغا "我" نى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ، زامانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، "要" ياكى "将要" نى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، «ئىشلەيمەن» دېگەن سۆزنى "我要工作" ياكى "我将要工作" دەپ ئۇقتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا پېئىلدا زامانىنى، شەخسنى، سانىنى بىلدۈرۈش ۋاسىتىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. پېئىلنىڭ ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى - كەينىگە باشقا سۆزلەرنى قوشۇش خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى. بۇ ماقالىدە پېئىلنىڭ زامانىنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا ئالاقىدار بولغان بەزى تەجرىبىلەر ئۈستىدە توختالماقچىمەن.

خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ زامانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا، زامانىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان بەزى قوشۇمچە سۆزلەر پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

"正在工作；日益发展；继续学习；将要考试；已经完成……

پېئىلنىڭ زامانىنى بىلدۈرىدىغان بەزى قوشۇمچىلار تۈپ پېئىلنىڭ ئارقىسىغىمۇ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

着，了，过，……

ئەنە شۇنداق زامانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى تەرجىمىدە كۆپ ھاللاردا (ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈر بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، ئالاھىدە تەرجىمە قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈپ پېئىلنىڭ ئۆزى بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكەن ياخشى. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىساللارنى «ھازىر دەل ئىشلەۋاتىدۇ» دەپ ئەمەس، «ئىشلەۋاتىدۇ» دەپ، «كۈندىن - كۈنگە راۋاجلانماقتا» دەپ ئەمەس، «راۋاجلانماقتا» دەپ، «داۋاملىق ئۆگىنىش» دەپ ئەمەس، «ئۆگىنىۋېرىش» دەپ، «كەلگۈسىدە ئىمتىھان ئېلىنىدۇ» ياكى «كەلگۈسىدە ئىمتىھان ئېلىنماقچى» دەپ ئەمەس، «ئىمتىھان ئېلىنىدۇ» ياكى «ئىمتىھان ئېلىنماقچى» دەپ، «ئاللىقاچان پۈتتى» دەپ ئەمەس، «پۈتتى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. چۈنكى خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ زامانىنى چۈشەندۈرۈپ كەلگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئىپادىلىنىپ كېتىدۇ. قارىماققا تەرجىمىدە خەنزۇ تىلىدىكى ئايرىم سۆزلەر چۈشۈپ قالغاندەك بولسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن ھېچقانداق نۇقسان چىقمايدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

لېكىن خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ زامانىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان قوشۇمچىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان مۇنداق ئىككى نۇقتا بار: بىرى زامانىنى ئۇقتۇرۇشتا ھەرىكەتنىڭ بىردەملىك، قىسقا ۋاقىتلىق ھالىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەزى چاغلاردا تۈپ پېئىلنىڭ ئۆزىنى تەكرارلاپ، قوش سۆزگە ئايلاندۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلىدۇ.



مەسىلەن:

走→走一走。

考虑→考虑考虑。

看→看看。

研究→研究研究。

يەنە بىرى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ھالىتىنى، مىقدارىنى، يەنى نۆۋىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۈپ پېئىلنىڭ ئايىغىغا ئايرىم ياردەمچىلەرنى ئۇلاش ۋاستىسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

起来→起来一下。

看→看一眼。

说→说一下。

……………………

خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ زامانىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ پېئىلنىڭ (ھەرىكەتنىڭ) ئورۇنلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى بىلدۈرۈش ۋاستىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى تۈرلۈك ھالەتتە كەلسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە بىرلا ۋاستىنى قوللىنىش مۇمكىن. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىساللارنىڭ بىرىنچى قىسمىنى «مېڭىپ باق»، «ئويلىنىپ كۆر» ياكى «ئويلىنىپ باق»، «قاراپ باق»، «تەتقىق قىلىپ باقايلى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن؛ ئىككىنچى قىسمىنىمۇ «قوپۇپ باق»، «قاراپ قوي»، «دەپ باق» ياكى «سۆزلەپ باق» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدىكى «باق»، «كۆر» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىر ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقىنى، نۆۋىتىنىڭ ئازلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ، خەنزۇ تىلىنىڭمۇ پېئىل زامانىنى بىلدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈش تەرجىمىنى

توغرا ئىشلەشكە زور ياردەم بېرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئوبدان چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزنى توغرا تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پېئىلنىڭ زامانىنىمۇ توغرا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

“凤姐正数着钱，听了这话，忙又把钱穿上了。”

«فېڭ ئايلا پۇل ساناۋېتىپ، بۇ گەپنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يەنە پۇلنى
(شوينىغا) ئۆتكۈزدى.»

“战士们常常骄傲地说：‘我们和朱总司令一道挑过粮’。”

«جەڭچىلەر دائىم: ‹بىز جۇزۇڭسىلىڭ بىلەن بىللە ئاشلىق توشۇغانىدۇق› دەپ پەخىرلىنىدۇ.» («پەخىرلىنىدۇ» دېگەن سۆز بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامانىنى ئۇقتۇرسا، «دائىم» دېگەن سۆزنىڭ ياردىمى بىلەن «پەخىرلىنىش» نىڭ دائىملىق ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. «پەخىرلىنەتتى» دېيىلگەن تەقدىردىمۇ ئۆتكەن زامانىنىلا ئەمەس، يەنە شۇ «دائىم» سۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن «پەخىرلىنىش» نىڭ ئىزچىللىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.)

“我劝他参加体育小组，他说要考虑考虑。”

«ئۇنى تەنتەربىيە گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلسام، ئۇ ئويلىنىپ
باقاي دېدى.»

“老关跳下车来，摸了摸腰间的手枪，向四面瞥了一眼。”

«لاۋ گۇەن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ،
بېلىدىكى تاپانچىسىنى سىلاپ قويۇپ، ئەت-
راپقا قاراپ قويدى.»



خەنزۇ تىلىنىڭ پېئىلنىڭ زامانىنى، ھالىتىنى ئۇقتۇرۇش خۇسۇسىيىتىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش تەرجىمىدە كۆپ ئوڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. لېكىن بەزى ھاللاردا، زامانىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان قوشۇمچىلارغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ كېتىشمۇ يارىمايدۇ. چۈنكى خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ زامانىنى بىلدۈرۈش قائىدىلىرىدە غەيرىي تەبىئىي ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، ئادەتتە زامانىنى بىلدۈرىدىغان “着” قوشۇمچىسى كەلسىلا، ئۇنى ھازىرقى زامان چۈشەنچىسىدە تەرجىمە قىلىش، “了” قوشۇمچىسى كەلسىلا، ئۆتكەن زامان چۈشەنچىسىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، خەنزۇ تىلىدا پېئىللارنىڭ زامانى تولا چاغلاردا يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ئەكسىچە، شەكلەن ئېنىق ئەمەس، يەنى پېئىلنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە زامانىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق قوشۇمچىلار ئۇچرىمايدۇ. شۇنداق شارائىتتا، ئەسلى تېكىستتىكى پېئىلنى تەرجىمىدە قايسى زامان بىلەن ئىپادىلەش جەھەتتە قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، جۈملىلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن باغلىنىشلىرىغا، جۈملىدىكى مەزمۇننىڭ مەنتىقىسىگە قاراپ، زامانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن. مەسىلەن:

“他的妈妈是爱花的，虽然买不起，可是有人送给她一朵，她喜欢地戴在头上。”

“送”، “戴”، “爱” دېگەن پېئىللارنىڭ ئالدىدىمۇ، كەينىدىمۇ زامانىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ھېچقانداق ياردەمچى سۆز يوق، لېكىن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىن “爱”، “送”، “戴” (ئامراق، بېرىش، قىسىش) ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت مەلۇم بىر زامانىنى، نۆۋەتنى ئەمەس، دائىملىق ھەرىكەتنى چۈشەندۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى مەنتىقى

يول بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇنىڭ ئانىسى گۈلگە ئامراق ئىدى، سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىسىمۇ، باشقىلار بەرسە خۇشال بولۇپ چېكىسىگە قىستۇۋالاتتى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

“谁也不能阻挡我们向四化前进！”

بۇ جۈملىدە “阻挡” سۆزى ئۆتكەن زامانمۇ، ھازىرقى زامانمۇ ياكى كەلگۈسى زامانمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. لېكىن پۈتۈن جۈملىنىڭ چاقىرىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش بەلگىسى بىلەن كەلگەنلىكى مەنتىق جەھەتتىن، ئۇنىڭ كېلىچەك زامان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇنى «بىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراپ ئالغا بېسىشىمىزنى ھېچكىم توسالمايدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا خەنزۇ تىلىدا، بەزى ھاللاردا، پېئىللارنىڭ زامانى ئېنىق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل مۇتلەق كۆپ ھاللاردا زامان خۇسۇسىيىتىدىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش، پېئىللارنىڭ زامانىنى ئىپادىلەشتە سەۋەنلىك ۋە خاتالىقتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، ئەسلى تېكىستنى جۈملىلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن مۇناسىۋىتىنى نەزەردە تۇتقان، پاكىتلارغا، مەنتىققە ئەھمىيەت بەرگەن ھالدا چوڭقۇر چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پېئىللاردىكى زامان بىلەن تولۇسىش خۇسۇسىيىتىدىن توغرا پايدىلىنىش لازىم. تەرجىمىدە مەنىنى روشەن ئىپادىلىمەي، «چۈشىنىپ كېتەر» دەيدىغان تەۋەككۈلچىلىكتىن ساقلىنىش لازىم.



## تەرجىمىدە سۆزنى جايىدا قويۇش لازىم

بەزى سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن باشقا - باشقا بولسىمۇ، مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرچىدا «چىڭ، مۇستەھكەم، پۇختا، پىششىق، مەزمۇت؛ يۈز، چىراي، رەڭگى، ئۇزايى؛ ئېگىز، يۇقىرى، ئۈستۈن؛ چىرايلىق، گۈزەل، كېلىشكەن، ئوز......» ئوخشىمىدى شۇنىڭدەك، خەنزۇچىدىمۇ مەنىداش سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ: «增加，增多；一般，普遍；保障，保证，保护，拥护，维护，生殖，殖繁，产生，育生，培养，培植，……»

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىسى بىر - بىرىگە يېقىن سۆزلەر كۆپ بولسىمۇ، تەرجىمىدە ھەر بىرى دەل جايىدا ئىشلىتىلمىسە خەنزۇچىدىكى ئەسلى مەنە جانسىز چىقىپ قېلىشى، ئىشلىتىلىشىدە جەھەتتىن خاتالىقلار تۇغۇلۇشى مۇمكىن. چۈنكى بەزى سۆزلەر كۆرۈنۈشتە مەنە جەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ پەرقى ئاز بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنىداش سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇشىغا ۋە ئوخشىشىپ كېتىشىگە ياكى مەنە جەھەتتىن چوڭراق پەرقلىنىشىگە قاراپ يەنە ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. مەسىلەن:

«父亲，爸爸，爹；母亲，妈妈，娘；老把式，老行家，内行，里手，能手，老手；长虫，蛇» بۇلارنىڭ مەنىسى يې-

تۈنلەي يېقىن سۆزلەر.

يەنە بىر تۈرى مەنە جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن يەنە پەرقلىق بولغان سۆزلەر. مەسىلەن:

«希望, 期望, 盼望 清楚, 清晰; 符合, 适合……»

تەرجىمىدە بىردىنچى تۈرلۈك مەنىداش سۆزلەردە پەقەت شىۋە مەسىلىسى بىلەن جۈملىدىكى ئورنى، پەيت مەنىسىنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا، مەسىلە تۇغۇلمايدۇ، دەپ ئېيتىش مۇمكىن. مەسىلەن: «父亲, 爸爸, 爹» نى «ئاتا» دېيىشىمۇ، «دادا» دېيىشىمۇ مۇمكىن، «老把式, 老行家, 内行, 里手, 老手» سۆزلىرىنى «ماھىر» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ، «ئۇستا»، «باشى» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن.

لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، مەنە جەھەتتىن بۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، كونكرېت شىۋە، كونكرېت ئورۇن ۋە پەيتلەردە مۇۋاپىق قوللىنىلمىسا، تەرجىمىنىڭ بەدىئىيلىكىنى، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇرچىدا، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۇرپان شىۋىسىدە بىرىلگەن سۆزدە «دادا» دەپ ئېلىش، قەشقەر شىۋىسىدە بىرىلگەن سۆزدە «ئاتا» دەپ ئېلىش مەسىلىسىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، جىددىي سىياسىي ئەسەرلەردە، قانۇنىي كۈچكە ئىگە ھۆججەتلەردە «ماھىر»، «ئۇستا» سۆزىنى «باشى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى تۈرىنى تەرجىمە قىلىشتا، ئەھۋال باشقىچىرەك بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك مەنىداش سۆزلەر تۈپ مەنە جەھەتتىن تولۇق ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرجىمىدە ھەممىلا ۋاقىت بىردەك قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن، «希望, 期望, 盼望, 愿望» سۆزلىرى ئاساسىي جەھەتتىن «ئارزۇ - ئۈمىد» مەنىسىنى بىرىدۇ. لېكىن بۇنداق



سۆزلەرنى تەرجىمىدە، كونكرېت جۈملىگە، جۈملىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ ئالاقىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىشىگە قاراپ جانلىق قوللانمىغاندا، گەپتە سۆز باغلانمايدىغان، ئۇقۇم تۇتۇقلىشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

«妨碍, 妨害, 阻碍» سۆزلىرى «دەخلى قىلىش»، «توسقۇنلۇق قىلىش» دېگەن تۈپ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئەگەر شۇ سۆز بىرەر كىچىك بالىنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا، «دەخلى قىلىش» ياكى «توسقۇنلۇق قىلىش» دەپ چىقماستىن، «كاشىلا قىلىش»، «پۇتلىشىش»، «توسۇش» دەپ چىقىشى مۇمكىن. دېمەك، تەرجىمىدە مەنىداش سۆزلەر ئورنى، پەيت ۋە باشقا ئالاھىدە ئەھۋاللارغا قاراپ جانلىق قوللىنىلمىسا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا، ئۇسلۇبىغا ھەتتا مەنىسىگىمۇ تەسىر يېتىشى مۇمكىن.

مەنىداش سۆزلەر، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، تۈرلۈك فورمىلاردا قوللىنىلىدۇ.

(1) مەنىداش سۆزلەر كونكرېت ئورنىدا چەكلىك ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچىدا «发展» بىلەن «发达» سۆزى كۆپ ۋاقىتتا مەنە جەھەتتىن پەرق قىلمايدۇ. «工业发达了» دەپ يېزىلىشىمۇ مۇمكىن؛ “工业发展了” دەپ يېزىلىشىمۇ مۇمكىن؛ «党支部发展了一个党员» دەپ يېزىلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇيغۇرچىدا «سانائەت راۋاجلاندى» دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ مۇمكىن، «سانائەت تەرەققىي قىلدى» دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن «پارتىيە ياچېيكىسى بىر ئەزا راۋاجلاندۇردى» ياكى «…… بىر ئەزا تەرەققىي قىلدۇردى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا قاملاشمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا، تەرجىمىدە «مەنىدىن مەنە چىقىرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەنىداش سۆزلەرنىڭ چەكلىمىسىنى «مەنىدىن مەنە چىقىرىش» ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز.

(2) مەنىداش سۆزلەر مەنە جەھەتتىن تار ۋە كەڭ بو-

لۇپ پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچىدا: «房屋» سۆزى بىلەن «房子» سۆزى مەنىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچىسى ئومۇمەن «ئۆي ـ جاي» غا قارىتىلسا، ئىككىنچىسى پەقەت «ھۇجرا»، ئۆي ـ جاينىڭ بىرەر ئېغىزىغا قارىتىلىدۇ. تەرجىمىدە بۇنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلا ئەمەس، ھەتتا خەنزۇچە مەلۇم سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىدا ئورنىغا قاراپ كەڭ ياكى تار مەنىنى بېرىدىغىنىنى تاللاش لازىم. مەسىلەن: 大 سۆزىنى ھەممىلا جايدا «چوڭ» دەپ تەرجىمە قىلىش يارىمايدۇ. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭ»، «زور»، «يوغان»، «ئۇلۇغ» دەپ چوڭ ـ كىچىكلىك دەرىجىسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

(3) مەنىداش سۆزلەر ۋەزنى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

«我国的工业和农业完全恢复了。» مەملىكىتىمىزنىڭ سانائىتى ۋە يېزا ئىگىلىكى تامامەن ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈلدى.»

«我国的农业，畜牧业走向了合作化的道路。» مەملىكىتىمىزنىڭ دېھقانچىلىقى، چارۋىچىلىقى كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا ماڭدى.»

بىرىنچى مىسالدا «农业» سۆزى «يېزا ئىگىلىكى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان؛ ئىككىنچى مىسالدا «دېھقانچىلىق» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «يېزا ئىگىلىكى» بىلەن «دېھقانچىلىق» مەنە جەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن كەڭ ـ تارلىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى «يېزا ئىگىلىكى» نىڭ مەنىسى «دېھقانچىلىق» قا قارىغاندا ئاھايىتى كەڭ. شۇنىڭدەك «思想» سۆزىنى ئىسىم ئورنىدا تەرجىمە قىلغاندا «ئىدىيە»، «پىكىر»، «روھىي ھال» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن «ئىدىيە» سۆزى پۈتۈن بىر سىستېمىلىق ۋەقەنى ئۇقتۇرسا، «پىكىر»، «روھىي ھال» سۆزلىرى ئۇنىڭدىن تار مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. «文化»



سۆزىنىڭ «مەدەنىيەت»، «بىلىم»، «ساۋات» دەپ تەرجىمە قىلىنىشىمۇ شۇنداق ئەھۋالنى ئۇقتۇرىدۇ. خەنزۇچە بىر سۆز ياكى مەنىداش بولغان تۈرلۈك سۆزلەر ئۆز لايىقىدا توغرا تەرجىمە قىلىنمىسا، خاتالىقلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن: «大多数农民没有文化，必须开展扫盲运动。» بۇ يەردە «文化» سۆزى «مەدەنىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

(4) مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئېموتسىيىسى (ھېسسىي خۇسۇسىيىتى) مەسىلىسى.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلىدا سۆزلەرنىڭ ئېموتسىيىسى بولىدۇ. ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىڭ ۋەزنى، كەڭ ـ تارلىقى ۋە باشقا تەرەپلىرى بىلەن يېقىن ئالاقىدار. مەسىلەن:

— سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن! «我宰了你！»

ئۇ بىر قوي سويدى. «他宰了一只羊。» بۇ يەردە "宰了" سۆزى ئىككى خىل تەرجىمە قىلىنغان. چۈنكى «بوغۇزلاش» سۆزى يىرگىنىچلىك بىر ئەھۋالدىن، قاتىللىقتىن دېرەك بەرسە، «سويۇش» سۆزى ئادەتتىكى بىر ئەھۋالدىن دېرەك بېرىدۇ.

دېمەك، تەرجىمىدە مەنىداش سۆزلەرنى قوللىنىشتا، سۆزنىڭ ئېموتسىيىسىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەنىداش سۆزلەر مەسىلىسىدە مۇنداق بىر ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزىدە، خۇددى مۇشۇ تېمىمىزنىڭ بېشىدا سۆزلەنگەندەك، خەنزۇچىدىكى بىرقانچە مەنىداش سۆز ئۇيغۇرچىدا بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچە «长虫» ، «蛇» سۆزلىرى ئۇيغۇرچىدا «يىلان» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خەنزۇ تىلىنىڭ سۆز ئادىتى. خۇددى شۇنىڭدەك، خەنزۇچە بىرلا سۆز ئۇيغۇرچىدا بىرقانچە مەنىداش سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچە «国家» سۆزى ئۇيغۇر-

چىدا «دۆلەت»، «مەملىكەت»، «ئەل» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، خەنزۇچە «压迫» سۆزى «ئېزىش»، «زۇلۇم» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، «经济» سۆزى «ئىقتىساد»، «ئىگىلىك» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ؛ بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ئادىتى. تەرجىمىدە تىلنىڭ مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش ناھايىتى زۆرۈر.

لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىزدە خېلى كۆپ تەرجىمە ئەسەرلىرىدە مۇنداق ئىككى خىل ئېقىمدىن ساقلىنىش كېرەك: بىرى خەنزۇچە بىر سۆزگە ئۇيغۇرچە بىر سۆزنى باغلاپ قويۇش، شۇنىڭ بىلەن تىل بايلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرماسلىق؛ يەنە بىرى تىل بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىمەن دەپ، مەنىداش سۆزلەرنى تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا قارىماي ئىشلىتىش.

مەلۇم ژانىردىكى ماقالىلەردە خەنزۇچە بىر سۆزگە ئۇيغۇرچىدا بىر سۆزنى باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇش مۇمكىن ۋە شەرت؛ لېكىن بۇنداق ئەھۋال، كۆپىنچە، تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، مەخسۇس ئاتالغۇلار، مەلۇم ئىلمىي ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان مەخسۇس سۆزلەر بىلەن چەكلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنداق مەخسۇس ئاتالغۇلاردا خەنزۇچە بىر سۆزگە ئۇيغۇرچىدا بىر سۆز مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلمىسا، خاتالىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈستىدە توختالمايمەن. بەزى ئادەتتىكى سۆزلەردە خەنزۇچە بىر سۆزگە ئۇيغۇرچىدىمۇ بىر سۆزنى باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇش مۇۋاپىق بولمايدۇ. مەسىلەن، يەنە يۇقىرىقى مىسالنى ئالساق، ئەگەر “发展” سۆزىنى ھەممە جايدا «راۋاجلاندۇرۇش» ياكى «تەرەققىي قىلدۇرۇش» سۆزى بىلەن چەكلەپ قويساق، “党支部发展一个党员” دېگەن جۈملىنى «پارتىيە ياچېيكىسى بىر ئەزا راۋاجلاندۇردى» دەپ



تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بۇزۇپ قويىدۇ. “国家” سۆزىنى «مەملىكەت» سۆزى بىلەن چەكلەپ قويساق، “国家是阶级的统治工具” دېگەن جۈملىنى «مەملىكەت سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىپ قالىدۇ-دە، خاتا بولىدۇ.

تەرجىمىدە كۆپرەك ئۇچرايدىغان “一定” سۆزىنى مىسالغا ئالايلى.

（1）“我一定回来”。

«چوقۇم (جەزمەن) قايتىپ كېلىمەن».

（2）“人与人之间要发生一定的社会关系。”

«كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت پەيدا بولىدۇ.»

（3）“要用货币来体现商品的价值，不一定要握有现金。”

«تاۋارلارنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن نەق پۇل كېرەك بولۇشى ناتايىن.»

（4）“生产关系一定要适合生产力性质的规律，就是社会发展的经济规律。”

«ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئەلۋەتتە مۇۋاپىق كېلىشى قانۇنىيىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىدۇر.»

（5）“在国家工作人员当中一定要克服官僚主义。”

«دۆلەت خادىملىرى ئارىسىدا بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىش كېرەك.»

يۇقىرىدىكى بەش مىسالدا بەش جايدا كەلگەن بىرلا “一定” سۆزى ھەممىلا جايدا «چوقۇم» ياكى «جەزمەن»، دەپ ئېلىنماستىن، «چوقۇم»، «مەلۇم»، «ناتايىن»، «ئەلۋەتتە»،

«كېرەك» دەپ تۈرلۈكچە ئېلىنغان. ئەگەر ئۇنداق تەرجىمە قىلىنمىسا، بىرىنچى ئېقىم بويىچە جۈملىنىڭ ستىلىستىكىسىنى بۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلدە، مەخسۇس ئاتالغۇلاردىن باشقا ئادەتتىكى سۆزلەردە، خەنزۇچە بىر سۆزگە ئۇيغۇرچىدا بىر سۆزنى بېكىتىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئەمدى، ئىككىنچى ئېقىمغا كەلسەك. بۇ ئېقىمنىڭ تەرەپدارلىرى مەنىداش سۆزلەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى مۇۋاپىق قوللانمىغانلىقتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىنى، بەدىئىيلىكىنى بۇزۇپ، گەپنىڭ مەنىسىنى تۇتۇقلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

"王明和李生上合作社去了。"

«ۋاڭ مىڭ ۋە لى شېڭ كوپېراتىپقا كەتتى.»

"中国共产党必须……促进各少数民族的济经和文化的发展……。"

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ...... ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشى...... لازىم.»

ئۇيغۇر تىلىدا «ۋە»، «بىلەن»، «ھەم» دېگەن تەڭداش باغلىغۇچىلار بار. ئەگەر بۇ سۆزلەر جايىدا ئىشلىتىلمىسە، خۇددى بىرىنچى مىسالدىكىدەك خاتالىق يۈز بېرىدۇ. بىرىنچى مىسالدا «和» سۆزى ئىككىيلەننىڭ كوپېراتىپقا كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ لېكىن ئۇيغۇرچىدا «ۋە» سۆزى ئىشلىتىلگەچكە، مەنە غۇۋا بولۇپ قالغان. تەرجىمىدە مەنىداش سۆزلەرنى ۋەزنىگە، مەنىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقىغا قاراپ ئىشلەتكەندە، تەرجىمىنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئۈستۈرگىلى بولىدۇ.

"资本主义生产的直接目的，不是生产商品，而是生产剩余



价值或在发展形式下的利润；不是生产商品，而是生产剩余产品。从这个观点看来，劳动本身只是在它给资本创造利润或剩余产品的情形下，才是生产的劳动。"

«كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىۋاستە مەقسىدى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس، بەلكى قوشۇمچە قىممەت ياكى كېڭەيتۈرۈلگەن فورمىدىكى پايدا ئۇندۇرۇش- تۇر؛ مەھسۇلات ئەمەس، بەلكى قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتۇر. شۇ نۇقتىئى- نەزەردىن ئەمگەكنىڭ ئۆزىمۇ كاپىتالغا پايدا ياكى قوشۇمچە مەھسۇلات يارىتىپ بەرگىنى ئۈچۈنلا ئۈنۈملۈكتۇر.»

بۇ جۈملىدە "生产" سۆزى «ئىشلەپچىقىرىش»، «ئۇندۇرۇش»، «ئۈنۈم» دەپ تۈرلۈكچە تەرجىمە قىلىنغان. چۈنكى گەپ (جۈملە) نىڭ تۈزۈلۈشى، ستىلىستىكىسى شۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

"我们所以要建设社会主义经济，归根到底，是为了最大限度地满足整个社会经常增长的物质和文化的需要，而为了达到这个目的就必须不断地发展社会生产力，不断地提高劳动生产率，就必须在高度技术的基础上，使社会主义生产不断地增长，不断地改善。"

«سوتسىيالىستىك ئىگىلىك قۇرۇشتىن مەقسىتىمىز، يىغىنچاق قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ماكسىمۇم دەرىجىدە تەمىنلەشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش، ئەمگەك ئۈنۈمىنى داۋام-

لىق ئۆستۈرۈش لازىم؛ سوتسىيالىستىك
ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەك تېخنىكا
ئاساسىدا ئالغا سۈرۈش ۋە داۋاملىق
ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ.» (جۇئېنلەي:
«زىيالىيلار مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات»)

بۇ مىسالدا ئىككى جايدىكى "增长" سۆزى «ئۆسۈۋاتقان»، «ئالغا سۈرۈش» دەپ ئىككى خىل ئېلىنغان. كېيىنكى "增长" سۆزىنى «ئۆستۈرۈش» دەپ تەرجىمە قىلىش قىيىن. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىشنى «ئۆستۈرۈش» مۇمكىن ئەمەس. «ئالغا سۈرۈش»، «راۋاجلاندۇرۇش» مۇمكىن. بۇنداق تەرجىمە قىلىش مەنتىقى ئۇقۇم ۋە ستىلىستىكا تەلىپىگە باغلىق. يەنە مەسىلەن:

"高级知识分子在有些部门增加的特别快……只是工程师就已增加到497人……。"

«...... يۇقىرى بىلىملىك زىيالىيلار......
قىسمەن ئورۇنلاردا بولسا، تېخىمۇ تېز
كۆپەيدى...... يالغۇز ئىنژېنېرلارلا 497 گە
يەتكەن» (يەنە شۇ كىتاب 21 - بەت)

بۇ مىسالدا "增加" سۆزى بىرىنچى ئورۇندا «كۆپەيدى» دەپ، ئىككىنچى ئورۇندا «يەتتى» دەپ ئېلىنغان. چۈنكى ئىككىنچى ئورۇندا «......ئىنژېنېرلار 497 گە كۆپەيدى» ياكى «ئىنژېنېرلار كۆپىيىپ 497 گە يەتتى» دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدا گراماتىكا جەھەتتىنمۇ، مەنتىقى مەنە جەھەتتىنمۇ كەمچىلىك ئۇچرىمايدۇ، لېكىن جانلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى ۋە ستىلىستىكا جەھەتتىن قارىغاندا، «يەتتى» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى ناھايىتى چىرايلىق. بۇنىڭدا مەنىسىمۇ قاچمىغان، جۈملىنىڭ بەدىئىيلىكىمۇ ساقلانغان.

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدىن يەنە شۇنى كۆرۈش مۇم-



كىنكى، خەنزۇچىدا مەنىداش بولۇپ كەلگەن سۆزلەر ئۇيغۇرچىدا ھەممىلا جايدا مەنىداش بولۇپ كەلمەيدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچىدا "顽强" بىلەن "顽固"؛ "对比" بىلەن "对立"؛ "价值" بىلەن "价格" ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەنىداش سۆزلەر ئۇيغۇرچىدا مەنىداش بولماي قالىدۇ. مەسىلەن، «قىممەت» بىلەن «باھا»، «قارىمۇ قارشى» بىلەن «سېلىشتۇرۇش»، «كۈچلۈك» بىلەن «جاھىل» سۆزلىرى مەنىداش ئەمەس. بۇ سۆزلەر ئۇقۇم جەھەتتىن باشقا - باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇمۇ ئىككى تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

تەرجىمىدە بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «مەنىدىن مەنە چىقىرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز.

## تىل ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك

گېزىتكە بىر پارچە ماقالە تەرجىمە قىلىپ بېرىلگەنىكەن. تەرجىمىنى تەكشۈرگەن بىر پېشقەدەم تەھرىرنىڭ شۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن قىلغان سۆزلىرى خۇددى ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە “我们对于现代化科学技术要进行研究，……” دېگەن جۈملە «زامانىۋى پەن - تېخنىكىنى تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. تەھرىر «تەتقىق قىلىشنى نەگە ئېلىپ بارماقچى؟ بۇ جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە سۆز ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، لېكىن پۈتۈن جۈملە ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا، مەنتىققە سىغمايدۇ» دېدى. مەن دەرھال «زامانىۋى پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك» دېگەن لايىھەنى قويدۇم. تەھرىر يەنە «مەنتىققە سىغمايدۇ» دېدى. مەن ئۆز لايىھەمنى «توغرا» غا چىقىرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە مىساللارنى كەلتۈردۈم. مەسىلەن: “把斗争进行到底” (كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى)»، “要对群众进行教育” (ئاممىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك)»، “紧跟党中央进行新的长征” (پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، يېڭى ئۇزۇن سەپەرنى ئېلىپ بېرىش كېرەك)»، “宴会在热烈的气氛中进行” (زىياپەت قىزغىن



كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى)» ۋە باشقىلار. شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، مەن بۇ مىساللارنى كەلتۈرۈشتە «ئۇيغۇر تىلىغا ئىلگىرىدىن سىڭىپ كەتكەن تىل ئادىتى» دېگەن ئاساس بىلەن «توغرا» لىقىنى دەلىللىمەكچىدىم. ۋەھالەنكى، كۈتۈلمىگەن يەردە، تەھرىر: بۇنداق تەرجىمە قىلىش خۇددى كۆپۈكنى سۇ قاتارىدا ئىچكەن ئادەمنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمىغىنىدەك ئادەتكە خىلاپ، بۇنداق تەرجىمە ئىستىلىنى تۈزىتىش كېرەك، دېدى.

ئەنە شۇنداق تەجرىبىلىك تەرجىمان - تەھرىرلەرنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن مەلۇمكى، بەزى بىرىككەن سۆزلەرنىڭ خەنزۇچىدىكى قېلىپلاشقان شەكلى بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشاشمايدىغان سۆزلەر بىلەن بىرىككەن ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ، ئۇلارنى ئۇيغۇرچىدا يەنە شۇ ھالەتتە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. بىز ھازىرچە ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى يېشىپ ئۆتۈشنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاتالمىش «سىڭىپ كەتكەن تىل ئادىتى» بويىچە مىسال ئېلىپ كۆرەيلى:

| | |
|---|---|
| تەتقىقات ئېلىپ بېرىش | 进行研究 |
| تەربىيە ئېلىپ بېرىش | 进行教育 |
| ئۇزۇن سەپەر (نى) ئېلىپ بېرىش | 进行长征 |
| چەكلەش ئېلىپ بېرىش | 进行抵制 |
| ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش | 进行改革 |
| رەددىيە ئېلىپ بېرىش | 进行驳斥 |
| ۋەھاكازا، ۋەھاكازا. | |

بۇ مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىرىككەن سۆزلەرنىڭ خەنزۇچىدىكى قېلىپلاشقان شەكلى ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاش قېلىپتا ئەكس ئەتكەن. لېكىن «تەرجىمە تىلى» نۇقتىسىدىن ئەمەس، جانلىق ئەدەبىي تىل نۇقتىئىنەزەرىدىن، مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن ۋە تىل ئادىتى جەھەتتىن بولۇپمۇ

«توغرا، ئېنىق، سادىقلىق بىلەن تەرجىمە قىلىش كېرەك» دېگەن قائىدىدىن قارايدىغان بولساق، خەنزۇچىدىكى بۇ قېلىپ شۇ تەقلىدتىكى بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش توغرا كەلگەن بىلەن، ئۇيغۇرچىدا، كۆپ ھاللاردا، ئۇنداق توغرا كېلىشۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: "进行劳动" دېگەن سۆزنى «ئەمگەك (نى) ئېلىپ بېرىش» دەپ، "进行慰问" دېگەن سۆزنى «ھال سوراش (نى) ئېلىپ بېرىش» دەپ، "进行揭发" دېگەن سۆزنى «پاش قىلىش (نى) ئېلىپ بېرىش» دەپ تەرجىمە قىلساق، كەم - كۈتسىز كۈلكىلىك «تەرجىمە تىلى» بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭغا توغرا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن «قانۇنىيەت» كە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىدە تولۇق مەنە ئاڭلىتىدىغان ئاساسىي پېئىللار بولىدۇ. مەسىلەن، «ئىشچىلار يىغىلدى»، «تەرجىمەڭنى تۈزەتتىم» دېگەن جۈملىلەردىكى «يىغىلدى»، «تۈزەتتىم» سۆزلىرى.

جۈملىدە ئاساسىي پېئىللارغا باغلىنىپ تۇرۇپ قوشۇمچە مەنە بېرىدىغان ياردەمچى پېئىللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «ئىشچىلار يىغىلىپ قالدى»، «تەرجىمەڭنى تۈزىتىپ قويدۇم» دېگەن جۈملىلەردىكى «قالدى»، «قويدۇم» سۆزلىرى.

ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسىي پېئىللارنىڭمۇ، ياردەمچى پېئىللارنىڭمۇ تۇراقلاشقان قېلىپى ھەرقانداق شارائىتتا ھەرقانداق سۆزگە چۈشۈۋېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئاساسىي پېئىل | ياردەمچى پېئىل |
|---|---|
| يازدىم | يېزىپ بولدۇم |
| ئوقۇدۇم | ئوقۇپ چىقتىم |
| ئېچىلدى | ئېچىلىپ قالدى |
| ئىشلىدى | ئىش قىلدى |
| چەكلىدى...... | چەكلەپ قويدى...... |



خۇددى ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىدىكىگە ئوخشاشلا، خەنزۇ تىلى گراماتىكىسىدىمۇ شۇنداق قائىدە بار. خەنزۇ تىلى گراماتىكىسىدىمۇ پېئىل بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. سېلىشتۇرۇش ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە پەقەت ئىككى تۈركۈمى ئۈستىدىلا توختىلىمىز:

看，学习，指导，改革，生产，调查，有，爱，恨……

خەنزۇ تىلىدىمۇ ئەنە شۇ مىساللارغا ئوخشاش، ئومۇمەن ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، پائالىيىتىنى، ئۆزگىرىشىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر پېئىل تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

پېئىلنىڭ يەنە بىر تۈركۈمى ياردەمچى پېئىل. مەسىلەن:

能够，会，可以，应该，需要，必须，要，敢，来，去
进，起，出，是……

بۇنداق ياردەمچى پېئىللارمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ پائالىيىتىنى، ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن ئاساسىي پېئىلغا ياندىشىپ ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا، شېئىردىكى پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياردەمچى پېئىللار ئاساسىي (تۈپ) پېئىلغا ئارقىدىن باغلىنىپ كەلسە، خەنزۇ تىلىدا، بۇنىڭ ئەكسىچە، كۆپ ھاللاردا ئاساسىي (تۈپ) پېئىلنىڭ ئالدىغا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، "能够解决" "应该谦虚" "进行学习" ...... تەبىئىيكى، تەرجىمىدە «مۇمكىن ھەل قىلىش»، «كېرەك كەمتەر بولۇش»، «ئېلىپ بېرىش ئۆگىنىشنى» ۋەھاكازا دېيىدىغان شەكىلنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى، ئۆزىگە خاس تىل ئادىتى بويىچە تەرجىمە قىلىش ھەممىگە ئايان ساۋات. دېمەك، خەنزۇ تىلىدىكى پېئىل بىلەن ياردەمچى پېئىلنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل بىلەن ياردەمچى پېئىلنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى بويىچە تەرجىمە

قىلىنىدىغان بولسا، بۇ قانۇنىيەت خۇددى خەنزۇ تىلى گراماتىكىسىنىڭ فورمۇلىسىغا ئوخشاشلا. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مۇقىم فورمۇلا شەكلىنى ئالالايدۇ ۋە مۇتلەق كۆپ شارائىتتا بىر خىل تەقلىدتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى تەرجىمىلەردە خەنزۇ تىلىنىڭ «ياردەمچى پېئىل + ئاساسىي پېئىل» فورمۇلىسى «ئاساسىي پېئىل + ياردەمچى پېئىل» فورمۇلىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنسا، بەزىدە خۇنزۇچە مەنىدىن، مەنتىقىدىن قەتئىينەزەر، «تولدۇرغۇچى + پېئىل ياكى ياردەمچى پېئىل» فورمۇلىسىغا سېلىنغان. نەتىجىدە ئوخشاش بىر قېلىپتىن چىققان ئۆتۈكنىڭ بىرى ئەرەنچە، يەنە بىرى زەيپانە بولۇپ قالغاندەك غەلىتە بىر ھادىسە يۈز بەرگەن.

“进行调查”， “进行改造”， “进行慰问”， “进行劳动” دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكىش فورمۇلىلىرى ئوخشاش: باشتا ياردەمچى پېئىل، ئاخىرىدا ئاساسىي پېئىل كەلگەن. ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىنىڭ باشتا ئاساسىي پېئىل، ئاخىرىدا ياردەمچى پېئىل كېلىدىغان فورمۇلىسى بويىچە زورىدىن - زورغا ياساپ «تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش»*، «ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئاساسىي جەھەتتىن بولىدىغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن «ھال سوراش ئېلىپ بېرىش»، «ئەمگەك ئېلىپ بېرىش» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىنى ئاشكارا بۇزغان بولىمىز. بۇنىڭدا، مىقدارى ۋە سۈپىتى ئوخشاش بولغان خىرىتىنىڭ بىرى قېلىپقا چۈشكەن بولسا، يەنە بىرى خۇددى شۇ قېلىپقا چۈشمىگەن بولىدۇ.زىددىيەت نەدە؟

خەنزۇ تىلىدا، خۇددى يۇقىرىدا قىسقىچە تىزىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياردەمچى پېئىللارنىڭ تۈرى كۆپ، ھەربىر تۈرىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مىقدارىمۇ سان - ساناقسىز. خەنزۇ تىلىدا گايىدا ئاساسىي پېئىل مۇستەقىل ھالەتتە كەلسە، كۆپ ھاللاردا،

* سېلىشتۇرۇش ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە ياردەمچى پېئىللار مەستەر ھالىتىدە ئېلىندى.— ئاپتوردىن.



ياردەمچى پېئىل بىلەن بىرلىشىپ كېلىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مىساللاردىن باشقا،مۇنداق مىساللارنىمۇ كەلتۈرۈش مۇمكىن:

| ياردەمچى پېئىللىق ھالىتى | ئاساسىي پېئىللىق ھالىتى |
|---|---|
| 加以利用 | 利用 |
| 促进发展 | 发展 |
| 给予帮助 | 帮助 |
| 予以协助 | 协助 |
| 实现现代化 | 现代化 |
| 遭到失败 | 失败 |
| 获得胜利 | 胜利 |
| 得以进展 | 进展 |

خەنزۇ تىلى گراماتىكىسى بويىچە پۈتۈنلەي «پېئىل»* كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان مۇشۇنداق سۆزلەر ۋە بىرىككەن سۆزلەر بەزى تەرجىمىلىرىمىزدە «پېئىل» كاتېگورىيىسىدىن چەتلەپ، «تولدۇرغۇچى» بىلەن «پېئىل» نىڭ قوشۇلمىسىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ھادىسىلەر ئاز ئەمەس. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەنىنىڭ ساغلام بولالماسلىقى روشەن.

“只有安定团结，才能促进社会主义建设的飞跃发展”

1. «تىنچ - ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.»

2. «تىنچ - ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.»

*بۇ يەردە گەپ ئاساسەن «خەۋەر» رولىنى ئۆتەيدىغان «پېئىل» ئۈستىدە بارىدۇ. — ئاپتوردىن.

بىرىنچى خىل تەرجىمىدە «تەرەققىيات» سۆزى «تولدۇر-
غۇچى» بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇچقاندەك» كېتىۋات-
قان «تەرەققىيات» نى «ئىلگىرى سۈرۈش» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە گەپ «قۇرۇلۇش» نىڭ
«ئۇچقاندەك» كېتىۋاتقان ياكى كەتمەيۋاتقانلىقى ئۈستىدە
ئەمەس، «قۇرۇلۇشنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئۈستىدە
بارىدۇ. دېمەك، تولدۇرغۇچى «تەرەققىيات» سۆزى ئەمەس،
ئەكسىچە «قۇرۇلۇش» سۆزى.

"发现问题要及时进行研究" دېگەن جۈملىنى «مەسىلە
كۆرۈلسە ۋاقتىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم» دەپ تەرجىمە
قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى «مەسىلە كۆرۈلسە ۋاقتىدا تەتقىق
قىلىش لازىم» دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا بولىدۇ.

"实现四个现代化" دېگەن ئىبارە كۆپ ھاللاردا «تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دەپ تەرجىمە قىلىن-
ۋاتىدۇ. بۇنداق تەرجىمىدە خەنزۇ تىلى ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر تىلى
ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولغان بىرىكىش قانۇنىيەتلىرىنىڭ توغرا
ئىپادىلەپ بېرىلمىگەنلىكىنى تۇرغان گەپ، ئۇ مەنتىقىي ئۇقۇم
جەھەتتىن مۇجمەل، چۈنكى «زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى «زامانىۋىلاشتۇرۇش» دېگەن-
لىك بولىدۇ، يۇقىرىقى تەرجىمىدە بۇ ئۇقۇم ئىستىلىستىكا
جەھەتتىن خام ئىپادىلەنگەن.

ھازىرقى تەرجىمىلىرىمىزدە گراماتىكا قائىدىسىگە سىغ-
مايدىغان، مەنتىقىي ئۇقۇمىي مۇجمەللەشتۇرىدىغان، تىل
ئادىتىنى زورمۇ زور بۇزىدىغان ئاشۇنداق ھادىسىلەر خېلى
كۆپ. ئەمەلىيەتتە سۇنىڭ كۆپۈكىنى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچى
سۇ دەپ مەتبۇئات ئېتىمىزنى كۆپۈك بىلەن تولدۇرۇپ
قويۇۋاتىمىز. خەنزۇ تىلىدىكى يېگانە «پېئىل» كاتېگورىيىسىگە
كىرىدىغان بىرىكمە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە «تولدۇر-



غۇچى ئىسىم ياكى مەستەر + پېئىل» دېگەندەك غەيرىي تەبىئىي
شاخلاپ كېتىشى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خەنزۇچىنىڭ ئەكسىچە،
يارەمچى پېئىللارنىڭ «يارەمچىلىك» ئورنىدىن «ئاساسىي»
ئورۇنغا ئۆتۈپ كېتىشى تەرجىمە ئەمەلىيىتىمىزنى ئىلمىي يو-
سۇندا يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ،
قانۇنىيەتنى تېپىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىدا جۈملە تەركىبىدە «خەۋەر» بولۇپ خىزمەت قى-
لىدىغان پېئىل ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق ۋە تەرجىمە جەھەت-
تىكى سېلىشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن «پېئىل» نى پۈتۈن بىر
كاتېگورىيە قىلىپمۇ تىلغا ئالدۇق. بۇ جەھەتتە يەنە بىرئاز
تەپسىلىيرەك توختىلىپ ئۆتۈش توغرا كەلسە كېرەك.

پېئىل جۈملىدە، مەيلى خەنزۇچىدا بولسۇن، مەيلى ئۇي-
غۇرچىدا بولسۇن، ئاساسەن ۋە تولا چاغلاردا خەۋەر بولۇپ كې-
لىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان ئاددىي ساۋات. بۇ ھەقتە ئارتۇقچە
توختىلىپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

پېئىلنىڭ جۈملىدە ئىگە بولۇپ خىزمەت قىلىش دائىرىسى
ۋە ئۇنىڭ شەرتى ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاش. خۇددى خەنزۇچى-
دىكى "破" سۆزىگە ئوخشاش، ئۇيغۇرچىدىكى «بۇزۇش»، «بۇز-
ماق»، «بۇزۇپ تاشلاش» دېگەن سۆزلەرمۇ پېئىل سۈپىتىدە
جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن ۋە بۇ ئىگىنىڭ خەۋەر قىسمى
ھۆكۈم بولۇپ كەلگەن.

پېئىلنىڭ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىشى ئۈچۈن يەنە بىر
شەرت شۇكى، جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتتىن تۈزۈلگەن بولۇشى
كېرەك. بۇ شەرت ئۇيغۇرچىدىمۇ ھەم شۇنداق. مەسىلەن:

"对于这一问题，进行讨论很必要。"

«بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ناھايىتى زۆرۈر.»

ئۈچىنچى شەرت — جۈملىنىڭ خەۋىرىمۇ پېئىلدىن يا-
سالغان سۆز بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

مۇزاكىرە باشلاندى. 讨论开始了。
سۆھبەت ئاخىرلاشتى. 会谈结束了。
جەڭ بولۇۋاتىدۇ ياكى جەڭ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. 战斗在进行。

يۇقىرىقى ئۈچ مىسالدا "讨论"، "会谈"، "战斗" سۆزلىرى خەنزۇچە قائىدىسى بويىچە پېئىل بولۇپ، «مۇزاكىرە قىلىش»، «سۆھبەتلىشىش»، «جەڭ قىلىش» دېگەن تەقلىدتە رول ئوينايدۇ. ۋەھالەنكى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «مۇزاكىرە»، «سۆھبەت»، «جەڭ» سۆزلىرى ئىسىم ھالىتىنى ئالغان. دېمەك، پېئىل جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەندە، خەنزۇچىدا پېئىل ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا بەزىدە پېئىل ھالىتىنى ساقلىيالمايدۇ. دۇرۇس، «مۇزاكىرىلىشىش باشلاندى»، «سۆھبەتلىشىش ئاخىرلاشتى» دېگەن تەقلىدتە ئەسلى تېكىستكە ئوخشاش پېئىل ھالىتىنى ساقلاپ تەرجىمە قىلىش ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «مەستەر» ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن، لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ستىلىستىكىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۆزلەرنىڭ تۈركۈمىگە، شەكلىگە مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، تەرجىمىنى قوپاللاشتۇرغاندىن كۆرە، مەنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە يارىشا تۈرلەندۈرگەن تۈزۈك. ئۇنداق بولمىغاندا، "战斗在进行" دېگەن ئىبارىنى «جەڭ قىلىش بولۇۋاتىدۇ» ياكى «جەڭ قىلماق داۋام قىلىنىۋاتىدۇ» دەپ تىل ئادىتىنى بۇزۇش سەۋەنلىكى يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ. ئېغىر كېسەلدە ياتقان بالىسىنىڭ بېشىدا قايغۇرۇپ ئولتۇرغان ئانىسى بالىنىڭ چۈشكۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن: «بالام چۈشكۈردى!» دەپ توۋلىسا، خەنزۇ تىلىدا "孩子打喷嚏了" دەيدۇ. "喷嚏" سۆزى «چۈشكۈرۈش»، «چۈشكۈرمەك» دېگەن پېئىل، بۇ سۆز "打" سۆزىنىڭ قوشۇ-



لۇشى بىلەن يەنە شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەر پېئىللىقىنى ساقلاپ قالغان، يەنى «چۈشكۈردى» بولۇپ كەلگەن. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلغاندا، تىل ئادىتى ۋە تىل قائىدىسى جەھەتتىكى بۇ پەرقلەرنى نەزەردە تۇتمىساق، ئۇ ھالدا ئەينەن سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىپ شۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەقەللىسى «بالا چۈشكۈرۈكنى چۈشكۈردى» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە تىل قائىدىسى ۋە تىل ئادىتى جەھەتتىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئۈچۈنلا شۇنداق مىساللار تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق مىساللار ئۆز ۋاقتىدا چەت ئەل تىللىرىدىن خەنزۇ تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىلەردىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىنى مەشھۇر تەرجىمان لۇشۈنمۇ بىرقانچە قېتىم تىلغا ئېلىپ سۆككەن. لۇشۈننىڭ يېزىشىچە، سۆزمۇسۆز ئۆلۈك تەرجىمە قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەن بەزى شەكىلۋاز تەرجىمانلار ئىنگلىز تىلىدىكى «دۈمبىسىنىڭ ئۈستىدە ياتتى» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدا «ئوڭدىسىغا ياتتى» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئىنگلىزچىسىنى زورمۇزور، سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىپ قوللانغان؛ رۇس تىلىدىكى «تىزىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدا «زوڭ ئولتۇردى» ياكى «زوڭزىيىپ ئولتۇردى» دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، رۇسچىنى سۆزمۇسۆز شەكلەن تەرجىمە قىلغان، ھەتتا شۇنداق سۆزمۇسۆز شەكلەن تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە گەپتە سۆزلەرنى باغلىيالماي، «ئەنگلىيە» دېگەن سۆزنى «ئەنگىنىڭ لىيەسى» ۋەھاكازا دەپ تەرجىمە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇشۈننىڭ ھازىرقى بەزى تەرجىمانلىرىمىز ھەتتا قەدىمكى زامانلاردىكى بۇددىست تەرجىمانلارغىمۇ يېتىشەلمەيدۇ، دەپ ئېيتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. لۇشۈننىڭ مۇنداق بىر قىممەتلىك سۆزى بار: «تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە

ئوخشاش ئېتىبار بېرىش كېرەك: بىر تەرەپتىن چۈشىنىشلىك
قىلىشقا تىرىشىش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلى ئەسەر-
نىڭ تۈرقى ـ سىياقىنى ساقلاش كېرەك. لېكىن بۇنداق ساق-
لاش كۆپ ھاللاردا چۈشىنىشلىك قىلىش بىلەن زىت بولۇپ
قالىدۇ: يات كۆرۈنۈپ قالىدۇ..... ئۇنى يات كۆرۈنمەيدىغان
قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىش
مۇمكىن، لېكىن بۇرنىنى يونۇپ پاناق قىلىپ قويماسلىق،
كۆزلىرىنى ئويۇپ كور قىلىپ قويماسلىق كېرەك.» لۇشۇننىڭ
تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆلچەملىرى، يارىتىپ
بەرگەن ئۈلگىلىرى بىز تەرجىمانلار ئۈچۈن يېتەكچىلىك
رول ئوينايدۇ. تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەر، ئەسلى جۈملىنىڭ كى-
يىمى ـ كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن، قاش ـ كۆزىگە،
ئېغىز ـ بۇرنىغا تەگمەسلىك كېرەك دېگەن ئوبرازلىق سۆز
مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىككى تىلنىڭ قائىدىسىگە
ۋە ئادىتىگە توغرا مۇئامىلىدە بولۇش زۆرۈرلۈكىنى دىئالېكتىك
يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قائىدە بىز ھازىر توختىلى-
ۋاتقان مەسىلىگىمۇ ئويغۇن كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، يەنە مەسىلىنى
كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتساق، ھازىرمۇ بەزى تەرجىمانلىرىمىز
خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى گراماتىكىلىق
پەرقلەرگە، تىل ئادىتىدىكى پەرقلەرگە ئېتىبار قىلمايدۇ. ئۇيغۇر
ئەدەبىي تىلىدا، جانلىق تىلدا ئۆزى بىۋاسىتە سۆزلىسە، «خا-
تىرجەم بولدۇم»، «خۇشال بولدۇم»، «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ»،
«چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلدۇق» ۋەھاكازا دەيدۇ ـ
يۇ، لېكىن دەل شۇ سۆزلەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىش
توغرا كەلسە، «خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم»، «خۇشاللىق ھېس
قىلدىم»، «بېشىم ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم»، «چوڭقۇر تەكشۈ-
رۈش ـ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردۇق» ۋەھاكازا دەيدۇ. بۇن-
داق ھادىسە ۋە خاھىشلار كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. تەرجىمە



خىزمىتى تولىمۇ زور ئەھمىيەتلىك خىزمەت، شۇنىڭ بىلەن
بىللە جاپا چەكمىگىچە قىيامىغا يەتكۈزمەك تەس خىزمەت. شۇ-
نىڭ ئۈچۈنمۇ ئىجادىي خىزمەت. مۇشۇنداق ئۇلۇغ خىزمەتنىڭ
ھۆددىسىدىن چىن مەنىسى بىلەن تولۇق چىقىش ئۈچۈن، تىل-
نىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەتقىق
قىلىشقا، ھېچ بولمىغاندا مەلۇم دەرىجىدە تېپىشقا ۋە ئۇنىڭغا
ھۆرمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# «تەرجىمە تىلى» نى زورلاپ تاڭمايلى

تەرجىمان ئۆزىنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەسلى تېكىستقا يارىشا ئەڭ مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئۆز جايىغا تاللاپ چۈشۈرەلىگەندىلا، ئەسلى تېكىستتىكى مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، كىتابخانلارنى تۇتۇق، مۇجمەل چۈشەنچىلەرگە كەلتۈرۈپ قويۇشتىن خالىي بولالايدۇ. بۇ — تەرجىمە ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەربىر كىشىگە ئايان بولغان، ماھارەت. ئەگەر تەرجىمان ئەسلى تېكىستتىكى سۆزلەرنى بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، ئۇيغۇنلىشىپ، بىرىكىپ كېلىش - كەلمەسلىكى بىلەن، مەنتىقىي چۈشەنچە جەھەتتىكى ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى بولمىسا، قارىماققا «ئەسلى تېكىستقا سادىق» تەرجىمە قىلىنغاندەك تۇرسىمۇ، ئۇ تەرجىمە كۆپ ھاللاردا چۈشىنىكسىز، بىمەنە بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى «تەرجىمە» دېگەن سۆز جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى بىر - بىرلەپ «تەرجىمە قىلىپ قويۇش» دېگەن گەپ ئەمەس! بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدە شۇنداق. تەرجىمىدە «ئەسلى تېكىستقا يارىشا ئەڭ مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئۆز جايىغا تاللاپ چۈشۈرۈش» دېگىنىمىز ئېيتماققا ئاسان، لېكىن تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئورۇنداش خېلى كۆچ تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق ئەمگەك. شۇنداقلا تەرجىماننىڭ ماھارىتى، سەۋىيىسىنى ئۆلچەپ بېرىدىغان تارازا



دېسەكمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق تەرجىمە مۇتەخەسسىسى خ. زابىروتىسكى بۇ ھەقتە «تەرجىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى تەرجىماننىڭ توغرىلىق بىلەن جانلىقلىقنى دەل جايىدا بىرلەشتۈرەلىشى - بىرلەشتۈرەلمەسلىكىگە باغلىق»* دەپ توغرا ھۆكۈم چىقارغان. بۇ يەردە «ئەسلى تېكىستقا يارىشا»، «توغرىلىق» دېگەن سۆزلەرنى ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان «ئەسلىگە سادىق بولۇش» دېگەن مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن؛ «سۆز تاللاش»، «جانلىقلىق» دېگەن سۆزلەرنى تەرجىمە تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە چۈشۈرۈش، مەنتىقىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش دېگەن مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن. بىزنىڭ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئىشلىنىۋاتقان تەرجىمە ئەمەلىيەتلىرىمىزنىڭ بەزىبىر جەريانلىرىدا «ئەسلىگە سادىق بولۇش» بىلەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە چۈشۈرۈش» نى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان، شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان «تەرجىمە تىلى» نى پەيدا قىلىپ، كىتابخانلار ئاممىسىغا زورلاپ تاڭىدىغان ھادىسىلەر مەلۇم دەرىجىدە ئەۋج ئالماقتا. بۇ ئەھۋال كىشىنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ.

تەرجىمىدە «ئەسلىگە سادىق بولۇش» دېگەن نېمە؟ «تەرجىمە تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە چۈشۈرۈش» دېگەن نېمە؟ بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى نېمە؟ بۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ بۇ — چوڭ تېما. تەرجىمە ساھەسىدىكى گويا ئوكيانغا ئوخشاش چوڭ ۋە چوڭقۇر بولغان بۇ تېمىنى يېشىپ - يورۇتۇپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەندەك، ئەنە شۇ ئوكياننىڭ تام-

* «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 1 - سان، 43 - بېتىگە قاراڭ.

چىسى سۈپىتىدە ئۆز مۇلاھىزەمنى «شىنجاڭنى ئېچىش...» دېگەن تەرجىمە تىلىدىن باشلايمەن.

خەنزۇ تىلىدىكى “开发” دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى مەتبۇئاتلاردا، لۇغەتلەردە، جانلىق تىلدا، رادىئو – تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ھەر خىل سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى، مۇقىم بىر سۆزگە تايىنىپ تاپقان ئەمەس. لېكىن يېقىنقى ۋاقىتتىن بۇيان «ئېچىش، ئاچماق» دېگەن سۆزگە قاراپ تۇراقلىشىش ۋەزىيىتىنى ئالماقتا. «شىنجاڭنى ئېچىش»، «ئورماننى ئېچىش»، «ئوتلاقنى ئېچىش» دېگەن سۆزلەر ھازىر مەتبۇئاتلاردا، رادىئو – تېلېۋىزورلاردا، ھۆججەت – دوكلاتلاردا خېلى ئومۇميۈزلۈك ياڭراماقتا.

«ئېچىش» سۆزى ھازىرقى كونكرېت تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭنى ئاۋات، باياشات، يۇقىرى مەدەنىيەتلىك قىلىپ گۈللەندۈرۈش، دېگەن مەنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان سۆز ئورنىدا تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ قالدى. مەن تەرجىمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ سۆزنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە شەخسەن ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

“开发” سۆزى ئەگەر يەككە ھالىتى بويىچە تەرجىمە قىلىنسا، ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىدە، تەرجىمىدىن ئەكس ئەتكەن ئۇقۇم، چۈشەنچىلەردە بىرەر گۇمان تۇغۇلۇشى ناتايىن. لۇغەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ ئوكيانى بولغان «سىيۈەن» دە “开发” سۆزى «ئاچماق» (پېچەتنى ئاچماق)، «چىقارماق» (باللارنىڭ ساۋاتىنى چىقارماق ياكى ئاچماق) دەپ شەرھلەنگەن. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغەتلىرىدىن «تۆت بۆلۈك نومۇرلۇق يېڭى لۇغەت» تە “开发” سۆزى «ئىلگىرى پايدىلىنىلمىغان يەر ياكى يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن پىلانلىق پايدىلىنىش» دەپ شەرھلەنگەن. «رۇسچە – خەنزۇچە تەرجىمە ئۆلگىلىرى توپلىمى» دا، «رۇسچە – خەنزۇچە لۇغەت»



تە بولسا، “开发” سۆزى «ئۆزلەشتۈرۈش» (دېڭىز – ئوكيان بايلىقىنى ئۆزلەشتۈرۈش...)، «ئېچىش» (بوز يەرلەرنى ئېچىش...) دېگەن ئۇقۇملاردا تەرجىمە قىلىنغان. «خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە لۇغەت» تە: «ئۆزلەشتۈرمەك، پايدىلانماق، ئاچماق...» دېگەن ئۇقۇملاردا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ تەكشۈرۈشلىرىمىزدىن مەلۇمكى، “开发” سۆزى ئاساسىي جەھەتتىن ئالغاندا، «ئاچماق»، «ئۆزلەشتۈرمەك»، «پايدىلانماق» دېگەن ئۇقۇملاردىن چەتلەپ كەتمەيدۇ. خوش، شۇنداق ئىكەن، “开发新疆” دېگەن سۆز «شىنجاڭنى ئېچىش» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «يىك باسمايدۇ»، «بۇنداق ‹تەرجىمە تىلى› نى ئوڭلاش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك باشقىچە مۇلاھىزىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئۇيغۇر تىلىدا «ئېچىش» ياكى «ئاچماق» دېگەن سۆز مۇتلەق كۆپ شارائىتتا، تېخى كۆمۈلۈپ ياتقان، بېكىلىپ قالغان، پۈتەي بولغان، پېچەتلەنگەن، يېپىلىپ قالغان، ئورالغان، ئېتىلىپ قالغان، تاقىلىپ قالغان، كەپلىشىپ قالغان، قىسقىسى، تېخى ئېچىلمىغان، سىر بولۇپ تۇرغان شەيئىلەرنى «ئېچىش» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. ۋەھالەنكى، «شىنجاڭ» مەيلى جۇغراپىيە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، كەڭ ئاممىنىڭ چۈشەنچىسىدە تېخى «ئېچىلمىغان»، مەلۇم بولمىغان يەر ئەمەس (ئەگەر گەپ «شىنجاڭ» دېگەن پۈتۈنلۈك ئۈستىدە ئەمەس، تېخى پايدىلىنىلمىغان، ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن، ئېچىلمىغان مۇئەييەن، كونكرېت شەيئىلەر ئۈستىدە بارسا، ئۇ ھالدا باشقا گەپ). ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، «شىنجاڭنى ئېچىش...» دېگەن سۆز كەڭ ئاممىنىڭ قوبۇل قىلىش قاچىسىغا، يەنى تىل قائىدىسىگە ۋە ئادىتىگە، تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا، مەنتىقىي چۈشەنچىسىگە سىغمايۋاتىدۇ. خۇددى خەنزۇ تىلىدىكى 切 سۆزىنى 菜 ياكى 瓜 سۆزى بىلەن بىرىكتۈرگەندە ماسلىشىپ كەلسىمۇ، لېكىن

ئۇيغۇر تىلىدا «سەينى كەسمەك»، «قوغۇننى كەسمەك» دېيىلسە
قاملاشمىغاندەك، غەلىتە تەسىرات پەيدا قىلماقتا.

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت. مېنىڭچە، ئامىمىنىڭ
مۇلاھىزىلىرى ئۆز تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ چىققان، بۇ
ئەمەلىي مۇلاھىزىلەر ھەقىقەتكە ئۇيغۇن. بۇ ئەمەلىيەت بىزنىڭ،
ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، بىر قىسىم تەرجىمانلىرىمىزنىڭ
تەرجىمە ئۇسۇلىدا قىسمەن تۈزۈك يولنى تاللىۋېلىپ، شۇ
يولنى. يەنى «تەرجىمە تىلى» نى ئۆز ئانا تىلىنىڭ قانۇنىي-
يەتلىرى ئورنىدا كۆرسىتىپ، ئامىمىغا زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇنغان-
لىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر قىسىم كى-
شىلەرنىڭ ئۆز تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، مۇستەقىل
پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز مېڭى-
سىنى «تەرجىمە تىلى» نى زورلاپ تاڭغۇچىلارنىڭ مۇجمەل،
قاملاشمىغان پىكىرلىرى بىمالال يورغىلاپ - چېپىپ يۈرىدىغان
بەيگە مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر بىراۋ: «يول-
داشلار، شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنايلى!»
دەپ سەپەرۋەر قىلسا، ئامما قانداق ئىنكاس بىلدۈرەر؟! «شىن-
جاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنايلى!» دېيىلسە،
ئۇ ھالدا، يەنە قانداق تەسىرات پەيدا بولار؟! تەرجىمان بو-
لۇش سۈپىتىم بىلەن ماڭا مەلۇم بولغان ئىنكاس ۋە تەسىرات-
لار يۇقىرىقى ئىككى خىل ئىبارە بويىچە ئېيتقاندا، بىر - بى-
رىگە ئوخشىمايدۇ. بىرىنچى ئىبارىگە نىسبەتەن مۇجمەللىك،
تەرەددۇتلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولسا، ئىككىنچى ئىبارىگە
نىسبەتەن يەڭنى تۈرۈش، «قېنى ئەمىسە...» دەپ ئالقانغا تۈ-
كۈرۈپ سەپكە ئاتلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولىدىغانلىقى ئۆز -
ئۆزىدىن مەلۇم.

بۇ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى زىددىيەتلىك ھادىسە. مە-



سىلىنىڭ تۈگىنىمۇ شۇ يەردە.

بۇ تۈگۈننى يېشىش كېرەك، ئەلۋەتتە. مېنىڭچە، بۇ تۈ-
گۈننى يېشىشنىڭ يولىنى ئىككى تەرەپتىن تەتقىق قىلىپ
كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىرى، لۇغەتتىن ياردەم سوراش؛
يەنە بىرى، ستىلىستىكىدىن ياردەم سوراش. خەنزۇ تىلىدىكى
开发 سۆزى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئاساسەن، «ئاچ-
ماق»، «ئۆزلەشتۈرمەك»، «پايدىلانماق» دېگەن مەنىلەر بىلەن
ئىپادىلەنگەن. بىز تەكشۈرۈپ كۆرگەن كونا، ھازىرقى خەنزۇ
تىلىدىمۇ، رۇس تىلىدىمۇ، ئۆزبېك تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ
ئەنە شۇ لۇغەت مەنىسى بىلدۈرۈلگەن. ئەنە شۇ لۇغەت مەنىلى-
رىگە ئاساسەن، 开发 سۆزىنى 新疆 سۆزى بىلەن بىرىكتۈرۈپ،
«شىنجاڭنى ئېچىش» دەپ تەرجىمە قىلساق، مەنتىقىي چۈشەن-
چە جەھەتتىن مۇجمەللىك، ماسلاشماسلىق ھادىسىسى يۈز
بەرگەنىكەن، «شىنجاڭنى ئۆزلەشتۈرۈش» ياكى «شىنجاڭدىن
پايدىلىنىش» دەپ تەرجىمە قىلساق، مەنتىقىي جەھەتتىن يەنە
مۇجمەللىك، ماسلاشماسلىق ھادىسىسى يۈز بېرىشى تەبىئىي.
ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، «شىنجاڭنى ئېچىش...» دېگەن سۆز-
نىڭ قوللىنىلىشى، يەنىلا «لۇغەت» بىلەن چەكلىنىپ قالغان-
لىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.
ۋەھالەنكى، «لۇغەت» تىكى بەزى كونكرېت تەرجىمىلەر سۆز-
لەرنىڭ ئىچكى باغلىنىش قانۇنىيەتلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ
چىققان بۇنداق كونكرېت مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىشكە
ياردەم بېرەلمىگەن. بۇمۇ تاساددىپىي ھادىسە
ئەمەس. ياپونىيىلىك تەرجىمە مۇتەخەسسىسى
چۇەنبېنشياۋ مۇنداق دەيدۇ: تەرجىمىدىكى بەزى مەسى-
لىلەرنىڭ تۈگۈننى يېشىشتە «ئەپسۇسكى، لۇغەت بىزنىڭ مە-
سىلىمىزنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرەلمەيدۇ». فۇدەن داشۆنىڭ
چەت ئەل تىلى دوتسېنتى چېن ۋېيفىڭ: «...لۇغەتتىكى تەييار

تەرجىمە سۆزلەرنى گەپكە دانە دانلاپ قىستۇرۇشنىڭ ئۆزىلا مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ» دەيدۇ. ئامېرىكىلىق مەشھۇر تەرجىمان ھېلىن لېنى خانىم ئۆزىنىڭ بىر سۆھبەت خاتىرىسىدە: «بەزىلەر سۆزلەرنى بىر - بىرلەپ تەرجىمە قىلىپ، خۇددى كۇلۇبتا بىلەت نومۇرى بويىچە ئولتۇرغاندەك قاتار تىزىپ قويىدۇ، بۇنداق تەرجىمە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوراپ كۆچۈرگەن ئىنشا مەشقىنى ئەسلىتىدۇ»* دەيدۇ. لۇغەتتىكى سۆزلەرنى قاتىرىسىغا تىزىپ قويۇش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولىدىغان بولسا، ئۆز ئانا تىلىنى بىرقەدەر ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەردىن ئىككىنچى بىر خىل تىلنى، كونكرېت ئېيتقاندا، خەنزۇ تىلىنى يېزىق ھېسابىدا ئىككى - ئۈچ مىڭ ھەرپى بىلەن بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تەرجىمان بولۇپ قالار ئىدى، ياق، لۇغەتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەنلا ئادەمنىڭ تەرجىمە قىلالىشى ناتايىن، تەرجىمە قىلغان تەقدىردىمۇ، ھەتتا سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، مەنتىقىي چۈشەنچىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئادىتىگە مۇۋاپىق، ئوقۇشلۇق، ئېنىق بولۇشى ناتايىن. بۇ ئەھۋالنىڭ نۇرغۇن تەجرىبىلەر بىلەن ئىسپاتلىنىپ تۇرغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەلۋەتتە، بۇ مۇلاھىزىدىن. تەرجىمىدە لۇغەتنىڭ كېرىكى يوق، دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. لۇغەت — تەرجىماننىڭ ئاساسىي قورالى. ھەرقانچە كامالەت تاپقان تەرجىمانمۇ لۇغەتتىن ئايرىلالمايدۇ. لېكىن شۇنى ئەستە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، لۇغەت كونكرېت شارائىتتا سۆزلەرنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، ئەمما سۆزلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، شۇ ئاساستا ئۆز ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىق گەپ ياساش، جۈملە تۈزۈش جەھەتلىرىدە ئاجىزلىق قىلىدىغان تەرەپلىرىمۇ

*«پەن خەۋەرلىرى» نىڭ 1983 - يىل 5 - سانىنىڭ 47 - بېتىگە قاراڭ.



يوق ئەمەس. تەرجىمىدە ئەسلىدىكى لۇغەت بويىچە تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلالمىغاندا، كونكرېت تېكىستتىكى تۈپ مەتىننى ئاساس قىلغان ھالدا، مەنىداش ياكى كۆچمە مەنىلىك سۆزلەرنى قوللىنىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى — تەرجىمە سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى. پەرەز قىلىپ كۆرەيلى: ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇچاق بېشىدا داڭقان بار»، «كوزا كوندە سۇنمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بار. ئەگەر بۇ گەپلەرنى لۇغەتچىلاپ ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلساق، «كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان ئادەم بار»، «تاسادىپىي كېلىشمەسلىك بولماي قالمايدۇ» دېگەندەك مەنىلەرنى ئاڭلىتىش مۇمكىنمۇ؟ خەنزۇ تىلىدىكى “不怕一万，就怕万一” دېگەن گەپنى لۇغەتچىلاپ سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلساق، «كوزا كوندە سۇنمايدۇ» دېگەن ئوبرازلىق مەنىنى توغرا ئىپادىلەش مۇمكىن بولماس. چەت ئەل تىلى دوتسېنتى باۋجېڭنەن تەرجىمىدە مەنىنى توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، بەزى ھاللاردا، ھەتتا ئەسلى تېكىستتىكى كونكرېت سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش، قۇربان قىلىش زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىنگلىز تىلىدا «مۈشۈك تاغاردىن چىقىپ قالدى، ئەمدى ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي» دېگەن گەپ بار؛ بۇ گەپ «سىرىم ئاشكارىلىنىپ قالدى، ئەمدى راستىنى ئېيتىپ بېرەي» دېگەن مەنىدە. دېمەك، تەرجىمىدە ھەربىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتىنى، تىل ئادىتىنى، چۈشەنچە جەھەتتىن قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىنى نەزەردە تۇتۇش زۆرۈر. بۇنداق مىساللار رۇس تىلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. 四化 ياكى 四个现代化 دېگەن ئىبارە ئۇيغۇر تىلىدا «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» دېگەن شەكىل بىلەن ئۆزلىشىپ قالدى. لېكىن رۇس تىلىدا بۇنداق شەكىل تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، «تۆت جەھەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش» دېگەن شەكىل بىلەن قېلىپلاشتۇرۇپ تەرجىمە

قىلىنماقتا. بۇ مىساللار ۋە مۇلاھىزىلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۈكى، تەرجىمىدە ئەگەر مەسىلىنى لۇغەت بىلەن توغرا ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىسا، تۈپ مەنىنى مەركەز قىلغان ھالدا مەنىداش ياكى كۆچمە مەنىلىك سۆزلەرنى قوللىنىش يولى بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەرقانداق گەپ، جۈملە، ئەسەر مەز-مۇن ۋە شەكىلدىن، يەنى ئىككى ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرا تەرجىمىنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكىل جە-ھەتتىن بىردەك بولۇپ چىقىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھەم-مىمىز ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن بۇ «بىردەك» لىكنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرىش كېرەك؟ گەپ ئەنە شۇ يەردە. تەرجىمىشۇ-ناسلىقتىكى مەركىزىي مەسىلىمۇ ئەنە شۇ يەردە. ھەر خىل تىلنىڭ فونېتىكا، مورفولوگىيە، گراماتىكا، ستىلىستىكا قاتارلىق جەھەتلەر-دىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. تەرجىماننىڭ ۋەزى-پىسى ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەرنى توغرا چۈشىنىپ، شۇ توغرا چۈشىنىلگەن مەنىنى ئۆز تىلىنىڭ قائىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى تەلەپ قىلغان ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئېنىق ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. يولداش ئىبراھىم ئەھمىدى «تەرجىمە ۋە تەھرىرلىكتە ستىلىستىكىلىق ئەمگەكنىڭ مۇھىم-لىقى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا تەرجىمە ئەمەلىيە-تىدىكى بۇنداق ئىپادىلەش سەنئىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ پەرقلىق ئىپادىلەش شەكىللىرىدىن توغرا ۋە ئىلمىي پايدىلىنىش، تەر-جىمە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئىنچىكە ستىلىستىكىلىق سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئىپادىلەش سەنئىتىدە زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئۆتكەنلىكنىڭ روشەن ئىپادىسى دېسە خاتا



بولماس.»* تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە مەسىلىلەرنى لۇغەتچىلەپ تەرجىمە قىلىش يولى بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، تەرجىمە ئىشى تولىمۇ ئاسان بىر ئىش بولغان بولاتتى، تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەر تۆكۈشنىڭ ھاجىتى بولمىغان بولاتتى، ئەسلى تېكىستتىكى سۆزلەرنى بىر - بىرلەپ تەرجىمە قىلىپ، قاتىرىسىغا تىزىپ قويۇش بىلەنلا ئىش تۈگىگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. لۇشۈن: «لۇغەت قوۋۇمدىن چۈشمەيدۇ، تېنىمدىن تەر قۇرۇمايدۇ» دەيدۇ. بۇ مەشھۇر سۆز تەرجىمىدە لۇغەتنىڭ رو-لىدىن باشقا يەنە ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىلىمنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئىلىمنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇستا تەرجىمە سەنئەتكارى، ماھىرى بولۇش ئۈچۈن، يەنى قابىل تەرجىمان بولۇش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. تەرجىمىدە سۆزنى توغرا تاللاش ئۇسۇلى، سۆزلەر-نىڭ بىرىكىش قانۇنىيەتلىرىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى، خاس ئىسىملارنى توغرا تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى، سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى، ماقال - تەمسىللەرنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى، سان ۋە ئالماشلارنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى، سۆزلەرنى كېمەيتىپ ياكى قوشۇپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى، مۇرەككەپ جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى، تەر-جىمىدە مەنىداش ياكى كۆچمە مەنىلىك سۆزلەرنى قوللىنىش ئۇسۇلى ۋە شۇ قاتاردا فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، ستىلىستىكا، لوگىكا قاتارلىق بىلىم ۋە ئىلىملەرنىڭ تەرجىمە كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ۋە ئۇلاردىن خەۋەردار بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىمۇ تەرجىمە ئىشىنىڭ جاپالىق، ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

*«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 1 - سان، 3 - بېتىگە قاراڭ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن مەلۇمكى، تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستنى توغرا چۈشىنىش ۋە شۇ چۈشەنچىنى ئۆز تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە توغرا، تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تەرجىماننىڭ لۇغەتتىن پايدىلىنىشىنىڭ سىرتىدا يەنە گەپنى گەپكە قوۋۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئاساستا قاتتىق باش قاتۇرۇش، ئەستايىدىل ئىزدىنىش، مەنتىقىي تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. 开发新疆، 开发森林، 开发草原، 开发水源، 开发智力 دېگەن سۆزلەرنى «شىنجاڭنى ئېچىش»، «ئورماننى ئېچىش»، «ئوتلاقنى ئېچىش»، «سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش»، «ئەقىل كۈچىنى ئېچىش» ۋەھاكازا دەپ تەرجىمە قىلساق، بۇ «تەرجىمە تىلى» دىن چۈشىنىلگەن ئۇقۇملاردىن پەيدا بولغان ھېسسىياتلارنىڭ ئەسلى تېكىستتىكى مەنىگە نىسبەتەن خىلمۇ خىل بولۇۋاتقانلىقى ئەمەلىي پاكىت. «شىنجاڭنى ئېچىش» دېگىنىمىزدە مەنىنىڭ مۇجمەللىكى روشەن پاكىت؛ «ئورماننى ئېچىش، ئوتلاقنى ئېچىش» دېگىنىمىزدە «ئورمانلىقنى، ئوتلاقنى تېرىلغۇ يەرگە ياكى باشقا بىر يەرگە ئايلاندۇرۇش» دېگەندەك يەنە بىر خىل مەنىگە تارتىپ كېتىش ئېھتىمالى يىراق ئەمەس؛ «ئەقىل كۈچىنى ئېچىش» دېگىنىمىزدە «تەرجىمە تىلى» بىلەن زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمىز ھەر ھالدا قىيىن؛ «سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش» دېگىنىمىزدە مەنىنىڭ روشەن ھەم توغرا ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ تەسىراتلار، ئۇقۇملار تەرجىمىدە سۆزلەرنى بىر-بىرلەپ تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇلارنى سىنتاكسىس قائىدىسى بويىچە بىرىكتۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، شۇ سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بىر خىل تىلدىكى بىرىكىش قانۇنىيىتى، مەنتىقىي ئۇقۇمى، ئىستېمالدىكى ئۈنۈمى قاتارلىق جەھەتلىرىدىنمۇ باش قاتۇرۇپ ئىزدى-



نىش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. 开发智力 دېگەن سۆزنىڭ «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش» دەپ، 智力投资 دېگەن سۆزنىڭ «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى، خۇددى 发展党员 دېگەن سۆزنىڭ «پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئەمەس، «پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغىنىدەك، مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن تەرجىمە ماھارىتى بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىك تەرجىمانلارغا ئۈلگە بولماقتا، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

ئەنە شۇنداق مۇلاھىزە ۋە ئۈلگىلەرگە ئاساسلانغاندا، بولۇپمۇ ئەسلى تېكىستنىڭ مەنتىقىي چۈشەنچىسى بىلەن تەرجىمىدىكى مەنتىقىي چۈشەنچىنىڭ بىردەك بولۇش پرىنسىپىنى ئۆلچەم قىلغاندا، 开发 سۆزىنى كونكرېت ئورۇندا كونكرېت ئۇسۇل قوللىنىپ تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلغان تۈزۈك بولسا كېرەك. بۇ سۆز ئەگەر «غەربىي شىمال» ياكى «شىنجاڭ» بىلەن بىرىكىپ كەلسە، ئۇ ھالدا «غەربىي شىمالنىڭ ياكى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئېچىش» دەپ ۋە ياكى «غەربىي شىمالنى ياكى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن؛ «ئورمان» ياكى «ئوتلاق»، «سۇ»، «كان» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلسە، ئۇ ھالدا «ئورماندىن، ئوتلاقتىن پايدىلىنىش» ياكى «ئورمان، ئوتلاق مەنبەلىرىنى ئېچىش» دەپ، «سۇ مەنبەلىرىدىن، كان بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش» ياكى «سۇ مەنبەلىرىنى، كان بايلىقلىرىنى ئېچىش» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ تېخى پۈتمىگەن لايىھە، يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىجتىھاتلىق تەرجىمانلار، مۇھەررىرلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە كىتابخانلار ھەر جەھەتتىن تىرىشساق، ئورتاق نەتىجىگە ئېرىشىشىمىزدە شەك يوق.

شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتكۈم كېلىدۇكى، سىمانتىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىر قىسىم سۆزلەر كۆپ مەنىلىك بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بىرىكىش خۇسۇسىيىتىمۇ ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشتە ئالاھىدە چەكلىمىدىن خالى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنىسى تار بولۇش بىلەن بىللە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى 引进 دېگەن سۆزنى مىسالغا ئالساق، شەكلەن قارىغاندا «كىرگۈزمەك» دېگەن مەنىنى بەرسىمۇ، ماھىيەتتە «باشقا ئەلدىن ياكى باشقا يەردىن كىرگۈزمەك» دېگەن كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 引进先进技术 دېگەن سۆز ئەنە شۇنداق كەڭ مەنىسى بويىچە كونكرېت ئورنىغا قاراپ «چەت ئەلدىن ياكى باشقا جايدىن ئىلغار تېخنىكىنى كىرگۈزۈش» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «ئىلغار تېخنىكىنى كىرگۈزۈش» دېگەندەك ئېنىقسىز، تولۇقسىز تەرجىمىگە قارىغاندا، مەنىنىڭ دەل، روشەن بولۇشى تەبىئىي. بۇ ھادىسە خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىشلەۋەردى»، «سۆزلەۋەردى» دېگەن سۆزنىڭ «داۋاملىق»، «ئىزچىل» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشايدۇ. 开发 دېگەن سۆزمۇ يەككە ھالىتى بويىچە قارىغاندا، «ئېچىش، ئاچماق» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلاتسىمۇ، ماھىيەتتە جەھەتتىن ئالغاندا، تېخى ئېچىلمىغان شەيئىنى ئېچىش، ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن شەيئىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولسا پايدىلىنىش، راۋاجلاندۇرۇلمىغان بولسا راۋاجلاندۇرۇش، گۈللەندۈرۈش دېگەندەك كەڭ مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئېچىش» دېگەن سۆز مەنە جەھەتتىن تار ھەم چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن «شىنجاڭ» ياكى «غەربىي شىمال» ۋە ياكى «ئورمان»، «يايلاق»، «ئەقىل»، «سۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىرىككەندە، مەنىسىنى ئۇقۇم جەھەتتىن تولۇق، كەڭ ۋە توغرا



مەنىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن. بۇنداق شارائىتتا، خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئەسلى تېكىستنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنگەن ئاساستا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە، مەنتىقىسىغا رىئايە قىلغان ھالدا «ئۆزلەشتۈرۈپ» تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىش» ئۇسۇلى خىيالىي ئويدۇرما ئەمەس، تەرجىمە ئىلمىگە ئۇيغۇن ئۇسۇل. تەرجىمە ئىلمى بويىچە ئالغاندا، ئەسلى تېكىستتىكى پىكىر، مەنە شۇ تېكىستنىڭ، شۇ ئەسەرنىڭ مېغىزى؛ شۇ تېكىست ئەسەردىكى پىكىرنى، مەنىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان سۆز، بىرىكمە، جۈملە تۈزۈلۈشى قاتارلىق ئامىللار بولسا ئۇنىڭ پوستى. مېغىز بىلەن پوست (شاكال) بىر - بىرى بىلەن چەمبەرچاس مۇناسىۋەتلىك. لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا، كېرىكى شاكال ئەمەس، مېغىز. شۇنىڭ ئۈچۈن. تەرجىمە مۇتەخەسسىسى خ. راپروتىسكى تەرجىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقى ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنداق يازىدۇ: «...چوكى بىلەن كېچىكنى، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنىنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولغان ھەمدە ئاڭلىق ھالدا چوكىنى قوبۇل قىلىپ، كېچىكنى تاشلىۋېتىشتىن ئايانمايدىغان كىشىلەرلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مۇشۇنداق بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.»* بۇ يەردىمۇ گەپ مېغىز بىلەن شاكالنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە بارىدۇ. مېغىز بىلەن شاكالنىڭ قايسىسى ئاساسىي ئورۇندا، قايسىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولماي، شاكالغا، يەنى شەكىلگە ئارتۇقچە بېرىلىپ،

*«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 1 - سان، 43 - بەتكە قاراڭ.

مەزمۇنىنى ئەمەس، شەكلىنى تۈرگە چىقىرىپ قويساق، كۆلەڭگىلىك ئەھۋال يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ. تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىش، شۇ چۈشەنچىلەرنى ئۆز تىلىدا توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، تەرجىماننىڭ ئالدىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى شەكىل ئەمەس، مەزمۇن. بۇ قائىدىگە ئەمەل قىلغان تەرجىمان جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى، ئۇلارنىڭ بىرىكىشىنى ئۆز ئەدەبىي تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە چېكىپ كۆرۈپ، ئالدى - كەينىدىكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماسلىشىش، قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە قاراپ، مۇۋاپىق ئورنىنى تاللاپ، دەل توغرا كېلىدىغان ئورنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ تىرىشىش جەريانىنى تەرجىمە نەزەرىيىسىگە ئاساسەن دەل «ئۆزلەشتۈرۈش جەريانى» دەپ ئېيتىش مۇمكىن. مۇشۇ «ئۆزلەشتۈرۈش جەريانى» نى بېسىپ ئۆتۈش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. ھەتتا لۇشۈنمۇ بۇ «جەريان» نى بېسىپ ئۆتۈش يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن «بىرنەچچە تال بۇرۇتۇمنى يۇلۇپ تاشلىغانلىقىمنىمۇ سەزمەي قالغانىدىم» دېگەن. بۇ ئانچىكىلا ئېيتىلغان گەپ ئەمەس، ئەمەلىي تەجرىبىدىن چىققان گەپ. بۇنداق جەرياننىڭ مۇشكۈللۈكى توغرىسىدا قايسىبىر تەرجىمە نەزەرىيىچىسى مۇنداق ئوبرازلىق مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان: «تىل سىستېمىسى ئوخشاش بولمىغان بىر مىللەتنىڭ تىلى بىلەن يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر مۇساپە بولىدۇ. ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى بىلەن تەرجىماننىڭ چۈشىنىشى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا مۇساپە بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، شۇ ئۇزۇن مۇساپىنى قەدەممۇ قەدەم بېسىپ ئۆتۈپ، ئىككىنچى بىر مىللەتكە ساق - سالامەت يەتكۈزۈش — خېلى مۇشكۈل بىر سەپەر. بۇ سەپەردە سىلكىنىش، چايقىلىش، بوران ياكى يامغۇرغا



ئۇچراش، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىش تۈپەيلىدىن، ئامانەتنى بەزى زىيانغا ئۇچرىتىش ياكى ھەتتا يوقىتىپ قويۇشمۇ مۇمكىن.» ئەلۋەتتە، بۇ مۇلاھىزە تەرجىمىنىڭ قىيىنلىقى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان. بۇنداق قىيىنچىلىق ئىجتىھاتلىق تەرجىماننى ئۈركىتەلمەيدۇ، مەسئۇلىيەتچان تەرجىمان تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ھەرقانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ، تەرجىمە ئامانىتىگە خىيانەت قىلىشنى، ئۇنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى، ھەتتا يوقىتىپ قويۇشنى ئۆزىگە ئار - نومۇس بىلىدۇ. لېكىن ئىككى مىللەتنىڭ تىل خۇسۇسىيىتى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقى، كونكرېت سۆزلەرنىڭ، مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى 开发 سۆزى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئېچىش» سۆزىنىڭ كونكرېت سۆز مۇھىتىدىكى ئەھمىيىتى، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش خۇسۇسىيىتى ۋە شۇنداق بىرىكىشتىن ئىپادىلەنگەن مەنتىقىي چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، تەرجىمە ئۇنۇمىنىڭمۇ پەرقلىق بولىدىغانلىقى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت. بۇ ئەمەلىيەت تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەرجىمە قائىدىلىرىدە ئۆزىگە خاس پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئوبدان تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر ياكى جۈملىلەرنى «ئەجەبمۇ ياخشى بوپتۇ!» دەپ ئاپىرىن ئوقۇيمىز. ۋەھالەنكى، دەل شۇ ئەسەر ياكى جۈملىلەرنى ئەسلى خەنزۇ تىلىغا ئەينەن ياندۇرۇپ تەرجىمە قىلساق، بەزى ھاللاردا «داڭقانپۇتى» بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ. بۇنداق قارىمۇ قارشىلىق كۆپ ھاللاردا مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە ۋاسىتىچىلىك قىلىدىغان شەكىلنىڭ ھەر مىللەتكە نىسبەتەن پەرقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن، شۇ خۇسۇسىيەتلەر تەرجىمىدە ئۆز ئانا تىلىنىڭ تىل ئادىتىگە، قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنغان ھالدا ئۆزلەشتۈرۈلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

دېمەك، تەرجىمىنى توغرا، چۈشىنىشلىك، راۋان قىلىش ئۈچۈن،

تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە «ئۆزلەشتۈرۈش» سەنئىتىنى، ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا، يەنى تەرجىمىنى قوبۇل قىلغۇچى ئاممىنىڭ شەكلەن ئەمەس، قەلبەن قوبۇل قىلىشىنى، قايىل بولۇش ئىمكانىيىتىنى، يەنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئەمەلىيەت — تەرجىمىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم.

تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى، قائىدىسى، نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى تەلىمات، ئېقىم ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر، مەسىلەن، «دۇرۇس، راۋان، گۈزەل» بولۇش تەلىماتى، «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە، مەنە تەرجىمە» تەلىماتى، «تەڭ قىممەت» تەلىماتى، «مەنسەن ئوخشىتىش» ئېقىمى، «ئۆزلەشتۈرۈش» ئېقىمى ۋەھاكازالار دۇنيادا تەرجىمە تارىخىدىن تارتىپ، ھازىرغىچە تەرجىمانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىپ كەلمەكتە. بىز تەلىمات، ئېقىم ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر 40 - يىللاردىن تارتىپ، بولۇپمۇ 50 - يىللاردىن بۇيان، بىز ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتىپ كەلمەكتە، لېكىن بۇ ساھەدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىمىز تېخى ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك ئومۇملىشىپ بارغىنى يوق. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىمىز دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، ئۆتمۈشتىكى ھالەتلەرنىڭ ئەكسىچە، تەرجىمە تەتقىقاتىدا يېڭى ۋەزىيەت باشلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال كىشىنى خۇرسەن قىلىدۇ. مۇشۇنداق بىر ياخشى ۋەزىيەتتە، گەپنى «شىنجاڭنى ئېچىش...» دېگەن بىرىكمە سۆزنىڭ تەرجىمىسىدىن باشلاپ، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ مۇلاھىزىلىرىم ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتلىرىمنىڭ خاتىرىسىدىنلا ئىبارەت، كەمچىلىك ۋە خاتالىقتىن خالى دەپ ئېيتالمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، تەرجىمە تەتقىقاتچىلىقىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى، بۇ ساھەدە تېخىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن!



## سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

بىز ئادەتتە بىر ئوي - پىكرىمىزنى ئېغىز ياكى يېزىق ئارقىلىق ئۇقتۇرىمىز. بىر ئوي - پىكىرنى بىلدۈرۈشتە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

«بىز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز.» “我们爱祖国”

بۇ يەردە «بىز»، «ۋەتەن»، «سۆيۈش» سۆزلىرى، يەنى ئايرىم - ئايرىم سۆزلەر تۈرلۈك قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ، پۈتۈن بىر ئوي - پىكىرنى ئاڭلاتقان.

“我们全国各族人民要以无比坚强的信念热爱伟大的社会主义祖国。”

«بىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى تەڭداشسىز مۇستەھكەم ئىشەنچ بىلەن قىزغىن سۆيىمىز.»

بۇنىڭدا بىر ئوي - پىكىر ئۈچ سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئاڭلىتىلغان. دېمەك، ئايرىم - ئايرىم سۆزلەر بەلگىلىك تەرتىپتە ئۆزئارا چىڭ باغلىنىپ كەلگەن ھالدا جۈملە ھاسىل قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ئايرىم - ئايرىم سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە ئۆزئارا بىرىكىپ، سۆز بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلىشى بىلەنمۇ جۈملە ھاسىل قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، سۆز بىرىكمىسى ئايرىم - ئايرىم سۆزلەرنىڭ شاخلىشىدىن ئىبارەت

بولۇپ، مەنە جەھەتتىن تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

يەنە يۇقىرىقى مىسالنى ئالايلى، «بىز» سۆزى «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى» دېگەن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىنىڭ بىرىكىشى ئارقىسىدا، «پۈتۈن مەملىكەت» دېگەن سۆزلەر «ھەر مىللەت خەلقى» دېگەن سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك ۋەزىپە بىلەن بىرىكىشى ئارقىسىدا، «ۋەتەن» سۆزى «ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك» دېگەن سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك ۋەزىپە بىلەن بىرىكىشى ئارقىسىدا، «سۆيۈش» سۆزى «تەڭداشسىز، مۇستەھكەم، ئىشەنچ، قىزغىن» دېگەن سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك ۋەزىپە بىلەن بىرىكىشى ئارقىسىدا سۆز بىرىكمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

## سۆز بىرىكمىسىنىڭ رولى

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جۈملە ئايرىم – ئايرىم سۆزلەردىن ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. لېكىن بىر بىرىگە چىڭ باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكمىسى جۈملە ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بىرەر تولۇق ئوي – پىكىرنى ئاڭلىتالمايدۇ. مەسىلەن:

"伟大、光荣、正确的中国共产党。"

«ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دېگەن سۆزلەر مۇكەممەل بىر ئوي – پىكىرنى ئاڭلىتالمايدۇ. ئۇ سۆزنى ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان كىشى چوقۇم سۆزنىڭ ئاخىرىنى، خەۋىرىنى كۈتىدۇ، چۈنكى بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا بىرەر ئوي – پىكىرنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، قانائەت ھاسىل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆز بىرىكمىسىنىڭ خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسىدا "短语" (چولتا گەپ، كەمتۈك گەپ) دەپمۇ ئاتىلىشىدىكى سىرمۇ ئەنە شۇ يەردە.

سۆز بىرىكمىسى مەيلى ئىككى سۆزدىن ياكى بىرقانچە



سۆزدىن قۇرۇلغان بولسۇن، مەيلى بىرلا سۆز بىرىكمىسى بولسۇن ۋە ياكى بىر ھەتتا بىرنەچچە سۆز بىرىكمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوشما سۆز بىرىكمىسى بولسۇن (بۇ ھەقتە ئايرىم توختالمىمىز)، جۈملىدە خۇددى ئايرىم – ئايرىم كەلگەن سۆزلەرگە ئوخشاشلا بىرلا سۆزنىڭ، لېكىن ئۇقۇم جەھەتتىن تېخىمۇ تولۇق، روشەن بولغان بىر سۆزنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

"彻底的唯物主义者是无所畏惧的，我们希望一切同我们共同奋斗的人能够勇敢地负起责任，克服困难，不要怕挫折，不要怕有人议论讥笑，也不要怕向我们共产党人提批评建议"。

«ئۇزۇل – كېسىل ماتېرىيالىستلار ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، بىز بىز بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان، قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقمايدىغان، كىشىلەرنىڭ گەپ – سۆزلىرى ۋە مەسخىرىسىدىن قورقمايدىغان، شۇنىڭدەك بىز كوممۇنىستلارغا تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىشتىن قورقمايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

بۇنى ئايرىم – ئايرىم سۆزلەردىن قۇرۇلغان جۈملە تەقلىتىدە تەھلىل قىلساق مۇنداق بولۇپ چىقىدۇ:

"唯物主义者是无畏的，我们希望人们负起，克服，不要怕，不要怕，不要怕。"

«ماتېرىيالىستلار قورقمايدۇ، بىز كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان، يېڭىدىغان، قورقمايدىغان، قورقمايدىغان، قورقمايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

دېمەك، قوشما جۈملىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ئىگە، خەۋەر- دىن، ئىككىنچى بۆلىكى ئىگە، خەۋەردىن تۈزۈلگەن.

ئەگەر سۆز بىرىكمىلىرى بويىچە ھەل قىلساق، جۈملىنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈشى ئوخشاشلا ئىگە، خەۋەر، ئىگە، خەۋەر بولۇپ چىقىدۇ:

“彻底的唯物主义者是无所畏惧的。”

«ئۈزۈل كېسىل ماتېرىيالىستلار ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ.»

“我们希望一切同我们共同奋斗的人能够勇敢地负起责任，克服困难，不要怕挫折，不要怕有人议论讥笑，也不要怕向我们共产党人提批评建议。”

«بىز بىز بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان، قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقمايدىغان، كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە مەسخىرىسىدىن قورقمايدىغان، شۇنىڭدەك بىز كوممۇنىستلارغا تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىشتىن قورقمايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

دېمەك، يۇقىرىقى قوشما جۈملە جەمئىي 8 سۆز بىرىكمىسى بىلەن كەلگەن.

1. 彻底的唯物主义者
ئۈزۈل - كېسىل ماتېرىيالىستلار

2. 无所畏惧
ھېچنېمىدىن قورقماسلىق (A)



3. 一切同我们共同奋斗的人
بىز بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق كىشىلەر

4. 勇敢地负起责任
مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش

5. 克服困难
قىيىنچىلىقنى يېڭىش

6. 不要怕挫折
ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقماسلىق

(A) سۆزلەر بىرىكمىسىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىرىكمىدە باش سۆز بولۇپ كەلگەن پېئىللار شەخس، زامان، بىرلىك ھەم كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ھەرىكەت نامى تەقلىتىدە ئېلىندى.

7. 不要怕有人议论讥笑
كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە مەسخىرىسىدىن قورقماسلىق

8. 不要怕向我们共产党人提批评建议
بىز كوممۇنىستلارغا تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىشتىن قورقماسلىق

سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ، يەنى جۈملىدە ھەر خىل روللارنى ئوينايدۇ.

“模范的共产党员” دېگەن بىرلا سۆز بىرىكمىسىنى مىسال كەلتۈرەيلى.

1. “模范的共产党员是一个光荣称号。”

«ئۈلگىلىك كوممۇنىست — شەرەپلىك نام.»

ئىزاھ: ئۈزۈن سىزىقلار سۆزلەر بىرىكمىسى؛ قوش سىزىقلار شۇ بىرىكمىلەردىكى باش سۆز.

2. “雷锋是模范的共产党员。”

«لېي فېڭ — ئۈلگىلىك كوممۇنىست.»

3. “我要争取做一个模范的共产党员。”

«ئۈلگىلىك كوممۇنىست بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.»

4. “模范共产党员的先进事迹值得我们努力学习。”

«ئۈلگىلىك كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى بىزنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.»

5. “作为一个模范的共产党员，雷锋为人民献出了性命。”

«ئۈلگىلىك كوممۇنىست بولغىنى هالدا، لېي فېڭ خەلق ئۈچۈن ئۆز هاياتىنى قۇربان قىلدى.»

ئوخشاش بىر سۆز بىرىكمىسى جۈملە تەركىبىدە جۈملىنىڭ هەر خىل بۆلەكلىرى بولۇپ كېلىدۇ. يۇقىرىقى 1 - مىسالدا ئىگە، 2 - مىسالدا خەۋەر، 3 - مىسالدا تولدۇرغۇچى، 4 - مىسالدا ئېنىقلىغۇچى، 5 - مىسالدا رەۋىش (هال) بولۇپ كەلگەن.

بۇنداق سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە مەيلى جۈملىنىڭ قايسى بۆلىكى بولۇپ كەلسۇن، ئۇلار بىر ياكى بىرنەچچە سۆزدىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، جۈملىنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، خۇددى بىر ياكى بىرقانچە شېخى بار بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشاش، بىر سۆزنىڭلا ئورنىدا رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنى جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە ياكى باشقا سۆز بىرىك-



مىلىرىگە ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. «ئۈلگىلىك بولغىنى هالدا كوممۇنىست» دېيىش مۇمكىن ئەمەس. «ئۈلگىلىك ۋە كوممۇنىست» دېيىش هەم مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق بولغاندا، ئۇ سۆز بىرىكمىسى بولالمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئەسلى مەنىنى بۇزۇپ قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆز بىرىكمىسىنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپلىرىنى ئوبدان ئىگىلەش ۋە توغرا چۈشىنىش جۈملىنى تەهلىل قىلىشتا ۋە چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

## سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى

يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدەك، سۆز بىرىكمىسى گىرامماتىكا جەهەتتىكى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، بىرقانچە سۆزدىن قۇرۇلغان، پۈتۈن بىر ئوي - پىكىرنى ئاڭلىتالمايدىغان «چولتا» گەپتىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ «چولتا» لىقى شەكىلدە ئەمەس، پەقەت مەنىسىدىلا ئىپادىلىنىدۇ.

“中央民族学院的学生” (مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى) — بۇ بىر سۆز بىرىكمىسى. “他是学生” (ئۇ — ئوقۇغۇچى) — بۇ جۈملە. ئايرىم - ئايرىم سۆز ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا، يۇقىرىقى سۆز بىرىكمىسى «ئۇ — ئوقۇغۇچى» دېگەن تولۇق بىر ئوي - پىكىرنى ئۇقتۇرىدىغان، ئىككىلا سۆزدىن قۇرۇلغان جۈملىگە قارىغاندا، تولۇق بىر ئوي - پىكىرنى ئاڭلىتالمايدۇ. دېمەك، شەكىل جەهەتتىن قارىغاندا، بەزى سۆز بىرىكمىلىرى هەتتا ئەڭ قىسقا جۈملىلەردىن بىرنەچچە هەسسە ئۇزۇن بولۇپمۇ كېلىدۇ. هەتتا ئۇزۇن سۆز بىرىكمىسى ياكى بىرنەچچە قىسقا سۆز بىرىكمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

“每一个共产党员，一定要学习白求恩同志的这种真正共产主义精神。”

«ھەربىر كوممۇنىست يولداش بېتيۇننىڭ ھەقىقىي كوممۇنىزمچىلارغا خاس بۇنداق روھىنى جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەك.»

بۇ جۈملىدىكى «يولداش بېتيۇننىڭ ھەقىقىي كوممۇنىزمچىلارغا خاس بۇنداق روھىنى جەزمەن ئۆگىنىش» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى مۇنداق دېيىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، بۇ بىر سۆز بىرىكمىسى. بۇنىڭدىكى باش سۆز — «ئۆگىنىش»؛ «جەزمەن» دېگەن ھال بولسا «ئۆگىنىش» دېگەن باش سۆزنى ئېنىقلاپ كەلگەن؛ «يولداش بېتيۇننىڭ ھەقىقىي كوممۇنىزمچىلارغا خاس بۇنداق روھى» — بۇمۇ بىر سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، «نى» قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن «ئۆگىنىش» سۆزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «يولداش بېتيۇننىڭ ھەقىقىي كوممۇنىزمچىلارغا خاس بۇنداق روھى» بىر سۆز بىرىكمىسى بولغان ھالدا، باش سۆز «روھ» نى تولدۇرۇپ، ئېنىقلاپ كېلىدۇ، يەنى «يولداش بېتيۇن» ۋە «ھەقىقىي كوممۇنىزمچىلارغا خاس» دېگەن سۆزلەر بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى باش سۆز «روھ» نى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، «ھەقىقىي كوممۇنىزمچى» — بۇ ھەم بىر سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، «ھەقىقىي» سۆزى «كوممۇنىزمچى» نى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا بېقىندا بولۇپ كەلگەن.

قىسقا سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن سۆز بىرىكمىلىرى، قارىماققا مۇرەككەپتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن گراماتىكا نۇقتىسىدىن ئۇنى ئۇزۇن جۈملىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز دەپ



قارايدىغان بولساق، چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس.

ئاساسەن مۇنداق تۆت خىل سۆز بىرىكمىسى ئۈستىدە توختىلىمىز:

تەڭداش سۆزلەر بىرىكمىسى، بېقىندى باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىرىكمىسى، باشقۇرۇش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىرىكمىسى، ئىگە ۋە خەۋەرلىك سۆزلەر بىرىكمىسى.

### A. تەڭداش سۆزلەر بىرىكمىسى

بۇنداق سۆز بىرىكمىسىدىكى سۆزلەرنىڭ رولى تەڭ-باراۋەر، ئوخشاش بولىدۇ، بىر-بىرىنى باشقۇرمايدۇ، بىر-بىرىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

“矛盾和斗争是普遍的、绝对的。”

«زىددىيەت ۋە كۈرەش ئومۇمىي، مۇتلەق بولىدۇ.»

“指导我们思想的理论基础是马克思列宁主义。”

«بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزەرىيىۋى ئاساس — ماركسىزم-لېنىنىزم.»

تەڭداش سۆزلەر بىرىكمىسى جۈملىدە مەيلى ئىگە، خەۋەر ياكى تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ياكى رەۋىش بولۇپ كەلسۇن، خۇددى جۈملىنىڭ بىرەر بۆلىكى بولۇپ كەلگەن بىر سۆز ئورنىدا رول ئوينايدۇ.

بۇنداق سۆزلەر بىرىكمىسى، خۇددى يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگەندەك، گاھىدا تىنىش بەلگىلىرى، گاھىدا «ۋە»، «ھەم» دېگەندەك باغلىغۇچىلار بىلەنمۇ كېلىشۋېرىدۇ.

“这一工作，是艰巨而光荣的。”

«بۇ خىزمەت مۇشكۇل ۋە لېكىن شەرەپلىك.»

تەگداش سۆزلەر بىرىكمىسى قىسقا سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن سۆز بىرىكمىسى بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

“群众生产，群众利益，群众经验，群众情绪，这些都是领导干部们应时刻注意的。”

«ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، ئاممىنىڭ مەنپەئىتى، ئاممىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئاممىنىڭ كەيپىياتى — مانا بۇلارغا رەھبىرىي كادىرلار ھەر دائىم دىققەت قىلىشى لازىم.»

قىسقا سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى قىسقا سۆز بىرىكمىلىرى گىراممатىكا نۇقتىسىدىن يەنىلا بىر سۆز (ئەلۋەتتە، ئۇقۇم جەھەتتىن تولۇقلانغان، روشەنلەشكەن سۆز) ئورنىدا قارىلىدۇ. بۇنداق ئۇزۇن سۆز بىرىكمىسىدىكى قىسقا سۆز بىرىكمىلىرىمۇ بىر-بىرىگە بېقىنمايدۇ، بىر-بىرىنى باشقۇرمايدۇ، شۇ ئۇزۇن سۆزلەر بىرىكمىسىدە بىر-بىرىدىن مۇستەقىل، باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ.

تەگداش سۆزلەر بىرىكمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى مۇنداق فورمۇلا بىلەن كۆرسىتىش مۇمكىن:

(1) ئات + ئات (مەسىلەن: ئەدەبىيات-سەنئەت؛ ئىشچى، دېھقان).

(2) پېئىل + پېئىل (مەسىلەن: بىر يىغلاپ، بىر كۈلۈپ؛ گاھ مېڭىپ، گاھ توختاپ).



(3) سۈپەت + سۈپەت (مەسىلەن: ھەم قىزىل، ھەم يېشىل؛ ھەم يىغلاڭغۇ، ھەم كۈلگۈنچەك).

تەگداش سۆزلەر بىرىكمىسىدىكى سۆزلەر (شۇ جۈملىدىكى ئۇزۇن سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى قىسقا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ باش سۆزلىرى — مەسىلەن، يۇقىرىقى ئۇزۇن سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى «ئىشلەپچىقىرىش، مەنپەئەت، تەجرىبە ۋە كەيپىيات») كۆپ ھاللاردا تۈر جەھەتتىن ئوخشاش خاراكتېردە بولغان سۆزلەردىن بىرىكىدۇ. يەنى بۇنداق سۆز بىرىكمىسىدىكى سۆزلەر ياكى قاتار ئاتلاردىن، ياكى قاتار پېئىللاردىن، ياكى قاتار سۈپەتلەردىن بولۇپ كېلىدۇ.

بۇ، تەگداش سۆز بىرىكمىسىنىڭ تۈزۈلۈش خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن: “理想和志愿” (غايە ۋە خاھىش) — بۇ ئىككى ئاتتىن تەركىب تاپقان سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، بۇ بىرىكمە سۆز تۈركۈمى بويىچە ئات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

“讨论并决定” (مۇزاكىرىلەشتى ھەم قارار چىقاردى) — بۇ ئىككى پېئىلدىن تەركىب تاپقان پېئىل خاراكتېرلىك سۆزلەر بىرىكمىسى.

“艰巨而光荣” (مۇشكۇل ۋە لېكىن شەرەپلىك) — بۇ ئىككى سۈپەتتىن تەركىب تاپقان سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، جۈملىدە سۈپەت خاراكتېرى بىلەن رول ئوينايدۇ.

بۇنداق سۆز بىرىكمىسىدىكى سۆزلەر ئورۇن تەرتىپى جەھەتتە، تەرجىمىدە خەنزۇ تىلىنىڭ تەرتىپى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن بەزى ھاللاردا ئادەتتىكە قاراپ بۇنداق رەت تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: “工商” (سانائەت، سودا)، “职工” (خىزمەتچى، ئىشچى) دېگەنگە ئوخشاش سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە «سودا-سانائەت»، «ئىشچى-خىزمەتچى» دەپ ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

## B. بېقىندى باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىرىكمىسى

بۇنداق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەر، تەڭداش سۆزلەر بىرىكمىسىدىكى سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، مۇستەقىل، باراۋەر ئورۇندا تۇرمايدۇ، بۇنداق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەر ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ بىرى باش (ياكى مەركەز) سۆز بولۇپ، قالغانلىرى شۇ باش سۆزگە خىزمەت قىلىدۇ، يەنى باش سۆزگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا بېقىندا بولۇپ كېلىدۇ.

باش سۆز بىلەن بېقىندى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق: بېقىندى سۆزلەر باش سۆزنى ئېنىقلايدۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇقلايدۇ، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

"这种思想体系和社会制度……是自有人类历史以来，最完全最进步最革命最合理的。"

«ئۇ — ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلابىي. ئەڭ مۇۋاپىق ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم.»

بۇ مىسالدا «ئىنسانىيەت» سۆزى «تارىخ» قا، «ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىنقىلابىي، ئەڭ مۇۋاپىق» سۆزلىرى «ئىدېئولوگىيە» گە، «ئىجتىمائىي» سۆزى «تۈزۈم» گە بېقىندا بولۇپ، ئۆزىنى بېقىندۇرغان باش سۆزنى تولدۇرۇپ، ئېنىقلاپ كەلگەن.

تۆۋەندىكى مىساللاردىكى سۆز بىرىكمىلىرىدىمۇ سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يەنە شۇنداق:

"领导我们事业的核心力量是中国共产党。"



"指导我们思想的理论基础是马克思列宁主义。"

«بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى.»

«بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزەرىيىۋى ئاساس — ماركسىزم — لېنىنىزم.»

"青年是整个社会力量中的一部分最积极最有生气的力量。"

«ياشلار پۈتۈن ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىچىدە بىر قىسىم ئەڭ ئاكتىپ ۋە ئەڭ جانلىق كۈچ.»

بېقىندا باغلىنىشتا كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى مۇنداق:

كۆپ ھاللاردا بېقىنغۇچى، تولۇقلىغۇچى ۋە ياكى ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان سۆزلەر باشتا، بېقىندۇرغۇچى، تولۇقلانغۇچى، ئېنىقلاندۇرغۇچى سۆز، يەنى مەركىزىي سۆز ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

"先进生产者。"

«ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى.»

"伟大、光荣、正确的中国共产党。"

«ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى.»

بۇنىڭدا «ئىلغار» سۆزى بېقىندى؛ «ئىشلەپچىقارغۇچى» باش سۆز، يەنى بېقىندۇرغۇچى.

«ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا» سۆزلىرى (ياكى سۈپەت سۆزلەر بىرىكمىسى) بېقىندا؛ «جۇڭگو» سۆزى بېقىندى؛ «كوممۇنىستىك پارتىيە» باش سۆز، يەنى بېقىندۇرغۇچى.

ئايرىم ھاللاردا، بېقىندا باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىرىكمىسىدە، يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ئەكسىچە، باش سۆز باشتا، بېقىندا سۆزلەر باش سۆزنىڭ كەينىدىمۇ كېلىدۇ، يەنى باش سۆز كەينىدىن ئىزاھلاش يولى بىلەن ئېنىقلاپ، باش سۆزگە ئىزاھلاش يولى بىلەن. بېقىنىپمۇ كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى كۆپىنچە مۇنداق شەكىلدە كېلىدۇ:

“我们共产党人。”

«بىز، كوممۇنىستلار.»

“党委‘一班人’”

«پارتكوم، ‹بىر بەن ئادەم›.»

“工农基本群众。”

«ئىشچى ـ دېھقانلار، ئاساسىي ئاممار.»

ئارقىدىن ئىزاھلاش يولى بىلەن كەلگەن بۇنداق سۆزلەر بىرىكمىسى تەرجىمىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى ئوبدان ئۆگىنىلمىسە، تەرجىمىدە ئاسانلا خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

（1）“我们这个队伍完全是解放人民的，是彻底地为人民的利益工作的。”

ئەگەر بۇ جۈملىنى «بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز تامامەن خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشنى كۆزلەيدۇ، ئۈزۈل ـ كېسىل خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى مەنىسىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ. چۈنكى خەنزۇچىدىكى مەنە «بىز، بۇ قوشۇن،...... كۆزلەيمىز،...... ئىشلەيمىز» دەپ، بىرىنچى شەخس بىلەن كەلگەن. ۋەھالەنكى تەرجىمىدە بولسا، «...... قوشۇنىمىز......كۆزلەيدۇ...... ئىشلەيدۇ» دەپ، ئۈچىنچى شەخس بىلەن تەرجىمە قىلساق، ئەسلى خەنزۇچىدا ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ بىرىنچى شەخستە كەلگەن گەپ تەرجىمىدە ئۈچىنچى شەخسكە ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، گىراماتىكا جەھەتتىن توغرا بولسىمۇ، مەنە جەھەتتىن توغرا بولماي قالىدۇ.

（2）“我们一切工作干部，不论职位高低，都是人民的勤务员，我们所做的一切，都是为一民服务，……”

بۇ جۈملىنىمۇ «بىزنىڭ بارلىق كادىرلىرىمىز، مەيلى خىزمەت ئورنى يۇقىرى بولسۇن ياكى تۆۋەن بولسۇن، خەلقنىڭ خىزمەتكارى،......» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى مەنىسىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ. ئەسلى مەنە «بىز، بارلىق كادىرلار، مەيلى خىزمەت ئورنىمىز يۇقىرى بولسۇن ياكى تۆۋەن بولسۇن، خەلقنىڭ خىزمەتكارى......» دېگەن بىرىنچى شەخستە كەلگەن.

（3）“只要我们全体英勇善战的八路军新四军，人人个个不但会打仗，会作群众工作，又会生产，我们就不怕任何困难，就会是孟夫子话过的：无敌于天下。”

«بىزنىڭ قەھرىمان، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر پۈتۈن 8 ـ ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيىمىزدىكى ھەربىر كىشى ئۇرۇش قىلىشنى ۋە ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەشنىلا بىلىپ قالماي، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىمۇ بىلىدىغان بولسا، بىز ھېچقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمايمىز». مېڭزى ئېيتقاندەك: «دۇنيادا تەڭدىشى يوق» بولالايمىز.

بۇ جۈملىدىمۇ بىرىنچى شەخس ئۈچىنچى شەخس مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنغان، شۇڭا تەرجىمىدە خاتالىق يۈز بەرگەن.

تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

"我们这个队伍"，"我们一切工作干部"，"我们全体英勇善战的八路军新四军"

بىرىنچى مىسالدا «بىز» سۆزى باش سۆز، «بۇ قوشۇن» سۆزى بولسا باش سۆزنى ئارقىدىن ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندا سۆز.

ئىككىنچى مىسالدا، «بىز» سۆزى باش سۆز، «بارلىق كادىرلار» سۆزى بولسا باش سۆزنى ئارقىدىن ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندا سۆز.

ئۈچىنچى مىسالدا، «بىز» سۆزى باش سۆز، «قەھرىمان، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر پۈتۈن 8 - ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 - ئارمىيە» دېگەن سۆزلەر بىرىكمىسى باش سۆز «بىز» نى ئارقىدىن ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندا سۆز بىرىكمىسى.

ئەگەر بىز بۇنداق سۆز بىرىكمىسىدىكى باش سۆزنى تەرجىمىدە ئالماشتۇرۇپ قويساق، نەتىجىدە ئەسلى خەنزۇچىدىكى باش سۆزلەر بېقىندا (ئېنىقلىغۇچى) سۆزگە، ئەسلى خەنزۇچىدىكى بېقىندا (ئېنىقلىغۇچى) سۆزلەر باش سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، مەنە جەھەتتىن بىرىنچى شەخس ئۈچىنچى شەخسكە (يەنى «بىز» سۆزى «ئۇلار» سۆزىگە. «ئۇلار» سۆزى «بىز» سۆزىگە) ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق تەرجىمە گراماتىكا جەھەتتىن توغرا كۆرۈنسىمۇ، مەنتىق جەھەتتىن گويا «ئۇلار نانى چاينap بەرسە، بىز يۇتۇۋېرىمىز» دېگەندەك، مەنىسى توغرا بولمايدۇ.

ئەگەر ھېلىقىدەك تەرجىمىمىزنى خەنزۇچىغا ياندۇرۇپ تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، نەتىجىدە "我们的一切工作干部" "我们的全体"，"我们的这个队伍" دېگەن شەكىل كېلىپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، خەنزۇچە جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە



يۇقىرىقىدەك باش سۆز باشتا، بېقىندى سۆز باش سۆزنىڭ كەينىدە، باش سۆزنى ئارقىدىن ئىزاھلاپ، ئېنىقلاپ كەلگەن جۈملىلەردە، "我们这个队伍，……我们……" دېگەن تەقلىدتە كېلىدۇ.

ئەگەر، ئادەتتە دىققەت قىلىنسا، خەنزۇ تىلى گراماتىكىسىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى توغرا ئۆگىنىش تامامەن مۇمكىن.

بۇنداق باش سۆزنى ئارقىدىن ئىزاھلاپ ئېنىقلاش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، خەنزۇ تىلىنىڭ گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىدە، بۇنداق سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە، بېقىندا سۆز ئارقىدا، باش سۆز باشتا كەلگەچكە، ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ بىردىنبىر ئالامىتى بولغان «的» قوشۇمچىسى بولمايدۇ. بۇ — بىر تەرەپتىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تولا چاغلاردا مۇستەقىل سۆزلەر ھېچبىر باغلىغۇچىسىزلا قاتار تىزىلىپ كېلىدۇ.

لېكىن تەرجىمىدە باش سۆز بىلەن ئارقىدىن ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندى سۆزلەرنىڭ ئالدى - كەينىگە تىنىش بەلگىسى (،) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

"我们无产阶级的先锋战士，必须读马列的书，毛主席著作。"

«بىز، پرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرى، ماركس - لېنىن كىتابلىرىنى، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئوقۇشىمىز لازىم.»

تەرجىمىدە بۇنداق سۆز بىرىكمىسى ئەگەر ئۆز مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولسا، بىرىنچى شەخس ئۈچىنچى شەخسكە ئايلىنىپ قالمايدىغان بولسا، خەنزۇچە ئەينەن تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. مەسىلەن:

“我们中华民族有同自己的敌人血战到底的气概，有在自力更生的基础上光复旧物的决心，有自立于世界民族之林的能力。”

«بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆز دۈشمىنىمىز بىلەن ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىش روھىغا ئىگىمىز، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا، قولدىن كەتكەن يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە شان - شۆھرىتىمىزنى قايتا تىكلەش ئىرادىسىگە ئىگىمىز، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگىمىز.»

بۇنىڭدا «بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى» دېگەن سۆز بىرىكمىسى، ئەسلى مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. پۈتۈن جۈملە بويىچە بىرىنچى شەخستە ئىپادىلەنگەن.

باش سۆزى باشتا، ئىنىقلىغۇچى بېقىندا سۆزلىرى ئارقىدا كەلگەن بۇنداق بېقىندا باغلىنىشلىق سۆز بىرىكمىلىرى، يۇقىرىقىلاردىن باشقا مۇنداق شەكىلدىمۇ كېلىدۇ:

“北京，伟大祖国的首都，是我们日夜向往的地方。”

«بېيجىڭ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى، بىز كېچە - كۈندۈز تەلپۈنىدىغان جاي.»

بۇنداق شەكىل ئۆز تەرتىپى بويىچە تەرجىمە قىلىنىدۇ.
بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەگەر گىرامماتىكا قائىدىسى بويىچە، يەنى ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى سۆزلەرنى باش سۆز بىلەن ئالدى - كەينىگە پەش (،) قويۇپ ئايرىماستىن، باش سۆزدىن كېيىن سىزىق (—) قويۇش يولى بىلەن “北京是伟大祖国的首都” تەرجىمە قىلىنسا. ئۇ ھالدا (بېيى-



جىڭ — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى) بولۇپ، مەنە پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ، يەنى ئىگە ۋە خەۋەردىن تۈزۈلگەن جۈملىگە ئايلىنىپ، باش سۆز ئىگە، ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى بېقىندى سۆزلەر خەۋەر بولۇپ قالىدۇ - دە، تەرجىمە خاتا بولىدۇ.

يۇقىرىقى قائىدىلەر بويىچە، تۆۋەندىكى بىرنەچچە سۆز بىرىكمىسىنى تەرجىمە قىلىپ كۆرەيلى.

“马列主义这个普遍真理，是我们的指导理论。”

«ماركسىزم - لېنىنىزم، بۇ ئومۇمىي ھەقىقەت بىزنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىمىز.»

“印度次大陆，就是亚洲西部。”

«ھىندىستان، 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق، ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىن ئىبارەت.»

“苏美两个超级大国……”

«سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت……»

“我们中朝两国人民，……”

«بىز، جۇڭگو - چاۋشيەن خەلقلىرى……»

ھازىر بۇ شەكىلدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، ماركسىزم - لېنىنىزمدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي ھەقىقەت»، «ھىندىستاندىن ئىبارەت 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق» دېگەن «ئىبارەت» شەكلى خېلى ئومۇملاشماقتا. ئەلۋەتتە «ھىندىستان 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقى» دەپ تەرجىمە قىلىپ، «ھىندىستاننىڭ 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقى» دېگەندەك مۇجمەل مەنىنى كەلتۈرۈپ

چىقارغاندىن كۆرە، «ئىبارەت» شەكلى ھەر ھالدا مەنە جەھەتتىن روشەن بولسا كېرەك.

### C. ئۆتۈملۈك پېئىل بىلەن كەلگەن سۆز بىرىكمىسى

سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بۇنداق شەكىلدە تۈزۈلۈشى، ئومۇمەن ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆزىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

"学习马列主义和毛泽东思想。"

«ماركسىزم – لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش.»

بۇ مىسالدا «ئۆگىنىش» (پېئىل) ماركسىزم – لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى» تولدۇرغۇچى.

پېئىلنىڭ پائالىيىتى كۆپ ھاللاردا ئۆزىگە يارىشا بىرەر نىشاننى تەلەپ قىلىدۇ، يەنى ئۆز پائالىيىتىنى ئۆتكۈزىدىغان بىر ياكى بىرقانچە تولدۇرغۇچىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق سۆز بىرىكمىسى ئات (بىر ياكى بىرنەچچە) + پېئىل شەكلىدە كېلىدۇ. بۇلار ئاددىي شەكىلدىكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە، بىر ياكى بىرنەچچە قىسقا سۆز بىرىكمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

"百花齐放、百家争鸣的方针，是促进艺术发展和科学进步的方针，是促进我国的社会主义文化繁荣的方针。"

«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس – بەستە سايراش فاڭجېنى سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان فاڭجېن، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرىدىغان فاڭجېن.»



بۇ يەردە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش»، «ھەممە ئېقىملار بەس – بەستە سايراش» دېگەن سۆزلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىككى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، «فاڭجېنى» سۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر پۈتۈن ئۇزۇن ياكى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان. «سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى» نى ۋە «پەننىڭ تەرەققىياتى» نى «ئالغا سۈرىدىغان» ياكى «ئالغا سۈرۈش» («فاڭجېنى») شۇنداقلا «مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرىدىغان» ياكى «ئالغا سۈرۈش» («فاڭجېنى») دېگەن مۇستەقىل قىسقا سۆز بىرىكمىلىرىمۇ «فاڭجېن» ياكى «فاڭجېنى» دېگەن باش سۆزنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىر پۈتۈن، ئۇزۇن ياكى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلغان. بۇنداق سۆز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، بىرىكمىدىكى باش سۆزنى ئېنىقلايدىغان سۆزلەرنى ھەرىكەت نامىنى بىلدۈرىدىغان «قىلىش»، «ئېتىش» شەكلى بىلەن ياسىغان ياخشى (مەسىلەن، ئېچىلىش. سايراش فاڭجېنى).

بۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى باش سۆز بىلەن يېقىندا سۆزلەرنى سۈپەت پېئىل شەكلى (غان، قان، غۇچى، گۈچى......) بىلەن باغلاش ھەم مۇمكىن. يۇقىرىقى مىسالنىڭ ئىككىنچى قىسمى بۇنىڭ تىپىك بىر دەلىلى بولالايدۇ. بۇنداق سۆز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا. ھازىر «......دىن ئىبارەت فاڭجېن»، «...... تەك فاڭجېن»، «......ش دېگەن فاڭجېن» دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەر كۆپەيمەكتە. بۇ شەكىل، ستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا. تىلنىڭ گۈزەللىكىنى بۇزىدۇ، تەرجىمىدىكى خاملىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق شەكىللەردىن ساقلانغان ياخشى. تۆۋەندىكى ئۈلگىلەرگە قاراڭ:

“最坚决的抗日分子，……”

«ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئەڭ قەتئىي قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەر……»

“人民，只有人民，才是创造世界历史的动力。”

«خەلق، پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخىنى يارىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ.»

“领导我们事业的核心力量是中国共产党。”

“指导我们思想的理论基础是马克思列宁主义。”

«بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى.»

«بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزەرىيىۋى ئاساس — ماركسىزم - لېنىنىزم.»

“我们的文艺工作者一定要完成这个任务，一定要把立足点移过来，一定要在深入工农兵群众、深入实际斗争的过程中，在学习马克思主义和学习社会的过程中，逐步地移过来，移到工农兵这方面来，移到无产阶级这方面来。只有这样，我们才能有真正为工农兵的文艺，真正无产阶级的文艺。”

«بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندىشى، مەۋقەسىنى چوقۇم يۆتكىشى، ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر ئاممىسى ئىچىگە ۋە



ئەمەلىي كۈرەشلەرگە چوڭقۇر چۆكۈش جەريانىدا ماركسىزمنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆگىنىش جەريانىدا چوقۇم پەيدىنپەي يۆتكىشى، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر تەرەپكە يۆتكىشى، پرولېتارىيات تەرەپكە يۆتكىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتكە، ھەقىقىي پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتىگە ئىگە بولالايمىز.»

“发展国民经济的总方针。”

«خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرىدىغان باش فاڭجېن.»

“刺骨的冷风。”

«سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان سوغۇق شامال.»

“平整土地的事儿。”

«يەرنى تەكشىلەيدىغان ئىش.»

“实现四个现代化的伟大斗争。”

«4 نى زامانىۋىلاشتۇرىدىغان ئۇلۇغ كۈرەش.»

بەزىدە ئۆتۈملۈك پېئىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز بىرىكمىلىرىدە باش سۆز توغرىدىن - توغرا سۈپەت پېئىللىرى ئارقىلىق بېقىندا سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

“伟大的抗日战争。”

«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇش.»

"真正的反侵略战争。"

«تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەقىقىي
ئۇرۇش.»

"世界反法西斯阵线。"

«فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى سەپ.»

"一切抗日的党派，……"

«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بار-
لىق پارتىيە - گۇرۇھلار،……»

"一切抗日的人民组织。"

«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بار-
لىق خەلق تەشكىلاتلىرى.»

ئۆز تەركىبىدە ئۆتنۈملۈك پېئىللار بولغان سۆز بىرىك-
مىسىدە باش سۆز بىر سۆزدىن ياكى بىرىككەن سۆزلەردىن
بولىدۇ، قىسقا سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان بولسا،
پېئىل ھالىتىدە كەلگەن ئىسىملىشىۋچىلار مۇتلەق كۆپ ھاللاردا
«غان، قان، كەن، گەن» دېگەندەك ئوخشاش سۈپەت قوشۇمچى-
لىرى ئارقىلىق باش سۆزگە بېقىنىپ، باش سۆزگە خىزمەت
قىلىدۇ. مەسىلەن:

"在《经济问题与财政问题》一书里，毛泽东同志着重地批判了那种不注意动员人民发展经济而单纯在财政收支问题上打主意的错误思想，和那种不注意动员人民帮助人民发展生产渡过困难而只注意向人民要东西的错误作风，……"

«يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئىگىلىك مە-
سىلىسى ۋە مالىيە مەسىلىسى» دېگەن
كىتابىدا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن
چەتلەپ، پەقەت مالىيە كىرىم - چىقىمى





مەسىلىسى ئۈستىدىلا باش قاتۇرىدىغان
خاتا ئىدىيىلەرنى ۋە خەلقنى سەپەرۋەر
قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ ئىشلەپچىقى-
رىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن قىيىن-
چىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشقا كۆڭۈل بۆلمەي،
پەقەت خەلقتىن نەرسە ئېلىشقا كويىدىلا
بولىدىغان خاتا ئىستىلنى ئالاھىدە تەنقىد
قىلدى،……»

"一个有纪律的，有马克思列宁主义的理论武装的，采取自我批评方法的，联系人民群众的党。一个由这样的党领导的军队。一个由这样的党领导的各革命阶级各革命派别的统一战线。这三件是我们战胜敌人的主要武器。"

«ئىنتىزاملىق بولغان، ماركسىزم -
لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان،
ئۆز ئۆزىنى تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللىنىدى-
غان، خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت
باغلىغان پارتىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە
رەھبەرلىك قىلغان ئارمىيە؛ ئەنە شۇنداق
پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي
سىنىپلار ۋە ئىنقىلابىي گۇرۇھلار بىرلىك
سېپى — بۇ ئۈچى بىزنىڭ دۈشمەننى
يېڭىشتىكى ئاساسىي قوراللىرىمىز.»

"党委制是保证集体领导，防止个人包办的党的重要制度。"

«پارتكوم تۈزۈمى — پارتىيىنىڭ

كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كاپالەتلەندۈرىدىغان. شەخسنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇھىم تۈزۈمى.»

“…如果真正忘记了我党的总路线和总政策，我们就将是一个盲目的不完全的不清醒的革命者，……”

«پارتىيىمىزنىڭ باش لۇشيەنى ۋە باش سىياسىتىنى ھەقىقەتەن ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىدىكەنمىز، مۇكەممەل بولمىغان، سەگەك بولمىغان، قارىغۇ ئىنقىلابچى بولۇپ قالىمىز،……»

سۈپەت پېئىل قوشۇمچىلىرى (غان، قان؛ كەن، گەن……) بىلەن كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرىدە بۇنداق سۈپەت پېئىللارنىڭ زامان بىلەن تۈرلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. خەنزۇچىدا بۇنداق سۆز بىرىكمىلىرىدە، مەيلى شۇ سۆز بىرىكمىسىدە بولسۇن ياكى شۇ سۆز بىرىكمىسى بىلەن كەلگەن جۈملىدە بولسۇن، زاماننى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز ياكى قوشۇمچىلار، ئادەتتە كەم ئۇچرايدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا، پۈتۈن ماقالىدىكى جۈملە مۇناسىۋىتىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

“中华人民共和国出席联合国大会的代表团。”

بۇ ئۇزۇن سۆز بىرىكمىسىنى ئالساق، بۇنىڭدىكى “出席” سۆزىنىڭ زاماننى مۇشۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئۆزىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ زاماننى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن ماقالىدىكى جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا، بۇ سۆز بىرىكمىسى (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ب د ت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئۆمىكى) دىكى زامان (قاتنىشىدىغان، قاتنىشىۋاتقان، قاتناشقان) نى ئايدىڭلاشتۇ-



رۇش مۇمكىن.

تەركىبىدە ئۆتۈملۈك پېئىل بولغان سۆزلەر بىرىكمىسىدە ئەگەر بېقىندا سۆزلەر خەنزۇچىدا سۈپەت + ئات + تولدۇرغۇچى + پېئىل شەكلىدە كېلىپ، باش سۆز بىلەن باغلانسا، ئۇيغۇرچىدا ئات + تولدۇرغۇچى + پېئىل + سۈپەت تەقلىدىدە ئېلىنىپ، باش سۆز بىلەن باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

“这是一个社会主义的人民自我教育，自我改造的运动。”

«بۇ — خەلق ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان سوتسىيالىستىك ھەرىكەت.»

مۇشۇ مىسالدا خەنزۇچىدا “社会主义的” (سۈپەت)، “人民” (ئات)، “自我” (تولدۇرغۇچى، “教育……的” (ياسالما سۈپەت)، “运动” (باش سۆز، ئات).

ئۇيغۇرچىدا بولسا «خەلق» (ئات)، «ئۆز ئۆزىنى» (تولدۇرغۇچى)، «تەربىيىلەيدىغان……» (پېئىل)، «سوتسىيالىستىك» (سۈپەت)، «ھەرىكەت» (ئات، باش سۆز).

دېمەك، بۇنداق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدە باش سۆزنى ياسالما سۈپەت (غان، قان، غۇچى، گۇچى……) شەكلىدە ئەمەس، ئەسلى سۈپەت ھالىدا ئېنىقلاپ كەلگەن سۆزلەر تەرجىمىدە توغرىدىن - توغرا باش سۆز يېنىغا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا ھەرقاچان سۈپەت سۆز توغرىدىن - توغرا ئاتنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. بۇنداق مىساللارنى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

“臭名昭著的马列主义叛徒……”

«ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ سېسىق نامى پۇركەتكەن خائىنى……»

بۇ مىسالدىمۇ «سېسىق نامى پۇركەتكەن» دېگەن سۈپەت

سۆزى تۇغرىدىن - تۇغرا باش سۆز «خائىنى» نىڭ يېنىغا تارتىلغان.

"真正的反侵略阵线。"

«تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەقىقىي سەپ.»

"伟大的抗日战争。"

«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇش.»

"革命的抗日根据地。"

«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلابىي تايانچ بازا.»

مۇشۇنداق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە سىلىشتۇرمىسى مۇنداق:

خەنزۇچىدا: ئەسلى سۈپەت + پېئىل؛ ئۇيغۇرچىدا: تولدۇرغۇچى + پېئىل (سۈپەت پېئىل)، ئەسلى سۈپەت + ئات.

بەزى سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدە سان سۆز بولسا، باش سۆزگە بېقىندا بولۇپ، ئۇنى ئىنقىلاپ كەلگەن سان سۆز ھەرقاچان باش سۆزگە بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن باش سۆزگە يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن:

"……两个性质不同的革命过程……"

«خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئىنقىلاب جەريانى……»

ياكى

«ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى جەريانى……».

"在建设社会主义的时期，一切赞成、拥护和参加社会主义建设事业的阶级、



阶层和社会集团，都属于人民的范围一切反抗社会主义革命和敌视、破坏社会主义建设的社会势力和社会集团，都是人民的敌人。"

«سوتسىيالىزم قۇرۇش دەۋرىدە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياقلايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان بارلىق سىنىپلار، تەبىقىلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار خەلق دائىرىسىگە كىرىدۇ؛ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا قارشى تۇرىدىغان ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى.»

"两个超级大国。"

«دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت.»

"三间住人的房子。"

«ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۈچ ئېغىز ئۆي.»

ئەگەر سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدە، خەنزۇچىدا بىرلىك ياكى كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان سۆز (بۇ يەردە پەقەت بىرلىك ياكى كۆپلۈكنىلا بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بولسا، ئۇيغۇرچىدا سان سۆزنى قوللانماستىن، پەقەت شۇ بىرلىك ياكى كۆپلۈككە بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان سۆزگە بىرلىك، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش بىلەنلا ئىپادىلەش مۇمكىن. مەسىلەن:

"一个有纪律的，有马克思列宁主义的理论武装的，取自我批评方法的，联系人民

群众的党。一个由这样的党领导的军队。一个由这样的党领导的各革命阶级各革命派别的统一战线……。”

«ئىنتىزاملىق بولغان، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان، خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان پارتىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئارمىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي سىنىپلار ۋە ئىنقىلابىي گۇرۇھلار بىرلىك سېپى……»

“我们一定会建设一个具有现代工业、现代农业和现代科学文化的社会主义国家。”

«بىز مەملىكىتىمىزنى چوقۇم زامانىۋى سانائەتكە، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ۋە زامانىۋى پەن - مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.»

“我们不但善于破坏一个旧世界，我们还将善于建设一个新世界。”

«بىز كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاشقىلا ماھىر بولۇپ قالماي، يېڭى دۇنيا قۇرۇشقىمۇ ماھىر بولىمىز.»

“一个中国共产党员……”

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى (بىرلىك)……»



“一个革命干部”

«ئىنقىلابىي كادىر» (بىرلىك)

“广大职工”

«كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر» (كۆپلۈك)

سان ئالاھىدە تەكىتلەنگەندە، يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس. تۆۋەندىكى مىسالدا سان سۆزنى قىسقارتىپ، بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭدا سان تەكىتلەنگەن.

“每一个党员，每一种局部工作，每一项言论或行动，都必须以全党利益为出发点，绝对不许可违反这个原则。”

«ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، ھەر بىر قىسمەن خىزمەت، ھەر بىر سۆز ياكى ھەرىكەت پۈتۈن پارتىيە مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى لازىم، بۇ پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.»

### D. ئىگە ۋە خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى

بۇنداق سۆز بىرىكمىسى قارىماققا ئۆتۈملۈك پېئىللاردىن كەلگەن سۆز بىرىكمىسىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق سۆز بىرىكمىسى مەيلى قانچە سۆزدىن ياسالسۇن، ھەم ئىگىسى، ھەم خەۋىرى بار جۈملىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن سۆز بىرىكمىسىدە جۈملە شەكلى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

“百花齐放，百家争鸣的方针，是促进艺术发展和科学进步的方针，……”

«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش

فاڭجېنى سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان فاڭجېن، ......»

“国家要独立，民族要解放，人民要革命，这已经成为不可抗拒的历史发展趋势。”

«دۆلەتكە مۇستەقىللىق كېرەك، مىللەتكە ئازادلىق كېرەك، خەلققە ئىنقىلاب كېرەك، بۇ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بولۇپ قالدى.»

### E. سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىسىم

بىرنەچچە سۆز بەلگىلىك تەرتىپتە بىر - بىرىگە باغلىنىپ، سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالدۇق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنەچچە سۆز — ئادەمنىڭ ياكى باشقا شەيئىلەرنىڭ ئاتلىرى بىرلىشىپ، بىرەر ئىسىمنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 先进生产者 | ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى |
| 中华人民共和国 | جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى |
| 全国人民代表大会 | مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى |
| 人民公社 | خەلق گۇڭشېسى |

ۋە باشقىلار.

ئىسىم سۆز بىرىكمىسى بولسىمۇ، لېكىن جۈملىدە بىر سۆز ئورنىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ.



## «چاتما جۈملە» نىڭ تەرجىمىدىكى سىرى

بىزگە مەلۇم، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا، ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ ئاساسى بۆلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئىگە ۋە خەۋەر تۈزۈلۈشىدە كەلگەن جۈملە، مەيلى ئاددىي شەكىلدە بولسۇن، مەيلى مۇرەككەپ شەكىلدە بولسۇن، ھەرقاچان بىر - بىرى بىلەن چىڭ باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىگە — جۈملىنىڭ ئىگىسى؛ خەۋەر ھەرقاچان شۇ «ئىگە»گە ئەگىشىپ، ماسلىشىپ، بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ كىم، نېمە، قانداق ئىكەنلىكىدىن، نېمە قىلغانلىقىدىن، «خەۋەر» بېرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ گىراماتىكىلىق ئورنى جەھەتتىن (شېئىر، ئۈندەش گەپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئىگە ئاۋۋال، خەۋەر كېيىن كېلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. بۇ، تەرجىمان ئۈچۈن ئاددىي ساۋات. لېكىن خەنزۇ تىلىدىكى بەزى جۈملىلەردە بىرنەچچە ئىگە، بىرنەچچە خەۋەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن:

“帝国主义驱使全世界的人民走上消灭帝国主义的伟大斗争的历史时代。”

بۇ جۈملىدە بىرىنچى ئىگە “帝国主义”، بۇنىڭ خەۋىرى “驱使”؛ ئىككىنچى ئىگە “全世界的人民”، بۇنىڭ خەۋىرى “走上”؛ مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ جۈملىنى ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ بولغان ئىككى جۈملىگە ئاجرىتىپ چۈشىنىش مۇمكىن:

1. “帝国主义驱使全世界人民”
«جاھانگىرلىك پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى مەجبۇر قىلدى»

2. “全世界的人民走上消灭帝国主义的伟大斗争的时代。”
«پۈتۈن دۇنيا خەلقى جاھانگىرلىكنى يوقىتىدىغان ئۇلۇغ كۈرەش دەۋرىگە ئۆتتى.»

دېمەك، ئىككى ئىگە، ئىككى خەۋەردىن تۈزۈلگەن بۇ ئىككى جۈملە خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس جۈملە تۈزۈش قائىدىسىگە ئاساسەن بىر پۈتۈن جۈملە شەكلىنى ئالغان. خەنزۇ تىلىنىڭ مۇشۇنداق جۈملە شەكلىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىن ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ئورۇن ئالغان ئىككى خەۋەر يالغۇز بىر ئىگىگىلا خىزمەت قىلمايدۇ، بەلكى ئالدىنقى خەۋەرنىڭ تولدۇرغۇچىسى يەنى “帝国主义驱使全世界的人民” دىگەن سۆزدىكى خەۋەر “驱使” نىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغان “全世界的人民” ئەينى ۋاقىتتا كېيىنكى خەۋەر “走上” نىڭمۇ ئىگىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئىككى تەرەپكە تەڭلا چېتىلىپ، ئىككى تەرەپكە تەڭلا خىزمەت قىلىدىغان شەكىل خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسىدا “兼语式” دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى. ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىدا بۇ شەكىلنىڭ «بىرىككەن سۆز»، «سۆز بىرىكمىسى»، «قوشما سۆز»، «ئاددىي جۈملە»، «قوشما جۈملە» دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس نامى تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى مۇستەقىل مەنىنى ئاڭلىتالايدىغان، ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ تولۇق بولغان ئىككى جۈملىنى “兼语式” ئۇسۇلى بىلەن بىر پۈتۈن جۈملىگە ئايلاندۇرۇش ئادىتىمىز كەم ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە گەپ جۈملە ياساش شەكلى ئۈستىدە با-



رىدۇ. چۈنكى شەكىل جەھەتتىن «جاھانگىرلىك پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى مەجبۇر قىلىپ، جاھانگىرلىكنى يوقىتىدىغان ئۇلۇغ كۈرەش دەۋرىگە ئۆتتى» دەپ، ئىككى جۈملىنى بىر – بىرىگە چېتىپ تەرجىمە قىلساق، ئومۇمىي مەنە «جاھانگىرلىك ...... كۈرەش دەۋرىگە ئۆتتى» بولۇپ چىقىدۇ – دە، خاتا بولىدۇ. بىز تەرجىمىدە شەكىلۋازلىق ئۇسۇلىنى قوللانمايمىز، «سۆزمۇ – سۆز تەرجىمە» ئۇسۇلىغىمۇ بېرىلىپ كەتمەيمىز. تەرجىمىنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلى تېكىستتىكى مەنە، چۈشەنچە، ھېس-تۇيغۇنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن، يەنى «مەنەن تەرجىمە» ئاساسىدا، شەكىلدىن مەزمۇنغا ئۆتۈپ، مەنىنى ئېنىق ئۆزلەشتۈرۈپ، تولۇق، توغرا ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىدە بولمىغان، خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدە جۈملە تۈزۈلۈشىنى شەكىل جەھەتتىن ئەمەس، مەنە جەھەتتىن توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، جۈملىدىكى ئىگە، خەۋەرلىك رولىنى ئوينايدىغان ھەم ئالدىنقى خەۋەر ئۈچۈن تولدۇرغۇچى، كېيىنكى خەۋەر ئۈچۈن ئىگە بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرىمىز. خەنزۇ تىلىدىكى “兼语式” شەكلىدە كەلگەن جۈملىدە بىرىنچى ياكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئىگە بىلەن خەۋەر تولا چاغلاردا جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ؛ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىگە ۋە ئۇنىڭ خەۋىرى بولسا شۇ كونكرېت جۈملىدىكى ۋەقەنىڭ نىشانىنى، مەقسىتىنى ئىزاھلاش ۋاسىتىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، جۈملىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۆلىكىنى، بولۇپمۇ «خەۋەر»نى پۈتۈن جۈملە تەركىبىدە «خەۋەر پېئىل» قىلىپ ئەمەس، تولدۇرغۇچى رولىنى ئوينايدىغان «مەقسەت

پېشىل» غا ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

他经常率领干部到各地考查工作，了解情况，总结交流经验。”

«ئۇ كادىرلارنى ھەمىشە ھەرقايسى يەرلەرگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشكە، ئەھۋاللارنى ئۇقۇشقا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ۋە ئالماشتۇرۇشقا باشلاپ باراتتى.»

پۈتۈن جۈملىدىكى ئاساسىي پىكىر “他” نىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىشتىن، يەنى “他经常率领干部” نى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئەنە شۇ ئاساسىي پىكىرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر خەنزۇچىدا ئالدىنقى ئورۇندا كەلگەن. بۇ خەنزۇ تىلىنىڭ تەكىتلىنىدىغان ئاساسىي سۆزلەرنى باشتا كەلتۈرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. يەنى خەنزۇ تىلىدا ئاساسىي پىكىرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، كۆپىنچە، باشتا كېلىدۇ، بۇ قانۇنىيەت خەنزۇ تىلىدا ئىگىدىن كېيىنلا خەۋەرنىڭ كېلىدىغانلىقى بىلەن، تولدۇرغۇچىنىڭ خەۋەردىن كېيىن كېلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلىدا، مۇتلەق كۆپ ھاللاردا ئاۋۋال ئىگە، كېيىن تولدۇرغۇچى، ئاندىن كېيىن خەۋەر كېلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىك پەرقلەرگە قارىماي، شەكلەن تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، تەرجىمىنىڭ مەنە جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

تەركىبىدە چاتما سۆز* بولغان، يەنى ھەم تولدۇرغۇچى، ھەم ئىگە بولۇپ خىزمەت قىلغۇچى سۆز بولغان چاتما جۈملە خەنزۇ تىلىغا خاس جۈملە شەكلى. بۇنداق جۈملە شەكلى ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن بارلىققا كەلگەن

* “兼语式” نىڭ جۈملە تەركىبىدىكى رولىغا ۋە ئەھمىيىتىگە ئاساسەن ھازىرچە «چاتما سۆز»، «چاتما جۈملە» دەپ ئات قويدۇم. — ئاپتور.



يېڭى شەكىل. بىزنىڭ تەرجىمىلىرىمىزدە بۇنداق شەكىلنىڭ قېلىپلاشقان فورمۇلىسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش تاكى ھازىرغىچە ئۈنۈملۈك نەتىجە قازانغىنى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق شەكىلدىكى جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسى ھەر خىل بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

“中国共产党领导中国人民从胜利走向胜利。”

بۇنىڭ ھازىرقى كۈندە مۇنداق بىرنەچچە خىل تەرجىمىسى ئۇچرايدۇ:

a. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭماقتا.»

b. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭماقتا.»

c. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنى غەلىبىدىن غەلىبىگە يېتەكلىمەكتە.»

d. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلماقتا» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش.

تەرجىمە a توغرىسىدا، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى...... غەلىبىگە قاراپ ماڭماقتا» بولسا، ئۇ ھالدا «جۇڭگو خەلقى نېمە قىلدى؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

تەرجىمە b توغرىسىدا، «بۇ تەرجىمە خەنزۇچە جۈملە تۈزۈلۈشىگە ئۇيغۇن ئەمەس» دېگەن مۇلاھىزە كېلىپ چىقىدۇ.

تەرجىمە c توغرىسىدا، بۇ تەرجىمىدە “走向” دېگەن سۆز چۈشۈپ قاپتۇ؛ ئەسلىگە سادىق ئەمەس، دېگەن باھا

كېلىپ چىقىدۇ.

تەرجىمە d توغرىسىدا، «خەلققە رەھبەرلىك قىلىدىمۇ ياكى مېڭىشقا رەھبەرلىك قىلىدىمۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

دېمەك، چاتما سۆزلۈك جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئۈستىدە مۇلاھىزە كۆپ، سوئال كۆپ، گۇمان كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي تەرجىمە ئۇسۇلىمۇ كۆپ، تەرجىمىلەرنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىمۇ ھەر خىل. بۇ مەسىلىگە توغرىراق جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ كۆرەيلى.

"我们派人去支援" دېگەن جۈملىنى ئالساق، ئۇ گىرامماتىكا جەھەتتىن ئىگە ۋە خەۋەردىن تۈزۈلگەن جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ئاددەتتىكى ئىگە - خەۋەرلىك جۈملىگە ئوخشىمايدۇ. ئاددەتتىكى ئىگە - خەۋەرلىك جۈملىدە خەۋەر بۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس. "社会主义好" دېسەك، "社会主义" ئىگە، "好" خەۋەر. بۇنىڭدا ھېچقانداق مۇرەككەپلىك يوق. "知识青年奔赴农村" دېسەك، "知识青年" ئىگە، "奔赴" خەۋەر، "农村" تولدۇرغۇچى؛ بۇنىڭدىمۇ خەۋەر بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ خەۋىرىمۇ ئاددىي، "他们学习和推广先进经验" دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇمۇ ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە، بۇنىڭدا "学学和推广" دېگەن ئىككى پېئىل بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن جۈملە ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا، خەۋىرى يەنىلا تەڭداش سۆز بىرىكمىسى شەكلىنى ئالغان بىرلا خەۋەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جۈملىنىڭ خەۋىرىمۇ ئاددىي خەۋەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن "我们派人去支援" دېگەن ئىگە - خەۋەرلىك جۈملىنىڭ خەۋىرى خېلىلا مۇرەككەپ. "我们" بىلەن "派" نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالساق، "派" خەۋەر؛ "人" بىلەن "支援" نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالساق، "支援" مۇ خەۋەر. دېمەك بۇ جۈملىدە ئىككى خەۋەر بار. لېكىن "人" سۆزى "派" سۆزىنىڭ تولدۇرغۇچىسى، شۇنىڭ



بىلەن بىر ۋاقىتتا "支援" سۆزىنىڭمۇ ئىگىسى. يەنى «بىز» (ئىگە)، «ئادەم» (تولدۇرغۇچى)، «ئەۋەتىمىز» (خەۋەر)، «ئادەم» (ئىگە)، «ياردەم بېرىدۇ» (خەۋەر).

دېمەك، بۇ جۈملىدە "人" سۆزى بىرىنچى خەۋەرگە تولدۇرغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلسا، ئىككىنچى خەۋەرگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. يەنى ئىككى خەۋەرگە چېتىلىپ كەلگەن. مۇشۇنداق چاتما سۆزلۈك جۈملىنى «چاتما جۈملە» دەپ ئاتىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. بۇنداق جۈملە شەكىللىرى خەنزۇ تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

"艰巨的任务等着我们去完成。"

"他请求领导批准他到最艰苦的地方工作。"

"专政的目的是为了保卫全体人民进行和平劳动。"

"我们的先人指示我们去完成他们的意志。"

"党能领导人民战胜一切困难。"

بۇنداق چاتما سۆزلۈك جۈملىلەر، مەيلى قىسقا بولسۇن ياكى ئۇزۇن بولسۇن، ھەممىسى مۇنداق ئوخشاش بىر فورمۇلا بىلەن ئىخچاملاپ كۆرسىتىش مۇمكىن: خەنزۇچىدا:

主→动→$\frac{\text{宾}}{\text{主}}$→谓

ئىگە ← تولدۇرغۇچى ← خەۋەر.

"我劝同志们坚决相信，苏联广大的人民，广大的党员和干部是好的，是要革命的，……。"

我劝同志们相信 بۇ جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمى "劝" ۋە "相信" نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، لېكىن بىرىنچى خەۋەر "劝" نىڭ تولدۇرغۇچىسى "同志们" كېيىنكى خەۋەر "相信" گە چېتىلىپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جۈملىنى ئەگەشمە بۆلەكلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يۇقىرىقى فورمۇلا ئاساسىدا ئىخچاملاپ كۆرسەتسەك، جۈملىنىڭ

ئاساسي قىسمى “我劝同志们相信” بولۇپ چىققىدۇ. بۇنى «يولداشلارنى ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

خەنزۇ تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ «چاتما سۆز» لۈك جۈملىلەر توغرىسىدىكى تەبىرىگە قارىغاندا، بۇنداق جۈملىلەردىكى بىرىنچى خەۋەر كۆپ هاللاردا جۈملىنىڭ تۈپ مەقسىتى ياكى نەتىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يۇقىرىقى مىسالدىكى “劝” دېگەن سۆز “同志们相信” نىڭ مەقسىتى. يەنى «دەۋەت» نىڭ مەقسىتى «ئىشەندۈرۈش». ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، يولداشلارنى «ئىشىنىش»كە «دەۋەت قىلىش». مۇشۇنداق ئاساسلارغا قاراپ، يۇقىرىقى مىسالنى «مەن يولداشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كەڭ خەلقنىڭ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە كادىرلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە، ئىنقىلاب قىلىدىغانلىقىغا...... ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن» دېگەن تەقلىدتە تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ هېسابلايمىز.

بۇنى تەرجىمىنى ئىخچاملاش فورمۇلىسىغا چۈشۈرسەك، «مەن يولداشلارنى...... ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن» بولۇپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق شەكىلدىكى جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسىدە مەنىنى بۇزۇپ قويىدىغان قالايمىقانچىلىقلار خېلى كۆپ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى تەرجىمىلەرگە قاراڭلار:

“没有一个革命党就不能领导工人阶级和广大人民群众战胜帝国主义及其走狗。”

«ئىنقىلابىي پارتىيە بولمىسا، ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەهبەرلىك قىلىپ، جاهانگىرلىكنى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس.»



“县委动员全县百分之五十的劳动力，奋战一个多月，基本完成了两座大型水电站的初期工程，建成五座小型水电站，挖渠七十三公里。”

ناهىيىلىك كومىتېت پۈتۈن ناهىيىدىكى 50 پىرسەنت ئەمگەك كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كۈرەش قىلىپ، ئىككى چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ باشلانغۇچ قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى، 5 كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇردى، 73 كىلومېتىر ئۆستەڭ چاپتى.»

بىرىنچى مىسالنىڭ تەرجىمىسىنى مەنە جەهەتتىن «ئىنقىلابىي پارتىيە بولمىسا، ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەهبەرلىك قىلغىلى، جاهانگىرلىكنى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنى يەڭگىلى بولمايدۇ» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن ئەسلى مەنە ئۇنداق ئەمەس. ئەسلى مەنە: «ئىنقىلابىي پارتىيە بولمىسا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاهانگىرلىكنى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنى يېڭىشىگە رەهبەرلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس.» دېمەك، پۈتۈن جۈملىنىڭ خەۋىرى «يېڭىش مۇمكىن ئەمەس» بولماي، «رەهبەرلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس» بولۇپ چىقىشا توغرا بولاتتى.

ئىككىنچى مىسالنىڭ تەرجىمىسى «ناهىيىلىك كومىتېت...... سەپەرۋەر قىلىپ كۈرەش قىلىپ...... پۈتتۈردى...... قۇردى...... چاپتى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا ئەسلى مەنە بۇرمىلانغان. ئۇ مەنتىققىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

«چاتما سۆزلۈك» جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسىدە مەيلى جۈملە ئاددىي بولسۇن، مەيلى مۇرەككەپ بولسۇن، مەيلى

قىسقا بولسۇن، مەيلى ئۇزۇن بولسۇن، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جۈملىنىڭ باش بۆلىكىدىكى بىرىنچى خەۋەرنى پۈتۈن جۈملىنىڭ خەۋىرىنى چۈشۈرىدىغان خەۋەر قىلىپ، ئىككىنچى خەۋەرنى مەقسەت، ئۇسۇل ياكى نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان تولدۇرغۇچى قىلىپ تەرجىمە قىلساق، مەنىنىڭ ئەسلى تېكىستكە مۇۋاپىق، توغرا بولۇپ چىقىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنداق توغرا تەرجىمىلەردىن بىرنەچچىنى ئۈلگە سۈپىتىدە مىسال كەلتۈرەيلى.

بىرىنچى ئۇسۇل:

"党能领导农民走上社会主义道路。"

«پارتىيە دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىستىك يولدا مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلالايدۇ.»

"大会认为，这个报告……是指导我党我军和我国人民夺取社会主义革命和社会主义建设新胜利的战斗纲领。"

«قۇرۇلتاي مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: بۇ دوكلات...... پارتىيىمىز، ئارمىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا يېڭى غەلىبىلەر قازىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار پروگراممىدۇر.»

"毛主席领导我们推翻了三座大山，获得翻身解放，走上了社会主义康庄大道，过上了幸福生活。"

«ماۋجۇشى بىزنىڭ ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇپ، سوتسىيالىستىك داغدام يولدا مېڭىشىمىزغا، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىزگە



رەھبەرلىك قىلدى.»

"凡有少数民族存在的地方，都要派出懂民族政策，对于仍然被歧视受痛苦的少数民族同胞怀抱着满腔热情的同志，率领访问团，前往访问，认真调查研究，帮助当地党政组织发现问题和解决问题，而不是走马观花的访问。"

«ئاز سانلىق مىللەتلەر بارلىكى جايلارغا مىللىي سىياسەتنى بىلىدىغان، ھېلىمۇ كەمسىتىلىۋاتقان، ئازاب چېكىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلارغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھېسداشلىق قىلىدىغان يولداشلارنى ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ بېرىپ ھال سوراشقا، ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرگەندەك ھال سورىماي، بەلكى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شۇ جايلاردىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسىلىلەرنى تېپىشى ۋە ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىشى لازىم.»

ئىككىنچى ئۇسۇل:

«چاتما سۆزلۈك» جۈملىلەردىكى بىرىنچى خەۋەر ھەممىلا يەردە پۈتۈن جۈملىنىڭ ئاساسىي خەۋىرى بولۇپ كېلىۋەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن خەۋەرنى ھەممىلا يەردە مەقسەت ـ نەتىجە ياكى ۋاسىتىنى بىلدۈرىدىغان تولدۇرغۇچى قىلىپ تەرجىمە قىلىۋەرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

"党支部发动全厂职工加强企业管理，健全岗位责任制，有力地促进了生产的发展。"

«پارتىيە ياچېيكىسى زاۋۇتتىكى
بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كارخانىنى
باشقۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىشكە، ئىش
ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەل
لەشتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىشلەپ
چىقىرىشنى كۈچلۈك راۋاجلاندۇردى.»

بۇ جۈملىنى پارتىيە ياچېيكىسى...... ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى...... كۈچەيتىشكە...... نى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە...... نى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەرىكەتلەندۈردى» دەپ تەرجىمە قىلىش يارىمايدۇ. چۈنكى، ئەسلى مەنە «پارتىيە ياچېيكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈردى، شۇ يول بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى.» چاتما سۆزلۈك جۈملىدىكى ئاساسىي خەۋەرنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنىڭ قەيەردىن قەيەرگىچە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە، گەپتە سۆزلەرنىڭ مەنتىقىي مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

“党支部组织职工正确认识民主与纪
律的关系，使全体职工提高了遵守革命 纪
律的自觉性，劳动生产不断提高。”

بۇ جۈملىنى «پارتىيە ياچېيكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىيە بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى» دەپ تەرجىمە قىلىش مەنتىقە توغرا كەلمەيدۇ. «پارتىيە ياچېيكىسى ئىشچى خىزمەتچىلەرنى...... بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ...... ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى» دېيىش ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ جۈملىدە پارتىيە



ياچېيكىسىنىڭ «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىيە بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشكە ئۇيۇشتۇرغان» لىقىلا خەۋەر قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «پارتىيە ياچېيكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىيە بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرئىنقىلابىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا توغرا بولىدۇ. «پارتىيە ياچېيكىسى...... ئۇيۇشتۇرۇپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ......ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ خاتا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى ئۇسۇل:

شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، چاتما سۆزلۈك جۈملىلەردە مەيلى پۈتۈن جۈملىنىڭ ئاساسىي خەۋىرى بولۇپ كەلگەن پېئىل بولسۇن، مەيلى تەرجىمىدە تولدۇرغۇچىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىككىنچى ۋە باشقا پېئىللار بولسۇن، ئۇلارنىڭ زامان بىلەن تۈرلىنىشىنى توغرا ھەل قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

“大会热烈欢呼我们党粉碎‘四人帮”
反党集团，取得了伟大胜利。”

«يىغىن پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىگە
قارشى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار
قىلىپ ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈر-
گەنلىكىگە قىزغىن تەنتەنە قىلدى.»

بۇ ئۆزىدىن مەلۇمكى، «پارتىيىمىز ‹4 كىشىلىك گۇرۇھ› نى تارمار قىلىپ، ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى»، شۇنىڭ ئۈچۈن «يىغىن تەنتەنە قىلدى» — بۇ ئۆتكەن

زامان، شۇنداق ئىكەن، يۇقىرىقى تەرجىمىدە زامان نۇقتىسـ
دىن بىرەر گۇمان تۇغۇلمايدۇ.

“毛主席领导我们推翻了三座大山，
获得了翻身解放，走上了社会主义康庄大
道，过上了幸福生活。”

بۇ جۈملىنى «ماۋجۇشىي بىزنىڭ ئۈچ چوڭ تاغنى
ئاغدۇرۇپ، قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇپ، سوتسىيالىستىك داغدام
يولدا مېڭىشىمىزغا، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىزگە
رەھبەرلىك قىلدى» دەپ تەرجىمە قىلغىنىمىزدا، «ئاغدۇرۇپ،
قەد كۆتۈرۈپ، ئازاد بولۇپ......مېڭىشىمىزغا»، «ئېرىشىشىمىزگە»
دېگەن پېئىللارنىڭ زامانى گراماتىكا نۇقتىسىدىن ئېنىق
بولماي قالىدۇ.

بۇنداق ھاللاردا، ئەسلى تېكىستتە ئاساسىي ئورۇندا تۇ-
رىدىغان ئىگە بىلەن خەۋەرنى پۈتۈن جۈملىنىڭ «ئىگىسى» ۋە
«خەۋىرى» لىكىدىن چىقىرىپ، ئەسلى تېكىستتىكى ھەم «تول
دۇرغۇچى»، ھەم «ئىگە» بولۇپ كەلگەن چاتما سۆز “我们”
نى ئاساسىي ئىگىگە ئايلاندۇرۇپ، «بىز ماۋجۇشىنىڭ رەھبەر-
لىكىدە ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇپ،
سوتسىيالىستىك داغدام يولدا ماڭدۇق، بەختىيار تۇرمۇشقا
ئېرىشتۇق» دەپ تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. بۇنىڭدا «بىز»
نىڭ پائالىيىتىدىن «خەۋەر» بېرىدىغان پېئىلنىڭ ئۆتكەن
زامان ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ. پېئىلنىڭ زامانىنى روشەنلەش
تۈرۈشى ئۈچۈن، بۇنى «ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە» ياكى
«ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن»، «بىز ...... ماڭدۇق ......
ئېرىشتۇق» دەپ تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن.

تۆتىنچى ئۇسۇل:

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، چاتما سۆزلۈك جۈملىلەرنى
تەرجىمە قىلىشتا تەرجىمە قائىدىسىدىكى «سۆز تاللاش ئۇسۇ-



لى» غا ئاساسەن، تەرجىمىدە شەكلەن تاشلاپ قويۇلسىمۇ، مەنە
جەھەتتىن چۈشىنىلىدىغان ئايرىم سۆزلەرنى تاشلاپ قويۇشمۇ
مۇمكىن.

“中国共产党领导全国人民从胜利走
向胜利。”

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو
خەلقىنى غەلىبىدىن غەلىبىگە باشلىماقتا.»

بۇ يەردە “走向” سۆزى تاشلانغان، قارىماققا «مېڭىش»
دېگەن سۆز تاشلانغان، ماھىيەتتە بولسا، مەنىدە بۇ سۆز كەم-
لىك قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ سۆزنىڭ تاشلانغانلىقى ستىلىس-
تىكا جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلىپى. بىز ئادەتتە «مەن
چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كىنوغا بارىمەن» دېگىنىمىزدە
كونكرېت سۆز مۇھىتىغا ئاساسەن «مەن چۈشلۈك تاماقنى يەپ
بولغاندىن كېيىن كىنو كۆرگىلى بارىمەن» دېگەن مەنىنى
ئاڭلىتىمىز. لېكىن مۇتلەق كۆپ شارائىتتا بۇ گەپنى كېيىنكى
تەقلىدتە ئەمەس، ئالدىنقى تەقلىدتە ئېيتىمىز. بۇ ئۇيغۇر تىلى-
نىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئادىتى. بۇنىڭدا ھەرگىز كېيىنكى
تەقلىدتىكى جۈملىگە كىرگەن «يەپ بولغاندىن كېيىن»،
«كۆرگىلى» دېگەن سۆزلەر ئورنىنى تولدۇرمىسا بولمايدىغان
دەرىجىدە كەملىك قىلمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خەن-
زۇ تىلىنىڭ تىل قائىدىسى بويىچە، «مەن چۈشلۈك تاماقتىن
كېيىن كىنوغا بارىمەن» دېگەن گەپ “我午饭后去看电影”
دېيىلسە، مەنىنىڭ تولۇقسىزلىقى ھېس قىلىنىپ، «چۈشلۈك
تاماق ۋاقتى بولغاندىن كېيىن» مۇ؟ ياكى «باشقىلار چۈش-
لۈك تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن» مۇ؟ دېگەن سوئاللار
پەيدا بولىدۇ. “母亲正安置孩子们睡觉” دېگەن گەپنى
«ئانىسى بالىلىرىنى ئۇخلاشقا جايلاشتۇرۇۋاتىدۇ» دېسەك ياكى
«ئانىسى بالىلىرىنى ئۇخلىتىشقا جايلاشتۇرۇۋاتىدۇ» دېسەك،

ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ياسىما، كۆلكىلىك بىر گەپ بولىدۇ. بۇنداق نۇقسانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «سۆز تاللاش» ئۇسۇلى بويىچە "安置" سۆزىنى تاشلاپ قويۇپ، «ئانىسى باللىرىنى ياتقۇزۇۋاتىدۇ» ياكى «... ئۇخلىتىۋاتىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلساق، تەرجىمە قائىدىسىگە خىلاپ بولمايدۇ.

يۇقىرىدا «چاتما سۆز» بىلەن كەلگەن جۈملە شەكىللىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ بىرنەچچە ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇم. ئەمەلىيەتتە، خەنزۇ تىلىدا بىرنەچچە ئىگە، بىرنەچچە خەۋەر بىر - بىرىگە چېتىلىپ كېلىدىغان، بولۇپمۇ مۇئەييەن بىر سۆز شۇ بىر كونكرېت جۈملىدە بىرىنچى خەۋەر ئۈچۈن «تولدۇرغۇچى»، ئىككىنچى ۋە باشقا خەۋەرلەر ئۈچۈن «دېگەن» بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان جۈملە شەكىللىرىنىڭ تەركىبى خېلىلا مۇرەككەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل تەرجىمە قېلىپىنى ئۆلۈك قوللىنىش ھاجەتسىز. ھەتتا جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراپ، جۈملىنى پارچىلاپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

“他劝我回去休息。”

«ئۇ ماڭا قايتىپ دەم ئېلىڭ دېدى.»



# «ئىبارەت» تىن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىغا

بىراۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىنىمىزدا ياكى بىرەر ماقالە، بىرەر كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا، غەيرىيرەك سۆزنى ئاڭلاپ قالساق، باشقىچىرەك گەپ ياكى جۈملىنى ئۇچرىتىپ قالساق، قانداقلا بولمىسۇن، بىر خىل غەيرىي تەبىئىي ئەھۋالنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، «يىغىنغا قاتنىشىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشنى كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىساق، قۇلىقىمىزغا غەيرىي تەبىئىي ئاڭلىنىدۇ. «بىز كوممۇنىستلار كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلىسىز ئۇلۇغ ۋە جاپا - مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم. دېگەن سۆزنى ئاڭلىساق ۋە ئوقۇساق، ھەر ھالدا ئومۇمىي مەنىنى قىياسەن چۈشەنسەكمۇ، لېكىن خۇددى كىچىك كېلىپ پۇتنى غاجايدىغان كەش كىيىپ يول ماڭغاندەك، راۋان چۈشەنمەي، خېلى قىينىلىمىز. بۇنىڭدا سەۋەب نېمە؟ سەۋەب شۇ يەردىكى، بۇ سۆزلەر تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىل قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

تىل ئادىتى، تىل قائىدىسى دېگەن نېمە؟ دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئادىتى، سۆزلەردىن جۈملە ياساش قائىدىسى بولىدۇ، كىشىلەر سۆزلىگەندە، ياز-

غاندا، ئەنە شۇ ئادەتكە، قائىدىگە رىئايە قىلىدۇ. بۇ ئادەت، بۇ قائىدىلەر ھەربىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىياتىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن، قېلىپ تەرىقىسىدە رول ئوينايدىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. سۆزلىگەندە، يازغاندا، شۇ ئادەت، قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنمىسا، ئاڭلىغان، ئوقۇغان ئادەمگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنىڭ كېلىشى، غەيرىي تەبىئىي تۇيۇلۇشى، چۈشىنىكسىز بولۇشى تۇرغان گەپ.

«ئىبارەت» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئادەتتىكى سۆز جانلىق تىلدا ۋە قىسمەن كىتابىي تىلدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە تىلىدا تىل ئادىتىنىڭ، قائىدىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا، ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇننى تاپالماي، گەپنى گەپكە قۇراشتۇرماي، سۆزنى ئېلىشتۇرۇش، ھەتتا مەنىنى مۇجمەللەشتۈرۈش سەۋەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. يۇقىرىقى مىسالدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاددىيغىنە بىر «ئىبارەت» سۆزى ئارىلاشقان گەپ، كۆپ ھاللاردا، ئاڭلىغاندا قۇلاققا ياقمايدۇ. ئوقۇغاندا مېڭىگە چۈشەنچە ئېغىرلىقىنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنە شۇ ئاددىيغىنە «ئىبارەت» سۆزى بولۇپمۇ يېزىقتا يازغۇچىلارنى، تەرجىمانلارنى، تەھرىرلەرنى سۆزدىن جۈملە تۈزۈش، جۈملىنى ستىلىستىكا جەھەتتىن ئىخچام، چىرايلىق ۋە راۋان ئىشلەش جەھەتتىكى خىزمىتىدە خىلمۇ خىل مۇنازىرىلەرگە سېلىپ قويماقتا. بۇنداق ئەھۋالنى ئومۇملاشقان ھادىسە دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا قىسمەن مەۋجۇت. «كۆزگە ئىلمىغان چوماق پۇتقا پۇتلىشىپتۇ» دېگەندەك، سىنچىلاپ تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئەنە شۇ ئاددىيغىنە «ئىبارەت» سۆزى بولۇپمۇ قىسمەن



تەرجىملەردە ئورۇنسىز قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىتىنى، قائىدىسىنى بۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمە ئارقىلىق ئوقۇلغان خەنزۇ تىلى «شۇنداق داڭقان پۇتى تىل ئوخشايدۇ» دەيدىغان خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلىشتىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن. «ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەست»، «4 كىشىلىك گۇرۇھتىن ئىبارەت سۇيىقەستچىلەر»، «ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپە»، «كوممۇنىزمدىن ئىبارەت يۈكسەك غايە»، «لېنىنىزمدىن ئىبارەت ئىدىيىۋى قورال»، «نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ پرىنسىپ»، «پارتكومدىن ئىبارەت بىر بەن ئادەم» ۋەھاكازا. مۇشۇنداق تەقلىدتە تۈزۈلگەن ئىبارە، گەپلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، گەپتە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى نۇقتىسىدىن، يەنى جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ گراماتىك باغلىنىشى جەھەتتىن بىرەر مۇۋاپىقسىزلىقنى ھېس قىلمايمىز، «ئىبارەت» سۆزى يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن تەقلىدتە، مەتبۇئات يۈزىدە خېلى كۆپ ئورۇننى ئالغان ۋە خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ھالىتىدە كەلگەن ئورۇنلاردا ھەر ھالدا تىل ئادىتىگە نىسبەتەن يات تۇيۇلۇپ كەلمەكتە؛ تەرجىمانلار ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي يوسۇندا بىرقەدەر «ئۆزلىشىپ» قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن كىتابخانلار، ئاڭلىغۇچىلار نەزەرىدە يات گەپ، غەلىتە گەپ بولۇپ كەلمەكتە. كۆپ يىللىق تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە شۇنداق «يات گەپ» سەۋەبىدىن ئالغان ساۋاقلىرىم ئاز ئەمەس. تەرجىمىدە «ئىبارەت» سۆزى يۇقىرىقىدەك قوللىنىلغانلىكى شارائىتلاردا، «ئۇيغۇرچە گەپ قىلساڭچۇ»، «ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلساڭ بولمامدۇ؟» دېگەن باھالار ئاز ئەمەس.

«ئىبارەت» سۆزى، بىر مەنىدىن ئالغاندا، «تەركىب تاپقان» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن، «بۇ گۇرۇپپا 20

كىشىدىن ئىبارەت»، «20 كىشىدىن ئىبارەت گۇرۇپپا» دېگەندە، «بۇ گۇرۇپپا 20 كىشىدىن تەركىب تاپقان»، «20 كىشىدىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا «ئىبارەت» سۆزىنىڭ شۇنداق تۈزۈلۈشتە كېلىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىتى. بۇنداق تۈزۈلۈشتىكى گەپلەر، جۈملىلەر تىل قائىدىسى ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا، غەلىتە تۇيۇلمايدۇ. خۇددى شۇ «ئىبارەت» سۆزى بىلەن «يۇقىرى قان بېسىمىدىن ئىبارەت ئىبلىس چىرمىۋالدى» دېسەك ۋە شۇ تەقلىدتە جۈملە تۈزسەك، بۇ جۈملىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ.

گەپ شۇ يەردىكى «ئىبارەت» سۆزىنىڭ جۈملىدە خەۋەرنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز ئورنىدا قوللىنىلماي، تەڭداش سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ، چاپلاپ تۇرغۇچى ۋاستە ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى ھالىتى، مۇتلەق كۆپ شارائىتتا، ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلىرىمىزدە مۇنتىزىم قائىدىلەشكەن «ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى» شەكلى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قائىدىگە يات «ئىبارەت» تارتىۋالغان.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ تەبىرى بويىچە، جۈملىدە ئالدىن كەلگەن سۆزنى ئارقىدىن روشەن، ئېنىقراق ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كېلىدىغان سۆز (بىر ياكى بىر نەچچە سۆز) ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«بىز زىيالىيلار، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشىمىز». «ماركسىزم - لېنىنىزمنى بۇ ئىدىيىۋى قورالنى ئىگىلەش كېرەك». «ھازىر قەلەمنى قولۇمغا ئالغان ۋاقىتتا، بايىقى ئىش كۆز ئالدىمغا



كەلدى»......

بۇ مىساللاردىكى بىرىنچى جۈملىدە ئېيتىلغان «زىيالىيلار» سۆزى «بىز» نى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن؛ ئىككىنچى جۈملىدە «بۇ ئىدىيىۋى قورال» دېگەن سۆز بىرىكمىسى «ماركسىزم لېنىنىزم» نى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن؛ ئۈچىنچى جۈملىدىكى «قەلەمنى قولۇمغا ئالغان ۋاقىتتا» دېگەن سۆزلەر بىرىكمىسى «ھازىر» نى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن.

بۇ گىرامماتىك قائىدە خەنزۇ تىلىدىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن:

“我们这个队伍完全是为着解放人民的，是彻底地为人民的利益工作的。”

«بىز، بۇ قوشۇن تامامەن خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشنى كۆزلەيمىز، ئۈزۈل - كېسىل خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيمىز.»

“没有坚定纯洁的无产阶级的立场和理想，是不能彻底了解和真正掌握马克思列宁主义这门科学的。”

«مۇستەھكەم ۋە پاك پرولېتارىيات مەيدانى ۋە غايىسىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ماركسىزم لېنىنىزمنى، بۇ پەننى تەل تۆكۈس چۈشىنىش ۋە ھەقىقىي ئىگىلەش مۇمكىن ئەمەس.»

بۇ مىسالدىكى بىرنەچچە گەپتە “这个队伍” دېگەن سۆز “我们” نى، “这门科学” دېگەن سۆز “马克思列宁主义” نى ئىزاھلاپ، ئېنىقلاپ كەلگەن.

ئەپسۇسكى، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تۈزۈلۈشىدىكىگە ئوخشاش تەقلىدتە كەلگەن سۆزلەر خەنزۇچە-

دىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، كۆپ ھاللاردا، ئۆزىگە خاس قائىدىگە ھۆرمەت قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى نۇقسانلار يۈز بەرمەكتە. بىرىنچى مىسالنى ئېلىپ ئېيتساق، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ئەسىرىدىكى بىر مەشھۇر جۈملە ئىزچىل ھالدا: «بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز تامامەن خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشنى كۆزلەيدۇ، تولۇق خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەلمەكتە. شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدا «قوشۇنىمىز ... كۆزلەيدۇ... ئىشلەيدۇ» دەپ ئۈچىنچى شەخسنىڭ پائالىيىتىدىن خەۋەر بېرىلگەن. ماھىيەتتە، «بىز» يەنى «بۇ قوشۇن»، «كۆزلەيمىز»، «ئىشلەيمىز» دېگەن مەنىنى ئاڭلاتقان بولسا توغرا بولاتتى. ئىككىنچى مىسالدىكى “马克思列宁主义这门科学” دېگەن ئىبارە «ئىبارەت» ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تەقلىدىدە «ماركسىزم - لېنىنىزمنى، بۇ پەننى ...» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا، خەنزۇچە نۇقتىسىدىنمۇ، ئۇيغۇرچە نۇقتىسىدىنمۇ قائىدىگە چۈشكەن ۋە غەيرىي تەبىئىي ياسالما بولمىغان بولاتتى.

ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تەقلىدىدە تۈزۈلگەن جۈملىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، جۈملە تەركىبىگە كىرگەن ئىككى سۆز ياكى سۆزلەر بىرلىكلىرى ئۇقۇم جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ئورۇندا قاتار كېلىپ، ئوخشاش بىر شەيئىنى بايان قىلىدۇ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ بېرىدۇ. بۇ گرامماتىك قائىدە خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن:

“我们共产党人从来不隐瞒自己的政
治主张。”

«بىز، كوممۇنىستلار، ئۆزىمىزنىڭ
سىياسىي تەشەببۇسنى ئەزەلدىن يوشۇرمايمىز».



“由中央电视台和辽宁人民艺术剧院
合作录制的彩色电视剧《乔厂长上任记》已
在沈阳开拍。”

«مەركىزىي تېلېۋىزور ئىستانسىسى
بىلەن لياۋنىڭ خەلق سەنئەت دراممىسى
بىرلىشىپ ئىشلەيدىغان رەڭلىك تېلېۋىزور
تىياتىرى «چياۋ چاڭجاڭنىڭ ۋەزىپىگە
ئولتۇرۇشى» شېنياڭدا ئىشلىنىشكە
باشلىدى.»

“他用自己的眼睛读世间这一活书。”

«ئۇ كىشىلەر دۇنياسىنى، بۇ جانلىق
كىتابنى ئۆز كۆزى بىلەن ئوقۇيدۇ.»

يۇقىرىقى ئۈچ مىسالنىڭ بىرىنچىسىدە “共产党人” دېگەن سۆزلەر “我们” نى؛ “乔厂长上任记” دېگەن سۆزلەر “彩色电视剧” نى؛ “活书” دېگەن سۆزلەر “世间” نى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن. خەنزۇ تىلىدىكى شۇ قائىدە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاش. «كوممۇنىستلار» دېگەن سۆز «بىز» نى؛ «چياۋ چاڭجاڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى» دېگەن سۆزلەر بىرىكمىسى «رەڭلىك تېلېۋىزور تىياتىرى» دېگەن سۆزلەر بىرىكمىسىنى؛ «جانلىق كىتاب» دېگەن سۆزلەر «كىشىلەر دۇنياسى» نى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن. خەنزۇچە ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە كەلگەن ئىبارە، گەپ، جۈملىلەرنى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ پۈتۈنلەي ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە كەلگەن ئىبارە، گەپ، جۈملە قىلىپ تەرجىمە قىلىش تامامەن مۇمكىن.

“世间活书” نى «كىشىلەر دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ جانلىق كىتاب» دەپ، “乔厂长上任记” “彩色电视剧”، دېگەن سۆزلەرنى «رەڭلىك تېلېۋىزوردىن ئىبارەت چياۋ چاڭجاڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى» ۋەھاكازا دەپ، تىل ئادىتىنى،

تىل قائىدىسىنى بۇزۇپ، گەپنى زورمۇ زور غەلىتىلەشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

خەنزۇ تىلىدا ئىنقىلانغۇچى باش سۆز ئالدىدا، ئىزاھات تەرىقىسىدە ئىنقىلىغۇچى سۆز ئارقىدا كېلىدۇ، بۇلار كۆپ ھاللاردا بىر - بىرىگە ھېچبىر ياردەمچى سۆزسىزلا، گىراماتىك بەلگىلەرسىزلا ياندىشىپ كېلىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا بولسا يېزىقتا ئىككى تەرەپتىن پەش ( ، ) بىلەن ئاجرىتىلىدۇ، ئايرىم ھاللاردا ئىنقىلانغۇچىنىڭ ئارقىسىغا پەش قويۇلمىسىمۇ بولىدۇ. ئىزاھ ئىنقىلىغۇچىلار گەپنىڭ ھەر خىل بۆلەكلىرىنى ئىنقىلاپ كېلىدۇ.

ئىگىنى ئىنقىلاپ كېلىدۇ:

“我们一切工作干部，不论职位高低，都是人民的勤务员，我们所做的一切，都是为人民服务，我们有些什么不好的东西舍不得丢掉呢？”

«بىز، بارلىق كادىرلار، مەيلى خىزمەت ئورنىمىز يۇقىرى بولسۇن ياكى تۆۋەن بولسۇن، خەلقنىڭ خىزمەتكارىمىز، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خەلق ئۈچۈن تۇرسا، بىزدە تاشلىۋېتىشكە قىيىنغۇدەك يەنە قانداق نەرسىلەر بولسۇن؟»

بۇ مىسالدا “一切工作干部” (بارلىق كادىرلار) دېگەن سۆز “我们” (بىز) نى ئىزاھلاپ، ئىنقىلاپ كەلگەن. بۇ قائىدە خەنزۇچىدىمۇ، ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قائىدىگە ھۆرمەت قىلماي “我们一切工作干部” دېگەن سۆزلەر بىرىكمىسىنى «بىزنىڭ بارلىق كادىرلىرىمىز» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇ ھالدا، پۈتۈن جۈملىنىڭ خەۋىرى بىرىنچى



شەخستىن كۆچۈپ، ئۈچىنچى شەخسكە ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، ئەسلى مەنىسىگە نۇقسان يېتىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىنى ئىنقىلاپ كېلىدۇ:

“那是一座陡得不可攀登的高山。”

«ئۇ تىك، يامىشىپ چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ.»

“哈尔滨工业大学积极调整政策，摆正教学和科研这两者的关系，……”

«خاربىن سانائەت داشۆسى سىياسەتنى ئاكتىپ تەڭشەپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرىلىدى،……»

ئالدىنقى مىسالدىكى “陡得” دېگەن سۆزمۇ، “不可攀登的” دېگەن سۆزمۇ ھەتتا “高” مۇ “山” نى ئېنىقلىغان؛ شۇ ئېنىقلىغۇچىلاردىن “高” سۆزىنى “山” سۆزى بىلەن بىرىككەن سۆز دەپ قارىساق، “不可攀登” دېگەن ئېنىقلىغۇچى “陡得” دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى ئىزاھلاش رولىنى ئوينايدۇ.

كېيىنكى مىسالدىكى “教学和科研……的” دېگەن سۆزمۇ، “这两者的” دېگەن سۆزمۇ “关系” نىڭ ئېنىقلىغۇچىسى. بۇلاردىن “这两者的” بولسا “教学和科研” ئىبارىسىنى، يەنى ئېنىقلىغۇچىنى ئىزاھلاش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن تەرجىمىدە بۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەنىنى توغرا ئىپادىلەش شەرتى ئاستىدا ئىخچاملاشتۇرۇش مۇمكىن. يەنى تەرجىمىدىكى «قىسقارتىش ئۇسۇلى» نى قوللىنىپ، “这两者的” (بۇ ئىككىسىنىڭ) دېگەن سۆزنى تەرجىمىدىن چىقىرىپ تاشلاش

مۇمكىن.

تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ:

“我把它作为礼物送给你，希望它伴着你再次度过一个相同的历程，一个‘青出于蓝而胜于蓝’的历程。”

«مەن بۇنى سىزگە سوۋغا قىلاي، بۇ سىزگە ھەمراھ بولۇپ يەنە بىر ئوخشاش مۇساپىنى، ‹كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن ئېشىپ كېتىدىغان› مۇساپىنى بېسىپ ئۆتسۇن.»

“希望你们按照新时期、新任务的要求，进一步认识教育工作的重大意义，真正做到自爱——热爱自己的工作；自尊——尊重自己的事业；自豪——豪情满怀地献身于崇高事业。”

«يېڭى دەۋرنىڭ، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مائارىپ خىزمىتىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، ھەقىقىي يوسۇندا ئۆزۈڭلارغا، ئۆز خىزمىتىڭلارغا كۆيۈنۈشۈڭلارنى؛ ئۆزۈڭلارنى، ئۆز ئىشىڭلارنى قەدىرلىشىڭلارنى؛ پەخىرلىنىشىڭلارنى. يۈكسەك ئىشلارغا ئىپتىخارلىق بىلەن بېرىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار ھالەتنىمۇ ئېنىقلاپ كېلىدۇ:

“我们伟大的祖国，人是最可宝贵的。”

«بىزدە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە، ئادەم



ھەممىدىن قەدىرلىك.»

“他在我们这些青年学生面前却没有一点架子，平易近人。”

«ئۇ بىزنىڭ، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىمىزدا زادىلا ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ، خۇشپېئىل.»

“我的母校新疆大学里，凡是认识他的人，对他都赞不绝口。”

«ئانا مەكتىپىمدە، شىنجاڭ داشۆدە، تونۇيدىغانلىكى ئادەم ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدۇ.»

ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچى سۆزلەر بىلەن “即” (يەنى)، “如” (مەسىلەن)، “主要是” (ئاساسەن)، “特别是” (بولۇپمۇ، خۇسۇسەن)، “这个” (دېگەن)، “其中有” (جۈملىدىن) “其中包括” (جۈملىدىن، شۇ قاتاردا) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ باغلىنىپ، ئىزاھلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

“无产阶级如果不能解放一切劳动人民，解放一切民族，即解放全人类，那么，无产阶级就不能完全解放自己。”

«پرولېتارىيات بارلىق ئەمگەكچىلەرنى، بارلىق مىللەتلەرنى، يەنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلمىسا، ئۇ ھالدا ئۆزىنىمۇ تولۇق ئازاد قىلالمايدۇ.»

“许多作家，如冰心、严文井、陈伯吹等人，都在挥笔为孩子们写新作。”

«بىر مۇنچە يازغۇچى، مەسىلەن، بىڭ شىن، يەن ۋېنجىڭ، چېن بوچۈيلەر.

قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، باللار ئۈچۈن يېڭى ئەسەر يازماقتا.»

“西藏人民与祖国各族人民，主要是与汉族人民之间的友好往来，在很早以前已经开始。”

«شىزاڭ خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن، ئاساسەن خەنزۇ خەلقى بىلەن دوستانە باردى - كەلدىسى ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغانىدى.»

“西藏人民长期以来就与中国各族人民，特别是汉族人民结成了亲密的兄弟关系，是祖国大家庭的一个成员。”

«شىزاڭ خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقى بىلەن، خۇسۇسەن خەنزۇ خەلقى بىلەن يېقىن ئاكا - ئۇكىلارچە مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ، چوڭ ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى.»

“毛泽东同志反复阐述的正是实践是检验真理的唯一标准这个伟大真理。”

«يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ قايتا - قايتا بايان قىلىپ كەلگىنى دەل ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دېگەن ئۇلۇغ ھەقىقەت.»

خەنزۇ تىلىدا، بولۇپمۇ يېزىقتا، ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار سىزىق (—) نىڭ ياردىمى بىلەنمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

“俄国工农群众在列宁领导下举行了十月革命，创立了界世上第一个无产阶级专政的国家——俄罗斯苏维埃联邦社会主义共和国。”

«روسىيىدە ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسى لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوزغاپ، دۇنيا بويىچە تۇنجى پرولېتارىيات دىكتاتۇرلۇقىدىكى دۆلەتنى — روسىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلدى.»

“一九四九年中国人民解放战争在全国范围内取得了基本的胜利，打倒了各民族的共同的内部敌人——国民党反动政府，驱逐了各民族的共同的外部敌人——帝国主义侵略势力。”

«جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى 1949 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاساسەن غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىچكى دۈشمىنىنى — گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنى يوقاتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تاشقى دۈشمىنىنى — جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.»

ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە كەلگەن جۈملىلەردە، مەيلى تولدۇرغۇچى، ھالەت بولۇپ كەلگەن ئېنىقلانغۇچى بولسۇن ياكى ئېنىقلىغۇچى بولسۇن، ئۇلارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئېنىقلىغۇچىغىمۇ، ئېنىقلانغۇچىغىمۇ بەرگەن ياخشى.

ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار تۈزۈلۈشىدە كەلگەن جۈملىلەر مەنىنى روشەنلەشتۈرۈپ، تەرجىمە تىلىنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئادەتتە خەنزۇ تىلىدا ئىزاھ

ئېنىقلىغۇچىلار، يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدەك، ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ھەتتا سىزىق (—) بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى ھېچبىر ياردەمچىسىزلا قاتار كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

“我们中国共产党员”，“你们几个战士”，“实践标准”，“缪斯文艺女神”

بۇنداق تەقلىدتە كەلگەن ئىبارىلەرنى، مەسىلەن، “我们中国共产党员” نى «بىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىمىز» دەپ، “你们几个战士” نى «سىلەرنىڭ بىرنەچچە جەڭچىڭلار» دەپ تەرجىمە قىلىساق؛ گەپ مەنە جەھەتتىن ئىككىنچى شەخسكە كۆچۈپ كېتىدۇ ـ دە. تېكىستتىكى بىرىنچى شەخس كۆزدە تۇتۇلغان مەنىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ؛ «بىزدىن ئىبارەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرى»، «سىلەردىن ئىبارەت بىر نەچچە جەڭچى» دەپ تەرجىمە قىلىغاندا. سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق باغلىنىشى جەھەتتىن، شەخسنى ئېنىق ئىپادىلەش جەھەتتىن مۇۋاپىق بولىسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە سىغمايدۇ. “实践标准” دېگەن سۆزنى «ئەمەلىيەت ئۆلچىمى» دەپ تەرجىمە قىلىساق، «ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچىمى» نېمە؟ دېگەن مەنتىقىي ئۇقۇم سوئالى كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، مەنە مۇجمەللىشىدۇ؛ “缪斯文艺女神” «موسىس ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەرىسى» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئېنىق مەنە ئاڭلىتىش تەس. «موسىستىن ئىبارەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەرىسى» دېسەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن. ئەڭ ياخشىسى، بۇنداق ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە كەلگەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى، جۈملى-



لەرنى سىنتاكسىس قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىش كېرەك.

يېزىقتا ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلارنى سىنتاكسىس قائىدىسى بويىچە قوللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. ئۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ بېرەلەيدۇ، يەنى بىرىنچىدىن، گەپتە مەنىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، خۇددى جانلىق تىلدا تەكىتلىنىدىغان سۆزنىڭ تاۋۇشى كۆتۈرۈلۈپ چىققانغا ئوخشاش، ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە تەكىتلىنىدىغان سۆز، ئىبارىنى تەكىتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تۆۋەندە ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى توغرا قوللىنىلغان جۈملىلەر بىلەن توغرا قوللىنىلمىغان جۈملىلەردىن پاراللېل مىسال كەلتۈرىمىز:

“社会意识形态包括政治、法律、哲学、文艺、道德、宗教各领域作为上层建筑，它总是为一定的经济基础服务的。”

| | |
|---|---|
| «سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئەخلاق، دىن قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇستقۇرۇلما بولغان ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ھامان مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.» | «ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە، شۇ جۈملىدىن سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئەخلاق ۋە دىن قاتارلىق ساھەلەر، ئۇستقۇرۇلما بولغىنى ھالدا، ھامان بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىسقا خىزمەت قىلىدۇ.» |

“列宁一贯强调在坚持无产级阶国际

主义的同时，要同两种错误的倾向作斗争：一种是大国沙文主义，一种是狭隘的民族主义。列宁对大国沙文主义，特别是对大俄罗斯民族主义，是深恶痛绝的。”

«لېنىن پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمدا چىڭ تۇرۇشنى ئىزچىل تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمى ۋە تار مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل خاتا خاھىشقا قارشى كۆرەش قىلىشنى لازىملىقىنىمۇ ئىزچىل تەكىتلىگەن. لېنىن بولۇپمۇ چوڭ رۇس مىللەتچىلىكىدىن ئىبارەت چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى.»

«لېنىن پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى خىل خاتا خاھىشقا: بىرى — چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىغا، بىرى — تار مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش قىلىش لازىملىقىنىمۇ ئىزچىل تەكىتلىگەن. لېنىن چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىغا، بولۇپمۇ چوڭ رۇس مىللەتچىلىكىگە چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى.»

“这两个报告着重阐述了执政党如何执行群众路线，反对脱离实际，反对官僚主义；如何执行民主集中制原则，反对个人专权；如何维护团结和统一，反对分裂；如何正确理解和处理好群众、政党和领袖的关系等一系列重大问题。”



«بۇ ئىككى دوكلاتتا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى قانداق ئىجرا قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشقا ۋە بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشى؛ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى قانداق ئىجرا قىلىپ، شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىككە قارشى تۇرۇشى؛ ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى قانداق قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشى؛ ئامما، پارتىيە ۋە داھىينىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ توغرا چۈشىنىشى ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشى قاتارلىق بىر قاتار

«بۇ ئىككى دوكلاتتا بىر قاتار زور مەسىلىلەر — ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان پارتىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشقا، بيۇروكراتلىققا قارشى ئاممىۋى لۇشيەنىنى قانداق ئىجرا قىلىشى، شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىققا قارشى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى قانداق ئىجرا قىلىشى؛ بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى قانداق قوغدىشى؛ ئامما، پارتىيە ۋە داھىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق توغرا چۈشىنىشى ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشى ۋەھاكازالار ئېتىبار بىلەن شەرھلەنگەن.»

زور مەسىلەر
نۇقتىلىق هالدا
شەرھلەنگەن.»

“恩格斯在《论住宅问题》中指出：‘正是由于这种工业革命’人的劳动生产力才达到了这样高的水平，以致在人类历史上破天荒第一次创造了这样的可能性：在所有的人实行合理分工的条件下，不仅进行大规模生产以充分满足全体社会成员丰裕的消费和造成充实的储备，而且使每个人都有充分的闲暇时间从历史上遗留下来的文化——科学、艺术、交际方式等等——中间承受一切真正有价值的东西；并且不仅是承受，而且还要把这一切从统治级阶的独占品变成全社会的共同财富和促进它进一步发展。”

«ئېنگېلس
‹ئۆي ـ جاي مەسى
لىسى توغرىسىدا›
دېگەن ئەسىرىدە
مۇنداق دەپ كۆر-
سىتىدۇ: ‹دەل مانا
مۇشۇ سانائەت
ئىنقىلابى ئارقىسىدا،
كىشىنىڭ ئەمگەك -
ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرى شۇنداق

«ئېنگېلس ‹ئۆي -
جاي مەسىلىسى
توغرىسىدا› دېگەن
ئەسىرىدە مۇنداق
دەيدۇ: ‹دەل مانا
مۇشۇ سانائەت
ئىنقىلابى ئارقىسىدا،
كىشىلەرنىڭ
ئەمگەك - ئىشلەپ
چىقىرىش كۈچلىرى
شۇنداق يۇقىرى



يۇقىرى سەۋىيىگە
يەتتىكى، ئىنسانىيەت
تارىخى باشلانغاندىن
بۇيان، جىمىكى
كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا
ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش
تەقسىماتى يولغا قو-
يۇلغان شارائىت ئاس
تىدا، جەمئىيەتنىڭ
بارلىق ئەزالىرى-
نىڭ مول ئىستېمال-
نى قاندۇرۇش ۋە
مول زاپاس فوندىنى
ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە
ئىشلەپچىقىرىش
ئېلىپ بېرىشقىلا
ئەمەس، بەلكى ھەربىر
كىشىگە تارىخى
مىراس بولۇپ كەل-
گەن مەدەنىيەتنى —
پەندىن، سەنئەتتىن،
ئالاقە ئۇسۇلى ۋە باش-
قىلاردىن — ھەقىقىي
قىممەتكە ئىگە بولغان
نەرسىلەرنىڭ ھەممى-
سىنى ئۈزلەشتۈرۈۋې-
لىشقا، ئۈزلەشتۈرۈۋې-
لىشقىلا ئەمەس،

سەۋىيىگە يەتتىكى
ئىنسانىيەت تارىخىدا
بىرىنچى قېتىم
مۇنداق ئىمكانىيەت،
يەنى: ھەممە
ئادەم مۇۋاپىق ئىش
تەقسىم قىلىۋالغان
شارائىتتا، جەمئىيەت-
نىڭ بارلىق ئەزالى-
رىنىڭ مول ئىستې-
مال ھاجىتىنى
تولۇق قاندۇرىدىغان
ۋە تولۇق زاپاس
تەييارلايدىغان زور
كۆلەملىك ئىشلەپ-
چىقىرىش بىلەن
شۇغۇللىنىش بىلەنلا
قالماستىن، بەلكى
ھەر بىر كىشىنى
تارىختىن قالغان
مەدەنىيەتتىن — پەن،
سەنئەت، ئالاقە
ئۇسۇللىرى ۋە باش-
قىلاردىن — ھەقىقىي
قىممەتكە ئىگە
بولغان نەرسىلەرنى
ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقىمۇ
تولۇق بوش ۋاقىت
چىقىرىش ئىمكانىيىتى،

به لكى ئۇلارنى هۆكۈم-
رانسىنىپلارنىڭ تەنها
ئىگىلىۋېلىشىدىن
پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ
ئومۇمىي بايلىقىغا
ئايلاندۇرۇشقا ۋە ئۇ-
لارنى يەنىمۇ تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش ئۈ-
چۈن بوش ۋاقىت
بېرىشكە بىرىنچى قې-
تىم ئىمكانىيەت
تۇغۇلدى.»

ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش
بىلەنلا قالماستىن،
بەلكى ئۇلارنى هۆكۈم-
رانسىنىپلارنىڭ تەنها
مۈلكىدىن پۈتۈن
جەمئىيەتنىڭ ئورتاق
بايلىقىغا ئايلاندۇ-
رۇش ۋە ئۇلارنى تې-
خىمۇ راۋاجلاندۇرۇش
ئىمكانىيىتىمۇ
پارتىلدى.»

“之后，少奇同志还写了《论共产党员的修养》、《论党内斗争》、《论党》（即在党的“七大”作的关于修改党章的报告）等一系列闪耀着马克思主义光辉的关于党的建设的专著。”

«ئۇنىڭدىن كېيىن،
يولداش ليۇشاۋچى
‹كوممۇنىستلارنىڭ
تەربىيىلىنىشى توغرى-
سىدا›، ‹پارتىيە
ئىچىدىكى كۈرەش
توغرىسىدا›، ‹پارتى-
يە توغرىسىدا› (يەنى
پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇل-
تىيىدا بېرىلگەن

«ئۇنىڭدىن كېيىن،
يولداش ليۇشاۋچى
پارتىيە قۇرۇلۇشى
توغرىسىدا ماركسىزم
نۇرى چاقناپ تۇرى-
دىغان مەخسۇس
ئەسەرلەرنىمۇ، ‹كوم-
مۇنىستلارنىڭ تەربى-
يىلىنىشى توغرىسىدا›،
‹پارتىيە ئىچىدىكى



پارتىيە نىزامنامىسى-
گە تۈزىتىش كىرگۈ-
زۈش توغرىسىدىكى
دوكلات) قاتارلىق
پارتىيە قۇرۇلۇشىغا
ئائىت ماركسىزمنىڭ
پارلاق نۇرى چاقناپ
تۇرىدىغان بىر قاتار
مەخسۇس ئەسەرلەر-
نىمۇ يازغان.»

كۈرەش توغرىسىدا›،
‹پارتىيە توغرىسىدا›
(يەنى پارتىيىنىڭ
7-قۇرۇلتىيىدا پارتىيە
نىزامنامىسىنى تۈزى-
تىش توغرىسىدا
بەرگەن دوكلاتى)
دېگەن مەخسۇس
ئەسەرلەرنىمۇ
يازدى.»

يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ئوك تەرەپتىكى تەرجىمىلىرىنى، ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، چۈشىنىش ھەرھالدا قىيىنراق؛ جۈملىلەر ئېغىر، تەكىتلىنىۋاتقان سۆز - ئىبارىلەردە مەنە دېگەندەك ئېنىق ئەمەس؛ بولۇپمۇ ئېنىقلانغۇچىلار بىلەن ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ دائىرىسى روشەن ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۈملىلەر ئۇزۇن، مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر بولغاچقا، بىر كۆرۈش بىلەنلا مەنىنى تولۇق ھەزىم قىلىپ كېتىش، گەپنىڭ تەكىتلىنىۋاتقان تەرەپلىرىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش قىيىنراق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، سول تەرەپتىكى تەرجىمىلەر (ئەلۋەتتە، تېخىمۇ ئىخچام، راۋان ۋە يەڭگىل تەرجىمە قىلىش ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى بولۇشى مۇمكىن) ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تەقلىدىدە بولغاچقا، ھەرھالدا ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ھەم يەڭگىل، ھەم چۈشىنىشلىك؛ بولۇپمۇ جۈملىدە تەكىتلىنىۋاتقان نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئېنىقلانغۇچىلار بىلەن ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى، چەكلىك دائىرىسى روشەن بېرىلگەن.

## «ئۇچۇر» توغرىمۇ ياكى «سىرتىق» مۇ؟

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان «سىرتىق نەزەرىيىسى» (信息论) نىڭ ئىجتىمائىي پەن كاتېگورىيىسىگە كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن «سىرتىق» (信息) دېگەن ئۇقۇم كەڭ كۆلەمدە ئىستېمال قىلىنىدىغان بولدى، ھەتتا گېزىت - ژۇرناللاردا، رادىئولاردا، ئىلمىي نۇتۇقلاردا بۇ ئۇقۇم كۆپ ئۇچراش بىلەن بىللە، «سىرتىق دېگەن نېمە؟» دېگەن سەرلەۋھىدىكى ماقالىلەردىمۇ، بۇ جەھەتتە ئوتتۇرىغا چىققان سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىمۇ «سىرتىق» دېگەن ئۇقۇم تەپسىلىي يېشىپ بېرىلمەكتە. بىزگە مەلۇم بولغان خەنزۇ تىلىدىكى يازما ماتېرىياللار ۋە ئاغزاكى سۆز، نۇتۇقلاردىكى ئەھۋال. "信息" دېگەن ئۇقۇم خەنزۇلار ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقىدىن خەۋىرى بولغان باشقا مىللەت خەلقى ئۈچۈن چۈشىنىشلىك سۆز. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، "信息" دېگەن سۆز بىرەر ئىش، ئەھۋال ياكى نەرسىنىڭ ئىز - دېرىكى، سىرتىقى دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىرەر ئىش، ئەھۋال ياكى نەرسىنىڭ خەۋىرىنى ئالماقچى، ئاڭلىماقچى، ئىز - دېرىكىنى بىلمەكچى، ئۇچۇرىنى ئالماقچى بولغان ئادەمگە ئالدىن مەلۇم بولمىغان مەلۇمات. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردا بۇ ئاتالغۇنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسى ئاساسەن مەۋجۇت



ئەمەس. ئەگەر مەسىلە مەۋجۇت دېيىلىدىغان بولسا، گەپ بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئەمەس. تەبىرى، مەزمۇن كاتېگورىيىسى ۋە رولى ئۈستىدە بارماقتا.

لېكىن، باشقىلار كەلگۈسىدىكى سىرتىقلاشقان دەۋر (信息时代) نىڭ تاڭ نۇرى ھازىرقى ئىنسانىي ھاياتنىڭ ئاسمىنىدا پارلىداۋاتقان، سىرتىقلاشقان جەمئىيەت (信息社会) بارلىققا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر شارائىتتا، سىرتىق مەدەنىيىتى (信息文明) راۋاجلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە قاندۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا تىرىشىۋاتسا، بىزنىڭ شۇنداق تىرىشىش يولىدا سەرپ قىلىۋاتقان كۈچىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز بولسىمۇ بىر قىسمى "信息" دېگەن سۆزدىن نېمە ئۇقۇمنى چۈشىنىش مەسىلىسىگە سەرپ قىلىنماقتا. بىزنىڭ "信息" دېگەن سۆزگە مۇۋاپىق ئات تېپىش، ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن قىسمەن بولسىمۇ ئاۋارە بولۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا سوراپ، ئالاقىلىشىپ، ئىزدىنىپ يۈرگەنلىكىمىزمۇ مۇشۇنىڭ بىر ئىپادىسى.

ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن تەبىئەت بىلەن تونۇشىدۇ، شۇ جەرياندا ئورتاق ئەمگەك قىلىدۇ، ئەمگەك جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن بولغان ۋە بولىدىغان مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ ئۆزى بىلمەيدىغان، ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان ئىش، ئەھۋال، ھادىسە، نەرسە ۋە بىلىمنىڭ «سىرتىقى» نى ئېلىپ، شۇ يول بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشقا موھتاج بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشى، راۋاجلىنىشى بىلەن «سىرتىقى» نى ئېلىش، بىلىش، شۇنىڭغا قاراپ ئىشلەش ئارزۇسىمۇ كۈچىيىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتمۇ، تەبىئەتمۇ ئىنسانلارغا كۈندىن - كۈنگە كۆپ شەيئىنىڭ سىرتىقىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ

(提供信息). ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى كىشى-
لەرنىڭ ئەنە شۇنداق ھاسىل قىلغان سىرتىقلار ئارقىلىق
شەيئىلەر توغرىسىدا ھېسسىي بىلىم، ئەقلىي بىلىم
ھاسىل قىلىش، دۇنيانى چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىش، ئىككىنچى
تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىلىم ھاسىل قىلىش، بىلىم توپلاش
بىلىمنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ماددىي
ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ھەم ئۇلارنى يەنىمۇ راۋاجلان-
دۇرۇش جەريانىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، «سىرتىق» ھەم
مەنىۋى ئۇقۇم، ھەم ماددىي نەرسە، چۈنكى ئۇ ھەم مەنىۋى-
ھەم ماددىي قىممەت يارىتىشقا خىزمەت قىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ
زېمىنى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، قاتناش ئىشلىرى قولايسىز.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر ئىش، بىرەر ئەھۋال ياكى بىرەر
شەيئىنىڭ «سىرتىقىنى ئېلىش تەس» (信息不灵)؛
«سىرتىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ(开发信息资源)، تۆتنى زامانىۋى-
لاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرايلى»، «سىرتىقلارنى توپلاپ،
رەتلەپ، سىرتىقنى ئېلىشقا، بىلىشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان
ھاجەتمەنلەرگە تېزدىن يەتكۈزەيلى (传播信息)؛ «گېزىت،
رادىئو، ئاگېنتستۋالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخبارات ئورگان-
لىرى سىرتىقلارنى ئېلىپ بېرىدىغان (收集, 输送, 传播信息)
ئۈنۈملۈك قورال»؛ «پەن - تېخنىكا گېزىتلىرى بويىچە
مەملىكەتلىك سىرتىق مەركىزى (سىرتىقنى ئېلىپ بېرىدىغان
مەركەز — 全国科技报信息中心) قۇرۇلدى»؛ «سىرتىقنى
ئېلىپ بېرىش شىركىتى (ياكى قىسقارتىپلا «سىرتىق شىركىتى»
دېيىش ھەم مۇمكىن — ئاپتور) قۇرۇلدى» ۋەھاكازا دېگەن
يېڭىلىقلار تاسادىپىي بىر ئەھۋال ئەمەس. «باھا سىرتىقى»
(价格信息)، «بازار سىرتىقى» (市场信息)، «تاۋار سىر-
تىقى» (商品信息)، «پەن- تېخنىكا سىرتىقى» (科技信息)،
«ئەدەبىيات - سەنئەت سىرتىقى» (文艺信息)، «قانۇن



سىرتىقى» (法律信息)، «ئالەم سىرتىقى» (宇宙信息)،
«تەبىئەت سىرتىقى» (自然信息)، «خەۋەر سىرتىقى»
(消息信息) ۋەھاكازا دېگەندەك ئاتالغۇ، ئۇقۇملارنىڭ كۆ-
پەيگەنلىكى ۋە كۆپىيىۋاتقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك بىر ئەھۋال
ئەمەس. «سىرتىق شىركەتلىرى» نېلڭ تۈرلۈك ئەھۋاللارنىڭ
سىرتىقىنى ئېلىپ بېرىش، ھاجەتمەنلەرگە «سىرتىق» ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش (信息服务) يولى بىلەن بېسىيغان ۋە بېيىت-
ۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرماقتىمىز.

ئۇنداق بولسا ئۇيغۇر تىلىدىكى «سىرتىق» دېگەن نېمە؟
تۇرمۇشىمىزدىكى تىل ئەمەلىيىتىگە دىققەت قىلىدىغان كىشى-
لەرگە مەلۇمكى، تۇرمۇشىمىزدا «ھېلىقى يوقىلىپ كەتكەن
موزايىنىڭ سىرتىقىنى ئالالىدىڭمۇ؟»، «خەت - خەۋىرى ئۈزۈ-
لۈپ قالغان ھەمشىرەڭنىڭ سىرتىقىنى ئالالىدىڭمۇ؟» دېگەنگە
ئوخشاش گەپ بار. بۇ يەردىكى «سىرتىق» سۆزى ئورتاق تىل
بولۇپ. قەشقەر شېۋىسىدە «سىپىتىق». «سىپىتىقى» دەپ تەلەپ-
پۇز قىلىنىدۇ. مەزمۇنى جەھەتتىن ئالغاندا، تولاراق «جاۋاب»
دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان «ئۇچۇر» دېگەن سۆز بىلەن؛ «ئىلىم-
بىلىم» ياكى «دوكلات» ۋە ياكى «خەۋەر» دېگەن مەنىگىرەك تارتىپ
كېتىدىغان «مەلۇمات» دېگەن سۆز بىلەن؛ «بەلگە، ئالامەت،
شەپە، بېشارەت» دېگەندەك مەنىلەرگە تارتىپ كېتىدىغان
«دېرەك» دېگەن سۆز بىلەن؛ ھەتتا «خەۋەر»، «ئاخبارات»
دېگەن سۆزلەر بىلەن يېقىن تۇغقانلىق، مەنىداشلىق مۇناس-
ۋىتى بولسىمۇ، لېكىن «سىرتىق» دېگەن سۆز «بىرەر شەيئى
توغرىسىدىكى ئەھۋالنى بىلمەكچى بولغان كىشىنى رەسمىي
مۇكەممەل، ئېنىق بولمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا مىش - مىش
گەپ بىلەن بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا شۇ شەيئى ھەققىدە بىرەر
خەۋەر بىلەن تەمىنلەش ۋاسىتىسى» دېگەن مەزمۇنى بىلەن
پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئەسلى لاتىن تىلى

(informate) بولۇپ، رۇس تىلىدا «ئىنفورماتسىيە» (ИнФоРМáлия)، ئىنگلىز تىلىدا «ئىنفورماتسىئون» (information) تەلەپپۇزى بىلەن قوللىنىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىغىمۇ قىسمەن سىڭگەن خەۋەر، ئاخبارات، ئۇقتۇرۇش، مەلۇمات، دوكلات، بىلىم، ماتېرىيال، سانلىق مەلۇمات، تونۇشتۇرۇش، ھەتتا شىكايەت ۋەھاكازا دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىغان «ئىنفورماتسىيە» سۆزى بىلەن؛ ئەسلى لاتىن تىلى (Signum) بولۇپ، رۇس تىلىدىمۇ، ئىنگلىز تىلىدىمۇ «سىگنال» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، بەلگە، ئالامەت، بېشارەت، ھەتتا (ئىنگلىز تىلىدا) سەۋەب، غەرەز، تۈتۈرۈق، ئېنىق. ئادەتتىن تاشقىرى، چوڭ ۋەھاكازا دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدىغان «سىگنال» دېگەن سۆز بىلەن قىسمەن مەنىداش بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنىنىڭ ئېنىق ۋە تۇراقلىقلىقى بىلەن، بولۇپمۇ باشقا سۆزلەر بىلەن ناھايىتى ئوبدان، ئەتراپلىق ۋە دەقىقە ھەم تىل ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن ھالدا چىرايلىق بىرىكەلەيدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا يۇقىرىقى بايانلىرىمىز ئوبدان دەلىل بولالىسا كېرەك.

دۇرۇس، بەزىلەر "信息" دېگەن سۆزنى «ئۇچۇر» دەپ تەرجىمە قىلىشماقتا. «ئۇچۇر» سۆزى، مۇتلەق كۆپ شارائىتتا، ئالدىن خەۋەرلىك بولغان، ئۇچۇرى ياكى جاۋابى كۈتۈپ تۇرۇلغان ۋە شۇنىڭغا يارىشا جاۋابى ياكى ئۇچۇرى بېرىلگەن، بېرىلىدىغان بىر ھالەتنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇچۇر كەلدىمۇ، ئۇچۇر ئالالىدىڭمۇ؟ بۇ مەنە جەھەتتىن «جاۋاب كەلدىمۇ، جاۋاب ئالالىدىڭمۇ؟» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش. ئەگەر بىز «ئۇچۇر» دېگەن سۆزنى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللارغا تەتبىقلايدىغان بولساق، «بازار ئۇچۇرى»، «ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇچۇرى»، «ئالەم ئۇچۇرى»، دېسەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنتىقىيسى بويىچە مەنىنى ئىپادىلاشتۇرۇش ھەر ھالدا قىيىن



بولسا كېرەك. چۈنكى «ئۇچۇر» دېگەن سۆزدە «جاۋاب» دېگەن مەنىنىڭ سالمىقى كۆپ. يەنە بەزىلەر "信息" دېگەن سۆزنى «خەۋەر» دەپمۇ تەرجىمە قىلىپ قوللانماقتا. ئۇ ھالدا «قايسى يەرلەردە گېزىتتە خەۋەر قىلىش (报道) قا ئەرزىيدىغان قانداق خەۋەر (消息) باردۇ؟ سىرتىقىسىنى (信息) ئېلىپ بېقىش كېرەك ئىدى» -دېگەن گەپتىكى «سىرتىقى» دېگەن سۆز «خەۋەر» گە ئالماشتۇرۇلسا، جۈملە مەنتىقىي چۈشەنچە، ستىلىستىكىلىق گۈزەللىك جەھەتتىن نۇقسانلىق بولۇپ چىقماسمۇ؟!

ئېھتىمال بەزىلەر، «سىرتىق» دېگەن سۆز مەلۇم بىر جاينىڭ شېۋىسى، ئۇنىڭغا ئورتاق ئەدەبىي تىل سورۇنىدىن ئورۇن بەرگىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك سۆز - ئاتالغۇلار بىلەن بىرىكتۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن، لېكىن يولداش رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئۆزىنىڭ «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 5 - سانىغا قاراڭ) سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسىدە «سىرتىق» دېگەن سۆزنى تۇرپان شېۋىسىدىكى سۆزلەر قاتارىغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنى «سىرتىق: خەۋەر، دېرەك. مەسىلەن، ئۇنىڭ سىرتىقىنى ھازىرغىچە ئالالمىدۇق» دەپ مىسال بىلەن شەرھلىگەن. مېنىڭچە، بۇ مىسالدىكى چۈشەنچە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئورتاق بولسا كېرەك. كەڭ دائىرىگە ئورتاق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، تىلىمىزنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شۇنداق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىجاد قىلىش، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى بايلىقى ئاشماسمۇ؟!

كىشىلەر ئورتاق ئارزۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇزۇن مۇددەت-

لىك ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، بەزى شەيئىلەرگە ئات قويىدۇ، بۇ ئاتلارنىڭ سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلىرى ئىنكار قىلىنىدۇ، سىناقتىن ئۆتەلىگەنلىرى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، ئومۇملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزنى كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ تەرجىمانلىرىمىزنىڭ سىنىقىغا قويىدۇم.



# تەرجىمىدە مەنتىقى ئۇقۇم مەسىلىسى

ئادەتتە، تەرجىمىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر ۋە تەرجىمىنىڭ توغرىلىقىغا قويۇلىدىغان ئۆلچەملەردە، «تەرجىمىنى مەنتىقى ئۇقۇم جەھەتتىن ساغلام ئىشلەش لازىم» دېگەن گەپلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ تەرجىمىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، بىر تەرەپتىن قىيىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاسان.

خەتمۇ خەت ئىشلەنگەن تەرجىمىلەردە بۇ تەلەپلەرنى ئورۇنداش قىيىن. ئەكسىچە، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ھەر بىر جۈملىنىڭ روھىي ماھىيىتى تولۇق چۈشىنىلىپ، ئۆلۈك مېخانىك ھالدا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلى قائىدىسىگە چۈشۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق، جانلىق قىلىنغان تەرجىمىلەردە بۇ تەلەپلەرنى ئورۇنداش قىيىن ئەمەس. مەسىلەن:

“我国的经济发展将赶上，并在以后
还要超过先进国家。”

بۇ جۈملە ئەگەر «مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئالدىنقى قاتاردىكى مەملىكەتلەرگە يېتىشىدۇ، بەلكى كېيىنچە ئېشىپ كېتىدۇ» دەپ خەتمۇ خەت تەرجىمە قىلىنىدىغان بولسا، بۇنداق تەرجىمىدە مەنتىقى ئۇقۇم خاتالىقى يۈز بېرىدۇ. تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «ئىقتىسادىي تەرەققىيات» بىلەن «ئىقتىسادىي تەرەققىيات» نىلا بىر - بىرىگە

سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇكى، «ئىقتىسادىي تەرەققىيات» بىلەن «مەملىكەت» نى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىككى سۆز ئۇقۇم جەھەتتىن بىر نەرسە ئەمەس. شۇڭا بۇنداق سۆزلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، خەنزۇچە جۈملىدىكى سۆزلەر ۋە جۈملە شەكىللىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەركىبىنى تولۇقلاپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

يۇقىرىدىكى مىسالنى مۇنداق توغرىلاپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن:

«مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئالدىنقى قاتاردىكى مەملىكەتلەرنىڭكىگە يېتىشىدۇ، بەلكى كېيىنچە ئۇلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ». ياكى:

«مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئالدىنقى قاتاردىكى مەملىكەتلەرگە يېتىشۋالىدۇ، بەلكى كېيىنچە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ».

بىز ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان “你的成绩比他好” دېگەن سۆزنى مىسال قىلايلى. يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە، بۇ جۈملىنى «سېنىڭ ئۇتۇقۇڭ ئۇنىڭدىن ياخشى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى «ئۇتۇق» بىلەن «ئۇ» (كىشىلىك ئالماش) ئۇقۇمدا ئىككى خىل نەرسە، ئۇلارنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدىن قارىغاندا، تەرجىمىنى تەرجىمە قىلغۇچى تىلنىڭ گىرامماتىكىسى جەھەتتىنلا توغرا ئىشلەش زۆرۈر بولۇپ قالماستىن، تىل ئادىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىنمۇ توغرا ئىشلەش زۆرۈر.

ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە كەمچىلىكنى خەنزۇ تىلىنىڭ ئۈستىگە ئارتىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، خەنزۇچە بەزى جۈم-



لىلەردە سۆزلەر تىل ئادىتى بويىچە قىسقىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

“无论那种人都不如他们的集中”

（《毛泽东选集》第8页）

بۇ جۈملە مەنە جەھەتتىن ئەسلىدە “无论那种人的集中都不如他们的集中” دېگەن جۈملە ئىكەن “集中” سۆزى خەنزۇ تىلىنىڭ ئىخچاملىق ئادىتى بىلەن قىسقارتىلىپ كەتكەن. ئەگەر بىز خەنزۇ تىلىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئېتىبار بەرمەستىن، سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، بۇنداق تەرجىمە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، خاتا بولىدۇ ۋە تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەنىسى توغرا بىلدۈرۈلمەي قالىدۇ. شۇڭا بۇ مىسالدىكى جۈملىنى تولۇقلاپ مۇنداق تەرجىمە قىلىش كېرەك:

«باشقا ھەرقانداق كىشىلەرنىڭ توپلىنىپ جايلىشىشى ئۇلارنىڭكىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.» ياكى:

«توپلىنىپ جايلىشىش دەرىجىسى جەھەتتىن باشقا ھەرقانداق كىشىلەر ئۇلارغا (سانائەت پرولېتارىياتىغا دېمەكچى) تەڭ كېلەلمەيدۇ.»

ئەگەر، «باشقا ھەرقانداق كىشىلەر ئۇلارنىڭ توپلىنىپ جايلىشىشىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، «كىشىلەر» نى «توپلىنىپ جايلىشىش» بىلەن سېلىشتۇرغان بولىمىز - دە، مەنتىقىي ئۇقۇمدا يېڭىلىمىز.

دېمەك، ھەرقانداق ئەسەرنى خەتمۇ خەت تەرجىمە قىلىشتىن شۇنىڭدەك مەنىنى توغرا ئۇقتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان سۆزلەرنى كېمەيتمەي ياكى ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان سۆز تەركىبلىرىنى قوشماي تەرجىمە قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىشكە ۋە پۇختا ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

“这样的乡政府，是真正模范的乡政府。他们和汀州的官僚主义的领导方法，是绝对的不相同。”

بۇ جۈملىنى «بۇ يېزا ھۆكۈمەتلىرى ھەقىقەتەن نەمۇنە ھۆكۈمەت. ئۇلار تىڭجۇ شەھىرىنىڭ بيۇروكراتىزملىق رەھبەرلىك ئۇسۇللىرىغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى شەكلەن قارىغاندا چاتاق بولمىسىمۇ، لېكىن، مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن چاتاق. چۈنكى «يېزا ھۆكۈمەتلىرى» نىڭ ئالمىشى بولغان «ئۇلار» بىلەن «ئۇسۇل» بىر - بىرىگە ماسلاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» دە «ئۇلار» سۆزىنىڭ ئايىغىغا «رەھبەرلىك ئۇسۇلى» سۆزى قوشۇلۇپ، پۈتۈن جۈملە «بۇنداق يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر، ھەقىقەتەن، ئۈلگىلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى تىڭجۇ شەھىرىنىڭ بيۇروكراتلارچە رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ» دەپ مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭدا «ئۇسۇل» بىلەن «ئۇسۇل» سېلىشتۇرۇلۇپ، مەنتىقىي ئۇقۇم روشەنلەشتۈرۈلگەن.

خەنزۇ تىلىدا سۆز ئىشلىتىش ئادىتى بويىچە، بەزى جۈملىلەردە سۆزلەر قىسقارتىلىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىسقارتىلغان سۆزلەر ئۇيغۇرچىدىمۇ قىسقارتىلغان شەكلى بويىچە قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇرچىدا مەنە روشەنلەشمەيدۇ، مەنتىقىي ئۇقۇم بۇزۇلىدۇ. مەسىلەن: “打土豪要归公” （《毛泽东选集》第1138页） «مۇشتۇمزورلارغا قارشى كۈرەشتە ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش كېرەك» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2145 - بەت).

مەنە ئېتىبارى بىلەن بۇ جۈملىگە بىرقانچە سۆز قوشۇلغان ۋە قوشۇش زۆرۈر بولغان.



لېكىن ئۇيغۇرچىدا مەنتىقىي ئۇقۇمنى تولۇق بېرىش زۆرۈرىيىتى بىلەن سۆز قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، يۇقىرىقى تولۇق مەنىلىك سۆزلەرنى قوشماستىن، مەنىنى ياردەمچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەنمۇ تولۇقلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

“半自耕农，其生活苦于自耕农。”

بۇ جۈملىدە «كىمنىڭ تۇرمۇشى كىمنىڭكىدىن ئېغىر» لىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. شۇڭا بۇنىمۇ «يېرىم ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۆز يېرىنى ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانلاردىن ئېغىر بولىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. «تۇرمۇش» نى «دېھقانلار» غا تەگلەشتۈرۈپ، مەنتىقىي ئۇقۇمنى قاراڭغۇلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «تۇرمۇش» نى «تۇرمۇش» قا تەگلەشتۈرۈش ئۈچۈن، سۆز قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن تولۇق مەنىلىك سۆز قوشماستىن، ياردەمچىلەر بىلەن مۇنداق ھەل قىلىش مۇمكىن: «يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭكىدىن ئېغىر بولىدۇ.» مەسىلەن يەنە:

“故半自耕农的革命性优于自耕农而不及贫农！” «شۇنىڭ ئۈچۈن، يېرىم ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىيلىقى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما كەمبەغەل دېھقانلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ.»

بۇ يەردىمۇ «ئىنقىلابىيلىق» نى «يېرىم ئىجارىكەش دېھقانلار»، «كەمبەغەل دېھقانلار» غا تەگلەشتۈرۈپ، ئۇقۇمنى قاراڭغۇلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن «نىڭكىگە» ئۇلانمىسى قوشۇلغان.

بەزى سۆزلەر بىر - بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن:

“我国的面积几乎相当于整个欧州。”

«مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى پۈتۈن ياۋروپاغا دېگۈدەك تەڭ كېلىدۇ».

بۇنىڭدا «زېمىن» بىلەن «ياۋروپا» تەڭلەشكىلىپ يەنە تېررىتورىيە مەنىسىنى بېرىدۇ، بۇنداق سۆزلەردە يۇقىرىدىكىدەك مەنتىقىي ئۇقۇم خاتالىقى تۇغۇلمايدۇ، سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىق خۇسۇسىيىتى مەنتىقىي ئۇقۇمنى توغرا چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

مەنتىقىي ئۇقۇمنى توغرا بېرىش ئۈچۈن، نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدىغان شۇنداق تەرجىمە ئىدىيىسىمۇ باركى، تەرجىمىدە بەزىدە ئەسلى جۈملە تەركىبىدىكى بەزى سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

“中国人民把巩固和发展我们同各友好国家之间的团结和合作，看作是自己的重要任务。” بۇ جۈملىنى ئەينەنلا «جۇڭگو خەلقى بىزنىڭ ھەرقايسى دوست دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىمىزنى ۋە ھەمكارلىقىمىزنى مۇستەھكەملەشنى ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قارايدۇ» دەپ تەرجىمە قىلساق، «جۇڭگو خەلقى كىمنىڭ قانداق قىلىشىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى» دەپ قارايدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. چۈنكى بۇ تەرجىمىدە «جۇڭگو خەلقى» بىلەن «بىز» سۆزى ئۇقۇم جەھەتتىن ئىككى بۆلەك نەرسە. ئەمەلىيەتتە خەنزۇچىدا «بىز» سۆزى «جۇڭگو خەلقى» نىڭ ئالمىشى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، شۇڭا مەنتىقىي ئۇقۇم ئېنىق. لېكىن ئۇيغۇرچىدا جۈملە ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا، «بىز» سۆزى «جۇڭگو خەلقى» نىڭ ئالمىشى بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇقۇم ئېنىق ئەمەس. ئۇقۇمنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن «جۇڭگو خەلقى (ياكى بىز جۇڭگو خەلقى) دوست ئەللەر (ياكى دۆلەتلەر) بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى (ياكى ھەمكارلىقىمىزنى) مۇستەھكەملەشنى ۋە راۋاجلاندۇرۇش



نى ئۆزىنىڭ (ياكى ئۆزىمىزنىڭ) مۇھىم ۋەزىپىسى (ياكى ۋەزىپىمىز) دەپ قارايدۇ (ياكى قارايمىز)» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر مىسال:

“资本家购买了劳动力，就离开热闹的市场，暂时退出流通领域，领着工人到资本家的工厂，……这时资本家就迫使工人在资本家的支配下进行劳动。”

بۇ يەردە كاپىتالىستنىڭ ئەمگەكچىلەرنى ياللىۋېلىپ، ئۆز زاۋۇتىغا ئېلىپ بېرىپ ئەمگەككە سالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەگەر بىز سۆزمۇ سۆز، بىرگە - بىر تەرجىمە قىلىپ، «كاپىتالىست ئەمگەك كۈچلىرىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، قىزىق بازاردىن چىقىپ، ئوبوروت ساھەسىدىن ۋاقىتىنچە چېكىنىپ ئىشچىلارنى كاپىتالىستنىڭ زاۋۇتىغا باشلاپ بارىدۇ...... شۇ چاغدا كاپىتالىست ئىشچىلارنى كاپىتالىستنىڭ ئىختىيارىدا ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ» دېسەك، بۇ جۈملىدىكى بىرىنچى «كاپىتالىست» بىردىك ئىكەن، ئىككىنچى «كاپىتالىست» زاۋۇتنىڭ خوجايىنى ئىكەن، ئۈچىنچى «كاپىتالىست» ئىشچىلارنى ئىشقا سالىدىغان گوڭتۇ ئىكەن، تۆتىنچى «كاپىتالىست» ئىشچىلارنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەن دېگەندەك ئۇقۇم كېلىپ چىقىشى تەبىئىي. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ يەردىكى تۆت «كاپىتالىست» نىڭ ھەممىسى بىر. شۇ بىر «كاپىتالىست ئەمگەك كۈچلىرىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، قىزىق بازاردىن چىقىپ، ئوبوروت ساھەسىدىن ۋاقىتىنچە چېكىنىپ، ئىشچىلارنى ئۆزىنىڭ زاۋۇتىغا ئاپىرىدۇ...... شۇ چاغدا ئىشچىلارنى ئۆز ئىلكىدە ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ».

دېمەك، تەرجىمىدە مەنتىقىي ئۇقۇمنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ

خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش، تىل ئادىتى جەھەتلەردىكى پەرقلەرنى توغرا چۈشىنىپ، زۆرۈر كەلگەندە سۆز قوشۇش، سۆزلەرنى تاشلاپ قويۇش، سۆز تۈركۈملىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش مۇمكىن. تەرجىمە ماھارىتىگە دائىر بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە كېيىنكى ماقالىلەردە تەپسىلىي توختىلىمىز.



## يەنە، تىل ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك!

جۈملىدە سۆزلەرنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسى تەرجىمىدە مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى جۈملىدىكى سۆزلەر ھەر خىل ئۇسۇللاردا ماسلىشىپ كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارنى خالىغانچە ماسلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھەر مىللەتنىڭ ستىلىستىكا ۋاستىسى بىلەن سۆزلەرنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئادىتى بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنداق ئادەت ئۇزاق تارىخىي جەرياننى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن مۇنتىزىملىشىپ كەتكەن بولىدۇ. خەنزۇ تىلىنىڭمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ سۆزلەرنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئادەتلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇ تىلىدا جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىش خۇسۇسىيىتى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:

（1）“拖拉机在广大的田野上耕地。”

（2）“全国掀起了广大的增产节约运动。”

بۇ ئىككى مىسالدا “广大” سۆزى كۆلەم، دائىرىنىڭ «كەڭ» لىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەنە ئېتىبارى بىلەن بۇ جۈملىلەر «تراكتور كەڭ ئېتىزدا يەر ھەيدىمەكتە» «مەملىكەت بويىچە كەڭ كۆلەملىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «كەڭ» سۆزى «ئېتىز» بىلەن «كەڭ كۆلەملىك» سۆزى «ھەرىكەت» بىلەن ماسلى-

شىپ، بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ.

“他第一次登台。免不了有些紧张,”

(1) ئۇ سەھنىگە بىرىنچى قېتىم چىققانلىقتىن، بىر ئاز جىددىيلەشمەي قالمايدۇ.

(2) ئۇ سەھنىگە بىرىنچى قېتىم چىققانلىقتىن، بىر ئاز ئالدىراپ قالماي قالمايدۇ.

(3) ئۇ سەھنىگە بىرىنچى قېتىم چىققانلىقتىن، بىر ئاز ئاسىقماي قالمايدۇ.

بۇ ئۈچ خىل تەرجىمىدىن “紧张” سۆزى ئۈچ خىل ئېلىنغان. بىز كۆپ چاغلاردا «جىددىي» دېگەن مەنىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ سۆزنىڭ ئۆزىگە يانداش كەلگەن سۆزلەر بىلەن ماسلاشقان ياكى ماسلاشمىغانلىقىغا ئېتىبار قىلماي قالىمىز، نەتىجىدە جۈملىدىكى سۆزلەر بىر - بىرىگە ماسلاشماي قالىدۇ. (1) مىسالنى ئالساق، ھەتتا «باشقا چاغلاردا ھەرىكەتتە سۇس ئىدى، بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىققانلىقتىن بىر ئاز تېز، جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغان بولدى» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىشى ھەم مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا گەپ بىر ياش ئارتىسنىڭ سەھنىگە بىرىنچى قېتىم چىققاندا «تەمتىرەپ»، «ھودۇقۇپ» ياكى «ئاسىقىپ» ۋە ياكى «قورۇنۇپ» قالغانلىقى ئۈستىدە بارىدۇ. مانا شۇنداق مەنىنى ئېنىق، توغرا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، يانداش سۆزلەرگە ماسلىشىپ كېلىدىغان مۇناسىپ سۆزلەرنى تىل ئادىتىگە ۋە ئىپادىلەپ بېرىش ئېھتىياجىغا قاراپ تاللاشقا توغرا كېلىدۇ.

گەپتە سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىگە ماسلاشماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنى بىر نەچچە جەھەتتىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن.



**A. مەنە جەھەتتىن:**

“最近几天以来,蔬菜供应比较紧张。”

بۇ مىسالدا “紧张” سۆزى ئالدى - كەينىدىكى سۆزلەر مۇناسىۋىتى بىلەن «ئاز»، «قىس»، «كەم» ياكى «باس - باس» مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. ئەگەر بىز شۇنداق مۇناسىۋەتلەرگە قارىماي، «يېقىنقى بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۆكتات تەمىناتى جىددىيلىشىپ كەتتى» دەپ تەرجىمە قىلساق، كۆكتاتنىڭ «ئاز»، «كەم»، «قىس» ياكى «باس - باس» لىقىنى ئۇقتۇرالامدۇق؟ ئېھتىمال بەزىلەر «ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ»، «شۇنداق چۈشەنچىنى بېرىدىغان بولۇپ قالدى» دەپ جاۋاب بېرەر. ئەمەلىيەتتە بۇنداق جاۋابلار بىر تەرەپتىن شۇ تەرجىماننىڭ سۆزدە گادايلىقىنى ئۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن «تەرجىمان تىلى»غا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ تېخىمۇ مۇھىمى، تەرجىمىدە مەنىنى ئېنىق، توغرا ۋە ساددىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش پرىنسىپىغا سەل قارىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**B. تىل ئادىتى جەھەتتىن:**

“形势大好” (ۋەزىيەت چوڭ ياخشى) سۆزىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «چوڭ» سۆزى ھېچقاچان «ياخشى» سۆزىنىڭ سۈپىتى ياكى ئېنىقلىغۇچىسى بولالمايدۇ، جانلىق تىلدىمۇ شۇنداق. ۋەھالەنكى خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە “大好”، “小好” دېيىش مۇمكىن، چۈنكى خەنزۇ تىلىدا، تىل ئادىتى بويىچە، بۇ يەردە گەپ «ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى» دېگەن مەنىدە يۈز بېرىدۇ. دېمەك، جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاشقا شۇ كونكرېت سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىشىنى نەزەردە تۇتۇشقا، بۇنىڭ ئۈچۈن تىل ئادىتىگە ئېتىبار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

C. ستىلىستىكا جەھەتتىن:

"我们要向自然界的广度和深度进军。" ئەينەن تەرجىمىسى: «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كەڭلىكىگە ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ يۈرۈش قىلىمىز.»

«تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى» دېگەن سۆزلەر بىر - بىرىگە ماسلىشىپ كەلگەن؛ بۇ سۆز «تەبىئەت دۇنياسى كەڭ ۋە چوڭقۇر» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ. لېكىن «يۈرۈش قىلىش» سۆزى بىلەن بىرلەشكەندە، ئەنە شۇنداق «كەڭ» ۋە «چوڭقۇر» تەرەپكە قاراپ «يۈرۈش قىلالايلى» دېگەن مەنىگە تارتىپ كېتىدۇ. خەنزۇچىدا بولسا، «تەبىئەت دۇنياسىغا كەڭ، ھەممە تەرەپلەپ يۈرۈش قىلايلى ۋە چوڭقۇرلاپ كىرەيلى» دېگەن مەنە تىل ئادىتى ۋە ستىلىستىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن يۇقىرىقىدەك شەكىلدە يېزىلغان.

"他的一番话，好比一股强大的热流，说到我的心田里。" بۇ دېگەن تىل ئادىتىگە ئوخشايدۇ. بۇ جۈملىنى «ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى بىر پارچە ئوتتەك يۈرىكىمدە ئېتىلدى» دەپ تەرجىمە قىلساق، يەنى «ئۇنىڭ سۆزلىرى...... يۈرىكىمدە...... ئوتتەك ئېتىلدى» دېسەك، ئېنىق بىر مەنىنى ئۇقتۇرالماسلىقىمىز تۇرغان گەپ. خەنزۇچىدا بولسا مەنە ناھايىتى ئېنىق: ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمنى خۇددى بىر پارچە ئوتتەك ئېرىتىۋەتتى» ياكى «ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمگە خۇددى بىر پارچە ئوتتەك تەسىر قىلدى» ۋە ياكى «ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمگە خۇددى بىر پارچە ئوت بولۇپ تۇتاشتى». ئەلۋەتتە، بۇ جۈملىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك، راۋان ھەم چىرايلىق تەرجىمە شەكىللىرىنىمۇ تېپىش مۇمكىن. ئەگەر تەرجىمىدە شەكلىياتچىلىققا بېرىلىپ كېتىدىغان بولساق، خۇددى لۇشۈننىڭ «قەلەم تۇتىدىغان ئادەم ستىلىستىكىنى بىلمىسە، مەقسىتىنىمۇ توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ» دەپ توغرا ئېيتقىنىدەك، ئوقۇغۇچىلارنى، كىتابخانلارنى تېپىشماق تېپىش ئاۋارىگەرچىلىكىگە سېلىپ قويۇش سەۋەنلىكىدىن خالى بولالماي قالىمىز.



# تەرجىمە ئۇسۇلىغا دائىر

## تەرجىمىدە مۇئەييەن قېلىپ يوق

يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ئىشىدا ھېساب قائىدىلىرىگە ياكى فورمۇلىلىرىغا ئوخشاش بەلگىلىك قېلىپ بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. خۇددى شۇنداق ئىجادىي يېزىقچىلىققا ئوخشاش، تەرجىمە ئىشىدىمۇ ئوخشاش بىر ئەسەر، ئوخشاش بىر جۈملىنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۈملە قانچىكى مۇرەككەپ بولسا، جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنىڭغا يارىشا تەرجىمىمۇ شۇنچە مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. شۇنداق ئۈچۈن خەنزۇچە تۈرلۈك جۈملە شەكىللىرىنى بىر - بىرلەپ تىزىپ چىقىش، ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن ھېساب فورمۇلىسىغا ئوخشاش قېلىپ سۈپىتىدە تەرجىمە ئۇسۇللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەس. تەرجىمىنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقان بەزى يولداشلار: «خەنزۇچە جۈملىلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرىنىڭ تەرجىمە ئۈلگىسى بولغان بولسا قانداقمۇ ياخشى بولاتتى!» دەيدۇ. ئۇنداق بولسا، خەنزۇ تىلىدا زادى قانچە جۈملە بارلىقىنى كىم ھېسابلاپ چىقالىغان؟ ھېسابلاپ چىققان، زوردىن - زورغا بىرقانچە فورمۇلا كۆرسىتىپ بېرەلىگەن تەقدىردىمۇ، كىم شۇ فورمۇلىدىن چىقماي ماقالە، ئەسەر يېزىپتۇ؟ بۇنىڭغا توغرا جاۋاب تېپىش قىيىن. ھەرقانداق

تىلنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىسى بولىدۇ، شۇ گىراماتىكىلارنى تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، سىنتاكسىس قائىدىلىرى، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، مەلۇم بىر كونكرېت تىلدا مەلۇم ساندىكى جۈملە فورمۇلىلىرى ئەمەس. جۈملە شەكىللىرىنىڭ مىساللىرى بايان قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. خەنزۇ تىلىنى ئالساق، ھەتتا ئۆمۈربويى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا ياكى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان تەرجىمانمۇ خەنزۇ تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىدا زادى قانچە جۈملە بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە پېتىنالمايدۇ. دېمەك، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا ھەرقانداق جۈملە شەكلىگە باب كېلىدىغان مەلۇم مىقداردىكى فورمۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەس. بۇ ئەھۋال ھەرقانداق تىل ئۈچۈن ئورتاق ھادىسە. بۇ يەردە مۇشۇنداق ئورتاق ھادىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن:

يولداش ستالىننىڭ 1937 - يىلى 11 - دېكابىر كۈنى س س س ر ئىتتىپاق سوۋېتى ۋەكىللىرىنى ۋە مىللەتلەر سوۋېتى ۋەكىللىرىنى سايلاش مۇناسىۋىتى بىلەن سايلام رايونىدا سۆزلىگەن بىر ئابزاس سۆزى، ھازىرچە قولۇمدا بولغان قوللانمىلارغا ئاساسەن ئالغاندا، خەنزۇچە ئىككى ئەسەردىكى تەرجىمىسى ئىككى خىل بولۇپ چىققان. «پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستلار (بولشېۋىكلار) پارتىيىسىنىڭ تارىخى‹قىسقىچە كۇرس›» نىڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1955 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى (466 — 467 - بەت)دا مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

“选举人，人民，应当要自己的代表们始终称职；要他们在自己的工作中不堕落为政治上的庸人；要他们始终不愧为列宁式的政治活动家；要他们始终做一个象列宁那样



明显确定的活动家；要他们象列宁那样在战斗中大胆无畏，对人民公敌毫不留情；要他们在事情开始复杂化，当地平线上呈现某种危险的时候，一点也不慌张，丝毫也不慌张；要他们象列宁那样丝毫也不慌张；要他们在解决复杂问题，需要周密认清环境，周密计较各个正反方面时，能象列宁那样明哲镇定；要他们象列宁一样正直忠诚；要他们象列宁那样爱保自己的人民。”

ئەمدى يەنە شۇ بىر ئابزاس سۆزنىڭ يولداش لىيۇ شاۋچىنىڭ «كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن تەرجىمىسىگە قاراڭ (خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ 1980 - يىل مارت نەشرى، 9 - بەت):

“选民，人民，应当要求自己的代表始终胜任自己的任务；要求他们在自己的工作中不堕落为政治上的庸人；要求他们始终不愧为列宁式的政治活动家；要求他们成为象列宁那样的明朗和确定的活动家；要求他们象列宁那样在战斗中无所畏惧和对人民的敌人毫不留情；要求他们在事情开始复杂化、在地平线上出现某种危险的时候，毫不惊慌失措，毫无任何类似惊慌失措的迹象；要求他们也象列宁那样没有任何类似惊慌失措的迹象；要求他们在解决复杂问题、需要全面的确定方针、全面地考虑事情的正反面的时候，也能象列宁那样英明和从容；要求他们也象列宁那样诚实和正直；要求他们象列宁那样热爱自己的人民。”

يەنە شۇ بىر ئابزاس سۆز سوۋېت ئىتتىپاقى «قازاق ئېلى» ژۇرنىلى نەشرىياتى 1949 - يىل نەشر قىلغان «پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستلار (بولشېۋىكلار) پارتىيىسىنىڭ تارىخى

‹قىسقىچە كۇرس›»تا (674 — 675 - بەتلەرگە قاراڭ) مۇنداق
تەرجىمە قىلىنغان:

«سايلىغۇچىلار، خەلق ئۆز دېپۇتات-
لىرىدىن: دېپۇتاتلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىگە
مۇناسىپ ئىش قىلىشلىرىنى؛ ئۇلار ئۆز
ئىشلىرىدا سىياسىي ئوبىۋاتىللار دەرىجىسى-
گە چۈشۈپ كەتمەسلىكلىرىنى؛ ئۇلار لې-
نىنغا ئوخشاش جەڭدە قورقماس ۋە خەلق
دۈشمەنلىرىگە شەپقەتسىز بولۇشلىرىنى؛ ئىش
مۇشكۇللىشىشكە باشلىغاندا ۋە ئۈپۈقتا قان-
داقتۇر بىر خەتەرلىك كۆرۈنگىلى باشلى-
غاندا ھېچقانداق ھەسرەت چەكمەستىن،
ھەسرەتكە ئوخشاش ھەرقانداق نەرسىدىن
خالى بولۇشلىرىنى؛ ئۇلار ھەسرەتكە ئوخ-
شاش ھەرقانداق نەرسىدىن لېنىن خالى
بولغاندەك خالى بولۇشلىرىنى؛ مۇرەككەپ
مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا، ھەر ياقلاپ
مۆلچەرلەش ۋە بارلىق پايدىلىق ۋە پاي-
دىسىز تەرەپلىرىنى ھەر ياقلاپ ھېسابقا
ئېلىش لازىم بولغاندا. ئۇلار لېنىنغا ئوخ-
شاش دانىشمەن ۋە سەۋرى - تاقەت بى-
لەن ئىش قىلىدىغان بولۇشلىرىنى؛ شۇنىڭ-
دەك، ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش ھەقىقەتچى
ھەم ساپ دىل بولۇشلىرىنى؛ شۇنىڭدەك،
ئۇلار ئۆز خەلقىنى لېنىن ياخشى كۆرگەن-
دەك، ياخشى كۆرىدىغان بولۇشلىرىنى تە-
لەپ قىلىشلىرى كېرەك.»

خۇددى يەنە شۇ بىر ئابزاس سۆز سوۋېت ئىتتىپاقى



«يېڭى ھايات» ژۇرنىلى نەشرىياتى 1954 - يىلى نەشر قىل-
غان «پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستلار (بولشېۋىكلار) پارتىيىسىنىڭ
تارىخى ‹قىسقىچە كۇرس›»تا (502 — 503 - بەتلىرىگە قاراڭ)
مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

«سايلىغۇچىلار، خەلق ئۆز دېپۇتاتلى-
رىدىن: دېپۇتاتلىرىنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرى-
نىڭ دەرىجىسىدە بولۇشىنى: ئۇلار ئۆز
ئىشلىرىدا سىياسىي شەخسىيەرەسلەر دەرىجى-
سىگە چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى: ئۇلار لېنىن-
غا ئوخشاش سىياسىي ئەربابلار بولۇشىنى؛ ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش جەڭدە
قورقماس ۋە خەلق دۈشمەنلىرىگە شەپقەت-
سىز بولۇشىنى: ئىش مۇشكۇللىشىشكە باش-
لىغاندا ۋە ئۈپۈقتا قانداقتۇر بىر خەتەر-
لىك كۆرۈنگىلى باشلىغاندا ھەرقانداق ۋا-
يىدىن، ۋايىغا ئوخشاش ھەرقانداق نەرسى-
دىن لېنىن خالى بولغاندەك خالى بولۇ-
شىنى؛ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىل-
غاندا، ھەر تەرەپلىمە مۆلچەرلەش ۋە بار-
لىق پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىنى
ھەر تەرەپلىمە ھېسابقا ئېلىش لازىم بول-
غاندا، ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش دانىشمەن
ۋە سەۋرى - تاقەت بىلەن ئىش قىلىدى-
غان بولۇشىنى؛ شۇنىڭدەك، ئۇلار لېنىنغا
ئوخشاش ھەقىقەتچى ھەم پاك دىللىق بو-
لۇشىنى؛ شۇنىڭدەك، ئۇلار ئۆز خەلقىنى
لېنىن ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدى-
غان بولۇشىنى تەلەپ قىلىشلىرى كېرەك.»

يەنە شۇ بىر ئابزاس سۆزنىڭ ئۆزى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى ئاپرېلدا قايتا نەشر قىلغان «كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا» دا (15 - بەتكە قاراڭ) تۆۋەندىكىچە تەرجىمە قىلىنغان:

«سايلىغۇچىلار، خەلقلەر ئۆز ۋەكىللىرىنىڭ ھەرقاچان ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمىتىدە سىياسىي جەھەتتىكى چاكىنا ئادەملەردىن بولۇپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ ھەممە ۋاقىت لېنىنچە سىياسىي ئەربابقا مۇناسىپ ئىش قىلىشىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ لېنىندەك ئوچۇق ۋە قەتئىي ئەرباب بولۇشىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ لېنىنغا ئوخشاش، جەڭلەردە قورقماس ۋە خەلق دۈشمەنلىرىگە رەھىمسىز بولۇشىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ ئەھۋال مۇرەككەپلىشىشكە باشلىغان، ئۇپۇقتا بىرەر خەۋپ كۆرۈلگەن ۋاقىتلاردا ھېچبىر ھولۇقۇپ كەتمەسلىكىنى ۋە ھەرقانداق شۇنىڭغا ئوخشاش كەيپىياتلاردا بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ يەنە خۇددى لېنىنغا ئوخشاش ھېچبىر ھولۇقۇش ۋە شۇنىڭ سىڭارى كەيپىياتلارنى بىلمەيدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، فاكتلارنى ئەتراپلىق قاساپ بەلگىلەش، ئىشنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىش



توغرا كەلگەن ۋاقىتلاردىمۇ لېنىنغا ئوخشاش دانا ۋە بىمالال بولۇشىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ يەنە لېنىنغا ئوخشاش سەمىمىي ۋە توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقىنى لېنىنغا ئوخشاش سۆيۈشىنى تەلەپ قىلىشى لازىم.»

رۇسچە بىر ئابزاس سۆز، مەيلى يۇقىرىقىدەك «قىسقىچە كۇرس» قا كىرگۈزۈلگەن بولسۇن، مەيلى يولداش ستالىنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىدە بولسۇن، مەيلى يولداش لىيۇ شاۋچىنىڭ ئەسەرلىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولسۇن، ئەينەن شۇ بىر ئابزاس سۆز. ئۇنىڭدا ئەسلىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. شۇنداق ئىكەن، ئوخشاش بىر ئابزاس سۆز مەيلى خەنزۇچە تەرجىمىلىرىدە بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىدە بولسۇن، سۆز - ئاتالغۇلىرى جەھەتتىن، جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن، ستىلىستىكا جەھەتتىن بىر - بىرىدىن خېلى كۆپ پەرقلىق بولۇپ چىققان. ئەگەر يەنىمۇ تەپسىلىي ئىزدىنىپ قارايدىغان بولساق، يەنىمۇ پەرقلىق تەرجىمىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ۋە يەنىمۇ باشقىچىرەك شەكىلدە تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. بۇ ھادىسە تەرجىمىدە مۇئەييەن قېلىپنىڭ، ئۇنداق ئاسان يولنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ گەپتىن تەرجىمە ئۈچۈن ئۆلچەم تېپىشتىن ئۈمىد يوق دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە، تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ئۆز لايىقىدا مەلۇم ئۇسۇللارنى يەكۈنلەش مۇمكىن. مېنىڭ تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقىنىمغا خېلى كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، ئەسلى سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن، «تەرجىمە ئۇسۇلى» دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ رەسمىي بىرەر قائىدىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. لېكىن پارلاق ئىلىم - پەن

دەۋرىمىزنىڭ باشلىنىشى ۋەتىنىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى كۆرەشلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن، چەكلىك تەجرىبەمگە ئاساسەن، تېخىمۇ مۇكەممەل قائىدە - ئۇسۇللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولار دېگەن ئۈمىدتە قوشۇمچە پايدىلىنىش ئۈچۈن بەزىبىر «ئۇسۇل» لارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

## تولۇقلاش ئۇسۇلى

تەرجىمىدىكى «تولۇقلاش ئۇسۇلى» تەرجىمە ماھارىتىنىڭ بىر ئامىلى. تەرجىمە ئىجادىي خىزمەت بولغاچقا، بىرەر سۆزنى قوشماي ياكى ئېلىۋەتمەي، سۆزمۇ سۆز قىلىنغان تەرجىمە كۆپ ھاللاردا يېرىك ياكى ئەسلىگە سادىق بولمىغان تەرجىمە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېكىست مەزمۇنىنى بۇزۇپ قويىدۇ، خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئەسلى ئەسەرنىڭ مەنىسىنى توغرا، ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، بەزى سۆزلەرنى قوشۇپ، تەرجىمىنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار، ئاساسەن، ئىككى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىش ئادىتى بويىچە زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىدۇ. سۆزلەر مەنىنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن، لوگىكىلىق ئۇقۇم، گىراماتىكىلىق قائىدە، سۆز مەنىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئىزاھلاش يۈزىسىدىن قوشۇلىدۇ. شۇڭا، مەيلى خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن ياكى ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن، جۈملىدىكى سۆزلەرنى مەنە جەھەتتىن «تولۇقلاش» تىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بەزىلەر بۇ ئۇسۇلنى رېئال ھادىسە دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ - يۇ، كىتابخانلار چۈشەنمەي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىگە كېلىپ، بىر ياكى بىرنەچچە سۆز بىلەنلا تەرجىمە قىلىش زۆرۈر بولغان سۆزلەرنى بىر تالاي سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە شۇنداق قىلغاندا ئاندىن خەنزۇچىغا يارى-



شا مەنىنى تولۇقلاپ ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. "彩头" سۆزى ئەسلىدە «سۆيۈنچە»، «خۇشخەۋەرلىك» دېگەن سۆز. لېكىن بەزىلەر «ئۇتۇق ياكى غەلىبە قازانغاندا بېرىلىدىغان نەرسە» دەپ تەرجىمە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، گەپ دوختۇرخانا، بالنىست ياكى كېسەلخانا ئۈستىدە كېتىۋاتىسىمۇ، "病床" سۆزىنى «كېسەل كاردىۋىتى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا مايىل بولىدۇ، ۋەھاكازا. يەنە بەزىلەر يۇقىرىقىدەك خاھىشنىڭ ئەكسىچە، خەنزۇچىدا نېمە سۆز بولسا، ئۇيغۇرچىدا مەنىسىنىڭ تولۇق ئىپادىلەنمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر بىر سۆزگە بىر سۆزنى توغرىلاپ تەرجىمە قىلىدۇ. "引进" سۆزى، كۆپ ھاللاردا، «ئىمپورت قىلىش»، «چەتئەلدىن ئېلىش» مەنىسىنى بېرىدۇ. ۋەھالەنكى بەزىلەر «ئىمپورت» نى "进口" بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ دېگەن ئاساس بىلەن «ئىمپورت» دەپ تەرجىمە قىلىشتىن قاچىدۇ - دە، «كىرگۈزۈش» دېگەن سۆز بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇنداق خاھىشتىكى تەرجىمانلارنىڭ نەزىرىدە بۇ يەردىكى «كىرگۈزۈش» نىڭ مەنىنى روشەن، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش - بېرەلمەسلىكى مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان «تولۇقلاش ئۇسۇلى» تەرجىمىدە، خالىغانچە سۆز قوشۇپ تولۇقلاش، يوق يەردىن سۆز ئۈندۈرۈش دېگەن گەپ ئەمەس. ئايرىم خەت ياكى سۆزنىڭ ئەسلى تېكىستتە بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەنىنى كونكرېت، ئېنىق، توغرا ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش، مەنىنىڭ مۇجمەل بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەرجىمىدە مۇۋاپىق سۆز قوشۇپ تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

"马克思列宁主义并没有结束真理，而是在实践中不断地开辟认识真理的道路"

«ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقەتنى
بىلىشنى ئاياغلاشتۇرغىنى يوق، بەلكى

«ھەقىقەتنى بىلىش يولىنى ئەمەلىيەت جەر-
يانىدا ئۈزلۈكسىز ئېچىپ بېرىدۇ.»

ئۇيغۇر تىلىدا «ھەقىقەتنى ئاياغلاشتۇرۇش» دېگەن سۆز مەنتىق جەھەتتىن ئېنىق بىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە خەنزۇچىدا “结束真理” دېگەن سۆز پۈتۈن جۈملىدىكى مەنىدىن ئالغاندا «ھەقىقەتنى بىلىشنى ئاياغلاشتۇرۇش» دېگەن چۈشەنچىدە بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرچىدا مەنە ئېتىبارى بىلەن «بىلىش» سۆزىنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

“那个机器转动得极快，一点也看不出。”

ئەگەر «ئۇ ماشىنا ناھايىتى تېز ئايلىناتتى، بىر ئازمۇ كۆرگىلى بولمايتتى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ ھالدا مەنە روشەنلەشمەيدۇ. «ئۇنىڭ ئايلىنىشىنى» دېگەن سۆز بىلەن تولۇقلىساق، مەنىنىڭ روشەنلىشىشى تۇرغان گەپ.

“有的同志两眼向上，两手向外，缺乏
创业精神…。”

«بەزى يولداشلار ئىككى كۆزىنى
يۇقىرىغا تىكىدۇ، ئىككى قولىنى تاشقى-
رىغا سۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك يارى-
تىش روھى كەم.»

“他还具体阐述了自力更生与引进技术
的关系”

«ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆ-
رۈش بىلەن چەتئەلدىن ئىلغار تېخنىكا
ئېلىش (ياكى كىرگۈزۈش، قوبۇل قىلىش)
نىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ كونكرېت شەرھلەپ
بەردى.»

“不应要求群众的批评全部正确，否则
就会堵塞言路。”



«ئاممىنىڭ تەنقىدىنىڭ پۈتۈنلەي
توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك،
ئۇنداق قىلمىغاندا پىكىر يوللىرى تو-
سۇلۇپ قالىدۇ.»

بۇ تەرجىمىدىن قانداق مەنىنى چۈشىنىش مۇمكىن؟ بىرىنچىدىن، مەنە ئېنىق ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، ئىنچىكىلەپ ئېيتقاندا، «تەلەپ قىلمىغاندا پىكىر يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ» دېگەن مەنە، يەنى «تەلەپ قىلىش كېرەك» دېگەن خاتا مەنە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنىنى تولۇقلاپ: «ئاممىنىڭ تەنقىدىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك، ئۇنداق تەلەپنى قويغاندا پىكىر يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلغان تۈزۈك.

“按照辩证唯物论，思想必须反映客观
实际，并且在客观实践中得到检验，证明是
真理，这才算是真理，不然就不算。”

«دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بويىچە
بولغاندا، ئىدىيە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى
ئەكس ئەتتۈرۈشى ھەمدە ئەمەلىيەتتە تەك-
شۈرۈلۈشى لازىم، ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئىس-
پاتلانغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ھەقىقەت
دېگىلى بولىدۇ، بولمىسا ھەقىقەت دېگىلى
بولمايدۇ.»

بۇ تەرجىمىدىكى تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاستىغا سىزىق تارتىلغان «ھەقىقەت» سۆزى قوشۇلمىغان بولسا، جۈملىدە كەمتۈكلۈك ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن بولاتتى ـ دە، مەنىدىن قۇسۇر چىقاتتى.

“敌我之间和人民内部这两类矛盾的性
质不同，解决的方法也不同。”

«دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى بىلەن خەلق
ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش
بولمايدۇ، ئۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى-
مۇ ئوخشاش بولمايدۇ.»

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەرجىمىدە،
زۆرۈر تېپىلغاندا، سۆز قوشۇپ مەنىنى تولۇقلاش خالى بولغى-
لى بولمايدىغان بىر قائىدە، بۇ تەرجىمىدە مەنتىقىي جەھەت-
تىن سۆز قوشۇش ياكى مەنىنى ئېنىقلاش قائىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر ھېكايىدە بىر قىزنىڭ ئىنقىلابچى يىگىتنىڭ دۈشمەن
قولىغا چۈشۈپ قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن، يارىلانغان ھالدا
قىزنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەن قولىدىن قاچقانلىقى تەسۋىرلە-
نىپ مۇنداق يېزىلغان:

“她往下蹲，让他站到她肩上，然后他
扶着身边的一棵树，艰难地站立起来，跳墙
逃走。……

«ئۇ قىز زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى
مۈرىسىگە چىقاردى. كېيىن ئۇ يىگىت يې-
نىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە يامىشىپ، تەس-
لىكتە ئۆرە بولۇپ، تامدىن سەكرەپ چۈ-
شۈپ قاچتى.»

ئەگەر تەرجىمىدە «قىز»، «يىگىت» سۆزلىرى ئېنىق بې-
رىلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا «ئۇلار»نىڭ كىملەرگە قارىتىلغانلى-
قى روشەن بولمىغانلىقى ئۈستىگە، قىز يىگىتنى مۈرىسىگە
چىقارغان، ئاندىن كېيىن دەرەخكە يامىشىپ، ئۆرە بولۇپ، تام-
دىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچقان بولۇپ چىقاتتى.

تەرجىمىدە، خۇددى يۇقىرىقى مىساللاردىن ئىسپاتلىنىپ
تۇرغىنىدەك، ئەسلى تېكىستتە شۇ سۆز بولمىسىمۇ، لېكىن ئال-



دى - كەينىدىكى سۆزلەردىن شۇ مەنە مەلۇم بولۇپ تۇرغان
سۆزلەرنى تولۇقلاش مۇمكىن؛ ئەسلى تېكىستتە قىسقارتىلغان
سۆزلەرنى تولۇقلاش مۇمكىن. مەسىلەن، “他的鼻子比我大”
دېگەندەك جۈملىلەر تىل ئادىتى بويىچە سۆز قىسقارتىلغان
جۈملە. بۇنداق جۈملىلەرنى «ئۇنىڭ بۇرنى مېنىڭدىن چوڭ»
دەپ تەرجىمە قىلىش كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئەھۋال. «ئۇنىڭ بۇرنى
مېنىڭ بۇرنۇمدىن چوڭ» دەپ تولۇقلاپ تەرجىمە قىلىشقا توغ-
را كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، «ئۇنىڭ بۇرنى مېنىڭكىدىن چوڭ» دەپ
تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. بۇ يەردە گەپ «تولۇقلاش ئۇسۇ-
لى» ئۈستىدە بارغاچقا، ھازىرچە بۇنداق ئىنچىكىرەك مەسى-
لە ئۈستىدە توختالمىدىم.

ئالماشلارنى قوشۇشمۇ «تولۇقلاش ئۇسۇلى» دائىرىسىگە
كىرىدۇ. لېكىن ئالماشلارنىڭ قوشۇلۇشى كېلىشلەرنىڭ ئۆزگى-
رىشىگە باغلىق. بۇ خىل ئەھۋال گراماتىكا جەھەتتىن سۆز
قوشۇش بولىدۇ. مەسىلەن:

“工人阶级的国家按照经济发展的规律，
来导领和组织社会主义经济以及整个国民经济
的发展。：

«ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلىتى سوت-
سىيالىستىك ئىگىلىككە ۋە پۈتۈن خەلق
ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىقتىسادىي تە-
رەققىيات قانۇنى بويىچە رەھبەرلىك قىلىدۇ
ۋە ئۇنى تەشكىللەيدۇ.»

بۇ تەرجىمىدە «ئۇنى» سۆزى قوشۇلغان. چۈنكى ئۇيغۇر
تىلى قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىگىلىككە، ... نىڭ تەرەق-
قىياتىغا ... رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە تەشكىللەيدۇ» دېيىش مۇم-
كىن ئەمەس.

“同志们，真正的铜墙铁壁是什么？是
群众，……这是真正的铜墙铁壁，是什么力

量也打不破的。”
«يولداشلار، ھەقىقىي مۇستەھكەم قورغان نېمە؟ بۇ ئاممىدۇر،... بۇ ھەقىقەتەن مۇستەھكەم قورغان، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ يىمىرەلمەيدۇ.»

بۇ جۈملىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ «ئۇنى» سۆزى قوشۇلغان. چۈنكى بۇ يەردە مۇشۇ تولدۇرغۇچى ئالماش قوشۇلمىسا، قوشما جۈملە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، «بۇ ... ھېچقانداق كۈچ يىمىرەلمەيدۇ» شەكلىگە كىرىپ، مەنىنى ئۇقتۇرالمايدۇ، گرامماتىكا جەھەتتىن باغلانماي قالىدۇ.

“我们是革命战争的领导者，组织者，
我们又是群众生活的领导者，组织者。”
«بىز ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە ئۇنى تەشكىللىگۈچىمىز، شۇنىڭدەك بىز يەنە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە ئۇنى تەشكىللىگۈچىمىز.»

بۇ تەرجىمىدىمۇ ئىككى جايدا «ئۇنى» سۆزى قوشۇلغان. چۈنكى بۇ يەردىمۇ «ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغۇچى»، «ئۇرۇشقا تەشكىللىگۈچى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇ جۈملىنى «بىز ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ رەھبىرى، تەشكىللىگۈچىسىمىز» دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ مۇمكىن؛ ئۇ چاغدا ھېلىقىدەك سۆز قوشۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى قالمايدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئەسلى تەرجىمە نەزەردە تۇتۇلغان.

## قىسقارتىش ئۇسۇلى

تەرجىمىدە سۆز قىسقارتىش مەسىلىسى ھەمىشە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھەربىر مىللەتنىڭ تىلىدا سۆزلەرنىڭ ئىشلىتى-



لىشى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى پەرقلىق بولغاچقا، مەلۇم بىر مەقسەتنى ئۇقتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ مىقدارى بىردەك بولمايدۇ. بەزىدە خەنزۇ تىلىدىكى بىر سۆزنى ئۇيغۇر تىلىدا بىر سۆز بىلەن ئەمەس، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سۆز بىلەن ئۇقتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خەنزۇ تىلىدىكى بىرنەچچە سۆزنى ئۇيغۇر تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئۇقتۇرۇش مۇمكىن ۋە زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «سۆز قىسقارتىش» مەسىلىسى تۇغۇلىدۇ. بۇ، ئاساسەن، ھەربىر تىلنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيىتىگە باغلىق. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە «سۆز قىسقارتىش» دېگەندە، ئەسلى جۈملىدە مەلۇم ئۇقۇم، مەنىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆزلەر ئەمەس، پەقەت مەلۇم ئۇقۇم، مەنىنى تولۇق ئاڭلىتىشتا ئەسلى يېزىقتا ئورنى، رولى بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە تىلىدا رولى بولمايدىغان سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر قىسقارتىلغاندا، ئەسلى مەنىنى تەرجىمە تىلىدا سۆزلەرنىڭ قولاشماسلىقىدىن، ئارتۇقچە سۆزلەرنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تېخىمۇ روشەن، يەڭگىل ۋە چىرايلىق ئاڭلىتىش مۇمكىن.

### 1. سۆزنى سۆزگە يېگۈزۈش ئارقىلىق قىسقارتىش

بەزىدە خەنزۇ تىلىدىكى بىرنەچچە سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇر تىلىدا بىرلا ئۇقۇم بىلەن ئۇقتۇرۇش مۇمكىن. بۇنداق چاغلاردا، تەرجىمىدە تېكستتىكى دېمىسىمۇ مەنىسى ئۆز-ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان سۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

a. “中农态度的心背是决定革命胜负的
一个因素……”
«ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابقا

مايىل بولۇش – بولماسلىقى ئىنقىلابنىڭ غالىبىيىتىنى ياكى مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئامىلدۇر......»

خەنزۇچىدىكى "态度" سۆزىنىڭ مەنىسىنى «مايىل بولۇش – بولماسلىقى» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ "一个" سۆزىنىڭ مەنىسىنى «ئامىل» سۆزىنىڭ بىرلىك بىلەن قوللىنىلىشى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئەسلى جۈملىدىكى ئىككى سۆزنى تەرجىمىدە قىسقارتىۋېتىش مۇمكىن.

b. "他无法掩饰自已惊慌的心情。"

«ئۇ ئۆزىنىڭ چۆچۈگەنلىكىنى يوشۇرالمىدى.»

c. "我们要学习他勇敢的精神"

«ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ئۆگىنىمىز.»

d. "社会主义性质的经济已占统治地位。"

«سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىدى.»

e. "当我见到他们的时候，我的心突突地跳起来，由于激动，我的眼睛充满了热泪。"

«ئۇلارنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، يۈرىكىم گۈپ – گۈپ سوقۇشقا باشلىدى، ھاياجانلانغانلىقىمدىن. كۆزۈم ئىسسىق ياشقا تولۇپ كەتتى.»

بۇ تەرجىمىلەردە "心情" "精神" "性质" ۋە ئۈچ "我" سۆزلىرى قىسقىرىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى «چۆچۈگەنلىك»، «باتۇرلۇق»، «سوتسىيالىستىك»، «ۋاقتىمدا»، «يۈرىكىم»، «كۆزۈم» سۆزلىرىدىن ئۆز – ئۆزىدىن ئۇقۇلۇپ تۇرىدۇ.



دېمەك، سۆز قىسقارتىش تەرجىمە تىلىنىڭ ئادىتى، خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىدىكى مىساللاردىن قارىغاندا، تەرجىمىدە مەلۇم سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلىشى بىلەن، مەنىگە زادىلا تەسىر يەتمەيدۇ، ئەكسىچە، تەرجىمە تىلىدا مەنىنى تېخىمۇ ئىخچام ۋە چىرايلىق، ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ، سۆزنىڭ ئۇرغۇسىنى بېرىشتە، ئادەتتە قىسقارتىش ئېھتىمالى بولغان سۆزلەرنى قىسقارتىشنى ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئۇنداق زۆرۈرىيەت ناھايىتى ئاز. ئەگەر قىسقارتىۋېتىسمۇ، شۇ قىسقارتىلغان سۆزنىڭ مەنىسى جۈملىنىڭ ئۆزىدىن ئۇقۇلۇپ تۇرسىلا، قىسقارتىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، تەرجىمىنىڭ يېرىك چىقىشى تۇرغان گەپ. ئەگەر e مىسالدىكى جۈملىنى «مەن ئۇلارنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، مېنىڭ يۈرىكىم گۈپ – گۈپ قىلىپ سوقۇشقا باشلىدى؛ ھاياجانلانغانلىقتىن، مېنىڭ كۆزۈم ئىسسىق ياش بىلەن تولدى» دەپ تەرجىمە قىلساق، مەنە ئۇقۇلىسىمۇ، لېكىن تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆسنى بۇزۇپ قويۇلغان بولىدۇ، ستىلىستىكا جەھەتتىنمۇ قوپال بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ 我 دېگەن ئالماش ئۇيغۇرچىدا ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن ئۇقۇلىدۇ.

تەرجىمە قىلمىسىمۇ، شۇ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مەنىسى روشەن ئۇقۇلۇپ تۇرىدىغان سۆزلەر ئالماشلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

"我们到小吃部去，我想喝啤酒。"

«بۇفېتقا بارايلى، پىۋا ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ.»

"我们党所领导的人民革命为什么能够得到胜利呢？"

«پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئىنقىلابى نېمە ئۈچۈن غەلىبە قازىنالىدى؟»

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدا "我"، "我们" سۆزلىرى تەرجىمىدە مۇستەقىل سۆز تەرىقىسىدە ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ «بىز»، «مەن» سۆزلىرى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر («بارايلى»، «ئىچكۈم»، «پارتىيىمىز»)گە يېدۈرۈلۈپ، مەنىنى تولۇق ئۇقتۇرۇپ بېرىۋېرىدۇ. تەرجىمىدە بۇنداق ئالماشلارنى، مەيلى I شەخس، II شەخس، III شەخس بولسۇن، مەيلى ئۇلارنىڭ بىرلىكى، كۆپلۈكى بولسۇن، كۆپىنچە قىسقارتىۋېتىش مۇمكىن. لېكىن بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، جۈملىدىكى ئالماشلارنى، بىرىنچىدىن، قارىمۇ قارشى سۆزلەشكەنلىكنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردە، بولۇپمۇ دىئالوگلاردا؛ ئىككىنچىدىن، شۇ ئالماش ياكى ئۇنىڭ ئىگىسى جۈملىنىڭ يۇقىرىسىدا ئېنىق كۆرسىتىلگەندە؛ ئۈچىنچىدىن، شەخسلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش زۆرۈر بولمىغاندا پۈتۈنلەي قىسقارتىش كېرەك. بولۇپمۇ ھەرىكەتكە ئۈندەيدىغان گەپلەردە، شوئارلاردا كەلگەن ئالماشلارنى قىسقارتىش تولىمۇ زۆرۈر.

ئالماشلارنى قىسقارتىشتا يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، رەسمىي ھۆججەت — بۇيرۇق، ئالاقە، توختام، قانۇنلاردا ياكى شۇنداق قانۇنىي كۈچكە ئىگە ماتېرىياللاردا قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

### 2. جۈپ سۆزلەرنى قىسقارتىش

خەنزۇ تىلىدا جۈپ سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئايرىملىرى سۆزنى كۈچەيتىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلسىمۇ، لېكىن ئادەتتە ئالدىنقىسى مەنە جەھەتتىن كېيىنكىسىنى تەكرارلايدۇ ياكى كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى تەكرارلايدۇ. ئۇنداق تەكرار سۆزلەر خەنزۇچىدا ستىلىستىكا جەھەتتىن ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، كۆپ ھاللاردا، خەنزۇ تىلىدىكىدەك چىرايلىق بولمايدۇ. مەسىلەن: "一知半解" سۆزىنى «چالا - پۇچۇق چۈشەنگەن» دەپ، "独一无二" سۆزىنى «يەككە - يېگانە» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن، بۇنداق تەرجىمە خۇددى خەنزۇ تىلىدىكى سۆزگە ئوخشاش چىرايلىق، كۈچلۈك بولىدۇ، بۇنىڭدىكى تەكرارلىنىش بىھۇدە بولمايدۇ. لېكىن بۇنداق ئەھۋاللار ئاز. خەنزۇ تىلىدىكى تەكرار سۆزلەرگە ئۆز ئەدەبىي تىلىمىزدا يۇقىرىقىدەك دەل، مۇۋاپىق، چىرايلىق سۆزلەر تېپىلمىغاندا، زوردىن زورغا تەرجىمە قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مەسىلەن:

a. "很短的时间内，将有几万万农民从中国中部，南部和北部各省起来，其势如暴风骤雨，迅猛异常。无论什么大的力量都压抑不住。"

«ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەركىزىي، جەنۇبىي ۋە شىمالىي جۇڭگودىكى بارلىق ئۆلكىلەردە نەچچە يۈز مىليونلىغان دېھقانلار قوزغالغۇسى، ئۇلارنىڭ قۇدرىتى دەھشەتلىك بوراندەك ئىنتايىن شىددەتلىك بولىدۇكى، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ توختىتالمايدۇ.»

بۇ يەردە "暴风骤雨" سۆزى «دەھشەتلىك بوراندەك» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئەگەر «دەھشەتلىك بوراندەك ۋە شارقىرىغان يامغۇردەك» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، زوردىن زورغا شۇنداق تەرجىمە قىلىنغاندا، جۈملىنىڭ بەدىئىيلىكى ئاجىزلاپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ يەردە "骤雨" سۆزى قىسقارتىلغان.

b. "站在他们的前头领导他们呢，还是站在他们的后头指手画脚地批评他们呢？"

«ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ
ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قولنى شىلتىپ،
ئۇلارنى تەنقىد قىلىش كېرەكمۇ؟»

بۇ يەردە "指手画脚" سۆزى پەقەت بىر ھالەتنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنى «قولنى شىلتىپ» دەپ تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەگەر «قولنى شىلتىپ، پۇتنى ئوينىتىپ» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ھالەتنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز بىھۇدە تەكرارلانغاندىن تاشقىرى، سۆزنىڭ مەنىسىنى، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

c. 中国人民当家作主了。"

«جۇڭگو خەلقى خوجايىن، ئىگە
بولدى.»

«جۇڭگو خەلقى ئۆز ئىشىغا ئۆزى
خوجايىن بولدى.»

«جۇڭگو خەلقى ئۆز دۆلىتىگە خو-
جايىن بولدى.»

«جۇڭگو خەلقى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئى-
گىسى بولۇپ قالدى.»

دېمەك، بۇ جۈملىنى تۆرلۈكچە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن، "当家作主" سۆزىنى «ئىگە ھەم خوجايىن بولدى» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن، ئەمما «ئىگە» سۆزى بىلەن «خوجايىن» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى بىر. شۇڭا ئورۇنسىز تەكرارلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنداق جۈپ سۆزلەردىن بىرىنىلا ئېلىش كۇپايە.

لېكىن مەنە جەھەتتىن پەرقى بولغان قوش سۆزلەرنى قىسقارتىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن:



a. "为群众喜闻乐见的……"

«ئاممىغا ياقىدىغان ۋە ئامما ياخشى
كۆرىدىغان……»

b. "……到了民穷财尽的地步。"

«خەلقى گادايلاشقان، بايلىقى تۈگى-
گەن ھالغا يەتتى……»

تەكرار سۆزلەرنى قىسقارتىشتا، شۇ سۆزلەرنىڭ مۇھىممىنى تاللىۋېلىش لازىم. مۇشۇنداق ئۇسۇل بويىچە، يەنە مۇنداق سۆزلەرنىمۇ قىسقارتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

a. "在这样的社会中，只有农民和手工
业工人是创造财富和创造文化的基本阶级。"

«بۇنداق جەمئىيەتتە پەقەت دېھقانلار ۋە
قول سانائەت ئىشچىلىرىدىلا بايلىق ۋە مەدەنى-
يەت يارىتىدىغان ئاساسىي سىنىپتۇر.»

بۇ يەردە خەنزۇچىدىكى ئىككى "创造" سۆزىنىڭ بىرىنىلا تەرجىمە قىلىپ ئالغان ياخشى.

b. "共产党员……应该成为英勇作战
的模范，执行命令的模范，遵守纪律的模范，
政治工作的模范和内部团结的模范。"

«كوممۇنىستلار باتۇرانە كۈرەش قى-
لىدىغان، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدىغان،
ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان نەمۇنىچىلار-
دىن بولۇشى كېرەك، سىياسىي خىزمەت
نەمۇنىچىسى ۋە ئىچكى ئىتتىپاق ھەم بىر-
لىك نەمۇنىچىسى بولۇشى كېرەك.»

بۇ يەردە خەنزۇچىدىكى بەش "模范" سۆزىدىن پەقەت ئۈچى تەرجىمە قىلىنغان. ئەگەر ھەممىسى تەرجىمە قىلىنسا،

جۈملە قوپاللىراق بولۇپ قالاتتى.

"只有动员群众才能进行战争，只有依靠群众才能进行战争。"

«پەقەت خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلغاندىلا، خەلق ئاممىسىغا تايانغاندىلا ئاندىن بۇ ئۇرۇشنى قىلغىلى بولىدۇ.»

بۇ يەردە "才能进行战争" سۆزىدىن بىرى تەرجىمىدە قىسقارتىلغان، ستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ ئۇنى قىسقارتىش مۇۋاپىق.

"我们不仅要克服主观主义，而且要克服教条主义。"

«بيۇروكراتىزمنىلا ئەمەس، دوگماتىزمنىمۇ تۈگىتىمىز.»

### 3. زاماننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىسقارتىش

خەنزۇچىدا پېئىلنىڭ ئۆز ئالدىغا زاماننى بىلدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ، زاماننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئايرىم هالدا پېئىلغا يانداشىپ، ياردەملىشىپ كېلىدۇ. زاماننى بىلدۈرىدىغان بەزى سۆزلەرنى، مەسىلەن: "曾经"، "继续"، "将"، "正巧" قاتارلىق سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل زامانلىرى بىلەنلا بىلدۈرۈپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنداق سۆزلەر ئالاھىدە تەكىتلەش ئورنىدا خىزمەت قىلمايدىغان بولسا، تەرجىمىدە ئادەتتە قىسقارتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

a. "我们将要组织春游。"

«بىز ئەتىيازلىق سەيلىگە چىقماقچىمىز.»

b. "他再三向我劝说，但我仍没有同意。"



«ئۇ مېنى دەۋەت قىلىۋەردى، لېكىن مەن قوشۇلمايۋەردىم.»

c. "县政治必须农民起来才能澄清，广东的海丰已经有了证明。"

«پەقەت دېھقانلار قوزغالغاندىلا ناھىيە مەمۇرىيىتىنى تازىلاش مۇمكىن. بۇ گۇاڭدۇڭنىڭ خەيفېڭ ناھىيىسىدە ئىسپاتلانغان.»

d. "李自成参加高迎祥的起义队伍，曾经由陕西入河南，到安徽，折回陕西。"

«لى زىچېڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن گاۋ يىڭشياڭ باشچىلىقىدىكى ئەترەتكە قوشۇلۇپ، بۇ ئەترەت بىلەن شەنشىدىن خېنەن ئۆلكىسى ئارقىلىق ئەنخۇي ئۆلكىسىگە بېرىپ ئۇ يەردىن شەنشىگە قايتتى.»

"我们队伍中曾经发生过的反对准备的意见是幼稚可笑的。"

«بىزنىڭ قاتارىمىزدا تەييارلىق كۆرۈشكە قارشى تۇرۇش پىكىرلىرىنىڭ بولۇشى ساددىلىق ۋە كۈلكىلىكتۇر.»

زاماننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىسقارتىشتىمۇ، شۇ سۆزنىڭ جۈملىدە گەپنى كۈچەيتىش، تەكىتلەش جەھەتتىن ئوينايدىغان رولىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تەكىتلەش رولىنى ئويناش تەرىپى كۈچلۈك بولسا، قىسقارتىش ئۇيياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، يەنە مەلۇم سۆزلەرنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

"他曾经学过天文学，而今天……"

«ئۇ ئىلگىرى ئاسترونومىيىنى ئۆگەنگەندى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا...»

مانا بۇ يەردە «ئۆلگىرى ... ئىدى» سۆزىنى ۋە ياردەمچىنى قوشمىغاندا گەپنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىشى تەبىئىي.

### 4. سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىسقارتىش

ئۇيغۇر تىلىدا، كۆپ ۋاقىتتا، سانلار ئىسىملار بىلەنلا تۈرلىنىپ كېتىدۇ، يەنى سانلار، مەيلى بىرلىك بولسۇن، مەيلى كۆپلۈك بولسۇن، ئىسىمغا ئۇلىنىپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر تەكىتلەش ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى بولمىسا تەرجىمىدە مىقدار سانلارنى قىسقارتىۋەتكەن ياخشى. مەسىلەن:

a. “我们将不但有一个强大的陆军，而且有一个强大的空军和一个强大的海军。”

«بىزدە قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىلا ئەمەس، قۇدرەتلىك هاۋا ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسىمۇ بارلىققا كېلىدۇ.»

b. “这是一种爱国主义行为。”

«بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك.»

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدىكى “一个”، “一种” سۆزلىرى ئۇيغۇرچىدا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىپادىلەنگەن. شۇڭا ئۇلارنى تەرجىمە قىلىشنىڭ هاجىتى يوق.

سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ۋە ياردەمچىلەرنىڭ خەنزۇچىدىكى تۈرلىرى ئاز ئەمەس، بولۇپمۇ جۈملىلەردە “广大”، “那些”، “一部分”، “一些”، “们” “都” “各” سۆزلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياردەمچىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت بولمىغاندا، ئۇنداق سۆز ۋە ياردەمچىلەرنى تەرجىمىدە ئىلاج بار قىسقارتىپ، شۇ جۈمە-



لىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىپادىلەش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا گەپنى گىرامماتىك جەھەتتىن بۇزمىسىمۇ، مەنتىقىي كۈچ جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن، يەنە يۇقىرىقى مىسالنى ئالايلى.

“这是一种爱国主义行为。”

«بۇ بىر خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك هەرىكەت.»

بۇ تەرجىمىدىكى «بىر خىل» سۆزى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئادىتىگە تازا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ؛ ستىلىستىكا جەھەتتىن ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەنىنى مۈجمەللەشتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

### 5. بەزى ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى سۆزلەرنى قىسقارتىش

خەنزۇچىدىكى بەزى ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى* سۆزلەر ئۇيغۇرچىدا تەرجىمە قىلىنمايدۇ. بەزىدە زوردىن – زورغا تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە سۆز قوپاللىشىدۇ ياكى مەنە تۇتۇقلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەش زۆرۈر بولمىغاندا، تەرجىمە قىلماسلىق كېرەك.

مەسىلەن:

a. “他这个人真爱交朋友。”

«ئۇ ناهايىتى ئۈلپەتچان ئادەم.»

b. “胡三毛她妈到合作社买肉去了。”

«خۇسەنماۋنىڭ ئانىسى كوپىراتىپقا گۆش ئالغىلى كەتتى.»

* «ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى» لارنى تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا ئايرىم توختالمىدۇق. بۇ يەردە گەپ پەقەت «قىسقارتىش» ئۈستىدىلا بارىدۇ. — ئاپتوردىن.

يۇقىرىدىكى مىسالدا، "这个人" ، "她" سۆزى تەرجىمىدە ئېلىنمىغان. ئەمەلدە ئۇلارنى زوردىن-زورغا تەرجىمە قىلغاندا، «ئۇ بۇ ئادەم ناھايىتى ئۇلپەتچان» بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە زادىلا سىغمايدۇ.

بەزىدە ئېنىقلىغۇچى ئالماشلارنى شۇ جۈملىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرگە يېيدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەنمۇ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

"他说他今天要休息。"

«ئۇ، بۈگۈن دەم ئالىمەن، دەيدۇ.»

### 6. ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىسقارتىش

خەنزۇ تىلىدا ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ بىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئادەتتە، جۈملىنى ئۇزارتىۋېتىپ، مەنىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەرجىمىدە ئايرىم ھال سۆزلەرنى قىسقارتقان ياخشى.

ئۇيغۇر تىلىدا ھالەت ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا ھەم شۇنداق. ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر خەنزۇچىدا ئايرىم چاغلاردا ياردەمچى قوشۇلماي يېزىلىدۇ؛ ئەمما مۇتلەق كۆپ جايلاردا «...» دېگەن قوشۇمچە بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

"很快地" ، "慌忙地" ، "逐渐地" ، "突然地" ، "故意地" ······

بىزنىڭ بەزى تەرجىمانلىرىمىز ئەسلىگە «سادىق» بولىمەن دەپ، ئىككى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلماي، "地" لەرنى ھەممىشە «ھالدا»، «رەۋىشتە» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. نەتىجىدە، جۈملىنى چۇۋالچاقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىدىكى ھالەتنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچىلەرنى، مۇتلەق كۆپ جايلاردا، قىسقارتىۋېتىش كېرەك.



مەسىلەن:

"他突然地停下来了。"

«ئۇ ئۇشتۇمتۇت (بىردىنلا) توختاپ قالدى.»

"公社社员在热烈地工作。"

«كوپېراتىپ ئەزالىرى قىزغىن ئىشلىمەكتە.»

يۇقىرىدىكى مىسالدىكى «ئۇشتۇمتۇت»، «قىزغىن» سۆزلىرىگە «ھالدا» سۆزىنى قوشۇپ، «ئۇشتۇمتۇت ھالدا». «قىزغىن ھالدا» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇ ياردەمچىلەرنى قوشقاندا، شۇ گەپلەرنىڭ جانسىز بولۇپ قېلىشى تەبىئىي.

خەنزۇچىدىكى ھالەتنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچىلەرنى بەزىدە تولۇلەندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

"他故意地叫了一声。"

«ئۇ قەستەنگە قىچقاردى.»

دېمەك، خەنزۇ تىلىدىكى ھالەتنى تەرجىمە قىلغاندا، مەيلى شۇ سۆزلەردە "地" ياردەمچىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئادەتتە، «ھالدا»، «رەۋىشتە» سۆزىنى قوشۇپ تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنى قىسقارتىش زۆرۈر.

### 7. ياردەمچى سۆزلەرنى قىسقارتىش

ياردەمچى سۆزلەر مۇستەقىل بىر مەنە، ئۇقۇمنى ئىگىلىمىدىغان ئاساسىي سۆزلەرنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇ مۇستەقىل ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاساسىي سۆزلەرنى بىر-بىرىگە باغلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا مەنە جەھەتتىن ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن، خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇرچىدا «ھەم، ۋە، ئۈچۈن، بىلەن، ئەمما، لېكىن، بىراق، چۈنكى، ياكى، شۇڭا، گەرچە، بەلكى......» دېگەنگە ئوخشاش ياردەمچىلەر بولغاندەك، خەنزۇ تىلىدىمۇ شۇنداق

ياردەمچىلەر بار. مەسىلەن:

"但是，于是，因为，因而，所以，因此，那么，却，不过，而且，甚至；无论，然而，既然，关于，的，了，吗"

......

بۇ ياردەمچىلەر مۇستەقىل ئۇقۇمغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن جۈملىلەردە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسىنى، بەزىلىرى ئۇلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ؛ بەزىلىرى سۆزنىڭ روھىنى بىلدۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنداق ياردەمچىلەرنىڭ جۈملىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختالماستىن، پەقەت ئۇلارنى تەرجىمىدە قىسقارتىش مەسىلىسىدىلا توختىلىمەن.

خەنزۇچىدا ياردەمچى سۆزلەرنىمۇ كۆپ ۋاقىتتا قىسقارتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

"在美国，……因为我是未成年的孩子，所以只能拿工资的一半；又因为是个黑人，所以只好拿一半的一半了。"

بۇ جۈملىنى «ئامېرىكىدا... چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن يېرىم ئىش ھەققى ئالاتتىم، يەنە چۈنكى نېگىر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاران يېرىمىنىڭ يېرىمىنىلا ئالاتتىم» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن ئىككى يەردىكى «چۈنكى» سۆزىنى قىسقارتقاندا جۈملە تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە «چۈنكى» سۆزىنىڭ مەنىسى «ئۈچۈن» سۆزىگە يېتىدۈرۈلۈپ، شۇنىڭ روھى بىلەن تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

"工人们这样地警告着他们，因此谁也不敢动他一下。"

«ئىشچىلار ئۇلارغا شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەچكە (ياكى «ئىشچىلار ئۇلارنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرغانلىقتىن») ئۇنىڭغا ھېچكىم تېگەلمىدى.»



بۇ يەردە "因此" سۆزىنى ئالاھىدە تەرجىمە قىلىشقا ھېچقانداق ھاجەت يوق، ئۇ قىسقارتىلغان. چۈنكى ئۇ سۆز «بەرگەچكە»، «......لىقتىن» سۆزى بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ.

"你们把身体累坏了，不但对自己不好，而且影响工作。"

«ھېرىپ ئۆزۈڭلەرنى ئالدۇرۇپ قويساڭلار، ئۆزۈڭلەرگىلا ياخشى بولماي قالماستىن، خىزمەتكىمۇ تەسىر يېتىدۇ.»

بۇ يەردە "而且" (بەلكى) سۆزى ئىپادىلەنمىگەن.

"如果你不同意，那么我们就不等你了。"

«ماقۇل كەلمەيدىكەنسەن، سېنى كۈتمەيمىز.»

بۇ جۈملىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ "如果" بىلەن "那么" سۆزلىرى قىسقارتىلغان. چۈنكى، «ئەگەر» سۆزى بىلەن «ئۇ ھالدا» سۆزى «...كەنسەن» بىلەن قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەن.

"我完成了任务。至于总结，我准备明天写。"

«ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇم. يەكۈننى بولسا، ئەتە يازماقچىمەن.»

«ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇم، يەكۈننى ئەتە يازماقچىمەن.»

ئادەتتە "至于" دېگەن ياردەمچى سۆز بىزدە كۆپىنچە «......غا كەلسەك» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا شۇ سۆز كەلگەن يەنە بىر قىسىمنى «......غا كەلسەك، ئۇ (ئۇنى، ئۇ ھەقتە، ئۇنىڭغا......)» دەپ تەرجىمە قىلىپ، سۆز قوشۇشقا، شۇنىڭ بىلەن بەزىدە مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئۇزارتىۋېتىپ، ئۇنى ئوقۇپ بولۇپ دەم ئالالمايدىغان ياكى دەم ئالماستىن ئوقۇپ، مەنىنى دەرھال چۈشىنەلمەيدىغان ئەھۋالغا قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن (سۆزنى قىسقارتىش، جۈملىنى ئىخ-

چاـلاشتۇرۇش ئۈچۈن) ئۇنى قىسقارتىش ياكى «بولمىسا» شەكلىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش مۇمكىن. لېكىن سۆزنى تەكىتلەش زۆرۈرىيىتى بولغاندا، ئەھۋالغا قاراپ جانلىق ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

"我光怕人家说我写不成，所以虽然很灰心，但是还继续着写。"

«باشقىلار، يازالمايدۇ، دەمدىكىن دەپ قورقىمەن. شۇڭا كۆڭلۈم ناھايىتى يانغان بولسىمۇ، يەنە يېزىۋاتىمەن.»

خەنزۇچىدا "虽然……但是" بىلەن كېلىدىغان جۈملىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنى «گەرچە…… لېكىن……» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ۋە ھازىر كۆپىنچە شۇنداق تەرجىمە قىلىنىپ ئادەت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ جۈملىدىكى مەنىگە مەيلى گىرامماتىكا جەھەتتىن، مەيلى ئۇقۇم جەھەتتىن بولسۇن ئانچە زىيىنى يوق. لېكىن جانلىق ئېغىز تىلى، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا، بۇنداق جۈملىلەردە «گەرچە…… لېكىن» سۆزىنى قىسقارتىش زۆرۈر. بۇنىڭدىمۇ ئەسەرنىڭ خاراكتېرىغا، سۆزنىڭ تەكىتلىنىش دەرىجىسىنىڭ ئەھمىيىتىگە قاراش كېرەك.

"志愿军在前线作战，常常几天几夜不吃不睡，我不过熬了一夜，算什么？"

«پىدائىيلار ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلغاندا، پات-پات بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز ئوزۇقسىز، ئۇيقۇسىز قالدى. مەن بىر كېچە تۈنەپ قالسام نېمە بوپتۇ؟»

بۇ يەردە "不过" سۆزى پۈتۈنلەي قىسقارتىلغان. بۇنداق جۈملىلەردە پۈتۈنلەي قىسقارتىش لازىم. چۈنكى بۇ يەردىكى "不过" سۆزى «پەقەت» مەنىسىدە خىزمەت قىلىدۇ.



لېكىن يەنە بەزى جۈملىلەردە بولسا قارىمۇ قارشى سۆزلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

"天很冷，不过穿上了棉衣，不要紧。"

«ھاۋا ناھايىتى سوغۇق تۇرىدۇ، بىراق، پاختىلىق چاپان كىيىۋاپسەن، ھېچ گەپ يوق.»

بۇ جۈملىدە "不过" سۆزى «بىراق»، «لېكىن» مەنىسىدە خىزمەت قىلغان. شۇڭا بۇنى قىسقارتىشتا، مەنە جەھەتتىكى پەرققە دىققەت قىلىش كېرەك.

"对于这种恶果，必须进行研究。"

«بۇ يامان ئاقىۋەتنى تەتقىق قىلىش كېرەك.»

"我对于这个问题注意的很不够。"

«بۇ مەسىلىگە دېگەندەك دىققەت قىلالمىدىم.»

"这个办法，我们对于那个问题的解决意见也适用。"

«بۇ چارە ھېلىقى مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىمىزگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.»

بۇ يەردە ياردەمچىلەرنىڭ بىرى بولغان "对于" سۆزى ھەممىلا جايدا «توغرىسىدا»، «ھەققىدە»، «گە (غا، قا)»، قارىتا»، «نىسبەتەن» دەپ ئېلىنماستىن، تۇرلۇكچە ئېلىنغان. دېمەك، ئۇنى «نى، غا، قا، گە، كە»... قاتارلىق كېلىشلەرگە ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن قىسقارتىش مۇمكىن.

"工作虽然多，也应注意健康。"

«خىزمەت كۆپ بولسىمۇ، سالامەتلىككە دىققەت قىلىش كېرەك.»

"这个孩子虽然年纪小，可是很聪明。"

«بۇ بالا كىچىك بولسىمۇ، ناھايىتى زېرەك.»

"病虽然好了，但是没有力气。"
«كېسەلدىن ساقايغان بولسىمۇ، دەرمانى يوق.»

يۇقىرىدىكى ئۈچ مىسالدا "虽然" "可是" "但是" سۆزلىرى تەرجىمە قىلىنمىغان. «گەرچە، لېكىن...» دەپ تەرجىمە قىلىنغاندا، سۆزنىڭ سىلىق، جانلىق بولماسلىقى تەبىئىي. بۇنداق ياردەمچىلەرنى، ئادەتتە، قىسقارتىۋەتكەن ياخشى.

ياردەمچىلەرنى قىسقارتىش زۆرۈر، لېكىن بۇنىڭدا يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇللار بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. قىسقارتىش — قىسقارتماسلىق، تولۇلەندۇرۇش ۋە باشقا ئەھۋاللار كونكرېت جۈملە، سۆزنىڭ روھى ۋە گرامماتىك باغلىنىشلىرىغا، ستىلىستىكىغا باغلىق.

## ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى

تەرجىمىنىڭ مەقسىتى تىلى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنى ئۆزئارا چۈشىنىش، پىكىرلىشىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەش. بىزگە كېرىكى ئەسلى ئەسەرنىڭ شەكلى ئەمەس، مەزمۇنى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، جۈملىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى دەل توغرا، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش زۆرۈر. گرامماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەسلى ئەسەرنىڭ،ئەسلى جۈملىنىڭ شەكلىگە بېرىلىپ كەتكەندە، تەرجىمە تىلىنىڭ ساغلاملىقىغا نۇقسان يېتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مەنىنى تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرىشكىمۇ نۇقسان يېتىدۇ، ھەتتا ئەسلى ئەسەرنىڭ مەنىسى مۇجمەللىشىشى، بۇرمىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. دېمەك، ئەسلى ئەسەرنىڭ گرامماتىكىلىق شەكلى ئەسلى ئەسەرنى ئېنىق چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان زۆرۈر



ۋاسىتە؛ لېكىن شۇ ۋاسىتىدىن پايدىلىنىش بىلەن ھاسىل قىلىنغان چۈشەنچىنى توغرا، ئېنىق تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەردىكى جۈملىنىڭ گرامماتىكىلىق شەكلىگە باغلىنىپ قالماستىن، تەرجىمە تىلىنىڭ قائىدىسى ۋە ئادىتىگە رىئايە قىلىش زۆرۈر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ بەزى سۆزلىرىنى، بەزى گرامماتىكىلىق شەكىللىرىنى زۆرۈر بولغىنىچە ئۆزگەرتىشتىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

### 1. ئايرىم سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش

بەزى سۆزلەر لۇغەتتە بىر خىل مەنىدە قوللىنىلسا، ئىستېمالدا باشقا بىر مەنىدە قوللىنىلىدىغان. ئايرىم تۇرغاندا بىر خىل مەنە بەرسە، باشقا سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە يەنە باشقا بىر خىل مەنە بېرىدىغان ھادىسىلەر ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، خەنزۇ تىلىدىمۇ ئوخشاش ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «چاي» سۆزى قايناق سۇغا سېلىنىدىغان چاينى شۇنىڭدەك دەملەنگەن چاينى ئۇقتۇرسا، «چايغا تەكلىپ»، «چاي ئويناش» دېگەن سۆزلەردە «زىياپەت» مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. «ئولتۇرۇش» سۆزى ئورۇندۇقتا، يەردە ئولتۇرۇش مەنىسىنى ئاڭلاتسا، «ئولتۇرۇش قىلىش» سۆزى «زىياپەت»، «بەزمە» مەنىلىرىنى بېرىدۇ. خۇددى شۇ تىل ھادىسىسىگە ئوخشاشلا، خەنزۇ تىلىدىمۇ "谢" سۆزى «رەھمەت»، «تەشەككۈر» مەنىسىنى، "幕" سۆزى «پەردە» مەنىسىنى ئاڭلاتسا، "谢幕" سۆزى «قەدەملىرىگە رەھمەت»، «قەدەملىرىگە رازى بولسىلا» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ «پەردىگە رەھمەت» دېگەن گەپ ئەمەس. "好事" «ياخشى ئىش»، «ساۋابلىق ئىش» دېگەن بولىدۇ. ئەگەر "看你干的好事！" نى «قارا، سېنىڭ ياخشى ئىشىڭنى!» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى جۈم-

لىنىڭ «قارا سىيىڭ ئەسكىلىكىڭنى!» دېگەن ئېنىق مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشىمىز ناتايىن. «گېلىغا ئاق تۈك ئۈنۈپ قاپتۇ» ياكى «خەسە كېكىردەك بولۇپ قاپتۇ» دېگىنىمىزدە ئۇنداق ـ مۇنداق تاماقنى ياراتمايدىغان ئادەملەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ئەگەر شۇ گەپلەرنى "嗓子眼长白毛啦" ياكى "白布嗓子" دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى مەنىنى ئېنىق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

ئوخشاش بىر ئۇقۇمنىڭ خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاش سۆز بىلەن ئۇقتۇرۇلۇشى ناتايىن. ئەلۋەتتە، ئوخشاش بىر ئۇقۇمنىڭ ئىككى تىلدا ئوخشاش سۆز بىلەن ياكى ئوخشىشىپراق كېتىدىغان ۋە ياكى مەنىداش بولغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان يەرلىرى كۆپ. ئۇنداق شارائىتلاردا تەرجىمىدە ئانچە كۆپ مەسىلە ئۇچرىمايدۇ، قىيىنچىلىقمۇ كۆپ بولمايدۇ. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەندەك تىل ھادىسىلىرى يۈز بەرگەندە، ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى قوللانماي مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن:

"我愿意弥补我们先人的罪过。"

«ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى گۇناھىدىن ساقىت قىلىشنى خالايمەن.»

"弥补" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «تولدۇرۇش»، «ئورنىنى تولدۇرۇش»، «قازاسىنى تۆلەش»، «كېمىنى تولدۇرۇش» دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ سۆزنى «گۇناھىنى تولدۇرۇش» ياكى «گۇناھىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش» ۋەھاكازا دەپ، «تولدۇرۇش» دېگەن چۈشەنچىدىن چەتلىمەي تەرجىمە قىلساق، گرامماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن خەنزۇچىغا ئوخشاش بولۇپ چىقسىمۇ، مەنە جەھەتتىن «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ كەم قالغان، چالا قالغان گۇناھىنى تولدۇرۇشنى، يەنى تولۇقلاشنى خالايمەن» دېگەن چۈشەنچىنى بېرىپ



قويۇش سەۋىيىسىدىن خالىي بولالماسلىقىمىز تۇرغان گەپ.

"不去正确地估计我们的成绩，就不能激励我们提高信心，继续前进 。"

«بىزنىڭ نەتىجىلىرىمىزنى توغرا باھالىمىساق، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، داۋاملىق ئىلگىرىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.»

بۇ شەكىلدە تەرجىمە قارىماققا ئەسلىسىگە دەلمۇ دەل ئۇيغۇن بولغاندەك تۇرسىمۇ، ھەر ھالدا پىششىقلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. «بىزنىڭ» نى «ئۆزىمىزنىڭ» گە ئۆزگەرتىپ كۆرەيلى. ئۇ ھالدا تەرجىمىنىڭ پىشىپ چىقىشىدا شەك يوق.

"中国近百年的落后，……另一方面，老实说，要归咎于我们那些挂着文明招牌的白人同胞对你们的侵略——豺狼般的烧杀，掳掠……。"

«جۇڭگونىڭ يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان ئارقىدا قېلىشىغا، يەنە بىر تەرەپتىن، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بىزنىڭ مەدەنىيەت ۋىۋىسكىسىنى ئېسىۋالغان ئاق تەنلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سىلەرگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ــ ۋەھشىيانە ئوت قويغانلىقى، قىرغانلىقى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقى...... سەۋەبچى بولدى.»

"豺狼" (چىلبۆرە) قىرغىن قىلغان، بۇلاپ ـ تالىغان تەقدىردىمۇ ئوت قويالمايدۇ. مەنتىقىي چۈشەنچە نۇقتىسىدىن «چىلبۆرە» سۆزىنى يىراق مەنىداش «ۋەھشىيانە» سۆزىگە ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەن.

"他的话，牛头不对马嘴。"

بۇ جۈملىنى «ئۇنىڭ سۆزلىرى كالىنىڭ بېشى ئاتنىڭ ئېغىزىغا توغرا كەلمەپتۇ» دەپ شەكلەن، سۆزمۇ سۆز تەرجىمە

قىلساق، «پايپاقا ناھال قاقاندەك گەپ» بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ.

شۇنى تەكىتلەپ ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، بەزى تەرجىمانلىرىمىز خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئادىتى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان پەرقلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ - يۇ، شۇ پەرقلەرنى تەرجىمىدە توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا بىر تەرەپلىمە قارايدۇ، يەنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىنىڭ قوبۇل قىلىش - قىلالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، خەنزۇ تىلى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىلا تەكىتلەپ، سۆزمۇ - سۆز، شەكلەن تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. نەتىجىدە، خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سىتىلىستىكىسىنى كىتابخانلارغا بۇرمىلاپ، قوپاللاشتۇرۇپ، ھەتتا چاكىنىلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش سەۋەنلىكىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. مەسىلەن: “安定团结的政治形势” دېگەن ئىبارە، خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سۈپەت بولۇپ ئېنىقلاپ كەلگەن «تىنچ، ئىتتىپاق، سىياسىي» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئېنىقلانغۇچى تۈپ سۆز «ۋەزىيەت» نىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. ئۇنى خۇددى خەنزۇچە گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى بويىچە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ تەڭداش ئېنىقلىغۇچى سۈپەتلەر بىلەن ئېنىقلانغۇچى تۈپ سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىبارە تەرىقىسىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. يەنى «تىنچ، ئىتتىپاق، سىياسىي ۋەزىيەت» دېيىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بەزى تەرجىمانلار «تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەت» دەپ، تەرجىمە قىلىدۇ. بۇنداق تەرجىمىدە مەنتىقىلىق باغلىنىش كەمرەك.

تەرجىمە پرىنسىپلىرىدا ئەسلى جۈملىدىكى ھەربىر سۆزنى ئەينەن تەرجىمە قىلىش كېرەك دېگەن تەلەپنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئەينەن تەرجىمە قىلىشقا زورمۇ - زور ئۇرۇنغاندا،



مەنە جەھەتتىن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك سەۋەنلىكنى ئۆتكۈزۈپ قويۇش مۇمكىن.

### 2. ئايرىم سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىش

تەرجىمىدە پۈتۈن جۈملە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، جۈملە تەركىبىدىكى ھەربىر خەت، سۆزلەرنى بىرمۇ - بىر، ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خەنزۇچىدىكى مەلۇم بىر سۆز مەلۇم بىر سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولسا، ئۇلارنى ئەينەن تەرجىمە قىلغاندا، ئەسلى مەنە توغرا ئىپادىلىنىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىسىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا مەسىلە پەيدا بولمايدىغانلىقى تەبىئىي؛ بۇ ھەممىگە ئايان ساۋات. لېكىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تىلدا ئۇنىڭ ئەكسىچە تىل ھادىسىلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. تەرجىمە تىلىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ھالەتنى پەيدا قىلىپ قويماسلىقى، ئەسلى مەنىنى ئۇيغۇرچە شەكىل بىلەن توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، خەنزۇچە بەزى سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

“我们的目的一定要达到！”
“我们的目地一定能够达到！”

خەنزۇ تىلى سىنتاكسىسى بويىچە، “我们的” ئېنىقلىغۇچى؛ “目的” ئىگە؛ “达到” خەۋەر. شۇ تەرتىپ بويىچە تەرجىمە قىلىنسا، «بىزنىڭ مەقسىتىمىز چوقۇم يېتىشى كېرەك»، «بىزنىڭ مەقسىتىمىز چوقۇم يېتەلەيدۇ» بولۇپ چىقىدۇ - دە، ئۆلۈك تەرجىمىدىنمۇ ئۆتۈپ قالايمىقان تەرجىمە بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ تەرجىمىدە مەنە ئوقۇلمايدۇ. تەرجىمىدە مەنىنى توغرا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، ئەسلى سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، يەنى ئەسلى ئېنىقلىغۇچى

"我们的" نى ئىگىگە، ئەسلىدىكى ئىگە بولغان "目地" نى تولدۇرغۇچىغا ئۆزگەرتىپ، «بىز مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتىمىز!»، «بىز مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتەلەيمىز!» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلىنسا، مەنە توغرا ئىپادىلەپ بېرىلگەن بولىدۇ.

تەرجىمىدە تىل ئادىتى سەۋەبى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان بۇنداق ھادىسىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداق شارائىتتا، ئەسلى جۈملىنىڭ شەكلىگە بېرىلىپ كەتمەي، مەنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، ئالاقىدار سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانماي مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۇسۇلنى سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن يېشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ:

"慰问团到达的城市，都受到了当地人民的热烈欢迎。"

| ئۆلۈك تەرجىمە: | مەنەن تەرجىمە: |
|---|---|
| «ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغانلىكى شەھەر شۇ يەردىكى خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.» | «ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغانلىكى شەھەردە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.» |

"我们相信，在党中央的领导下，农田基本建设将掀起一个新高潮。"

| | |
|---|---|
| «ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى يېڭى دولقۇن كۆتۈرىدۇ.» | «ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ.» |



"这个教室，能坐五十个人。"

| | |
|---|---|
| «بۇ سىنىپ 50 ئادەم ئولتۇرالايدۇ.» | «بۇ سىنىپقا 50 ئادەم سىغىدۇ.» |

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «ئۆمەك بارغانلىكى شەھەر قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى»، «ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى دولقۇن كۆتۈرىدۇ»، «سىنىپ ئولتۇرالايدۇ» دېگەن سۆزلەر، تولۇق جۈملە ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسىگە سىغىسىمۇ، شەكلەن قارىغاندا، ئەسلى خەنزۇچە جۈملە شەكلىگە دەلمۇ دەل ئۇيغۇندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا مەنتىققە سىغمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سۆزمۇ سۆز، شەكلەن تەرجىمە قىلىش بىلەن جانلىق، مەنەن تەرجىمە قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى شۇ ئىككى خىل تەرجىمىنىڭ ئەمەلىيەتتە بېرىدىغان ئۈنۈمى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ناھايىتى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ ۋە تەرجىمىدە «ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى»نى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

"我们要作马克思列宁主义创始人的最忠实、最好的学生，就需要在无产阶级和一切群众的长期而伟大的革命斗争中进行各方面的修养，要有马克思列宁主义理论的修养，要有运用马克思列宁主义的立场、观点和方法去研究和处理各种问题的修养；要有无产阶级的革命战略、战术的修养；要有无产阶级的思想意识和道德品质的修养；要有坚持党内团结、进行批评和自我批评、遵守纪律的修养；要有艰苦奋斗的工作作风的修养；要有善于联系群众的修养，任及各种科学知识的修养等。"

«ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسچىلىرىنىڭ ئەڭ سادىق، ئەڭ ئوبدان شاگىرتى

بولۇش ئۈچۈن، پرولېتارىيات ۋە بارلىق ئاممىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم ئۇلۇغ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىدە ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز — ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلىنىشىمىز، ماركسىزم - لېنىنىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز؛ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز، پرولېتارىيات ئاڭ - پىكرى ۋە ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن تەربىيىلىنىشىمىز؛ پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى ئېلىپ بېرىش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز؛ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولۇش جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز؛ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشقا ماھىر بولۇش جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز ھەم تۈرلۈك پەننىي بىلىملەر ۋە باشقىلار بىلەن تەربىيىلىنىشىمىز لازىم.»

(لىيۇ شاۋچى: «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 4 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 22 - بەت.)



بۇ مىسالدىكى تەكىتلەش بەلگىسى قويۇلغان جايلار خەنزۇچە سۆز تۈركۈملىرى، ستىلىستىكىسى جەھەتلىرىدىكى شەكلىدىن ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئەسلى مەنە روشەن، توغرا ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئەگەر تەرجىمىدە «ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى قوللىنىلماي»، سۆزمۇ سۆز، شەكلەن تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ ھالدا "…进行各方面的修养" «ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىنىش ئېلىپ بېرىشىمىز» بولۇپ قېلىشى، "要有……的修养" «تەربىيىلىنىش بولۇشى» بولۇپ قېلىشى، "要有……研究和处理各种问题的修养，" «تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش تەربىيىلىنىشى بولۇشى» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ قارىماققا ئۇيغۇرچىدەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە سىغمايدىغان، گەپتە سۆزلەر بىر - بىرىگە ماسلاشمايدىغان، ئېنىق مەنە ئاڭلاتمايدىغان چۈۋالچاق جۈملە بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. بۇ مىسالدا تەرجىمان «ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى» دىن شۇنداق ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانكى، «…… ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرى خەنزۇچىدا «پەش» (،) بىلەن چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شەكلەن بېرىلمەستىن، پەشنىڭ ئورنىغا بايان ئالامىتى سۈپىتىدە سىزىق (—) قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن «ھەر جەھەتتىن» سۆزىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. دېمەك، مەنىنى توغرا ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن خەنزۇچە تېكىستنىڭ گراماتىك شەكىللىرى بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمىغان.

تەرجىمىدە جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە قوشۇۋېتىشمۇ «ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى» دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

"然而在你们中难道就没有这样想的人了吗？就是说，他们的思想、言论、行动和生活不一定要受马克思列宁主义原则的指导，

他们所学到的原则也不打算全部加以运用。”

«لېكىن ئارىمىزلاردا مۇنداق خىيال دىكى كىشلەر، يەنى ئۆزىنىڭ ئىدىيە، سۆز، ھەرىكەت ۋە تۇرمۇشىدا ماركسىزم - لېنىنىزم پرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى ناتايىن بولغان، ئۆزلىرى ئۆگەنگەن پرىنسىپلارنىمۇ تولۇق قوللىنىشنى ئويلىمايدىغانلار يوقمىدۇ؟»

“我们常常看到某些由工人出身的最好的党员，虽然对于马克思列宁主义理论的准备比较少，若要考试背诵马克思列宁主义的书籍和公式，他不一定比别人记得多。但是在他学习马克思列宁主义理论的时候，只要能用他懂得的话解释给他听，他的兴趣，他所了解的程度，常比某些知识分子出身的党员还要高得多。”

«بىز دائىم ئىشچىلار سىنىپىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئەڭ ياخشى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى تەييارلىقى ئازراق بولىشىنى، ئەگەر ئۇلاردىن ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرى ۋە فورمۇلىلىرىدىن يادقا ئىمتىھان ئېلىنسا، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن كۆپرەك بىلىدىغانلىقى ناتايىن بولىشىنى، لېكىن ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەندە، ئۇلارغا چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدىغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ ھەۋىسى، چۈشىنىش دەرىجىسىنىڭ كۆپ چاغلاردا زىيالىيلاردىن كېلىپ چىققان بەزى پارتىيە ئەزالىرى



نىڭكىگە قارىغاندا كۆپ دەرىجىدە يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.»

يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ھەر ئىككىسىدە سىنتاكسىس قائىدىسى بويىچە مۇستەقىل تۇرغان جۈملىلەر مۇستەقىللىكىدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر-بىرىگە چېتىپ تەرجىمە قىلىنغان («تەرجىمىلىنىشى»نىڭ 27 — 28 - بەتلىرىگە ۋە 31 - بېتىگە قاراڭ). ئەگەر شۇنداق «ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى» قوللىنىلمىسا، مەنىنى بۇنچىلىك روشەن، توغرا ۋە راۋان ئىپادىلەپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەر ھالدا تەس.

# تەرجىمىدە جۈملە ئۈستىدە ئىشلەش

## 1. جۈملىدە سۆز تەرتىپى

تەرجىمە ئىشىدا كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان نەرسە جۈملە تۈزۈشتۇر. جۈملە تۈرلۈك سۆزلەردىن (گەپ بۆلەكلىرىدىن) تۈزۈلىدۇ. ئەگەر جۈملە تۈزۈشنىڭ ئاساسىي ئۇلى بولغان سۆزلەر توغرا جايلاشتۇرۇلمىسا، جۈملە ساغلام بولمايدۇ ۋە مەنە توغرا ئۇقۇلمايدۇ.

خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپى بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. جۈملىدىكى بىرەر سۆزنىڭ ياكى ئالدىغا، ياكى كەينىگە قويۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەرجىمە ئۇقۇمسىز بولۇپ قالىدۇ ياكى جۈملە بۇزۇلىدۇ. بۇ ئاساسەن ئىككى تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق چۈشەنمەسلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

خەنزۇ تىلىدا سۆزلەرنىڭ مەنىسى جۈملىدىكى ئورنى بىلەن روشەنلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىن، خەنزۇ تىلىدا سۆزلەر مۇقىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇ مۇقىم ئورۇن ئالمىشىپ كەتسە، مەنە پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ. مەسىلەن:

我爱她 مەن ئۇنى سۆيىمەن.

بۇ جۈملە ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچىدىن تۈزۈلگەن. بىز شۇ تولۇق جۈملىنى خەنزۇچە ھالى بويىچە سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بولساق، باشقىچە مەنە ئۇقتۇرىدۇ.



مەسىلەن، خەنزۇچە جۈملىنىڭ سۆز تەرتىپىنى “她爱我” قىلىپ ئۆزگەرتسەك، ئۇ چاغدا، «مەن ئۇنى سۆيىمەن» ئەمەس، ئەكسىچە «ئۇ مېنى سۆيىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق ئەھۋال خەنزۇچىدىكىدىن ئاز ئۇچرايدۇ. يۇقىرىدىكى «مەن ئۇنى سۆيىمەن» دېگەن جۈملىنى «ئۇنى مەن سۆيىمەن»، «سۆيىمەن ئۇنى» دېيىشمۇ مۇمكىن.

دېمەك، خەنزۇ تىلىدا جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەھمىيىتى، رولى ئاساسەن شۇ جۈملىدىكى ئورنىغا، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىسىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر تەرەپتىن جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ بېكىتىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ.

خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا، خەنزۇ تىلىدىكى جۈملىلەرنىڭ سۆز تەرتىپىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە تىزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئىككى تىلنىڭ سۆز تەرتىپلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

### 1. ئىگە

خەنزۇ تىلىدىكى جۈملىدە ئىگە مەيلى ئاددىي ئىگە بولسۇن، مەيلى قوشما ئىگە بولسۇن ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا، گەپنىڭ بېشىدا ۋە ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

我们拥护和平。
بىز تىنچلىقنى ھىمايە قىلىمىز.

年青而健壮的中国工人创造着奇迹。
ياش، قاۋۇل جۇڭگو ئىشچىلىرى كارامەت كۆرسەتمەكتە.

بۇ ئىككى مىسالدا «بىز» (ئاددىي ئىگە)، «ياش، قاۋۇل

جۇڭگو ئىشچىلىرى» (قوشما ئىگە) خەنزۇچىدىمۇ، ئۇيغۇرچىدىمۇ خەۋەرنىڭ ئالدىدا كەلگەن.

بەزىدە ئىگە خەنزۇچىدا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىدۇ، ئۇيغۇرچىدىمۇ شۇنداق.

与资本主义国家相反，社会主义祖国一天
比一天向幸福道路前进。

كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئەكسىچە،
سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز كۈندىن-كۈن-
گە بەختلىك يولغا قاراپ ماڭماقتا.

بەزى جۈملىلەردە يەنە مۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

“刚才鲁四老爷和谁生气呢？”我问。
“还不是和祥林嫂？”那短工简单地说。

— باياتىدىن لۇسى ھەزرەت كىمگە
خاپا بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن.
— شياڭلىن ھەدىگە بولماي كىمگە
بولاتتى؟ — دەپ قىسقىچىلا جاۋاب بەردى
ھېلىقى كۈنلۈكچى.

بۇ ئىككى مىسالدا، ئاپتورنىڭ دىئالوگدىن كېيىن بېرىلگەن سۆزلىرىدە خەنزۇچىدا ئىگە گەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېرىلگەن، لېكىن ئۇيغۇرچىدا بولسا ئاخىرىدا بېرىلگەن. بۇنداق سۆزلەردە ئۇيغۇرچىدىمۇ ئىگىنى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، «...» — دەپ، ھېلىقى كۈنلۈكچى قىسقىچىلا جاۋاب بەردى.

2. خەۋەر

خەۋەر ئۇيغۇرچىدا ئادەتتە گەپنىڭ (جۈملىنىڭ) ئاخىرىدا كېلىدۇ. خەنزۇچىدا بولسا، خەۋەرنى جۈملىنىڭ بېشىدىن، ئوتتۇرىسىدىن ۋە ئاخىرىسىدىن تېپىش مۇمكىن. مەسىلەن:

(باشتا كەلگەن) 肃清一切反革命分子！



(ئوتتۇردا كەلگەن) 我们正在开展对右派分子的斗争。

(ئاخىردا كەلگەن) 我吃完后就去。

تەرجىمىدە “肃清” “开展” “去” دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى جۈملىنىڭ ئاخىرىسىغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى
تازىلايلى!
بىز ئوڭچى ئۇنسۇرلارغا قارشى
كۈرەشنى قانات يايدۇرماقتىمىز.
مەن تاماقنى يەپ بولۇپلا بارىمەن.

3. تولدۇرغۇچى

خەنزۇچىدا تولدۇرغۇچىلار كۆپىنچە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرچىدا ئادەتتە خەۋەردىن ياكى خەۋەر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزدىن ئىلگىرى كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن:

我们应该爱我们的祖国，并且应该知道
它的历史。

ۋەتىنىمىزنى سۆيۈشىمىز ۋە ئۇنىڭ
تارىخىنى بىلىشىمىز لازىم.

يۇقىرىدىكى مىسالدا خەنزۇچىدىكى تولدۇرغۇچىنىڭ (ۋەتىنىمىزنى)، (تارىخىنى) ھەر ئىككىسىلا خەۋەردىن كېيىن كەلگەن، ئۇيغۇرچىدا بولسا، خەۋەر (سۆيۈشىمىز لازىم، بىلىشىمىز لازىم) دىن بۇرۇن كەلگەن. شۇڭا ئادەتتە تولدۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىدىكى ئورنى خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچىدا ئالمىشىپ تۇرىدۇ، تەرجىمىدە بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

يۇقىرىدا، خەنزۇچىدا تولدۇرغۇچىلار كۆپىنچە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ، دېگەنىدۇق. لېكىن بۇ سۆزدىن، مۇتلەق شۇنداق، دېگەن مەنە كېلىپ چىقمىسۇن، خەنزۇچىدا تولدۇرغۇچىلار ئادەتتە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. لېكىن بەزى چاغ-

لاردا خەۋەردىن ئىلگىرىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

我们一定把任务提前完成。

中国人民志愿军将美帝侵略者打退到三八线以南。

我对这件事不很熟悉。

خەنزۇچىدا تولدۇرغۇچىنىڭ بۇ شەكىلدە (خەۋەردىن ئىلگىرى) كېلىشى ئۇيغۇرچە جۈملىلەرنىڭ سۆز تەرتىپىگە، يەنى تولدۇرغۇچىنىڭ خەۋەردىن ئىلگىرى كېلىشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەكىلدە كەلگەن تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرماسلىق كېرەك. مەسىلەن:

ۋەزىپىنى ئالدىدا ئورۇندايمىز.

جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرى ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىنى 38 - پاراللېلنىڭ جەنۇبىغا چېكىندۇردى.

مەن بۇ ئىشنى ئانچە ئۇقمايمەن.

خەنزۇچىدا تولدۇرغۇچىسى خەۋەردىن ئىلگىرى كېلىدىغان بۇنداق جۈملىلەر ئاساسەن "把" "将" "对于" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ.

تولدۇرغۇچىلارنى تەرجىمە قىلغاندا، تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» نى ئېلىش - ئالماسلىقى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرچىدا «تاماكا ئالغاچ كەل» بىلەن «تاماكىنى ئالغاچ كەل» نىڭ پەرقى بار. بۇ ئىككى جۈملىدە «تاماكا» مۇ تولدۇرغۇچى، «تاماكىنى»مۇ تولدۇرغۇچى، لېكىن بىرىنچى مىسال يوق تاماكىنى ئالغاچ كېلىشنى بىلدۈرسە، ئىككىنچى مىسال بار تاماكىنى ئالغاچ كېلىشنى، ئۇ تاماكىنىڭ بارلىقىنىڭ ئىگىسىگە ۋە ئالغاچ كەلگۈچىگە مەلۇم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ.

4. ئېنىقلىغۇچى

خەنزۇچىدا ئېنىقلىغۇچىلار ئادەتتە "的" قوشۇمچىسى



بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە ھەممە جايدا دېگۈدەك ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

三千多年轻的工人，加紧建筑那座千万人渴望多年的两公里长的大铁桥。

3000 دىن ئارتۇق ياش ئىشچى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئادەم بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىككى كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى زور تۆمۈر كۆۋرۈكنى جىددىي سېلىۋاتىدۇ.

بۇ جۈملىدە ئاساسىي گەپ «ئىشچى كۆۋرۈكنى سېلىۋاتىدۇ.» لېكىن «3000 دىن ئارتۇق ياش» سۆزلىرى «ئىشچى» نى، «مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئادەم بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىككى كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى زور تۆمۈر» سۆزلىرى «كۆۋرۈك» نى ئېنىقلاپ كەلگەن.

دېمەك، بۇ مىسالدىن مەيلى خەنزۇچىدا، مەيلى ئۇيغۇرچىدا بولسۇن، ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئېنىقلىغۇچى بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئېنىقلىغۇچىنىڭ باشتا، ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئاياغدا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

شۇڭا، ئادەتتە، تەرجىمىدە ئېنىقلانغۇچىلار بىلەن ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئېنىقلىغۇچىلار خەنزۇچىدا بەزىدە "把" قوشۇمچىسى ئۇلانمايمۇ كېلىدۇ، لېكىن ئۇنداق قوشۇمچىلار ئۇلانماي كەلگەن ئېنىقلىغۇچىلار، ئادەتتە، ئاتاش گەپلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: "鲁迅故居" «لۇشۈننىڭ يۇرتى».

بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇچىدا بەزى مەخسۇس ئىسىملارنى بىلدۈرگەن سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىغىمۇ قوشۇمچىلار ئۇلانمايدۇ. مەسىلەن: "语文教师" «تىل مۇئەللىمى».

خەنزۇچە بەزى جۈملىلەردە، بولۇپمۇ ياۋروپالاشقان خەن-

زۇچە جۈملىلەردە ئىنىقلىغۇچى سۆزلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. مەسىلەن:

土地改革是阶级斗争的过程；就以苏南这一次土地改革来说，它是一系列的、激烈的思想的、政治的，经济的、对地主阶级进行反封建的阶级斗争过程”

بۇ جۈملىدە «كۈرەش»نى ئىنىقلاپ كەلگەن سۆز ناھايىتى كۆپ. ئۇز ئەينى بويىچە تەرجىمە قىلىنغاندا، جۈملە ئېغىرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

يەر ئىسلاھاتى — سىنىپىي كۈرەش جەريانى. بۇ قېتىم جەنۇبىي جياڭسۇدا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتىنى ئالساق، ئۇ بىرمۇنچە كەسكىن، ئىدىيىۋى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، پومېشچىكلار سىنىپىغا نىسبەتەن فېئوداللىزمغا قارشى سىنىپىي كۈرەش جەريانىدۇر.

بۇ جۈملە ئۇزۇن بولغاچقا، بولۇپمۇ جۈملىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدىكى ئىگە (ئۇ) نۇرغۇن ئىنىقلىغۇچىلارنىڭ قىستۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئىنىقلانغۇچى بولغان «كۈرەش» سۆزىدىن يىراقلىشىپ كەتكەچكە، جۈملە ئېغىرلىشىپ كەتكەن.

بۇنداق جۈملىلەردە ئەھۋالغا قاراپ، ئىنىقلانغۇچىنى تەكرارلاش يولى بىلەن جۈملىنى يەڭگىللەشتۈرۈش مۇمكىن. بۇ قائىدە بويىچە تەرجىمە قىلساق، يۇقىرىقى جۈملە مۇنداق بولىدۇ (ئۈچىنچى قىسمىدىن باشلاپ):

... ئۇ بىرمۇنچە كەسكىن، ئىدىيىۋى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، سىنىپىي كۈرەش جەريانى، پومېشچىكلار سىنىپىغا نىسبەتەن فېئوداللىزمغا قارشى سىنىپىي كۈرەش جەريانىدۇر.

خەنزۇچىدا بۇنداق جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللىنىش زىيانلىق ئەمەس.



纠正那些目前主要是搞好土地改革，妇女工作可做可不做，发动妇女是妇女干部的事，男干部不便做妇女工作，或认为妇女“落后”，不好发动等思想。

مانا بۇنىڭدەك ئىنىقلىغۇچى كۆپ جۈملىلەرنى خەنزۇچە سۆز تەرتىپى بويىچە ئەينەن تەرجىمە قىلىنغاندا، تەرجىمە ناھايىتى ئېغىر بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا يۇقىرىدىكىدەك ئۇسۇل بويىچە جانلىق تەرجىمە قىلىشقا، ھەتتا، زۆرۈر بولغاندا سۆز قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنداق پىكىرلەرنى، مەسىلەن، ھازىر ئاساسەن يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، خوتۇن - قىزلار توغرىسىدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىسىمۇ بولىدۇ، ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ، خوتۇن - قىزلارنى سەپەرۋەر قىلىش ئايال كادىرلارنىڭ ئىشى، ئەر كادىرلارنىڭ خوتۇن - قىزلار توغرىسىدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىشى ئەپسىز، دەيدىغان پىكىرلەرنى ياكى ئاياللار «قالاق»، ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىش قىيىن دەيدىغان پىكىرلەرنى تۈزىتىش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، خەنزۇچىدا ئىنىقلىغۇچىلار قاتار كەلگەندە، ئىنىقلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى ئىنىقلانغۇچىدىن يىراق، ئانچە مۇھىم بولمىغانلىرى ئىنىقلانغۇچىغا يېقىن تۇرىدۇ. مەسىلەن:

英勇的中国人民解放军，在千千万万的解放区人民的支援下，彻底粉碎了敌人的进攻，

بۇ مىسالدا “千千万万” بىلەن “解放区” سۆز-
لىرى ”人民“ نى ئىنقىلاب كەلگەن. ئەگەر بۇنداق قاتار
كەلگەن ئىنقىلىغۇچىلارنىمۇ خەنزۇچىدىكى ئىنقىلىغۇچىلارنىڭ
ھەرقاچان ئىنقىلىغۇچى ئالدىدا كېلىش قائىدىسى بويىچە تەر-
جىمە قىلساق، «مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئازاد رايون» بولۇپ،
«مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان» سۆزلىرى خەلقنى ئەمەس، ئازاد
رايونلارنى ئىنقىلاپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋاللاردىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىنقىلىغۇچىلارنىڭ ئىنقىلىغۇچى بىلەن بو-
لىدىغان تەرتىپىنى ئۆزگەرتمەستىن، پەقەت ئىنقىلىغۇچىلارنىڭلا
ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىنى «خەنزۇچىدا ئەڭ مۇھىم ئىنقى-
لىغۇچى ئىنقىلانغۇچىدىن يىراق بولىدۇ، لېكىن ئۇيغۇرچىدا
ئەكسىچە ئەڭ مۇھىم ئىنقىلىغۇچى ئىنقىلانغۇچىغا يېقىن بولىدۇ»
دېگەن قائىدە بويىچە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، شۇ
قائىدىگە ئەمەل قىلغاندا، تەرجىمە مۇنداق بولۇپ چىقىدۇ:

قەھرىمان جۇڭگو خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسى ئازاد رايونلاردىكى مىڭلىغان -
ئونمىڭلىغان خەلقنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلى-
شى ئارقىسىدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى
ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى.

里面陈列着各式各样列宁过去所使用
的东西和文件。

دېگەن جۈملە «ئىچىگە ھەر خىل لېنىن ئۆتمۈشتە ئىش-
لەتكەن نەرسىلەر ۋە ھۆججەتلەر قويۇلغان» دەپ ئەمەس،
«ئىچىگە لېنىن ئۆتمۈشتە ئىشلەتكەن ھەر خىل نەرسىلەر ۋە
ھۆججەتلەر قويۇلغان» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ-
دەك: 伟大的肃反运动教育了人民。 دېگەن جۈملە «ئۇلۇغ ئەك-



سىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى خەلقنى تەربىيىلىدى»
ئەمەس، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش يولىدىكى ئۇلۇغ ھە-
رىكەت خەلقنى تەربىيىلىدى» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك.
دېمەك، ئىنقىلىغۇچىلارنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ ئىنقىلانغۇچى-
لارغا نىسبەتەن بولغان مۇھىم رولىغا ئاساسەن ئالماشتۇرۇلمى-
غاندا، يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، «ھەر خىل لې-
نىن»، «ئۇلۇغ ئەكسائىنقىلابچى» دېگەندەك تەتۈر ئۇقۇملارنى
ئاڭلىتىپ قويۇش خەۋپى تۇغۇلىدۇ.
ئەلۋەتتە، يۇقىرىدىكى قائىدىلەر ھەممىلا چايدا ئوخشاش
بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇ قائىدىلەرنى جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى، مەنىسى،
ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە، ئەھۋالغا قاراپ جان-
لىق ئىشلىتىش لازىم.

5. ھالەت

خەنزۇچىدا ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى
بىلدۈرىدىغان ھالەت جۈملىدىكى سۆز تەرتىپى بويىچە، ھەر-
قاچان ھەرىكەتنىڭ (خەۋەر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىلنىڭ)
ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

共产党……按照客观规律的要求制订
自己的政策。

كوممۇنىستىك پارتىيە... ئۆزىنىڭ
سىياسەتلىرىنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ
تەلىپىگە ئاساسەن تۈزىدۇ.

重要的办法是：由国家制订出一个全
国统一计划，用这个计划来指导整个国民经
济的发展。

مۇھىم چارە دۆلەت مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش پىلان تۈزۈپ چىقىش،

پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا
شۇ پىلان بويىچە يېتەكچىلىك قىلىشتىن
ئىبارەت.

يۇقىرىدىكى مىساللاردا خەنزۇچىدا «ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن» دېگەن ھالەت «تۈزىدۇ» دېگەن خەۋەرنى، «شۇ پىلان بويىچە» دېگەن ھالەت «يېتەكچىلىك قىلىش» دېگەن خەۋەرنى ئىنقىلاپ كەلگەن ۋە خەۋەردىن ئىلگىرى كەلگەن. ئۇيغۇرچىدىمۇ شۇنداق. جۈملىدە ھالەت ئىنقىلاپ كەلگەن خەۋەرنىڭ ئورنىنى تەرجىمىدە خەنزۇچىدىكى ئورنى بويىچە تەرجىمە قىلىش كېرەك. ئورۇن تەرتىپى ئالمىشىپ كەتسە، تەرجىمىنىڭ مەنىسىگە دەخلى يېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن: يۇقىرىدىكى ئىككىنچى مىسالنى ئۆزگەرتىپ كۆرەيلى.

مۇھىم چارە دۆلەت مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش پىلان تۈزۈپ چىقىش، شۇ پىلان بويىچە پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭدا ھالەت ئۆزى ئىنقىلايدىغان خەۋەر پېئىلدىن يىراقلىشىپ كەتكەچكە، بەزىدە مۇشۇ جۈملە «مۇھىم چارە دۆلەت بىر تۇتاش پىلان تۈزۈپ چىقىش، شۇ پىلانغا ۋە پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىپ قويۇش ھادىسىسى تۇغۇلىدۇ.

拥有闲置资本的资本家……把货币资本变成借贷资本，暂时贷给需要货币资本的资本家去使用。

بىكار تۇرغان كاپىتالغا ئىگە بولغان
كاپىتالىست... پۇل كاپىتالىنى قەرز كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ، ۋاقىتلىق پۇل كاپىتالغا موھتاج بولغان كاپىتالىستلارغا ئىشلىتىشكە قەرز بېرىدۇ.



مانا بۇ تەرجىمىدە «ۋاقىتلىق» دېگەن ھالەت ئىنقىلانغۇچى بولغان «قەرز بېرىدۇ» دېگەن خەۋەردىن يىراقلىشىپ كەتكەچكە، خەۋەرنى ئىنقىلىماستىن، «پۇل كاپىتالى» نى ئىنقىلاپ، مەنىنى بۇزۇۋەتكەن.

دېمەك، خەنزۇچىدا ھەرىكەتنىڭ (خەۋەر مەنىسىنى بېرىدىغان پېئىلنىڭ) ئىنقىلغۇچىسى بولغان ھالەت مەيلى بىر سۆزدىن ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن قۇرۇلغان بولسۇن، ئادەتتە، ئىنقىلانغۇچىنىڭ ئالدىدا ۋە ئىنقىلانغۇچى بىلەن بىر يەردە كېلىدۇ.

ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا ئادەتتە ھال ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلانغۇچىسىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرماسلىق كېرەك. بىزدە ئادەتتىكى تەرجىمە ئەسەرلەردە بۇ قائىدىگە خىلاپ ھادىسىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

لېكىن خەنزۇچىدا، بەزىدە، يەنە مۇنداق ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ.

根据这个规律的要求，社会主义国家优先发展重工业。

بۇنىڭدا “根据这个规律的要求” دېگەن بىرىكمە ھالەت ئۆزى ئىنقىلايدىغان “发展” سۆزىدىن يىراق كەلگەن. بۇ خەنزۇچە تىلنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى. ئۇيغۇرچىدا خەنزۇچىدىكى سۆز تەرتىپى ئۆزگەرتىپ كېتىدۇ. «سوتسىيالىستىك دۆلەت مۇشۇ قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئالدى بىلەن ئېغىر سانائەتنى راۋاجلاندۇرىدۇ...»

× × ×

جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپى خەنزۇچىدا، ئۇيغۇرچىدا ئاساسەن يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەردىن ئىبارەت. لېكىن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپى

شېئىرلاردا مەيلى خەنزۇچىدا بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇرچىدا بولسۇن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قائىدىلەرگە كۆپ جايلاردا بويسۇنمايدۇ. چۈنكى شېئىرلاردا قاپىيە، مىسرالارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە باشقا تەلەپلەرگە ئاساسەن، سۆز تەرتىپلىرى ئادەتتىكى نەسرىي ئەسەرلەردىكى قائىدىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

## 2. ئىگە ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىدىكى ئەھمىيىتى

جۈملىدە ئىگە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا ئىگىنى تەرجىمە قىلىش جەھەتتىن ئەمەس، جايلاشتۇرۇش جەھەتتىن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىدۇ. بەزىدە ئىگە مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇلماي ئەسلى مەنىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىغان، بەزىدە جۈملىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان، بەزىدە ئىگىنىڭ مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇلماسلىقى نەتىجىسىدە تەرجىمە تىلىنىڭ ئادىتىنى بۇزۇپ قويىدىغان ۋە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھادىسىلەر تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىگە تەرجىمە ئۈستىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

تەرجىمە جەريانىدا ئىگىنى توغرا جايلاشتۇرۇش توغرىسىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 1. شەخسلىك جۈملە ۋە شەخسسىز جۈملە

تەرجىمىدە ئىگە مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا توختىلىشتىن ئىلگىرى، شەخسلىك جۈملە بىلەن شەخسسىز جۈملە دېگەن ئىككى تۈرلۈك جۈملە تۈزۈلۈشى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شەخسلىك جۈملە بىلەن شەخسسىز جۈملە ئومۇمەن باراۋەر ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇچە “工厂超额完成了生产计划” دېگەن جۈملىنى



شەخسلىك جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ «زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى» دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ مۇمكىن، شەخسسىز جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ، «زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى» دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇيغۇرچىدىكى بۇ ئىككى خىل تەرجىمە، مەيلى شەخسلىك جۈملە شەكلىدىكى تەرجىمە بولسۇن، مەيلى شەخسسىز جۈملە شەكلىدىكى تەرجىمە بولسۇن، خەنزۇچە جۈملىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى توغرا ھەم ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. لېكىن جۈملە شەكلى باشقا ـ باشقا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاھاڭ دەرىجىسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ئۇسلۇب جەھەتتىن تەھلىل قىلساق، شەخسلىك جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى (جۈملىنىڭ ئىگىسى) باش ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى جۈملىنىڭ شەخسلىك شەكلىدە «زاۋۇت» ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، شەخسسىز جۈملە شەكلىدە بولسا، ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى (جۈملىنىڭ ئىگىسى) ئىككىنچى ئورۇنغا چېكىندۈرۈلگەن. مەسىلەن، جۈملىنىڭ شەخسسىز شەكلىدە گەپنىڭ ئىگىسى «زاۋۇت» ئەمەس، «پىلان» بولۇپ، پىلان بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ قالغان.

دېمەك، تەرجىمىدە ئىگىنى جايلاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەسلى ئىگىنى تەرجىمىدە ئىگە ئورنىدا قالدۇرۇش كېرەكمۇ ياكى تولدۇرغۇچىنى ئىگە ئورنىغا كۆتۈرۈپ، جۈملىنى شەخسسىز جۈملە شەكلىگە كىرگۈزۈپ تەرجىمە قىلىش كېرەكمۇ؟ بۇ مەسىلىنى شەخسلىك جۈملە شەكلى بىلەن شەخسسىز جۈملە شەكلى ئوتتۇرىسىدا ئۇسلۇب جەھەتتىن پولىدىغان پەرقلەرگە ۋە گەپنىڭ ئاھاڭ دەرىجىسىگە قاراپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا شەخسلىك جۈملە بىلەن شەخسسىز جۈملە بەزىدە “被” ياردەمچىسى بىلەن پەرقلىنىدۇ. “被” ياردەمچىسى قوشۇلغان جۈملە ئاساسەن شەخسسىز جۈملە شەكلىنى

ئالىدۇ. "被" ياردەمچىسى بولمىغان جۈملە بولسا شەخسلىك جۈملە شەكلىنى ئالىدۇ. لېكىن بۇ سۆزدىن «مۇتلەق شۇنداق» دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. بەزى چاغلاردا خەنزۇچىدا بولۇپمۇ ياۋروپالاشمىغان جۈملىلەردە "被" ياردەمچىسى بولمايمۇ شەخسسىز جۈملە ياسىلىدۇ. بۇنى خەنزۇچە جۈملە تۈزۈلۈشىنى، جۈملىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا تولۇق ئايرىۋېلىش مۇمكىن.

شەخسسىز جۈملە ۋە شەخسلىك جۈملە شەكىللىرىدە قىلىنغان تەرجىمىلەرگە مۇنداق مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

昨天有两个美国人要回美国去，我对他们讲了，美国政府要破坏我们，这是不允许的。

تۈنۈگۈن ئىككى ئامېرىكىلىق ئامېرىكىغا قايتماقچى بولغانىكەن، مەن ئۇلارغا: ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا يول قويمايمىز، دەپ ئېيتتىم («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم).

بۇ جۈملىدىكى "这是不允许的" دېگەن سۆز قارىماققا شەخسلىك جۈملە شەكلىدە كەلگەن، شۇڭا ئۇنى «بۇنىڭغا يول يوق» دەپ شەخسلىك جۈملە شەكلىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. ئەمما پۈتۈن جۈملىنىڭ روھىغا قارىغاندا، مۇنداق تەرجىمە قىلىش ئۇسلۇب جەھەتتىن دېگەندەك سىلىق بولمايدۇ. شۇڭا شەخسسىز جۈملە شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىقراق.

他和他爱人一起照的像在墙上挂着。

ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن بىللە چۈشكەن رەسىمى تامدا ئېسىقلىق تۇرىدۇ.



بۇ جۈملىدىمۇ "挂着" سۆزى جۈملىنى شەخسلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۇنى خەتمۇخەت «ئېسىلىپ تۇرىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىدا شەخسلىك جۈملىنى شەخسسىز جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ئۈستىدە توختالدۇق. ئەمدى شەخسسىز جۈملىنى شەخسلىك جۈملە شەكلىدە تەرجىمە قىلىش ئۈستىدە توختىلىمىز.

مەيلى شەخسلىك جۈملىنى شەخسسىز جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن، مەيلى شەخسسىز جۈملىنى شەخسلىك جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن، ئۇسلۇب جەھەتتە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە جۈملىنىڭ ئىگىسىنىڭ قايسى ئورۇندا كېلىشىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى جۈملىنىڭ ئىگىسى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇلمىسا، تەرجىمە ئەسلى مەزمۇنغا دەلمۇدەل ئۇيغۇن بولۇپ چىقماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ جۈملىنىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

我们的困难就一定能克服，那些笑我们会要"塌台"的人们的嘴巴也就可以被我们封住了。

بىز قىيىنچىلىقنى چوقۇم يېڭىپ كېتەلەيمىز، بىزنى «گۇمران» بولۇشى مۇمكىن دەپ مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ ئاغزىنىمۇ يەملىۋېتەلەيمىز.

بۇ خەنزۇچە جۈملە ئەسلىدە شەخسسىز جۈملە شەكلىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى شەخسلىك جۈملە شەكلىدە تەرجىمە قىلغان ياخشى. چۈنكى ئۇنى ئەينى بويىچە، شەخسسىز شەكلىدە «...قىيىنچىلىقىمىز... يېڭىلىدۇ، ...ئاغزى يەملىنىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلساق «قىيىنچىلىق» بىلەن «ئېغىز» بىرىنچى

ئورنىغا ئۆتۈپ قالىدۇ - دە، جۈملىنىڭ ئەسلى روھى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

在朝鲜的每一天，我都被一些东西感动着。

چاۋشيەندە بولغان كۈنلىرىمدە بەزى نەرسىلەر مېنى تەسىرلەندۈرۈپ تۇردى («چاۋشيەن خەۋەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 10 - بەت.)

بۇ جۈملىدە ئاساسىي مەزمۇن جەھەتتىن «بەزى نەرسىلەر» تەكىتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جۈملىنىڭ شەخسسىز شەكلىدە بولۇشىغا قارىماي، ئاساسىي مەنىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، «بەزى نەرسىلەر» نى ئىگە قىلىپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق، ئۇنداق قىلماي، ئەسلى جۈملە شەكلى بويىچە «چاۋشيەندە بولغان كۈنلىرىمدە مەن بەزى نەرسىلەر تەرىپىدىن تەسىرلەندۈرۈلدۈم» دەپ تەرجىمە قىلساق، جۈملىنىڭ ئەسلى روھىنى تولۇق بېرەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، تەرجىمىنىڭ ئۇسلۇبىمۇ چىرايلىق بولۇپ چىقمايدۇ.

我国的革命与建设经验，被全世界，特别是东方各殖民地，半殖民地国家的人民引为自己的榜样。

پۈتۈن دۇنيا خەلقى، بولۇپمۇ شەرقتىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر خەلقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىۋالدى.

بۇ جۈملىدە «تەجرىبە» سۆزى ئەسلىدە ئىگە ئورنىدا كەلگەن، لېكىن تەرجىمىدە «خەلقى» ئىگىگە ئايلاندۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىنغان. شۇنداق قىلىنىشى ھەم توغرا. بۇ جۈملىنى ئەسلى شەكلى بويىچە «مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش



تەجرىبىلىرى پۈتۈن دۇنيا خەلقى، بولۇپمۇ شەرقتىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر خەلقى تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ ئېلىندى» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇسلۇب جەھەتتىن بىرىنچى تەرجىمىدەك بولۇپ چىقمايدۇ.

شەخسسىز جۈملىنى شەخسلىك جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلغاندا ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، تەكىتلىنىدىغان ئوبيېكت ياكى ئىگە ئالمىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىگىنى تاللاشتا، ئاساسەن جۈملىنىڭ ئاساسىي روھىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىلاجى بار جۈملىنىڭ ئاساسىي روھىغا يېقىن شەكىلدە تەرجىمە قىلىش زۆرۈر.

2. ئورۇن ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ۋە ئىگە مەسىلىسى ئورۇن ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئىگە ئورنىدا ئىشلىتىش خەنزۇ تىلىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. مەسىلەن:

现在中国正在开着两个大会，一个是国民党的第六次代表大会，一个是共产党的第七次代表大会。两个大会有完全不同的目的……

ھازىر جۇڭگودا ئىككى قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ، بىرى — گومىنداڭنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى، يەنە بىرى — كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى. ئىككى قۇرۇلتاينىڭ مەقسىتى بىر - بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدۇ... («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم)

خەنزۇچە ئەسلى جۈملە تۈزۈلۈشىدە "中国" ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرچىدىمۇ ئۇنى ئىگە قىلىپ «ھازىر جۇڭگو ئىككى قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى ئىگە «جۇڭگو»

نى ئورۇن ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە، ئەسلىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن «ئىككى قۇرۇلتاي» نى ئىگە ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

特别是那些还没有学会生产的地区，今年应当更大努一力把。

بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يولىنى ئۇقمايدىغان جايلاردا بۇ يىل تېخىمۇ كۆپ غەيرەت كۆرسىتىش لازىم.

ئەلۋەتتە، «رايونلار... غەيرەت كۆرسىتىشى لازىم» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى «جايلار» ئابستراكت ئىسىم، شۇنىڭ ئۈچۈن «جايلار» نى ئىگىلىكتىن چىقىرىپ، ئىگىسى نامەلۇم جۈملە شەكلىدە تەرجىمە قىلىش كېرەك.

一九五〇年我国各个主要地区都已完成了土地改革。

1950 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتى تاماملاندى.

بۇ جۈملىنى توغرىدىن - توغرا «1950 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي رايونلىرى يەر ئىسلاھاتىنى تاماملىدى» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇ ئۆلۈك تەرجىمە بولىدۇ؛ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە، مەنتىقىسىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

خەنزۇچىدا ئورۇننى بىلدۈرۈپ، ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنى ئىگىلىكتىن چىقىرىپ، ئورۇن ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئورۇننى بىلدۈرىدىغان (ئەسلى خەنزۇچىدا ئىگە بولۇپ كەلگەن) سۆزلەر كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.



مەسىلەن: “中国开着两个大会” “地区完成了土地改革” ۋە باشقىلاردا ئەمەلىي ھەرىكەتنى جاي ئەمەس، ئادەم قىلىدۇ. خەنزۇچىدا جۈملىنىڭ كۆرۈنۈشىدە شەخس بولمىسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە شەخسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەنزۇچىدىكى ئىگە (ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر) پەقەت ھەرىكەت تۇغۇلغان جاينىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە بۇ خۇسۇسىيەتكە ئېتىبارسىز قارىغىلى بولمايدۇ.

خەنزۇچىدا ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەرنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تەرجىمە قىلغاندا، مۇنداق جۈملىلەر كۆپىنچە شەخسسىز جۈملىگە ياكى ئىگىسى يوشۇرۇن جۈملىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

3. بەزى ئاتلار ۋە ئىگە مەسىلىسى

خەنزۇ تىلىدا ئورۇننى بىلدۈرىدىغان بەزى سۆزلەر ئىگە ئورنىدا قوللىنىلغاندىن باشقا، يەنە بەزى ئابستراكت ئاتلار (ياكى جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئاتلىرى) نىمۇ ئىگە قىلىپ قوللىنىش ئادىتى بار. ئۇنداق ئاتلارنىڭ تولىسى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە قىلغاندا، كۆپ ۋاقىتتا ئىگىنى ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. مەسىلەن:

中华民族的发展……曾经过了若干万年的无阶级的原始公社的生活。

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆز تەرەققىياتىدا... نەچچە ئون مىڭ يىل داۋامىدا سىنىپسىز باشلانغۇچ جامائە تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

بۇ جۈملىدىمۇ «发展» سۆزى ئورۇن ھالىتىدە ئېلىنغان. چۈنكى «تەرەققىيات» ئابستراكت ئىسىم، ئۇنىڭ ئۆزى ھەرىكەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە «تەرەققىيات» سۆزىنى

ئەمەس، «جوڭخۇا مىللەتلىرى» نى ئىگە قىلىپ ئېلىش لازىم.

我的结论就以这两个问题为中心，同时也讲到一些与此有关的其它问题。

بۇ جۈملىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ «论结» نى ئىگە قىلىپ، «مېنىڭ خۇلاسەم ئىككى مەسىلىنى مەركەز قىلىدۇ، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى باشقا مەسىلىلەرنىمۇ سۆزلەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە سىغمايدۇ. مەنتىق جەھەتتىنمۇ «خۇلاسە... سۆزلەيدۇ» دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "我" نى ئىگە قىلىپ «خۇلاسىدە ئىككى مەسىلىنى مەركەز قىلىمەن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى باشقا مەسىلىلەرنىمۇ سۆزلەيمەن» دەپ تەرجىمە قىلغان ياخشى.

资产阶级唯利是图的本质，必然对国计民生起破坏作用。

بۇرژۇئازىيىنىڭ دۆلەت سىياسىتى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئۆزىنىڭ پايدىسىغىلا بېرىلىش ماھىيىتى بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇقەررەر.

خەنزۇچىدا «ماھىيىتى» ئىگە بولۇپ كەلگەن، لېكىن تەرجىمىدە ئىگە قىلىپ ئېلىنمىغان. چۈنكى «خۇسۇسىيەت»، «ماھىيەت»، «ئەسلى زات» دېگەن سۆزلەر ئابستراكت ئۇقۇملاردىن ئىبارەت. ئۇلار ھېچقاچان ھەرىكەت قىلالمايدۇ، ھەرىكەت قىلىدىغان نەرسە — ئادەم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جۈملىدە «بۇرژۇئازىيە» نى ئىگە قىلىپ ئېلىش لازىم.

يۇقىرىدىكى مىساللاردا ئابستراكت ئىسىملار ئىگە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، شۇ ئىگىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئورۇندايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە ئىگە ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. بۇنىڭدا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن خەنزۇچىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن



مەنە جەھەتتىن پەرق قىلمايدۇ.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەر ئابستراكت ئىسىملاردىن ياسالغان ئىگىنى جايلاشتۇرۇشنىڭ بىرلا تەرىپى، بەزى چاغلاردا ئىگە ئابستراكت ئىسىملارنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئابستراكت ئىسىملار ماھىيەتتە جانلىق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداق ۋاقىتتا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئابستراكت ئىسىملارنى، جۈملىنىڭ ئىگىسى نۇقتىسىدىن، يۇقىرىقى مىساللار بويىچە ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەسىلەن:

党组织召开了紧急会议。

پارتىيە تەشكىلاتى جىددىي مەجلىس ئاچتى.

بۇ يەردە «تەشكىلات» بىر ئابستراكت ئۇقۇمدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جانلىق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىگىلىك ئورنىدىن يۆتكىمەسلىك لازىم.

خەنزۇچىدا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئاتلارنىڭ جانلىق ياكى جانسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش، ئۇنى تەرجىمىدە ئالماشتۇرۇش ياكى ئالماشتۇرماسلىقنى جەزملەش ئۈچۈن، ھەممىدىن مۇھىمى، شۇ جۈملىدىكى ئىگىنىڭ پېئىل (خەۋەر) بىلەن ماسلىشالايدىغان — ماسلىشالمايدىغانلىقىغا، مەنتىقىي ئۇقۇمدا ساغلام بولالايدىغان — بولالمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. مەسىلەن: "我们农业生产获得了丰收" دېگەن جۈملىنى «بىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىمىز مول ھوسۇل ئالدى» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە زىت بولۇپ چىقىدۇ، چۈنكى «ئىشلەپچىقىرىش» ئابستراكت ئۇقۇم، ئۇ ھوسۇل ئالالمايدۇ. «ئىشلەپچىقىرىش ھوسۇل ئالدى» دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇ جۈملىنى «بىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مول ھوسۇل ئالدۇق» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 4. "是" ۋە ئىگە مەسىلىسى

خەنزۇ تىلىدا ھۆكۈم جۈملە ھەرقاچان ئا — ب ياكى ب — ئا فورمىسىدا كېلىدۇ. ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغاندىمۇ خەنزۇچە فورمىسى بويىچە ئا — ب ياكى ب — ئا بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن: "他是工人" «ئۇ — ئىشچى» ياكى «ئىشچى ئۇ». "中国是多民族的国家" «جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت».

خەنزۇچىدىكى ھۆكۈم جۈملە ئۇيغۇرچىدىمۇ ناھايىتى كۆپ چاغلاردا خەنزۇچە فورمىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنىدۇ، يەنى ئىگىسى ئىگە، خەۋىرى خەۋەر ئورنىدا تەرجىمە قىلىنىدۇ.

لېكىن بەزى چاغلاردا تەرجىمىدە ئۇ تەرتىپكە رىئايە قىلماستىن، «ئا» بىلەن «ب» نىڭ ياكى «ب» بىلەن «ئا» نىڭ ئورنىنى بىر — بىرىگە ئالماشتۇرۇش، يەنى ئىگە بىلەن خەۋەرنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

必须反对主观主义所以整顿学风……
这就是我们的任务。

ئۆگىنىش ئىستىلىنى تۈزىتىش ئۈچۈن،
سۇبيېكتىپچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم...
بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەنە شۇ.

خەنزۇچىدا "这就是" ئىگە، "务任" خەۋەر بولۇپ كەلگەن، ئۇيغۇرچىدا بولسا، «ۋەزىپە» ئىگە، «ئەنە شۇ» خەۋەر بولۇپ كەلگەن.

خەنزۇچىدىكى ھۆكۈم جۈملە فورمىسىنى تەرجىمىدە ئۆزگەرتىشتە، يەنى ئىگە بىلەن خەۋەرنى ئېگىشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىشتا، شۇنى نەزەردە تۇتۇش زۆرۈركى، خەنزۇچىدا ئادەتتە "是" سۆزىنىڭ بېشىغا "这، 就" سۆزلىرى قوشۇلۇپ كەلسە، تەرجىمىدە ئۇنداق جۈملىلەرنىڭ روھىنى ئەسلىسىدىكىدەك كۈچلۈك بېرىش ئۈچۈن، خەۋەر بىلەن ئىگىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك.



بۇ يەردە خەنزۇچە ھۆكۈم جۈملىنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى پەقەت جۈملىدە ئىگىنى جايلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىنلا قىسقىچە كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا كۆپ توختالمايمىز.

### 5. تەرجىمىدە ئىگە قوشۇش مەسىلىسى

خەنزۇچىدا بەزى ئۇزۇنراق جۈملىلەردە، پەقەت باش جۈملىدە بىرلا ئىگە بولۇپ، ئەگەشمە جۈملىلەردە ھەتتا ئىككىنچى، ئۈچىنچى مۇستەقىل جۈملىلەردىمۇ ئىگە ئېلىنمايدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇمۇ خەنزۇچە جۈملە تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خۇسۇسىيىتى. خەنزۇچىدا بەزى ئەگەشمە جۈملىلەر ھەتتا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مۇستەقىل جۈملىلەر ئىگىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئىگە باش جۈملىدە ياكى يۇقىرىقى جۈملىدە كۆرسىتىلگەچكە، خەنزۇچىدا ئىگىنى تەكرارلىمىسىمۇ مەنە ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ، گرامماتىكىلىق باغلىنىش جەھەتتىنمۇ ماسلاشمايدىغان ئەھۋاللار سادىر بولمايدۇ. لېكىن تەرجىمىدە مەنىنى ئېنىق قىلىش ۋە جۈملىنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئىگە قوشۇش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئىگە قوشقاندا قالايمىقان قوشماستىن، ئىگىنى توغرا تېپىپ قوشۇش لازىم. مەسىلەن:

她背着干粮袋，还有一把二胡，垂着两个长辫子，活泼而轻快地走着，还轻轻地哼着什么民歌。

ئۇ ئوزۇق خالتىسىنى ئاسقان، بىر غىجەكنى كۆتۈرگەن ھالدا ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چېچىنى ساڭگىلىتىپ، تېتىك ۋە چاققان ماڭماقتا؛ ئۇ يەنە قانداقتۇر بىر غەزەلنى ئاستا ئوقۇيتتى.

بۇ يەردە "还轻轻地……" دېگەن ئەگەشمە جۈملىگە تەرجىمىدە «ئۇ» دېگەن ئىگىنى قوشمىغاندا، «يەنە قانداقتۇر بىر غەزەلنى ئاستا ئوقۇيتتى» دېگەن گەپكە «كىم ئوقۇيتتى؟» دېگەن گۇمان تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق جۈملىلەر ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ ئىگىسىنى ئاتاش يولى بىلەن ياكى ئالماش ئارقىلىق تەكرارلاش لازىم.

خەنزۇچىدا ئىگىنىڭ ئېلىنماسلىقى بەزىدە ئۇزۇن جۈملىلەرنىڭ ئەگەشمە قىسمىدىلا ئەمەس، مۇستەقىل كەلگەن ئىككىنچى جۈملىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

白求恩同志是加拿大共产党员，五十多岁了，为了帮助中国的抗日战争，受加拿大共产党和美国共产党的派遣，不远万里，来到中国。去年春上到延安，后来到五台山工作，不幸以身殉职。

يولداش بېتيۇن كانادا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، يېشى 50 تىن ئاشقان، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كانادا كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇ بۇلتۇر ئەتىيازدا يەنئەنگە كېلىپ، كېيىن ۋۇتەيشەنگە خىزمەتكە بارغانىدى، بەختكە قارشى، خىزمەت يولىدا قۇربان بولدى.

(«ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم.)

بۇ جۈملىنىڭ خەنزۇچىسىدا ئىگە (يولداش بېتيۇن) پەقەت بىرلا جايدا كۆرسىتىلگەن. كېيىنكى بىرنەچچە ئەگەشمە جۈملىدە ھەتتا مۇستەقىل كەلگەن جۈملىدىمۇ ئىگە



ئېلىنمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، خەنزۇچىدا ئىگىنىڭ كىم ئىكەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە، باش جۈملە بىلەن ئەگەشمە جۈملە مەيلى باغلىغۇچسىز كەلسۇن، مەيلى باغلىغۇچلار بىلەن كەلسۇن، مەنە جەھەتتىن ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ كېلىدىكەن، ئىگىنى تەكرارلاشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى مۇستەقىل جۈملىلەردە ئىگىنى جەزمەن تەكرارلاش لازىم.

# مۇرەككەپ جۈملىلەرنى قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك؟

«تەرجىمە ئەمەلىيىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالەمدە خەنزۇچە ئەسلى تېكىستنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۇيغۇرچە تىلدا توغرا ئىپادىلەپ بېرىش توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ۋە تەجرىبىلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. شۇ مۇلاھىزە تەجرىبىلىرىمنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە بۇ يەردە مۇرەككەپ جۈملىلەرنى چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش جەھەتتىكى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىم ئۈستىدە توختىلىمەن.

بىزگە مەلۇم، كىشىلەر ئادەتتە بىرەر ئوي - پىكىرنى، مەيلى ئېغىزدا ياكى يېزىقتا بولسۇن، مەلۇم بىر گەپ بىلەن ئۇقتۇرىدۇ. گەپ بولسا بىر - ئىككى ھەتتا بىرقانچە سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن، ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئەنە شۇنداق بىرەر ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدىغان گەپ گىراماتىكىدا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) "我们正在前进。"

«بىز ئىلگىرىلەۋاتىمىز.»

(2) "中国人民站起来了。"

«جۇڭگو خەلقى دەس تۇردى.»

1 - مىسالدىكى "我们" (بىز)، 2 - مىسالدىكى "中国人民" (جۇڭگو خەلقى) جۈملىنىڭ ئىگىسى؛ 1 - مىسالدىكى "正在前进" (ئىلگىرىلەۋاتىمىز)، 2 - مىسالدىكى



"站起来了" (دەس تۇردى) جۈملىنىڭ خەۋىرى.

ئادەتتە ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ۋە سان جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ. يۇقىرىقى 1 - مىسالدىمۇ، 2 - مىسالدىمۇ ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ۋە سان جەھەتتىن بىر - بىرىگە ماسلىشىپ كەلگەن. بۇ قائىدىمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش رول ئوينايدۇ.

لېكىن بىز ئادەتتە ئىگە ۋە خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملىلەرنى ئۇچرىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىمىز. كۆپ ھاللاردا باشقا بۆلەكلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، بېقىندۇرۇپ، مۇرەككەپ ئىگە گۇرۇپپىسىنى، خەۋەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق گىراماتىكىلىق ھادىسە خەنزۇ تىلى ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈنمۇ ئورتاق. مەسىلەن:

(1) "共产主义精神在全国蓬勃发展。"

«كوممۇنىستىك روھ مەملىكەت
بويىچە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.»

(2) "沿着党中央政治路线奋勇前进的我国各族人民，满怀信心地跨进了战斗的一九八〇年。"

«پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
سىياسىي لۇشيەنى بويىچە غەيرەت بىلەن
ئالغا كېتىۋاتقان بىز ھەر مىللەت خەلقى
جەڭگىۋار 1980 - يىلغا تولۇق ئىشەنچ
بىلەن قەدەم قويدۇق.»

1 - مىسالدا ئىگە "精神" (روھ) سۆزى ئۆزىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولغان "共产主义" (كوممۇنىستىك) سۆزى بىلەن بىرىكىپ، ئىگە گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان؛ خەۋەر "发展" (راۋاجلانماقتا) سۆزى ئۆزىنىڭ ھالىتى بولغان "在全国" (مەملىكەت بويىچە)، "蓬勃" (جۇش ئۇرۇپ)

دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، خەۋەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان.

2 ـ مىسالدا ئىگە «人民» (خەلق) سۆزى ئۆزىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولغان “沿着……的我国” «پارتىيە...... بىز ھەر مىللەت» سۆزلىرىنىڭ بىرىكىشى بىلەن ئىگە گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان؛ خەۋەر “跨进了” (قەدەم قويدۇق) دېگەن سۆزلەر ئۆزىنىڭ ھالىتى بولغان “满怀信心地” (تولۇق ئىشەنچ بىلەن) ۋە تولدۇرغۇچىسى بولغان “战斗的一九八〇年” (جەڭگىۋار 1980 ـ يىلغا) دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، خەۋەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان.

ئىگە گۇرۇپپىسى ۋە خەۋەر گۇرۇپپىسى دېگەن گرامماتىك تىل ھادىسىسى ۋە سىنتاكسىس قائىدىسى بۇزۇلسا، خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاشلا مەنە بۇزۇلىدۇ. دېمەك، خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئىگىنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىرى ئىگىگە بىرىكىپ، خەۋەرنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىرىمۇ خەۋەرگە بىرىكىپ، ياندىشىپ كېلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا خەۋىرى پېئىلدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە تولدۇرغۇچىمۇ ئىگە ۋە خەۋەر بىلەن بىر تۇتاش بولۇپ كەلگەچكە، تولدۇرغۇچى جۈملىنىڭ باش بۆلىكىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىدا پەقەت ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش* بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ.

بىز جۈملىنى چۈشىنىشتە ۋە ئىپادىلەشتە سىنتاكسىس جەھەتتىن ئاۋۋال ئىگە بىلەن خەۋەرنى، ئىگە گۇرۇپپىسى بىلەن خەۋەر گۇرۇپپىسىنى، يەنى باش بۆلەكلەرنى ئېنىقلايمىز، ئاندىن كېيىن شۇ باش بۆلەكلەرگە قاراشلىق بولغان

* بەزىلەر تولدۇرغۇچىنىمۇ باش بۆلەك قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ــ ئاپتوردىن.



ئەگەشمە بۆلەكلەرنى ئېنىقلايمىز.

خەنزۇ تىلى سىنتاكسىسىدا جۈملىنىڭ باش بۆلىكى:
ئىگە ← خەۋەر ← تولدۇرغۇچى.

ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىدا جۈملىنىڭ باش بۆلىكى:
ئىگە ← خەۋەر. يەنە بەزى نۇقتىئىنەزەرلەردە: ئىگە ← تولدۇرغۇچى ← خەۋەر.

خەنزۇ تىلىدا ئىگە باشتا، تولدۇرغۇچى ئاياقتا، خەۋەر ئوتتۇرىدا كەلسە، ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە باشتا، تولدۇرغۇچى ئوتتۇرىدا، خەۋەر ئاياقتا كېلىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان ساۋات.

خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىدىن باشقا بۆلەكلىرى ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ، ئۇلار باش بۆلەكلەرنى ۋە بىر ـ بىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. جۈملىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق بۆلەكلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشلىرىنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تەرجىمىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تەرجىمىدە زۆرۈرىيەت ئالدىدىن ھۆرىيەت ئالدىغا ئۆتكىلى، ئەسلى مەنىنى خەنزۇچە جۈملە شەكلىدىن خالى ھالدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىتى، قائىدىسى بويىچە بىمالال ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئاددىي جۈملىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئەسلى مەنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىمىدە ھېچقانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەرنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا تەرجىمە قىلىش بولۇپمۇ ياش تەرجىمانلار ئۈچۈن مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ رېئال ئەھۋال. بۇنداق قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك؟

مېنىڭ تەجرىبەمچە، ئالدى بىلەن، يۇقىرىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، جۈملىنى ئىككى چوڭ بۆلەككە

بولۇش مۇمكىن: ئىگە گۇرۇپپىسى ۋە خەۋەر گۇرۇپپىسى (ئىگىسىز جۈملىنى، تاق سۆزلۈك جۈملىنى، بەزى ھاللاردا، ئۇنداق بۆلەكلەرگە ئايرىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە).

ئىككىنچى قەدەمدە، پۈتۈن جۈملىنى بىر تۇتۇپ دەرەخ دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇنىڭ چاتاقلىرىنى ئايرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى ئۇنىڭ چاتاقلىرى ئىككى (ئىگە، خەۋەر) مۇ ياكى ئۈچ (ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى) مۇ؟ بۇ چاتاقلارنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان چاغدا، شۇ چاتاقلاردىكى شاخلارنى، قانچىلىك مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋاقتىنچە ئېتىباردىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى قەدەمدە، چاتاقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇششاق شاخ – پۇتاقلارنى تېپىپ، قايسى چاتاقتا قانداق ۋە قانچە شاخ – پۇتاق بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

جۈملىنى ئەنە شۇنداق تەرتىپتە تەھلىل قىلغاندا، باش – ئايىغىنى، جۈملە تەركىبىدىكى سۆز ۋە بۆلەكلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جۈملىنى ئەتراپلىق، ئېنىق ئۆزلەشتۈرۈپ، مەنىنى چالا – پۇچۇق ياكى گۇمانلىق چۈشىنىپ قېلىش ۋە شۇ سەۋەبتىن توغرا، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك ھادىسىلىرىدىن خالى بولۇش مۇمكىن. تۆۋەندىكى مىساللارنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

（1）“帝国主义的侵略打破了中国人学西方的迷梦。”

«جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭگو-
لۇقلارنىڭ غەربتىن ئۆگىنىش شېرىن
چۈشىنى بۇزۇپ تاشلىدى.»

بۇ جۈملىنى ئىخچاملاشتۇرساق مۇنداق بولۇپ چىقىدۇ:

“侵略打破了迷梦。”



«تاجاۋۇزى شېرىن چۈشىنى بۇزۇپ
تاشلىدى.»

دېمەك، بۇ جۈملە ئېنىقلىغۇچى (جاھانگىرلارنىڭ)، ئىگە (تاجاۋۇزى)، تولدۇرغۇچى (شېرىن چۈشىنى)، خەۋەر (بۇزۇپ تاشلىدى) دىن تۈزۈلگەن.

（2）“反映了全世界无产阶级实践斗争的马克思列宁主义的普遍真理，在它同中国无产阶级和广大人民群众的革命斗争的具体实践相结合的时候，就成为中国人民百战百胜的武器。”

بۇ جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ئۈچ:

“真理→成为→武器。”

«ھەقىقەت ← قورالغا ← ئايلىنىدۇ». دېمەك، بۇ جۈملە ئىگە (ھەقىقەت)، تولدۇرغۇچى (قورالى) ۋە خەۋەر (ئايلىنىدۇ) دىن تەركىب تاپقان. لېكىن جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولغان ئىگە يالغۇز بىر سۆز (ھەقىقەت) دىنلا ئەمەس، بىرنەچچە ئېنىقلىغۇچى (پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئەمەلىي كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ماركسچە – لېنىنچە ئومۇمىي) بىلەن قوشۇلۇپ، باغلىنىپ ۋە بىرىكىپ «ئىگە گۇرۇپپىسى» ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى (قورالى) مۇ بىرنەچچە ئېنىقلىغۇچى (جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەر جەڭدە غالىب) بىلەن بىرىكىپ، «تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسى» ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ جۈملىدە ۋاقىت ھالىتىمۇ بار، ۋاقىت ھالىتى بىرلا سۆز (چاغدا) دىن ئىبارەت بولماستىن، ئۆزىنى ئېنىقلاپ كەلگەن بىرقانچە سۆز (جۇڭگو پرولېتارىياتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشكەن) بىلەن بىرىكىپ، «ھالەت گۇرۇپپىسى» ھالىتىدە رول ئوينىغان.

ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىشتە ھەربىر كونكرېت جۈملىنىڭ،

يەنى كونكرېت دەرەخنىڭ چاتاقلىرىنى، ھەربىر چاتاقنىڭ ئۆزىگە تەڭ پۇتاقلىرىنى بىر - بىرىدىن ئېنىق ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا، ئاندىن توغرا ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن. مەيلى ئىگە، خەۋەر بولسۇن، مەيلى تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولسۇن، بىر سۆزدىن ئەمەس، بىرنەچچە سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. «سۆز بىرىكمىسى» توغرىسىدا ئايرىم تېما بىلەن توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمىز. لېكىن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇرەككەپ جۈملىلەردە جۈملىنىڭ ئاساسىي بۆلەكلىرىمۇ، بېقىندا بۆلەكلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا سۆز بىرىكمىسى ھالىتىدە كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق سۆز بىرىكمىسىنى بىرەر كۆرسىتىش ئالماش ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن چۈشەندۇرۇشمۇ مۇمكىن. بىرقانچە سۆزنىڭ بىرىكىشى بىلەن ياسالغان ئىگە گۇرۇپپىسىنى «كىم؟ نېمە؟ كىمى؟ نېمىسى؟» دېگەن بىرلا ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ قوللىنىپ كۆرۈش مۇمكىن؛ تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسىنى «كىمنى، نېمىنى، كىمگە، نېمىگە، كىمدە، نېمىدە، كىمدىن، نېمىدىن، كىم توغرىسىدا، نېمە توغرىسىدا، كىم بىلەن، نېمە بىلەن» دېگەن بىرلا ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن؛ ئېنىقلىغۇچىلار گۇرۇپپىسىنى «قانداق، قايسى، كىمنىڭ، نېمىنىڭ، قانچە، قانچىنچى، نەدىكى، نەنىڭ» دېگەن بىرلا ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن؛ ھالەتلەر گۇرۇپپىسىنى «قانداق، قانداق قىلىپ، قاچان، قەيەردە، نېمىشقا، نېمە قىلغىلى، كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن، كىمنى دەپ، نېمە قىلىپ، كىم، نېمە ئارقىلىق، قاياققا قاراپ، نېمە ئارقىلىق، قەيەردىن، قاچانغىچە، نەگىچە، نەچچە قېتىم» دېگەندەك بىرلا ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن. بىرقانچە سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ئۆز ئالدىغا گۇرۇپپىلاشقان



مۇرەككەپ سۆز بۆلەكلىرىنى ئەنە شۇنداق ئاددىي ئالماشلارغا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ، يەنى مۇرەككەپ، ئۇزۇن جۈملىلەرنى ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن ئاددىيلاشتۇرۇپ، قىسقارتىپ تەھلىل قىلغاندا، جۈملە تۈزۈلۈشىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە رولىنى، شۇنىڭ بىلەن تولۇق مەنىسىنى ئېنىق، روشەن چۈشىنىش مۇمكىن. مەسىلەن:

"以中国最广大人民的最大利益为出
发点的中国共产党人，相信自己的事业是
完全合乎正义的，……"

«جۇڭگودىكى ئەڭ كۆپ خەلقنىڭ ئەڭ
زور مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان جۇڭگو
كوممۇنىستلىرى ئۆز ئىشىنىڭ
ھەققانىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكى-
گە ئىشىنىدۇ......»

بۇ جۈملىنى ئىخچاملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن:

«جۇڭگو كوممۇنىستلىرى» (ئىگە)؛ «جۇڭگودىكى ئەڭ كۆپ خەلقنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى» (ئىگە گۇرۇپپىسى)؛ «ئۆز ئىشىنىڭ ھەققانىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە» (تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسى)؛ «ئىشىنىدۇ» (خەۋەر). ئەگەر «شەك - شۈبھىسىز ئىشىنىدۇ» ياكى «كەم - كۈتىسىز، تولۇق ئىشىنىدۇ» دېسەك، ئۇ ھالدا ئىگە گۇرۇپپىسى شەكلىنى ئالىدۇ. دېمەك، ئۇ ھالدا بۇ جۈملىدىكى سۆزلەر گۇرۇپپىلىرىنى ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ، «كىم نېمىگە ئىشىنىدۇ» دېگەن ئۈچلا سۆزگە ئىخچاملاشتۇرۇپ چۈشىنىش مۇمكىن.

جۈملىنى تۆرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تەھلىل قىلىشتىن مەقسەت ئەسلى تېكىستنى تولۇق ۋە ئېنىق چۈشىنىش. لېكىن بۇنىڭدىن ئەسلى جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى، سۆز ياكى سۆز گۇرۇپپىلىرىنىڭ

ئورۇن تەرتىپى قانداق بولسا، تەرجىمىدىمۇ شۇ شەكىلگە سادىق بولۇش كېرەك، دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ؛ ئەكسىچە، ئەسلى تېكىستنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن گراماتىك مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئانالىز قىلىپ، ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، شۇ چۈشەنچىنى ئەسلى تېكىستنىڭ شەكىل چەكلىمىسىدىن خالى بولغان ھالدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى بويىچە ئىپادىلەپ بېرىش زۆرۈر. جۈملە بۆلەكلىرىنى، سۆز گۇرۇپپىلىرى ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز.

## جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

### 1. ئىگە

جۈملىدە «كىم ياكى نېمە» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان جۈملە بۆلىكى ئىگە بولىدۇ. خەۋىرى پېئىلدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ مۇناسىۋىتى، خەنزۇ تىلى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:

“我们是人民的勤务员。”

«بىز خەلقنىڭ خىزمەتكارى.»

“工人师傅把车子修好了。”

«ئىشچى ئۇستام ھارۋىنى تۈزەپ بولدى.»

بۇ مىساللاردا جۈملىنىڭ ئىگىسى «بىز»، «ئىشچى ئۇستام» خەۋەرنى ئاكتىپ ئورۇندا بىۋاستە باشقۇرۇپ كەلگەن.

تۆۋەندىكى مىساللاردا بولسا ئىگە پاسسىپ ئورۇندا، باشقۇرۇلغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ:

“玻璃打碎了。” «ئەينەك سۇنۇپ كەتتى.»



“玻璃被打碎了。” ياكى «ئەينەك سۇندۇرۇلدى.»

“困难克服了。” «قىيىنچىلىق يېڭىلدى» ياكى «قىيىنچىلىق تۈگىتىلدى.»

ئىگە ئاكتىپ ياكى پاسسىپ ئورۇندا كەلگەن جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. لېكىن خەنزۇ تىلىغا خاس بولغان، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن پەيدىنپەي ئۆزلىشىپ كېتىۋاتقان بەزى ئالاھىدە ئىگە تۈزۈلۈشىدىكى جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسىدە ھازىرمۇ بەزىبىر قىيىنچىلىقلار، ئېگىز – پەسلىكلەر بار. مەسىلەن:

“少数服从多数是党组织的基本原则。”

بۇ يەردە “少数服从多数” تولۇق جۈملە، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر جۈملىنىڭ پۈتۈن ئىپادە شەكلىنى ئالغان، سۆز گۇرۇپپىسى بولۇپ بىرىككەن ئىگە گۇرۇپپىسى. بۇنداق جۈملە شەكلىدە كەلگەن ئىگە خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بۇنداق ئىگىنى، ئادەتتە، مەستەر (ھەرىكەت نامى) ھالىتىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولغاندا، ئىمكان قەدەر مەستەر ھالىتىدە تەرجىمە قىلغان ياخشى. مەستەر ھالىتىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمىغاندا، باشقا شەكىللەرگە ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

“少数服从多数是党组织的基本原则。”

«ئازچىلىقنىڭ كۆپچىلىككە بويسۇنۇشى — پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى پرىنسىپى.»

“我们懂得这一点，是有好处的”

«بىزنىڭ بۇنى چۈشىنىۋالغانلىقىمىز پايدىلىق.» ياكى «بىزنىڭ بۇنى

چۈشىنىۋالغانلىقىمىزنىڭ پايدىسى بار.»

"你能喝酒实在是出于我的意料之外。"

«سىزنىڭ هاراق ئىچەلەيدىغانلىقى‌ڭىز مېنىڭ ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقتى.»

ياكى

«سىزنىڭ هاراق ئىچەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن.»

ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىنىڭ تەبىرى بويىچە ئالغاندا، جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆزلەر باش كېلىشتە كېلىدۇ. كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان سۆزلەر ئىگە بولالمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەگەر خەنزۇچىدا ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆز ياكى سۆز گۇرۇپپىلىرىنى ئۆزگەرتمەي، ئىگە هالىتىدە تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە خىلاپ بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

（1）"淡蓝的天空浮游着一股白云。"

（2）"孙中山的'三民主义'演讲，系统地阐明了他的革命理论和纲领。"

1 – مىسالدا "淡蓝的天空"، 2 – مىسالدا "孙中山的……演讲" دېگەن ئىبارىلەر ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئەگەر ئىگىنى ئىگە هالىتى بويىچە ئۆلۈك تەرجىمە قىلساق، ئۇ هالدا 1 – مىسال «كۆكۈچ ئاسمان بىر پارچە ئاق بۇلۇت بولۇپ لەيلەپ يۈرەتتى» بولۇپ چىقىدۇ، 2 – مىسال «سۇن جۇڭشەننىڭ ‹سەنمىنجۇيى› ھەققىدىكى نۇتۇقلىرى ئۇنىڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيىسىنى ۋە پروگراممىسىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ بەردى» بولۇپ چىقىدۇ. يەنى «ئاسمان …… لەيلەپ يۈرەتتى»، «نۇتۇقلىرى شەرھلەپ بەردى» بولۇپ چىقىدۇ؛ گەپ ئۇيغۇر تىلىدا گرامماتىكا جەھەتتىن باغلىنىپ كەلگەندەك بولسىمۇ (ئەلۋەتتە، 1 – مىسالدا باغلانمىغان)، مەنتىق، ستىلىستىكا جەھەتتىن نۇقسانلىق جۈملە بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىدىكى بىر سۆزدىن ھەتتا بىرنەچچە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن ئىگىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ئىپادىلەش تامامەن توغرا ئۇسۇل، يەنى ئىگىنى ئىگىلىك هالىتىدىن چىقىرىپ، كېلىشلەر بىلەن تۈرلەندۈرۈپ ئىپادىلەش مۇمكىن. يۇقىرىقى ئىككى مىسالنى «كۆكۈچ ئاسماندا بىر پارچە ئاق بۇلۇت لەيلەپ يۈرەتتى» دەپ، ئىككىنچى مىسالنى «سۇن جۇڭشەن ‹سەنمىنجۇيى› توغرىسىدىكى نۇتۇقلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيىسىنى ۋە پروگراممىسىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ بەردى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. تەرجىمىدە بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق شارائىتتا خەنزۇچىدىكى ئىگىنى ئىگىلىكتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئىگىلىك رولىنى ئوينىيالايدىغان باشقا سۆزنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ (سېلىشتۇرۇپ چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىدىكى ئىگىنىڭ ئاستىغا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى ئىگىنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىلدى):

"在很早以前，中国就有了指南针的发明。"

«جۇڭگودا كومپاس خېلى بۇرۇنلا كەشپ قىلىنغان.»

"我国的经济发展将要赶上先进国家。"

«ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئالدىنقى دۆلەتلەرگە يېتىشىۋالىدۇ.»

"这所学校的建成得到了学生的巨大帮助。"

«بۇ مەكتەپنى سېلىشتا ئوقۇغۇچىلار زور ياردەم بەردى.»

خەنزۇچىدا جۈملە شەكلىنى ئالغان سۆز گۇرۇپپىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگىنىگە ئوخشاش، جانسىز ئىسىملارمۇ ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، جانسىز ئىسىملارنىڭ ئىگە بولۇپ كېلىشى ھەرقانداق تىلدا ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە «سۇلار شاۋقۇن كۆتۈرمەكتە»، «دەرەخلەر ئىگىلمەكتە»، «گۈللەر كۈلمەكتە» دېگەنگە ئوخشاش ئوخشىتىش تەسۋىرلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن ئادەتتىكى ئەھۋالدا جانسىز ئىگىنىڭ جانلىق ئىگىنى باشقۇرۇشى، ئۇنىڭ بىلەن ماسلىشىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئانچە سىغمايدۇ. ئەمما خەنزۇ تىلى ئۇنداق چەكلىمىدىن خالىي. شۇنداق جانسىز ئىسىملارنىڭ ئىگە بولۇپ كېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جانلىق شەيئىلەرلا مۇناسىپ بولالايدىغان پېئىلنى ئۆزىگە خەۋەر قىلىپ كېلىشى خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن تەرجىمە قىلساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئانچە سىغمايدۇ. بۇنداق جانسىز ئىگىنى ھالەتكە ئايلاندۇرۇش ياكى كونكرېت جۈملىدىكى باشقا بىر مۇۋاپىق سۆزنى ئىگە قىلىپ قوللىنىش ھەر ھالدا مۇۋاپىق ۋە ئورۇنلۇق بولسا كېرەك. مەسىلەن:

“中国人民不屈不挠的努力必将稳步地达到自己的目的。”

بۇ جۈملىنى «جۇڭگو خەلقىنىڭ ھارماس - تالماس تىرىشچانلىقى ئۆز مەقسىتىگە پۇختا قەدەملەر بىلەن يېتىدۇ» دەپ ئۆلۈك تەرجىمە قىلساق، مەيلى ئۇقۇم ياكى مەنتىق جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە سىغمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «تىرىشچانلىقى...... يېتىدۇ» دېگەن ئىگە - خەۋەر شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، «جۇڭگو خەلقى ھارماي - تالماي تىرىشىپ، ئۆز مەقسىتىگە پۇختا قەدەملەر بىلەن يېتىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلغان تۈزۈك.



“它的创设，为建立革命军队打下了基础。”

«ئۇنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇشقا يول سېلىپ بەردى» دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە، «ئۇنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇشقا يول سېلىندى» دەپ تەرجىمە قىلغان تۈزۈك.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئەگەر ھۆكۈم جۈملىدە ئىگە جانسىز ئىسىمدىن كەلگەن بولسا، ئۇ ھالدا، خەنزۇ تىلىدىكى ئىگە ئۆز ھالىتى بويىچە ئەينەن تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە قايچى كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

“大力培养少数民族出身的共产主义干部，是党的民族政策的一个重要方面，……”

«ئاز سانلىق مىللەتلەردىن زور كۈچ بىلەن كوممۇنىزمچى كادىر يېتىشتۈرۈش پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى،......»

“承认还是不承认这个原则，是一个根本问题。”

«بۇ پرىنسىپنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئېتىراپ قىلماسلىق تۈپ مەسىلە.»

خەنزۇ تىلىدا جانسىز شەيئىلەرنى جانلىق شەيئىلەرگە ئوخشىتىش ئابستراكت شەيئىلەرگە مەنتىق جەھەتتىن كونكرېت ۋە جانلىق شەيئىلەر ئۇقۇمىنى بېرىش ۋە ئاكتىپ ئىگە ئورنىدا قوللىنىش خېلى ئومۇملاشقان. بۇنداق جانسىز، ئابستراكت ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئومۇملاشقان. مەسىلەن:

“党中央认为；文件指出；地区修建了；宣言指出；会议决定；消息说；……”

«پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ...... دەپ قارايدۇ»، «يىغىن ...... دەپ قارار قىلدى» دەپ تەرجىمە قىلىش خېلى ئومۇملاشتى. مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىمۇ ئېنىق ھەم روشەن. لېكىن «خىتابنامە ...... دەپ كۆرسەتتى»، «رايون ...... ياسىدى»، «ھۆججەت ...... دەپ كۆرسەتتى»، «خەۋەر...... دېدى» ۋەھاكازا دەپ تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر تىلىغا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئابستراكت ئىسىملاردىن كەلگەن ئىگىنى كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇش يولى بىلەن ئىگىلىكتىن ھالەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئاكتىپ جۈملىنى پاسسىپ جۈملىگە ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلغان تۈزۈك بولسا كېرەك. مەسىلەن، «خىتابنامىدە ...... دەپ كۆرسىتىلدى»، «رايوندا...... ياسالدى»، «ھۆججەتتە ...... دېيىلدى» دېگەنگە ئوخشاش.

يۇقىرىدا، ئاكتىپ ئورۇندا تۇرۇپ، خەۋەرنى باشقۇرۇپ كېلىدىغان ئىگە، ئىگە گۇرۇپپىسى ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن قوشما ئىگە ۋە ئۇلارنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ، باشقۇرۇلغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىگە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

خەنزۇ تىلىدا جۈملە تەركىبىدىكى بەزى ئىگىلەر ئۆزىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن. تەشەببۇسكار، ئاكتىپ ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

“大门锁了。” «دەرۋازا قۇلۇپلاندى.»

“这本小说已译维文了。”

«بۇ رومان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى.»



خەنزۇ تىلىدا ئىگە باشتا كەلسىمۇ، لېكىن باشقۇرۇلغۇچى، پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ”被“ ئالامەتلىك جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق جۈملىلەر، يۇقىرىقىدەك ”被“ ئالامەتسىز جۈملىلەرگە قارىغاندا، تەرجىمىدە ئانچە قىيىنچىلىق تۇغدۇرمايدۇ. ئۇلارنى مەجھۇل جۈملە شەكلى بويىچە تەرجىمە قىلىۋېرىش مۇمكىن. مەسىلەن:

大驴子还是被小老虎吃掉了。”

«چوڭ ئېشەك كىچىك يولۋاس تەرىپىدىن يېيىلىپ كەتتى.»

“解放后，土匪被肃清了，地主恶霸被打倒了……”

«ئازادلىقتىن كېيىن، باسمىچىلار تازىلاندى، پومېشچىك - زومىگەرلەر يوقىتىلدى......»

“牙生被社员选成劳动模范，伊明被上级提拔到县委去工作”。”

«ياسىن گۇڭشې ئەزالىرى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى قىلىپ سايلاندى؛ ئىمىن يۇقىرىدىن ناھىيىلىك كومىتېتتا ئىشلەشكە ئۆستۈرۈلدى.»

ئەلۋەتتە، بۇنداق ”被“ ئالامەتلىك جۈملە خەنزۇ تىلىدا ”被“ ياكى ”被……所“ تەقلىدىدە تۈزۈلۈپ، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى «...... تەرىپىدىن...... ندى» دېگەن فورمۇلىغا ئوخشاش مۇقىم بىر ۋەزىيەتتە كەلسىمۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، شۇنداق پاسسىپ جۈملىنى (مەجھۇل جۈملىنى) ئاكتىپ جۈملە (ئۆزلۈك جۈملە) گە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. مەسىلەن:

"我深深地被阿不拉大哥的话所感动……"

بۇ جۈملىنى «ئابدۇللا ئاكىنىڭ گەپلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن؛ «ئابدۇللا ئاكىنىڭ گەپلىرى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. لېكىن «ئابدۇللا ئاكىنىڭ گەپلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندۈرۈلدۈم» دەپ تەرجىمە قىلساق، تولىمۇ ياسىما. تىل ئادىتىگە خىلاپ بولۇپ چىقىدۇ.

"我时常被一种感情，一种思想，一种事件所袭击，情绪不能平静。"

بۇنداق جۈملىنى «تەرىپىدىن...... نىپ» دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە، «مەن دائىم بىر خىل ھېسسىيات، خىيال ۋە ۋەقەنىڭ زەربىسىدە كۆڭلۈمنى تىنىدۇرالمىدىم» دەپ ئاكتىپ جۈملە تەرىقىسىدە تەرجىمە قىلغان تۈزۈك.

"克力木被酒劲催了胆量。"

ئەگەر بۇ جۈملىنى «كېرىم ھاراقنىڭ كۈچى تەرىپىدىن يۈرىكى يوغىنىدى» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى ئالدىدا گېپىنى ئوڭلاپ قىلالمايدىغان تەرجىمان بولۇپ قېلىشىمىز تەبىئىي. «كېرىمنىڭ يۈرىكى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن يوغىناپ كەتتى» دەپ تەرجىمە قىلساق، شەكىل جەھەتتە خەنزۇچىغا ئوخشاش بولمىسىمۇ، مەنە جەھەتتىن تولۇق ئىپادىلەپ بېرىلگەن بولىدۇ.

## 2. خەۋەر تەرجىمىسى

خەۋەر ئىگىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى، سۈپىتىنى، ھالىتىنى ۋە كىم، نېمە، قانداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش، خەنزۇ تىلىدىكى خەۋەرلەرنىمۇ پېئىلدىن،



سۈپەتتىن، ئىسىمدىن ياسالغان خەۋەر تۈركۈملىرىگە ئايرىش مۇمكىن. ئادەتتە، ئاددىي خەۋەرلىك جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسى ئانچە قىيىن بولمايدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەردە مۇرەككەپ خەۋەرلەر، يەنى چاتما خەۋەرلەر* تەرجىمىدە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. چۈنكى خەنزۇ تىلىدا پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەر بەزىدە ئىككى ياكى بىرنەچچە پېئىلنىڭ بىرىكىشى بىلەن مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار تېنىش بەلگىسى ياكى باشقا بەلگىلەر بىلەن ئايرىلمىغان، تەلەپپۇز جەھەتتە ئارىسى ئۈزۈلۈپ تۇرىدىغان تىنىق يوق، يېزىقتىمۇ بىر-بىرىگە ناھايىتى چاپلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن:

"他想了想提笔写道：有朋自远方来……。"

بۇ قوشما جۈملىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا "他" سۆزى ئىگە بولۇپ، شۇ ئىگىنىڭ پائالىيىتىدىن ئۈچۈر بېرىدىغان ئۈچ خەۋەر — "想了想" "提" "写" قاتارىسىغا چاپلىشىپ كەلگەن؛ ئىككىنچى قىسمىدا، ئىككى خەۋەر "有" "来" قاتارىسىغا چاپلىشىپ كەلگەن.

خەنزۇ تىلىدا ئىككى ياكى بىرنەچچە پېئىلنىڭ زىچ چېتىلىپ كېلىشى تاساددىپىي ياكى ئەھمىيەتسىز ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك مۇناسىۋىتى ۋە رواسى بار.

بىرىنچىدىن، ئالدىنقى پېئىل بىلەن كېيىنكى پېئىلنىڭ ئۆز پائالىيىتىدە ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بار. مەسىلەن: "我吃过饭再去" دېگەن جۈملىدە "去" دېگەن پېئىل "吃" دېگەن پېئىلدىن كېيىن كېلىپ «تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بارىمەن» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ، يەنى ئالدىنقى پائالىيەت تۈگىگەندىن كېيىن كېيىنكى پائالىيەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى

*ئۇيغۇر تىلىدىكى «قوشما خەۋەر» لەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىتىنچە قويۇلغان ئىسىم. — ئاپتور.

بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئالدىنقى پېئىل كېيىنكى پېئىلنى ئىنقلاپ، ئۇزاھلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "他笑着说" دېگەن جۈملىدە ئالدىنقى پېئىل "笑" كېيىنكى پېئىل "说" نى ئېنىقلاپ، ئۇزاھلاپ كەلگەن.

ئۈچىنچىدىن، كېيىنكى پېئىل ئالدىنقى پېئىلنى تولۇقلاپ، ئالدىنقى پېئىلنىڭ مەقسىتىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ، مەسىلەن: "我到出版社借书。" دېگەن جۈملىدە "借" سۆزى "到" سۆزىنىڭ مەقسىتىنى تولدۇرۇپ كەلگەن، يەنى «ئارىيەت ئېلىش» ئۈچۈن ياكى «ئارىيەت ئېلىش» قا «بارىمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن.

تەرجىمىدە جۈملە تەركىبىدە كەلگەن، بىر ئىگە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇرەككەپ، چاتما پېئىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس رولىنى چۈشىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاسىتىلىرى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن.

ئالدىنقى پېئىل ھەرىكەتنىڭ كېيىنكى پېئىلدىن ئىلگىرى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردە ئالدىنقى پېئىلنى «قىلىپ، ئېتىپ» ياكى «قىلغاندىن كېيىن»، «ئەتكەندىن كېيىن» دېگەنگە ئوخشاش ھال پېئىلغا ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

"他推开椅子站起来。"
«ئۇ ئورۇندۇقنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.»

"我们到那边去坐坐吧。"
«ئاۋۇ ياققا بېرىپ ئولتۇرايلى.»
"他吃过早点就出去了。"
«ئۇ ناشتىدىن كېيىن چىقىپ كەتتى.»



ئالدىنقى پېئىل كېيىنكى پېئىلنى، ئۇنىڭ ھالىتىنى ئېنىقلاپ كەلگەن جۈملىلەردە ئالدىنقى پېئىلنى، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا، ھال پېئىلغا ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

"党委书记答应着便去了。"
«پارتكوم شۇجىسى جاۋاب بېرىۋېتىپ كېتىپ قالدى.»
"有人指着广告牌说……"
«بىراۋ ئېلان تاختىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى……»
"老师一走进教室，学生就起立向他问好。"
«مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بەردى.»

كېيىنكى پېئىل ئالدىنقى پېئىلنىڭ مەقسىتىنى تولدۇرۇپ كەلگەن جۈملىلەرنى مەقسەت جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ، «قا»، «غىلى»، «ئۈچۈن» دېگەن تەقلىدتە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

"一个下雨的夜晚，他出去找红军。"
«يامغۇر ياغقان كېچىسى ئۇ قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەپ كەتتى» ياكى «يامغۇر ياغقان كېچىسى ئۇ قىزىل ئارمىيىنى ئىزدىگىلى كەتتى» ۋە ياكى «يامغۇر ياغقان كېچىسى ئۇ قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.»
"姑娘第二天跟小伙子到区上去领结婚证。"
«قىز ئەتىسى يىگىت بىلەن بىللە رايونغا نىكاھ قەغىزى ئېلىش ئۈچۈن باردى»، «……ئالغىلى باردى»، «…ئېلىشقا باردى.»

يۇقىرىدا جۈملە تەركىبىگە كىرگەن بىرلا ئىگە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇرەككەپ چاتما پېئىل ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، جۈملە تەركىبىدىكى بىرنەچچە پېئىل بىرلا ئىگىگە خىزمەت قىلماستىن، بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان رول‌لارنى ئوينايدىغان ئەھۋاللارمۇ خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بۇنداق جۈملىلەردىكى خەۋەرلىك ئۇقۇمنى بېرىدىغان بىرنەچچە پېئىلنىڭ رولى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ھەرىكەتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىنى بىلدۈرمەيدۇ، بىر - بىرىنى ئېنىقلاش، ئىزاھلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، كېيىنكى پېئىل ئالدىنقى پېئىلنىڭ مەقسىتىنى تولدۇرۇپ بېرىشكە خىزمەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، كېيىنكى پېئىلنىڭ ئىگىسى ئالدىنقى پېئىلغا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. “党号召我们向科学进军” دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇنىڭدا “号召” ۋە “进军” دېگەن ئىككى پېئىل بار. بۇلاردىن بىرىنچى پېئىل “号召” دېگەن سۆز جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغان “党” سۆزىگە خىزمەت قىلسا، ئىككىنچى پېئىل “进军” شۇ ئىگىگە خىزمەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كونكرېت جۈملىدىكى ئىككى پېئىلنى يۇقىرىدىكىدەك بىرلا ئىگىگە خىزمەت قىلىدىغان، قاتارىسىغا سىنجىل كەلگەن پېئىللار نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تۈزۈلۈشتىكى جۈملىنى ئەمەلىيەتتە ئىككى ئىگە، ئىككى خەۋەرلىك جۈملە دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. يۇقىرىقى مىسالنى «پارتىيە بىزنى چاقىردى»، «بىز پەنگە يۈرۈش قىلدۇق» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن خەنزۇچىدا ئەنە شۇنداق ئىككى ئىگە، ئىككى خەۋەردىن تۈزۈلگەن، ئىككى جۈملىگە ئاجرىتىپ چۈشىنىش مۇمكىن بولغان سۆزلەر بىرلا جۈملە قېلىپىغا چۈشۈرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرچىدا پارچىلاپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق بولمايدۇ، خۇددى ئەسلى تېكىستتىكىگە



ئوخشاش بىر جۈملە قىلىپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇنداق جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا، بىرىنچى ئىگىنىڭ خەۋىرى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى ئىگىنىڭ خەۋىرىنى روشەنلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. جۈملىدە بىرىنچى ئىگىنىڭ خەۋىرى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى بولۇپ، ئىككىنچى خەۋەر ئۈچۈن ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆز «چاتما سۆز» دەپ، شۇنداقلا چاتما سۆز تۈزۈلۈشىدە كەلگەن جۈملە «چاتما سۆزلۈك جۈملە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز.

### 3. ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ تەرجىمىسى

جۈملىدە ئېنىقلىغۇچىلار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى، بەلگىسىنى، كىمگە ۋە نېمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، جۈملە تەركىبىدىكى باش سۆزنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ. خەنزۇ تىلىدا ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچىلارغا خىزمەت قىلىشتا پەقەت بىرلا “的” بەلگىسىنى قوللىنىدۇ، بەزىدە “的” بەلگىسى قىسقارتىلىپمۇ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۈپەت، ئىسىم، سان، ئالماشلارمۇ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

美丽的祖国 گۈزەل (سۈپەت) ۋەتەن.

社会主义国家 سوتسىيالىستىك (ئىسىم) دۆلەت.

我们的工厂 بىزنىڭ (ئالماش) زاۋۇت.

九万万人口 توققۇز يۈز مىليون (سان) ئاھالە.

پېئىل، پېئىل ۋە تولدۇرغۇچى بىرىكمىسى، ئىگە ۋە خەۋەر

بىرىكمىسى، جۈملە بۆلەكلىرىمۇ باش سۆزنى، يەنى ئىنىقلىغۇچىنى ئىنىقلاپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

行驶着的汽车。 كېتىۋاتقان (پېئىل) ماشىنا.

建设祖国的热情 ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش (تولدۇرغۇچى ۋە پېئىل بىرىكمىسى) قىزغىنلىقى.

党中央提出的政策 پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان (ئىگە ۋە خەۋەر بىرىكمىسى) سىياسەت.

少数服从多数的原则 ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش (جۈملە بۆلىكى) پرىنسىپى.

يۇقىرىقى مىساللاردىن مەلۇمكى، ئىنىقلىغۇچىلار مەيلى سۈپەت، ئىسىم، سان، ئالماش ياكى پېئىل بولسۇن، خەنزۇ تىلىدا "的" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىنىقلانغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ (گايىدا "的" قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە). لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت ۋە سان ھالىتىدە كەلگەن ئىنىقلىغۇچىلارنىڭ ئىنىقلانغۇچىلار بىلەن ئەسلى ھالىتىدە ئۆزگىرىشسىز باغلىنىپ كېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا (مەسىلەن، گۈزەل ۋەتەن، توققۇز يۈز مىليون ئاھالە......)، ئىسىم، ئالماش ۋە پېئىلدىن كەلگەن ئىنىقلىغۇچىلار ئەسلى ھالىتىدە كەلمەستىن، ئىنىقلىغۇچىلىق سۈپەت، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىسىملارنىڭ قاتار تىزىلىشى بىلەن «ئىنىقلىغۇچى + ئىنىقلانغۇچى» مۇناسىۋىتىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرەلمەي، باشقىچە ئۇقۇمنى ئاڭلىتىپ قويۇش ھادىسىلىرىنىمۇ سادىر قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن،



بۇ سۆز بىرىكمىسىدە "文化科学知识" "文化科学" ئىنىقلىغۇچى بولۇپ، باش سۆز "知识" نى ئىنىقلاپ كەلگەن. ئەگەر «مەدەنىيەت ـ پەن بىلىملىرى» دەپ تەرجىمە قىلساق، «مەدەنىيەتنىڭ، پەننىڭ بىلىملىرى» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن؛ «مەدەنىيەت ـ پەن توغرىسىدىكى بىلىم» دەپ چۈشىنىشمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىكى ئىنىقلىغۇچى ـ ئىنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ تېپىش قىيىن. ئۇ ھالدا، تولۇق مۇجمەللىكلەردىن ساقلىنىپ، مەنىنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، «پەننى، مەدەنىي بىلىم» ياكى «پەن ـ مەدەنىيەتكە دائىر بىلىم» دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا بولسا كېرەك.

### 4. ھالەت تەرجىمىسى

ھالەت جۈملىدە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى (بولغانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى)، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنى، سەۋەبىنى، مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان پېئىلنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى ئىنىقلاپ، چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھالەتنى جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن ئايرىلمايدىغان، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان پېئىلغا بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان، جۈملىدە «خەۋەر گۇرۇپپىسى» غا مەنسۇپ بولغان ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئېيتىشمۇ مۇمكىن.

ھالەت جۈملىدە مەيلى بىر سۆزدىن ياكى بىرنەچچە سۆز بىرىكمىسىدىن كەلسۇن، خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلغا يېقىندىن باغلىنىپ، ئۇنى ئىنىقلاپ، ئىزاھلاپ، خەۋەر پېئىلغا بىۋاسىتە خىزمەت قىلىشى جەھەتتىن ئالغاندا، خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولى ئوخشاش. مەسىلەن:

（1）“我的妈妈是在深秋走的。”

（2）“在近百年的过程中，我国人
民一直为争取民族独立而英勇奋斗。”

(1) «ئانام كەچ كۆزدە كەتكەن.»
(2) «100 يىلغا يېقىن جەريان
ئىچىدە خەلقىمىز (ياكى خەلقىمىز 100
يىلغا يېقىن جەريان ئىچىدە) مىللىي مۇس-
تەقىللىك ئۈچۈن باتۇرانە كۆرەش
قىلدى.»

بۇ مىساللاردىكى «كەچ كۆزدە»، «100 يىلغا يېقىن
جەريان ئىچىدە» دېگەن سۆزلەر شۇ جۈملىلەردىكى پېئىلدىن
(خەۋەردىن) ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى، يەنى
قاچان بولغانلىقىنى ئىنقىلاپ كەلگەن.

ۋاقىت ھالىتى مەيلى جۈملىدە باشتا كەلسۇن ياكى
ئوتتۇرىدا كەلسۇن، خەۋەرگە بىۋاسىتە خىزمەت قىلالىسىلا، يەنى
خەۋەرنى توغرىدىن - توغرا، ھېچبىر كاشىلىسىز ئىنقىلاپ
كېلەلىسىلا، تەرجىمىدە خەۋەرگە ياندىشتۇرۇپ - چىپىسلاشتۇ-
رۇپ ئىشلىشقا زورمۇ زور ئۇرۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنداق
بولمىسا، ۋاقىت ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىك-
مىلىرى خەۋەرنى ئىنقىلاشقا بىۋاسىتە ياردەم بېرەلمىسە، خەن-
زۇچە جۈملە شەكلىدىن قەتئىينەزەر، خەۋەرنى بىلدۈرىدىغان
پېئىلغا يېقىن تارتىش، چىپىسلاشتۇرۇش زۆرۈر.

ۋاقىت ھالىتى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئانچە كۆپ قىيىنچى-
لىق تۇغدۇرمايدۇ، جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن خەنزۇچە جۈم-
لە شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە جۈملە شەكلى ئاساسەن ئوخشاش،
كۆپ ھاللاردا خەنزۇچە جۈملە شەكلىگە رىئايە قىلىنسا، تەر-
جىمىدە مۇجمەللىك چىقىشى ناتايىن.

جۈملىدە ھالەتنىڭ ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ھالىتى
قىسمىدىن باشقا، ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق ئۇسۇلدا، قاي-



سى تەرىقىدە، قانداق ۋاسىتە بىلەن ئەمەلگە ئاشقان (ئاشىدى-
غان) لىقىنى بىلدۈرىدىغان «ئۇسۇل ھالىتى» (ئۇيغۇر تىلى
گراماتىكىسىدا «سۈپەت ھالىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قىسمىمۇ بار.
سۈپەت ھالىتى ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق سۈپەتتە، قانداق
ھالەتتە، قايسى تەرىقىدە، قايسى يوسۇندا ۋە قانداق ئۇسۇل
بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سۈپەت ھالەت خەنزۇ
تىلىدا ئادەتتە «ئىگە←سۈپەت ھالەت←خەۋەر (ياكى پېئىل)←
تولدۇرغۇچى» تەرتىپى بويىچە كېلىدۇ. مەسىلەن:

“帝国主义千方百计地企图消灭世界上第
一个社会主义国家。”

بۇ جۈملىنى مۇنداق تەھلىل قىلىپ كۆرۈش مۇمكىن.
«جاھانگىرلار (ئىگە) ← دۇنيا بويىچە تۇنجى سوتسىيالىس-
تىك دۆلەتنى يوقىتىشقا (تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسى) تۈرلۈك
چارە - تەدبىرلەر بىلەن (سۈپەت ھالەت گۇرۇپپىسى) ئۇرۇن-
غان (خەۋەر).»

“我国人民已经用法律形式把自己的
民主生活组织起来了。”

بۇ جۈملىنىمۇ يۇقىرىقى شەكىل بو-
يىچە «خەلقىمىز ئۆزىنىڭ دېموكراتىك
تۇرمۇشىنى قانۇن شەكلى بىلەن ئۇيۇش-
تۇردى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

دېمەك، «سۈپەت ھالەت» لىك جۈملىلەرنى تەرجىمە
قىلىشتا، خەنزۇچە جۈملە بۆلەكلىرى تەرتىپىنىڭ ئەكسىچە،
«ئىگە ← تولدۇرغۇچى (ياكى تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسى) ← سۈ-
پەت ھالەت ← پېئىل (ياكى خەۋەر)» تەرتىپىنى قوللىنىشقا
توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، خەنزۇچە تەرتىپى بويىچە
«جاھانگىرلار تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن دۇنيا بويىچە
تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان»، «خەل-

قىمىز قانۇن شەكلى بىلەن ئۆزىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇشىنى
ئۇيۇشتۇردى» دەپ، سۈپەت پېئىلنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە نىشانى
بولغان پېئىل (خەۋەر) دىن ئايرىۋەتسەك، مەنە جەھەتتىن
مۇجمەللىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

بىزنىڭ ھازىرقى بەزى تەرجىمىلىرىمىزدە، بولۇپمۇ ھا-
لەت تەرجىمىسىدە سۈپەت ھالەتنى پېئىلدىن (خەۋەردىن) يى-
راقلاشتۇرۇپ، پېئىلغا (خەۋەرگە) بىۋاسىتە ئۆتەلمەيدىغان،
پېئىلنىڭ ھالىتىنى توغرىدىن - توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدى-
غان قىلىپ قويۇش ھادىسىلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئۇچراپ تۇ-
رىدۇ. ۋەھالەنكى، سۈپەت ھالەت ھەرقانداق شارائىتتا پېئىلغا
(خەۋەرگە) ياندىشىپ، ئۇنىڭدىن ئاجرالماي كېلىدۇ؛ تەرجىمى-
دە بولسا سۈپەت ھالەت بىلەن پېئىل (خەۋەر) نى ئاجرىتىۋې-
تىپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولدۇرغۇچىنى قىستۇرۇش ھا-
دىسىلىرى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمىدە مەنە روشەن
ئۇقۇلمايدۇ ياكى ئۇقۇلغان تەقدىردىمۇ جۈملە كىشىنى قىيناي-
دىغان دەرىجىدە ئېغىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۈپەت ھالەت
بىلەن پېئىل (ياكى خەۋەر) نى ھالىتى قوشۇلۇپ كەلگەن
پېئىل (خەۋەر) بىرىكمىسى دەپ قاراپ، بۇ بىرىكمىنى (گۇرۇپ-
پىنى) بىر پۈتۈن ھالەتتە ساقلىغان تۈزۈك.

ھالەت مەسىلىسىدە يەنە ئورۇن ھالىتى، سەۋەب ھالىتى،
مەقسەت ھالىتى، دەرىجە - سان ھالىتى ۋە باشقىلار بار.
«ھالەت — پېئىل (خەۋەر) نى ئېنىقلايدۇ» دېگەن ئۇقۇم بويىچە،
تەرجىمىدە ھالەتنى پېئىلغا بىۋاسىتە خىزمەت قىلدۇرۇش شەر-
تىگە رىئايە قىلىنسىلا، مەنىنى ئۆز لايىقىدا توغرا ئىپادىلەپ
كېتىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە تەپسىلىي
توختالمايمىز.



## «تەرجىمە توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالى-
## لەر توپلىمىغا كىرىش سۆز

ھازىرقى بەزى تەرجىمە ئەسەرلەردە يۈز بېرىۋاتقان مە-
سىلىلەر زامانىمىزنىڭ تەلىپىگە، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىغا قانا-
ئەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشتىن خېلى يىراق. تەرجىمە ئەسەر-
لىرىمىزدە پىششىق يېتىلمىگەن، ئوقۇغان كىشىنى زېرىكتۈرىدى-
غان، كىتابخانلارنىڭ زوقىنى ياندۇرىدىغان، پەقەت ئايرىم تەر-
جىمانلارنىڭ ئۆزىگىلا شېرىن، باشقىلارغا بەتتام تۇيۇلىدىغان
نەرسىلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممە ساھە يۈك-
سەك دەرىجىدە ئىلگىرىلەۋاتقان ھازىرقى پەيتتە، تەرجىمىنىڭ
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تازا باش قاتۇرۇش ھەممىدىن
مۇھىم ئىش بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن». بۇ 1980 - يى-
لى «تەرجىمە تەجرىبىلىرىمىزدىن تەرمىلەر» ناملىق ئەسىرىمنىڭ
كىرىش سۆزىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ئىدى. ھازىر شۇ-
نىڭدىن ئازغىنە كەم توققۇز يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئېلىمىز-
دە نى - نى چوڭ ئىشلار، زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى،
ئاجايىپ - ئاجايىپ يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى، شۇ جۈملىدىن
تەرجىمە قوشۇنىمىزمۇ زورايدى.

كۆنلەرنىڭ ئايلاپ - يىللاپ ئۆتكىنىگە مۇۋاپىق ۋۇجۇدقا
كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، زوقلاندۇرىدۇ،
تەرجىمانلارنىڭ (بۇ يەردە پەقەت خەنزۇ - ئۇيغۇر تىلى جە-

ھەتتىكى تەرجىمانلىرىمىزلا كۆزدە تۇتىمەن) سان جەھەتتىن
تۈركۈملەپ كۆپەيگەنلىكى كىشىنى قايىل قىلىدۇ، بىراق ساپا
جەھەتتىن يەنىلا بۇنىڭدىن ئازغىنە كەم ئون يىل ئىلگىرىكى-
دەك «زامانىمىزنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرىشتىن خېلىلا يىراق»
يەردە تۇرغانلىقى كىشىنى ئېچىندۇرماي قويمايدۇ. كېيىنكى ئون
يىل ئىچىدە تەرجىمانلىق ۋە تەرجىمىنىڭ سان - مىقدار جە-
ھەتتە كۆپىيىشى تېز بولغان بولسىمۇ، سۈپەت جەھەتتىكى تە-
رەققىياتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇنداق دېيىشكە قايىل
بولىسىز، بارلىققا كەلگەن تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەخمىنىي
سانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان تەرجىمە تەتقىقاتلىرىنىڭ تەخ-
مىنىي مىقدارىنى نىسبەتلەشتۈرۈپ كۆرۈڭ.

تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە سەنئىتى، تەرجىمە ئۆل-
چىمى، تەرجىمە ئۇسۇلى، تەرجىمە تەقرىزى قاتارلىق جەھەت-
لەردە تىلغا ئالغۇدەك، ساناپ بەرگۈدەك بىر نەرسىمىزنىڭ يوق
دېيەرلىك دەرىجىدە كەملىكى تەرجىمە ئىشلىرىمىزدا «مەسىلە»
يوقلۇقىنى ئەمەس، «مەسىلە» نىڭ «كۆپ» لىكىدىن شۇ مەسى-
لىلەرنى قانداق يېشىش، گەپنى نەدىن باشلاش ئۈستىدە بېشى-
مىز قېتىپ تۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرسا كېرەك. دېمەك، مې-
نىڭ قارىشىمچە، تەرجىمە تارىخىمىزنىڭ «تەرجىمە تەتقىقات-
چىلىقى» سەھىپىلىرى ھازىرغىچە ھەتتا «قۇرۇق» قالدى دې-
گۈدەك دەرىجىدە چالا تاشلىنىپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئومۇمەن ئالغاندا، تەرجىمىلىرىمىز، ھازىرقى كۈندىمۇ، خۇددى
ئالا بۆرەك بولغان، لېكىن چۈپچۈكلۈكىدىن كەتمىگەن غورا ھا-
لىتىدىن ئۆزگەرگىنى يوق. پەرۋىشسىز قالغان ئۆرۈك ۋايىغا
يېتەلمەي يىگىلەپ قالغاندەك، «تەتقىقات» نىڭ ياردىمىدىن،
تۈرتكىسىدىن مەھرۇم قالغان تەرجىمىلىك كىشىنى زوقلاندۇر-
غۇدەك دەرىجىدە روناق تېپىشى ھەر ھالدا قىيىن، بۇنى تەج-
رىبىلىرىمىز ئوبدان ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.



تەرجىمە كەسپىنى سۆيىدىغان، بۇ كەسىپكە ھەۋەس قى-
لىدىغان بۇرادەرلىرىمنىڭ تەرجىمە تەجرىبىلىرىڭدىن بىرەر
نەرسە يېزىپ قالدۇرساڭچۇ دېگەندەك ئارزۇلىرى قۇلىقىمدىن
كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن، بولۇپمۇ مىللەتلەر نەش-
رىياتىدىكى مۇھەررىر بۇرادەرلەرنىڭ ھىممەتلىرىدىن مەمنۇن-
مەن. ئۇلارنىڭ تەرجىمە ئۈچۈن تەتقىقاتنىڭ تولىمۇ زۆرۈر
ئىكەنلىكىگە نەقەدەر جان كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇ-
رۇپتىمەن. ئەپسۇسكى، ئىككى خىل تىلنى بىلگەنلىكى ئادەمنىڭ
تەرجىمان بولالىشى ناتايىن بولغىنىدەك، تەرجىمان بولغان-
لىقى ئادەمنىڭ تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ ئۆھدىسىدىن چىقالىشى،
ھەتتا تەرجىمە تەتقىقاتىنى زۆرۈر دەپ توغرا چۈشىنىشى نا-
تايىن. تەرجىمە تەتقىقاتى تەرجىمە كەسپىنىڭ ماھارىتىنى
ئۆستۈرۈپ، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاشتا تولى-
مۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. راستىنى ئېيتقاندا، ماڭا ئوخشاش
30 — 40 يىللىق ئۆمرىنى «تەرجىمان» لىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ
تۇرۇقلۇق، تەرجىمىگە دائىر ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى چىن
مەنىسى بىلەن چۈشەنمەي، يېشەلمەي ھەتتا تەجرىبىلىرى-
نى يەكۈنلىيەلمەي كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە «كا-
مالەت» كە يېتەلمەي كەلگەن ئادەملەر يوق ئەمەس. بۇنىڭدى-
كى بىردىنبىر مۇھىم ئامىل تەرجىمىنىڭ «ھەمراھ» سىز قال-
غانلىقى، يەنى «تەتقىقات» نىڭ يار - يۆلەك بولۇشىدىن
مەھرۇم قالغانلىقى. بۇ — ئېچىنىشلىق تەجرىبە.

ياش تەرجىمانلىرىمىزدا، تەرجىمە ھەۋەسكارلىرىمىزدا
ئۈمىد زور، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. چۈنكى ھازىرقى ئىقتى-
سادىي ھاياتتىكى رىقابەت ئامىلى مەنىۋى ھاياتقىمۇ، جۈملى-
دىن تەرجىمە كەسپىگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. ھازىر-
قى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى تەرەققىيات يۆ-
نىلىشى بويىچە شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، مەتبۇئات

چىلىقتا مەتبۇئات ئورۇنلىرى تېما تاللايدىغان تۈزۈم ئىسلاھ قىلىنىپ، جەمئىيەت تېما تاللايدىغان يېڭىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلسە، ئۇ هالدا ئوخشاش بىر تېمىنى بىرنەچچە ئادەم (ئۇقۇشماستىن) تاللايدىغان، تەرجىمە قىلىدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن مەتبۇئات ئورۇنلىرى شۇ ئوخشاش بىر تېمىنىڭ بىر نەچچە ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىدىن تاللىۋالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ. تەرجىمە مۇشۇنداق رىقابەتكە لايىقلىشىش ئۈچۈن، تەرجىمە كەسپىنىڭ سەۋىيىسىنى ئىلمىي ئاساستا، ئۆزىگە خاس ئۆلچەم بويىچە ئۆستۈرۈش يولىدا تىرىشىشقا مەجبۇر بولىمىز. ئەلۋەتتە، شۇنداق تىرىشىش ئۈچۈن تەرجىمە تەتقىقاتىغا سۈيۈنۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى دەپ ئاتاشقا ئەرزىمەيدۇ، بۇ كۆپ يىللىق تەرجىمە كەسپىدىن هاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرنىڭ چالا - چۈشتى خاتىرىسى. شىنجاڭ ئەدەبىي تەرجىمە ئىلمىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ئىلمىي مۇهاكىمە ئۈچۈن تەييارلانغان «تەرجىمە سەنئىتى هەققىدە ئوچېرىك» سەرلەۋهىلىك ماقالىنى هېسابقا ئالمىغاندا، بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن باشقا ماقالىلەر ئاساسەن يېزىلغان ۋاقىت تەرتىپى بويىچە رەتلەندى. بۇلاردا تەرجىمە ئۆلچەملىرىگە دائىر مۇلاهىزىلەر، تەرجىمە ئەمەلىيىتى ۋە ئۇسۇلىغا دائىر تەجرىبە خاتىرىلىرى، تەرجىمە ئوبزورى، ئاتالغۇ تەرجىمىسىگە ئائىت مۇلاهىزىلەر، تەرجىمە تەنقىدچىلىكىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى مۇهاكىمىلەر، تەرجىمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە كونكرېت تارىخىي شارائىتتىكى ئەهۋاللار، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش سەرگۈزەشتەمدىن پارچە خاتىرە ۋە تەسىراتلار بار.

بۇ توپلامدا «تەرجىمە» ئىلمىگە دائىر مەسىلىلەر سىستې-



مىلىق، رەتلىك بايان قىلىنغىنى يوق؛ شۇنداق بولسىمۇ، ئىجتىهاتلىق ۋە ئەستايىدىل كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ، ئىلىم ئەهلىلىرىنىڭ تەرجىمە ئىلمىنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن مۇهاكىمە، مۇنازىرىنى جانلاندۇرۇشىدا «گەپ باشلاش» قا ئىلهامچى بولغۇدەك ئىجابىي ياكى سەلبىي نۇقتىئىنەزەرلەر تېپىلىشى مۇمكىن. تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ ساغلام جانلىنىشى، قانات يېيىشى ئۈچۈن، رەتسىز، خام «نۇقتىئىنەزەر» لىرىم تۆپەيلىدىن تۈنجى تەنقىد ئوقى ماڭا ئېتىلسا، بۇنىڭدىن زارلانمايمەن.

# تەرجىمە سەنئىتى ھەققىدە ئوچېرك

## 1. مۇقەددىمە

مۇئەييەن بىر يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن بىر ئەسىرىنى بىرنەچچە تەرجىمان ئۆز ئالدىغا تەرجىمە قىلسا، شۇ تەرجىمىلەر بىر – بىرىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ چىقىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ھادىسە. دېمەك، بىر ئەسەرنىڭ بىرنەچچە ئادەم تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تەرجىمىلىرىنىڭ بىر – بىرىگە مۇتلەق ئوخشاش بولۇپ چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇئەييەن بىر تەرجىمان مۇئەييەن بىر ئەسەرنى ئۆز ھاياتىنىڭ تۈرلۈك مەزگىللىرىدە يېڭىلاپ تەرجىمە قىلسا، شۇ تەرجىمىلەرنىڭ بىر – بىرىدىن پەرق قىلىشى مۇمكىن. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ھادىسە.

مۇئەييەن بىر ئەسەر تەرجىمىسىنىڭ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، تەرجىمانلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلىدىن، زامان – مەزگىلنىڭ پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلىدىن پەرقلىق بولۇپ چىقىشى ھەتتا بىر – بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ چىقىشى، بۇ ھادىسە تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. تەرجىمە سەنئىتىدىن ئوبدان



ھەۋىرى بار كىشىلەر بۇنداق ھادىسىلەرنى، ھەرقانداق تەرجىمە تەرجىمانىنىڭ تەرجىمىسىنى قانداق چۈشىنىشىنىڭ ۋە قانداق ئىشلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر، دېگەن نۇقتىئىنەزەر بىلەن يېشىپ بېرەلەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئىنسانىيەت دۇنياسى تۈرلۈك تۈمەن مىللەتكە پارچىلانغان؛ شۇ مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆزلىرىگە خاس تىللار بىلەن سۆزلىشىدۇ ۋە شۇ تىللىرى بىلەن بىر – بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. تىللىرى بىر – بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك جەھەتلەردىكى باردى – كەلدى مۇناسىۋەتلىرى ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ۋاستىچى ئامىلىنىڭ «تەرجىمە» پائالىيىتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئۇزۇن تارىخىي جەريانلىق ئەمەلىيەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىپ تۇرۇۋپتۇ.

دېمەك، تەرجىمە بىر خىل تىلدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى يەنە بىر خىل تىلدا ئىپادىلەپ بېرىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمە — بىر – بىرىگە ئوخشىمايدىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان شەخس، جامائە، مىللەتلەرنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشكە تىل جەھەتتىن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستە. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ XII ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك نامايەندىسى جالالىدىن رۇمىنىڭ مەسەللىرىدىن بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: تۈرلۈك شەھەرلەردىن كېلىپ قالغان تۆت كىشى ئۇچرىشىپ، بىر دەرھەم پۇلنى تەڭ تېپىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى پارس، بىرى تۈرك، بىرى رۇم پۇقراسى (يۇنان) ۋە يەنە بىرى ئەرەب ئىكەن. ھېلىقى بىر دەرھەم پۇلنى قانداق بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا تۆتەيلەن جېدەللىشىپ قاپتۇ. پارس بولسا ئەنگۇر سېتىۋېلىپ ئۈلۈشۈپ يەيلى دەپتۇ؛ ئەرەب بولسا ئىناب سېتىۋالايلى دەپتۇ. تۈرك بولسا، ئەنگۇر – پەنگۇرىڭنى قوي، ئىناب – پىناب دېگىنىڭ نېمە! ئەڭ ياخشىسى، ئۈزۈم ئالايلى دەپتۇ؛ رۇملۇق بولسا

ئىستاپىل سېتىۋالىمىز دەپتۇ. دېمەك پارس «ئەنگۈر» ئالماقچى، ئەرەب «ئىناب» ئالماقچى، تۈرك «ئۈزۈم» ئالماقچى، روملۇق بولسا «ئىستاپىل» ئالماقچى. بۇلار شۇنداق جېدەل - تالاش ئۈستىدە تۇرغاندا، ھەر خىل تىللارنى بىلىدىغان بىر پولىگلوت يولۇقۇپ، ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن. ھېلىقى بىر دەرەمگە ئۈزۈم ئېلىپ بېرىپتۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېدەلدىن توختاپ، ئېلىپەتچىلىك يولىغا مېڭىپتۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پارسمۇ، ئەرەبمۇ، تۈركمۇ، روملۇقمۇ ئۆز كۆڭلىدە مۇئەييەن ئوخشاشلا بىر نەرسىنى ئالماقچى - يۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىللىرىدا شۇ ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ نامى ئوخشاش بولمىغاچقا بىر - بىرىنىڭ تىلىنى چۈشەنمەي، بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان!

بۇ ھادىسە تىلدىكى ئورتاقلىقتىن ئەمەس، تىلدىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان. ئىنسانىيەت — بۇ بىر پۈتۈنلۈك. لېكىن شۇ پۈتۈنلۈك ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەردىن تۈرلۈك - تۈمەن ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋم، ئەل ۋە مىللەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن بىر ئىنسانىيەتنىڭ تىلىمۇ تۈرلۈك - تۈمەن خىلغا ئايرىلغان. قەدىمكى يەھۇدىي ئەپسانىلىرىغا قارىغاندا، يەر يۈزىدە توپان بالاسى بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، مېسوپوتامىيەنىڭ سەنئەر دېگەن يېرىگە توپلىنىپ قالغان ئادەملەر شەھەر قۇرماقچى ۋە ئېگىزلىكى ئاسمانغا تاقىشىدىغان كاتتا مۇنار سالماقچى بولۇپ ۋەدىلىشىپتۇ. ئەپسۇسكى، ئادەمزات نەسلىنىڭ بۇنداق تەنتەك ۋە بەگباشلىقىدىن دەرغەزەپ بولغان تەڭرى تائالا ئۇلارنىڭ تىللىرىنى شۇنداق چىرماشلاشتۇرۇۋېتىپتىكى، ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ تىلىنى زادىلا چۈشەنمەيدىغان بولۇپ



قاپتۇ*.

بۇ رىۋايەتتە ئىنسانىيەت ئىختىيارىدا ئەسلىدە يېگانە بىر تىل ئورتاق ئالاقە ۋاستىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، كېيىن پارچىلىنىپ، تارماقلىنىپ كەتكەنلىك بايان قىلىنسا، جالالىدىن رۇمىينىڭ مەسەلىدە شۇنداق پارچىلىنىشتىن كېيىن يۈز بەرگەن ھادىسىلەر، يەنى ئادەملەر ئارا تىل پەرقىدىن كېلىپ چىققان ئارازلىقلار، كۆپ تىلنى بىلىش خاسىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئىناقلىقلار بايان قىلىنغان.

ئىجتىمائىي ھاياتتا تىل پەرقى ئادەملەرگە ھەر جەھەتتىكى ئالاقىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەردە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. ئادەملەر بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن، بىر - بىرى بىلەن ئۇقۇشۇش، چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئورتاق تىللىق بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا يەنە بىر ياكى بىرنەچچە مىللەتنىڭ تىللىنى ئۆگىنىش، ئورتاق تىللىق بولۇشقا تىرىشىش ھەرگىزمۇ باشقا بىر مىللەتكە «خۇشامەت» قىلىش، تىلدا «ۋاستىچى» بولۇش، ئانا تىلنى «خورلاش» ئەمەس، ياكى ئۇ تىل باشقا بىر مىللەتنىڭ بەرگەن «ئىلتىپاتى»، «ھىممىتى» ئەمەس. بەلكى ھەربىر مىللەتنىڭ، ھەربىر شەخسنىڭ مەنىۋى، مەدەنىي، ئىلمىي كامالىتى ئۈچۈن زۆرۈر ئېھتىياجدۇر، ئەپسۇسكى، پولشالىق يەھۇدىي دوختۇر لازارۇس لۇدۋىك زامىنخوف ئۆز ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك سەرپ قىلىپ، 1887 - يىلى ۋۇجۇدقا چىقارغان، ئېسپىرانتو (دۇنيا) تىلىنى ئۆزلەشتۈرگەن ئادەملەر تولىمۇ چەكلىك؛ تۈرلۈك تىللارنى قوللىنىدىغان تۈرلۈك

* غ.سالاموۋ: «تەرجىمە نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» تاشكەنت، «ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 5 — 6 - بەت.

مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئومۇمەن دېگۈدەك بىرەر ئورتاق تىلنى ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ بىر-بىرىنى بىۋاسىتە چۈشىنىش دەرىجىسىگە يېتىشى قىيىن گەپ، شۇنداق ئىمكانىيەتكە كۆزى يەتكەن تەقدىردىمۇ، مۇساپە ئىنتايىن يىراق.

يەنىلا تەرجىمە كېرەك، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم ھەم زۆرۈر. زۆرۈر.

## 2. تەرجىمىنىڭ تۈرى

تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ تۈرى كۆپ، دائىرىسى كەڭ.

چېتىلىدىغان تىل جەھەتتىن ئالغاندا، تەرجىمىنى ئۆز تىلىدىن باشقا بىر تىلغا قىلىنىدىغان تەرجىمە ۋە باشقا تىلدىن ئۆز تىلىغا قىلىنىدىغان تەرجىمە دەپ ئايرىش مۇمكىن. مۇتلەق كۆپچىلىك تەرجىمانلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلىش ھەر ھالدا قىيىن، باشقا تىلدىن ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئومۇمەن ئاسانراق. لېكىن شۇنداق ئەھۋالمۇ مەۋجۇتكى، ئەسلىدە ئانا تىلى بىلەن تىلى چىققان، ئەمما مەكتەپ تەربىيىسىنى باشقا بىر مىللەت تىلىدا ئالغان ئادەملەرنىڭ باشقا تىلدىن ئۆز ئانا تىلىغا ئىشلىگەن تەرجىمىلىرى ھەر ھالدا پەردازلىرى چالا قالغان بويۇمغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەر ئىككى تىلنى بىر-بىرىگە توغرا تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە ئېرىشىش — ھەربىر تەرجىمان ئۈچۈن كامالەت تېپىش نىشانىغا ئايلىنىشى كېرەك.

ئىشلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا، تەرجىمىنى ئېغىز تەرجىمىسى ۋە قەلەم تەرجىمىسى دېگەن ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بۇ ئىككى خىل تەرجىمە ئۇسۇلىنىڭ ئورتاقلىق تەرىپىمۇ، خاسلىق تەرىپىمۇ بار: ئېغىز تەرجىمىسىدە



بولسۇن، قەلەم تەرجىمىسىدە بولسۇن، تەرجىمە توغرا، راۋان بولۇشى لازىم. بۇ ئورتاقلىقتىن باشقا، ئېغىز تەرجىمىسىدە تەرجىماننىڭ ئېڭىسى ئۆتكۈر، چۈشىنىشى تېز، ھېپىزى (ئېسىدە تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى) كۈچلۈك بولۇشى لازىم. قەلەم تەرجىمىسىدە تەرجىمان ئالدىرىماي-ئاستىماي، قايتا-قايتا ئويلىنىپ-تەتقىق قىلىپ، تەرجىمىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە.

ماتېرىيال تۈرى جەھەتتىن ئالغاندا، سىياسىي-نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر تەرجىمىسى، ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىسى، پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرى تەرجىمىسى، خەت-چەك، ھۆججەت-ئالاقە تەرجىمىسى دېگەن تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن.

خەلقئارا مۇناسىۋەت ساھەلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىشى، پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەرجىمە تىل ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولغىنى ھالدا زامانىۋىلىشىپ بارماقتا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ساھەدىكى تەرجىمە خىزمىتىنى ئېلېكترون تېخنىكا ئورۇندىماقتا. دېمەك ماشىنا تەرجىمىسىمۇ تەرجىمە تۈرلىرىنىڭ بىرى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن تاشقىرى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ، تەرجىمىنى يەنە ئادەتتىكىچە تەرجىمە ۋە پەۋقۇلئاددە تەرجىمە دېگەن خىللارغىمۇ ئايرىش مۇمكىن. ئادەتتىكىچە تەرجىمە دېگىنىمىزدە ئورىگىنالنى (ئەسلى ئەسەر، ئەسلى نۇسخىنى) كەم-كۈتىسىز ئەينەن تولۇق تەرجىمە قىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز؛ پەۋقۇلئاددە تەرجىمە دېگىنىمىزدە ئالاھىدە مەقسەتنى، ئالاھىدە ۋەزىپىنى ۋە ياكى ئالاھىدە زۆرۈرىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئورىگىنالنى كۆكلەپ (ئاتلاپ، تاشلاپ، ئۈزۈۋېلىپ) ۋە ياكى يۇغۇرۇپ-قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز، تەرجىمە قىلىش زۆرۈر

بولۇپ، ھەجمى ياكى مىقدارى كۆپ بولغاچقا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىمكانىيەت تولۇق يار بەرمىگەن شارائىتتا، ئەنە شۇنداق تەرجىمە قىلىش زۆرۈر بولغان ئەسەر ـ ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلماي، نائۈمىد بولۇپ تۇرغاندىن كۆرە، ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ، مەنىۋى ئوزۇقنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش زۆرۈر ۋە پۈتۈنلەي مۇمكىن. لېكىن بۇنداق شارائىتتا شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ئىمكانىيەت يار بەرسە، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەسلى ئاپتورنىڭ قىسقارتىش توغرىسىدىكى مەسلىھەتىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق ئىمكانىيەت بولمىسا، قىسقارتىشتا شۇنداق ئېھتىيات قىلىش توغرا كېلىدۇكى، سۆز ـ جۈملە ياكى ئابزاسلارنى ئاڭسىز تاشلاپ كېتىشتىن ۋە ياكى تەرجىمە قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن تاشلاپ كېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك؛ بەزى ژۇرناللاردا ۋە گېزىتلەردە تەرجىمە ماقالىلەر بەلگىلىك ئورۇنغا سىغماي قالغاندا، تەھرىر شۇ ماقالىلەرنى قىسقارتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، شۇنداق شارائىتتا ماقالىنىڭ ئاياغىدىن (كۆپ ھاللاردا شۇنداق ھادىسىلەر يۈز بېرىپ قالىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە) ياكى ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن ئۈزۈپ تاشلاشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، تەرجىمىدە ئالسىمۇ بولىدىغان، ئالمىسىمۇ بولىدىغان، چىقىرىپ تاشلىسا كەملىك قىلمايدىغان چىقىرىپ تاشلىمىسا ئوشۇقلۇق قىلمايدىغان سۆز ئىبارە، جۈملە ياكى ئابزاسلارنى قىسقارتىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسلى ئاپتور ئالدىدىمۇ تەرجىمىنىڭ كىتابخانلىرى ئالدىدىمۇ ھەتتا تەرجىمە تەنقىدچىلىرى، تەرجىمىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگەنگۈچى ھەۋەسكارلار ئالدىدىمۇ (مەيلى غايىبانە بولسىمۇ) جاۋابكارلىقنىڭ ھۆددىسىدىن ساداقەتلىك بىلەن چىقىش ئۈچۈن، ئىمكانىيەت تېپىپ، گېزىتنى كەلتۈرۈپ



ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، ئوقۇغان، ئاڭلىغان ئادەم شۇ تەرجىمىنىڭ «ئەينەن» ياكى «قىسقارتىلغان» ۋە ياكى «ئۆزلەشتۈرۈلگەن» لىكىنى بىلىپ قالسۇن. — بۇ، ۋىجدانلىق تەرجىمانلارنىڭ كەسىپ ئەخلاقى.

تەرجىمىنىڭ تۈرى جەھەتتە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن تاشقىرى، پېداگوگىكىلىق تەرجىمىمۇ بار. پېداگوگىكىلىق تەرجىمە كۆپ ھاللاردا مەكتەپ مائارىپىدا ئوقۇغۇچىلارنى تىل دەرسىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىدىن ئەتراپلىق مەلۇماتلىق قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. چەت ئەل ياكى باشقا بىر مىللەت تىلىنى ئۆگىنىش، قەدىمكى زامان تىللىرىنى ئۆگىتىش دېگەندەك ئايرىم ئوقۇتۇش ـ ئوقۇش شارائىتلىرىدا، ئىككىنچى بىر تىلنىڭ، شۇ قاتاردا قەدىمكى زامان تىللىرىنىڭ ئۈجۈر ـ بۈجۈرى بىلەن تونۇشۇش توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تىللارنى فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس جەھەتتىن سېمانتىكا جەھەتتىن، ستىلىستىكا جەھەتتىن تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ، بۇ زۆرۈرىيەتلەرنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن ھەربىر ھەرپ، ھەربىر سۆزنىمۇ تەرجىمە قىلىش، ئۇلارنىڭ جۈملە تەركىبىدىكى روللىرىنىمۇ تەپسىلىي ئۆگىنىش توغرا كېلىدۇ. پېداگوگىكىلىق تەرجىمە دېگىنىمىزدە ئەنە شۇنداق ھەرپمۇ ھەرپ، سۆزمۇسۆز تەرجىمىنى كۆزدە تۇتىمىز، بىز ئادەتتە ئەيىب كېلىشۋاتقان ئومۇمىي مەنىدىكى تەرجىمە ئەنە شۇنداق پېداگوگىكىلىق تەرجىمىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەگەر بىر تەرجىمان مەيلى مەكتەپ تەربىيىسىدە بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە بولسۇن، ئۆزىنىڭ تەرجىمە سەنئىتىنىڭ ئۇلىنى پېداگوگىكىچە تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن. ئۇنىڭ تەرجىمىسى، ھامان ئاساسىي ماھارەت جەھەتتە ئالغان تەربىيىسىنىڭ، قىلغان مەشقىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، «كاسىپ» سەۋىيىسىدىلا توختاپ

قىلىپ، تەرجىمە مۇتەخەسسىسى، تەرجىمە سەنئەتكارى دەرىجىسىگە يېتىشتىن يىراقلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئاساسىي ماھارەتتە پىشمىغان ئارتىستنى سەھنىگە چىقىرىپ قويسىڭىز، ئۇ ئۆز رولىغا خاس تەييار سۆزلەرنى سۆزلىشى، تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى ئەسەردە يېزىلغىنىدەك دوراپ قىلىشى، يىغلىشى، كۈلۈشى مۇمكىن، لېكىن ھېس - تۇيغۇ جەھەتتە رولنىڭ ئۆزىگە ئايلىنالماي، ئاخىر چاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئۈستەڭنى چوڭقۇر چاپقان ئادەم سۇنى ئويناپ تۇتالايدۇ، تەرجىمىنىڭ ئاساسىي ماھارەتلىرىنى، قانۇنىيەتلىرىنى ئوبدان ئىگىلىگەن ئادەم تەرجىمىدە گۈل كەلتۈرەلەيدۇ، دېمەك، پىداگوگىكىلىق تەرجىمىنى «زۆرۈرىيەت ئالەمى» دېمەك، شۇ ئالەمنى، شۇ دۇنيانى زېرىكمەي، زوق بىلەن كەزگەن ئادەم «ھۆررىيەت ئالەمى» گە ئۆتەلەيدۇ، تەرجىمانلىقنىڭ ئاددىي «كاسىپ»لىرى ئەمەس، ماھىر «سەنئەتكار»لىرىدىن بولالايدۇ. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش توغرا كېلىدىكى، «پىداگوگىكىلىق تەرجىمە» نى تەكىتلەشتىن مەقسەت ھەرگىزمۇ «سۆزمۇسۆز تەرجىمە» ئېقىمىنى ئالغا سۈرۈش ئەمەس، تىككۈچى شاگىرتلارنىڭ كىيىمگە كۆك سېلىشنى مەشق قىلىشتىن مەقسىتى كىيىمنى مەڭگۈ كۆكلەپ تىكىش بولمىسا كېرەك.

## 3. تەرجىمە ئۆلچىمى ھەققىدە

تەرجىمىدە تۈپ ئامىللارنىڭ بىرى تىلدۇر، تەرجىمە تىلدىن خالىي بولالمايدۇ، «تىل» سىز تەرجىمە مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر مەنىدىن ئالغاندا، تەرجىمە فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس ۋە ستىلىستىكا ئىلىملىرى بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر تىل ئىلمىدۇر.



بۇ تىل ئىلمى ئىككى خىل ياكى كۆپ خىل تىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ يەنىلا تىل تەتقىقاتىنى مەركەز قىلغانلىقى ئۈچۈن باشقا تىل ئىلىملىرى بىلەن ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمىدىن ئىبارەت بۇ تىل ئىلمى ئىككىنچى خىل تىلنى (ياكى ئەسلى ئەسەرنى، ئەسلى تېكىستنى) توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىش بىلەن بىللە ئۇنى بىرىنچى خىل تىلدا (ياكى ئانا تىلدا، تەرجىمە قىلغۇچى تىلدا) توغرا ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، شۇ تىللارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئوخشاش ۋە ئوخشىماسلىقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى، شۇ زىددىيەتلەرنى توغرا مۇرەسسەلەشتۈرۈش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ — تەرجىمە ئىلمىدىن ئىبارەت تىل ئىلمىنىڭ باشقا تىل ئىلىملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى ئالامەتلەرنىڭ بىرى. تەرجىمە ئىلمى يالغۇز تىلنى، چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەشنىڭ بۇ كونكرېت ۋاستىسىنى، يەنى سۆزدىن، يېزىقتىن ئىبارەت شەكلىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، شۇ شەكىل ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەزمۇننى، يەنى پىكىرنى ھەم تەتقىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «سىخەي» ناملىق جۇڭگو قامۇسىدا تەرجىمىگە: «بىر خىل تىل - يېزىقتىكى مەنىنى يەنە بىر خىل تىل - يېزىق بىلەن ئىپادىلەشتۇر» دەپ تەبىر بېرىلگەن. سوۋېت ئىنسىكلوپېدىيىسىدىمۇ: «باشقا بىر خىل تېكىستنى (يازما ياكى ئېغىزچە) بۆلەك بىر خىل تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت» دەپ تەبىر بېرىلگەن. بۇ يەردە «مەنە» دېگەن سۆز پىكىر، مەزمۇن، مەقسەت دېگەندەك چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «تېكىست» دېگەن سۆزمۇ قەلەم بىلەن يېزىلغان «تېكىست»، ئېغىز بىلەن، مۇزىكا بىلەن ئورۇنلىنىدىغان، ئېيتىلىدىغان شېئىر، ناخشا «تېكىستى»، تىياتىردا سەھنە

«سۆزى» دېگەندەك ئىستېمال شەكىللىرى ئارقىلىق ئەسلى پىكىر، مەزمۇن ۋە ياكى مەقسەت دېگەن چۈشەنچىلەرنى بىلدۈردى. بۇ تەبىر ۋە چۈشەنچىلەردىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىنكى: تەرجىمە بىر خىل تىلدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى يەنە بىر خىل تىلدا تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش دېمەكتۇر. دىققەتنى شۇنىڭغا تارتىش زۆرۈركى، بۇ يەردە گەپ بىر خىل تىل، يەنى ئېنىق ۋە كونكرېت ئېيتقاندا، ئېغىز بىلەن ئېيتىلغان بىر خىل «سۆز» قەلەم بىلەن يېزىلغان بىر خىل «ھەرپ» ئۈستىدە ئەمەس، يەنى «شەكىل» ۋاستىسى ئۈستىدە ئەمەس، تامامەن ئەكسىچە، «سۆز» ياكى «ھەرپ» بىلەن گەۋدىلەنگەن شەكىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان «مەزمۇن» ئۈستىدە بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە زادى نېمىنى تەرجىمە قىلىش كېرەك؟ گەپ – سۆزنىمۇ ياكى خەت – ھەرپنىمۇ ۋە ياكى شۇ گەپ – سۆز، شۇ خەت – ھەرپ ئىچىگە سىڭگەن پىكىر، مەزمۇننىمۇ؟ تەرجىمە تارىخى باشلانغاندىن بۇيان گايى چاغلاردا قىسمەن يېشىلىپ، گايى چاغلاردا يېشىلمەي كېلىۋاتقان بۇ مەسىلە تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە ئۆلچىمى، تەرجىمە پرىنسىپلىرى ۋە قائىدىسى، تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە تۈرلۈك ئىلمىي كۆز قاراش ۋە تەرجىمە ئۇسۇللىرى مۇنازىرىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

تەرجىمە تارىخىدىن، ئېنىق ۋە كونكرېت ئالغاندا، غەيرىي مىللەتلەر تىلىدىن خەنزۇ مىللىتى تىلىغا قىلىنغان تەرجىمە تارىخىدىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، ئېلىمىزدە تەرجىمە ئىشى بارلىققا كېلىش بىلەن تەڭ، بولۇپمۇ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى بارلىققا كېلىش بىلەن تەڭ باشلانغان «سىدام تەرجىمە» بىلەن «مەنەن تەرجىمە» ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوت-



تۇرىسىدا ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر راھىب تەرجىمان شاكراتاۋاننىڭ «تەرجىمىدە سانسكرت تىلىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاش» تەشەببۇسىنى تەرجىمە پرىنسىپى قىلغان ھالدا گەۋدىلەنگەن. «سىدام تەرجىمە» دېگەن سۆز ئەسلى ئەسەردە مەلۇم پىكىر – مەزمۇن قانداق سۆز، قانچە سۆز ۋە قانداق گىراماتىك شەكىل بىلەن بېرىلگەن بولسا، ئۇلارنى شۇنداق شەكىلدە ئىككىنچى تىلغا ئەينەن ئالماشتۇرۇش، يەنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىش دېمەكتۇر، تەرجىمە ئەمەلىيىتى ۋە ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، بۇنداق ساددا – سادام تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ (سانسكرت تىلىنىڭ) چىن قىياپىتىنى ساقلاش مەقسەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە تىلى كىتابخانلىرىغا چۈشىنىش جەھەتتىن كۆپ ئېغىرچىلىق كەلتۈرىدىغانلىقى ئەمەلىي پاكىت. شۇنىڭ ئۈچۈن شاكراتاۋان بىلەن زاماندىش مەشھۇر يەنە بىر ئۇيغۇر راھىب – تەرجىمان كۇمراجىۋا «مەنەن تەرجىمە» نى تەشەببۇس قىلىپ، تەرجىمىنى خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتىگە لايىق ئۆزگەرتىپ، ئىلگىرى – كېيىنلىك ئورنىنى ئالماشتۇرۇپلا قويغان، يەنى تەرجىمىدە ئاساسىي ئېتىبارىنى تېكىستنىڭ «شەكلى» تۈزۈلۈشىگە ئەمەس، روھى – ماھىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىگە، يەنى «مەنە» گە بەرگەن.

«سىدام تەرجىمە» بىلەن «مەنەن تەرجىمە» ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش – تارتىش مەشھۇر خەنزۇ راھىب ھەم تەرجىمان شۋەنزاڭ ياشىغان زاماندا (مىلادى 602 — 664 يىللىرى) «يېڭىچە تەرجىمە» دېگەن نام بىلەن بىرلىككە كەلگەن. كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، شۋەنزاڭ سىدام تەرجىمە بىلەن مەنەن تەرجىمىنىڭ نۇقسانلىق تەرەپلىرىنى تاشلاپ، ئارتۇقلۇق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىرمۇنچە يېڭىچە تەرجىمە ئۇسۇللىرىنى ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن شۋەنزاڭ تەرجىمە قىلغان بۇددا نوملىرى شۇ

تارىخىي شارائىتلاردا تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئۆلگىسى دەپ تەرىپلەنگەن.

مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدە تەرجىمە ئىشى دىن دائىرىسىدىن چوڭ قەدەملەر بىلەن ئاتلاپ ئۆتۈپ، پەلسەپە، تەبىئىي پەن، ئەدەبىيات ساھەلىرىگە كۆچكەن. يەن فۇ (1854 — 1921) مەشھۇر تەرجىمە ئەمەلىيەتچىسى ھەم نەزەرىيىچىسى بولغىنى ھالدا، بىرقەدەر مۇكەممەل تەرجىمە ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «تەرجىمىدە دۇرۇس، ئۇقۇملۇق، پاساھەتلىك بولۇش دېگەن ئۈچ مۇھىم ئامىل بار» دېگەن. يەن فۇنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى تاكى ھازىرغىچە ھىمايە قىلغۇچىلار ئاز ئەمەس. لېكىن «پاساھەتلىك» دېگەن سۆز ئۈستىدە تالاش - تارتىش ئاز ئەمەس. يەن فۇ ئەسلىدە «پاساھەتلىك» دېگەن سۆزنى يەشكەندە: ماقالە - ئەسەرنى زاماندىن زامانغا ئۆتۈپ، قولدىن قولغا، ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ يېزىش ئۈچۈن، خەتمە ئوقۇغاندەك، ئىدىغام - مەئەلغۇنلىرىنى چىقىرىپ ئوقۇغاندەك ھەشەمەتلىك، لەتاپەتلىك، قەدىمىي تىل گۈزەللىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان پاساھەتلىك سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىش كېرەك دېگەن؛ يەنى چەت ئەل ئەسەرلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمىي زامان ئەدەبىي تىلى بىلەن تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. يەن فۇنىڭ «دۇرۇس»، «ئۇقۇملۇق» دېگەن تەشەببۇسى بىرقەدەر مۇكەممەل ھەم ئىخچام بولغانلىقى بىلەن دەۋر سۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ھەتتا «پاساھەتلىك» قىلىش دېگەن ئىبارىسى بەزى ھاللاردا «ئەدەبىي ئەسەر تەرجىمىسىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاش» دېگەن مەنىگە تارتىپ چۈشەندۈرۈلسىمۇ، لېكىن ھامان مۇنازىرىدىن خالى بولالماي كەلمەكتە. چۇ چيۇبەي: قەدىمكى زامان ئەدەبىي تىلى بىلەن تەرجىمە قىلغاندا قان-



داقمۇ دۇرۇس، ئۇقۇملۇق تەرجىمە قىلغىلى بولسۇن؟ دەپ لوقما سالغان بولسا، گومورو: يەن فۇنىڭ ئۈچ شەرتلىك تەشەببۇسى مۇھىم ھەم مۇكەممەل؛ ئەدەبىي ئەسەر تەرجىمىسىدە بولۇپمۇ 3 - شەرتى تېخىمۇ ئېتىبارغا سازاۋەر دەپ تەرىپلىگەن①؛ لۇشۈننىڭ: يەن فۇ «دۇرۇس، ئۇقۇملۇق، پاساھەتلىك» دېگەن بىر نېمىلەرى ئۈستىدە بىر قۇر گەپ ساتقاندىن كېيىن، ئاخىرىدا «شاكراتاۋان دېگەن راھىب - خەلپەت مېنى دورىساڭ كېيىنلىكتە گېرىپتار بولىسەن دەپتىكەن، ۋارىسلار كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ كىتابىتىكىلەرنى راست ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭلار!» دەپ باياناتىنى ئېلان قىلىپ، ئۆز تەرجىمىسىنى ‹تەرجىمە› دەپ ئاتىماي، خۇگۇەنلىك يەن فۇ مەيھۇ مېنى ئۇقتۇرغان، دەپ يېزىپ قويغانىكەن، دەپ مۇلاھىزە قىلغان②. يەنە بەزىلەر: «پاساھەتلىك قىلىش»، «قەدىمكى ئەدەبىي تىلدا تەرجىمە قىلىش»، «لەتىپ»، «گۈزەل» ئىپادىلەش دېگەن گەپلەرگە قوشۇلالمايمىز، دەۋرنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ تىلدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. ھازىرقى دەۋردە، يەنى XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا «لەتىپ»، «پاساھەتلىك»، «گۈزەل» دېگەن سۆزلەرگە «ئۇسلۇب» دېگەن مەنىسىنى بېرىپ، تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش توغرا كېلىدۇ③ دەيدۇ. دېمەك يەن فۇنىڭ تەرجىمە قائىدىسى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئالغا سۈرگەن تەشەببۇسلىرى بىرقەدەر مۇۋاپىق بولسىمۇ، يەنە زامان ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا، مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرماقتا. تەسىراتى كەڭ ۋە ئۇزۇن بولغان بۇ تەشەببۇسنىڭ

---

① ③ خەنزۇچە «رۇسچە - خەنزۇچە تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ماھارىتى»، ئېلېكترون سانائىتى نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرىگە قاراڭ.

② «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1975 - يىل نەشرى، 79 - بەتكە قاراڭ.

زاماندىن زامانغا بەس - مۇنازىرىدىن، لوقمىدىن خالى بولالمايۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەرسە كېرەك.

يەن فۇ بىلەن زامانداش مەشھۇر تەرجىمان لىن شۇ (يەنە بىر ئىسمى لىن چىڭنەن، 1852 — 1924) چەت ئەل تىلىنى بىلمىسىمۇ، باشقا ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ئېغىزدا قىلىپ بەرگەن تەرجىمىسىگە ئاساسەن خاتىرىلەپ يېزىش ئۇسۇلى بىلەن 170 نەچچە خىل چەت ئەل ئەدەبىي ئەسىرىنى «مەنەن تەرجىمە» قائىدىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرجىمە قىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنگلىز، ئامېرىكان، فرانسۇز، رۇس، ئىسپان، نورۋېگ، گرېك، شۋېت، ياپون تىللىرىدىكى ئەسەرلەر بار. ئۇنىڭ تەرجىمە ئۇسۇلىنىڭ «قۇلىقىدا ئاڭلاش بىلەن تەڭ قولىدا قەلەم يۈرگۈزەلەيدۇ، قۇلىقىغا ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋاز توختاش بىلەن تەڭ قەلەممۇ توختايدۇ» دېگەن تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭ تەرجىمىسىدە ئورۇنسىز تاشلىنىپ قالغان، كۆپىيىپ - قوشۇلۇپ قالغان، چۈشۈپ قالغان ھەتتا خاتا كەتكەن يەرلەر كۆپ ئۇچرايدۇ؛ ئۇ ھەتتا سەھنە ئەسەرلىرىنى ھېكايىگە، نەزمىنى نەسرگە ئۆزگەرتىپمۇ تەرجىمە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەرجىمە قائىدىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى تەرجىمە نەزەرىيىسى جەھەتتىن قوبۇل قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ؛ لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي تەرجىمىسى بىلەن دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تونۇشتۇرۇشتا، نۇرغۇن ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىلھام بېرىشتە، خەنزۇلارنىڭ ھېكايىچىلىقىدىكى كونا قېلىپلىرىنىڭ ياۋروپاچە ھېكايە قېلىپىغا كۆچۈشىگە تەسىر كۆرسىتىشتە، دۇنياۋى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلۇشىدا تۆھپە ياراتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا قەدىرلىنىپ تۇرماقتا.

لۇشۈننىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ



تەڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ تەرجىمە ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، تەرجىمە نەزەرىيىسىنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. تەرجىمىنى قۇرت چۈشكەن، زېدە بولغان ئالمىنى يېيىش ئۇسۇلى بويىچە باھالاش كېرەك؛ تەرجىمىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويماي، پەرۋىش بىلەن گۈللەندۈرۈش كېرەك؛ تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قايتا، تەكرار تەرجىمىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك؛ تەرجىمىگە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن، ۋاستىلىك تىلدىن، يەنى تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.
— لۇشۈن ئەنە شۇنداق تەشەببۇسلىرىدىن تاشقىرى، تەرجىمە ئۆلچىمى توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. لۇشۈن: «تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە ئوخشار ئېتىبار بېرىش كېرەك: بىر تەرەپتىن چۈشىنىشلىك قىلىشقا تىرىشىش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلى ئەسەرنىڭ تۇرقى - سىياقىنى ساقلاش كېرەك...»، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلۇپ قالسا، «يات كۆرۈنمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، كىيىم-كېچەكلىرىنىلا ئۆزگەرتىش مۇمكىن، بۇرنىنى يونۇپ پاناق قىلىپ قويماسلىق، كۆزلىرىنى ئويۇۋەتمەسلىك كېرەك...» دەيدۇ. دېمەك بۇ يەردە تەرجىمىدە شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى تولىمۇ ئوبرازلىق ھالدا تەكىتلەنگەن. لۇشۈن تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە ئۆلچىمى مەسىلىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرىدە «تەرجىمە راۋان بولمىسا بولمىسۇنكى، دۇرۇس بولسۇن» دېگەن ئىبارىنى بىرقانچە يەردە تىلغا ئالغان. بۇ يەردىكى «راۋان» دېگەن سۆزدە ئېغىزدا سۆزلەشكە، كۆز بىلەن كۆرۈپ ئوقۇشقا راۋان چۈشۈپ بېرىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا، «دۇرۇس» دېگەن سۆزدە ئەسلىگە سادىق بولۇش، ئىشەنچلىك قىلىش دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ «تەرجىمە دۇرۇس ۋە لېكىن راۋانسىز بولسا، — دەپ يازىدۇ.

لۇشۈن «بىرنەچچە راۋان تەرجىمە» سەرلەۋھىلىك تەقرىزىدە: — ھەرقانچە دېگەندىمۇ چۈشىنىكسىز چىقار، ئويلاپ كەلگەندە چۈشىنىپ كەتكىلىمۇ بولار؛ تەرجىمە راۋان بولسىمۇ دۇرۇس بولمىسا، كىشىنى ئازدۇرۇپ قويىدۇ، ھەرقانچە ئويلىغان بىلەنمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر چۈشەنگەندەك بولغان بولسىڭىز، ئېزىپ كەتكەنلىكىڭىز شۇ.»① لۇشۈننىڭ تەرجىمە «راۋان بولمىسا بولمىسۇنكى، دۇرۇس بولسۇن» يەنى ئەسلىگە سادىق، ئەينەنچىلىك بولسۇن دېگەن تەشەببۇسى، خۇددى ئېگىلىپ كەتكەن چىۋىقنى رۇسلاش ئۈچۈن بەكرەك قايرىپ ئەگكەندەك بىر ھالەت بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قاتمال، ئۆلۈك، بۇرمىلانغان ھەتتا خاتا تەرجىمىلەرنىڭ مەدەنىيەت — ئەدەبىيات مۇنبىرىنى قاپلاپ كېتىشىگە زامىن بولغان «دۇرۇس بولمىسا بولمىسۇنكى، راۋان بولسۇن» دېگەن تەرجىمە بىدئەتلىرىگە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1931 - يىللىرى لياڭ شىچيۇ، جاۋ جىڭشېڭ: تەرجىمە «خاتا بولسا مەيلىكى، راۋان بولسۇن، دۇرۇس قىلىمەن دەپ تاققا - تۇققا قىلماسلىق كېرەك» دېگەن تەشەببۇسنى كۆتۈرۈپ چىققان، ئۇلار: «تەرجىمە قىسمەت بۇرمىلىنىپ، خاتا كەتكەن تەقدىردىمۇ سىزگە تېگىشلىكى بىرلا خاتالىق بولىدۇ، شۇ خاتالىقتىن، ئېھتىمال چەكسىز زىيان تېگەر، لېكىن (راۋان بولغانلىقى ئۈچۈن) ئوقۇغىنىڭىزدا ھوزۇر قىلىسىز»② دېگەنىدى. لۇشۈننىڭ بۇنىڭغا قارشى «راۋان بولمىسا مەيلىكى، دۇرۇس بولسۇن» دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىشتىن مەقسىتى

---

① «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1975 - يىل نەشرى، 134 - بەتكە قاراڭ.

② خەنزۇچە «تەرجىمە تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، «چەت ئەل تىلىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىق قىلىش» نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، 230 - بەتكە قاراڭ.



«يۈكسىنىش» دېگەن سۆزنى ئەسلى رۇس تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە ئەينەن «تىزىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش» دەپ، «ئۇگدەسىغا يېتىش» دېگەن سۆزنى ئەسلى ئىنگلىز تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە ئەينەن «دۈمبىسىنىڭ ئۈستىدە ئاسمانغا قاراپ يېتىش» دەپ تەرجىمە قىلىشنى تەرغىب قىلىش ئەمەس ئىدى، لۇشۈننىڭ تەشەببۇسى تەرجىمىنىڭ ئىلمىي ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي شارائىتتا تەرجىمە قائىدىسىدىكى بىدئەتلەرنى، ئۇرۇپ - سوقۇپ تەرجىمە قىلىدىغان مالىمانچىلىقلارنى ئوڭشاش رولىنى ئوينىغانىدى. ھەتتا ھازىرقى كۈندىمۇ يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. تەرجىمىدە ھەم «چۈشىنىشلىك قىلىش»، ھەم «ئەسلى سىياقىنى ساقلاش» ئارقىلىق ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىجادىي يوسۇندا ھەل قىلىپ كېتىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بەزىلەر «راۋان بولمىسا مەيلىكى» دېگەن ئىبارىگىلا ئېسىلىۋېلىپ لۇشۈن «سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىغا بېرىلگەن»، «لۇشۈن مەزمۇنىدىن كۆرە شەكىلگە ئارتۇق ئېتىبار بەرگەن» دەپ لۇشۈننى «سۆزمۇسۆز تەرجىمە» نىڭ، يەنى «سىدام تەرجىمە» نىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى ۋە ئۇرۇنماقتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يارىماس تەرجىمىلىرىگە لۇشۈننى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا ھەرىكەت قىلماقتا. لۇشۈننىڭ تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا ئۇزۇندىكەش پاچاقچىلىقتىن ساقلىنىپ، كونكرېت تارىخىي شارائىتلارنى ۋە زۆرۈرىيەتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، روھىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

تەرجىمە ئۆلچىمى توغرىسىدا بىرمۇنچە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەشەببۇسلىرى بار، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، بىر - بىرىنىڭ قاراشلىرىنى رەت قىلىدىغان تەشەببۇسلىرىمۇ بار. پەقەت چەت ئەل تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە تەجرىبىلىرىگە

ئاساسەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىدىن تاشقىرى، ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

«يەن فۇ ياخشى تەرجىمە دۇرۇس، ئۇقۇملۇق، پاساھەتلىك بولىدۇ دەپتۇ. ئۇنىڭ پاساھەت دېگىنى قەدىمكى ئۇسلۇبقا تارتقانلىقى. بىز قەدىمكى ئۇسلۇبنى خالىمايدىغان بولساق، ياخشىلىققا ئىنتىلىش كېرەك. ياخشى دېگىنىمىز — كىتابخانلار (تەرجىمىنى) ئوقۇغاندا ھۇزۇرلىنىدىغان بولسۇن دېگىنىم.» — خۇشى.

«تەرجىمانىدا تېكىستىنى ھەرپىمۇ ھەرپ، سۆزمۇ سۆز چۈشىنىش مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن ھەرپىمۇ ھەرپ، سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق؛ تەرجىمانىنىڭ سادىق بولىدىغىنى تېكىستنىڭ ھەرپلىرى ئەمەس، ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان گەپلەرنىڭ مەزمۇنى.» — لىن يۇتاڭ.

«شەكلى ئوخشاش، مەزمۇنى ئوخشاش. روھى ئوخشاش بولسۇن.» — چېن شىيىڭ.

«تەرجىمە تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بېرەلىشى شەرت؛ تەرجىمىدىكى ئۇسلۇب ۋە پوزىتسىيە تېكىستنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشاش بولۇشى شەرت؛ تەرجىمە تېكىستكە ئوخشاش راۋان بولۇشى شەرت.» — چېن چېڭدو.

«ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئالىي ئۆلچىمى — ئۆزلەشتۈرۈش، ئەسەرنى بىر ئەلنىڭ يېزىقىدىن يەنە بىر ئەلنىڭ يېزىقىغا ئايلاندۇرغاندا، تىل - يېزىق ئادەتلىرىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن قاتماللىق، تاقىقا - تۇققۇلۇق ئالامەتلىرىنى چىقارمىسا، ئەسلى ئۇسلۇبنىمۇ تولۇق ساقلىيالىسا، ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ.» — چيەن جۇڭشۇ.

«روھىي جەھەتتىن ئوخشىتىشقا ئېتىبار بېرىپ، شەكلى جەھەتتىن ئوخشىتىشقا ئېتىبار قىلماسلىق»، «مېغىزى ئالدىدا شاكىلىنى. ئىچى ئالدىدا تېشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش



كېرەك.» — فۇلېي.

«ئادەتتىكى تەرجىمىگە قويۇلىدىغان ئەڭ تۆۋەن تەلەپ شۇكى، تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى ھېچ بولمىغاندا چۈشىنىشلىك، راۋان تىل بىلەن سادىق ئىپادىلەپ بېرىش كېرەك... ئەدەبىي تەرجىمىدە تېكىستنىڭ بەدىئىيلىكى باشقا بىر تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلىدۇكى، كىتابخان تەرجىمىنى ئوقۇغىنىدا ئەسلى تېكىستنى ئوقۇغاندەك ئىلھام، تەسىرات ئالسۇن ۋە ھۇزۇرلانسۇن...... مۇشۇنداق تەرجىمە جەريانى تەرجىمان بىلەن ئاپتورنى بىرلەشتۈرىدۇ، تەرجىمە گويا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى باشقا بىر تىلدا يازغاندەك بولۇپ چىقىدۇ.» — ماۋدۇن.

«ئەسلى ئەسەردىكى پىكىرنى (مەزمۇننى) ئۆزىنىڭ قېلىپلاشقان ئومۇمىي خەلق تىلى بىلەن تولۇق، توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاش كېرەك.» — خې كۇڭ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدە تەرجىمە خىزمىتى زور دەرىجىدە ئالغا راۋاجلىنىپ، سان، سۈپەت، كۆلەم ۋە ساھە جەھەتلەردە تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆستى، تەرجىمانلار قوشۇنىمۇ زورايدى، سىياسەت، ئىقتىساد، ئەدەبىيات، سەنئەت، پەن - تېخنىكا، مالىيە، سودا، ھەربىي ساھە دېگەندەك ساھەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە مۇناسىپ تەرجىمە قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى، شۇ قاتاردا تەرجىمە ئىلمى جەھەتتىكى تەتقىقاتمۇ بارلىققا كېلىشكە، قانات يېيىشقا باشلىغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە كەسپىي ئىلمىي ئىزغا چۈشۈش يولىنى تاپقانىدى. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا، بولۇپمۇ ئاتالمىش «ئەڭ، ئەڭ ئۇلۇق» «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە شۇ چاغقىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شىيۇجېڭجۇيى» دەپ قارىلىپ،

پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىندى؛ شۇ دەۋرلەردە «گۇرۇھنىڭ ئېھتىياجى» ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەر جەھەتتىكى تەرجىمە خىزمىتى پۈتۈنلەي توختاش دەرىجىسىگە يېتىپ باردى، ئىلگىرى تەرجىمە قىلىنغان مەنىۋى ئوزۇقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئوتقا تاشلانغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ تەرجىمانلىرى، تەرجىمە نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ باققان تەرجىمە تەتقىقاتچىلىرىمۇ تۈرلۈك بۆھتان، جىسمانىي ئازاب، مەنىۋى زۇلۇملاردىن خالىي بولالمىدى، ھەتتا بەزى چوڭقۇر مەلۇماتلىق ۋە پىششىق ماھارەتلىك تەرجىمانلار، تەرجىمە ئۇستازلىرى زىيانكەشلىك تۈپەيلىدىن ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلدى! شۇنداق «سول» چىللىق، ئۆكتەملىك دەۋرىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرى باھار ھاۋاسىغا چۆمدى. تەرجىمە ساھەسىگىمۇ يېڭى جان كىرىپ، باراقسانلاپ ئۆسۈشكە باشلىدى. تەرجىمە نەزەرىيىسى جەھەتتىكى تەتقىقات جانلىنىشقا، تەرجىمە ئۆلچىمى جەھەتتىكى مۇلاھىزە، بەس – مۇنازىرە قىزىشقا باشلىدى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، تەرجىمە ئۆلچىمى توغرىسىدا، بەزىلەر: «سادىق، راۋان، چۈشىنىشلىك» بولسۇن دېسە، ئۇنىڭ مۇخالىپلىرى: «راۋان بولغاندىن كېيىن چۈشىنىشلىك بولمامدىغۇ؟! بۇلارنى ئايرىم ئىككى شەرت قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟» دەيدۇ. «تەرجىمە ئۆلچىمى ئۈچۈن بىرلا سۆزنى شەرت قىلىش كۇپايە، ئۇ بولسىمۇ سادىق دېگەن سۆزدىن ئىبارەت» دەيدىغان «ساداقەت» ئېقىمىمۇ بار. يەن فۇنىڭ تەرجىمە «دۇرۇس، ئۇققۇملۇق، پاساھەتلىك» بولسۇن دېگەن تەلىماتىغا يېڭى تەبىر بېرىپ، يە شۇنى ئۆلچەم قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ بار. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «يەن فۇنىڭ ئۆلچەملىرىدە كەمچىلىك بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ



ئارتۇقلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىك يەرلىرىنى تولدۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ تەلىماتىنى يېڭى مەزمۇن بىلەن شەرھلەپ، كونا بوتۇلكىغا يېڭى ھاراق قۇيغاندەك پايدىلىنىشىمىز مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئەسلىدە ئىخچام، خاتىرىدە تۇتۇشقا ئەپلىك. دۇرۇس – تەرجىمىدە پىكىر، مەزمۇن دىل توغرا چىقسۇن دېمەكدۇر؛ ئۇققۇملۇق — تەرجىمىدە پىكىر – مەزمۇن قېلىپلاشقان تىل بىلەن ئۇقتۇرۇلسۇن دېمەكتۇر؛ پاساھەتلىك تەرجىمىدە ژانىر، ئۇسلۇب تېكىست بىلەن ئوخشاش بولسۇن دېمەكتۇر، دېمەك بۇ تەبىر ئۈچ شەرتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدۇر. ئەگەر بىز دۇرۇس، ئۇققۇملۇق پاساھەتلىك دېگەن سۆزلەرنى ئىلمىي يوسۇندا ئىزاھلاپ – شەرھلەپ بەرسەك، كىشىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن.»

يەنە بەزىلەر چەت ئەللەرنىڭ باشقا تىللار ئارا تەرجىمە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەرجىمە ئۆلچەملىرىنىمۇ تونۇشتۇرماقتا، تەتقىق قىلماقتا. تەرجىمە ئۆلچەملىرى توغرىسىدا، باشقا ئەللەردىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان مەشھۇرراقلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

«1. تەرجىمىدە ئەسلى ئاپتورنىڭ پىكرىنى (يەنى مەزمۇنىنى) تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش شەرت؛ 2. ئۇسلۇبى تېكىستكە ئوخشاش چىقىشى شەرت؛ 3. تېكىستكە ئوخشاش راۋان بولۇشى شەرت.» — تېتلىر.

«تەرجىمە دېمەك باشقا بىر تىلدىكى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئايرىلماس بىرلىكىنى يەنە بىر تىلنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بىلەن ئېنىق ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش دېمەكتۇر.» — فېئودوروۋ.

........

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى ئومۇمەن دېگۈدەك چەت

ئەل — خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە تەجرىبىلىرى، تەرجىمە ئۆلچەملىرى، ئەلۋەتتە، بۇلار تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەھەتتىكى ئەھۋالات، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس.

خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان، قىلىنىۋاتقان تەرجىمىنىڭ ۋە تەرجىمە ئۆلچىمى، پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئەھۋالى بىلەنمۇ بۇ يەردە قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

ئازادلىقتىن بۇيان، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان تەرجىمانلار خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نۇرغۇن ئەسەر، ماتېرىيال، ھۆججەت تەرجىمە قىلىندى، مىللەتلەر ئارا پىكىر — ئىدىيە، مەدەنىيەت، پەن — تېخنىكا ئالماشتۇرۇشتا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جاپا — مۇشەققەتتىن قاچماي، قولىدىن كەلگەن تۆھپىلەرنى ياراتتى، ھازىرمۇ ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قويۇۋېتىش، ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا مەزمۇت «كۆۋرۈك» لۈك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئەپسۇسكى، «كۆۋرۈك» نىڭ ئىشلەش ۋەزىپىسىگە مۇۋاپىق «مەدەتكارلىق» يېتەرلىك بولماي كەلمەكتە. «ھۈنەرنى ياخشى قىلمەن، دېسەڭ، ئەسۋابىڭنى ساز قىل» دېگەن گەپ بار. تەرجىمىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدىغان، ئۇنى راۋان ئىلمىي ئىزغا چۈشۈرۈپ بېرىدىغان ئىلمىي تەتقىقات كېرەك. لېكىن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەرجىمە بىيگانە، سالتاڭ ھالدا ئۆز يولىدا ماڭماقتا، تەتقىقات بولسا تېخى ئۇندۇرمە ھالىتىدە تۇرماقتا، بۇ ئۇندۇرمىنىڭ ئۇرۇقى بولسا مۇتلەق كۆپ شارائىتتا چەت ئەل تىلى — خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ چىققان مەھسۇلات بولغاچقا، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر



تىلى تۇپرىقىغا ئۆزلىشەلەمدۇ — يوقمۇ، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ كۆرگىنىمىز يوق. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، تەرجىمە تەتقىقاتى مەلۇم دەرىجىدە قانات يېيىۋاتقان بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ھەركىم ئۆز تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش دائىرىسىدىن ئاتلاپ چىقالمىغاندەك تۇرىدۇ؛ يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىنغاندەك ھەر خىل ئېقىمغا ياتىدىغان ھەر خىل كۆز قاراش، ئۆلچەم ۋە ئۇسۇل توغرىسىدىكى پىكىرلەر، «تەرجىمە ئۆلچىمى» گە دائىر ھەر خىل كونكرېت مەسىلىلەر تېخى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنغىنى يوق. تەرجىمىدە تېكىستنىڭ تىل شەكلىنى قايسى ۋە قانداق دەرىجىدە ساقلاش كېرەك؟ مەزمۇنىنى قايسى دەرىجىگىچە ئىپادىلەپ بېرىش كېرەك؟ تەرجىمە تەرجىمە ئەسەرگە ئوخشاش كېرەكمۇ ياكى يات تىلدىكى ئەسەرلىكى پۇراپ تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ تەرجىمىدە تەرجىماننىڭ ئۇسلۇبى ئەكس ئېتىشى كېرەكمۇ ياكى ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىمۇ؟ تەرجىمە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكىدەك قىياپەتتە ئىپادىلىنىشى كېرەكمۇ ياكى تەرجىماننىڭ تەرجىمە قىلغان زامانىسىدىكىدەك قىياپەتتە ئىپادىلىنىشى كېرەكمۇ؟ تەرجىماندا بەزى تەركىبلەرنى قوشىدىغان، ئېلىپ تاشلايدىغان، ئاستىن — ئۈستىن قىلىدىغان ھوقۇق بارمۇ يوق؟ شېئىر — نەزمىنى نەسرگە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىنمۇ — يوق؟ تەرجىمە نەزەرىيىسى، پرىنسىپلىرى، قائىدە — ئۆلچەملىرىگە دائىر بىرمۇنچە كونكرېت مەسىلىلەردە تېخى بىرقەدەر سىستېمىلىق مۇنازىرىگە كىرىشكىنىمىزمۇ يوق. «ئۆلچەم» گە دائىر تەتقىقاتتا بىزدە ئۇندۇرمە ھالىتىدە بولسىمۇ، بارلىققا كەلگەن مۇلاھىزىلەردە كۆپ ھاللاردا يەن فۇنىڭ ئۈچ سۆزلۈك ئۆلچىمى، يەنى «دۇرۇس، ئۇقۇملۇق، پاساھەتلىك»

دېگەن تەشەببۇسى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. بۇ ئۈچ سۆز بەزىدە «سادىق، چۈشىنىشلىك، گۈزەل» دەپ بەزىدە «ئەسلىگە سادىق بولۇش، مەزمۇنى چۈشىنىشلىك بولۇش، تىلى گۈزەل بولۇش»...... دەپمۇ قوللىنىلماقتا. مۇلاھىزىلەردە شۇنداق، ئەمەلىيەتتە بولسا، «سول» چىل لۇشيەن ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغاندىن بۇيانقى تەرجىمە ئەسەرلەرگە ئۇمۇمەن نەزەر سالىدىغان بولساق، «ئەسلىگە سادىق» بولۇش ئېقىمى بىرقەدەر ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋالغانلىقى نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ تۇرماقتا. يەنە كېلىپ، «ئەسلىگە سادىق» بولۇشنىڭ ئۆزى تېكىستتە بەلگىلىك سۆز شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان «مەزمۇن» غا سادىق بولۇشتىن كۆرە، بەلگىلىك «مەزمۇن» نى ئىپادىلەشنىڭ ۋاسىتىسى بولغان «شەكلى» گە، يەنى سۆزلەرگە سادىق بولۇش خاھىشى خېلى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلماقتا.

«دۈشمەنلەرنى كۈلدۈرۈپ، دوستلارنى يىغلىتىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر، يۇنداڭلارنى باشقىلارنىڭ يۈزىگە چاچقىنچە خىجىل بولساڭلار بولمامدۇ؟» — تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن (كېيىنكى جۈملىنىڭ سۆزلىرىدىن «باشقىلارنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتكىچە...» ياكى «باشقىلارغا بوھتان چاپلىغۇچە......» دېگەن مەزمۇنى تېپىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك.)

«ئۇلارنىڭ چىرايلىرى شۇنچىلىك سۈرۈن ئىدىكى، قىلچە ئىپادە كۆرۈنمەيتتى.» — «دۇنيا ئەدەبىياتى» دىن (بۇ گەپتىن كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا قانداق چىراي، قانداق ئوبراز كېلەر؟)

«ئۇنىڭ تۇرقى سۈرلۈك بولۇپ، بەئەينى لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسىدەك خالىس ۋە توغرا ئىدى...» — «دۇنيا ئەدەبىياتى» دىن (بۇ گەپلەرنى مەنتىقىدە قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟)



«ئىككى كادىرغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەمۇرىي جەھەتتىن چوڭ گۇناھ، گۇناھ يېزىش چارىسى كۆرۈلدى.» — «شىنجاڭ گېزىتى» دىن (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگىمۇ سادىق بولۇپ، «مەمۇرىي جەھەتتىن ئىككى كادىرنىڭ بىرىگە چوڭ گۇناھ يېزىش، يەنە بىرىگە گۇناھ يېزىش چارىسى كۆرۈلدى» دېيىلسە، ئەسلى تېكىستنىڭ شەكلى ئالدىدا ساداقەتسىزلىك بولماس!)

يىگىتنىڭ كىتابتىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن قىز يۈرىكىدە يېنىپ تۇرغان ئىشق ئوتىنىڭ تەسىرى بىلەن يىگىتتىن ئاغرىنىپ، ئۆزىچە سۆزلەپ: «يىگىتنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېسسىياتى يوق ئىكەن» دەيدۇ. — «زەنانىڭ تويى» ناملىق كىنودىن (سۆزلەرنى شەكلەن تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە، شۇ شەكىل ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان مەزمۇننى «يىگىت مېنى ياراتمايدىغان ئوخشايدۇ»، «يىگىتنىڭ ماڭا كۆڭلى يوق ئىكەن» دېگەندەك گەپ بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا - ھە!)

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لاۋ لى ساھىبخانىغا: بىز تۇرمۇشتا ئالاھىدە بولۇۋالمايمىز، ئۆزۈڭلەر نېمە يېسەڭلار بىزگىمۇ شۇنداق تاماق بېرىڭلار دەيدۇ. لېكىن ساھىبخان قارىماققا تۆت تەخسە سەي، بىر قاچا شورپا تەييارلاتقان بولسىمۇ، ماھىيەتتە سەي ۋە شورپىلىرىنىڭ سۈپىتىنى كاتتا زىياپەتلەردىكىدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا لاۋ لى ساھىبخانىغا: «يەنە شۇ ئۆزۈڭ بىلگىنىڭنى قىپسەن - دە!» دەيدۇ. يەنى خۇشامەت قىلىپ، كاتتا زىياپەت تەييارلاپسەن دېگەن مەنىدە كايىيدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتىكى ھەرپ - سۆزلەر بويىچە «4 كەررە 3 ئون ئىككى بوپتۇ!» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردە ماتېماتىكىدىكى «كەررە» دېگەن باشقا مەنىنى تېپىش مۇمكىنمىدۇ؟

«ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدىكى تۈكلىرى» (بۇرۇت)، «ئۇزۇن بويۇن بۇغا» (زىراپە)، «قۇرغاق يەر» (بىنام)، «يىپ تاش» (سالغا) ۋەھاكازا دېگەنگە ئوخشاش غەلىتە «تەرجىمە تىلى» ھەتتا شۇنداق «تەرجىمە تىلى» نىڭ تەسىرى بىلەن جانلىق تىلىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرغان «بىرىنچى قول بىلەن قوشنا بولۇپ قالدىم» (باشلىقىم بىلەن قوشنا بولۇپ قالدىم دېمەكچى)، «ئارقا ئىشىك قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر بېيجىڭگە مەجلىسكە بېرىش ئۈچۈن بىر سان ئالدىم» (ئەپلەپ - سەپلەپ،..... بىر كىشىلىك ئورۇن ئالدىم دېمەكچى، بۇنىڭ باشقا ۋارىيانتىمۇ بولۇش مۇمكىن) دېگەنگە ئوخشاش تىل ئادىتىگە، ئومۇملاشقان ئاممىۋى تىل قېلىپىغا چۈشۈش ئىستىقبالى بولمىغان «تەرجىمە ژارگونى» ئاز ئەمەس.

بۇلار بىر تەرەپتىن تەرجىمە قائىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك غەيرىي نورمال خاھىشلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى روشەن ئىسپاتلاپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىمە تەتقىقاتچىلىقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان، ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تۈرلۈك ساھە، تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەر تەرجىمىسىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئايرىم - ئايرىم تەرجىمە قائىدىلىرى بولسىمۇ، ھەر خىل تەرجىمە ئۈچۈن ئورتاق بولغان «تەرجىمە ئۆلچىمى» يوق ئەمەس. بۇنداق «ئۆلچەم» تەرجىمە تارىخىنى، تەرجىمە ئەمەلىيىتىنى، تەرجىمە تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تۈرلۈك تىللار ئارا تەرجىمىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھادىسىلەرنى سېلىشتۇرۇپ، قانۇنىيەتلىك ئامىللارنى تېپىپ، ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇنازىرە ياردىمى بىلەن ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، مۇكەممەلـ



لىشىپ بارىدۇ. توغرا، مۇكەممەل ئۆلچەمنى بارلىققا كەلتۈرگەندىلا، تەرجىمە ئەمەلىيىتىمىزدە رىئايە قىلىدىغان ئۇسۇلغا، تەرجىمە سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى باھالايدىغان ئاساسقا ئىگە بولالايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرجىمىنى «ئۆلچەم» گە بەخۇدۇك يەتكۈزۈشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى كونكرېت ۋە ئۈنۈملۈك تەتقىق قىلالايمىز.

× × ×

تەرجىمىدە، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، باشقا بىر تىلدىكى مەزمۇننى ئوقۇمايدىغانلارغا ئوقۇتۇرۇش ئۈچۈن ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. تەرجىمىنىڭ ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىش رولى، ئەلۋەتتە، تەرجىمە ئۆلچەملىرىنى تۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر، ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىش مەقسىتىگە يەتكۈزەلمەيدىغان ھەرقانداق ئۆلچەم ئىلمىي سۈپەتكە ئىگە بولالمايدۇ، ئۈنۈم بېرەلمەيدۇ.

ھازىرغىچە ئۆتكەن ئۇستازلارنىڭ تەرجىمە پائالىيەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ تەرجىمە سەنئىتى ھەققىدە بايان قىلغان پىكىر ۋە تەشەببۇسلىرىنى ھەربىر دەۋرنىڭ تىل لۇغەتلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە مۇۋاپىق ئىشلەنگەن تەرجىمىلەردە ئەكس ئەتكەن تەرجىمە پرىنسىپلىرىنىڭ قايسى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، مۇئەييەن كىتاب - ئەسەر تەرجىملىرىگە قويۇلغان تەلەپلەرنى، شۇ تەرجىمىلەردە ھاسىل قىلىنغان ئۇتۇقلارنى، ئۇلاردا يۈز بەرگەن كەمچىلىكلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنى، شۇ نۇقسانلارنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇ جەھەتلەردە ھاسىل قىلىنغان تەجرىبە ساۋاقلارنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، شۇنىڭ بىلەن بىللە،

تەرجىمە سۈپىتىنى ھەم بەدىئىي ـ ئىستىلىستىكا جەھەتتىن، ھەم نەزەرىيە، تىلشۇناسلىق جەھەتتىن، ھەم ئىلمىي ـ تېخنىكا جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى نىشان قىلغاندا، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، ھەرقانداق ئەسەر شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىر ئەسەرنى، يەنى تېكىستنى پارچىلاپ ئۆگىنىش توغرا كەلسە، ئۇنى بىر ـ بىرى بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇن، تىل (شەكىل) ۋە ئۇسلۇبقا ئايرىش مۇمكىن. تەرجىمىدە ئەنە شۇ ئۈچ ئامىلنى ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش شەرت، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى ئەنە شۇ ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى شەرت.

تېكىستنىڭ مەزمۇنى: ئاپتور تېكىستتە بايان قىلغان ۋەقە يەشكەن ۋە تەسۋىرلىگەن ئەھۋال ياكى شەيئى ۋە پىششىتە، تەسۋىرلەشتە ئىپادىلەنگەن ھېس ـ تۇيغۇ. تەرجىمان ئەنە شۇ مەزمۇنلارنى يەنە بىر خىل تىل بىلەن تولۇق، توغرا، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىشى شەرت.

تېكىستنىڭ شەكلى: بۇنىڭدا تېكىستنىڭ تىلى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. تەرجىمان تېكىستتىكى مەزمۇننى ئىپادىلەپ، تېكىست تىلىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تەرجىمىدە قېلىپلاشقان ئومۇمىي خەلق تىلىنى قوللىنىشى شەرت. ئاپتورلارنىڭ ماتېرىيالىنى (سۆزنى) تاللاپ ئىشلىتىشى تۇرغان گەپ، ئۇلار سۆزلەرنى (شەكىلنى) مەلۇم مەزمۇننى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشلىتىدىغانلىقىدا شەك يوق. تېكىستتە قوللىنىلغان سۆزلەر مەزمۇنغا يارىشا پەرقلىق بولىدۇ، ئاپتورغا قارىمۇ پەرقلىق بولىدۇ، مۇئەييەن بىر شەيئىنى بايان قىلىشتا ۋە



تەسۋىرلەشتە تۈرلۈك يازغۇچىنىڭ ئىشلەتكەن سۆزلىرى ئۆزلىرىگە يارىشا تۈرلۈكچە بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمان تەرجىمىدە تىلغا باي بولۇشى لازىم. لېكىن تەرجىمىدە سۆزنى ئەركىن ئوينىتىپ ئىشلىتىمەن دەپ، مەزمۇن ـ مەنە تىزگىنىنى ئۈزۈۋەتمەسلىكى شەرت.

تېكىستنىڭ ئۇسلۇبى: بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبى، ئەسەردە ئەكس ئەتكەن دەۋر ـ زامان ئۇسلۇبى، ئەسەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، مىللىي ـ مەھەللىي خۇسۇسىيىتى، ھېس ـ تۇيغۇ ھەتتا ئاھاڭ ـ تەلەپپۇز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇسلۇب مەسىلىسى تەرجىمىدە قىيىن مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىماندىن ئەدەبىي ماھارەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەرجىمان، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمان تىل ئۇستىسى، تىل سەنئەتكارى بولۇشى شەرت دېگەن تەلەپلەر ئورۇنسىز گەپ ئەمەس. تەرجىماننىڭ مەجبۇرىيىتى ئەسلى ئەسەردە نېمىلەر دېيىلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىشلا ئەمەس، ئەسلى ئەسەردە گەپنىڭ قانداق دېيىلگەنلىكىنىمۇ ئۇقتۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە تولۇق تەرجىمە قىلىش خېلى مۇشكۈل ئىش، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە مۇناسىپ ئەدەبىي تىل بىلەن ھەم مەزمۇنى، ھەم شەكلى جەھەتتىن كەم ـ كۈتىسىز ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن بەدىئىي ماھارەت كېرەك. بۇ زۆرۈرىيەت تەرجىماندىن ئىجادچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. تەرجىمىنىڭ ئىجادىي ئەمگەك دەپ تەرىپلىنىشىنىڭ ھېكمىتى ئەنە شۇ يەردە.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەرنى شۇنداق ئىخچاملاش مۇمكىن:

تەرجىمىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «تېكىست» دېگەن چۈشەنچە ھەم مەزمۇننى، ھەم شەكلىنى (سۆزلەرنى) ۋە ھەم ئۇسلۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ئۇقۇم. بۇ

خۇددى «ئالما» دېگەن كونكرېت ماددىنىڭ ھەم پوستىنى، ھەم ئېتىنى، ھەم ئۇرۇقىنى ۋە ھەم پۇرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ئۇقۇمدىن ئىبارەت بولغىنىغا ئوخشايدۇ. مۇشۇ ھەقىقەتكە ئاساسلانغاندا، گېزى كەلگەندە، «ياخشى ئالما ئىكەن» دېگەن مەنىنى ئىخچام ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، «پوستى نېپىز، ئېتى مەززىلىك، پۇرىقى شېرىن ئالما ئىكەن» دەپ ئولتۇرۇش ئوشۇقچە گەپ بولغىنىدەك، «تېكىست» نىڭ يۇقىرىدىكىدەك ئۈچ ئامىلى تەرجىمە ئۈچۈنمۇ نەزەردە تۇتۇش شەرت بولغان ھەل قىلغۇچ ئامىل بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئۈچ ئامىلنىڭ بىرلىكىنى ئۈستۈن دەرىجىگە قويۇش ئورۇنسىز بولۇپ چىقمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، «تەرجىمىدە تېكىستنى ھەم مەزمۇنى، ھەم تىلى، ھەم ئۇسلۇبى جەھەتتىن تولۇق، توغرا ئىپادىلەپ بېرىش شەرت» دېگەن ئىبارىنى «تېكىستنى تەرجىمىدە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش شەرت» دەپ ئىخچاملاپ، «توغرا» دېگەن سۆزنىلا «ئۆلچەم» قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. ئەلۋەتتە، «توغرا» دېگەن سۆزنى «تەرجىمە تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا، تىلىغا، ئۇسلۇبىغا نىسبەتەن توغرا بولۇشى شەرت» دەپ قوللىنىش ھەم مۇمكىن.



# گەپنى ئوڭلاپ قىلىش كېرەك

— تەرجىمە تەجرىبىلىرىمدىن خاتىرە (1)

تەرجىمانلىقتىن خەۋىرى يوق ئادەملەر: ئىككىنچى بىر تىلنى بىلىدىغانلا ئادەم تەرجىمانلىق قىلالايدۇ، دەپ ئويلايدىكەن. ياق، ئۇنداق ئەمەس. خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا سۆزگە باي بولمىسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىشنى بىلمىسە، تەبىئىيكى، تەرجىمىدە گەپنى ئوڭلاي قىلالماسلىقى مۇمكىن.

«گەپنى ئوڭلاپ قىلىش كېرەك» دېگەندە، يېقىنقى يىللاردا كۆرستىلگىنىدەك «كالىلا دېسەك پاقالچاق دەپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش پۈتۈنلەي خاتا تەرجىمىلەرنىمۇ كۆزدە تۇتمايمەن. مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم، ئۇنداق خاتا تەرجىمىلەر ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق خاتا تەرجىمىلەرنى ھەرقانداق ئادەم كونكرېت، ئېنىق سۆز شارائىتىدا بىر قاراش بىلەنلا ياكى ئاڭلاش بىلەنلا بىلىۋالالايدۇ، خاتالىقنى رەت قىلىدۇ.

تىلدىكى، تەرجىمىدىكى خاتالىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت ئۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئەمەس، چۈنكى روشەن خاتالىقتىن ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى تارتىدۇ. تىل ھادىسىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مەن شۇنداق ئويلايمەن. خاتا ئىكەنلىكى بىر ئاڭلاشتىلا ياكى بىر قاراشتىلا مەلۇم بولۇپ تۇرغان

خاتالىق ئۆزىنىڭ خاتا تەسىرىنى ھېچقانچە كەڭ ۋە چوڭقۇر
ئۆتكۈزەلمەيدۇ، ئۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا دەرھال
سېزىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاڭلىغۇچى ياكى ئوقۇغۇچى دەرھال
تۈزىتىدۇ ياكى پەرۋا قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسىلە تۈگەي-
دۇ. ئەمما، تىل مەسىلىسىدە قارىماققا چوڭ خاتالىققا يات-
مايدىغان، لېكىن ئېھتىيات قىلىنمىسا، بارا - بارا كۆپىيىپ،
كېڭىيىپ، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشىگە
يۈزلەندۈرۈپ، پۈتۈن بىر مىللەت تىلىنى غەيرىي تەبىئىي ھالەتكە
كەلتۈرۈپ قويىدىغان ھادىسىلەر، مېنىڭچە، كىشىنى ئويغا سال-
ماي قالمايدۇ. تەرجىمىدە گەپنى ئوڭلاپ قىلماسلىق ھادىسى-
سىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى بىزنى ئويغا
سالماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش
ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىمۇ جانلانماقتا. شۇ جۈملىدىن تەرجىمە ئىشلىرىمۇ
ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى نامايان قىلىپ، تۈرلۈك سورۇن -
مۇنبەرلەردە، مەتبۇئات - نەشرىيات ساھەسىدە، كىنو، تېلېۋى-
زور ۋە رادىئولاردا، قىسقىسى، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە
ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا، خەلقىمىزنىڭ
ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك
خىزمەت قىلماقتا. ئەپسۇسكى، تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ شۇنداق
ئەھمىيەتلىك تەرەققىيات يولىدا، تەرجىمىنىڭ ئۆزىگە خاس
تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە زىت كېلىدىغان غەيرىي نورمال
ھادىسىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر «ئېقىم» بولۇپ ئەۋج ئېلىۋاتقان-
لىقى دىققىتىمىزنى تارتماقتا. يولداش مۇھەممەت رەھىم
«كىم بىلەن كىم ساۋاقداش» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: يېقىن-
قى يىللاردىن بۇيان گېزىت - ژۇرناللاردا، رادىئو - تېلېۋى-
زورلاردا، دوكلات - نۇتۇقلاردا چوڭ-چوڭ ئادەملەرنىڭ —
مەكتەپ مۇدىرلىرى، رادىئو- تېلېۋىزور دىكتورلىرى. گېزىت -



ژۇرنال مۇھەررىرلىرى، يېقىن رەھبەرلىرى ۋە دوكلاتچى ۋەھا-
كازالارنىڭ مەكتەپ بالىلىرىنى «ساۋاقداش» دەپ ئاتايدىغان
بولۇپ قالغانلىقىغا بەكمۇ ئەپسۇسلانغانلىقىنى يازىدۇ. مەك-
تەپتىكى تەلىم - تەربىيە ئالغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ساۋاقداش
بولىدىغانلىقى ئېنىق، ئەمما تەلىم - تەربىيە بەرگۈچىلەرنىڭ
ئالغۇچىلار بىلەن ساۋاقداش بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس...
ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز بىلەن ساۋاقداش بولمىغانلارنى «ساۋاق-
داش» دەيدىغان دېئالېكتمۇ يوق، شېۋىمۇ يوق. ماقالە ئاپتو-
رى مەسىلىنى ئەنە شۇنداق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن
بىللە، ئەدەبىي تىل تەركىبىدىن ئورۇن ئالالمايدىغان، گەپنى
ئوڭلاپ قىلالماسلىق نۇقسانى بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۇنداق
ھادىسىنى «سۆزنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۆزىگە
خاس مەنىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا بىر - بىرىنى دوراشتىن
شەكىللىنىۋاتقان خاھىشتۇر» دەپ توغرا ئېيتقان («تىل ۋە
تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1992 - يىل، 1 - سانىغا قاراڭ). بۇ يەر-
دە شۇنى قوشۇمچە قىلغۇم بار: يولداش مۇھەممەت رەھىم
«ساۋاقداش» دېگەن سۆزنىڭ جايىدا ئىشلىتىلمىگەنلىكىنىڭ
مەنبەسى «دورامچىلىق» ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن
بولسىمۇ، گەپنى «بىر - بىرىنى دوراش» دېگەن سۆز بىلەن
پەردىلەپ قويغان. «بىر - بىرى» زادى كىم؟ مېنىڭچە، ئۇ،
گەپنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي تىل قائىدىسىگە، تىل ئادىتى-
گە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر تەقلىدتە تەرجىمە قىلىپ سۆز-
لەيدىغان، يازىدىغان تەرجىمانلاردۇر؛ ئۇ، خەنزۇ - ئۇيغۇر تىل-
لىرىنىڭ تىل ئادىتىنى نەزەردە تۇتماي، تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە
بىر سۆزنى بىر سۆزگە ئۆلۈك ھالدا توغرىلاپ قويىدىغان،
ماھىيەتتە بولسا خەنزۇ تىلىنى ئۆلۈك ھالدا دورايدىغان تەر-
جىمانلاردۇر. ئەلۋەتتە، شۇنداق تەرجىمانلار، ئېھتىمال ئانا
تىلىمىزنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرىمىز، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى-

مى بېيىتىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز تىلىمىزدا بولمىغان سۆز، ئىبارە ۋە جۈملە شەكىللىرىنى تەرجىمە ئارقىلىق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، دەر؛ لېكىن، ياخشى نىيەت بىلەن، جاپا بىلەن قىلىنغان خىزمەتنىڭ نەتىجىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئەھۋال بىلەن پەرقلەنمەكتە: بىرى، تەرجىمە مەنە جەھەتتىن ئەسلىگە تامامەن ئۇيغۇن، تىلى راۋان، چاققان ھەم تەبىئىي، ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان ئادەم خۇددى ئانا تىلىدا يېزىلغان ئەسەرنى ئوقۇغاندەك ھۇزۇرلىنىدۇ. يەنە بىرى، تەرجىمە مەنە جەھەتتىن ئەسلىگە ئۇيغۇن ئەمەس ياكى تازا ئۇيغۇن ئەمەس، گەپلىرى مەنتىقسىز، تىلى راۋان ئەمەس، سۆزلىرى ياسىما. مانا مۇشۇنداق ئىككىنچى خىلدىكى خام تەرجىمىنىڭ پەيدا بولۇشىغا، مېنىڭچە، كۆپىنچە تەرجىمىدىكى «دورامچىلىق» سەۋەب بولماقتا؛ «دورامچىلىق» نىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدىكى، تىل ئەمەلىيىتىمىزدىكى پاكىتلىرىغا قاراپ باقايلى:

他俩的密月生活过得如胶似漆，……

بۇ يەردە يېڭى توي قىلغان يىگىت بىلەن قىزنىڭ «شېرىن ئاي» نى «شېرىن - شېكەردەك» شېرىن ئۆتكۈزگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ گەپ «... شېرىن ئېيى يېلىمدەك ئۆتتى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. شېرىن ئاينىڭ «شېرىن» لىكىنى «يېلىم» قانداق ئىپادىلەپ بېرەلىسۇن؟

«پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى بېرىش ئۈچۈن 5 - باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلىدى:

— كىچىك دوستلار، ساۋاقداشلار!...»

ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇ يەردىكى «كىچىك دوستلار، ساۋاقداشلار» دېگەن سۆز ئەسلى 小朋友们，同学们 دېگەن سۆزلەرنى «دوراپ» ئېيتىلغان. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىدا



«پېشقەدەم» چوڭ ئادەملەرنىڭ ھەرقانداق سورۇندا ۋە ھەرقانداق شارائىتتا كىچىك باللارنى، ئوقۇغۇچىلارنى، «كىچىك دوست»، «ساۋاقداش» دەپ ئاتىماسلىقى ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ گەپنى «ئوڭلاپ قىلىنمىغان گەپ» دېيىش مۇمكىن،

گۈلەندەم ئەمىر («ئامىر» ئەمەس) نى سېغىنىپ، تاغدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان بىر ئەسكەرنىڭ ئالدىغا ئىزدەپ بارىدۇ. ئەسكەر گۈلەندەمنى بۇ «مۇھىم چېگرا» دىن يىراق كېتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. شۇ چاغدا گۈلەندەم قايتىپ كېتىۋېتىپ: «مەن ئۇنى سۆيىمەن! مەن ئۇنى سۆيىمەن!» دەپ توۋلاپ ماڭىدۇ.

ئانا ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشمىگەن قىزى بىلەن كۆرۈشكىنىدە، قىزىنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ: «مەن سېنى سۆيىمەن» دەيدۇ. قىزمۇ ئانىسىغا قاراپ: «ئانا، مەن سېنى سۆيىمەن» دەيدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھىتتا بىراۋنى چوكۇلدىتىپ «سۆيۈش» ئەھۋاللىرى يوق. ئۇنداق شارائىتتا، خەنزۇ تىلىدا بىردەكلا 爱 سۆزى قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمەن «ياخشى كۆرمەك»، «سېغىنماق» سۆزلىرى قوللىنىلىشى تەبىئىي. ئەگەر بۇنىڭغا قايىل بولمىسىڭىز، شۇ كونكرېت مۇھىتنى، شۇ كونكرېت ئەھۋالنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ، شۇ ھېسسىياتىڭىزنى ساپ ئۆز تىلىڭىز بىلەن بايان قىلىپ بېقىڭ، نەتىجە قانداق بولۇپ چىقاركى؟!

مەشۇق قىز ئۆزىنىڭ سىرداش قوشنىسىغا ئاشىقى توغرىسىدا پاراڭ قىلغىنىدا قوشنىسى: «ئۇ يىگىت سىزنى سۆيمەيدىغاندەك قىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپ 看来他不象爱你 نىڭ دورامچىلىق بىلەن قىلىنغان تەرجىمىسى. بۇ سۆزنى كونكرېت سۆز مۇھىتىدا ساپ ۋە ساغلام ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇ يىگىتنىڭ سىزگە كۆڭلى يوق (كۆڭلى چۈشمىگەن) ئوخشايدۇ»، «ياراتمىغان

ئوخشايدۇ» ۋەھاكازا دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەشمۇ مۇمكىنغۇ.

«زىيان تارتىشنى پايدىغا ئۆزگەرتىش نىشانىنى ئورۇنداشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن...»

بۇ چېگىدەك چېگىلىپ كەتكەن، سۆرەلمە پالاسدەك سۆرۈلۈپ كەتكەن ئىبارە ئەسلى 为争取实现完成找亏增盈目标…… دېگەن ئىبارىنىڭ جۈملە شەكلىنى تەقلىد قىلغان تەرجىمىسى. شەكلىنى تەقلىد قىلمايمۇ ئەسلى مەنىسىنى «زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىش (ياكى زىيان تارتىدىغان ھالەتتىن پايدا ئالىدىغان ھالەتكە ئۆتۈش) نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەش تەرجىمە قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. چۈنكى، تىل ئىلمى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، خەنزۇ تىلىدا مەستەر 实现 نى پېئىلغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 争取 دېگەن ياردەمچى كېرەك؛ 完成 دېگەن سۆز مەستەر بولۇپ كەلگەندە، ئۇنى پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن 加以 ياكى 实现 دېگەندەك ياردەمچى كېرەك؛ تولدۇرغۇچى 目标 نىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلىغۇچىلىرى بىلەن ياردەم قىلدۇراتقان 完成 بىلەن بېرىش كېرەك. گەپنىڭ قىسقىسى، شۇنداق سۆزلەر بىلەن تۈزۈلگەن پۈتۈن ئىبارىنىڭ تۈپ مەنىسى پەقەت «زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن...» دېگەندىنلا ئىبارەت ئىكەن، شۇ مەنىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈرلۈك قوشۇمچىلارنى، ئۇلانمىلارنى تولىمۇ ئاسان، ئىخچام ۋە تەبىئىي ھالدا ئۆزگىچە چاتالايدىغان پېئىللىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دوراமچىلىق قىلىمەن دەپ بىرمۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى باشتىن كەچۈرۈشنىڭ (خەنزۇ تىلى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئاۋارىگەرچىلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە) نېمە ھاجىتى بار؟! 争取实现 دېگەن سۆز «ئىشقا ئاشۇرۇش» دېمەكتۇر. بۇنى



گەپنى بىرمۇنچە ئەگىتىپ «ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» دېيىشىڭىزمۇ، تەبىئىيكى، يەنىلا «ئىشقا ئاشۇرۇش» دېگەن بولىدۇ. سۆز ئەگىتىپ جاپا تارتقىنىڭىز بىكار ئاۋارىگەرچىلىك ھېسابلىنىدۇ. «ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەن سۆزمۇ ئوخشاشلا خەنزۇچە قېلىپقا كىيدۈرۈپ چىقىرىلغان بىر تۈركۈم ئوڭلاپ قىلىنمىغان گەپلەر جۈملىسىدىندۇر.

گېزى كەلگەندە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتەيكى، مەشھۇر مائارىپچى، تىلشۇناس يې شېڭتاۋ (يې شاۋجۈن) ئۆزىنىڭ 《娄平“喝饭”的说法》 سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مىللىي تىلنىڭ ساپلىقىغا داغ چۈشۈرىدىغان بەزى تىل نۇقسانلىرىنى تەھلىل قىلىپ: «بىز ئادەتتە ‹نان يەيمىز، چاي ئىچىمىز› دەيمىز، ھەرگىزمۇ ‹ناننى ئىچىمىز› دېمەيمىز» دەيدۇ («خەلق گېزىتى» نىڭ 1950 - يىل، 24 - ماي سانىغا قاراڭ). دۇكانغا كەلگەن خېرىدارنى خەنزۇ پىرىكازچىك «سىز نېمە سېتىۋالماقچى؟» دەپ كۈتۈۋالسا، بىز ئۇيغۇرلار كۆپىنچە «مەرھەمەت، سىزگە نېمە كېرەككى؟» دەپ كۈتۈۋالىمىز. ياۋروپالىق پىرىكازچىكلار بولسا كۆپ ھاللاردا «سىزگە نېمە خىزمەت قىلىپ بېرەي؟» دېگەن سۆز بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. تۈپ - يىگىزىدىن بىرلا مەنە - مەقسەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزنىڭ تۈرلۈك مىللەتلەر تىلىدا تۈرلۈك شەكىللەردە ئېيتىلىشى تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئوخشىماسلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھادىسىدۇر. تەرجىمىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئەنە شۇنداق پەرقلەرگە ئاساسلانغان ھالدا تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەينەن تەرجىمە قىلىشقا تېگىشلىك بولسا ئەينەن، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولسا ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش لازىم. ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولۇپ تۇرسىمۇ ئۆزگەرتمەي تەرجىمە قىلسا، كىتابخان ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلالماسلىقى مۇمكىن. تەر-

جىمىدە يات تىلنىڭ پۇرىقىدىن خالى بولۇش ھەر ھالدا
تەس. چۈنكى، خەنزۇ تىلىدا قىلىنغان سۆز، يېزىلغان نەرسە
ئىكەن، ئۇنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشلىرى، ئۇنىڭدا كەلتۈرۈلگەن
ئوبرازلار، مىسال ـ تەمسىللەر، ھەتتا ئۇسلۇبلىرى ئۇيغۇرچە
دىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇشى تۇرغانلا گەپ. لېكىن، بۇ يەر-
دە تەرجىمىدە گەپنى ئوڭلاپ قىلىش لازىم دېگىنىمىزدە، ئوخ-
شاش بىر مەنىنى تەرجىمە بىلەن ئىپادىلەشتە، ئۇيغۇر تىلى-
دىكى راۋان، ئىخچام، ئېنىق ۋە تەبىئىي ھالدا دەل جايىغا
چۈشۈپ تۇرىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى تاللاپ، تېپىپ ئىشلى-
لىتىش دېگەن مەقسەتنى نەزەردە تۇتىمىز. خەنزۇ تىلىنىڭ
قېلىپىغا كىيدۈرۈپ، خەنزۇ تىلى شەكلىنى دوراپ تەرجىمە
قىلىش ــ بۇ ھادىسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي قېلىپىغىمۇ،
تىل ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. تەرجىمىدە گەپنى ئوڭلاپ قىل-
ماي، تىل ئادىتىگە يات ئاملارنى دوراش ــ بۇ ھادىسە
ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپتۇر.

他不点头，我就不能……。

ئۇ بېشىنى گىلدىڭلاتمىسا، ماڭا
ئىلاج يوق...

بۇ يەردە گەپ گىلدىڭباش كىسىلىگە گىرىپتار بولغان
ئادەمنىڭ بېشىنى گىلدىڭلىتىشى ئۈستىدە ئەمەس، ھوقۇقلۇق
ئادەمنىڭ «ماقۇل ـ ياكى ياق» دېيىشى ئۈستىدە بارىدۇ.

发展农业，水利是关键。

يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا
سۇ ئىنشائاتى ھالقا.

بۇ يەردە سۇ ئىنشائاتىنىڭ مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكى،
مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئاچقۇچ ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.
ھالبۇكى، بۇ مەنىنى ئىككى نەرسىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاش-
تۇرىدىغان ياكى مەلۇم شەيئىنى دائىرىلەپ تۇرىدىغان چەمبەر



چۈشەنچىسىنى بېرىدىغان «ھالقا» بىلەن بايان قىلىش تازا
ئورنىنى تاپالمىغان گەپ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنتىقىسىگە
زىت.

«يۇقىرىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلى-
رىنى چۆرىدەپ، ... قەرەللىك ھالدا تەك-
شۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى چىڭ تۇتتۇق»
(ئۇيغۇرچە ئىجادىي ماقالىدىن)

«ھۆججەتنى، تۈزۈلۈشنى، شوئارنى، نىشاننى،... چۆرى-
دەپ (چۆرىدىگەن ھالدا) ...» دەيدىغان ئىبارىلەر يېقىندىن
بۇيان كۆپلەپ ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق ھۆكۈم
قىلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر تىل ئادىتىگە يات بولغان بۇنداق
سۆز ـ ئىبارە... دېگەن ئىبارىنى شەكلەن 围绕着 دوراشتىن
كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەسلىدە «... بويىچە، ...نى
ئاساس قىلىپ، ...نى دەستۇر قىلىپ، ...غا رىئايە قىلغان ھال-
دا، ...نى نەزەردە تۇتقان ھالدا...» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.
«چۆرىدەش» دېگەن سۆز يېقىن بارماي، ئەتراپىدا «ئايلىنىش،
چۆرگىلەش» دېگەن مەنىگە تارتىپ كېتىپ، ئەسلى مەنىنى
بۇزماسمۇ؟!

«ئىگىلىشىمىزچە بىزنىڭ نازارەتتە
ئاز ساندىكى كادىرلار ئەتىگەندە ياكى
چۈشتىن كېيىن ئىشقا كېچىكىپ كېلىدى-
كەن...» (ئىجادىي ماقالىدىن).

بۇنىڭدىكى «ئىگىلىشىمىزچە» دېگەن سۆز خەنزۇچە 据掌握
سۆزىنى دوراپچىلىق بىلەن قىلغان تەرجىمىدىن تارقالغانلى-
قىدا شەك يوق.

ئەسلىدە دېگەن 掌握 «سۆز (1) بىلمەك، مەلۇم بولماق،
چۈشەنمەك، ئۇقۇشماق؛ (2) باشقۇرماق، قولدا تۇتماق» دېگەن
مەنىلەردە بولۇپ، بۇ كونكرېت سۆز مۇھىتىدا (1) خىل مەنە

مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىگىلىشىمىزچە» دېگەن سۆز جايىنى تاپالماي، «ئىگىدارچىلىق قىلىشىمىزچە» دېگەن مەنىگە تارتىپ كېتىپ، ياسىما گەپ بولۇپ قالغان.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋە رەئىس
ياڭ شاڭكۈندىن ئىبارەت ئىككى قەدىناس
سەپداش... ئۇچراشقاندا،
小平同志和杨主席两位老战友在……
相逢,
تەرجىمىدىن ئىبارەت بۇ پەننى،
翻译这门科学……。

ئۇيغۇر تىلىدا «ئىبارەت» دېگەن سۆز مۇتلەق كۆپ شارائىتتا «...دىن ئىبارەتتۇر» دېگەندەك ياردەمچى خەۋەرلىك رولىنى ئوينايدۇ. ھازىر بۇ سۆز ۋە بۇ سۆز بىلەن قۇرۇلغان ئىبارە ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىدىكى ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، شۇ ئارىلىقتىكى پەش (،) نىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپ، ئەنئەنىۋى تىل قائىدىمىزنى بۇلغىماقتا. بۇنىڭ سەلبىي رولىنى پەقەت شۇ «ئىبارەت» لىك جۈملىنى جانلىق تىل بىلەن ئەمەلدە ئىپادىلەپ كۆرسىڭىز ئاسانلا ھېس قىلالىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى جانلىق تىلدا ئورۇن ئالالمايدۇ.

«دەملىشىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى...» دەيدىغان بىر چىرايلىق سۆزنى تاشلاپ قويۇپ، 接力赛跑 نى دوراپ «كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش...» دەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇيغۇر تەپەككۇرىدا، مەنتىقىسىدە ئىككى كۈچنى بىر-بىرىگە «ئۇلاش» دەيدىغان گەپ بارمۇ؟!

رەنا قىز كۆيۈپ يۈرگەن يىگىتنىڭ
كىتاب ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كەتكەنلىكىدىن
زارلىنىپ: — ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن



ھېسسىياتى يوق ئىكەن! — دېيدۇ.

تازا ئويلاپ قارىسىڭىز، ئۇ 看来他对我没有感情 نى دوراپ سۆزلىگەن. ئەگەر دورىمىغان بولسا، ساپ ئۆز تىلى بىلەن سۆزلىگەن بولسا، «ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى يوق ئوخشايدۇ، ماڭا كۆڭۈل بەرمىگەن ئوخشايدۇ، ماڭا كۆڭلى چۈشمىگەن ئوخشايدۇ، مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ» ۋەھاكازا دېگەندەك سۆزلەر بىلەن سۆزلىگەن بولاتتى.

«يۇقىرىدا ھاۋارايىدىن مەلۇمات
ئاڭلاتتۇق، تۆۋەندە...»

«يۇقىرى، تۆۋەن» دېگەن سۆز ئانا تىلىمىزدا «ئېگىز-پەس» دېگەن سۆزنىڭ مەنىداش تۇرى. ھالبۇكى، خەنزۇ تىلىدىكى 以上, 下面 دېگەن سۆزلەر كونكرېت سۆز مۇھىتىدا «بايام، باشتا، ئىلگىرى، ئەمدى، ھازىر» دېگەندەك ۋاقىت چۈشەنچىسى بويىچە قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «بايام، بايا-تىن (ياكى خەۋەرنىڭ «...دۇق، ەتتۇق» دېگەندەك زامان قوشۇمچىسى بىلەن)، ئەمدى، ھازىر...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئېيتىلماي، ئېگىز-پەسلىكنى بىلدۈرىدىغان «يۇقىرى، تۆۋەن» دېگەن سۆز قوللىنىلىشى ھەر ھالدا «يات» لىق قىلىپ، مۇھاكىمە تەلەپ قىلىدۇ.

求得他同意,还需要对他作不少工作。

بۇ جۈملىدە 作工作 دېگەن سۆز «خىزمەت قىلىش، ئىش قىلىش» دېگەن لۇغەت مەنىسىدە ئەمەس، ئەكسىچە «گەپ-سۆز قىلىش، مەسلىھەت بېرىش، گەپكە كۆندۈرۈش...» دېگەن ئىستېمال مەنىسىدە قوللىنىلغان. تەرجىمانلىقتىن ئاز-تولا خەۋىرى بار ئادەم ياكى تەرجىمان بولمىسىمۇ قوش تىللىق ئادەم لۇغەتكە قاراشقا موھتاج بولماستىنلا بۇ جۈملىنىڭ توغرا مەنىسىنى تاپالايدۇ ۋە توغرا چۈشىنەلەيدۇ. ئەپسۇسكى، «ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن خېلى كۆپ

گەپلىشىش (گەپكە كۆندۈرۈش ياكى ئاۋارىگەرچىلىك تارتىش...) كە توغرا كېلىدۇ» دېگەن مەنىنى «ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتىمىز. ئەجەبا ئىش – كۈش، خىزمەت – پەزمەتلىرىنى «ئىشلەپ بېرىش» يولى بىلەن «ماقۇل» كەلتۈرىمىزمۇ؟ ياق، ئەسلى تېكىستتە ئۇنداق مەنە يوق. ئۇنداق بولسا بۇ بۇرمىلانغان مەنە نەدىن چىقتى؟ ئۇيغۇرچىلاشقان خەنزۇچە تىلدىن چىقتى!

تەرجىمە خىزمىتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، بەزى ياش يولداشلار تەرجىمە قائىدىلىرى ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ كېلىپ تۇرىدى. خۇددى شۇ يولداشلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلىنى ئوقۇغان بولسىمۇ، تەرجىمانلىق كەسپىنى مەخسۇس ئوقۇمايلا تەرجىمانلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالغانلىقىغا ئوخشاش، مەن ئۆزۈم ھەم تەرجىمانلىقتا «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت». شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمە قائىدىلىرى جەھەتتە نەزەرىيىدىن بىر نەرسە دەپ بېرىشكە ئاجىزمەن، پەقەت ئۇزۇن يىللىق مەشغۇلات داۋامىدىكى ئىزدىنىش، ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىمنىلا ئۇ نۇقتىدىن ياكى بۇ نۇقتىدىن كىرىپ، ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەن. تەرجىمانلىقنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت، تىل سەنئىتى. باشقا ھەرقانداق سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا مەخسۇس مەكتەپ، كۇرس ياكى ئۇستا قولىدا مەخسۇس تەربىيە ئالىدۇ. مۇزىكا مەكتىپى بار، تىياتىر شۆبىسى بار... لېكىن تەرجىمانلىق ئۈچۈن، بولۇپمۇ يېزىق تەرجىمانلىقى ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ ئېچىلغىنى يوق. بولغان تەقدىردىمۇ تەرجىمانلىق ئۈچۈن خاس ھەم مۇنتىزىم ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئومۇمىي تىلشۇناسلىقتا، بولۇپ



مۇ گراماتىكىغا ئائىت كىتابلارغا ۋە ئوقۇش قوراللىرىغا قارىغاندا تەرجىمانلىق كەسپىگە، قانۇن – قائىدىلىرىگە دائىر قوللانمىلار، كىتابلار ئىنتايىن ئاز. تەرجىمانلىق ساھەسىدە بىرمۇنچە يولداشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە نەتىجە يارىتىشى، ئاساسەن، ئۆزىنىڭ جاپاغا چىداپ ئىزدىنىشىگە، ئۆگىنىشىگە باغلىق. ئىزدىنىش يولىدىكى جاپانىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ئۆز كەچۈرمىشلىرىمدىن ئوبدان بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئىجتىھاتلىق ياش يولداشلارنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويماي، ھېسسىي بىلىملىرىمنىڭ ئازلىقىغا، تەجرىبىلىرىمنىڭ خاملىقىغا ۋە رەتسىزلىكىگە قارىماي، تەرجىمە مەسىلىلىرىگە دائىر بەزى ئەسلىمىلىرىمنى يولداشلارنىڭ ئالدىغا قويۇشقا تىرىشىۋاتىمەن.

ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا دەردى بار. ئىجادىي يېزىش ئۈچۈن ئاۋۋال مېڭىڭىزدە ئويلاپ، ۋەقەلىكلەرنى قۇراشتۇرىسىز، ئاندىن كېيىن قەلەمنى ئېلىپ يازىسىز، ئۆچۈرۈپ تاشلايسىز، تولۇقلايسىز، ئۆزگەرتىسىز، ھەتتا پۈتۈنلەي كېرەكسىز قىلىپ تاشلايسىز. دېمەك، جاپاسى ئاز ئەمەس. ئىجادىي يېزىشقا قارىغاندا، تەرجىمانلىقنىڭ جاپاسى ئۇ قەدەر ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن ئىش ئاسان ئەمەس. ئىجادىي يازغاندا بىرەر سۆز، بىرەر ئىبارە ياكى بىرەر جۈملىنى تاپالمىسىڭىز ياكى جايىغا چۈشۈرەلمىسىڭىز، خالىغىنىڭىزچە باشقىسىغا ئالماشتۇرالايسىز ياكى تاشلىۋېتەلەيسىز. تەرجىمىدە بولسا ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەسلى تېكىست ئالدىڭىزدا تۇرغانىكەن، ئۇنىڭدىن چەتلەپ كەتسىڭىز ياكى ئۇنى تاشلاپ قويسىڭىز ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىسىز؛ ئىقتىدارىڭىز يەتمىسىمۇ بىر ئامال قىلىپ تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇرسىز. يەنە بىر گەپ، ئەسلى تېكىستنىڭ ئاپتورى يېزىشقا كىرىشكىنىدە، ئادەتتە ئۆز تىلىدىكى كىتابخانلارنى نەزەردە تۇتىدۇ، باشقا تىلدىكى كىتابخانلارنى نەزەردە تۇتۇپ يېزىشى ناتايىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمان ئەسلى ئەسەرگە سادىق بولۇش بىلەن تەڭ تەرجىمە قىلىنىۋاتقان تىلغىمۇ، تەرجىمىنى ئوقۇيدىغان كىتابخانلارغىمۇ ۋاپا قىلىشى كېرەك. دېمەك، تەرجىمان ئەسلى ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىكى ھەربىر سۆز، ئىبارە، جۈملىنى، پىكىر — ئىدىيىنى كەم — كۈتىسىز تولۇق، توغرا چۈشىنىپ، ھەزىم قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن (ئۆزىنىڭ ساپ، ياسىما ئەمەس، تەبىئىي، راۋان، مۇجمەل ئەمەس، ئېنىق، چۈشىنىشلىك تىلى بىلەن) كەم — كۈتىسىز تولۇق، توغرا، چۈشىنىشلىك تەرجىمە قىلىپ بېرىشى شەرت. خەنزۇ تىلىمۇ، ئۇيغۇر تىلىمۇ تەرەققىي تاپقان ۋە تېپىۋاتقان تىل، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەنبەسى ۋە تەرەققىيات جەريانى بار. تۈرلۈك تارىخىي ۋە رېئال پەرقلەر بولغاچقا، خەنزۇ تىلىدا ھەم راۋان، ھەم تەبىئىي ۋە چۈشىنىشلىك بىر جۈملە گەپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، خۇددى يۇقىرىدىكى مىساللاردىن مەلۇم بولغىنىدەك ھەم ئاقسا — تۇقسا، ھەم مەنتىقىسىز، ھەم مۇجمەل، ھەم ياسىما بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئەنە شۇنداق ھادىسىلەرنى گېزىت — ژۇرنال، كىتاب، رادىئو — تېلېۋىزور، كىنو — تىياتىر ۋە جانلىق تىللاردىن ئۇچراتقانلىرىم بويىچە قىسمەن رەتلەپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇنداق ھادىسىلەردىن خالىي بولۇشنىڭ ئامالىنى ئۆز تەجرىبەمگە ئاساسەن مۇنداق لايىھىلەپ كۆردۈم:

بەزىلەر، تەرجىمىنىڭ قېلىپى يوق، دەيدۇ. ياق، ئۇنداق ئەمەس. دۇنيادا ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆزىگە يارىشا قانۇنىيىتى بارلىقى ھەممىگە ئايان ساۋات. تەرجىمانلىقنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى، قائىدىسى بار. ئوخشاش بىر گەپ، بىر جۈملىنى ھەر كىم ھەر خىل تەرجىمە قىلىشى مۇمكىن، لېكىن شۇ ھەر خىل تەرجىمىلەرنىڭ توغرا — ناتوغرىلىقىنى، ياخشى — يامانلىقىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئوبيېكتىپ مىزان يوق



ئەمەس. شۇ مىزان ھەر خىل تەرجىمىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ توغرىسىنى تاللاشتا ئۆز رولىنى نامايان قىلىدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى گەپتە سۆزلەر ئۆز ئورنىنى تاپالماسلىق ھادىسىلىرىنى ئاڭقىرىۋېلىشتا بىزگە ياردەم بېرىۋاتقان مىزان شۇكى، ئۇ تەرجىمىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىگە، تەپەككۇر مەنتىقىسىگە، گەپتە سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشىغا، گەپتە سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىنىڭ تەبىئىي راۋانلىقىغا، قىسقىسى، ساپ ئۇيغۇر تىلىغا ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ يەردە يەنە شۇ قائىدىنى تەكرارلايمەنكى، يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى ۋە شۇ خىلغا ياتىدىغان باشقا تەرجىمىلەردىكى نۇقسانلارنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشنى ۋە ئۇنى تۈزىتىشنى خالىسىڭىز، شۇ مىساللاردا بايان قىلىنغان ھالەتنى خۇددى ئۆز بېشىڭىزدىن بىۋاستە كەچۈرۈۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر بىلەن ئۆز خىيالىڭىزدا تەبىئىي يوسۇندا تەكرار بايان قىلىپ كۆرۈڭ، ئەنە شۇ چاغدا شۇ بايانلىرىڭىزدىن خەنزۇچە پۇراق كېلەمدۇ ياكى ئۇيغۇرچە پۇراقمۇ، ئېنىق ئايرىپ ئالالىشىڭىز مۇمكىن؛ خەنزۇچە تېكىستتىن چۈشەنگەن چۈشەنچىڭىزنى، خەنزۇچە تېكىستنىڭ شەكلىدىن قەتئىينەزەر، ساپ ئۆز تىلىڭىز بىلەن — ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشىڭىز ئۆزى ئەنە شۇنداق «گەپنى ئوڭلاپ قىلالماسلىق» ھادىسىسىنى تۈزىتىشنىڭ تەدبىرلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك، مېنىڭ تەجرىبەمچە شۇنداق.

老王去看婴儿，送给婴儿一顶帽子。

بۇنى «لاۋۋاڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىنى شەپكە (بۆك، قالپاق، قۇلاقچا، باش كىيىم...) بىلەن يوقلاپتۇ» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئادىتىگە خىلاپ. چۈنكى، بوۋاق بالىغا شەپكە، بۆك، قالپاق، قۇلاقچا مۇناسىپ ئەمەس، تۇرمۇش ساۋادىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. تېكىستتە 帽子 تۇرسا،

ئۇنىڭ تەرجىمىسى لۇغەتلەردە «بۆك، قالپاق، قۇلاقچا، تەلپەك، باش كىيىم» ۋەھاكازا دەپ قەيت قىلىنغان تۇرسا، قانداق قىلىش كېرەك؟! بۇ مۇشكۈلاتنى لۇغەت ئەمەس ھەم ساپ، ھەم ئەدەبىي، ھەم راۋان ۋە ئېنىق «تىل ئادىتى» قانۇنى يېشىپ بېرىدۇ. دېمەك، مۇشكۈلاتنى يېشىپ بېرەلەيدىغان، بوۋاقتا باپ كېلىدىغان «پوسما» نى «تىل ئادىتى» تېپىپ بېرىشى مۇمكىن.

تېكىستنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىن، شۇ چۈشەنچىنى «ئۆز تىلىمدا قانداق سۆزلەر بىلەن قانداق ئىپادىلىسەم توغرا بولار؟» دەپ بىر ئاز ئويلىنىش — تەرجىماننىڭ كەسپىي پەزىلىتى ۋە ماھارىتى.



# گەپنى ئوڭلاپ قىلىش كېرەك

## — تەرجىمە تەجرىبىلىرىمدىن خاتىرە (2)

«ھەركىم ئۆز ئىشى بىلەن» دېگەندەك، تەرجىمە، تىل مەسىلىلىرىگە دائىر گەپ بولغاندا، تەرجىمە ساھەسىدىكى كەسىپداشلار، تىلشۇناسلار، مۇھەررىرلەر ۋە بىر قىسىم ھەۋەسكارلار تىلىمىزدىكى نۇقسانلارنىڭ ئىپادىلىرى ۋە كېلىپ چىقىش مەنبەلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر نەرسە دەپ بېرىشىمنى تەكلىپ قىلىشىدۇ. بۇ تەكلىپلەرگە جاۋابەن، تەرجىمە مەسىلىلىرىگە دائىر بەزى قاراشلىرىمنى، ئېگىز - پەس بولسىمۇ رەتلەپ چىقتىم، پىشمىغان پىكىرلىرىم ئاقىلانە، مۇكەممەل قائىدىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ پاراڭ قىلىپ بېرىشىچە، بىر كۈنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا خەنزۇ تىلىدىن دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرغاندا، بىر قىز ئوقۇغۇچى ئۈشتۈمتۇت ئورنىدىن تۇرۇپ تولىمۇ ئالدىرىغان ھالدا تاشقىرىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئەھۋالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئالدىراپ يۈگۈرۈشىدىن ھەيران بولۇپ: «ھەمراگۈل، نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچى: «مۇئەللىم، چوڭ تەرەت قىلىپ كىرىۋالاي» دېگىنىچە ئالدىراپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرسخانا جىمجىتلىقى

بوزۇلۇپ، سىنىپتا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلاردىن: «نېمىگە كۈلۈۋاتىسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. ئوقۇغۇچىلار بولسا يا ئۇنداق، يا بۇنداق دەپ جاۋاب بەرمەي، شۈك بولۇشۇپ قاپتۇ. لېكىن، بۇ بىردەملىك ھادىسە مۇئەللىمنى چوڭقۇر ئويغا ساپتۇ.

شۇنداق، بۇ ھادىسە گەپنى جايىدا ئوڭلاپ قىلالماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس. گەپنى جايىدا قىلالماسلىق ھادىسىسى ماھىيەتتە گەپنىڭ ئۆزىگە يارىشا قانۇن - قائىدىلىرىنى، ئەنئەنىۋى گۈزەللىكى ۋە ساپلىقىنى، گەپ قىلغۇچىنىڭ سۈپەت ۋە ئوبرازىغا يارىشا ماسلىشىچانلىقىنى، گەپنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىنى ئېتىبارغا ئالماي، گەپتە سۆزلەرنى بۇزۇپ ئىشلىتىش دېمەكتۇر. دۇرۇس، گەپتە سۆزلەرنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى تىلشۇناسلىق دائىرىسىگە كىرىدىغان مەسىلە. ئۇ سۆزلىگۈچىنىڭ ياكى يازغۇچىنىڭ سۆز بايلىقى ۋە سۆز ماھارىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، بۇ يەردە گەپ ئەنە شۇ سۆز بايلىقىدىن قانداق پايدىلىنىشتا. «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن گەپ بار. گەپنىڭ تاشنى ئېرىتەلەيدىغان كۈچى نەدىن كېلىدۇ؟

ئۇيغۇر تىلى سۆزگە باي، يەنى لۇغەت فوندى مول، گەپ - سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، تۈرلۈك پىكىر، ھېس - تۇيغۇلارنى ئەڭ نازۇك ئامىللىرىغىچە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بەركەتلىك ھەم تەرەققىي قىلغان تىلدۇر. ئەگەر كلاسسىك ئەسەرلەرنى، ئەستايىدىل يېزىلغان ئىجادىي ئەسەرلەرنى تىل تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن تۈجۈپىلەپ ئوقۇيدىغان بولسىڭىز، بولۇپمۇ ئاۋام خەلقنىڭ جانلىق ئېغىزاكى تىلىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان بولسىڭىز، تىل خەزىنىمىزدە كۆڭۈلدىكى نازۇك پىكىرلەرنى، رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە ۋە مەۋھۇم شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى ھەم توغرا، ھەم ئېنىق،



ھەم جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆز - ئىبارە جەۋھەرلىرىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايسىز. بۇلار بىزنىڭ تىل مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

لېكىن، يەنە مۇنداق بىر ھادىسىگىمۇ ھەسرەتلەنمەي، دىققەت - ئېتىبارىمىزنى بەرمەي تۇرالمايمىزكى، مىللەتلەر ئارا ھەر تەرەپلىمە ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى، تىللار ئارا تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئارقىسىدا تىلىمىز تەرەققىي قىلىپ، ئۆز خەزىنىسىنى يەنىمۇ بېيىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خەزىنە ساپ جەۋھەر بىلەن تولماقتا، دەپ ئېيتىشقا ھەر ھالدا تىلىمىز كۆيىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يولىدا، مەيلى يېزىق تىلى شەكلى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئېغىز تىلى شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، بۇلغىنىش، بۇزۇلۇش ھادىسىلىرى ئاز ئەمەس. گېپى كەلگەچكە شۇنى ئىزاھلاپ قويايكى، تىل ئىلمى ئومۇمەن قانداق ئادەم قانداق شارائىتتا قانداق ئادەمگە قانداق مەقسەت بىلەن قانداق گەپ قىلغانلىقىنى ۋە شۇ گەپتىن قانداق نەتىجە چىققانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ يەردىكى بىرقانچە «قانداق» نىڭ مېغىزى «سۆز مۇھىتى» دىن ئىبارەت، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتساق، سۆزنى «ئورنىدا» ئىشلىتىش، گەپنى «جايىدا» قىلىش مەسىلىسىدۇر. تىلىمىزدىكى بۇلغىنىش، بۇزۇلۇش ھادىسىلىرى، ئومۇمەن ئالغاندا، بەزى گەپ - سۆزلەرنىڭ ئورنىغا چۈشمىگەنلىكى، جايىدا بولمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تەرجىمە قائىدىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى جەھەتتىكى ناتوغرا ئېقىملارنىڭ ئاساسىي رول ئوينىشى تۈپەيلىدىن ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ ھادىسىلەرنى پەقەت سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەنلا تېپىش مۇمكىن. مانا قاراڭ:

خەنزۇ خەلقىنىڭ كونا مەكتەپ ئىنتىزاملىرىغا ئاساسەن،

دەرسخانىلاردا 出恭入敬 (ئەدەب بىلەن چىق، ئىھتىرام بىلەن كىر) دېگەن خەتلەر يېزىلغان قول تاختىسى بولىدىكەن، ھەرقانداق ئوقۇغۇچى ئەنە شۇ تاختىنى ئالماي تۇرۇپ، ئورنىدىن ئىختىيارىي ئايرىلىپ تاشقىرىغا چىقالمايدىكەن؛ تەرەتكە چىقىش ئۈچۈنمۇ شۇ تاختىنى ئېلىپ چىقىش شەرت ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن كېيىنكى چاغلاردا 出恭 (ئەدەب بىلەن چىق) دېگەن سۆز «ئەدەبكە چىقماق» دېگەن مەنىگە ئۆزگىرىپ، «تەرەتكە چىقماق» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. پېشقەدەملىرىمىزنىڭمۇ خاتىرىسىدە بولسا كېرەك، بىزنىڭ كونا مەكتەپ - مەدرىسلىرىمىزدىمۇ ئوقۇغۇچىلار «ھاجەت»كە چىقماقچى بولسا ئوقۇتقۇچىلاردىن «ئەدەب» دېگەن سۆز بىلەن رۇخسەت سورايتتى. «ھاجەت» كە چىقىش سۆزىنىڭ «ئەدەب» كە چىقىش دېگەن سۆز بىلەن بايان قىلىنىشى، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئوخشاشلىق تەرجىمە ئارقىلىق پەيدا بولغانمۇ ياكى تاسادىپىي شۇنداق ئىرخشاپ قالغانمۇ ۋە ياكى پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە خۇددى مىللىي پەرقلەرمۇ، ئومۇمىي ئورتاقلىقمۇ بولغىنىدەك مەنىۋى ئۇقۇم ئورتاقلىقىدىن ھاسىل بولغانمۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن، بۇ ھادىسىنىڭ ماھىيىتى شۇ يەردىكى، گەپنى جايىدا قىلىش ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن ئورتاق قانۇنىيەتتۇر. «تەرەت قىلماق» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدا «ئەدەبكە چىقماق» دېگەن سۆز بىلەن بىلدۈرۈلۈشى ئەدەب - ئەخلاقنى تەكىتلەيدىغان ياخشى پەزىلەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «تەرەت قىلماق» دېگەن سۆزنىڭ مۇھىتقا يارىشا «زەر قىلماق»، «خالاغا چىقماق»، «ئىشىككە چىقماق»، «ئى يەرگە چىقىپ كىرەي»، «قول يۇيماق»، «قولنى بوشاتماق»، «تەرەت سۇندۇرماق»... دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپتىلىشىدىمۇ ئەدەب - ئەخلاقنى



تەكىتلەيدىغان ياخشى پەزىلەت رول ئوينايدۇ. تارىخىي ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا «تەرەت قىلماق» دېگەن سۆزنى خەنزۇلاردا 出恭 دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدىغان تىل ھادىسىسى بولمىسا كېرەك، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «ئەدەبكە چىقمەن» دەيدىغان تىل ھادىسىسى بولمىسا كېرەك. تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى شۇ بىر ھەرىكەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ تۈرى، مىقدارى ئاز ئەمەس، بۇنداق تىل ھادىسىسى گەپنى جايىدا ئۇقلاپ قىلىش قانۇنىيىتى زۆرۈرىيىتىگە، تىل مەدەنىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا باغلىق. يۇقىرىدا كەلتۈرگەن مىسالىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەيران قالغانلىقىغا، چوپچوڭ بولۇپ قالغان، ئەقىل توختاتقان قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئەدەب - ئىنتىزام، قائىدە - يوسۇن، ئىززەت - ھۆرمەت ئۇچىقى بولغان ۋە شۇنداق پەزىلەتلەر غايىبانە ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان چىرايلىق مۇھىتتا، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر كۆزى ئالدىغا نىجاسەتنى كەلتۈرىدىغان «چوڭ تەرەت» دېگەن سۆزنى ئورنىغا قارىمايلا ئاغزىدىن چىقارغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلى، تىل تۈزۈلۈشى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆزىگە خاس پسىخولوگىيىسى، ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى دېگەندەك تۈرلۈك ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ھادىسە ھەر بىر مىللەت تىلىنىڭ يېزىق شەكلىدىمۇ، ئېغىز تىلى شەكلىدىمۇ ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىراۋنىڭ سۆزىنى ئارىلاپ سۆز قىستۇرۇش توغرا كېلىپ قالغاندا، خەنزۇلار 我插一句 (مەن سۆز قىستۇراي) دېسە، بىز ئۇيغۇرلار

«سىزنىڭ ئارا»، «ئاغزىڭىزدا ناۋات» دەيمىز. قەدىردان بۇرادەرلەر، كۆڭلىدە يېقىن كۆرىدىغان ئادەملەر ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالسا، خەنزۇلار 什么风把你吹来了？ (سىزنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟) دەيدۇ؛ بىز ئۇيغۇرلار بولساق، كۆپ ھاللاردا «كۈن قاياقتىن چىقتى؟» دەيمىز. خەنزۇلار تاماقنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە ئۇچرىشىپ قالسا، ئادەتتە 吃了没有？ (تاماق يېدىڭىزمۇ؟) دەپ سالاملىشىدۇ، بىز ئۇيغۇرلار بولساق، «سالامۇ ئەلەيكۇم»، «ياخشىمۇ سىز» دەپ سالاملىشىمىز. تونۇش يىگىت ياكى قىز بىلەن ئەھۋاللىشىپ، ئۇلارنىڭ قاچان توي قىلىدىغانلىقىنى سوراشقا توغرا كەلسە، خەنزۇلار 你什么时候请吃糖啊？ (قاچان قەنتكە تەكلىپ قىلىسىز؟) دەيدۇ، بىز بولساق «تويىڭىز قاچان؟» دەيمىز. خەنزۇلار بەزى شارائىتتا ھەتتا 厕所 (تەرەتخانا) دېگەن سۆزنىمۇ ئار بىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 一号门 (1 - نومۇرلۇق ئۆي) دەپ ئاتايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك بىزدىمۇ «تەرەتخانا» دېگەن سۆزدىكى «تەرەت»نى ئار بىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بەزى شارائىتتا «خالا، خالى جاي...» دەيدىغان ئەھۋاللار بار. بىراۋ خاپا بولۇپ ئاچچىقلاپ كېتىپ قالسا، خەنزۇلار 拂袖而去 (چاپىنىنىڭ يېڭىنى قېقىپ كەتتى) دەيدۇ. بۇ گەپ خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىكى ئومۇمەن يېڭى ئۇزۇن چاپان كىيىش ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز ئۇيغۇرلار «پېشىنى قېقىپ كەتتى» دەيمىز. بۇ گەپ بىزنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردىكى كۆپىنچە ئۇزۇن چاپان كىيىش ئادىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇش مەسىلىسى خەنزۇ تىلىدا 个人问题 (شەخسىي مەسىلە) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ «شەخسىي مەسىلە» دېگەن سۆزىمىز بىلەن خەنزۇچە مەنە چۈشەنچىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار.



يۇقىرىدىكى مىساللاردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىنكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىدا گەپ ياكى جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر ۋە شۇ سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن گەپ ياكى جۈملىلەر شەكلەن قانداق بولسا شۇنداق مەنە چۈشەنچىنى بېرىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، جۈملە، گەپ ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرگە يېقىنمۇ كەلمەيدىغان مەنە، چۈشەنچىلەرنى بېرىدىغان تىل ئەھۋاللىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ئىككىنچى تۈرلۈك تىل ھادىسىسى تەرجىمە كەسپىدە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەرجىمىنىڭ قەدىر - قىممىتىمۇ ئەنە شۇ تىل ھادىسىسىنى ئىجادىي يوسۇندا توغرا ھەل قىلىش بىلەن روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

> چاھار باغدا ئەزىز مېھمانلار بىلەن تولغان كاتتا زىياپەت ئۈستىدە پادىشاھنىڭ ساقىلىغا گۈرۈچ چاپلىشىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن زېرەك ۋەزىر پادىشاھىمىزنىڭ سالاپىتىگە داغ چۈشۈپ قالدى دەپ ئويلاپ، بۇ داغنى دەرھال يوقىتىش كويىغا چۈشۈپتۇ، توغرىدىن - توغرا «شاھىم، ساقاللىرىغا گۈرۈچ چاپلىشىپ قاپتۇ» دەپ ئېيتاي دېسە، مېھمانلار ئالدىدا پادىشاھ سەتچىلىككە قالىدۇ، گەپ قىلماي دېسە، پادىشاھنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكەن. ۋەزىر ئاخىر ئەقىل تېپىپ، «پادىشاھىم، گۈل شېخىغا بۇلبۇل قونۇپتۇ!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ گەپنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ خۇشال كۈلكە بىلەن ساقىلىنى سىلاپ، داغنى يوقىتىپتۇ.

خوش، «گۈل شېخىغا بۇلبۇل قونۇپتۇ» دېگەن جۈملىنى خەنزۇ تىلىغا شەكىلەن سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇ گەپنىڭ تېگىدىكى مەنىنى توغرا ئىپادىلەش مۇمكىنمۇ؟ خەنزۇلار 巧妇难为无米之炊 دېگىنىدە تاماقنى پىشۇرغان ئايالنىڭ ئۇستا ياكى چېۋەرلىكىنى ئەمەس، بەلكى تاماقنىڭ ئوخشىغانلىقىدا ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغان خەرىت، يەنى ماتېرىيالنى ماختايدۇ. دېمەك، گەپ ئايال ئۈستىدە ئەمەس، تاماقنىڭ «ئامادە» لىرى، يەنى ماتېرىياللىرى ئۈستىدە باردۇ. شۇنداق ئىكەن، مەنىنى «ھەرقانچە ئۇستا ئايالمۇ ئۇنسىز تاماق ئېتەلمەيدۇ» («خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 – يىل نەشرى، 1433 – بەتكە قاراڭ) دەپ مۇجمەل ئىپادىلىگەندىن كۆرە، «قۇشناچىمىنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان خەلپىتىمىنىڭ ئوت – يېشى» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىسە، گەپ ھەم توغرا، جايىدا، ھەم ئوبرازلىق، ئاممىباب بولماسمىدى؟!

ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولساق، تىلىمىزدا مۇنداق غەلىتە تىل ھادىسىلىرىنى ئۇچرىتىمىز:

1. «يۇشىنىڭ جۇڭگوغا ئالاھىدە مەنپەئەتدار دۆلەتلىك مۇئامىلىسى بېرىشنى ئۇزارتىش تەشەببۇسى غەلىبىگە ئېرىشتى.»

ئۇيغۇر تىلىدا «مۇئامىلە بېرىش، مۇئامىلە ئېلىش» دېگەندەك تىل ئادىتى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى بارمۇ؟ ئەگەر «خەنزۇچىسى شۇنداققۇ!» دەپ ۋەجە كۆرسىتىلىدىغان بولسا، 同志们失火了，救火去! دېگەن گەپنى «يولداشلار، ئوت يوقالدى، ئوتنى قۇتقۇزغىلى بارايلى!» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەكمۇ؟

2. «بالىلار باغچىدا خۇشال – خۇرام ۋارقىراپ – جارقىراپ ئويناشقاندى......»

بۇنىڭدىكى مەسىلە: بالىلار خۇشال بولغاندا «ۋارقىراپ –



جارقىراپ» ئوينامدۇ ياكى «چۇرقىراپ – چۇرۇلداپ» ئوينامدۇ؟

3. «خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۆز خىزمىتىنى باشلاشتىن ئىلگىرى يېزىدىكى پېشقەدەم بوۋاي ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە زىيارەت قىلىپ بارغانىدى. ئابدۇللا بوۋاي ‹جاپا چەكتىڭلار› دەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى».

بۇنىڭدىكى مەسىلە: «پېشقەدەم» نىڭ ئۈستىگە «بوۋاي» مۇ؟ «ئابدۇللا بوۋاي» دېگەن سۆزدىن مۇشۇ كونكرېت مۇھىتتا ھۆرمەت مەنىسى چىقامدۇ؟ «ئابدۇللا ئاكا» دېسە تەرجىمە چەتلەپ كەتكەن بولامدۇ؟ يەنە، تېخى خىزمەتكە كىرىشمىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى زىيارەتكە كەلگەندە، ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئادەت بويىچە «ھارماڭلار» ياكى «ئاۋارە بولۇپ كەپسىلەر» دەپ كۈتۈۋالماي، «جاپا چەكتىڭلار» دېگىنى خەنزۇچە 辛苦哩 دېگەن تەكەللۇپ سۆزنى ئۇيغۇرچىسىغا ئېيتقانلىقمۇ؟

4. «ۋاڭ خۇيىنىڭ ئانىسى نەۋرىسىنى ئېلىپ قەبرە سۈپۈرگىلى كەتتى.»

بۇنىڭدىكى مەسىلە: تەرجىمە ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغانىكەن، ئۇيغۇر تىل ئادىتى بويىچە «تۇپراق بېشىغا كەتتى» دېسە ئەسلىگە سادىق بولماي قالارمۇ؟

تىل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئالاقە قورالى، ھەربىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، ئىقتىساد، ئېتىقادى، ئۆرپ – ئادىتى ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە خاس بولغان ئۇقۇم، چۈشەنچە، پىكىر، ھېس – تۇيغۇ ۋەھاكازالارنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ سۆز بايلىقى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ، بۇ ھەربىر مىللەت تىلىغا سىڭىپ كەتكەن قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەت تۈرلۈك تىللارنى بىر – بىرىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىمۇ رول ئوينايدۇ. يۇقىرىدىكى گېزىت – ژۇرنال، كىتاب، رادىئو، تېلېۋىزورلاردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى مەسىلىلەر-

نىڭ تەرجىمىسىدە تىلغا خاس قانۇنىيەتلەرنى نەزەردە تۇتماسلىقتىن كېلىپ چىققانلىقىدا گۇمان يوق.

تەرجىمە دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغاندا، بەزىلەر خەتنى خەتكە، گەپنى گەپكە ئۆرۈش، دەپلا چۈشىنىدۇ. ئەگەر چوڭقۇرلاپ سورىسىڭىز، «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە» قىلىش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا «مەنە تەرجىمىسى» قىلىش قائىدىسىمۇ بار، تەرجىمىدە بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم دەيدۇ. «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە» دېگەن نېمە؟ سۆز - ئىبارىلەرنىڭ، بىر پۈتۈن گەپ ياكى جۈملىنىڭ زامان ۋە ماكان بىلەن، يەنى كونكرېت مۇھىت بىلەن، ئىچكى، يەنى تېگىدىكى مەنىلىرى بىلەن، ئىما - ئىشارىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە قارىماستىن، سۆزگە سۆزنى، ئىبارىگە ئىبارىنى، جۈملىگە جۈملىنى توغرىلاپ ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۆزىدۇر. بەزى تەرجىمە تەتقىقاتچىلىرى بۇ «قائىدە»نى «ئۇدۇل تەرجىمە» ياكى «سىدام تەرجىمە»، «ئۆلۈك تەرجىمە» قىلىش قائىدىسى دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ «قائىدە» نىڭ ئەندىزىسى بويىچە قىلىنغان تەرجىمىنى دۇتارنىڭ قايسى پەدىگە چېلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئوينىغان ئۇسۇلغا ئوخشىتىش مۇمكىن. مەزمۇنىغا، پىكرىگە قارىماي، پەقەت شەكلىگىلا قاراپ قىلىنغان تەرجىمىنىڭ توغرا، سىلىق چىقىشى ناتايىن. مانا بۇ تەرجىمىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

老杨住院了，我们本想到医院进行慰问，第一把手亲自作了不少工作，他妻子就是不愿意一起去看望，看来她有难言之情，想不通的事儿。

بۇ ئادەتتىكى بىر تەسۋىرىي جۈملە، بۇنىڭدا لاۋياڭ دېگەن كىشىنىڭ بالنىستتا يېتىپ قالغانلىقى، بىرنەچچە كىشىنىڭ ئۇنى يوقلاپ بارماقچى بولغانلىقى، ئىدارىنىڭ



باشلىقى شۇنچە گەپ - سۆز قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى بىللە يوقلاپ بېرىشقا ئۇنىمىغانلىقى، ئەھۋالدىن قارىغاندا خوتۇنىنىڭ تىل قىسىنچىلىقى، ئەقلىگە سىغمايدىغان بىرەر ئىش باردەك قىلىدىغانلىقى شۇنداق راۋان، چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان. ئەگەر مۇشۇ مەنىنى خەنزۇچىدىن خەۋىرى بولمىغان بىرەر ئادەمگە ئاغزىڭىزدا تەرجىمە قىلىپ سۆزلەپ بەرسىڭىز، ئۇ ھېچبولمىغاندا شۇ مەنىدىن قۇسۇرسىز جۈملە تۈزۈپ ئالدىڭىزغا قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، رەسمىي تەرجىمىسىگە قاراڭ:

«لاۋياڭ ياتاقتا يېتىپ قالدى، بىز دوختۇرخانىغا ھال سوراش ئېلىپ بارماقچىدۇق، بىرىنچى قول بىۋاستە ئاز بولمىغان خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى بىللە بېرىپ يوقلاشقا ئۇنىمىدى، قارىغاندا ئۇنىڭ ئېيتالمايدىغان ئەھۋالى، كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئىشلار باردەك قىلىدۇ».

بۇ تەرجىمىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنى، پۈتۈن جۈملىلەرنى خەنزۇچىسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، سۆزلىرى بىرمۇ بىر ئوخشاش، مىقدارى تەڭ - باراۋەر «ئۇدۇل تەرجىمە» قائىدىسىگە تامامەن ئۇيغۇن، ئەپسۇسكى، «دوختۇرخانىغا ھال سوراش ئېلىپ بارماقچى» دېگەن گەپ، «بىرىنچى قول»، «ئاز بولمىغان» ، «كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان» دېگەن گەپلەر ساپ ئۇيغۇر تىلى ئەمەس. ھېچبولمىغاندا ئۇيغۇرچە دوپپا كىيدۈرۈلگەن ياسىما، يات گەپ. چۈنكى بۇ يەردە خەنزۇ تىلىنىڭ ھېچقانداق خەت، سۆز ئالامەتلىرى كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن بارلىق ئىبارە، جۈملىلەردىن خەنزۇ تىلىنىڭ تاشقى شەكلى، ئىچكى پۇرىقى ناھايىتى قويۇق چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان بۇ خەنزۇچە گەپلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەتلىرىگە قايچا كېلىپ قالغاچقا، جۈملە ئەسلى خەنزۇ تىلىدىكى يېقىملىقنىڭ ئەكسىچە يېقىمسىز، ئىغىر ھەتتا قوپال بولۇپ قالغان. «دوختۇرخانىغا ھال سوراش ئېلىپ بارماقچى» دېگەن گەپنىڭ ئورنىغا «دوختۇرخانىغا ھال سوراپ بارماقچى» ياكى «دوختۇرخانىغا بېرىپ ھال سورىماقچى» ۋە ياكى «دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارماقچى» دېسەك تامامەن مۇمكىنغۇ. «بىرىنچى قول»، «ئاز بولمىغان» دېگەن ياسىما سۆزلەرنى زورلاپ تاڭغىچە ئانا تىلىمىزدىكى «باشلىق» مەنىسىنى بېرىدىغان بىرەر سۆزنى، «كۆپ، جىق، تولا، بىرمۇنچە...» دېگەندەك سۆزلەرنى قوللانساق بولماسمۇ؟ مۇشۇ مىسالدىكى 作工作 دېگەن ئىبارە بالنىستتا ياتقان لاۋياڭنىڭ خوتۇنىغا «خىزمەت» قىلىپ بېرىش، يەنى ئۇنىڭ ئوتتۇنىنى يېرىپ، سۇيىنى توشۇپ بېرىش ۋە ياكى چالا قالغان، قولىدىن كەلمىگەن بىرەر «ئىش ـ كۈشى» نى قىلىپ بېرىش دېگەندەك مەنىنى ئەمەس، «گەپ ـ سۆز قىلماق، مەسلىھەت بەرمەك، دەۋەت ـ دالالەت قىلماق، گەپ يېدۈرمەك» دېگەندەك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ۋەھالەنكى، «خىزمەت ئىشلەش»، «كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ...» دېگەن ئىبارىلەرنى تەرجىمانلار ۋە خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان ئادەملەردىن باشقىلار ئانچە چۈشەنمەيدۇ. خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قىلغان ۋە قىلىۋاتقان تەرجىمىلىرىمىزنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرىدىغان بولساق، ئەسلىگە سادىق بولىمەن دەپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئېتىبار ئالماسلىق، شۇ گەپنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئادىتىدە زادى قانداق ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى ئانچە نەزەردە تۇتماسلىق ھادىسىلىرى خېلى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ ھادىسە بىزنىڭ تىل ئەمەلىيىتىمىزدە خېلىلا كۆپىيىپ، بارا ـ بارا ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، دىققىتىمىزنى



ئانچە تارتمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، «بىناكارلىق» دېگەن سۆز «قۇرۇلۇش» دېگەن سۆز. ئەكسىچە، «قۇرۇلۇش» دېگەن سۆزمۇ يەنىلا «بىناكارلىق» دېگەن سۆز. شۇنداق ئىكەن، 建筑工程局 دېگەن گەپنى كۆپ يىللاردىن بۇيان «بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى» دەپ تەرجىمە قىلىپ ۋە شۇنداق قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز. «ئىدارە قىلىش» دېگەن سۆز «باشقۇرۇش» دېگەن سۆز. ئەگەر «ئىدارە» دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپ كەلسە «باشقۇرىدىغان ئورۇن» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، 石油管理局 نى «نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى» دەپ كېلىۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا «قۇرۇلۇش قۇرۇلۇش ئىدارىسى»، «نېفىت باشقۇرۇش باشقۇرۇش ئورنى» دېگەندەك داڭقانسېزتى تەرجىمە قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئەپسۇسكى، كۆپ يىللاردىن بۇيان شۇنداق قوللىنىلىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن غەلىتە، يات بىلىنمەس بولۇپ قالدى. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە ھەتتا 面粉加工厂 دېگەن سۆزنى «ئۇننى پىششىقلاپ (ياكى جىياگوڭ قىلىپ) ئىشلەش زاۋۇتى» دەپ تەرجىمە قىلغاندا. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئۇندىن نان ياكى پېچىنە پىشۇرۇش ۋە ياكى خېمىرلىق تاماق تەييارلاش دېگەن مەنە چىقىدىغانلىقى، «بۇغداي ياكى قوناقتىن ئۇن تارتىش»، «تۈگمەن» دېگەندەك چۈشەنچە زادىلا چىقمايدىغانلىقى مانا مەن دەپ ئېنىق چىقىپ تۇرسىمۇ، ئەسلىگە «سادىق» بولۇش كېرەك دېگەن سەپسەتىلەرگە ئاساسەن، بىر سۆزگە بىر سۆزنى توغرىلاپ تەرجىمە قىلىپ يۈردۇق. ئەسلى خەنزۇ تىلىدا 金交椅 (ئالتۇن تەخت، ئالتۇن كۇرسى) دەپ تۇرسا، «تەخت» دېگەن سۆز فېئودالىزمغا خاس سۆز، «كۇرسى» بولسا كونىرىغان سۆز، بۇلار «تۆت كونا»، يوقىتىشقا تېگىشلىك «كونا قالدۇق» ۋەھاكازا دەپ، ئانا تىلىمىزنىڭ

بايلىقىنى، ئەنئەنىسىنى، بەدىئىي گۈزەللىكىنى ئېتىبارغا ئالماي، تىل ئادىتىمىزگە، مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە خىلاپ ھالدا زورمۇزور «ئالتۇن ئورۇندۇق» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. 管弦乐队 نى «سازەندىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەينى چاغلاردا «يەرلىك مىللەتچىلىك»نىڭ «باش كۆتۈرگەن» لىكى بولدى، «ئوركېستىر» دەپ تەرجىمە قىلغاندا «شىيۇجېڭجۇيى» چىلىقنىڭ ئىپادىسى بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن «كانايلىق، تارلىق مۇزىكا دۈيى» دەپ تەرجىمە قىلىدىغان ھادىسىلەرمۇ يۈز بەردى. خۇددى تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەندەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا «2 ـ نومۇرلۇق كېسەللىك» دەپ ئاتالغان ۋابا كېسەللىكى ئالامەتلىرى پەيدا بولغاندا، گوۋۇيۈەن شۇ كېسەللىكتىن جىددىي قۇتقۇزۇش، كەڭ تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەتتا كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولغان جايلارنى كارانتىن قىلىش، كېسەلمەنلەرنى ئايرىپ داۋالاش قاتارلىق تەدبىرلەر توغرىسىدا مەتبۇئاتتا يولىيورۇق ئېلان قىلدى. شۇ چاغدا مەن گېزىتخانىدا تەرجىمان ئىدىم. شۇ يولىيورۇقتا بىرقانچە يەردە تەكىتلەنگەن 疫情 دېگەن ئاتالغۇ شۇ كونكرېت شارائىتتا 瘟疫 دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنى «ۋابا كېسەللىكى ئالامەتلىرى» دېگەن مەزمۇندا تەرجىمە قىلغانىدىم. ھالبۇكى، ماۋ زېدۇڭنىڭ 送瘟神 (ۋابا ئىلاھىنى قوغلاش) سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىمۇ بۇ ئاتالغۇ «ۋابا» دەپ تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئەپسۇسكى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» تۈپەيلى ئىلىم قېلىپىدىن چىققان سىياسىي مۇستەبىتلىك دولقۇنى ئاقنى قارا قىلىپ، پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ، قانداقتۇر «2 ـ نومۇرلۇق كېسەللىك» نى ۋابا دەپ تەرجىمە قىلىش دۆلىتىمىزگە قارا چاپلىغانلىق، شىنجاڭدا ۋابا كېسەللىكى يوق، دۆلىتىمىز بويىچە تېخىمۇ يوق، بۇ پەقەت



بىرخىل «يۇقۇملۇق كېسەللىك»، يۇقۇملۇق كېسەللىكنى ۋابا دېگەنلىك سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ قۇيرۇق كۆتۈرگەنلىكى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق سالغانلىقى، ۋەھاكازا دەپ، ئالاھىدە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، چاچنى يۇلۇپ، بېقىنغا مۇشتلاپ، يېرىم كۈن كۈرەشكە تارتقانىدى ۋە ئىشخانىدىن «قوتان» غا ھەيدىگەنىدى. «ۋابا» بىلەن «يۇقۇملۇق كېسەللىك» نىڭ لۇغەت مەنىسى بويىچەمۇ، ئىستېمال مەنىسى بويىچەمۇ پەرقى چوڭلۇقى تولىمۇ ئېنىق. لېكىن، سىياسىي ئەسەبىيلىك بۇنداق پەرقلەرنى يوققا چىقىرىپ، 改革 نى «گەيگې» دېيىشكىلا زورلاپ، «ئىسلاھات» دېيىشكە يول قويمىغان.

گېزى كېلىپ ئېيتىلغان بۇ گەپلەر ئۆتمۈش تارىخ بولۇپ قالدى، ئۇنداق ئەسەبىيلىكلەر تەكرارلانماس بولۇپ تۈگىدى. لېكىن، تەرجىمىدە خەتنىلا ئېتىبارغا ئېلىپ، مەنىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدىغان روھىي ھالەتلەر ھازىرمۇ بىر قىسىم تەرجىمانلار ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەندەك، ئۇيغۇر تىلى ئادىتىگە، مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرجىمە تىلى ئۆزىنىڭ شۇ قوپاللىقى، ئورنىغا چۈشمىگەنلىكى سەۋەبى بىلەن مۇنداق ئىككى خىل ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەسلى خەنزۇ تىلىدىكى گۈزەللىكنى يوقىتىدۇ، مەنە جەھەتتىكى ئېنىقلىقنى مۇجمەللەشتۈرىدۇ، ھەتتا ئۇقۇمنى خاتالاشتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى ئۇيغۇر ئاممىسى ئىچىدە خەنزۇ تىلى زادى شۇنداق تاققا ـ تۇققا بولسا كېرەك، دەيدىغان تەسىراتنىمۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن. قاملاشمىغان تەرجىمىلەر توغرىسىدا گەپ بولغاندا، «ئەسلىدە گەپ شۇنداق تۇرسا قانداق قىلغۇلۇق؟!» دېگەندەك ۋەجىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تەرجىمە مەسىلىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان

ئادەملەرنى ئويغىتا سالماي قويمايدۇ. ئىككىنچى ئاقسۆت شۆكى، تەرجىمىدىكى ئەستايىدىل بولماسلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى، ئادەتلىرىنى، پاساھىتىنى، يەنى نەپىس ۋە گۈزەللىكىنى بۇزىدۇ. خەنزۇ تىلىدا 出恭 يەنى «ئەدەبكە چىقماق» دەپ تولىمۇ نازاكەت بىلەن ئېيتىلغان چىرايلىق سۆز، بىزنىڭ تىلىمىز ئۈچۈن قېلىپ بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان لۇغىتىمىزدە «ئىچىنى بوشاتماق، چوڭ تەرەت قىلماق» دەپ تەرجىمە قىلىنغان («خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە لۇغەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 – يىل نەشرى، 250 – بەتكە قاراڭ). رادىئو، تېلېۋىزورلاردىن «سۇيدۇك لاتىسى...» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز، بۇ خەنزۇچە 尿布 دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. تىلدىكى بۇنداق ھادىسىلەر تىلشۇناسلارنىڭ، تەرجىمىشۇناسلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىدە «تىلدىكى بۇلغىنىش» دەپ ئەيىبلەنسە، ئەستايىدىل ئاممىنىڭ تىلىدا «داڭقان پۇتى گەپ» دەپ ئەيىبلىنىمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە مۇناسىۋىتى بىلەن تىلىمىزدا پەيدا بولغان ۋە بولۇۋاتقان بۇلغىنىش ھادىسىلىرى خېلى ئېغىر دېسەك، مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. بەزى تەرجىمىلەر تەلەپكە تولىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيۋاتىدۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە زىت تەرجىمە قىلىش ئومۇملىشىپ كەتتى، خەنزۇچىدا 无线电 (رادىئو) دېيىلىۋاتسا، ئۇيغۇرچىدا «سىمسىز تېلېگراف» دەپ خاتا تەرجىمە قىلىندى. 地震局 نى «يەر تەۋرەش ئىدارىسى» دەپ مۇجمەل تەرجىمە قىلىنغاندىن كۆرە، «يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىدارىسى» ياكى «يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى» دەپ جانلىق تەرجىمە قىلىشقا ھەم مەجبۇر، ھەم ھەقلىق ئىدۇق...

تەرجىمە مۇناسىۋىتى بىلەن تىلىمىزدا پەيدا بولغان ۋە بولۇۋاتقان بۇلغىنىشلار كىتابخانلىرىمىزنىڭمۇ دىققەت – ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. پېشقەدەم تىلشۇناسىمىز رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا



ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىغا دائىر تەتقىقاتىدا تىل ئادىتى مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، مۇنداق كونكرېت مىساللار بىلەن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدۇ:

بىزنىڭ بەزى تەرجىمە ئەسەرلىرىمىزدە، تەرجىمە تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلىرىمىزدە «بالدۇر پىشىدىغان قوناق» دېگەن بىرىكمە قوللىنىلغان. ئۇيغۇر تىلىدا «بالدۇر پىشىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «چىلگە» سۆزى بار. ئۇنىڭ بىلەن «چىلگە شاپتۇل»، «چىلگە شال»، «چىلگە (قوغۇن)»، «چىلگە قوناق» دېگەندەك سۆزلەر ياسالغان. تىلىمىزدا «چىلگە قوناق» دېگەن تەييار سۆز تۇرسا، «بالدۇر پىشىدىغان قوناق» دېگەن سۆزنى ياساش ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىق ئەمەسمۇ؟ (2) مىسالدىكى «پاختا ئۇرۇقى، پاختا يېغى»، «گۈللۈك كىگىز» دېگەن سۆزلەرگە كەلسەك، بىز «چىگىت» دېگەن سۆز بىلەن «چىگىت ئايرىش»، «چىگىت يېغى» دېگەندەك سۆزلەرنى ياساپ قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز. «پاختا يېغى، پاختا ئۇرۇقى» دېسەكمۇ بولىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، «چىگىت» سۆزىنى لۇغەت تەركىبىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەكمۇ؟ «گۈللۈك كىگىز» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بىزدە «تەڭلىمات» (ئىملا لۇغىتى، 163 – بەت) دېگەن سۆز تۇرسا، «گۈللۈك كىگىز » دېگەن سۆزنى ياساشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ (3) مىسالدىكى «ساما يولى» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ سۆز «ئىملا لۇغىتى» (335 – بەت) دە «سامانيولى»، «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (II، 68–بەت) دە «سامانيولى»، «ئوكيانوس» (2477 – بەت) تا «سامانيولى» دەپ بېرىلگەن. «ساما يولى» دەپ سۆز ياساش ھاجەتسىز. بۇ خىل ئەھۋال تىلدا قالايمىقانچىلىق چىقارمامدۇ؟ تىلدا گەپنى ئوڭلاپ قىلالماسلىق، گەپنى ياساپ قىلىمەن دەپ تۇرۇپ بۇزۇش، تىل ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرى، ئىنچىكىلەپ ئېيتقاندا،

«تەرجىمە» ئۇسۇلىدىكى خاتا، ئۆلۈك «قائىدە» لەردىن كېلىپ چىقىۋاتقانلىقى تىلشۇناسلىرىمىزنى ئەنسىرەتمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سۆز قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى شۇ مىللەت ياشىغان تەبىئىي مۇھىت، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تارىخى، تۇرمۇش ئادىتى، پسىخىك ھالەت ھەم شەيئىلەرنى كۆزىتىش - تونۇش جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆزدىن پايدىلانغاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. ھازىر بۇ جەھەتكە دىققەت قىلىنماي ۋاتىدۇ. مەسىلەن، تېلېۋىزوردىن مۇنداق قۇرلارنى ئاڭلايمىز: قىز بىلەن يىگىت ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغاندا: «مەن سېنى سۆيىمەن، ...مەن سېنى ئىنتايىن سۆيىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قوللانماقتا. «سۆيۈش» دېگەن سۆز «ئۇپراش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقى «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنىلا قوللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىلنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» تە رۇخسارى خەمىتكە: «مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن بولسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «مېنىڭ ئورنۇمدا» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي، «ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن بولسىڭىز» دېسىلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇمۇ ئىلتىماس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

گەپنىڭ جايىدا، ئوڭلاپ قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىغا باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە شۇ ئۆلچەم توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ بىردەك بولۇش - بولماسلىقىغا كەلسەك، مېنىڭچە، بۇ ھەقتە، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ تىلنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدىلىرىگە، خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىغا قاراش لازىم. ئەپسۇسكى، خەنزۇ تىلىدىن



ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنىۋاتقان تەرجىمىلىرىمىزدە بۇ جەھەتكە دىققەت قىلىنماي ۋاتىدۇ. كىتابخانلىرىمىزنىڭ تىلدا گەپنى ئوڭلاپ قىلالماسلىق ئەھۋاللىرى «خەنزۇچىدا قانداق بولسا، شۇنداق تەرجىمە قىلغانلىقتىن يۈز بەرگەن ئەھۋال» دەپ، مەسىلىنى توغرا ئېچىپ تاشلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرجىمانلارغا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش لازىم» («تىل ۋە تەرجىمە»، 1992 - يىل 6 - سان) دەپ مۇراجىئەت قىلىشى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

× × ×

تەرجىمىدە تىلنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىپ، تىل ساغلاملىقى ۋە ساپلىقى ئۈچۈن تىرىشىش — بۇ، تەرجىمانلارنىڭ كەسىپ ئەخلاقىغا ياتىدىغان مەجبۇرىيەتتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرجىمە قىلىنغۇچى تىلنىڭ (كونكرېت ئېيتقاندا خەنزۇ تىلىنىڭ) ھۆرمىتىدۇر، تەرجىمە قىلغۇچى تىلنىڭ (كونكرېت ئېيتقاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ) قەدىر - قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئۈستۈرۈشكە قوشۇلغان چوڭ تۆھپىدۇر.

## تەرجىمىنىڭ سىرى

### تەرجىمە تەجرىبىلىرىمدىن خاتىرىلەر (3)

مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتە تەرجىمە بولمىسا بولمايدۇ. بۇ ھەممە ئادەمگە ئايان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەم «تەرجىمە دېگەن نەرسە زادى قانداق بىر ئىش؟» دەپ سوئال قويسا، شۇمۇ سوئال بولامدۇ، ئۇنى كىم بىلمەيدۇ، دېگەن جاۋاب چىقىشى تەبىئىي. چۈنكى ئادەتتە ھەممە ئادەم «تەرجىمە» نى «بىر خىل تىلنى يەنە بىر خىل تىلغا ئالماشتۇرۇش» دەپ چۈشىنىدۇ.

لېكىن، بىر خىل تىلنى، يەنى بىر مىللەتنىڭ تىلىنى يەنە بىر خىل تىلغا، يەنى يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىمكانىيىتى زادى نېمە؟

بۇ يەردە بىر سىر بار. بۇ سىرنى تىل بىلەن تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سىرىنى ئىلمىي ئاساستا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېشىش مۇمكىن.

بىزگە مەلۇم، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق يېقىنكى، بۇ مۇناسىۋەتنى شاكال بىلەن مېغىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇرنى مەنىۋى ئامىل دەپ قارىساق، تىلنى شۇ مەنىۋى ئامىلنىڭ ماددىي شەكلى دەپ قاراش مۇمكىن. تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇشۇنداق مۇناسىۋىتى بىزنىڭ بىر تىل بىـ



لەن يەنە بىر تىلنى «ئالماشتۇرۇش» تا زادى نېمىنى ئاساس قىلىشىمىز زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

تەرجىمە ئەمەلىيىتى بىر تىلنى يەنە بىر تىلغا شۇنداقلا ئاددىي ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل، بىرگە بىر ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان تامام بولىدىغان بىر پائالىيەت ئەمەس. ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئىشىنى مەقسەتتىكىدەك ئورۇنداشقا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئامىل ــ پىكىردۇر. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەت ۋە نىشان، يەنى تەرجىمە قىلىنىدىغان نەرسە ئەنە شۇ پىكىردۇر.

تەرجىمىنىڭ سىرى ئەنە شۇ.

بۇ ئاددىي سىخېمىغا قاراڭ:




بۇ يەردە خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمىنى مىسال قىلىۋاتىمىز. تەرجىمە شۇ ناسلىق ۋە ھەتتا تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغاندا، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ئالاقە يوق، خۇددى سىخېمىدا توچكىلار بىلەن ئىشارەت قىلىنغىنىدەك. بۇ ئىككى تىل بىر ـ بىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلىيالمايدۇ. لېكىن خەنزۇ تىلىنىڭمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ پىكىر بىلەن بىـ

ۋاستە ئالاقىسى بار. ئوخشاش بىر پىكىر بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىلى بىلەن ئالاقە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلى بىلەنمۇ ئالاقە قىلالايدۇ. دېمەك ھەر ئىككى تىل بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان ئەنە شۇ ئوخشاش بىر پىكىر ئىككى تىلنى ئالاقىلاشتۇرۇشتا دەريادىن ئۆتكۈزىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى 看来您好象有气管炎 دېگەن چاقچاق گەپ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆيىڭىزدە ئەنجان پاختىكى بار ئوخشىمامدۇ» دېگەن گەپ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىرلىك، ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق. خەنزۇچە گەپتە 气管炎 يەنى «زىققا» دېگەن سۆز گەۋدىلىنىپ تۇرسا، ئۇيغۇر تىلىدا «ئەنجان پاختىكى» دېگەن سۆز گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئىككى تىلدا قوللىنىلغان سۆزلەرمۇ، ئۇقۇملارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەگەر تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە سۆز، ئىبارە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، 气管炎 ياكى «ئەنجان پاختىكى» دېگەن سۆزنى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىشتىن چەتلەپ كېتەلمىسە، ئۇ ھالدا ھەرقانداق يۇقىرى ماھارەتلىك مۇتەخەسسىسمۇ ئىككى تىلنى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلەشتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە زۆرۈرى خەت ياكى سۆز ئەمەس، شۇ سۆز ياكى خەتنى ماددىي شەكىل قىلىش ۋاستىسى بىلەن رول ئويناپ تۇرغان ماھىيەت، يەنى پىكىر. خەنزۇ تىلىدا 看来您好象有气管炎 دېگەندە، «سىزدە زىققا بار ئوخشىمامدۇ» دەپ كېسەل توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقىنى يوق، ماھىيەتتە «خوتۇنىڭىزدىن قورقىدىغاندەك تۇرىسىز» دېگەن پىكىرنى بايان قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆيىڭىزدە ئەنجان پاختىكى بار ئوخشىمامدۇ» دېگەندە گەپ قانداقتۇر كەپتەر، پاختەك ئۈستىدە ئەمەس. ماھىيەتتە «خوتۇنىڭىزدىن قورقىدىغان ئوخشىمامسىز» دېگەن پىكىر ئۈستىدە بارىدۇ. ئەگەر بۇ گەپلەر ئەينەن يازما



شەكلى بويىچىلا ياكى بايان قىلىنغان ھالىتى بويىچىلا تەرجىمە قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ تەرجىمە ماھىيەتتە بايان قىلماقچى بولغان پىكىر، مەنىنى مەڭگۈ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

دېمەك، تەرجىمىنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، تەرجىمىنىڭ پائالىيەت مەركىزىدە نىشان بولۇپ تۇرىدىغىنى شەيئىلەرنىڭ سۆز، ئىبارىدىن تەشكىل تاپقان ماددىي شەكلى ئەمەس، بەلكى شۇ شەكىلنىڭ تېگىدىكى پىكىر، مەزمۇن.

بۇ مۇھاكىمىمىزنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن، بۇ يەردە ئەدەبىي ئەسەردىن قىسقىغىنە بىر ئابزاس تەسۋىرنىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى قوشۇمچە قىلىندى. سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇ قىسقىغىنە بىر ئابزاس تېكىستنىڭ تۈرلۈكچە تەرجىمىلىرىدىن توغرا تەرجىمە ئۈچۈن قانۇنىيەتلىك بىرەر قائىدىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كۆرۈش ئەھمىيەتلىك بىر تىرىشچانلىق بولسا كېرەك.

### قوشۇمچە - (1): ئەسلى تېكىست

“哟，他大兄弟，大清早干什么去，又是水果，又是罐头的。”

你说这事都邪了，偏遇见快嘴刘嫂，此时她那狐凝的神情和酸溜溜的语调 我腻歪透了。我还是培着笑脸回答：“老厂长病了，我到医院看看。”

“我说的嘛，”她那酸味更浓了，“要不，能这么舍本吗？准是有事求老厂长吧！

还说是书呆哪，好钢用在刀刃上，也是势力眼！”

我的脑袋“嗡”的一下，想冲她，又何必呢，就大声说：“人家老厂长春节前就离休了。”

“啊？都离休了——那你这去看他干啥，奇怪人家说你是个书呆子，你呀……”

### قوشۇمچە – (2): سېلىشتۇرما لۇغەت

邪 يامان، ئەسكى، سەت، بولمىغۇر، نا-
توغرا، بىر ئەت

快嘴 ئاغزى ئىتتىك، ئىتتىك ئېغىز

狐疑 شۇبھە، گۇمان، گۇمانلانماق

酸溜溜 چۈچۈمەل، ئاچچىق، سىرقىرىماق،
ئىچى سىرىلماق

语调 ئىنتوناتسىيە، ئاھاڭ، تاۋۇش

偏 يان، يانتۇ، قىيسىق، ئاغماق، ئەتەي،
پەقەت

腻歪 كۆڭۈلگە تەگمەك، زېرىكمەك، تويماق،
بىزار بولماق

浓 قويۇق، قېنىق، زىچ، كۈچلۈك، چوڭقۇر

舍本 مېغىزىنى تاشلىماق، ئاساسلىقىنى
تاشلىماق

求 ئۆتۈنمەك، تىلىمەك، سورىماق، ئىز-
دىمەك، قوغلاشماق، بېرىلمەك، ئېھتىياج،
تاپماق

书呆子 قىرائەتخانا، ئەقىدەپەرەس



刀刃 بىس (تىغنىڭ) ئۆز ئورنى، دەل جايى

势利眼 بايلىق ۋە مەرتىۋىگە قاراپ مۇئامىلە
قىلماق، خۇشامەتچى، تەخسىكەش،
يالاقچى

难怪 ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئەيىبلەشكە
بولماسلىق

准 رۇخسەت بەرمەك، ئۆلچەم - مىزان،
دۇرۇس، توغرا، دەل، چوقۇم، جەزمەن،
غەيرىي رەسمىي

(ئىزاھات: بۇ ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن قىسقىغىنە بىر پارچە تېكىستتە ئۇچرىغان قىسمەن ئاتالغۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەرجىمىسى تامامەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشر قىلغان ئىككى توملۇق «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» بويىچە ئەينەن ئېلىندى. تەپسىلىي، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ قارايدىغان بولساق، سۆزلەرنىڭ لۇغەت تەرجىمىسى بىلەن جانلىق تەرجىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ چوڭلۇقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ پەرق زىددىيىتىنى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە توغرا بىر تەرەپ قىلىش يوللىرىنى پايقاش ھەم بۇمكىن.)

### قوشۇمچە — (3): بىرىنچى تۈرلۈك تەرجىمىسى

— ئوھو، چوڭ ئۈكىسى، تاڭ سەھەردە نېمە قىلغىلى بارىسىز، مېۋىمۇ، كونسېرۋامۇ بار ئىكەن.

بۇ ئىش يامان بولدى دېيىسىز. قەستەن ئاغزى ئىتتىك ليۇ يەڭگىنىي ئۇچراتتىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ گۇمانلىق ئەلپازى ۋە چۈچۈمەل ئاھاڭى مېنى بەكمۇ بىزار

قىلدى. مەن يەنىلا كۈلۈمسىرىگەن چىرايى بىلەن:

— پېشقەدەم زاۋۇت باشلىقى ئاغرىپ قالدى، دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈۋباقىمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— مەن دېدىمغۇ، — ئۇنىڭ چۈچۈمەللىكى تېخىمۇ قوزغۇلاشتى، — ئۇنداق بولمىسا، ئاساسلىقىدىن بۇنچە ۋاز كېچىش مۇمكىنمۇ؟ چوقۇم پېشقەدەم زاۋۇت باشلىقىدىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىش بار! تېخى قىرائەتخان دەيدۇ، ياخشى پولاتنى پىچاق بىسىغا ئىشلىتىشمۇ پايدىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش بولىدۇ!

مېڭەم «ۋىڭ» قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئېتىلىشنى ئويلىدىم، يەنە بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى نىمە. ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ھېلىقى پېشقەدەم زاۋۇت باشلىقى باھار بايرىمىدىن بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتتى، — دېدىم.

— ھە؟ ھەممىسى دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتتى، ئەمىسە يەنە ئۇنى كۆرگىلى بېرىپ نىمە قىلىسىز. باشقىلارنىڭ سىزنى قىرائەتخان دېگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. سىزچۇ......

مەسىلە: ئەسلى تېكىستتە بايان قىلىنىۋاتقان ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەلۇم بىر شەخس ئۆزى ئىشلەۋاتقان بىر زاۋۇتنىڭ كېسەل بىلەن بالنىستىتا يېتىپ قالغان سابىق باشلىقىنى يوقلاش ئۈچۈن، ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭىدۇ.



ئەسلى تېكىستتىكى تەسۋىرلەردىن، شۇ تەسۋىرلەرنىڭ ئىچكى مەنەلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مەلۇم شەخس — ئالىيجاناب، مېھرىبان، ئادىمگەرچىلىك پەزىلىتى بار، خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق، شەخسىي غەرەزسىز ئادەم. ھالبۇكى، لىيۇ يەڭگە (ياكى لىيۇ ئايلا) بولسا سۇخەنچى، ئۇششاق سۆز، ۋات ـ ۋات، گۇمانخور، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، قىلغان ئىشىدىن مىننەت قىلىدىغان، غەرەزسىز ئىش قىلمايدىغان، تولىمۇ خەسىس ـ شەخسىيەتچى ئايال. بۇ ئايال ھېلىقى ئالىيجاناب شەخسنىڭ پىنسىيىگە چىقىپ كەتكەن، ئاغرىپ قالغان پېشقەدەم باشلىقىنى ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن يوقلاپ مېڭىشىنى ئۆزىنىڭ خەسىسلىك تەبىئىتى بويىچە چۈشىنىپ، باشلىققا «ھاجىتىڭىز چۈشكەن ئىكەن ـ دە!»، «نەم يەرگە دەسسىمەيسىز ـ دە!»، «سىزنى كىتابنى تولا ئوقۇپ مېڭىسى ئېلىشىپ قالغان» دېگىلى بولمايدۇ...... ۋەھاكازا دەپ، كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايناتىدىغان گەپلەر بىلەن قارىلايدۇ. بۇ قىسقىغىنە تەسۋىردە خاراكتېرى بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى شەخسنىڭ ئوبرازى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن، تولىمۇ روشەن بايان قىلىنغان. ئەپسۇسكى بىرىنچى تۆرلۈك تەرجىمىدە تەرجىمان تېكىستتىكى سۆز، ئىبارىلەرگىلا، شۇ سۆز، ئىبارىلەرنىڭ لۇغەت كىتابلىرىدىكى تەرجىمىسىگىلا بېرىلىپ كېتىپ، شۇ سۆز، گەپلەرنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىرلىرىنى ئېتىباردىن قالدۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى ئەسەردىكى توپ مەنە، نازۇك پىكىر، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر، گەپلەرنىڭ تۈزى ـ تەمى، ئىنتوناتسىيىلىرى، ئورانى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ئەسلى تېكىستنىڭ ئۆزىدىلا قالغان، تەرجىمىگە يۇقمىغان؛ تەرجىمان ئەسلى تېكىستكە ئوخشىتىمەن دەپ شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ھەتتا بەزى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسىدە خاتالىق يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، لۇغەتتىن بىرمۇ بىر، ئەينەن كۆچۈرۈپ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەپسۇسكى. يەنىلا ئوخشىتالمىغان. قىسقىسى، تەرجىمىدە سۆز بار، گەپ بار، لېكىن ئېنىق مەنە، روشەن پىكىر يوق، گەپنىڭ تېگىدىكى ئىنچىكە، نازۇك، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر تېخىمۇ يوق.

«قوشۇمچە(4)» دە نەقىل كەلتۈرۈلگەن تەرجىمىنى «دەرۇس تەرجىمە» دەپ باھالىساقمۇ، لېكىن بۇنىمۇ «لايىھە» تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىش مۇمكىن. چۈنكى تەرجىمىنىڭ سىرى «پىكىر» ئىكەن، يەنى تەرجىمىدە «سۆز ـ ئىبارە» لەر ئەمەس، «پىكىر» ئاساس قىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا تەرجىمە قائىدىلىرىدە تۈرلۈك تىللارنىڭ ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىگە يارىشا نەزەر دائىرىمىزنى يەنىمۇ كېڭەيتىشكە مەجبۇرمىز.

قوشۇمچە — (4): دۇرۇس تەرجىمە ئۈچۈن لايىھە

— ۋاي خۇدايىم، خوجام، قاق سەھەردە شۇنچە مېۋە ـ چېۋە، كونسېرۋا ـ مۇراببالارنى زەللە قىلىپ، نەگە كېتىۋاتىلا؟!

بۇ كېلىشمەسلىكنى دېمەمسىز، قېيىشقاندەك شورتۇمشۇق لىۇ ئايلام ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ گۇمانسىراپ قاراشلىرى، ئەگىتىپ گەپ قىلىشلىرى جېنىمغا جاق تەگدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇچۇق چىراي بىلەن جاۋاب بەردىم:

— زاۋۇتىمىزنىڭ پېشقەدەم باشلىقى ئاغرىپ قاپتىكەن، شۇنى يوقلاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كېتىۋاتىمەن.

— دېمىدىممۇ، — دېدى لىۇ ئايلا گېپىنى تېخىمۇ ئەگىتىپ، — شۇنداق بولمىسا بۇنچىۋالا دەسمايە سەرپ قىلاتتىلىمۇ؟! پېشقەدەم زاۋۇت باشلىقىغا بىرەر ھاجىتىڭىز چۈشكەن ئىكەن ـ دە! كىتابنى تولا ئوقۇۋېرىپ مېڭىسى ئېلىشىپ قالغان كىتاب سارىڭىمىش تېخى، پۇلنى تېپىپ جايىدا سەرپ قىلىشمۇ چوڭ ئىش. نەم يەرگە دەسسىمەيسىزدە!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، «غىژژژ» قىلىپ ئىزغام قايىنىدى، راسا ئەدىپىنى بەرگىم كەلدى، يەنە خەير دەپ ئۆزۈمگە ھاي



بەردىم ـ دە، ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىپ:

— ئۇ پېشقەدەم باشلىقىمىز باھار بايرىمىدىن ئىلگىرىلا پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن، — دېدىم.

— ھە؟ پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن دەڭ! ئۇنداق بولسا يەنە نېمىگە يوقلايلا. خەقنىڭ سىلىنى كىتاب سارىڭى دەپ يۈرۈشى بىكار گەپ ئەمەسكەن ـ دە! سىلى ـ زە...

# تەرجىمە ئەيىنكى

## تەرجىمە تىلىدىكى نۇقسانلاردىن تەرمىلەر

### 1. خاتىرە ۋە تەسىرات

«موڭغۇللار جۇڭگوغا كىرىپ ھۆكۈمران
بولۇپ يۈرگەن زامانلاردا، سوراقچىلىرى
تىلماچ (يەنى تەرجىمان) ئىشلىتىدىكەن.
شۇ چاغلاردا بىر كۈنى بىر راھىب قەرز
بەرگەن پۇلنى تۆلەتتۈرۈپ ئېلىش مەقسىتى
بىلەن قەرزدار ئۈستىدىن ئەرز بېرىپتۇ.
قەرزدار بولسا تىلماچ بىلەن تىل بىرىك-
تۈرۈپ، ھېلىقى ئەرزنىڭ مەزمۇنىنى «مەن
ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈشكە نىيەت قىلدىم»
دېگەن گەپكە ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلدۇ-
رۇپتۇ. سوراقچى بۇ ئەرزنى ئوقۇپ ‹خوپ،
بولىدۇ› دەپ، راھىبنى لاۋۇلداپ يېنىپ
تۇرغان ئوتقا تاشلاتتۇرغانىكەن.»

لۇشۈن ئۆزىنىڭ «خالاس» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىدا بايان قىلغان بۇ تارىخىي ۋەقە راست بولۇپ ئۆتكەنمۇ ياكى خىيالىي توقۇلمىمۇ، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئادەتتە ئاساسسىز گەپ قىلمايدىغان، ئۆز ئەسەرلىرىدە كەلتۈرگەن نەقىللىرىنى ئىزاھسىز قالدۇرمايدىغان لۇشۈن، نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ تارىخىي ۋەقەلىكنىڭ ھۆججەتلىك مەنبەلىرى توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن. 40 نەچچە يىللىق تەرجىمانلىق ھاياتىمدا ئۇچرىتىپ باقمىغان، پەرىزىمچە ئۇچرىتىش



ئېھتىمالىمۇ ناھايىتى ئاز بولغان بۇنداق بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىش ھادىسىسى ھەرقانداق كەسىپ ئەھلىنى ئەجەبلەندۈرمەي، قىزىقتۇرماي قويمايدۇ. شۇنچە ئىزدەپ كۆرگەن بولسامۇ، ئۇنداق مەنبەگە لۇشۈننىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىرەر ھۆججەتلىك ئاساسىنى، مەنبەنى تاپالمىدىم.

تەرجىمە تارىخىدا ئەسلىينى توغرا چۈشەنمەي تەرجىمە قىلىش، توغرا چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ تەرجىمە تىلىدا توغرا ئىپادىلىيەلمەسلىك ياكى ئىملانى توغرا يازالماسلىق ۋەھاكازا سەۋەبلەر بىلەن تەرجىمىدە سەھۋەن خاتالىق سادىر قىلىدىغان ھادىسىلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەتتا شۇ «خاتا» لىق سەۋەبى بىلەن تەنقىپ ئاستىغا ئېلىنغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، جازالانغان تەرجىمانلارمۇ يوق ئەمەس. لېكىن سەھۋەن «خاتا» لىق سەۋەبچى بولغان ناھەق زىيانكەشلىكلەرنىڭ ئاخىر ھەق جايىنى تاپمىغىنى يوق دېيەرلىكتۇر.

دېمەك، مەيلى تارىختىن قارايلى، مەيلى رېئال ھاياتىمىزدىن قارايلى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمە ساھەسىدە مۇئەييەن پىكىرنى، مەزمۇننى قەستەن، ئاڭلىق ھالدا ئۆزگەرتىپ، يۇقىرىدىكى قەرزدارنىڭ «قەرز بەرگەن پۇلۇمنى ئۇندۇرۇپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى «ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈشكە نىيەت قىلدىم» دەپ بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلدۇرغىنىدەك ئۆزگەرتىپ، مەلۇم سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھادىسىلىرىنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمە تىلىمىزدىكى نۇقسانلار ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىۋاتقان چېغىمىزدا، «بۇرمىلانغان تەرجىمە» ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش ئارتۇقچە بىر ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تەرجىمە «قۇربان» سىز بولمايدۇ، «قۇربان» سىز «مۇتلەق تەرجىمە» مۇ مەۋجۇت ئەمەس!

> «كىمدىكى ئەسەرنى ئەينەن ئۆزىدەك، يەنى ئەسلىدەك ساپ ھالدا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسا، مەرھەمەت، ئۇنىڭ ئەسلىگە بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلسۇن!»

تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پىكرىچە، تەرجىمىدە ئەسلى مەنىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنگەن، شۇ مەنىنى چىڭ تۇتقان ھالدا تەرجىمە تىلىدا قۇربان بېرىشكە، ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان تەرجىمان ئەسلى ئاپتور ئالدىدىمۇ، كىتابخان ئالدىدىمۇ يۈزمۇ يۈز بىمالال تۇرالمايدۇ. قاراڭ:

喂，说话要客气一点!

客气 نىڭ لۇغەت مەنىسى: نازاكەت، ئېھتىرام. تارتىنماق، خىجىل بولماق، تەكەللۇپ، ناز قىلماق ۋەھاكازا. بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئەنە شۇ لۇغەت مەنىلىرى بويىچە بىرمۇ بىر توغرىلاپ، «ھەي، نازاكەت (ياكى ئېھتىرام ...... تەكەللۇپ) بىلەنرەك گەپ قىل!» دەپ تەرجىمە قىلىش يارىمايدۇ، چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا نازاكەت بىلەن ياكى تارتىنچاقلىق بىلەن ۋە ياكى ناز بىلەن گەپ قىل دەيدىغان تىل ئادىتى بولمىسا كېرەك. ئۇنداق ئۈستىگە، بۇ كونكرېت جۈملىدە قارىماققا 客气 دېگەن ئاتالغۇدىن نازاكەت، ئېھتىرام، تەكەللۇپ دېگەندەك سىلىق سۆزلەر دېيىلىۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن «سىلىق» سۆزىنىڭ ئەكسىچە «قوپال» مەنە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، يەنى «ھەي، ئاغزىڭغا قاراپراق گەپ قىل!»، «كۆزۈڭگە قاراپ (ياكى ئالدى - كەينىڭگە قاراپ) گەپ قىل!» ھەتتا «ھوشۇڭنى تېپىپ گەپ قىل!» دېگەندەك پوپوزا چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئەلۋەتتە، سۆزلەر تىزمىسىنى ئەمەس، پىكىرنى، مەنىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىش زۆرۈر.

تەرجىمان نېمىنى، قەيەردە، قانداق قۇربان بېرىش ۋە



تېكىستنى قايسى تەرەپتىن — لېكسىكا جەھەتتىنمۇ ياكى مەنە جەھەتتىنمۇ — ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئېنىقلاپ ئېلىشى زۆرۈر.

ئادەتتە، تەرجىمە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمە ماتېماتىكا قائىدىلىرىگە ئوخشاش بىرلا جاۋاب بىلەن چەكلىنىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ جانلىق، ھەر خىل بولىدۇ. ئوخشاش بىر تېكىستنىڭ تەرجىمىسى تەرجىمە قىلىنىۋاتقان زامانغا، ماكانغا، تەرجىمە ئەسەرنىڭ كىتابخانلىرىغا يارىشا پەرقلىق بولۇشى، ھەتتا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمانلارنىڭ ئەقىدارى، ماھارىتى، تەجرىبىسى ۋە ئىلمىي - بىلىمىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا ھەر خىل بولۇشى ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى تەرجىمە ئىككى خۇسۇسىيەتكە ئىگە: ھەم تېكىستقا بېقىندى بولۇپ چەكلىنىپ تۇرىدۇ، ھەم تېكىستنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئىجادىي يوسۇندا ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە قېلىپقا كىيىلگەن ھالدا توختاپ قالماي، بارغانسېرى راۋاجلىنىدۇ، تاكامۇللىشىدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، «تېكىستنى چۈشىنىشنىڭ، ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ، خۇددى ئىنسان ئەقىل - پاراستىنىڭ داۋاملىق ئۆسۈپ، بارا - بارا تاكامۇللىشىشىغا ئوخشاش، چېكى يوقتۇر» (كوزنىتسوۋ: خەنزۇچە «تەرجىمانلىق پېداگوگىكىسى ۋە تەرجىمە نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى»). مەشھۇر رۇس تەرجىمانى ھەم تەرجىمىشۇناسى ژۇكوۋسكىمۇ تەرجىمىدە «بېقىندىلىق» بىلەن «ئەركىنلىك» زىددىيىتىنى توغرا ياراشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىنقى شەرت ئورنىدا تېكىستنى تولۇق چۈشىنىش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. «تېكىستنى ئىلمىي يوسۇندا چوڭقۇر چۈشىنىش — دەپ يازىدۇ ئۇ، — تېكىستتىكى پىكىر، مەنىنى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى ئوبيېكتىپ ھالدا توغرا ئىپادىلەشنىڭ كاپالىتىدۇر.»

تېكستنى فونېتىكا، لېكسىكا، سىنتاكسىس ـ گرامماتىكا جەھەتلىرىدىن، تېكستتە تەسۋىرلەنگەن پىكىر ـ مەزمۇن، يېزىش ئۇسلۇبى جەھەتلىرىدىن، تېكستتە بايان قىلىنغان تۇرمۇش مۇھىتى، ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىي خۇسۇسىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىن ھەتتا مىللىي خاسلىق ۋە تارىخىي بىلىم جەھەتلىرىدىن ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش لازىم.

تەرجىماندا شۇ مىللەتنىڭ تىلى، يېزىقى، مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە تۇرمۇش خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە بىلىم ـ ساۋات كەم بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرجىمىدە ئىپادىلەش ماھارىتى ئاجىز بولسا، ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ھەتتا شۇ مىللەتنى سۇندۇرۇش خەۋپىدىن، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنى بۇرمىلاش خەۋپىدىن يانمىغان تەرجىمە بولۇپ چىقىدۇ.

شۇنداق، ناچار تەرجىمە ئوقۇغۇچىنى زېرىكتۈرىدۇ، قاچۇرىدۇ. يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئەسلى ئەسەرنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدۇ، ئوقۇغۇچىلاردا شۇ مىللەتنىڭ تىلىغا ياراتماسلىق نەزەرى بىلەن قارايدىغان تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ. «ئەي ئوغۇل، ھەر سۆزنى ئورنى كەلگەندە، ۋەقەلىككە مۇۋاپىق گۈزەل ئىبارە بىلەن سۆزلىگىن، ...... گۈزەل، كۆركەم سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگىمۇ، پايدىسى بار، ئاڭلىغان كىشىنىڭمۇ دىلىغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ»، «ھەر قاچان خەلققە سۆزلىسەڭ گۈزەل، يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىشىڭ كېرەك، شۇنداق بولغاندا، سۆزۈڭنى خەلق قوبۇل كۆرىدۇ، خەلق سېنىڭ قانچىلىك كىشى ئىكەنلىكىڭنى سۆزۈڭدىن بىلىۋالىدۇ. بىلىش لازىمكى، ئادەم ـــ سۆزى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، سۆزلىمەي تۇرۇپ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. ھەزرىتى ئېلى ئېيتقانكى: ‹ئادەم ـــ تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ›، ئادەم سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.»



شەمسۇلمائالى قابۇس مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى جەۋھەرلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان مەشھۇر تەۋەررۈك ئەسىرى «قابۇسنامە» دە «سۆزلەشنىڭ شەرتلىرى» نى ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتلىك تەسۋىرلەپ، «گۈزەل، كۆركەم سۆز» بىلەن «يامان سۆز» نىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى تولىمۇ تەسىرلىك بايان قىلىدۇ ۋە «سۆز بىلەن سۆزنىڭ پەرقى» نى مۇنداق بىر ھېكايە بىلەن بايان قىلىدۇ:

«پادىشاھ ھارۇن رەشىد باغدادتا بىر كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاغزىدىكى چىشلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ كەتكەنمىش. ئۇ بىر تەبىرچىنى چاقىرتىپ، بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

— بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، — دەپتۇ تەبىرچى، — بارلىق تۇغقان ـ قېرىنداشلىرىڭىز سىزدىن ئىلگىرى ۋاپات بولىدۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ تەبىرىدىن رەنجىپتۇ، تەبىرچىنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا پەرمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ:

— ئەي سۆز بىلمەس نادان! سەن كىم ئىدىڭ، مېنىڭ بۇ چۈشۈمگە قارىتا يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە قوپاللىق بىلەن شۇنداق دەمسەن؟ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىم مەندىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھالىم نېمە بولىدۇ، دۇنيادىن ماڭا نېمە لەززەت ـ راھەت كېلىدۇ؟ —

دەپتۇ.

ئىككىنچى بىر تەبىرچى چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز چۈشىنى سۆزلەپتۇ.

— ئەي خەلىپە، — دەپتۇ ئىككىنچى ئالىم، — بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، ھەزرىتلىرى بارلىق قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا.

خەلىپە ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ سۆزىنى خۇش كۆرۈپتۇ ۋە:

— «ئەقىلنىڭ يولى بىردۇر». ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى بىر، لېكىن ئىبارىلىرى باشقىدۇر، — دەپ، ئىككىنچى تەبىر ئالىمىغا يۈز ئالتۇن مۇكاپات بۇيرۇپتۇ.

بىرىنچى ئالىمنىڭ تەبىرىمۇ شۇ مەنىدە ئىدى. ئەمما قوپال ئىبارە بىلەن سۆزلىگەچ، يۈز قامچا يېدى. ئىككىنچى ئالىم گۈزەل ئىبارە بىلەن بايان قىلىپ، «يۈز ئالتۇن مۇكاپات ئالدى.»

بۇ يەردە مەسىلە ئاساسەن «گۈزەل، ياخشى ئىبارە» بىلەن سۆزلەش، «قوپال، يامان ئىبارە» بىلەن سۆزلىمەسلىك توغرىسىدا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ بايانلارنىڭ «تەرجىمە تىلى» ئۈچۈنمۇ چوڭقۇر ئەھمىيىتى يوق ئەمەس.

تەرجىمىدە، يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تېكىستنى چۈشىنىش بىر ئىش، ئۇنى ئىپادىلەپ بېرىش باشقا بىر ئىش. بىزنىڭ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرغان تەرجىمىلىرىمىزدە، سۆزنى «گۈزەل، چىرايلىق ئىبارە» بىلەن قىلالماسلىق ھادىسىلىرى خېلى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەردە «سۆزنى گۈزەل، چىرايلىق ئىبارە بىلەن



سۆزلەش لازىم» دېگەن گەپنى «سۆزنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە، تىل ئادىتىگە رىئايە قىلغان ھالدا سۆزلەش لازىم» دەپ چۈشىنىش كېرەك. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە، تىل ئادىتىگە زىت كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ «گۈزەل، كۆركەم» بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭمۇ پايدىسى بارلىقى، ئاڭلىغۇچىنىڭمۇ ھۇزۇر بېغىشلايدىغانلىقى، ئەكسىچە بولسا «قوپال»، ياقماس بولۇشى تەبىئىي. تەرجىمە تىلىنىڭ قوپال ئەمەسلىك، راۋان ئەمەس تاقا - تۇققۇ، ئېنىق ئەمەس مۇجمەل ھەتتا توغرا ئەمەس خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا تۇرالۇك ئۆلچەم، شەرتلەر بولسىمۇ، لېكىن، مېنىڭچە، شۇ ئۆلچەملەرنىڭ ئىچىدە تىلنىڭ «مىللىي ئالاھىدىلىكى» ھەممىدىن مۇھىم مىزان بولسا كېرەك. ئەنە شۇ مىزانغا سالسىڭىز، «سۆز بىلەن سۆزنىڭ پەرقى» نى بىلىپ ئالالىشىڭىز ھەر ھالدا قىيىن بولمىسا كېرەك.

تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ. مەنىسى ھەر ھالدا چۈشىنىلىپ تۇرغان، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن قانداقتۇر بىرەر قوپاللىق، ماسلاشماسلىق، مۇجمەللىك، بىرەر قۇسۇر سېزىلىپ تۇرغان تەرجىمە ئىبارىلىرىنى، سۆزلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈڭ. مىللىي تىل خۇسۇسىيەتلىرى مىزانىغا سېلىپ كۆرۈڭ. تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە قائىدىلىرى جەھەتتىن قانداق مەسىلىلەر كېلىپ چىقار؟! خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىلەردىن نېمىلەرنى ھېس قىلىش مۇمكىن؟

شەھەرنىڭ غەربىي رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق توققۇز ياشلىق نەۋرە قىزىم
چوڭ دادامنى سېغىندىم دەپ،
شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ئۆيۈمگە
كەلدى. تىنچلىق سورىشىپتىپ:
— چوڭ دادا، مەن سېنى ئويلىـ

دىم، — دېدى ئۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇماق نەۋرەمنىڭ «مەن سېنى سېغىندىم» دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن قايتىپ كەتمە، مېنىڭ يېنىمدا قونۇپ قال، — دېدىم.

— بومايدۇ، ئاپامچۇ. ئاپام مېنى ئۇ يەردە ئۇخلىماي قايتىپ كە دېدى، — دېدى نەۋرەم.

نەۋرەم ئەسلىدە «ياق، ئاپام مېنى ئۇ يەردە قونۇپ قالماي قايتىپ كەل دېدى» دېمەكچى.

كەچقۇرۇندا نەۋرەم ئۆز ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. ئىككى ئائىلىنىڭ تۇرار جايىنىڭ ئارىلىقى يىراق، كوچا ئاپتوبۇسلىرى تىقىن بولغاچقا، بۇ نەۋرىمىزنى بىرەر كىشى ئاپىرىپ قويۇش كېرەك ئىدى. بىراق ئائىلىمىزدە بۇ كىچىك بالىنى ئۆز ئۆيىگە، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا ھەمراھ بولۇپ ئاپىرىپ قويۇشقا ھېچقايسىمىزنىڭ چولىسى تەگمىدى.

— چوڭ دادا، چوڭ ئاپا، — دېدى ئۇ ئەقىللىق نەۋرەم كېيىكنىڭكىدەك بوتا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — قوقمايمەن، مەن بىر ئەدەم ماڭالايمەن.

«گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ قىزنىڭ سۆزلىرى تامامەن ئۆزىنىڭ ئانا تىلى. بۇنىڭدا شەك يوق. لېكىن لېكسىكا، لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا شۇنداق! مەنە، پىكىر ئېتىبارى بىلەن ئالساق، «ئويلىدىم» دېگەن سۆز بىلەن «سېغىندىم» دېگەن سۆزنى، «ئۇخلىماي



قايتىپ كەل» دېگەن سۆز بىلەن «قونۇپ قالماي قايتىپ كەل» دېگەن سۆزنى، «بومايدۇ» بىلەن «ياق» نى، «مەن بىر ئەدەم ماڭالايمەن» دېگەن سۆز بىلەن «مەن ئۆزۈم يالغۇز قورقماي كېتەلەيمەن» دېگەن سۆزنى ھەرگىزمۇ تەڭ - باراۋەر ئورۇندا قويغىلى بولمايدۇ. سەت بىلەن چىرايلىق، قوپال بىلەن سىلىق، قاتتىق بىلەن يۇمشاق ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ، بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى، پەرقلىرىنى «مەسىلە ئەمەس ئىكەنغۇ» دەپ يوققا چىقىرىۋەتكىلى، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىغىلى بولمايدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا، نەۋرە قىزنىڭ سۆزلىرى چۈشىنىشلىك ئىكەنغۇ، يەنە «سۆز بىلەن سۆزنىڭ پەرقى» چوڭ، بۇ پەرقلەرنى يوققا چىقىرىۋەتكىلى، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىغىلى بولمايدۇ، دېگىنىمىزنىڭ مەنىسى نېمە؟ مەسىلە شۇ يەردىكى، ھېلىقى نەۋرە قىزنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىدىن ئۇنىڭ پىكرى، سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ھەر ھالدا چۈشىنىلىپ تۇرسىمۇ (ئاڭلىغۇچىسى ئاتا - ئانىسى، يېقىن - يىراقتىكى قېرىنداشلىرى بولغاچقا، ئەلۋەتتە توغرا چۈشىنىدۇ - دە!) لېكىن قانداقتۇر بىر غەيرىي تەبىئىيلىك، ياسىمىلىق ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر تىلشۇناسلىق، تەرجىمىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىدىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا شۇ سۆز - ئىبارىلەرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈزۈلۈشتە كەلگەن سۆزلەرنى «ياسىما تىل»، «بۇزۇلغان تىل»، «ئەبجەش تىل» ھەتتا تەرجىمە نۇقتىسىدىن «ئۇيغۇرچىلاشقان خەنزۇچە تىل» دېگەندەك نۇقسانلىق سۆزلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىش مۇمكىن. بۇ مۇبالىغە ئەمەس. خەلقىمىز ئىچىدە «ئەقىللىشىشقا ئادەم تاپالمىساڭ دوپپاڭ بىلەن كېڭەش» دېگەن ماقال بار. دوپپىڭىز بىلەن كېڭىشىپ، خەنزۇلارنىڭ «قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئەقىل تاپتى» دېگەندەك چارە - تەدبىر تېپىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىغا، ئەنئەنىۋى

تىل ئادەتلىرىگە، قېلىپلاشقان ئاممىۋى ئەدەبىي تىل قېلىپىغا سېلىپ كۆرىدىغان بولسىڭىز، شۇنداق غەلىتە، ئەجەبەش، ياسىما تىل ھادىسىلىرىنى ئېنىق پەرق ئېتەلىشىڭىزگە ئىشىنىمەن. بىر چاغدا «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى» نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە خىزمەت بىلەن يۇرتۇمغا بېرىپ قالدىم. ئۆمرى ئاساسەن يېزىدا ئۆتكەن بىر تاغام بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇ ئوقۇغان موللا ئادەم ئىدى. «سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى» نىڭ خىزمىتى بىلەن كەلگەنلىكىمنى ئېيتقىنىمدا، بۇ سۆزۈمگە ھەيران بولۇپ، «مەسلىھەت كېڭىشى؟! ھەم مەسلىھەت، ھەم كېڭەش! غەلىتە گەپ. زادى نېمە ئىش ئىكەن؟» دېگەنلىكى، شۇ چاغدىكى راست تەسىراتىمنى ئېيتسام، مېنىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئەگەر ھېلىقى نەۋرە قىز ھېلىقىدەك سۆزلىرىنى يېزىدا قىلىدىغان بولسا ئاڭلىغۇچىلارنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويۇشى، «گېپىنى ئوڭلاپ قىلالمايدىغان غەلىتە بالىكەنغۇ؟!» دەيدىغان تەسىراتلارغا كەلتۈرۈشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. «خەلق گۆھەر بىلەن تاشنى تونۇغۇچى سەرراپتۇر.»

«ئەي ئوغۇل، تىرىشىپ تىلىڭنى سۆز-
لەش ماھارىتى بىلەن ۋە پاساھەت (ئوچۇق،
ئېنىق، گۈزەل سۆزلەش) بىلەن بېزىگەيسەن،
خەلققە تاتلىق تىل بىلەن گۈزەل
سۆزلەشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەر كىشى-
نىڭ تىلى تاتلىق، گۈزەل بولسا، دوستلىرى
كۆپ بولىدۇ ......» («قابۇسنامە» دىن).

ئادەمنىڭ ئۆزىنى تۈزۈك تۇتۇشى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، خەلقىمىزنىڭ لوقمان ھاكىمنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان: بىراۋ لوقمان ھاكىمدىن: «ئەدەب - ئەخلاقنى كىمدىن



ئۆگەندىڭىز؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «ئەدەبسىزلەردىن ئۆگەندىم» (ئەدەبسىزلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ساقلىدىم) دېگەنىكەن.

بىزنىڭ تەرجىمىلىرىمىزدىكى نۇقسانلىق سۆزلەر بىزگە نۇقسانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك بولۇپ قالسۇن. نۇقسانلىق سۆزلەرنىڭ تۆۋەندىكى مىساللىرىغا قاراڭ.

## 2. مىساللاردىن تەرمىلەر

△ مىسال: «كىچىك دوست ئىستانسىغا قانداق
بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟»

مەسىلە: بۇ سوئالنىڭ ئورانىغا يارىشا، «ئېيتىپ بېرەلەيمەن، پىيادە مېڭىپ بارسىڭىزمۇ، ماشىنىدا ئولتۇرۇپ بارسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېگەن جاۋاب چىقىشى تۇرغان گەپ، چۈنكى ياۋروپالىقلار تىلىدىن كەلگەن بۇ سۆزدە ئىستانسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى، قايسى يول بىلەن بارسا بولىدىغانلىقى سورالغان. ئېھتىمال، خەنزۇچە 你能告诉我…… دېگەن خەتلەردىكى 能 نىڭ تولىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، تەرجىمىدە مەنە بۇرمىلىنىپ كەتكەن.

△ مىسال: «بىرازىلىيىگە بارغان ۋاسكېتبولچىلارنىڭ
شىياڭگاڭدا غەلىبە قازىنىپ قايتىپ كەلگەنلى-
كىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.»

مەسىلە: «تىلەكداشلىق» نى غەلىبە قازىنىشقا بىلدۈرەمەي، قايتىپ كەلگەنلىكىگە «بىلدۈرىمىز» دېگەن گەپ مەنتىققە سىغارمۇ؟

△ مىسال: «...... راسا بىر مەيدان
قىزىقچىلىق بولادى - دە ......»

مەسىلە: ساغلام ئۇيغۇر تىلىدا «قىزىقچىلىق» نى «بىر

مەيدان» بىلەن بىرىكتۈرۈپ سۆزلەش ئادىتى بولمىسا كېرەك.

△ مىسال: «……كومپارتىيىگە ئەگىشىپ
مېڭىشنى قىلالايتتى، بەلكى پۈتۈنلەي
ئەمەلىيلەشتۈرەتتى.»

مەسىلە: بۇ تەرجىمىنىڭ 他……能做到并且完全能实现跟着走…… دېگەن جۈملە شەكلىدىن كەلگەنلىكىدە شەك يوق. ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمىدىكى جۈملە شەكلىدە سۆزلىنىدىغان تىل ئادىتى بولمىسا كېرەك.

△ مىسال: «كونا دوستلار كۆرۈشۈش-
تە قىزغىن بولۇشتى.»

مەسىلە: ئىزاھلانمىسىمۇ بۇ جۈملىنىڭ خەنزۇچە شەكلى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. تەرجىمە شەكلەن قىلىنغاچقا، ئۇيغۇرچىدا ياسىما بولۇپ قالغان.

△ مىسال: «پۇتلىرى يۇمشاپ، تىز-
لىرى بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى،
پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىزلاندى.»

مەسىلە: پۇتلىرىدا جان قالماي «دىر-دىر» تىترىگەن بولسا «تىزلىرى بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىشىدە تەبىئىيسىزلىك يوقمىدۇر؟

△ مىسال: ① «قارا باسقانلىقىنى
ھېس قىلىپ ئويغاندى…»
② «ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشنى ئويـ
لاپ …… ماڭدى.»
③ «…… زېرىكىشلىك ھېس
قىلدى.»
④ «بېشى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلىپ، …»……

مەسىلە: مۇشۇنداق قېلىپتىكى تەرجىمە ئىبارىلىرى كۆپ



ئۇچرايدۇ. يېزىقتا ماقۇل كۆرۈلسىمۇ، لېكىن جانلىق تىلدا بۇنداق ئىبارىلەر «قارا بېسىپ ئويغاندى»، «بېشى ئاغرىپ…»، «زېرىكتى» دېگەن تەقلىدتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەرجىمىلەر غەلىتە سېزىلىدۇ.

△ مىسال: «ئۇ خۇددى قىڭغىراق بىـ
لەن سەي توغرىغاندەك سۆزلىدى…».

مەسىلە: بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدا سۆزنىڭ «كەسكىن» لىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا شۇ مەنىدىكى سۆزنى «قىڭغىراق بىلەن سەي توغرىغاندەك سۆزلىدى» دېيىلسە، ئۆرپ-ئادەتكە، مىللىي خۇسۇسىيەتكە يات بولغانلىقى ئۈچۈن قوپال ئىبارە بولۇپ قالغان.

△ مىسال: «ھەقىقىي ھېسسىياتنى
يوشۇرۇشتىن كەلگەن ئازاب سىزنىڭ كۆزلە-
رىڭىزگە ياش، ۋۇجۇدىڭىزغا ئۇيقۇسىزلىق
ئېلىپ كېلىدۇ.»

مەسىلە: بۇ جۈملىدىكى 带来 دېگەن سۆزنى «ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئەينەن تەرجىمە قىلماي، تەھرىرلەپ كۆرەيلى: «دەردىنى ئىچىڭىزگە سالسىڭىز، كۆزلىرىڭىزگە ياش كەلتۈرىدۇ، ئۇيقىڭىزنى قاچۇرىدۇ» دېسەك قانداق؟!

△ مىسال: «ئۇلار مۇھەببەتنىڭ بىخ
سۈرۈپ، غۇنچە تۇتىدىغانلىقىنى
چۈشەنمەيدۇ.»

مەسىلە: ئادەتتە «غۇنچىلايدۇ»، «غوزىلايدۇ» دەيمىز.

△ مىسال: ① «يامغۇر سۇ ئاپەتنى
ئېلىپ كېلىپ، تېرىقچىلىقنى زىيانغا
ئۇچراتتى.»
② «ئۇنىڭ لەرزان ۋە يېقىملىق
ئاۋازى ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى.»

③ «ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ھەر-
بىر مىنۇت ماڭا بىر كىچىكلىك ئىللىق
مۇھەببەت ئېلىپ كەلدى.»
④ «ئۇنىڭدىكى مۇشۇ ئارزۇ ئۇ
بىچارىنى خارلاشقا ئېلىپ باردى.»
⑤ «تاڭ سەھەر ئېلىپ كېلىدىغان
شادلىقلار......»

مەسىلە: بۇ جۈملىلەرنى تىل ئادىتىگە يات، قوپال كۆرسىتىپ نەرسە، مېنىڭچە «ئېلىپ كەلدى» دېگەن سۆزدەك تۇرىدۇ. ئىبارىنى 带来 گە بەرمەي، جۈملىلەرنى شۇ مەنىلىرى ئاساسىدا باشقىچە چىرايلىق تۈزۈش مۇمكىن. مەسىلەن: «... ئاۋازى مېنى خۇشال قىلدى»، «... ھەر بىر مىنۇت مېنى بىر كىچىك سۆيۈندۈردى (كۆڭلۈمنى يايراتتى، مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدۈردى...)»، «...ئارزۇ ئۇنى خورلىدى» ۋەھاكازا.

△ مىسال:
① «ھازىر ئانامغا ئېھتىياجلىقى پۇل!»
② «...بىزگە ئېھتىياجلىقى غەيرەت!»
③ «چېگرا رايونلارغا ئېھتىياجلىق
بولغان قارا چاينى ئىشلەپچىقىرىپ...

مەسىلە: ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە، بۇ مىساللاردىن «ئانام پۇلغا موھتاج» ياكى «ئانامغا پۇل كېرەك» دېگەن مەنە ئەمەس، ئەكسىچە «پۇل ئانامغا موھتاج» ياكى «پۇلنىڭ ئانامغا ھاجىتى — ئېھتىياجى چۈشۈپ قالدى» دېگەن مەنە چىقىدۇ. مىسال② ھەم شۇنداق: «بىزگە كېرىكى غەيرەت!» ئەمەس، «غەيرەت بىزگە موھتاج!» دېگەن تەتۈر مەنە چىقىدۇ. «بىزگە ئېھتىياجلىقى...» دېگەن شەكىلدىكى



تەرجىمە جۈملىلەرنىڭ دىققەتنى تارتمىغانلىقىغا ھەيرانمەن!

△ مىسال: ① «بۇ يەرگە قالايمىقان ۋېلىسىپىت قويۇش مەنئى قىلىنىدۇ.»
② «بۇ يەرگە قالايمىقان ئەخلەت تۆكمەڭلار!»

مەسىلە ۋېلىسىپىتنىڭ «قالايمىقىنى»، ئەخلەتنىڭ «قالايمىقىنى» بولمايدۇ. — بۇ، مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، يەنە بىر تەرىپى شۇكى، مۇشۇنداق كونكرېت سۆز مۇھىتىدا، «بۇ يەر» نىڭ ئۆزى ۋېلىسىپىت «قويۇش» قا، ئەخلەت «تۆكۈش» كە «بولمايدۇ» غان يەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇنداق بولمىسا، ۋېلىسىپىتنى قالايمىقان قويماي «رەتلىك» قويسا، ئەخلەتنى «رەتلىك» تۆكۈپ قويسا بولامدۇ؟ ياق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇنداق كونكرېت جۈملە، ئىبارىلەردە «قالايمىقان» دېگەن ئېنىقلىغۇچى سۆز مەنە جەھەتتىن ئارتۇقچە سۆز بولسا كېرەك.

△ مىسال: «ئۇلارنىڭ تۆھپىسى بار،
ئۇلار ئىززەت — ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا
تېگىشلىك.»

مەسىلە: بۇ جۈملىنى خەنزۇچە تەپەككۇر قىلسىڭىز، شەكسىزكى، ......他们应该受到尊重 دېگەن سۆزنىڭ ئەينەن، كەم — كۈتىسىز تەرجىمىسى. بۇنىڭ سۆزمۇ — سۆز توغرىلىقىدا مەسىلە يوق. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلسىڭىز، «... ئۇلارنى ئىززەتلەش، ھۆرمەتلەش لازىم» دېگەن مەنە ئەمەس، ئەسلى تېكىست مەنىسىنىڭ تەتۈرسىچە «ئۇلار ئىززەت — ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نېمىشقا بىزنى ئىززەتلىمەيسەن دەپ دەۋا قىلىشى لازىم» دېگەن مەنە كېلىپ چىقماسمۇ؟

△ مىسال: ① «... خاتالىق سادىر
قىلغانلار ئاز سانلىق»
② ئاز بولمىغان كىشىلەر تېخىچە...

مەسىلە: بۇ ئىبارىلەر گىراماتىك سۆز تەرتىپى، سۆزلەرنىڭ ئىبارە بولۇپ تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئۇيغۇرچە ئىكەنلىكىدە مەسىلە يوق. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىگە، خۇسۇسىيەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئويلىسىڭىز، ياق! ياسىما!

△ مىسال ①: «... بولمىغان بولسا،
بۈگۈنكى كۈن بولمىغان بولاتتى!»
② «گۆڭچەنداڭ بولمىغان بولسا،
يېڭى جۇڭگو بولمايتتى!»

مەسىلە: بۇ ئىبارىلەرنى «... بولمىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك كۈنلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق»، «گۆڭچەنداڭ بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى» دېگەندەك تەقلىدتىكى ئىبارىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، ئۇ ھالدا بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى شاختا ئېچىلىپ تۇرغان قىزىل گۈل بولسىمۇ، لېكىن بىرى يوپۇرماقلىرى قېقىلىپ كەتكەن قۇرۇق شاختىكى سالتاڭ گۈل بولسا، يەنە بىر تۈرى بۈك يوپۇرماقلار بىلەن بېزىلىپ تۇرغان باراقسان شاختىكى خۇشبۇي گۈل بولۇپ، سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى مۇمكىن.

△ مىسال: «ئۇ خوتۇنىغا كوكۇلىسىدىن تۇتقۇزۇپ قويغان ھېلىقى ئىشنى
(他想起被妻子抓住把柄的那件… ئويلاپ
事)

مەسىلە: «ھېلىقى ئىش» نىڭ «كوكۇلىسى» بارمىكەن؟ كوكۇلىسى بار ئىشنى ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا «تۇتقۇزۇپ» قويغانمىكەن؟

△ مىسال: ① «تۇتقىغا ئايلىنىپ
قالغان ھېلىقى گەپ ئەمەلىيەتتە ھالقىلىق
ماتېرىيال بولۇپ قالدى...»



② «شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە،...»

مەسىلە: ئالدىنقى مىسالدىكى ۋە بۇ مىسالدىكى 把柄 دېگەن سۆز ئەسلىدە «تۇتقا»، «ساپاق» دېگەن لۇغەت مەنىسىدىن باشقا، «كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىك»، «ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىق»، «چاندۇرۇپ قويغان ياكى يىبەرىپ قويغان كەمچىلىك» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆچمە مەنىلەرنى بېرىدۇ. 关键 دېگەن سۆزنىڭ «تاقاق» دېگەن لۇغەت مەنىسىدىن باشقا، «مۇھىم»، «ھەل قىلغۇچى» دېگەن ئىستېمال مەنىلىرى بار. «تۇتقا»، «ھالقا» دېگەن سۆزلەردە ئىستېمالدا يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك قوللىنىش، خۇددى بىر دېھقانغا «ئېتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىدا ئوغۇتنى تۇتۇش ھالقا!» دەپ سۆزلىگەنگە ئوخشاش ياسىما سۆز بولسا كېرەك.

△ مىسال: ① «ئۇنىڭ مەقسىتىگە
قارىتا ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللان-
ماي بولمايدۇ.»
② «لېكىن ئۇنىڭدا ئەپەندىگە نىس-
بەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىشنى ئويلىماي
بولمايدۇ - دە.»

مەسىلە: ئەسلىدە ‹قوللىنىش›، ‹ئويلاش› ھەرىكىتىنى «ئۇ»، «ئۇنىڭدا ئەپەندى ئۆزلىرى ئورۇندايدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرچىدا ‹قارىتا›، ‹نىسبەتەن› دېگەن سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى ۋە مەنتىقىي ئەھمىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ‹ئۆزلىرى› ئەمەس، ‹باشقا ئادەم› ئورۇندايدىغان بولۇپ قالغان.

△ مىسال: ① «... ماقالىدە ۋەقە-
لىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تاپشۇرۇلمىغان.»
② «باكلاۋېرلىق ئىمتىھانىنىمۇ تاپ-
شۇرغىنى يوققۇ؟!.»

مەسىلە: تاپشۇرماق — 交代 ئۆتكۈزۈپ بەرمەك، تاپىلى

ماق، ھاۋالە قىلماق...

ئۇيغۇر تىلىدا: ... بالىسىنى ماڭا «تاپشۇرۇپ» (قاراپ قويغىن دەپ، ھاۋالە قىلىپ...) كەتتى؛ قاراپ قويۇڭ دەپ «تاپىلاپ» (جېكىلەپ) قويدۇم؛ قولۇمدىكى ئىشلارنى «ئۆتكۈزۈپ» بەردىم؛ دېگەندەك چىرايلىق ئىبارىلەر كۆپ. ئارقا كۆرۈنۈش «تاپشۇرۇلمىغان؛ ئىمتىھان تاپشۇرمىسىز» دېگەندەك قوپال ئىبارىلەر بىلەن سۆزلەيدىغان ئادەت يوق. «ئىدىيەڭنى تاپشۇر»، «مەسىلەڭنى تاپشۇر» دېگەندەك گەپتە سۆزلەر ماسلاشمايدىغان ئىبارىلەر مەلۇم تارىخىي مەزگىلدىكى تەرجىمە ئىستىبدادلىقىنىڭ «خاتىرىسى» بولۇپلا تۇرماقتا.

△ مىسال: «مەن بېشىمنى مىجىقلاپ ئويغا كەتتىم.»

مەسىلە: ئادەمنىڭ بېشى چاڭگالغا ئېلىپ «مىجىقلىغىلى» بولغۇدەك شۇنداق كىچىك نەرسىمۇ؟

△ مىسال: «لۇشۈن ئېزىلگەن مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى باھاغا ئېرىشكەن.»

مەسىلە: «ياخشى باھا» غا لۇشۈن ئېرىشەمدۇ ياكى ئېزىلگەن مىللەتلەر يازغۇچىلىرىمۇ ۋە ياكى تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ؟

△ مىسال: «...... ئانىسىنىڭ تولغاقتىن ئىڭرىشى كىچىك بالىنىڭ ۋار - ۋار يىغلىشى بىلەن تەڭ توختاپ قالدى.»

مەسىلە: چوڭ ئادەمنىڭ يىغلىشىنى «ئىڭراش» دېگىلى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ يىغلىشىنى «ۋار - ۋار» دېگىلى بولارمۇ؟



△ مىسال: ① «گۇۋاھچىلارنى پۈتمەس - تۈگىمەس سوئال - سوراقلار ئاستىغا ئېلىشلار باشلاندى.»

② «خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سەھنە ئالدىغا مېڭىپ كېلىپ، ......نى بايان قىلدى.»

③ «... ئاچامنىڭ ئىزچىل ھالدا شەخسىي ھالاۋەتنى قوغلىشىپ يۈرىدىغىنى ئادەمنى يىركەندۈرىدۇ.»

④ «ئۇلارنىڭ بالىلىرى...... قىزلاردەك كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى......»

⑤ «...... ئۇ كۆڭلىنى قاتتىق قىلىپ چىشىنى چىشلىدى - دە، ...... »

⑥ «توخۇ بازىرىدا ئۇزاق ۋاقىت ئىككىلىنىش، تالاش ۋە سودىلىشىش ئارقىلىق رازى بولغۇدەك ئىككى چۆجە مېكىياننى سېتىۋالدى......»

مەسىلە: بۇ مىساللاردا مەنە، پىكىرلەرنى ھەر ھالدا چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن شۇ مەنىلەردىكى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق قوپال، شۇنداق ياسىما سۆزلىشەرمۇ؟

△ مىسال: ① «بۈگۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلىۋاتىمەن.»

（我今天感到说不出来的舒服。）

② «پومرانىسۋ مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.»

مەسىلە: ياۋروپالىقلار تىلىدىن خەنزۇلارغا كىرگەن بۇ-

سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا چەتتىن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان، قې-
لىپلاشقان ئاممىۋى ئەدەبىي تىلىمىزغا قوشۇپ يەتكۈزمەي
ئۆزلىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر قاتارىدا قوبۇل قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ۋاي-
تاك، ياق، بىلمىدىم، شۇنداقمىكى، قانداقكى... دېگەندەك مە-
نىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىشارەتلەرنى «مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ
قويدى» دېگەن ئىبارە بىلەن بايان قىلىش، ئۇيغۇر تىلىغا ئۇي-
غۇنمۇ، مەنىسىچۇ؟

يەنە ③ «چىرايىدىن زېرەكلىك چىقىپ
تۇراتتى. لېكىن ھېچقانداق ئىپادە كۆ-
رۈنمەيتتى.»

مەسىلە: چىرايىدىن زېرەكلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنىڭ ئۆ-
زى بىر خىل ئالامەت، بىر خىل ئىپادە ئەمەسمۇ؟ «چىرايىنى ...
ئۆزگەرتمەي قاراپ تۇراتتى» دېسەكچۇ؟!

△ مىسال: «كۆڭۈلدىكى پارچە ئىش-
لار ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتمەكتە. بۇ ئىش-
لار ئاخىر يوغان ھەم توم سوئال بەلگى-
سىنى شەكىللەندۈردى.»

مەسىلە: ئىشلار «كۆڭلىدىن» ئۆتەمدۇ ياكى «كۆز ئالدى-
دىن» مۇ؟ ماھىيەتتە «كۆڭۈل»دىن ئۆتىدۇ، لېكىن ئەنە شۇ
«خىيال» دىن ئۆتۈۋاتقان ئىشلار ئادەتتە «كۆز ئالدىدىن ئۆت-
مەكتە». بۇ ئوخشاش - چۈشەك ئىشلار ئۇنىڭ «كۆڭلىدە (يا-
كى مېڭىسىدە) چوڭ - چوڭ سوئاللارنى پەيدا قىلدى» دېيىلىدۇ.

△ مىسال: «ئۇنىڭ ئۆگىنىۋاتقىنى
نۇقتىلىق سىنىپ. كەڭ ئوقۇغۇچىلار مە-
دەنىيەت، كەسپىي بىلىملىرىنى ياخشى ئۆ-
گەنمەكتە.»

مەسىلە: گەپ مەكتەپ، سىنىپ ئۈستىدە، ئوقۇغۇچى ئۈس-
تىدە بولىۋاتقانىكەن، «ئۆگىنىۋاتقان» ئەمەس، «ئوقۇۋاتقان»



يېرى «مۇھىم نۇقتا» لىق سىنىپ دېيىلگىنى تۈزۈك.

△ مىسال ①: «بوۋاي يۈرىكىنىڭ
چوڭقۇر يەرلىرىدە يوشۇرۇن ساقلاپ
يۈرگەن بارلىق ئاتىلىق مېھرىنى ئېلىپ چى-
قىپ ...»

② «... يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ھەتتا
تەتۈرىگە ئۆرۈپ، ھەممە پۇللىرىنى ئېلىپ
چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.»

مەسىلە: مېھرىنى يۈرىكىدىن «ئېلىپ چىقىپ ...» ، يان-
چۇقىدىكى پۇللىرىنى «ئېلىپ چىقىپ...» دېگەن سۆزلەر قانداق؟

△ مىسال: «ئۇ جانلىق، ھەرىكەت
قىلىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ياش...»
（她是活泼爱动的青年……）

مەسىلە: «ئۇ شوخ يىگىت......» دەپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرساق
قانداق؟

△ مىسال:
« — كىرىڭ.»
— رەھمەت، كىردىم.
— ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئىختىيارىڭىزچە
ئولتۇرۇڭ.
— ئىختىيارىمدىمەن ......

△ مەسىلە: سۆزنىڭ ئورانىدىن مەلۇمكى، ئۆينىڭ ئى-
گىسى ئەما، كۆزى كۆرمەيدۇ. تولىمۇ مېھماندوست ئادەم. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن مېھمانغا ئەركىن، بىمالال، بەھۇزۇر، تارتىنماي،
ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئولتۇرۇڭ （随便坐） دەيدۇ. مېھمانمۇ تارتىن-
مىدىم （我很随便） دەيدۇ. ئەپسۇسكى، «ئىختىيارىڭىزچە ئول-
تۇرۇڭ»، «ئۆز ئىختىيارىمدىمەن» دېگەن دىئالوگ سۆزلىرى ئۇي-
غۇر تىلىنىڭ ھەم تاتلىق، ھەم سىلىق خۇسۇسىيىتىگە يات.

يەنە بۇ يەردە ئەسلى تېكىست ئاتالغۇلارنىڭ مۇتلەق «بىرلىكى» نى تەلەپ قىلىدىغان پەن – تېخنىكا ئەسىرى ئەمەس ئىكەن، بۇنداق ئەدەبىي ئەسەردە ئاتالغۇلار «بىرلىكى» گە سادىق تەرجىمە قىلىمەن دەپ، 随便 نى ھەممىلا يەردە «ئىختىيار» دەپ تەرجىمە قىلىش خۇددى مۇسىبەتدار، كۆڭلى يېرىم بالىغا «ئانىڭىز قازا قىپتۇ» ياكى «ۋاپات قىپتۇ» دەپ ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىداش. كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەرنى قىلىپ كۆڭۈل سوراش ئورنىغا، «ئاناڭ ئۆلۈپتۇ – ھە!» دەپ «كۆڭلىگە ئازار» بەرگەندەك بىر گەپ بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىسىرگە بىر «ئۆلۈم» نى توغرىلاپ، خەنزۇ تىلىغا «سادىق» بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا «خىيانەت» قىلىش ھادىسىسىدىن خالىي بولالماس، چۈنكى ئۇنداق مېخانىك، ئۆلۈك تەرجىمە، قانداقلا بولمىسۇن، تىلنى بۇزۇش، بۇلغاش رولىنى ئوينىماي قالمايدۇ.

△ مىسال: «كۆز ياشلىرى بىلەن
يۇيۇلغان يۈرەك ھەرقانداق نومۇسلىنىشلار-
دىن قورۇقمايدۇ.»

مەسىلە: مەنىسى چۈشەنگىلى بولىدۇ، لېكىن ژارگون يەنى «كاسىپلار ئۆزئارا چۈشىنىدىغان تىل» ئۇسۇلى بويىچە ئىپادىلەنگەنلىكتىن، قوپال، ياسىما بولۇپ قالغان. ئەدەبىي ئەسەردە گەپ تەبىئىي بولغىنى ياخشى. كۆز ياشلىرى بىلەن «يۇيۇلغان» ئەمەس، كۆز ياشلىرى بىلەن «داغلانغان»، «تولغان» دەردلىك يۈرەك، ئەلۋەتتە، «نومۇسلىنىشلار» دىن ئەمەس، «نومۇس – پومۇس» دېگەن گەپلەردىن قورقمايدۇ.

△ مەسىلە: ① «جاكىيۇ، تۈزلارنى
سىيتىشتەك ئۆزىگە پەقەت ياقمايدىغان ئىشقا
بەلگىلىنىپ قاپتۇ......»

② «بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ
ئۆلۈشتەك ۋەقە......»



③ «ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتەك يۈك-
سەك ئىدىيە......

④ «تىنىچ – ئىتتىپاق بولۇشتەك
ياخشى ۋەزىيەتتە......»

مەسىلە: ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تىلىمىزدىكى «دەك – تەك» قوشۇمچىسى ئادەتتىكى جانلىق تىلغا، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى دىئالوگلارغا ئارىلىشىپ قالسا، كۆپ ھاللاردا بولۇپمۇ تەرجىمان ئەمەس كىشىلەرگە «يات» ئاڭلىنىدۇ، قۇلاققا ياقمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ «دەك – تەك» قوشۇمچىسى «ئىبارەت» قوشۇمچىسى بىلەن مەنىسى جەھەتتىنمۇ، رولى جەھەتتىنمۇ ئوخشاش. بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئاپتورنىڭ «ئىبارەت» تىن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىغا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە قاراڭ.

△ مىسال: ① «مۇزاكىرە ئېلىپ
بېرىلدى» (进行讨论)

«تەربىيە ئېلىپ بېرىش ........»
(进行教育)

«ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ داۋالاش ئېلىپ
بېرىلسا ئاغرىق پەسىيىدۇ،» (进行……治疗)

«ئۇ ۋن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن
يول ئىشچىلىرىدىن ھال سوراش ئېلىپ
بېرىپ،......» (……进行慰问)

«ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ
بارايلى» (将革命进行到底)

يىغىن ئېلىپ بېرىلماقتا.»
(会议正在进行)

«سۆھبەت دوستانە كەيپىياتتا ئېلىپ
بېرىلدى» (…在友好的气氛中进行)

②«ئۇرۇل ـ كېسەل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن...» (争取彻底胜利…)
«پارتىيىگە كىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن...» (争取入党…)
«پىلاننى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداشنى قولغا كەلتۈرۈش ...» (争取提前完成计划……)
③ «سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپى،» (争取实现工业现代化……)
④ «مۇھىتتا گۈزەل بولۇشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش لازىم،» (做到环境美……),

مەسىلە: يۇقىرىدىكى مىساللاردا سۆزلەرنىڭ بايان قىلىنىشى ئۇيغۇرچە تىل ئادىتىگە يات، ئەسلى مەنىنى چېكىتتۈتقان ھالدا، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان پېئىللارنى ۋە ياردەمچى پېئىللارنى جانلىق ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كۆرسەك قانداق؟! مەسىلەن، «مۇزاكىرە قىلىندى»، «...ھال سوراپ...»، «......ئاخىرىغا يەتكۈرەيلى»، «يىغىن ئېچىلماقتا»، «......دوستانە ئۆتتى»، «ئۇزۇل ـ كېسەل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن...»، «...كىرىش ئۈچۈن...»، «ئورۇنداش ئۈچۈن...»، «...زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن،...»، «مۇھىتنى گۈزەل قىلىش ئۈچۈن...» ۋە باشقىلار.

△ مىسال: «ئوخشىمىغان مەسىلىنى ئوخشىمىغان چارە بىلەن ھەل قىلىش توغ-



را كېلىدۇ.»

مەسىلە: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىدە ۋە مەنتىقىسىدە «ئوخشىمىغان» دېگەن سۆز «ياخشى ئەمەس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ «بۇ يىل زىرائەت ئوخشىمىدى»، «باغدىكى شاپتۇل قالتىس ئوخشاپتۇ» دېگەن سۆزدىن «ياخشى بوپتۇ» دېگەن مەنە چىقىدۇ، تەرجىمىنىڭ ئۆزىدىن قارىغاندا، «ئوخشىمىغان» دېگەن سۆز «ئوخشاشمىغان»، «ئوخشاش بولمىغان»، «ھەر تۈرلۈك»، «باشقا ـ باشقا» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىدا سەھۋەن خاتا قوللىنىلمىغانمىدۇ؟

△ مىسال: ① «...سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى قۇتقۇزۇۋالغان قىزنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ، ‹ئۇ قىزنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ، جۇمۇڭلار› ئۇ قىز سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ سۇزۇۋالمىغان بولسا،...»
② «ئۇ قولىدىكى كەپتەر مايىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مانا ‹بۇ مايىقا قاراڭا، ئۇنى يەۋەتكىلى تاسلا قاپتىمەن.›»
③ «بۇ بىچارە بالىنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچىلىك، ئۇنى نېمىشقىمۇ مۇنچىۋالا قىينايدىغانسىلەر؟»
④ «مېنىڭ بىردىنبىر دوستۇم مۇشۇ، دادا،...بۇ دۇنيادا پەقەت ئاشۇ بىر ئادەم بىلەنلا قالىمەن، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش...»
⑤ «بۇ مېنىڭ قىزىم،— دەپ تونۇشتۇردى، ئارقىدىن مېنىمۇ تونۇشتۇردى،— بۇ دوستۇمنىڭ ئوغلى، مەن ئۇنى كۆرۈپ،

«خۇددى دادىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.»

......

مەسىلە: جانلىق تىلىمىزدىكى گۈزەللىك ۋە راۋانلىقنىڭ ئەكسىچە، يازما تىلىمىزنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىدا «ئۇ» نى «بۇ» دەپ، «بۇ» نى «ئۇ» دەپ ئىپادىلەيدىغان ھادىسىلەرنىڭ خېلىلا ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى ماھىيەتتە «ئۇ» ۋە «بۇ» دېگەن سۆزلەر ئۇقۇم جەھەتتىن بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا «بۇ» دېگەن سۆز شۇ سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز ئالدىدىكى شەيئىگە قارىتىلىدۇ؛ «ئۇ» بولسا كۆز ئالدىدا بولمىغان ياكى كۆز ئالدىدىن يىراق شەيئىلەرگە قارىتىلىدۇ، ئەگەر بىر كېسەل ئادەمنى باش كۆزىدىن سىيلاپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرگە: «بۇنىڭ بويى قىزىپ تۇرۇپتۇ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، ئۇنى دەرھال دوختۇرغا كۆرسىتەيلى» دېسىڭىز، «بۇ» بىلەن «ئۇ» نى ئالماشتۇرۇپ سۆزلىسىڭىز، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ «بۇ كېسەلدىن باشقا يەنە كىم توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ ھاڭتاڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر ئىكەن، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەيلى ساۋاتلىق ياكى ساۋاتسىز بولسۇن، ئەقلى - ھوشى جايىدىلا بولسا، ئۇنداق ئالماشتۇرۇپ سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭغا شۇنداق كەسكىن ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. بۇ ھادىسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىگە، خۇسۇسىيىتىگە باغلىق. لېكىن خەنزۇ تىلىدا، تىل ئادىتىدە، كۆز ئالدىدا تۇرغان شەيئىنىمۇ «ئۇ...» دېگەن 3 - شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئالماش بىلەن ئاتاۋېرىدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى ئالماشلار خەنزۇچە تەسۋىرنىڭ دەل ئۆزى. بۇنىڭدا، خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە ھېچقانداق چۈشەنچە خاتالىقى تۇغۇلمايدۇ، لېكىن ئەنە يەنە قايتا ئوقۇپ كۆرۈڭ، يۇقىرىقى تەرجىمىلەردىكى ئالماشلارنى ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇيـ



غۇرچە مەنىسىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ كۆرۈڭ، ئۇ چاغدا مەسىلە چىقامدۇ - يوق؟! تەرجىمە كىنو فىلىملىرىدە، تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىدە — مەيلى ئادەتتىكى خەۋەر، ئۇچۇق، خاتىرە تەسۋىرلىرى ۋە ياكى ئوچېرك، ھېكايە بولسۇن، ئەمەلىي ۋەقەلەرنىڭ سۈرەتلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ، سۆزلىرى قۇلاققا كىرىپ تۇرغاچقا، رازۋېتكىچى دېرىك قانغا مېلىنىپ ياتقان يارىدارنى بېشىدىن كۆتىرىپ قاراپ، «بۇنىڭغا ئوق تېگىپتۇ، ئۇ قان سىراپ كەتمىسۇن، دەرھال دوختۇر چاقىرىڭلار!» دېگەندە، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ، تىل تەتقىقاتچىسى بولمىسىمۇ، «ھە، ئالدىدىكى يارىداردىن باشقا يەنە بىراۋنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامدۇ؟» دەپ ھەيرانلىق بىلەن سوراپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس. «رومىش (سۇدىن سۇزۇۋېلىنغان) قىزنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ، ......ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى، ئىلگىرى ئۇنىڭغا سەپ سالماي ياخشى قىپتىكەنمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بولمىسا ئۇنى ھازىرقىدەك كۆز بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمايتتىم.....ئۇنى ئەمرىمگە ئالغىنىمدىن ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئەمرىمگە ئالغىنىم كۆپ ئارتۇق ئەمەسمۇ؟... ئۇنىڭغا...» قاراڭ، بۇ تەسۋىرلەرنىڭ چىرايلىقلىقىنى، قاراڭ سۆزلەرنىڭ تەسىرلىكلىكىنى! ئەپسۇسكى، شۇنداق ماھىرانە تەرجىمىنى بىرلا «ئۇ» دېگەن ئالماشلار بۇزۇپ تۇرۇپتۇ، يىگىت يەردە ياتقان قىزنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ، «ئۇنىڭغا ئىلگىرى سەپ سالماپتىكەنمەن»، «ئۇنى كۆرۈشكە......»، «ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ...» ۋەھاكازا دەپ خىيال سۈرىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئالدىدا ياتقان قىزغا يۈزمۇ يۈز سۆزلەپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، «بۇنىڭغا...»، «...بۇنى...» دېگەن ئالماش قوللىنىلسا، سۆز شۇنداق بايان قىلىنسا خەنزۇ تىلىدىكى

مەنىسىگىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسىگىمۇ «سادىق» گەپ بولماسمۇ؟!

× × ×

بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان تەرجىمە ئىشلىرى، بولۇپمۇ خەنزۇچە — ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى ۋە راۋاجلانماقتا؛ تەرجىمانلار قوشۇنى بارغانسېرى زورايماقتا، تەرجىمان كۆپەيمەكتە. تەرجىمە كەسپى جەھەتتىكى سەۋىيە ھەم قەدىر ئەھۋال يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئەلۋەتتە، بۇ تەرەققىياتلار پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە تېخىمۇ يۈكسىلىشىگە يەتكۈزگەن تۆھپىسى ئاز ئەمەس، ئومۇمىي جەھەتتە بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشقا، پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

شۇنىمۇ نەزەردە تۇتماي مۇمكىن ئەمەس: جۇزئىي جەھەتتىن ئالغاندا، تەرجىمە ساھەسى، مەيلى تەرجىمە مەھسۇلاتى جەھەتتە بولسۇن ياكى تەرجىمانلارنىڭ سانى جەھەتتە بولسۇن، تەرەققىيات ئۇچقاندەك تېز بولدى دەيدىغان بولساق، شۇ تەرجىمىلەرنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشىنى ئۇچقاندەك ئەمەس پايپاسلاپ ماڭماقتا دەپ ئېيتىش مۇبالىغە بولمىسا كېرەك. تەرجىمىدىكى «پايپاسلاپ مېڭىش» نىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى — تەرجىمە تىلىدىكى «بۇزۇلۇش» («بۇلغىنىش» دەپ ئېيتىش ھەم مۇمكىن). بۇ ماقالىدە تەرجىمىدىكى چۈشىنىش خاتالىقى، ئىپادىلەش خاتالىقى، گراممatikىلىق نۇقسانلار، تەرجىمىدىكى سۆز تاللاش، ئاتالغۇ مەسىلىلىرى، تەرجىمىدە سۆز قوشۇش، ئېلىۋېتىش، ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇللىرىغا دائىر نۇقسانلار ئەمەس، پەقەت تىلنىڭ ساپلىقى، مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا «شەكلى مىللىي، مەزمۇنى يات» ئۇسۇلدا تەرجىمە قىلىش سەۋەبى بىلەن تىلنى بۇزۇش، بۇلغاش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇقسانلاردىن بىر قىسىم ئەمەلىي مىساللار ۋە شۇلاردىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر بايان قىلىندى. ماقالىمىزدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مىساللار ئاساسەن «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ئامىباب پەن — تېخنىكا»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» قاتارلىق كىتاب، ژۇرنال، گېزىت ۋە رادىئو ئاڭلاتمىلىرى، كىنو ۋە تېلېۋىزور كۆرسەتمىلىرى ۋە باشقىلار بولۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇچرىغان، ئاپتورنىڭ دىققىتىنى تارتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىسىم تەرجىمە، تىل ھەۋەسكارلىرى ئىچىدە مۇنازىرە قوزغىغان ۋە قوزغاۋاتقان مەسىلىلەردۇر. لۇشۈن: جەمئىيەت كېسەللىرىنىڭ يىلتىزىنى تېپىش، كۆرسىتىپ بېرىش — بۇنى ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىلىپ ئالغانمەن، بۇنىڭدىن مەقسىتىم — شۇ كېسەللەرنى داۋالىغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىلھامچى بولۇش، دېگەن ئىكەن.

تىلىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تېخىمۇ كۆپرەك ھەۋەسكارلارنىڭ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ۋە ئاممىنىڭ جان كۆيدۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

# گەپ مىسالدا ئەمەس

## — تەرجىمە قائىدىلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا قانۇنىيىتى بولغىنىدەك، تەرجىمىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. ئۇ قانۇنىيەت تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە رىئايە قىلماي بولمايدىغان، «تەرجىمە» نىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۆلچەشتە ئاساس قىلىنىدىغان مىزاندۇر. تۈرلۈك تىللاردا ئوتتۇرىغا چىققان مىزانلار ئىچىدە كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغىنى مۇنداق:

بىرى — «سۆزمۇسۆز تەرجىمە» قىلىش قائىدىسى. ئەسلى خەنزۇچە 直译 دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن بۇ سۆز تەرجىمە قائىدىسى ۋە ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرىمىزدا كۆپىنچە «ئۇدۇل تەرجىمە» دەپ قوللىنىلماقتا. بۇنىڭ «خەتمۇ خەت تەرجىمە»، «سىدام تەرجىمە»، «تۈز تەرجىمە» دېگەن ۋارىيانتلىرىمۇ بار. بىزگە مەلۇم، ئەگەر گەپنى ھەجىلەپ، توغرىدىن - توغرا تەھلىل قىلىدىغان بولساق، 直 نىڭ تۈز، ئۇدۇل دېگەن مەنىلىرىدىن باشقا، «تىك»، «سىدام»، «ئۇزۇتى»، «ئوك»، «دۇرۇس، توغرا، لىللا»، «ھەق - راست»، «ئىزچىل - سىجىل» ۋە «خۇددى، گويا» ... دېگەن مەنىلىرىمۇ بار، ھەتتا «ئەينەن»، «سادda، ئاددىي» دېگەن مەنىلىرىنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. 直 خەنزۇ تىلىدا ھەقىقەتەن كۆپ مەنىلىك سۆز.



ئەپسۇسكى، بۇ سۆز 译 ھەرپىگە چېتىلىپ، ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى بولۇپ كەلگەندە، كۆپ ھاللاردا «تۈز، ئۇدۇل» دېگەن لۇغەت مەنىسى ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ. «سۆزمۇسۆز، ئۇدۇل تەرجىمە» قىلىش قائىدىسىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىرىپ قويدى. نەتىجىدە بىز خېلى، كۆپ تەرجىمىلىرىمىزدە خەنزۇچە تېكىستنىڭ يۈزەكى، شەكلەن ھالىتىگىلا بېرىلىپ كېتىپ، سۆزگە سۆزنى توغرىلاپ، گەپلىرىمىزنى جۈملىلىرىمىزنى سۆزلەرنىڭ تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. بۇنداق ھادىسىلەرنى بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىسىدە كۆپرەك ئۇچرىتىش مۇمكىن.

مىسال: ئادۋوكات گۇماندار مەھبۇسنىڭ دېلوسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، مەھبۇس ياتقان تۈرمىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشىدۇ.

律师：

"有人来看过他吗？"

监狱长：

"据我所知是没有。"

"这可真有点奇怪！他不是有一个家，而且大部分家庭成员都住在巴黎吗？

"这我知道。可是他们都没有来看望过他"。

他有一个母亲，难道她也不想见她的儿子吗？

"我想是的。"

"那么他的姐姐和姐夫呢？看来他们对他不感兴趣，因为从他出生以来就只给他们增添麻烦，而今天又给他们带来了耻辱。可以想象，他们现在迫切地期待法庭

宣判他死刑，从此再也没有人会议讨论他了！……”

1 - خىل تەرجىمە:

«ئادۋوكات:

— بىرەر ئادەم كېلىپ ئۇنى كۆردىمۇ؟

تۈرمە باشلىقى:

— مېنىڭ بىلىشىمچە يوق.

— بۇ ھەقىقەتەن بىر ئاز غەلىتە ئىكەن! ئۇنىڭ بىر ئائىلىسى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە زور قىسىم ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى پارىژدا ئولتۇرۇشلۇق ئەمەسمۇ؟

— بۇنى مەن بىلمەن. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرگىلى كەلمىدى.

— ئۇنىڭ بىر ئانىسى بار، ئەجەبا ئۇمۇ ئۆز ئوغلىنى كۆرۈشنى ئويلىمىدىكىنە؟

— شۇنداق دەپ ئويلايمەن.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاچىسى ۋە ئاچىسىنىڭ ئېرىچۇ؟ قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قىزىقمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ تۇغۇلغاندىن بۇيانلا ئۇلارغا پەقەت ئاۋارىگەرچىلىكلا قوشۇپ كەلگەن. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارغا يەنە نومۇس ئېلىپ كەلدى. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوتنىڭ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. شۇنداق كېي-



يىنلا ئۇ توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىدىغان ئادەملەرمۇ بولمايدۇ!...»

(«622 - نومۇرلۇق مەھبۇس» قا قاراڭ).

كۆرسىتىپ ئۆتۈپتۇكى، ئەسلى تېكىستتە بىرەر مۇرەككەپ جۈملە كۆرۈنمەيدۇ؛ تەرجىماننى لۇغەت ئاختۇرۇشقا مەجبۇرلىغىدەك بىر خاس ئاتالغۇ، تېرمىن ھەم ئۇچرىمايدۇ؛ جۈملە راۋان ھەم ئېنىق، چۈشىنىشلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاممىباپ، جانلىق ئېغىز تىلى. تەرجىمىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ كۆرۈڭ: تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستتىكى سۆزلەر، ئىپادىلەر تولۇق تەرجىمە قىلىنغان؛ جۈملە شەكىللىرىمۇ ئەسلى تېكىستتىن چەتلەپ كەتمىگەن. «ئۇدۇل» ياكى «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە» قائىدىسى بويىچە ئۆلچەشكە توغرا كەلسە، ئەسلىگە «سادىق»لىق دەرىجىسى ھەقىقەتەن يۇقىرى. لېكىن «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دېگەندەك، بۇ قائىدە بويىچە قىلىنغان تەرجىمە گويا گۆشى بار قېنى يوق، جىسمى بار جېنى يوق بىر شەكىلدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. دۇرۇست، ئەسلى تەرجىمە مەنە، پىكىر جەھەتتىن چۈشىنىشلىك تۇرۇپتۇ. سىز شۇ مەنىنى، شۇ پىكىرنى خەنزۇچە تېكىستنىڭ تەسىرى بويىچە ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ساغلام ئانا تىلىمىز بويىچە، خۇددى ئۆز ئىچىڭىزدىن چىقىرىپ سۆزلىگەندەك تەقلىدتە سۆزلەپ كۆرۈڭ، ئەنە شۇ چاغدا «سۆز-سۆزگە ئوخشايدۇ» غانلىقىنى «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە»نىڭ «ياسىما» لىقىنى، «قوپال» لىقىنى ئاسانلا پەرق ئېتەلىشىڭىزگە ئىشىنىمەن.

يەنە بىرى — «مەنەن تەرجىمە» قىلىش قائىدىسى. «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە» قىلىش قائىدىسىنىڭ ئەكسىچە، «مەنەن تەرجىمە» قىلىش قائىدىسى بويىچە، تەرجىمىدە تېكىستتىكى ھەرپ ياكى سۆزلەرنىڭ مىقدارى بىلەن، ئۇلارنىڭ گىراماتىك

تۈزۈلۈش شەكلى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، تېكستتىن چىقىپ تۇرغان «مەنە» نى، «پىكىر» نى ئاساس قىلىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى تەكىتلىنىدۇ.

يەنە، چەت ئەل تىللىرىدا، بولۇپمۇ رۇس، ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس تىللىرىدا «تەڭ قىممەت» نەزەرىيىسى، «ئۈنۈم باراۋەرلىكى» نەزەرىيىسى دېگەندەك تەرجىمە قائىدىلىرىمۇ تەرجىمە تەتقىقاتلىرىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ قائىدىلەرمۇ تەرجىمىدە شەكىلگە ئېتىبار قىلماستىن، مەنىنى، پىكىرنى ئاساسىي ئورۇندا قويۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە تېكستتىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان مەنىۋى ئۇسلۇبىنىمۇ نەزەردىن قاچۇرۇپ قويماسلىق تەكىتلىنىدۇ.

يەنە، «ئىشەنچلىك (ياكى سادىق) بولۇش، ئوقۇملۇق بولۇش، گۈزەل بولۇش» دېگەن تەرجىمە ئۆلچەملىرىمۇ ئۇيغۇر تەرجىمانلار ئىچىدە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلىپ كەلمەكتە.

تەرجىمە قائىدىسىگە ئائىت بولغان تۈرلۈك ئېقىملار ئۆزلىرىگە خاس تەدبىرلىرىنىڭ تۈرلۈكچە بولغانلىقى، كۆزدە تۇتقان نۇقتىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە «مەنە، پىكىر» نى مەركەز قىلىش كاتېگورىيىسىدىن چەتلەپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى سانسىز ئەمەلىي پاكىتلاردىن چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. ئەستايىدىل تەتقىق قىلىدىغان بولساق، شۇنى كۆرىمىزكى، «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە» قىلىش مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرىدىغىنى — «مەنەن تەرجىمە» ئەمەس، مەنىنىڭ بۇرمىلىنىشىدۇر. «مەنەن تەرجىمە» قىلىش مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرىدىغىنى بولسا، سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىش قائىدىسىنىڭ ئۆزى ئەمەس، تەرجىمە تىلىنىڭ قوپال، ياسىما بولۇپ قېلىشىدۇر. تەرجىمە قىلىنغۇچى تىل بىلەن تەرجىمە قىلغۇچى تىلنىڭ گرامماتىك تۈزۈلۈشى، سۆز - ئاتالغۇ-



لىرى، ئۇلاردىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ھېس - تۇيغۇ ۋە تىل ئۇسلۇبى ئوخشاش بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا تەرجىمىدە سۆزلەرنى، جۈملىلەرنى ئەينەن ئالماشتۇرۇپ قويۇش بىلەنلا ئىش تۈگەيتتى، تەرجىمە قائىدىسى جەھەتتىكى تۈرلۈك ئېقىم - مەزھەبلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئارتۇقچە بىر ئىش بولغان بولاتتى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، مەنەن تەرجىمىنى ياكى سۆزمۇ سۆز تەرجىمىنى ۋە ياكى تەڭ قىممەت نەزەرىيىسىنى ۋە باشقا مەزھەپ - ئېقىملارنى «تەرجىمە» گە ئومۇمىي قائىدە قىلىۋېلىپ، تەرجىمىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى شۇ بىرلا مەزھەپنىڭ ئۆلچىمى بويىچە باھالاش ئىلمىي چارە ئەمەس؛ ئۇ قائىدىلەرنىڭ قايسى بىرى بولسۇن، كونكرېت تىل ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرىدۇر: مەنىنىمۇ، شەكلىنىمۇ تولۇق ئىپادىلەش مۇمكىن بولغاندا، سۆزمۇ سۆز، يەنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرا كېلىدۇ؛ ئۇدۇل تەرجىمە قىلغاندا پىكىرنى تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن بولمىسا، مەنەن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان تۈزۈك؛ جۈملىدە شۇنداق، پۈتۈن ئابزاس، پۈتۈن باب، پۈتۈن ئەسەر بويىچە ئالغاندا، پۈتۈنلەي ياكى ئۇنداق ئۇسۇلنى ياكى مۇنداق ئۇسۇلنى يەككە قوللىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. تۈرلۈك ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈپ، گىرەلەشتۈرۈپ قوللانغان تۈزۈك. يەنى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلغاندا سۆز ياكى گەپنىڭ قوپال، ياسىما بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. مەنەن تەرجىمە قىلغاندا ياكى تەڭ قىممەت قائىدىسى بويىچە تەرجىمە قىلغاندا، مەنىنىڭ، پىكىرنىڭ تولۇق، مۇجمەل بولۇپ قېلىشىدىن ياكى بۇرمىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. دېمەك، بىزگە ئۆلۈك، قوپال، ياسىما تەرجىمە كېرەك ئەمەس، سۆزلەرنى شەكىلگە قاراپ ئالماشتۇرۇپلا

قويىدىغان، سۆزلىرى بىر-بىرىگە يېپىشمايدىغان، ئوقۇسىڭىز ئېغىزغا چۈشمەيدىغان، ئويلىسىڭىز مەنىسىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان، سۆزدىكى پىكىر چۈشىنىلىپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە يات تۇرىدىغان، خەنزۇچىمىكى دېسىڭىز ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان، ئۇيغۇرچە دېسىڭىز ئورانىدىن خەنزۇچە خۇسۇسىيەتلىرى چىقىپ تۇرىدىغان تەرجىمىلەر كېرەك ئەمەس؛ بىرىگە سۆزدىكى مەنە، پىكىرلەر بۇزمىلانغان، ئۇرۇپ-سوقۇپ پۈتتۈرۈلگەن تەرجىمىلەرمۇ، سۆزلىرى ھەم راۋان، ھەم چىرايلىق، لېكىن ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ قارىسىڭىز مەنىسى، پىكىرلىرى تەرجىماننىڭ «ئىجادىيىتى» بولۇپ چىقىدىغان تەرجىمىلەرمۇ كېرەك ئەمەس.

تەرجىمە ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە، تەرجىمە ئەسلى تېكىستتىكى ئەسلى پىكىرنى، مەقسەتنى تامامەن توغرا ئىپادىلەپ بېرىشى، تەرجىمىنى ئوقۇغان كىتابخانلارغا ئەسلى تېكىستنى ئوقۇغان كىتابخانلار ئالغان چۈشەنچىنى ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىشى، سۆزلىرى ئادەتتە ئېغىزغا راۋان چۈشۈپ بېرىدىغان بولۇشى لازىم.

ئەسلى تېكىستنى سۆزمۇ سۆز تولۇق چۈشىنىش — بۇ، تەرجىماننىڭ مەجبۇرىيىتى. لېكىن شۇ سۆزلەرنى لۇغەتچىلەپ تەرجىمە قىلىپ تىزىپ قويۇش تەرجىمان ئۈچۈن ئەيىب.

ئەسلى تېكىستنىڭ ئايرىم-ئايرىم سۆزلىرىنى ئەمەس، شۇ ئايرىم-ئايرىم سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە، گەپلەردىن ئەكس ئېتىپ تۇرغان مەنىنى، پىكىرنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش — بۇ، تەرجىماننىڭ قەرزى.

بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدە سۆزلەرنىڭ تېگىدىكى پىكىرنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىگەندىلا كىتابخاننى ئەسلى ئەسەرنىڭ كىتابخانلىرىغا ئوخشاش تەسىراتقا، ھېسسىياتقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەمدى بىز يۇقىرىدىكى تېكىستنىڭ



يەنە بىر خىل تەرجىمىسىنى كۆرۈپ چىقايلى:

«ئادۋوكات:

— ئۇنى بىرەر ئادەم يوقلاپ كەلدىمۇ؟

تۈرمە باشلىقى:

— كەلمىگەندەك قىلىدۇ.

— بۇ غەلىتە ئىشقۇ؟! ئۇنىڭ ئائىلىسى بار ئىكەن، يەنە تېخى ئائىلە-تاۋاباتلىرىنىڭ تولىسى پارىژدا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەنغۇ؟

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار. بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوقلاپ كەلمىدى.

— ئۇنىڭ ئانىسى بار ئىكەن، ئەجەبا ئانىسىنىڭمۇ ئوغلىنى كۆرگىسى كەلمىگەندىمۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ھەدىسى بىلەن ھەدىسىنىڭ ئېرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا خۇشى يوق ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇ تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ ئۇلارغا خاپىچىلىق تېپىپلا يۈرگەنىكەن، بۈگۈنكى كۈندە بولسا يەنە ئۇلارنى يەرگە قارىتىپتۇ. شۇنى پەرەز قىلىش مۇمكىن، ئۇلار ھازىر سوت ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلسىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەردىن مەڭگۈ قۇتۇلساق ئىكەن دەپ تەقەززا بولۇپ تۇرسا كېرەك......»

بۇ ئىككىنچى خىل تەرجىمە ھەر ھالدا بىرىنچى خىل

تەرجىمىگە قارىغاندا تەبىئىيرەك بولۇپ، سۆزلەر ياسىما، كىتابىي تىل شەكلىدە ئەمەس، جانلىق، راۋان. بىر بىر پارچە تېكىست ئومۇمەن دىئالوگدىن تەركىب تاپقان، دىئالوگ ئىكەن، سۆز ئېغىزدىن تەبىئىي چىقىدىغان ھالىتىدە بولۇشى شەرت. «مېنىڭ بىلىشىمچە، يوق» دېگەن سۆز بىلەن «كەلمىگەندەك قىلىدۇ» دېگەن سۆزنى، «شۇنداق بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن» دېگەن سۆز بىلەن «شۇنداقتەك تۇرىدۇ» دېگەن سۆزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، ھەر ھالدا بۇ سۆزلەرنىڭ نازۇك پەرقىنى بىلىش مۇمكىن. يەنە، «بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسى بار»، «ئۇنىڭ ئانىسى بار»، «... ئاۋارىچىلىقلا قوشۇپ كەلگەن»، «... نومۇس ئېلىپ كەلدى»، «...تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە» دېگەن سۆزلەرنى «بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسى بار ئىكەن»، «... ئانىسى بار ئىكەن»، «خاپىچىلىق تېپىپلا يۈرگەنىكەن»، «ئۇلارنى يەرگە قارىتىپتۇ»، «... تەقەززا بولۇپ تۇرسا كېرەك» دېگەن سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، شۇنداق ئالاھىدە بىر پەرقنى بىلىشىمىز مۇمكىن: ئادۋوكات «مەھبۇس» بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئائىلىسى بار»، «قوشۇپ كەلگەن»، «كۈتمەكتە» دېگەندەك بىۋاسىتە بىلگۈچى، كۆرگۈچى سۈپىتىدە ۋە شۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «گۇماندار مەھبۇسنىڭ دېلوسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن» بىلگەنلىرىگە ئاساسەن، «... بار ئىكەن»، «يەرگە قارىتىپتۇ» دېگەندەك ۋاسىتىلىك بىلگۈچى سۈپىتىدە سۆزلىشى تەبىئىي. بۇ، تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ مەنتىقىسى، مۇشۇنداق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەسۋىرى ئەدەبىيات، شۇ جۈملىدىن تەرجىمە ئەگەر شۇ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا سۆزنىڭ ياسىما، قوپال بولۇشى تۇرغان گەپ.



ئەدەبىي تەرجىمىنى شۇنداق دەرىجىگە كەلتۈرۈپ ئىشلەش لازىمكى، ھەرقانداق ئەسەرنى بىر مىللەت تىلىدىن يەنە بىر مىللەت تىلىغا ئاغدۇرغاندا، تىل ئادىتىدىكى پەرقلەر سەۋەبى بىلەن ياسىمىلىق، قوپاللىق ئالامەتلىرىگە ئورۇن قالدۇرماسلىققا، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىش كېرەك.

تەرجىمان ئۆزىنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆزى ئوقۇغىنىدا لەززەتلىنەلىسە، ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن مەمنۇنلۇق ھوزۇرىنى كۆرەلەيدۇ، باشقىلارنىمۇ مەمنۇن قىلالايدۇ.

# لۇشۈن ۋە تەرجىمە

لۇشۈن — جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ سەركەردىسى؛ باتۇر، جەڭگىۋار، ئىنقىلابىي ئەدىب، شۇنداقلا مەشھۇر تەرجىمان. ئۇنىڭ يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى بەش مىليون خەتتىن ئاشىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىلىرى، ھېكايە - چۆچەكلىرى ۋە باشقا ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى بەدىئىي ئەسەرلىرىدىن تەرجىمە قىلغانلىرىلا ئۈچ مىليون خەتتىن ئاشىدۇ. لۇشۈننىڭ تەرجىمە خىزمىتى جەھەتتە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن نەمۇنىلىرى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

تەرجىمە خىزمىتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر تەرجىمە خىزمىتىنى مەنسىتمەيدۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئادەتتىكى بىر تېخنىكىلىق ئىش، بىر مىللەتنىڭ يېزىقىنى يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىغا ئاغدۇرۇپ كۆچۈرۈپ چىقسىلا بولىدىغان ئىش، دەپ قارايدۇ. لېكىن تەرجىمە خىزمىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان، تەرجىمە خىزمىتىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەيدىغان كىشىلەر تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئىلمىي، ئىجادىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە خىزمەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئېنگېلس 1848 - يىلى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» نى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، ماركسقا يازغان خېتىدە: «مەن ھازىر ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتىمەن. تەرجىمە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمدىنمۇ كۆپ قىيىن ئىكەن» دېگەنىدى. ج. رۇي «كا-



پىتال» نىڭ بىرىنچى تومىنى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتقاندا، ماركس ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم بەرگەن ۋە ئۆزۈم پۈتۈنلەي يېڭىباشتىن تەرجىمە قىلىۋاتقاندىنمۇ كۆپرەك كۈچ كېتىۋاتىدۇ، دېگەن. لېنىن ئۆزىنىڭ بىر پارچە خېتىدە: «مەن ھازىر تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، تەرجىمەم خېلى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ، دەسلەپكى نۇسخىسى پۈتەي دەپ قالدى، لېكىن ئۇزۇل - كېسىل تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇ چاغدا كۆرەرمىز» دەپ يازغانىدى. لېنىن ھەتتا يېزا ئىگىلىك ئىلمى جەھەتتە نېمىسچە بىر ئاتالغۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «بەش قېتىم لۇغەت ئاختۇرغان» ئىدى. بۇ ئەھۋاللار تەرجىمە خىزمىتىنىڭ نەقەدەر مۈشكۈل ۋە مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىجادىي خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمە خىزمىتى ئىككىنچى قېتىملىق ئىجادىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەتتىنمۇ قىيىن، چۈنكى تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ تۈرلۈك ئامىللىرى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئىجادىي يازغاندەك ئىختىيارلىققا يول قويۇلمايدۇ، ئەسلى ئەسەرنىڭ دائىرىسىدىن چەتلەپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. مەملىكىتىمىزدە تەرجىمە ئىشى بۇددا دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىن باشلانغان بولۇپ، 2000 يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە. جۇڭگو تارىخىدا تەرجىمە ئىشىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان يەن زۇڭ: «تەرجىمە ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىشتىن زېرىكمە» دېسە، يەن فۇ: «ھەپتىلەپ - ئايلاپ ئىزدەن» دېگەن. بۇ يەردە گەپ ئەسلى ئەسەرنى چۈشەنمەسلىك سەۋەبى بىلەن تۇغۇلغان قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە ئەمەس، ئەسلى ئەسەردىكى ئىدىيە - ھېسسىياتنى دەلمۇدەل «ئەڭ قىممەت» تە ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەمگەك سىڭدۈرۈش كېرەكلىكى ئۈستىدە بارىدۇ. لۇشۈننىڭ يېزىشىچە، ئۇ «كىچىك يوھاننا»

دېگەن ھېكايىنى تەرجىمە قىلىشنى تەرجىمىگە كىرىشىشتىن 20 يىل ئىلگىرى قورساقىدا پۈكۈپ قويغان. 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1926 - يىلى يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر كۈنى شۇ شەن دېگەن كىشى بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان. لۇشۈن بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «بەزىدە ناھايىتى قاتتىق تالىشىپ كەتتۇق، بەزىدە مەسلىھەتلەشتۇق، بەزىدە، ھېچقايسىمىز بىرەر توغرا تەرجىمە ئۇسۇلىنى تاپالمايتتۇق... تەرجىمە تەخمىنەن بىر ئايدا پۈتتى، كېيىن تەرجىمىنى رەتلەش ئۈچۈن يەنە بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلدۇق.» («لۇشۈن ئەسەرلىرى»، 14 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 11 - ۋە 14 - بەتلەرگە قاراڭ.)

بىز بۇ يەردە ئەسلى ئەسەرنى پىششىق چۈشىنىش مەسىلىسىنى بىر چەتتە قالدۇرۇپ، پەقەت پىششىق چۈشەنگەن ئەسلى ئەسەرنى قانداق توغرا تەرجىمە قىلىش ئۈستىدىلا توختىلىۋاتىمىز. بەزىلەر، تىلىم چىققاندىن تارتىپ، ئۆز تىلىم بىلەن سۆزلەپ كېلىۋاتىمەن. ئەسلى ئەسەرنى تولۇق چۈشەنگەنىكەنمەن، ئۇنى ئۆز تىلىمدا ئىپادىلەپ بېرىش قانچىلىك قىيىن بىر ئىش بولسۇن؟! دەيدۇ، لېكىن بۇ، ئارتىسنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشىنى دائىم كۆرۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ مەنمۇ ئوينىيالايمەن، دەپ ئۆزىنى چاغلىماي ئوتتۇرىغا چۈشۈپ كۈلكىگە قالغىنىغا ئوخشاش بىر گەپ بولسا كېرەك. ئەسلى ئەسەرنى تولۇق، مۇكەممەل چۈشىنىش بىر گەپ، ئۇنى توغرا تەرجىمە قىلىش، ئەسلى مەنىنى، چۈشەنچىنى ئۆز تىلىدا، ئۆز تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرى، تىل ئادەتلىرى بويىچە، توغرا، ئېنىق، ئىخچام ئىپادىلەپ بېرىش يەنە بىر گەپ. لۇشۈننىڭ تەرجىمە ئىشىدىكى كەمتەرلىكى، ئېھتىياتچانلىقى، ئىلمىي ئۇسۇللىرى بىز ئۈچۈن قىممەتلىك دەرسلىك. لۇشۈن «دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا پېتىنالمايمەن» دېگەن بولسىمۇ،



لېكىن فادېيېۋنىڭ «تارمار» دېگەن ئەسىرىنى، لۇناچارسكىينىڭ «سەنئەت نەزەرىيىسى» نى، «ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەنقىد» دېگەن ئەسەرلىرىنى، پلېخانوۋنىڭ «سەنئەت نەزەرىيىسى» نى، گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» دېگەن ئەسىرىنى ۋە ياپونىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە، فىنلاندىيە... يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىزگە قىممەتلىك ئۆلگىلەرنى يارىتىپ بەردى. لۇشۈننىڭ تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى توغرىسىدا يازغان بىرمۇنچە مەخسۇس ماقالىلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىگە يازغان مۇقەددىمە، خاتىمىلىرى، بولۇپمۇ تەرجىمە مەسىلىلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىك پىكىرلىرى مەملىكىتىمىزدىكى تەرجىمانلار ئۈچۈن ھازىرمۇ قوللانما بولۇپ كەلمەكتە.

ئادەتتە، «گەپقۇ شۇنداق، لېكىن گەپتە نېمە مەنە بار؟» دېگەن گەپلەر پات - پات قۇلاققا كىرىپ قالىدۇ. بۇ، گەپ بىلەن مەنە ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرق بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەردىكى سۆز، گەپنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ماھىيىتى، مەنىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ، تەرجىمە ئەسەرنىڭ كىتابخانلىرىنى ئەسلى ئەسەرنىڭ كىتابخانلىرىغا ئوخشاش چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، تەرجىمىدە ئەنە شۇنداق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. تەرجىمان بولغان كىشى تەرجىمە قىلىنىغۇچى تىلنى پىششىق بىلگەندىن تاشقىرى، ئۆز تىلىنى، ئۆز تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى، تىل ئادىتىنى تەرجىمىدە ئوبدان قوللىنىشنىمۇ بىلىشى كېرەك. بۇ، ئەلۋەتتە، تەرجىمانغا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. لېكىن، كۆپ چاغلاردا، شۇنداق ئەھۋال بولىدۇكى، تەرجىمە قىلىنىغۇچى تىلنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەمنىڭ تەلەپكە يارىشا تەرجىمە قىلالىشى ناتايىن.

بۇ يەردە تەرجىمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر ئىككى تىلنى ياخشى بىلگەندىن تاشقىرى، تەرجىمە ئىشىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، لۇشۈن تىل ئۇستازى، شۇنداقلا بىرقانچە خىل چەت ئەل تىلىنى تولۇق بىلىدىغان مەشھۇر تەرجىمان. لۇشۈن تەرجىمىدە شۇنداق كامالەتكە يېتىش، تەرجىمىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى، قائىدىلىرىنى تېپىش يولىدا بىرقانچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن.

ئالدى بىلەن، لۇشۈن تەرجىمىگە كىرىشىش بىلەن تەڭ ئۆز تەرجىمىسىنىڭ قايسى ئۇسۇلدا، قانداق قائىدە ئاساسىدا كېتىۋاتقانلىقىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ لۇناچارسكىينىڭ «ئەدەبىيات — سەنئەت ۋە تەنقىد» ناملىق ئەسىرىنى ياپون تىلىدىن تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، يازغان ئىلاۋىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن قارىغاندا، لۇناچارسكىينىڭ مۇھاكىمىلىرى ناھايىتى روشەن ۋە ئىخچام. لېكىن، مېنىڭ تەرجىمەم تۈگىگەندىن كېيىن ئوقۇپ باقسام، تەرجىمىنىڭ ئېنىقسىز، چۈشىنىكسىز چىققان يەرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن. سۆز بىرىكمىلىرىنى پارچىلىۋېتەي دېسەم، ئەسلىدىكى ئىخچام سۆزلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، پېقىر تەرجىمانىنىڭ قابىلىيىتىم يېتەرسىز... بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق زورمۇزور تەرجىمە قىلماقتىن باشقا ئىلاج بولمىدى». ئۇ «پىل چىشى مۇنارىدىن چىققاندىن كېيىن» ناملىق ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە يازغان خاتىمىسىدىمۇ: «ئىلگىرى قوللانغان ئۇسۇلۇمغا ئوخشاش، جۈملىلىرىنى يەنىلا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلدىم، ئەسلى ئەسەرنىڭ تەلەپپۇزىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتىم، ھەتتا جۈملىلەرنىڭ ئىلگىرى — كېيىنلىك تەرتىپىنىمۇ نېرى — بېرى قىلمىدىم» دەپ يازغان. لۇشۈننىڭ تەرجىمە قائىدىلىرى توغرىسىدىكى بۇنداق قاراشلىرى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ كىرىش سۆزلىرىدىمۇ، خاتىمىلىرىدىمۇ ۋە تەرجىمە مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى مەخسۇس ماقالىلىرىدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. لۇشۈن ئۆز تەرجىمىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان، لۇشۈن ئۆز تەرجىمىسىدە «مەنە» نى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ يوللىرىنى تېپىش ئۈچۈن، «بىر ئايدا پۈتكەن» تەرجىمىنى تۈزىتىش ئۈچۈن «يەنە بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغان». لۇشۈن ئۆزىنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئەنە شۇنداق يەكۈنلەپ تۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆگىنىشنىمۇ قولدىن بەرمىگەن. «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا» ناملىق تاللانمىسى لۇشۈننىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتى، ئۇسۇل ۋە پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلىش، باھالاش، تەرجىمە قائىدىلىرى ۋە نەزەرىيىسى جەھەتتىكى خاتا تەشەببۇس، قاراشلارنى تەنقىد قىلىش، ھەتتا ئۆزىنىڭ تەرجىمە پرىنسىپلىرى جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش جەھەتتە يازغان خاتىرىلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئېيتىش مۇمكىن. لۇشۈن ئۆز ۋاقتىدا تەرجىمە نەزەرىيىسى، قائىدىلىرى ۋە ئەمەلىيىتى توغرىسىدا تۈرلۈك خاتا تەشەببۇس ۋە قاراشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان ۋە شۇ جەھەتتىكى بەس — مۇنازىرىلەرگە پائال قاتنىشىپ، تەرجىمە نەزەرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قىممەتلىك ھەسسە قوشقان. تەرجىمىدە سۆزلەرنى تاشلاپ قويىدىغان، سۆزلەرنى قوشۇپ قويىدىغان، بەزى سۆزلەر بۇ جۈملىدە مۇنداق تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ جۈملىدە ئۇنداق تەرجىمە قىلىنىدىغان، جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئاستىن — ئۈستۈن قىلىنىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا «ئەسلىگە سادىق» بولۇش — بولماسلىق مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. بەزىلەر ئەسلى ئەسەرنى بىرەر ھەرپى، سۆزىنىمۇ قالدۇرماي، بىرەر سۆزىنىمۇ قوشماي، جۈملە تۈزۈلۈشىنىمۇ ئۆزگەرتمەي تەرجىمە قىلىشنى «ئەسلىگە سادىق» تەرجىمە

دەپ ھېسابلايدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا، ئۇنى «گەپ بولماپتۇ، راۋان ئەمەس، گرامماتىكا جەھەتتىن راۋان دېگەن تەقدىردىمۇ، تەرجىمە تىلىنىڭ ئادىتىگە چۈشمەپتۇ دەپ، مەنىنى روشەنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دەرۋەقە، تەرجىمىدە مۇنداق ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ: تەرجىمە قىلىنغان جۈملىنى ئوقۇسىڭىز ھەربىر سۆزى چۈشىنىلىدۇ، جۈملە تۈزۈلۈشىمۇ گرامماتىكا جەھەتتىن راۋان؛ لېكىن ئىنچىكىلەپ قارىسىڭىز ياكى مەنە جەھەتتىن، ياكى مەنتىق جەھەتتىن قۇسۇر چىقىپ تۇرىدۇ، بىر - بىرىگە زىت بولغان بۇ ئىككى خىل تەشەببۇس «سۆزمۇسۆز تەرجىمە» ۋە «مەنەن تەرجىمە» دېگەن ئىبارە بىلەن تەرجىمە تارىخىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بىر چاغلاردا بەزىلەر لۇشۈننى «سۆزمۇسۆز تەرجىمە» نىڭ تەشەببۇسكارى دەپمۇ قارىغان. ئۇنى «زورمۇزور تەرجىمە» قىلىدۇ، «قاتمال تەرجىمە» قىلىدۇ، «مەنەن تەرجىمە» گە قارشى تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئەمەلىيەتتە، بىر تىلنى ئىككىنچى بىر تىلدا سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈپ قويۇشنى تەرجىمە دەپ ھېسابلاشنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەنلەرنىڭ پىرى — پېپېر. ئېنگېلس ئۆز ۋاقتىدا ماركسقا يازغان بىر خېتىدە: «پېپېر ھەمىشە سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىپ، ئۆتكەللەردىن غىپلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، پۈتۈنلەي ئۇقۇمسىز بىر نەرسىلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ» («ماركس - ئېنگېلس خەت - چەكلىرى توپلىمى»، 1 - توم) دەپ قاتتىق سۆككەنىدى. پېپېرنىڭ مۇرىتلىرى ئۇزاقتىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتسىمۇ، لېكىن بۇنداق مۇرىتلىقنى لۇشۈنگە تېڭىش بوھتان. چۈنكى، لۇشۈن «سۆزمۇسۆز تەرجىمە» قىلىشنى دەسلەپكى چاغلاردا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، «مەنەن تەرجىمە» نى ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى قويغان ئەمەس، ئەكسىچە، «مەنەن تەرجىمە» نى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن، لۇشۈن تەرجىمە مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغىندا، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر تەرجىمانلارنى — كۇماراجىۋا، ئاناند. سكىپسى نەنتولارنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. لۇشۈننىڭ بۇلارنى بولۇپمۇ كۇماراجىۋانى تىلغا ئېلىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئېلىمىزدە تەرجىمە ئىشى مىلادى I ئەسىردە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن تەڭ باشلانغان. شۇ چاغدا غەربىي يۇرتلۇق ئەنسارى تۇتۇك دېگەن كىشى چاڭئەن شەھىرىگە كېلىپ يەرلەشكەن ۋە خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەندىن كېيىن، 23 يىل ئىچىدە 30 نەچچە پارچە سۇترا (بۇددا نومى) نى ئېغىزچە تەرجىمە قىلىپ بەرگەن، جۇڭگولۇق يەن فۇياۋ دېگەن كىشى كاتىپلىق قىلىپ بەرگەن، ئېلىمىزدە تەرجىمە ئىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان، ئۇنىڭ تەرجىمە ئۇسۇلى «مەنەن تەرجىمە» گە يېقىنراق بولغاچقا، كېيىنكى زامانلاردىكى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى «ئىپتىدائىي باسقۇچتىكى مەنەن تەرجىمە» دەپ ئاتىغان. كېيىنكى چاغلاردا خوتەن، كۇچادىن بۇددا دەستۇرى تەرجىمانلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان. بولۇپمۇ كېيىنكى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزدە سۇترا تەرجىمانلىقى رەسمىي گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. كېيىنكى چىن پادىشاھى ياۋشىڭ چاڭئەندە كۇماراجىۋاغا دۆلەت مېھمىنى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ «باغ ئارام» ناملىق تەرجىمە ئىدارىسى قۇرۇپ بەرگەن. كۇماراجىۋا غەربىي زېمىندىكى 36 ئەلنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان چوڭقۇر مەلۇماتلىق راھىب بولۇپ، «قولىغا غوزچە (يەنى ئوغۇز) نۇسخىسىنى ئېلىپ، چىن تىلىدا ھەربىر جۈملىنى ئىككى ياندۇرۇپ تەرجىچە قىلىپ ئوقۇيتتى. ھەمدەملىرى تەرجىمە ئۈستىدە مۇنازىرە ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، مەنىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. چىن پادىشاھى گايىدا كونا تەرجىمە نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، مەنىنى تەستىقلايتتى». كۇماراجىۋا

«غۇرچە نۇسخىلىرى توغرا بولماي قالسا، سانسكرىت (ھىندى) نۇسخىلىرىغا قاراپ توغرىلايتتى». كۇماراجىۋا 3000 غا يېقىن سۇترا تەرجىمانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆزى ئېغىزدا مەنىنى تەرجىمە قىلىش، خەنزۇ كاتىپلارغا تەرجىمە قىلىنغان مەنىنى دۇرۇسلاپ يازغۇزۇش ئۇسۇلى* بىلەن نۇرغۇن بۇددا دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭ تەرجىمە نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ھەممىدىن زور تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئىلگىرىكى سۇترا تەرجىمانلىرىنىڭ تەرجىمىلىرىنى، تىل ئۇسلۇبىنى، تەرجىمە ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي تەرجىمە نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغان. ئۇ تەرجىمىدە مەنىنى كۆپرەك ئاساس قىلىپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ مېغىزىنى — روھىنى مۇمكىنقەدەر تولۇق ئىپادىلەپ، تەرجىمىنى كامالەتكە يەتكۈزگەن، «غەربىي يۇرت تىلىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى، نازۇك روھىنى»، «چىن تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەپچىل، ئىخچام، تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن»، «جۇڭگونىڭ تەرجىمە ئىشلىرىدا ئاجايىپ پارلاق تارىخى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كۇماراجىۋا چاڭئەندە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۇنىڭ خىزمىتىگە 3000 ئادەم قاتناشقان. بۇ، دۇنيانىڭ تەرجىمە تارىخىدىمۇ بىرىنچى ئورۇننى تۇتىدۇ، بەزى ئادەملەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن ئۇلۇغ جۇڭگو ئادەملىرى كۆپ ھاللاردا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان. مەسىلەن: ئۇزۇن سېپىل (سەددىچىن سېپىلى)، 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرمۇ چەت ئەللىكلەرگە چۆچەكتەك ئاڭلانمامدۇ؟»*

لۇشۈن تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە «ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزمىز تەنقىدنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك» لىكىنى تەكىتلىگەن،

*بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ھەققىدە ھىندىستانلىق پروفېسسور p.pradhan نىڭ «ئۇلۇغ تەرجىمان شۈەنزاڭ» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.



ئۇنىڭ تارىختىكى كۇماراجىۋا قاتارلىق راھىب تەرجىمانلارنى، ئۇلارنىڭ تەرجىمە قائىدىلىرىنى تىلغا ئېلىشى، ھەتتا «ھازىرقى بىرمۇنچە تەرجىمانلار ئىلگىرىكى تەرجىمانلارغا قارىغاندا ئىنتايىن جاھىللىشىپ كەتتى» دەپ مەسىلىنى قاتتىق قويۇشىمۇ تەرجىمە ئىشىنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈپ قويسىلا بولىدىغان ئىش دەپ، ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن سەممىي ئاگاھلاندۇرۇش.

تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە قائىدىلىرى ۋە ئۇسۇلى مەسىلىسىدە ئېقىم كۆپ، ئەسلى ئەسەرنى، ئۇنىڭ روھىنى تەھلىل قىلماي، سۆزلەرنى قاتار تىزىپ قويۇشنىلا تەرجىمە دەپ ھېسابلايدىغان «تەجرىبەپەرەسلىك ئېقىمى» بار. بۇنداق ئېقىمدىكىلەر يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتنى تەلەپ قىلىدىغان تەرجىمە ئىشىنى كېسەكلەرنى لايسىز تىزىپ تام قوپۇرۇپ قويۇشتەك بىر نەرسە قىلىپ قويىدۇ. ئەسلى تېكىستنى تەھلىل قىلمىسىمۇ، لېكىن جۈملىلەردىكى ئايرىم - ئايرىم سۆزلەرگىلا، شەكىلگىلا بېرىلىپ كېتىپ، مەزمۇننى قۇربان قىلىدىغان «شەكىلۋازلىق ئېقىمى» مۇ بار، بۇ ئېقىمدىكىلەر خۇددى سائەتنى ئۇششاق ۋىنتىلىرىغىچە چۇۋۇپ، ئاخىرىدا ئۇنى جاي-جايىغا كەلتۈرۈپ رېمونت قىلماي، ئىشنى پوملاپ تۈگىتىدىغان چولتا ھۈنەرۋەنگە ئوخشايدۇ. لۇشۈن ئۆزىنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ھەر خىل خاتا ئېقىملارغا قارشى ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلىرىنى ھەم بەدىئىي ئۇسلۇبىنى، ھەم مەنىۋى قىياپىتىنى مول خەنزۇ تىلىدا مۇكەممەل ئىپادىلەپ بەرگەن. چۈنكى ئۇ «تەرجىمە» نىڭ ماھىيىتىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كىتابخانلار ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەن. ئۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنى، جۈملىدىكى جانلىق، ماھىيەتلىك ئامىللارنى تولۇق ئىپادىلەش بىلەنلا قالماستىن، جۈملىدىكى سۆز-

لەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى، مەنتىقىي ئۇقۇملىرىنى سادىق ۋە ئىجادىي يوسۇندا توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «ھەم ئېگىز، ھەم سېمىز بولغانلىقى ئادەم ئۇلۇغ زات بولۇۋەرمەيدۇ» دېگەندەك، ئورۇق بولغانلىقى ئادەم ساقسىز، جانسىز بولۇۋەرمەيدۇ. تەرجىمە مەسىلىسىدە ئەسلى ئەسەرنى ھېچبىر سۆزىنى، ھەتتا تىنىش بەلگىلىرىنىمۇ چالا قويماستىن تەرجىمە قىلىپ قاتار كۆچۈرۈپ قويۇش ياكى ئەسلى ئەسەرنى چالا - پۇچۇق چۈشىنىش بىلەنلا تىل ئۇستىلىقىدىن پايدىلىنىپ چىرايلىق توقۇش لۇشۈنچە تەرجىمىگە خىلاپ. لۇشۈن تەرجىمىدە «تەڭ قىممەت» نەزەرىيىسىگە قاتتىق رىئايە قىلغان، ئۇ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، «سۆزمۇسۆز تەرجىمە» قائىدىسى بىلەن «مەنەن تەرجىمە» قائىدىسىنى يۇغۇرۇپ، ئەسلى ئەسەرنى ئۆز تىلى بىلەن «تەڭ قىممەت» تە قايتا ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

لۇشۈننىڭ مۇنداق قىممەتلىك سۆزى بار: «تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە ئوخشاش ئېتىبار بېرىش كېرەك؛ بىر تەرەپتىن، چۈشىنىشلىك قىلىشقا تىرىشىش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسلى ئەسەرنىڭ تۈرقى - سىياقىنى ساقلاش كېرەك. لېكىن بۇنداق ساقلاش كۆپ ھاللاردا چۈشىنىشلىك بولۇش بىلەن زىت بولۇپ قالىدۇ، يات كۆرۈنىدۇ... ئۇنى يات كۆرۈنمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىلا ئۆزگەرتىش مۇمكىن، ئۇنىڭ بۇرنىنى يونۇپ پاناق قىلىپ قويماسلىق، كۆزلىرىنى كور قىلىپ قويماسلىق كېرەك». دېمەك، لۇشۈننىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆلچەملىرى، تەرجىمە خىزمىتىدە يارىتىپ بەرگەن ئۈلگىلىرى بىز تەرجىمانلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىمىزنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا، زور يېتەكچىلىك رولىنى ئويىنىماقتا.



# لۇشۈن ئەسەرلىرى شىنجاڭدا

— لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان

ئۇلۇغ يازغۇچى، مۇتەپەككۇر، ئىنقىلابچى لۇشۈن قەلەمنى قورال قىلىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا، فېئودالىزم كىشەنلىرىگە، ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ زۇلمەتلىك، ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى باتۇرلۇق، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۇنىڭ «ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا، كالا بولۇپ ئىشلەيمەن سەبىي باللارغا» دېگەن جەڭگىۋار روھى سىڭدۈرۈلگەن ئەسەرلىرى، جەڭگىۋار ھاياتى ۋە جەڭگىۋار روھى مەملىكىتىمىزدىمۇ، پۈتۈن دۇنيادىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى دۇنيا مىقياسىدا كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ قەدىرلىشىگە ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولماقتا. ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونى بولغان شىنجاڭدىمۇ لۇشۈننىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى، لۇشۈن روھى ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى چېچىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ۋە لۇشۈن روھىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى توغرىسىدا

ئۆزۈمنىڭ بىلگەنلىرىمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

لۇشۇن ئەسەرلىرى شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تارقىلىشقا باشلىدى.

ئالدى بىلەن بۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭ — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. كونا ئۇزاق تارىخنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى تارىخىي پاكىتلارغىلا قارايدىغان بولساق، شۇ چاغلاردا مەملىكەت بويىچە ئاتالمىش «مەركىزىي» ھاكىمىيەت بولسىمۇ، لېكىن مىلىتارىستلار ئۇرۇشى بولۇپ تۇرغاچقا، «مەركەز» نىڭ شىنجاڭنى ئۆز ئالقىنىدا تۇتۇش ئارزۇسى بولغىنىغا قارىماي ئەمەلىي كۈچ ئاجرىتىپ شىنجاڭغا كىرگۈزۈشكە چامى يەتمىگەن ۋە چولىسىمۇ تەگمىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچكى ئۆلكىلەردە مۇرادىغا يېتەلمەي، زېمىنى كەڭ، بايلىقى كۆپ شىنجاڭغا، يەنى «چۆلدىكى ھۆر باغ» قا شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ كەلگەن چوڭ - كىچىك سىياسەتۋازلار، قارا نىيەت مىلىتارىستلار ئاغزىدا «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلققە بەخت يارىتىمىز» دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا فېئودال كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۆز ئالدىغا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەپرىقىچىلىق ھالىتى پەيدا قىلىپ، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلقنى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدۇردى. 1933 - يىلى ئاپرېلدا قومۇلدا خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدا مىللىي زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى غەلىبە قىلدى. لۇشۇن «ساختا ئەركىنلىكنامە. شەپقەت توغرىسىدا» دېگەن چوڭقۇر پىكىرلىك ماقالىسىدە



بۇ «ئۇيغۇرلار قوزغىلىڭى» نى ھېسداشلىق بىلەن تىلغا ئالدى ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بۇ قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان مىلىتارىست شېڭ شىسەي شىنجاڭغا يېگانە خوجا بولۇش ئۈچۈن، «مەركەز» نىڭ كۈچىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى خالىماي، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان قاتناش ئاغزى شىڭشىڭشىيانى تاقاپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇندى. لېكىن، شېڭ شىسەي، بىر تەرەپتىن، ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرغان، خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن خەلقنىڭ گۆشىنى شىلىپ، ئىلىكىنى شۈمۈرۈۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، خەلقنىڭ ئاھ - زارىدىن، تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قارشىلىق سادالىرىدىن چۆچۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ۋە دېموكراتىك ھەرىكەت دولقۇنىنىڭ، پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش»، «كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش» يولىنى تۇتۇپ، پارتىيىمىزدىن مەدەت تىلىدى، بىر تۈركۈم كوممۇنىست كادىرلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىشىنى تەكلىپ قىلدى. پارتىيىمىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا چىقىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە دەرھال چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق نۇرغۇن كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. پارتىيىمىزنىڭ بۇ كادىرلىرى زۇلمەت باسقان شىنجاڭغا نۇر بولۇپ چۈشتى، شىنجاڭ خەلقىگە ئۈمىد بېغىشلىدى. پارتىيىمىزنىڭ نەچچە يۈزلىگەن مۇنەۋۋەر كادىرلىرى 1938 - يىلدىن

باشلاپ، پارتىيىمىزنىڭ تەشەببۇسلىرىنى چىن قەلبىدىن
ھىمايە قىلىدىغان ھەر مىللەتتىن بولغان ئىلغار كىشىلەرنىڭ
زىچ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى
ئىشلەپ، شىنجاڭ تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىسلاھاتلارنى
يولغا قويدى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتىكى گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالاھىدە رول
ئوينىدى. تۈركۈم - تۈركۈم مىللىي كادىرلار يېتىشتۈرۈلۈشكە،
خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا باشلى-
دى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، شىنجاڭ خەلقى پرولېتارىيات
ئەدەبىياتى بىلەن، جۈملىدىن، لۇشۈن ئەسەرلىرى بىلەن بىرىن-
چى قېتىم تونۇشتى. ئەينى ۋاقىتتا لۇشۈن ۋە باشقا ئىلغار
يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭغا ئىككى يول بىلەن
كىرىپ تارقالدى. يەنى، بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
مىللىي تىلدا ئىلغار ئوقۇش قوراللىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر،
جۈملىدىن لۇشۈن، گومورو، ماۋدۇن، پۇشكىن، ماياكوۋسكى،
چېخوۋ، تولستوي، گوركى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى كېلەتتى،
يەنە بىر تەرەپتىن، ماۋدۇن، دۇجۇڭيۈەن، جاڭ جۇڭشى، لى
شياۋچۈەن، جاۋ دەن، بەي داخاڭ قاتارلىق يولداشلار
شىنجاڭ شۆيۈەن، مەدەنىي كادىرلار كۇرسى، شىنجاڭدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى
قاتارلىق سورۇنلاردا لۇشۈن توغرىسىدا لېكسىيە، سۆھبەت
ئۆتكۈزەتتى. ئېكسپلاتاتسىيىگە ۋە زۇلۇمغا قارشى «چۇۋقان»
چى بولغان لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى، ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە
ئەكس ئەتكەن پاك ۋىجدانى، گۈزەل ۋە چوڭقۇر مەنىلىك تىلى،
ئۆتكۈر نۇقتىئىنەزىرى، جەڭگىۋار تۇرمۇشى شىنجاڭ خەلقىدە،
بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقى بىلەن ئوخشاش سەرگۈزەشتىلىك ئۇيغۇر
خەلقىدە ئورتاق سادا، ئورتاق ئۈمىد پەيدا قىلىشقا باشلىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن ئەسەرلىرى تارقىلىش بىلەنلا خەلقنى



ئۆزىگە ماگنىت تېشىدەك جەلپ قىلىشقا باشلىدى. بەزى
پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسلىشىچە، لۇشۈن ئەسەرلىرى
30 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ، سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبېك تىللىرىدا
شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان، شۇ قاتاردا رۇسچە تەرجىمىلى-
رىمۇ كىرگەن. تارقىلىش مىقدارى تولىمۇ چەكلىك بولسىمۇ،
كىتابخانلار ئۇلارنى گويا گۆھەردەك قەدىرلەپ، قولدىن - قولغا
ئېلىپ ئوقۇغان، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، زىيالىيلار ئۆز
ۋاقتىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن تېپىپ
ئوقۇپ، ئۆز تەسىراتلىرى ئۈستىدە قىزغىنلارلىق يېڭى خەۋەر،
يېڭى بىلىم سۈپىتىدە پىكىرلىشىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئۇچرى-
لاشقان. مەشھۇر شائىر، مەرھۇم ل. مۇتەللىپ لۇشۈن ئەسەرلىرى-
نىڭ رۇسچە نۇسخىسىنى ياشلارغا تونۇشتۇرۇپ لېكسىيە
سۆزلىگەن. ئۇيغۇر سايرانى، زۇنۇن قادىر، ئەلقەم ئەختەم،
ئېمىن تۇرسۇن، ر. جارى، نىغمەت قاتارلىق پېشقەدەم شائىر
ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئەسلىشىچە، بۇ يولداشلار ئەينى ۋاقىتتا
ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت، ئوقۇش ئورۇنلىرىدا، مەدەنىيەت - ما-
ئارىپ مۇئەسسەسەلىرىدىكى يىغىلىشلاردا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى
زوق بىلەن ئۆگەنگەن، لېكسىيەلەر ئاڭلىغان، مىللىي تىلدىكى
چەكلىك نۇسخىلىرىنى ئوقۇش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلالماي،
تولا چاغلاردا ل. مۇتەللىپنىڭ تەرجىمانلىقى ۋاستىسى
بىلەن رۇسچە نۇسخىلىرىدىنمۇ ئۆگەنگەن. كىچىكىدىن رۇس
تىلىدا ئوقۇغان، رۇس ئەدەبىياتىدىن خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا
ئىگە بولغان ل. مۇتەللىپ ماكسىم گوركىنى پرولېتارىيات
ئەدەبىياتىنىڭ «پىرى» دەپ تەرىپلەيتتى. لۇشۈن ئەسەرلىرى
بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، «لۇشۈن — جۇڭگونىڭ گوركىسى»،
«لۇشۈن — بىزنىڭ گوركىمىز»، «لۇشۈن — دانىشمەن ياز-
غۇچى» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ل. مۇتەللىپ

يەنە 1942 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان «ئەدەبىي ئەسەردىكى تىپ» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: «پۇشكىننىڭ ئېۋگېنى نېگىنى، گوركىنىڭ پاۋېل ۋىلاسوۋى، لۇشۈننىڭ ئا Q سى، ماۋدۇننىڭ ۋۇسۇنفۇسى، شولوخوۋنىڭ داۋىدوۋى ئەدەبىي ئەسەردە تىپ يارىتىشنىڭ يارقىن ئۈلگۈسى ...» دەپ، لۇشۈننىڭ ئەدەبىي ماھارىتىگە توغرا ۋە يۇقىرى باھا بەرگەن.

لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ روھى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ۋە زىيالىيلار دائىرىسىدىن ھالقىپ، كەڭ كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىغان. بۇ ۋاستىلەرنىڭ بىرى ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بولدى. 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭدىن ئۈچ تۈركۈم (تەخمىنەن 250 دەك) ئوقۇغۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان. ئۇلار ئوقۇش جەريانىدا «جۇڭگونىڭ گوركىسى — لۇشۈن» بىلەن تونۇشقاندىن تاشقىرى، مىللىي تىلدىكى «ئەدەبىيات خرىستوماتىيىسى»، «جۇڭگو ئەدەبىياتى»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى كۆپلەپ ئېلىپ قايتقان.

1940 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ دارىلغۇنۇنىدا دارىلفۇنۇننىڭ ئىلمىي مۇدىرى كوممۇنىست لىن جىلۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، لۇشۈن ۋاپاتىنىڭ تۆت يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لۇشۈننى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن شاپىگرافتا ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە مەخسۇس خاتىرە ژۇرناللىرى چىقىرىلغان، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس ماقالە، شېئىر يېزىپ، لۇشۈننى تونۇشتۇرغان، مەدھىيىلىگەن، ل. مۇتەللىپ ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىرى سۈپىتىدە «ئەدەبىيات گۈلزارى» ناملىق ئەدەبىيات بېتىدە لۇشۈن خاتىرىسىگە ئاتاپ مەخسۇس سان چىقارغان.



بۇنىڭدىن تاشقىرى ماۋدۇننىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى شىنجاڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە مەدەنىي كادىرلار كۇرسىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىدىن، لۇشۈن ھاياتىدىن لېكسىيە سۆزلەنگەن، جاۋدەنمۇ دەرس ئۆتكەن. نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئاسارىتىدە ئۇزۇن يىل رىيازەت چەككەن، مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ خىزمەتلىرى سايىسىدە ئەمدىلا ئويغىنىشقا باشلىغان خەلقىمىزدە لۇشۈن روھى چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. شۇ چاغدا ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ سىنىپلىرىدا لۇشۈننىڭ رەسىملىرى ئېسىلغان. رەسساملىقتىمۇ خېلى ماھارەت ئىگىسى بولغان ل. مۇتەللىپ ئۆز ۋاقتىدا لۇشۈننىڭ گوركىغا ئوخشاش بۇرۇت قويۇپ، ئۇزۇن چاپان بىلەن تۇرغان ھالەتتىكى ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ رەسىملەر سىزغان. دېمەك، لۇشۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ باشلامچىسى، ئېزىلگەن خەلقنىڭ قاياشى، ئازادلىق يولىدىكى كۈرەشنىڭ نەرىچىسى بولۇپ قالغان.

كېيىن سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغان، جياڭ جيېشى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش — ۋەتەن سېتىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرگەن، ئازاد رايونلىرىمىز ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بىر شارائىتتا، مىلىتارىست شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەت نەتىجىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئابرويىدىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ - جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، پارتىيىمىزنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كادىرلىرىغا، يەرلىك تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرگە تۈركۈم - تۈركۈملەپ زىيانكەشلىك قىلدى، ئىنقىلابىي

پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ھەرىكىتىنى غالجىرلىق بىلەن باستۇردى، لۇشۈن ئەسەرلىرىمۇ تارقىلىشتىن، ئوقۇشتىن مەنئى قىلىندى. لېكىن، لۇشۈننىڭ ئوبرازى خەلق قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن ھامان تاڭ ئاتىدۇ. 1949 - يىلى مەملىكىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يېڭى - يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش بىلەن تەڭ مەدەنىي تۇرمۇشىمۇ ئۈنۈملۈك راۋاجلاندى، جۈملىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ گۈللىنىشكە باشلىدى. لۇشۈن ئەسەرلىرىدىن، لۇشۈن روھىدىن تېخىمۇ ئەركىن ۋە كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىش پۇرسىتى تۇغۇلدى. لۇشۈن ئەسەرلىرىگە ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىغا دائىر ئەسەرلىرى كەينى - كەينىدىن ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۆزىمىزدە بىۋاسىتە نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. «تارىم» («شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى») «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا لۇشۈن ھېكايىلىرى، ژاۋېنلىرى، نەسرلىرى ۋە شېئىرلىرى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە پارچە - پارچە، كېيىنچە تولۇق توپلاملىرى بويىچە تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. 1958 - يىلدىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە لۇشۈننىڭ ئىككى مىليون خەتتىن ئارتۇق ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ تەخمىنەن بىر يېرىم مىليون خەتكە يېقىن قىسمى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىندى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «چۇقان»، «تېڭىرقاش»، «ياۋا گىياھ»، «كېچىتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى»، «ئىسسىق شامال»، «سايىۋەن»، «سايىۋەن»نىڭ داۋامى»، «لۇشۈن فېلىيەتونلىرى» (1 - 2 - قىسىم)،



«لۇشۈننىڭ ھېكايە، شېئىر ۋە نەسرلىرى تاللانمىسى»، «لۇشۈن مەكتۇپلىرى» (تاللانما)، «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا»، «لۇشۈن سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» (4 قىسىم)، «لۇشۈننىڭ باللىق - ياشلىق دەۋرى»، «لۇشۈن توغرىسىدا ھېكايە» قاتارلىق تاللانمىلار، تەتقىقات ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىندى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئىمكان قەدەر تولۇق تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىنى خېلى بۇرۇنلا رەسمىي كۈنتەرتىپكە قويۇپ، تەرجىمە كۈچى، مەتبەئە كۈچى تېخى يېتىشمەيۋاتقان بولسىمۇ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «لۇشۈن تەرجىمە گۇرۇپپىسى» ئارقىلىق تەرجىمە، تەھرىرلىك كۈچىنى ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرجىمە، نەشر قىلىش ئىشىنى چىڭ تۇتتى. ھازىر «خالاس»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايە» ناملىق ئۈچ توپلام ۋە «ئالا كۆڭۈل»، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»، «تاغدىن - باغدىن»، «گۈلشەن پاراگلىرىغا ئىستىئارە» دېگەن ژاۋېنلار توپلاملىرى تەرجىمىدىن چىقتى، بۇلاردىن بەزىلىرى مەتبەئەدىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، لۇشۈنشۇناس خەنزۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىنىمۇ ئىمكان قەدەر تاللاپ داۋاملىق تەرجىمە - نەشر قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارغا سۇنماقتا.

مەن لۇشۈن ئەسەرلىرى بىلەن 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تونۇشتۇم. شۇ چاغدا كوممۇنىست ۋاڭ باۋچيەن رىياسەتچىلىكىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە بالا ئىشچى ئىدىم. دائىم كوممۇنىست تەھرىر لى خې (چۈي چيۇبەينىڭ كۈيئوغلى)دىن لۇشۈن، چۈي چيۇبەي قاتارلىقلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئەسەرلىرى، پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرىنى ئاڭلايتتىم. ئەنە شۇ چاغدا مېنىڭ ياش قەلبىمدە بىر پارلاق نۇر — لۇ-

شۇن روھى پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئۆگىنىش ئىستىكى پەيدا بولغان. بىراق، ئۇ چاغدا پەقەت ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلەندىم. لۇشۇن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، كىتابخانلار بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا باشلاندى. دەسلەپتە، يەنى 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «لېي فېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىشى توغرىسىدا»، «يەنە لېي فېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىشى توغرىسىدا»، «كەچ باھاردىكى پاراڭ» دېگەندەك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ «تارىم» («شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى») ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدىم. كېيىن ئالاقىدار كىتابخانىلارنىڭ ئىلھامى بىلەن ئەسلى توپلاملىرى بويىچە تولۇق تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتىم. 1957 - يىلى «چوقان»، «تېڭىرقاش»نى تەرجىمە قىلغاندىن بۇيان تاكى ھازىرغىچە لۇشۇن تەرجىمىسى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلمەكتىمەن. ئەپسۇسكى، 1958 - يىلى بۇ ئىككى ئەسەر مەتبەئەدىن چىقىش ۋاقتىدا، مەن خاتا ھالدا «ئوڭچى ئۇنسۇر» بولۇپ جازالاندىم. «ئوڭچى ئۇنسۇر»غا مەتبەئە يۈزىدىن ئورۇن بېرىلمەسلىكى تەبىئىي. بەختىمگە يارىشا، شۇ چاغدا مىللەتلەر نەشرىياتى مەندەك بىر تەرجىماننىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى تەخەللۇسۇم بىلەن نەشر قىلىپ تارقاتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن ھازىرمۇ چەكسىز مىننەتدارمەن. چۈنكى بۇ تەرجىماننىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە بېرىلگەن شەرەپلىك ھەق ۋە مەدەت. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1978 - يىلى پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى چىن مەنىسى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلانغانغا قەدەر 20 يىلدەك ھاياتىم «ئۆگىنىش كۇرسى»دا، «قوتان»دا، «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش»تە، رېجىم ئاستىدىكى خىزمەتتە ئۆتتى. لېكىن، خۇددى لۇشۇننىڭ «مۇشكۇلچىلىك قانچىكى كۆپەيسە، شۇنچە ئىشلەش كېرەك. ئىنقىلاب دېخلى - تەرۈزسىز بولمايدۇ. مەسخىرىچىلەرمۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن قايىل بولىدۇ»، «خەۋپ كىشىنى ئاسقىتۇرىدۇ. ئۆز ھاياتىي كۈچىنىڭ قەدرىگە يەتكۈزىدۇ. خەۋپ ئىچىدە سەيلە قىلىش تولىمۇ راھەت ئىش» دېگىنىدەك، چىشىمنى چىشلەپ، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ، لۇشۇن ئەسەرلىرىنى داۋاملىق تەرجىمە قىلىپ، كىتابخانلار ئاممىسى ئالدىغا قويۇش قارارىغا كەلدىم. ئەنە شۇ ئىرادىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئېغىر تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، ھارماي - تالماي ئۆگەندىم. چۈشىنىش سەۋىيەم تۆۋەن بولغاچقا، بىر تەرەپتىن، لۇغەتنى ھەمراھ قىلىپ، لۇشۇن ئەسەرلىرى توغرىسىدا خەنزۇچە شەرھ، تەھلىل ماقالىلەرنى، لۇشۇن ھاياتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى ۋە باشقىلارنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇغان بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن، لۇشۇن ئەسەرلىرى توغرىسىدا، قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى توغرىسىدا مەلۇماتلىق يولداشلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەندىم ۋە تەرجىمە قىلدىم. لۇشۇن ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، تەرجىمە قىلىش - ئىزدىنىش جەريانىم بىر مەزگىل تۈرلۈك ۋەھىمە، خەۋپ ئاستىدا مۇشكۇلچىلىك بىلەن ئۆتتى، تەرجىمىدە قوشۇمچە ماتېرىيال ئىزدەش، چۈشىنىشكە ياردەمچى ئىزدەش ئۈچۈن، تومۇز ئىسسىقتا، زىمىستان سوغۇقتا، يامغۇرلۇق كۈنلەردە، كېچە قاراڭغۇسىدا، پاتقاقلىق تار كوچىلاردا مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. «قوتان»دىكى تۇرمۇش پاراكەندىچىلىكى، پۈتمەس - تۈگىمەس «مەسىلە تاپشۇرۇش» ماتېرىيالى يېزىش ئېغىرچىلىقلىرى ئارىسىدىن ئىمكانىيەت يارىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى لۇشۇن روھى بىلەن يېڭىپ، ئۆگىنىشكە، تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلدى. تەجرىبەم ئاز، سەۋىيەم تۆۋەن، بولۇپمۇ خەنزۇچە تىل - يېزىق سەۋىيەم ئاجىز بولغاچقا، لۇشۇننىڭ چوڭقۇر ئىدىيىسىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەسەرلىرىدىن چۈشىنىشىم يېتەرسىز ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىشلەۋەردىم. خەقىمىزدە

«دەرد يۇتماق تاغ يۇتماق» دېگەن ماقال بار. تاغ يۇتۇش ئۈچۈن غەيرەت كېرەك. ئەلۋەتتە، غەيرەت ئىشەنچتىن كېلىدۇ. لۇشۈننىڭ ھاياتى، جەڭگىۋار روھى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پارلاق ھاياتقا بولغان ئىشەنچ بىلەن تولغان، ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئاددىي مەسىلىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈردىغان، ئاددىي پاكىتلار ئارقىلىق چوڭقۇر ئىدىيىۋى - نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىدىغان پىكىرلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلماي، مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىماي قالمايدۇ. مېنىڭ ئۆز ھاياتىمنىڭ بەلگىلىك مەزگىللىرىدىكى ئېغىر كۈنلەردە لۇشۈن ئەسەرلىرىدىن تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىم ئەنە شۇنداق تەسىراتنىڭ ئىنكاسى، مەسىلەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى «كونىنى يوقىتىش» ھەرىكىتىگە توغرىلاپ، «جۇڭگو ۋە گېرمانىيىدە كىتاب كۆيدۈرۈشنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى»نى تەرجىمە قىلدىم. «كۆرۈنۈشتە ئۆزۈل-كېسىل ئىنقىلابچى، ئەمەلىيەتتە ئىنقىلاب قىلمايدىغان ياكى ئىنقىلابقا زىيانلىق شەخسىيەتچى مەمەدانلار»غا ۋە سىياسىي شوئارۋازلارغا توغرىلاپ «ئىنقىلاب قىلمايدىغان رادىكاللار»نى تەرجىمە قىلدىم. ھەرقاچان، ھەممىدىن زارلىنىدىغان، ئۆزىنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدا غەيرەت قىلماي، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ يېتىپ، ئاخىر زەردە گۆش بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەملەرگە قارىتا «زەردە گۆش بولۇپ ئۆلمەك»نى تەرجىمە قىلدىم. چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنىڭ دەستىدىن خورلۇققا ئۇچرىغان زىيالىيلارغا ئېچىنىپ «بىلىم جىنايەتتۇر»نى تەرجىمە قىلدىم، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ھەققىدە «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا» دېگەن توپلامنى تەييارلىدىم. بۇنداق تەرجىمە مەشغۇلاتىمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتمىدى. ئۆيۈم يەنە بىر قېتىم تىنتىلىپ، لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە



ئورىگىناللىرى «سېرىق كىتابلار» بىلەن بىللە مۇسادىرە قىلىپ كېتىلدى. لېكىن، ئەتراپىمدىكى بەزى ۋىجدانلىق يولداشلار ۋە خىزمەتداشلىرىم لۇشۈن ئەسەرلىرىنى داۋاملىق تەرجىمە قىلىپ، ئاممىنى ئورتاق بەھرىمەن قىلىشىمغا تۈرلۈك يوللار بىلەن مەدەت ۋە ئىلھام بەردى، لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ شەرھىلىك تومىلىرىنى تولۇق تېپىشقا، تەرجىمە جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا، قىيىن ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە قولىدىن كەلگەن ياردەملىرىنى ئايىمىدى. «يوللۇقلارغا ياردەم كۆپ» دېگەن گەپ ئەنە شۇ بولسا كېرەك. بۇ مېنىڭ ئۆمۈرۋايەت لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىرادەمنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ كاساپىتىدىن بۇرۇقتۇرما ئىچىدە قالغان يىللاردا، قولۇمدىكى لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئورىگىناللىرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلىدىغان بولدى. بۇ ئورىگىناللىرىم ئەتراپىمدىكى خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرىم ۋە ئادەتتىكى كىتابخانلاردىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يېتىپ بارغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1974 -، 1975 - يىللىرى بىر نۆۋەتتىلا لۇشۈن ئەسەرلىرىدىن بەش تاللانما، ئۈچ ئايرىم توپلام، تۆت كىتابچە نەشر قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ قېتىمقى نەشر نۇسخىلىرىغا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي سۇيىقەستىگە خىزمەت قىلدۇرغان سۇيىقەستلىك قارا ماللىرى — لۇشۈننىڭ ئەسلى نىيىتىگە، تارىخىي ئەمەلىيەتكە زىت ئىزاھاتلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ قالدۇق زەھەرنى داۋاملىق يۇيۇپ تۈگىتىش ۋەزىپىسى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئەنە شۇنداق بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە - نەشر قىلىنىشى كىتابخانلىرىمىز-

نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولدى.

نۇرغۇن پاكىتلاردىن مەلۇمكى، خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى، سىياسىي سۈيىقەستچىلەر لۇشۈن ئەسەرلىرىدىن، لۇشۈن روھىدىن قورقىدۇ، ئۇلار خەلقنىڭ لۇشۈننى قەدىرلەش كەيپىياتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىشىغا، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك قىلىسمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆتىدىغان كۆۋرۈك قىلىۋاتىدۇ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىنلا كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۇلار لۇشۈن ئەسەرلىرىنى، لۇشۈن روھىنى ھېچقانداق قارا كۈچ توسالمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟! چۈنكى، لۇشۈن ئەسەرلىرى، لۇشۈن روھى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى، مەنىۋى ئوزۇقى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇنىڭغا موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، لۇشۈن ئەسەرلىرى يەنە داۋاملىق تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىنىشقا باشلىدى.

لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ، لۇشۈن روھىنىڭ ھەتتا شىنجاڭدەك مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان چەت - ياقا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈنمۇ ئورتاق تىل، ئورتاق مەنىۋى بايلىق بولۇپ قېلىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. بۇ لۇشۈننىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لۇشۈن جاھانگىرلىك تاجاۋۇزىنىڭ قولغا سېلىنغان كويزا، فېئوداللىزمنىڭ پۇتقا سېلىنغان كىشەن ئىكەنلىكىنى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا قالغان ۋەتەننىڭ زۇلمەتلىك زىندان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. بۇنداق ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خەلقنى غەپلەتتىن ئويغىتىش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، خەلقنىڭ مىللىي ئىززەت -



ھۆرمىتىنى ۋە ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈشكە، خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە يىللىق نۇرغا ئىنتىلىشى، شېرىن ئارزۇلارنى قىلىشى ئادەتتىكى بىر ئىش. لېكىن، شۇنداق ھالەتتە ئۇلۇغۋار ئىرادىگە كېلىش، شۇ ئىرادىگە يېتىشنىڭ يوللىرىنى توغرا تاللاش ۋە ئۇ يولدا ھارماي - تالماي ئىزدىنىش — بۇ، ئىنسانىي پەم - پاراسەتنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا لۇشۈن روھىنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى. لۇشۈن جۇڭخۇا ئېلىنى غەپلەتتىن ئويغىتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ مەنىۋى زەئىپلىكىنى تەتقىق قىلىش، ئېچىپ تاشلاش، تازىلاش يولىدا ئىزدىنىپ كۈرەش قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيانىڭ يېڭى پىكىر ئېقىملىرىنى، بولۇپمۇ جۇڭگو خەلقى بىلەن ئوخشاش تەقدىردە تۇرغان ئاجىز، ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. ئۇ تەخمىنەن 30 يىللىق ئەدەبىي ھاياتىدا تارىختىن بۇيانقى «ئادەم يەيدۇ»غان فېئودال ئەقىدىلەردىن تارتىپ، رېئال تۇرمۇشتا ئەكس ئەتكەن روھىي زەئىپلىكلەرگىچە ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئۆز مىللىي قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنىشىگە ئىلھام بەردى، قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تېپىشقا رىغبەتلەندۈردى. لۇشۈن شىنخەي ئىنقىلابىنى، 2 - قېتىملىق ئىنقىلابنى، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى ۋە جاڭ شۈننىڭ پادىشاھلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنى كۆرگەن، شۇنداقلا جياڭ جيېشىنىڭ «12 - ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشىنى، ئۇنىڭ كوممۇنىستلارنى ۋە ئىنقىلابچى ئاممىنى قىرغىن قىلغانلىقىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى «قورشاپ يوقىتىش»لىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇ كۈرەش

تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، «جۇڭگو ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى سىلەرگە باغلىق»، «ھازىرقى ۋاقىتتا جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن قېتىرقىنىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىسسىق قانلىرىنى ئايىماي كۈرەش قىلىۋاتقانلارنى يولداش دەپ بىلىمەن ۋە شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن» دەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە ئىنقىلابچىلارنى ئوتتەك قىزغىن يۈرىكى بىلەن مەدھىيىلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ يولىدىكى قەدىمىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قەدىمى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. لۇشۈن تۈرلۈك ئادەملەرنى، يارلىق سىنىپلارنى، جانلىق تۇرمۇش ھالەتلىرىنى ۋە كۈرەش شەكىللىرىنى، يارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ماتېرىياللىرىنى كۆزىتىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، پاش قىلىشقا، سۈپۈرۈپ تاشلاشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى رەھىمسىز قەتئىي پاش قىلدى، سۈپۈرۈپ تاشلىدى؛ مەدھىيىلەشكە تېگىشلىكلىرىنى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى، تەرغىپ قىلدى. لۇشۈن ئوبرازلىق، جانلىق تىل بىلەن يازغاچقا، تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ئىخچاملاشتۇرۇلغان تىپىك ئوبرازلارنى ياراتقاچقا، ئۇنىڭ مەيلى ھېكايىلىرى، زاۋېنلىرى بولسۇن، مەيلى نەسرى، شېئىرلىرى بولسۇن، ئوقۇپ قالغانلىكى كىشىنى «يەنە ئوقۇسام ئىكەن، يەنە بولسا ئىكەن» دېگەن يەرگە كەلتۈرمەي قالمايدۇ. لۇشۈننىڭ جەڭگىۋار ھاياتىغا، ئۆچمەس ئەسەرلىرىگە باشتىن - ئاياغ «ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا، كالا بولۇپ ئىشلەيمەن سەبىي بالىلارغا» دېگەن روھ سىڭگەن. لۇشۈن ئۆزىنىڭ بۇ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا، ھەتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش خەۋپىگە، ئەسەرلىرىنى مەنئى قىلىش، قورشاپ ھۇجۇم قىلىش، خورلۇقلىرىغا دۇچ كەلسىمۇ، تۇرمۇشتا چىدىغۇسىز ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ، كېسەل چىرمىۋالغان، ھەتتا دوختۇرلار ئېغىر ئۆپكە تۇبېركۇليوزى بار دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ھارماي - تالماي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، جاپا - مۇشەققەتلەرگە بوي بەرمەي ئىشلىدى.



لۇشۈننىڭ ھاياتى، روھى كىشىنى قايىل قىلماي قالمايدۇ. بۇ يەردە مۇنداق ئىككىلا تەرىپىنى نەقىل كەلتۈرسەك كۇپايە قىلار. لۇشۈنشۇناس شۈي شۇتاڭ مۇنداق يازىدۇ: «لۇشۈننىڭ ئىككى مىليون خەتتىن كۆپرەك ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ قايسىلا بىر پارچىسىدىن بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇلۇغ خىسلەتلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ 56 يىللىق ئۆمرىمۇ، مىللەتنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئاخىرقى نەپەسكىچە كۈرەش قىلغان تۇرمۇشىمۇ جاھاندا بىرلا ئېسىل داستان، تىلدىنمۇ، دىلدىنمۇ چۈشمەيدىغان پارلاق ئەسەر.» مەشھۇر سوۋېت يازغۇچىسى فادېيېۋمۇ مۇنداق تەرىپلەيدۇ: «يازغۇچى لۇشۈن شۇنداق چوڭقۇر ۋە كەڭ بىلىملىك بىر ئىنسانكى، ئۇ ھەققىدە بىرنەچچە توم كىتاب يېزىش مۇمكىن، لۇشۈن بىلەن زاماندىش بولغان جۇڭگو خەلقىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىنىڭ سەنئەتكار ۋە تەنقىدچى لۇشۈننىڭ قەلىمى تەگمىگەن تەرىپى يوق، لۇشۈن ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى خاسىيىتىدىن ئىنسانىيەتنىڭ نۇرلۇق چىرىغى ھېسابلانغان يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق.»

لۇشۈننىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئىنقىلابىي روھى، ئۆلمەس ئەسەرلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىدىكى كىتابخانلار جامائەتچىلىكىنىڭ ئەنە شۇنداق ھۆرمىتىگە ۋە ئالقىشىغا ئىگە بولغان، جۈملىدىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە چوڭقۇر ۋە ئەھمىيەتلىك تەسىر قوزغىغان ۋە قوزغىماقتا. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئىلگىرى فېلىيەتون، قىسقا تەقرىز، پارچە تەسىرات دېگەن ژانىرلار يوق دېيەرلىك ئىدى. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا لۇشۈن ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپلا مەشھۇر شائىر ل. مۇتەللىپنى باشلامچى قىلغان ھالدا، فېلىيەتون خاراكتېرىدىكى

ئەدەبىي ژانىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. ل. مۇتەللىپنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئېلىمىزگە قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى سۆكىدىغان «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ»، موسسولىنى ۋە گىتلېر فاشىزمىنى سۆكىدىغان «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»، جۇڭگونى ياپون باسقۇنچىلىرىغا بوي بەرمەيدىغان شىرغا ئوخشىتىدىغان «ئۇنىڭ ئىستىقبالى زور ھەم پارلاق» دېگەن ئەسەرلىرى، كېيىنكى چاغلاردىكى پېشقەدەم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرنىڭ مىللىي مۇناپىق مەسئۇدنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى زورمۇزور تۈركچە تىلدا سۆزلەشكە بۇيرۇق بىلەن زورلىغانلىقىغا تەنە قىلىپ، ئۇنىڭ «ئاقمايدۇ» غانلىقىنى كۆرسەتكەن «پەرمان»، بىر مەنسەپدارنىڭ ئۆتۈكىنىڭ يېغىنى پۇراپ كوچىدا ئارقىسىغا كىرىۋالغان كۈچۈكنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈكى بىلەن دەسسەپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى نامايان قىلغانلىقىنى ۋە پەخىرلەنگەنلىكىنى مەسخىرە قىلغان «كۈچۈك»، بىر ئامبالنىڭ «باش بارمىقىم بىلەن خو دەپ قويۇپ، بىگىز بارمىقىم بىلەن كۆزىگە نوقۇپ شۇ يول بىلەن مال ـ دۇنيا تاپتىم» دەپ، ئۆزىنىڭ «دۇنيا ـ دەپنە تېپىش دەستۇرى» دىن ئۆز ۋارىسلىرىغا دەرس بەرگەنلىكىگە تەنە قىلغان «ئىككى بارماق» سەرلەۋھىلىك ئەسەرلىرى ۋە باشقىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە لۇشۈن ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى چوڭ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، 40 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئازادرايون بولۇپ تۇرغان ئۈچ ۋىلايەتتە، خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئەدىبى لۇشۈننى ئېتىبار بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار روھىنى ئۆگىنىشنى تەكىتلىگەن. ئۇ ئەدەبىيات ـ



سەنئەت خادىملىرىغا: «تۆت ـ بەش غۇلاچ ئۇزۇن يازغۇچە لۇشۈندەك قىسقا، جانلىق يازساڭلار بولمامدۇ؟ ئۇنداق ئەسەرلىرى قىسقا، مەزمۇنلۇق، نەق جايىغا تېگىدۇ»، دەپ تەكىتلىگەن. لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئورگىنى بولغان ئۇيغۇرچە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ باسقان. بۇ ئەسەر كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. دېمەك، لۇشۈن ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى خەنزۇ خەلقىنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتلىرى بىلەن، كۈرەش يوللىرى ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىشتە، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئورتاق كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇشتا ۋاستىچىلىك ۋە ئىلھامچىلىق رولىنى ئويناپ كەلدى.

لۇشۈن: «تاشلا بولىدىكەن، ئوت ياندۇرۇش مۇمكىن» دەيدۇ. لۇشۈن ئەسەرلىرىنى، لۇشۈننىڭ جەڭگىۋار روھىنى تاشقا ئوخشاتساق، بۇ تاش ھەر جايدا، ھەرقانداق بىر مىللەت خەلقى ئىچىدە بولسۇن، ئۆزىنىڭ چاقماقتەك ئوت ھاسىل قىلىش، خەلققە ئىسسىقلىق ۋە نۇر بېرىش رولىنى جارى قىلدۇرۇۋېرىدۇ. لۇشۈن ئەسەرلىرى، لۇشۈن روھى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۇچراشقان دەسلەپكى چاغلىرىدىن تارتىپ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارغا بوي بەرمەي، ئۆزىنىڭ نۇرىنى چېچىپ كەلدى. بولۇپمۇ، كېيىنكى يىللاردا لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆپ تەرجىمە قىلىنىشى نەتىجىسىدە، كەڭ كىتابخانلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلماقتا. ھەتتا لۇشۈننى، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكتە. شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى تۈزۈپ تەييارلىغان ئەمگەك مېۋىلىرىدە لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەم ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەرگەن چوڭقۇر تەسىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا ئالاھىدە ئورۇن

بەرگەن؛ مەھەممەت زۇنۇن «لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى» سەرلەۋھىلىك تەتقىقات ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاۋاتىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى» ئابلىمىت سىدىق كۆپ يىللاردىن بۇيان لۇشۈن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى.

لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقىلىشى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئىشى مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەمدىلا مەتبۇئات يۈزىگە چىقىش قەدىمىنى تاشلىماقتا. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» تېخى بىر شۇملۇق. لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى چوڭقۇر تەسىرىنى سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش تېخى ئالدىمىزدا مۇھىم بىر ۋەزىپە بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى زۇلمەت، ئازادلىقتىن كېيىنكى بەلگىلىك تارىخىي مەزگىللەردىكى چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق تۈپەيلىدىن، لۇشۈن تەتقىقاتىغا دائىر ھۆججەتلىك ماتېرىياللار تامامەن دېگۈدەك يوقالغان. مەن بۇ تونۇشتۇرۇشۇمدا ئۆزۈمنىڭ چەكلىك بىلگەنلىرىمنى، 30 - يىللاردىن ھازىرغىچە ھايات ياشاپ كېلىۋاتقان، بارماق بىلەن ساناپ بەرگۈدەكلا چەكلىك ساندىكى مۇناسىۋەتلىك پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئەسلىمە ۋە تەسىراتلىرىنى ئاساس قىلدىم. مۇلاھىزىلىرىمدە تارىخىي پاكىتلارغا ۋە ھازىرقى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان يەرلەر بولۇشى مۇمكىن، ئىجتىھاتلىق يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىگە ئىشىنىمەن.



# ئوقۇپ قويۇڭ، پايدىسى تېگەر

شۇنداق ئاجايىپ ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ: بەزىدە بىرەر قىيىنچىلىق يۈز بەرگەندە ياكى مېڭىڭىزدە بىرەر چىگىش مەسىلە پەيدا بولۇپ قالغاندا، سىرداش بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن پاراڭلاشسىڭىز ياكى بىرەر پايدىلىق كىتاب ئوقۇسىڭىز، كۈتۈلمىگەن يەردە كۆزىڭىز پاللىدە يورۇپ، تۇتۇلۇپ تۇرغان مېڭىڭىز ۋاللىدە ئېچىلىپ، ھېلىقى قىيىن، چىگىش مەسىلىنىڭ يېشىلگەنلىكىگە ئۆزىڭىزمۇ ھەيران بولۇپ قالىسىز. شۇنداق، ئاتا - بوۋىلىرىمىز، باشقا دەرد كەلگەندە «دوپپاڭنى ئالدىڭغا قويۇپ ئويلاپ باق» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. «دوپپا» دېگەن سۆزنى ئەقلىدىشىدىغان ئادەم دېيىمۇ، ئوقۇسا نەپ بېرىدىغان كىتاب دېيىمۇ چۈشىنىش مۇمكىن، ئەلۋەتتە.

قايسى ئەسەردىن ئوقۇغانلىقىمنى ئەسلەپ بېرەلمەيمەن، پەرەڭلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئېسىش ئۈچۈن ھەيدەپ ماڭغاندا، قاتتىق ھاردۇق يەتكەنلىكى ئۈچۈن AhAsvAR ناملىق بىر موزدۇزنىڭ لەمپىسى ئالدىدا توختاپ، شۇ يەردە بىرئاز ھاردۇق ئالماقچى بوپتۇ. ئەپسۇسكى موزدۇز يول قويماپتۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كايىپ، ئاخىر زامان بولغۇچە ھاردىق ئالالمىغايسەن! دەپ دۇئايى بەد قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى موزدۇز ئۆلتۈرماي مېڭىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ ۋە لېكىن مېڭىپلا يۈرۈش-

ىنىڭ جاپا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەس بولۇپ قاپتۇ.

ئېھتىمال بۇ بىر چۆچەك بولسا كېرەك، ئەمەلىيەتنىڭ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئەتىگەندىن كەچكىچە، كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ئولتۇرماي، يانپاشلىماي، مېڭىپلا يۈرۈشنىڭ جاپا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدىغان ئادەم ھەر ھالدا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا تېپىلماس. دۇنيا تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، كونا بىلەن يېڭى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بۇ قانۇنىيەت تەرجىمە ساھەسىدىمۇ شۇنداق ئىپادىلىنىدۇ.

خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش يولى 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ تاكى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان سىياسىي پاراكەندىچىلىك دەۋرىدە ھۆكۈم سۈرگەن مەدەنىيەت ئىستىبداتلىقى تۈپەيلىدىن، بۇزۇلۇشقا يۈزلەنگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. شۇ بۇزۇلۇشنىڭ ھەممىدىن روشەن ئىپادىلىرىدىن بىرى — غەيرىي تەبىئىي «سادىق» لىق بولدى. تەرجىمىدە ئەسلىگە «سادىق» بولۇش شەرت، «خەنزۇچىدا قانداق بولسا ئۇيغۇرچىغا شۇنداق تەرجىمە قىلىش لازىم»، تەرجىمىدە ھەربىر سۆزگە بىر سۆزنى «كېمەيتمەي، قوشۇپ قويماي» تەرجىمە قىلىش كېرەك. تەرجىمە ئەسلى خەنزۇچىسى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش كېرەك ... دەيدىغان تەرجىمە قائىدىلىرى «سادىقلىق» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن تەرجىمانلارنىڭ بويىنىغا تىكلەنگەن قىلىچ بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە شۇنداق بىر خىل «تەرجىمە تىلى» شەكىللىنىشكە باشلىدىكى، تەرجىمىدىن ئۆتكەن بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىسىڭىز، بەزى يازمىلارنى ئەسەرلەرنى ئوقۇسىڭىز، خۇددى كاتاڭ يولغا كىرىپ قالغان ھارۋا داقالاپ، ھارۋىدا ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى چايقاپ تولىمۇ بىئارام قىلغىنىدەك شۇ تەرجىمىلەردىكى يات پۇراقلار، ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىغا تەبىئىي چۈشۈپ بەرمەيدىغان غەلىتە سۆزلەر، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە ئادەتلىرىگە قايچا



كېلىدىغان مەنتىقىي ئېتىقسىزلىقلار كىتابخانلارنى زېرىكتۈرىدىغان ھادىسىلەر ئاز ئەمەس.

ئىسلاھات دەۋرى ھاياتىمىزنىڭ ھەممە ساھەسىنى جانلاندۇرغاندەك، تەرجىمە ساھەسىنىمۇ جانلاندۇرۇشقا باشلىدى. تەرجىمىدىكى «سادىقلىق» نى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىدىغان، شۇ سەۋەبتىن كاتاڭ يولدا جاپا چېكىۋاتقان بولسىمۇ، خۇددى موزدۇز ئاسۋارنىڭ تىنماي مېڭىپلا يۈرۈشنىڭ جاپا ئىكەنلىكىنى سەزمەس بولۇپ يۈرگىنىدەك بىچارىلىقتا ياشايدىغان غەيرىي نورمال ھادىسىلەر دىققىتىمىزنى قوزغاشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تىلى بۇزۇلۇۋاتىدۇ، ئۇيغۇر تىلى بۇلغىنىۋاتىدۇ، بۇ ھادىسىلەر «خەنزۇچە قانداق بولسا شۇنداق تەرجىمە قىلىش سەۋەبى بىلەن پەيدا بولۇۋاتىدۇ» دەيدىغان سادالارنىڭ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال بولمىسا كېرەك. بۇ ئەھۋاللار، ماھىيەتتىن ئالغاندا بىزنىڭ تەرجىمە ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزدە تېخى ئايدىڭلاشمىغان بەزىبىر قاراشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۆتكەن مۇئەييەن تارىخىي شارائىتلاردا زورلۇق بىلەن ھۆكۈم سۈرگەن بىر تەرەپلىمە «سادىقلىق» نىڭ مۇئەييەن ئالامىتى بولغان «سۆزگە سۆزنى بىرمۇبىر توغرىلاپ تەرجىمە قىلىش» قائىدىسىنىڭ، غەيرىي نورمال تەرجىمە ئۆلچىمىنىڭ ئەرۋاھى تېخىچە قىسمەن رول ئويناۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ

تەرجىمە ساھەسىدە، بولۇپمۇ تەرجىمە ئۆلچىمى جەھەتتە خۇددى دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق مىللەتلەردە ھەر خىل چۈشەنچە، كۆز قاراش ۋە مەزھەپلەر مەۋجۇت بولغىنىدەك خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمىدىمۇ شۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرجىمە ئۆلچىمى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ تەرجىمە ئارقىلىق كىرگەن كۆچۈرمە نۇسخىلىرىمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە رول ئويناپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. تەرجىمە ئۆلچىمىنىڭ «سۆزمۇ سۆز تەرجىمە» ۋە «مەنىن تەرجىمە» دېگەن ئىككى

مەزھەپى جۇڭگو تارىخىدا، «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى دەۋرىدە جۇڭگو تارىخىدىكى بۇددا نوملىرى تەرجىمىسىدىن باشلانغان نەچچە مىڭ يىللىق تەرجىمە تەجرىبىلىرىنى، ئۆلچەم كۆز قاراشلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر، ئىجابىي ۋە سەلبىي باھا، مۇلاھىزە، تەقرىز بولۇتلىرى ئاستىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە، بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، دىققىتىمىزنى لۇشۈنگە تارتماي تۇرالمايمىز.

لۇشۈن ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، مەشھۇر يازغۇچى ھەم تەرجىمان. ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى پۈتۈن ئۆمرىدە يازغان بويى بىلەن تەڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ $\frac{1}{2}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ فادېيېۋنىڭ «تارمار» نى، گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار»نى، پىلىيەخانوۋنىڭ «سەنئەت ھەققىدە» سىنى، لۇناچارسكىينىڭ «سەنئەت نەزەرىيىسى» نى، ...... تەرجىمە قىلغان؛ «يىگىتنىڭ شىرىن چۈشى»، «ئېروشىنكو چۆچەكلىرى»، «ھال رەڭ بۇلۇت»، «دەرت - ھەسرەتنىڭ سىمۋولى»، «يوھەننا» دېگەندەك ھېكايە، رومانلارنى تەرجىمە قىلغان؛ «سوۋېت روسىيىسىدىكى ئەدەبىي مۇنازىرە»، «ئون ئىككى»، «باتۇر يوھەننا»، «ھاۋا ئانا خاتىرىسى»، «كەمبەغەل»، «قارا چۈمپەردىلىك ئادەم»، «فائۇست ۋە شەھەر»، «تىنچ دون»، «سىمونت»، «تۆمۈر ئېقىن» ۋەھاكازا تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ - بېكىتىپ بەرگەن. نۇرغۇن بىۋاسىتە تەرجىمە ئەمەلىيىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، تەرجىمە نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ۋە چوڭقۇر تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلا ئەمەس، دۇنيا بىلەن گەپلىشەلمەيدىغان «گاچا» ۋە دۇنيادىن بىخەۋەر ياشايدىغان «گاس» بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، «تەرجىمە خىزمىتى»



نى گۈللەندۈرۈش يولىدا تەرلەپ - پىشىپ، «نامسىز تەھرىرات»، «شىمال يېڭىلىقلىرى» دېگەندەك تەھرىراتلارنى تەشكىل قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر تەرجىمانلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ، «چەت ئەل ھېكايىلىرى»، «ھازىرقى زامان ھېكايىلىرى» قاتارلىق تەرجىمە توپلاملىرىنى، «دەشت - باياۋان»، «تىل رىشتىسى»، «ئۆركەش» قاتارلىق تەرجىمە مەجمۇئەلىرىنى چىقارغان. ئۇ تەرجىمە مەسىلىسىدە: تەرجىمىنى كېرەكسىز قىلماي، بەلكى گۈللەندۈرۈشنى، تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىپ، قايتا، تەكرار تەرجىمە قىلىپ شۇ يول بىلەن تەرجىمە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى، تەرجىمە تەنقىدچىلىكىدە قۇرۇت يېگەن ياكى زېدە بولغان ئالمىغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى ...... تەشەببۇس قىلغان.

تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا، مەيلى مەملىكىتىمىزدە بولسۇن ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن، مەشھۇر تەرجىمشۇناس ئالىملارنىڭ ئېتىقادلىرى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا شەكىل بىلەن مەزمۇن، خەت بىلەن پىكىر ياكى ھەرپ بىلەن مەنە دائىرىسىدىن، يەنى گەپ - سۆز قۇرۇلمىسىدىكى ئىككى ئامىلنىڭ قايسىسىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسى دائىرىسىدىن چەتلەپ كېتەلمەيدۇ. لۇشۈن مەشھۇر تەرجىمە ئەمەلىيەتچىسى ھەم نەزەرىيەچىسى بولغىنى ھالدا، تەرجىمە ئۆلچىمى توغرىسىدىكى بىر - بىرىگە زىت، بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنى دەل جايىدا بىر تەرەپ قىلىپ، بىر تەرجىمىنىڭ ئىككى تەرىپىنى — بەدىئىيلىكى ۋە ئىجادىيلىقىنى — ئىلمىي يوسۇندا بىرلەشتۈرۈپ، بىزنى ئۈلگە قىلىشقا مۇناسىپ چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. لۇشۈن 1927 - يىلى جىنسۇڭ ناملىق بىر ئوقۇتقۇچىغا، ياپونچە ئۆگىنىشكە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن، «كىچىك پېيوتېر» سەرلەۋھىلىك چۆچەكلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىشنى ھاۋالە قىلىدۇ. ئەسلى گولاندىيىلىك

ف. ۋان ئېدىن يازغان، لىن فاڭشيۇن ياپونچىغا تەرجىمە قىلغان بۇ چۆچەكنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى قولدىن چىققاندىن كېيىن، لۇشۇن تەھرىرلەپ كۆرۈپ يازغان «تەرجىمىگە كىرىش سۆز» دە مۇنداق دەيدۇ: «تەرجىمان بۇنى ئۆگەنگەچ تەرجىمە قىلغانىكەن، نەتىجىدە مۇشۇ بىر پارچە خەنزۇچە كىتاب بولۇپ چىقىپتۇ. چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىدىغان ئادەم ئۆگىنىشكە كىرىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چۆچەكنى تاللاپ ئوقۇسا، مېنىڭچە بۇنى خاتا قىپتۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ھە دېگەندىلا چۆچەكنى تەرجىمە قىلسا قاملاشمايدىغان يەرلىرى چىقىپ قالىدۇ، چۈنكى مەنەن تەرجىمە قىلىشقا پېتىنالمىغاچقا، ئوڭايلا ئەسلى تېكىست بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ. كىتابخانلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ تەرجىمىدە ئەسلىدە شۇنداق كەمچىلىك بار ئىكەن. شۇڭا مەن سېلىشتۇرۇپ تەھرىرلەش داۋامىدا خېلى كۆپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بىرقەدەر راۋانلاشتى. دېمەك ناۋادا شۇنداق قىلغانلىقىمدىن قاملاشمىغان يەرلىرى چىقىپ قالسا، بۇنىڭ جاۋابكارلىقى سېلىشتۇرۇپ تەھرىرلىگۈچىدە.» لۇشۇن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش شەرت: بىرى — ئاسان چۈشىنىدىغان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش شەرت؛ يەنە بىرى — ئەسلى ئەسەرنىڭ قامەتىنى ساقلاش شەرت؛ لېكىن ساقلاش بىلەن ئاسان چۈشىنىدىغان قىلىش كۆپ ھاللاردا بىر - بىرىگە زىت، قاملاشماي قالىدۇ. بىراق ئەسلى ئەجنەبىي پەرەڭ ئىكەن، ئۇنىڭ يات كۆرۈنۈشى تۇرغان گەپ. نەزەرگە ياقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلەش مۇمكىن، بۇرنىنى يونۇپ پەسەيتىش، كۆزىنى ئويۇپ تاشلاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.» لۇشۇننىڭ «مەنەن تەرجىمە قىلىش» ۋە «ئەسلى تېكىست بىلەن چەكلىنىپ قېلىش» دېگەنلىرى، «ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلەش» ۋە «بۇرنىنى يونىماسلىق،



كۆزىنى ئويماسلىق» دېگەنلىرى تەرجىمىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىككى ئاملى. يەنى شەكلى بىلەن مەزمۇنى — مەسىلىسىنى تولىمۇ ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ، بىر - بىرىگە ھەم زىت، ھەم بىرلەشكەن ئىككى مەسىلىنى تولىمۇ مۇۋاپىق ۋە چىرايلىق ماسلاشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئۆلگە بىزگە ھامان توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، لۇشۇننىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى رەت قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ ھەقتە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرىلەرنى قويۇپ تۇرايلى، كېيىنكى چاغلاردا بەزىلەر لۇشۇننىڭ تەرجىمە نەزەرىيىسىنى ۋە ئەمەلىيىتىنى رەت قىلىپ، لۇشۇننىڭ تەرجىمىلىرىدە «ئۇدۇل تەرجىمە» كۆپ، لۇشۇن «شەكىلگە كۆپرەك بېرىلگەن»، «قاتمال تەرجىمە» دىن خالى ئەمەس، «سۆزمۇ سۆز ئۇدۇل تەرجىمە شەكىلۋازلىققا باشلاپ ماڭىدۇ» ۋەھاكازا دېيىشتى. بىز ئۇنداق قاراشلارغا قوشۇلالمايمىز، چۈنكى ئۇنداق قاراشلار لۇشۇننىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيىسىگە ئادىل قارىماسلىقتۇر. دۇرۇس، 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئايرىم كىشىلەر تەرجىمىدە «خاتا بولسا بولسۇنكى، راۋان بولسۇن»، «تەرجىمە قىسمەن بۇرمىلىنىپ، خاتا بولۇپ قالغان تەقدىردە، بەربىر ئۇ بىر خاتالىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، شۇ خاتالىق ئېھتىمال تولىمۇ زىيانلىقتۇر، لېكىن ئۇنى ئوقۇغۇنىڭىزدا ھەر ھالدا خۇماردىن چىقىسىز» ۋەھاكازا دېگەن كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، لۇشۇن دەل شۇ كۆز قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ، «راۋان بولمىسىمۇ مەيلى دۇرۇس بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدى. لۇشۇننىڭ «راۋان بولمىسىمۇ مەيلى» دېگىنىدىن ھەرگىزمۇ СТАТЬНА КОЛЕНN (رۇسچە: تىزلانماق) دېگەن سۆزنى 跪下 (تىزىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماق) دەپ تەرجىمە

قىلىش دېگەن مەنە چىقمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە: «يېڭى ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش»، «يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىش». «ئۇدۇللۇق قوبۇل قىلىپ، ئۇدۇللۇق ھەزىم قىلىش لازىم، — دەيدۇ لۇ شۈن، — «كارغا يارايدىغانلىرى ئۆمۈر سۈرىدۇ، لاۋا - لاتىقلىرى تاشلىنىپ قالىدۇ، ...... ئاز - تولا راۋان بولماي قالسىمۇ ھېچ گەپ يوق، لېكىن مەڭگۈ شۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ، راۋان بولمىغانلىرى راۋانلىشىپ بارىدۇ، بىر قىسمى زادىلا راۋانلاشمىغانلىقى ئۈچۈن شاللاپ تاشلىنىدۇ، كۆتكە تېپىك يەيدۇ». لۇ شۈننىڭ «راۋان بولمىسىمۇ مەيلى، دۇرۇس بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسى راۋان بولمىغان قاتمال، قوپال تەرجىمىلەرگە مەڭگۈ يول قويۇش ئەمەس، بەلكى МЛеЧНый·ПуТь (رۇسچە: سامانيولى) دېگەن سۆزنى 牛 奶 路 (سۈت يولى) دەپ تەرجىمە قىلىدىغان، ئۇرۇپ - سوقۇپ قارىسىغا ئاغدۇرىدىغان تەرجىمە قالايمىقانچىلىقىغا قارشى ۋاقىتلىق تەدبىر ئىدى.

لۇشۈننىڭ تەرجىمە توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىگە ۋە ئەمەلىيىتىگە قىسمەن ئەمەس ئومۇمەن نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنداق بىر قائىدىنى چۈشىنىمىز: تەرجىمە ئەسلى تېكىستتىكى پىكىرنى تولۇق توغرا ئىپادىلەپ، تەرجىمە تىلىدىكى كىتابخانغا ئەسلى تېكىست كىتابخانلىرىغا ئوخشاش چۈشەنچە بېرىشى، شۇ چۈشەنچىنى تەرجىمە تىلىدىكى كىتابخاننىڭ ئاغزىغا سېلىش ھەم تەبىئىي يەملىشىپ كېلىدىغان سۆزلەر بىلەن بېرىشى شەرت.

لۇشۈننىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىدىمۇ، تەرجىمە ئەسەرلىرىدىمۇ گويا «مەن لۇشۈنگە مەنسۇپ» دېگەندەك ۋالىلداپ، جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

لۇشۈننىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىدىكى نازۇك تىل،



پىكىر چوڭقۇرلۇقى، ئۇسلۇبىنىڭ مۇكەممەللىكى، ئوبرازلارنىڭ يارقىنلىقى، مەنە - مۇددىئانىڭ ئېنىقلىقى، قىياپەت تەسۋىرلىرىدىكى ماھىرلىق، مەنزىرىلەرنىڭ گۈزەللىكى، دىئالوگلارنىڭ تەبىئىيلىكى، بەدىئىي تەسۋىرلەرنىڭ ماسلىششى، — بۇلار شۇنداق بىر مەنزىرە ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى غايىۋى، بەدىئىي ئامىللار ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە كارامەت رام قىلىدۇ، تەرجىمانلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، خۇشتار قىلىدۇ.

لۇشۈن ئەسەرلىرى، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، باشقىچە ئەنئەنە ۋە باشقا تىلدىكى كىتابخانلار ئۈچۈن يەنى خەنزۇلار ئۈچۈن يېزىلغان. خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت، تارىخ، پسىخىكا، مىللىي تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىق ۋە باشقا جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. لېكىن ئىجتىمائىي، سىياسىي سەرگۈزەشتىلەر بىر - بىرىمىزنى — ئارىلىقنى — تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك. دېمەك ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئۆزئارا ناتونۇش پەرق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بولۇپمۇ شەخسەن مەن لۇ شۈن ئەسەرلىرىنى ھەتتا ئادەتتىكى كىتابخان سۈپىتىدە ئوقۇغىنىمدىمۇ گويا ئۆز بېشىمدىن ياكى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەن كەچۈرمىلەرنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇغاندەك يېقىنلىق ھېس قىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، مېنىڭ مەخسۇسلا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان 20 نەچچە يىللىق ئوتتەك كۆكلەپ تۇرىدىغان ياشلىق دەۋرىم «ئوكچى» دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەس كىشەن رىجىمى ئاستىدا، «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن «توقماق» نىڭ زەربىسى بىلەن تاشلانغان قاراڭغۇ تۈرمىدە، بالايى - ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىنىڭ تىرىكلەر دوزىخى

«كالا قوتىنى» دا، ... شۇنداق پاجىئەلىك مۇھىتلاردا ئۆتكەن بولسىمۇ، «لۇشۈن» نىڭ ھەمراھدارچىلىقى، ئۇنىڭ بايان قىلىپ تۇرغان سەرگۈزەشتىلىرى، دەرد - ئەلەملىرى، نالە - زارلىرى، قەھرى - غەزەپلىرى مەندىمۇ ئوخشاش ھېسسىيات پەيدا قىلىپ تۇردى، ئىنساننىڭ دەرد - ئەلەمگە قۇل بولۇپ، تەقدىرگە بەند بولۇپ، ئۈمىدىنى يوقىتىپ خەستەك ياشىغاندىن كۆرە، ھېچ بولمىغاندا نالە بىلەن داد - پەرياد قىلىپ چۇقان سېلىپ، قەھرى - غەزەپلىرىنى مەنەن بولسىمۇ ئىپادىلىشى ئۈمىدىنىڭ، غەيرىتىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۈمىد، غەيرەتلا بولىدىكەن، يېڭى ھاياتقا ئىشەنچ پەيدا بولماي قالمايدۇ. ئىشەنچ بار يەردە تۈن قاراڭغۇسى يوقىلىپ، تاڭ شولىسى نۇر چاچىدۇ» شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۈستىدە ئولتۇرغىنىمدا ئالدىمدا ئاق قەغەز، قولۇمدا قەلەم، كۆز ئالدىمدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تېكىستى ئەمەس، بەئەينى ئۆز سەرگۈزەشتەم، ئۆز مۇھىتىمدىكى ۋەقەلەر.... قولۇمدىكى قەلەم ئەنە شۇ سەرگۈزەشتىلەرنى، ئەنە شۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، ئەنە شۇ مۇھىتتىكى ئەھۋاللارنى خاتىرىلەۋاتقاندەك بولىمەن. تۆت چاسا خەنزۇچە خەتلەرنىڭ تېگىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋەقەلىكلەر، خاتىرىلەر كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سەممىي، نازۇك، ماھىرانە تەسۋىرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۆز ئالدىمدا خۇددى جانلىق، ئوبرازلىق ۋەقەلىك سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

ھېسسىي ئورتاقلىق سېزىلگەن ئىكەن، تەرجىمىدە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. تەرجىمان ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، سەرگۈزەشتىسى، مۇھىتى، ئۇسلۇبى ۋە ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە يېقىن يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغىنىدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.



شۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، لۇشۈننىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى — تىلىنىڭ ھەم ساددا، ھەم مەنىلىك، ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىقلىقىنى، تەسۋىر سەنئىتىنىڭ ماھىرلىقىنى، ئوبرازلىق بايانلىرىنىڭ قىسقىلىقىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىرىنى باشقا تىلدا تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ھەر ھالدا ئاسان ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، سەزگۈر پەم، ئۆتكۈر پاراسەت بولمىسا، قىزغىن ھەۋەس ۋە چوڭقۇر ھېسداشلىق بولمىسا، ئۆز لايىقىدا بەھرىلىنىش ئىقتىدارى بولمىسا، ئۆزىگە مۇناسىپ ئىجتىمائىي تەجرىبىسى، يېتەرلىك بىلىم - ساۋادى بولمىسا، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتىش ھەر ھالدا ئاسان ئەمەس.

لۇشۈن ئەسەرلىرى كىشىگە غەيرەت - شىجائەت ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ؛ «ھەر ھالدا ئاسان ئەمەس» دەك تۇرغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىمكانىيەتلىرىنى تېپىپ بېرەلەيدۇ. «جۇڭگونىڭ شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيانىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدە قىممەتلىك مەڭگۈ گۆھەر سانىلىپ كېلىۋاتقان لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا سۇنۇش ھەقىقەتەن شەرەپلىك ئىش. لېكىن خەنزۇ تىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى خەنزۇ كىتابخانلىرىغا ئوخشاش چۈشەنچە ۋە تەسىراتقا ئىگە قىلىش ھەقىقەتەن مۈشكۈل، لۇشۈننىڭ نەپرەتلەنگەندە ئىشلەتكەن زەھەردەك تىلى، سۆيۈنگەندە ئىشلەتكەن شېكەردەك سۆزى تەرجىماننىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبى بىلەن بۇ تەرجىمىلىرىمىزدە ئۆز ئەكسىنى تاپالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، يەنى ئەسلى ئەسەرنىڭ پاساھىتىگە تەرجىمە مۇناسىۋىتى بىلەن قۇسۇر يەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، ئون چوڭ خەنزۇچە سۆزنى يەتتە - سەككىز چوڭ ئۇيغۇرچە

سۆز بىلەن بولسىمۇ تەرجىمە قىلىپ، كىتابخانلىرىمىزغا سۇنالىغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن.» — بۇ مېنىڭ لۇشۈننىڭ «كېيىنكى ئەسەرلەردىن تاللانما» سىنىڭ تەرجىمىسىگە يازغان مۇقەددىمەمدە بايان قىلغان يۈرەك سۆزۈم.

قىسقىسى، مېنىڭ تەرجىمانلىق ھاياتىمدا، بولۇپمۇ تەرجىمە قائىدىلىرىنى تاللاپ ئۆزلەشتۈرۈشۈمدە «لۇشۈن» ئاساسىي يېتەكچى بولۇپ رول ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە لۇشۈننىڭ تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ھەم تەرجىمە تەنقىدچىلىكىگە دائىر بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى رەتلەپ چىقتىم. كىتابخانلىرىمىز ئوقۇپ قويسا، سېلىشتۇرۇپ كۆرسە، كۆپ تەرەپلىمە پايدىسى تېگىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.



# قوشۇمچە

## — تەرجىمە ھەۋەسكارلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشىگە ياردەم

# 由聋而哑

鲁 迅

医生告诉我们：有许多哑子，是并非喉舌不能说话的，只因为从小就耳朵聋，听不见大人的言语，无可师法，就以为谁也不过张着口呜呜哑哑，他自然也只好呜呜哑哑了。所以勃兰兑斯叹丹麦文学的衰微时，曾经说：文学的创作，几乎完全死灭了。人间的或社会的无论怎样的问题，都不能提起感兴，或则除在新闻和

# گاسلىقتىن گاچىلىققا

لۇشۈن

دوختۇرلارنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، بىر مۇنچە كېكەشلەر تىلىنىڭ گەپ قىلالماسلىقىدىن كېكەش بولۇپ قالغان ئەمەس. كىچىكىدىن تارتىپ قۇلىقىنىڭ گاس بولغانلىقى، چوڭ ئادەملەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالمىغانلىقى، ئۇلاردىن ئۆلگە ئالالماي، ھەممىلا ئادەم ئاغزىنى ئېچىپ، ئا - ئا، ئى - ئى دېسە كېرەك دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمۇ ئا - ئا، ئى - ئى دەپ ئادەتلىنىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن براندىس دانىيە ئەدەبىياتىنىڭ خارابلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە ئاھ ئۇرغاندا، مۇنداق دېگەنىكەن: ئەدەبىي ئىجادىيەت پۈتۈنلەي ھالاك بولدى، ئادىمىزات ئارىسىدىكى ياكى جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق مەسىلە ئىشتىياقنى قوزغىيالمايدىغان بولدى، خەۋەر ۋە

杂志之外，绝不能惹起一点论争。我们不看见强烈的独创的创作。加以对于获得外国的精神生活的事，现在几乎绝对的不加顾及。于是精神上的“聋”，那结果，就也招致了“哑”来。（《十九世纪文学的主潮》第一卷自序）

这几句话，也可以移来批评中国的文艺界，这现象，并不能全归罪于压迫者的压迫，五四运动时代的启蒙运动者和以后的反对者，都应该分负责任的。前者急于事功，竟没有译出什么有价值的书籍来，后者则故意迁怒，至骂翻译者为媒婆，有些青年更推波助澜，有一时

ژۇرنالدىن باشقىلىرى، بىرەر مۇنازىرىنىمۇ قوزغىيالماس بولۇپ كەتتى. كۈچلۈك، مۇستەقىل ئىجادىي ئەسەرلەرنى كۆرمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق. چەت ئەللەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىن خەۋەردار بولۇشقا زادىلا ئىمكانىيىتىمىز قالمىدى، دېمەك، مەنىۋى «گاس»لىقنىڭ نەتىجىسىدە «گېكەش»لىكمۇ كېلىپ چىقتى (XIX ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم»نىڭ بىرىنچى تومىدىكى كىرىش سۆزگە قارالسۇن).

بۇ سۆزلەرنى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە باھا بېرىشتىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ ھادىسە ۋە ئەيىبنى پۈتۈنلەي زالىملارنىڭ زۇلمىغا ئارتىپ قويغىلى بولمايدۇ، 4 - ماي ھەرىكىتى دەۋرىدىكى مەرىپەتچىلەر ۋە كېيىنكى قارشى چىققۇچىلارمۇ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مەرىپەتچىلەر تېزرەك نەتىجە قازىنىشقا ئالدىراپ كەتكەچكە، قىممەتلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشمىدى؛ قارشى چىققۇچىلار بولسا قەستەن تېرىكىپ - چېچىلىپ، تەرجىمانلارنى تېپىشتۇرغۇچى دەللە دەپ ھاقارەتلەشتى، بەزى ياشلارمۇ ئۇلارغا گۈپپاڭچىلىق قىلدى، بىر چاغلاردا



期，还至于连人地名下注一原文，以便读者参考时，也就诋之曰“衒学”。

今竟何如？三开间店面的书铺，四马路上还不算少，但那里面满架是薄薄的小本子，倘要寻一部巨册，真如披沙拣金之难。自然，生得又高又胖并不就是伟人，做得多而且繁也决不就是名著，而况还有“剪贴”。但是，小天的一本“什么ABC”里，却也决不能包罗一切学术文艺的。一道浊流，固然不如一杯清水的干净而澄明，蒸溜了浊流的一部分，却就有许多杯净水在。

ئوقۇغۇچىلار پايدىلانسۇن دەپ ئادەم، يەر ئىسىملىرىنىڭ يېنىغا ئەسلىسى يېزىلىشى ئەسكەرتىپ قويۇلسا، ئۇنى «كۆز - كۆزچىلىق» دەپ ھاقارەتلىدى.

مانا ئەمدى ئەھۋال نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ ئۈچ ئېغىز ئۆيىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان كىتاب ماگىزىنلىرى «سىمالۇ كوچىسى»دا ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى جازىلار نېپىز كىتابچىلار بىلەن تولغان؛ بىرەر چوڭ كىتابنى تېپىش خۇددى قۇم ئىچىدىن ئالتۇن تاپماقتەك تەس. دۇرۇس، ھەم ئېگىز، ھەم سېمىز بولغانلىكى ئادەم ئۇلۇغ زات بولىۋەرمەيدۇ؛ كۆپ ھەم مۇرەككەپ يېزىلغانلىكى كىتاب مەشھۇر ئەسەر بولۇۋەرمەيدۇ؛ ھالبۇكى «كەسمە - قۇراق»لىرىمۇ بوامدۇ. لېكىن «قانداقتۇ» ABC دېگەندەك كىچىككىنە كىتاب ھەرگىزمۇ بارلىق ئىلىم، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. بىر ئېرىق لاي سۇ پاكىزە بولغان بىر پىيالە سۈزۈك سۇغا يەتمەيدۇ، لېكىن سۈزۈلدۈرۈلگەن لاي سۇنىڭ بىر قىسمىدىن بىرقانچە پىيالە سۈزۈك سۇ چىقىدۇ.

因为多年买空卖空的结果，文界就荒凉了，文章的形式虽然比较的整齐起来，但战斗的精神却较前有退无进。文人虽因捐班或互捧，很快的成名，但为了出力的吹，壳子大了，里面反显得更加空洞。于是误认这空虚为寂寞，象煞有介事的说给读者们；其甚者还至于摆出他心的腐烂来，算是一种内面的宝贝。散文，在文苑中算是成功的，但试看今年的选本，便是前三名，也即令人有"貂不足，狗尾续"之感。用秕谷来养青年，是决不会壮大的，将来的成就，且要更

بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى قۇرۇق داۋراڭ نەتىجىسىدە، ئەدەبىيات ساھەسى قاغجىراپ كەتتى. ئەسەرلەر شەكىل جەھەتتىن بىرئاز رەتلىك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭگىۋارلىقى ئىلگىرىكىدىن ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى. ئەدىبلەر بىر - بىرىنى يۆلەش ياكى ماختاش سەۋەبى بىلەن ناھايىتى تېز نام چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۈچىنى ماختاش - پۈۋلەش ئۈچۈن سەرپ قىلغاچقا، شاكىلى يوغان، ئىچى كاۋاك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ كاۋاكلىق ئىچ پۇشقىنىڭ ئىپادىسى دېگەن خاتا چۈشەنچە بىلەن، قالتىس نەرسە قىلىپ كىتابخانلارغا سۆزلەپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بەزى ئەدىبلەر ئۆز يۈرىكىدىكى چىرىكلىكىنى مەنىۋى گۆھەر قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتىدۇ. نەسرىي ئەسەرلەر ئەدەبىيات زېمىنىدا ھەر ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ يىلقى تاللانمىلارغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئالدىنقى ئۈچ ئورۇننى ئىگىلىگەنلەردىمۇ كىشىدە «ئۆزى مۈشتەك، قۇيرۇقى نوغۇشتەك» دېگەن ھېسسىياتنى پەيدا قىلماقتا. ياشلارنى پۇچەك تېرىق بىلەن باقسا، ھەرگىزمۇ چوڭىيالمايدۇ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى نەتىجىلىرى تېخىمۇ ئاز بولىدۇ، تەقىقى - تۇرقى



渺小，那模样，可看尼采所描写的"末人"。

但绍介国外思潮，翻译世界名作，凡是运输精神的粮食的航路，现在几乎都被聋哑的制造者们堵塞了，连洋人走狗，富户赘郎，也会来哼哼的冷笑一下。他们要掩住青年的耳朵，使之由聋而哑，枯涸渺小，成为"末人"，非弄到大家只能看富家儿和小瘪三所卖的春宫，不肯罢手。甘为泥土的作者和译者的奋斗，是已经到了万不可缓的时候了，这就是竭力运输些切实的精神的粮食，放在青年们的周围，一面将那些聋哑的制造者送回黑洞和朱门里面去。

خۇددى نىتسشې تەسۋىرلىگەن «چاكىنا ئادەم» گە ئوخشاپ قالىدۇ.

لېكىن چەت ئەللەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېقىملىرىنى تونۇشتۇرۇش، دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، ئومۇمەن مەنىۋى ئوزۇق - تۈلۈك توشۇش يولى ھازىرقى كۈندە گاسلىق ۋە گاچىلىقنى پەيدا قىلىدىغانلار تەرىپىدىن توسىلىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ھەتتا ئەجنەبىيلەرنىڭ يۈندىخورلىرىمۇ، بايلارنىڭ ئىچ كۆيۈمۈغۇللىرىمۇ دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇلار ياشلارنىڭ قۇلىقىنى ئېتىپ قويۇپ، ياشلار گاسلىقتىن گاچا بولۇپ، قۇرۇپ - يىگىلەپ، «چاكىنا ئادەم» بولسۇن دېمەكچى، ھەممەيلەننى پەقەت باي بالىلىرى ۋە غوجالدىراۋاقلار ساتىدىغان ئەيشى - ئىشرەت سۈرەتلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويماقچى.

خاك - تۇپراق بولۇشنى خالايدىغان ئاپتورلار ۋە تەرجىمانلارنىڭ زادىلا كېچىكمەستىن كۈرەش قىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى: جانغا ئەسقاتىدىغان مەنىۋى ئاشلىقنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە توشۇپ كېلىپ، ياشلارنىڭ ئالدىغا قويۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن گاس - گاچىلىقنى پەيدا قىلىدىغانلارنى گۆرگە ياكى بايلارنىڭ ئىنىغا كىرگۈزۈۋېتىشى كېرەك.

# 为翻译辩护

鲁　迅

今年是围剿翻译的年头。

或曰“硬译”，或曰“乱译”，或曰“听说现在有许多翻译家……翻开第一行就译，对于原作的理解，更无从谈起”，所以令人看得“不知所云”。

这种现象，在翻译界确是不少的，那病根就在“抢先”。中国人原是喜欢“抢先”的人民，上落电车，买火车票，寄挂号信，都愿意是一到便是第一个。翻译者当然也逃不出这例子的。而书店和读者，实在也没有容纳同一原本的两种译本的雅量和物力，只要已有一种译稿，别一译本就没有书店肯接收出版了，据说是已经有了，怕再没有人要买。

举一个例在这里：现在已经成了古典的达尔文的《物种由来》，日本有两种翻译本，先出的一种颇多错误，后出的一本是好的。中国只有一种马君武博士的翻译，而他所根据的却是日本的坏译本，实有另译的必要。然而那里还会有书店肯出版呢？

# تەرجىمىنى ئاقلايمەن

لۇشۈن

بۇ يىل تەرجىمىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش يىلى بولۇپ قالدى.

بەزىلەر «قاتمال تەرجىمە» بولۇپ قاپتۇ دېسە، بەزىلەر «قالايمىقان تەرجىمە» بولۇپ قاپتۇ دەيدۇ، بەزىلەر «ھازىر بىرمۇنچە تەرجىمانلار ....... كىتابنى ئېچىپلا بىرىنچى قۇردىن باشلاپ تەرجىمىگە كىرىشىپ كېتىدىكەن، ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىش دېگەن گەپ يوق ئىكەن»، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇغان ئادەم «نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» دەيدۇ.

تەرجىمانلار ئىچىدە بۇنداق ھادىسە دەرۋەقە ئاز ئەمەس، بۇ كېسەلنىڭ يىلتىزى «ئالدىنى قولدىن بەرمەسلىك» تە. جۇڭگولۇقلار ئەسلىدىن «ئالدىنى قولدىن بەرمەسلىك» كە ئامراق خەلق، تراموايغا چىقىشتا ياكى ئۇنىڭدىن چۈشۈشتە، پويىز بېلىتى سېتىۋېلىشتا، پوچتىغا زاكاز خەت سېلىشتا بېرىش بىلەنلا بىرىنچى بولۇشنى خالايدۇ. تەرجىمانلارمۇ بۇ مىسالدىن خالى ئەمەس. لېكىن كىتابخانىلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ ئوخشاش بىر ئەسەرنىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسىنى قوبۇل قىلغۇدەك ھەپسىلىسىمۇ، قۇدرىتىمۇ يوق؛ ئەگەر بىرەر ئەسەرنىڭ بىر خىل تەرجىمىسى بولسىلا، باشقا تەرجىمە نۇسخىسىنى كىتابخانىلار نەشىر قىلغىلى ئۇنىمايدۇ، ئۇلار: تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ئاللىقاچان چىقىپ بولغان، شۇڭا ئەمدى يەنە بىر خىل تەرجىمە نۇسخىسىنى ئالىدىغان خېرىدار چىقمايدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىدىكەن.

بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈرەي: ھازىرقى ۋاقىتتا دارۋىننىڭ كلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالغان «تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ياپونىيىدە ئىككى خىل تەرجىمىسى بار، ئۇنىڭ ئاۋۋال نەشىر قىلىنغىنىدا خاتالىق كۆپ، كېيىن نەشىر قىلىنغىنى ياخشى. جۇڭگودا دوكتور ماجۈنۇۋنىڭلا تەرجىمىسى بار، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسلانغىنى ياپونچە ناچار تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا؛ ئۇنى باشقىدىن تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار ئىدى. بىراق نەدىمۇ ئۇنى نەشىر قىلىشقا ئۇنايدىغان كىتابخانا بولسۇن؟

除非译者同时是富翁，他来自己印。不过如果是富翁，他就去打算盘，再也不来弄什么翻译了。

还有一层，是中国的流行，实在也过去得太快，一种学问或文艺介绍进中国来，多则一年，少则半年，大抵就烟消火灭。靠翻译为生的翻译家，如果精心作意，推敲起来，则到他脱稿时，社会上早已无人过问。中国大嚷过托尔斯泰，屠格纳夫，后来又大嚷过辛格莱，但他们的选集却一部也没有。去年虽然还有以郭沫若先生的盛名，幸而出版的《战争与和平》，

تەرجىماننىڭ ئۆزى مىليونېر باي بولۇپ، ئۆزى بېسىپ چىقارمىغۇچە ئامال يوق، بىراق ئۇ تەرجىماننىڭ ئۆزى مىليونېر باي بولىدىغان بولسا، ئۇ باشقىچە چوت سوقىدۇ – دە، تەرجىمە – پەرجىمە دېگەن ئىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگودا تارقىلىشىغا كەلسەك، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى تېز غايىب بولۇپ كېتىدۇ؛ بىر خىل ئىلىم ياكى ئەدەبىيات – سەنئەت جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلىدىكەن، كۆپ بولسا بىر يىل، ئاز بولسا يېرىم يىل ئىچىدە، بۇسىمۇ قالمايدۇ. تەرجىمانلىق قىلىش بىلەن جان باقىدىغان تەرجىمانلار ئەگەر تىرىشىپ – قېتىرقىنىپ تەرجىمە قىلىدىغان بولسا، ئۇ تەرجىمىسىنىڭ ئايىغىنى چىقىرىپ بولغۇچە، جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ھالىنى سورۇشتۇرىدىغان ئادەم بولماي قالىدۇ. جۇڭگودا تولستوينىڭ، تورگېنېۋنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىرىمىز دېگەن داۋراڭ كۆتىرىلگەن ئىدى؛ كېيىن سىنكلېرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىرىمىز دېگەن داۋراڭمۇ بولغان ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ تاللانما ئەسەرلىرىدىن بىرەرسىمۇ چىقمىدى. بۇلتۇر گومورو ئەپەندىنىڭ شۆھرىتى مۇناسىۋىتى بىلەن «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»



但恐怕仍不足以挽回读书和出版界的惰气，势必至于读者也厌倦，译者也厌倦，出版者也厌倦，归根结蒂是不会完结的。

翻译的不行，大半责任固然该在翻译家，但读书界和出版界，尤其是批评家，也应该分负若干的责任。要救治这颓运，必须有正确的批评，指出坏的，奖励好的，倘没有，则较好的也可以。然而这怎么能呢；指摘坏翻译，对于无拳无勇的译者是不要紧的，倘若触犯了别有来历的人，他就会给你带上一顶红帽子，简直要你的性命。这现象，就使批评家也不得不含胡了。

نەشىر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ كىتابخانلارنىڭ ۋە نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھورۇنلۇقىنى ئويغىتالمىغان بولسا كېرەك، ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كىتابخانلارنىڭمۇ، تەرجىمانلارنىڭمۇ، نەشرىياتچىلارنىڭمۇ ھەپسىلىسى بىر بولۇشى، دېمەك بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئايىغى چىقماسلىقى تۇرغان گەپ.

تەرجىمىنىڭ يارىماسلىقىدىكى جاۋابكارلىقنىڭ تولىسى ئەلۋەتتە تەرجىمانلاردا؛ لېكىن كىتابخانلارمۇ ۋە نەشرىياتچىلارمۇ، بولۇپمۇ تەنقىتچىلەرمۇ بىر قىسىم جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ھېلىقىدەك شۇم تەقدىردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، توغرا تەنقىد بولۇشى، ناچارلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ياخشىلىرىنى تەقدىرلىشى لازىم؛ ئەگەر ياخشىلىرى بولمىسا، ياخشىراقلىرى بولسىمۇ مەيلى. بىراق بۇنىڭغا قانداق مۇمكىن بولسۇن: ناچار تەرجىمىلەرنى ئەيىبلىسەك، ھامىسىز – جۈرئەتسىز تەرجىمان بولسىغۇ كارايىتى چاغلىق؛ ئەگەر باشقا يۆلەنچۈكى بار ئادەم بولۇپ قالسا، ئۇ ساڭا قىزىل قالپاقتىن بىرنى كىيگۈزۈپ قويۇپ، جېنىڭنى ئالىدۇ. بۇ ئەھۋال تەنقىتچىلەرنىمۇ گەپنى مۇجمەل قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويىدۇ.

此外，现在最普通的对于翻译的不满，是说看了几十行也还是不能懂。但这是应该加以区别的。倘是康德的《纯粹理性批判》那样的书，则即使德国人来看原文，他如果并非一个专家，也还是一时不能看懂。自然，“翻开第一行就译”的译者，是太不负责任了，然而漫无区别，要无论什么译本都翻开第一行就懂的读者，却也未免太不负责任了。

بۇلاردىن باشقا، ھازىر تەرجىمە توغرىسىدىكى ناھايىتى ئومۇملاشقان نارازىلىق شۇكى، بەزىلەر، نەچچە ئون قۇرنى ئوقۇسامۇ چۈشىنەلمىدىم، دەيدۇ. لېكىن تەرجىمىنى پەرق ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر كانتنىڭ «‹ساپ ئىدراك›قا تەنقىد» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلىرى بولسا، ھەتتا نېمىسلارمۇ ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇغاندا، ئەگەر ئۇلار مۇتەخەسسىس بولمىسا، دەرھال چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. تەبىئىكى، «كىتابنى ئېچىپلا بىرىنچى قۇردىن باشلاپ تەرجىمىگە كىرىشىپ كېتىدىغان» تەرجىمان تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ؛ لېكىن ئەسەرنىڭ قانداقلىقىنى پەرق ئەتمەي، ھەرقانداق تەرجىمە ئەسەرنىڭ بىرىنچى ۋاراقىنى ئېچىش بىلەنلا بىرىنچى قۇردىن ئوقۇپ چۈشىنىپ كەتكۈدەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كىتابخانلارمۇ تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولۇشتىن خالى قالمىسا كېرەك.



# 关 于 翻 译（上）

鲁 迅

因为我的一篇短文，引出了穆木天先生的《从〈为翻译辩护〉谈到楼译〈二十世纪之欧洲文学〉》（九日《自由谈》所载），这在我，是很以为荣幸的，并且觉得凡所指摘，也恐怕都是实在的错误。但从那作者的案语里，我却又想起一个随便讲讲，也许并不是毫无意义的问题来了。那是这样的一段——

# تەرجىمە توغرىسىدا (1)

لۇشۈن

مېنىڭ بىر پارچە قىسقا ماقالا يازغانلىقىم سەۋەبى بىلەن، مۇمۇتيەن ئەپەندىنىڭ «گەپنى (تەرجىمىنى ئاقلايمەن) دىن باشلاپ، لۇ تەرجىمە قىلغان 20 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختىلىمەن» (9 ـ كۈندىكى «ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان) دېگەن ماقالىسى كېلىپ چىقتى. بۇ مەن ئۈچۈن چوڭ شەرەپ، ئۇ ماقالىدە ئەيىبلەنگەن نۇقتىلارمۇ ھەقىقەتەن خاتالىق بواسا كېرەك. لېكىن ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى ئاز ـ پاز سۆزلەپ قويسامۇ قىلچىلىك ئەھمىيەتسىز بولۇپ چىقماسلىقى ئېھتىمال بولغان بىر مەسىلىنى ئېسىمگە كەلتۈردى. بۇ ئىلاۋىدا مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن—

"在一百九十九页，有'在这种小说之中，最近由学术院（译者：当系指著者所属的俄国共产主义学院）所选的鲁易倍尔德兰的不朽的诸作，为最优秀'。在我以为此地所谓'Academie'者，当指法国翰林院。苏联虽称学艺发达之邦，但不会为帝国主义作家选集罢？我不知为什么楼先生那样地滥下注解。"

究竟是那一国的Academie呢？我不知道。自然，看作法国的翰林院，是万分近理的，但我们也不能决定苏联的大学院就"不会为帝国主义作家作选集"。倘在十年以

«199 ــ بەتتە بۇنداق رومانلار ئىچىدە يېقىندا ئاكادېمىيە (تەرجىماندىن: بۇ يەردە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئاپتورى تەۋە بولغان روسىيە كوممۇنىزم ئاكادېمىيىسى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك) تەرىپىدىن تاللانغان لۇئىس بىرتراندنىڭ .ئۆلمەس ئەسەرلىرى «ھەممىدىن ئېسىل» دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى «Academie» فرانسىيىنىڭ دارىلئۇلۇمى بولسا كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىم ــ سەنئەت راۋاج تاپقان مەملىكەت بولسىمۇ، لېكىن جاھانگىر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما چىقارماس. لۇ ئەپەندى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قالايمىقان ئىزاھات بەردىكىن تاڭ.»

زادى قايسى مەملىكەتنىڭ Academie سى؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن. ئەلۋەتتە، فرانسىيىنىڭ دارىلئۇلۇمى دەپ قاراش ئەقىلگە ناھايىتى ئۇيغۇن. لېكىن بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاكادېمىيىسى «جاھانگىر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما چىقارماس» دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى بولغان



前，是决定不会的，这不但为物力所限，也为了要保护革命的婴儿，不能将滋养的，无益的，有害的食品都漫无区别的乱放在他前面。现在却可以了，婴儿已经长大，而且强壮，聪明起来，即使将鸦片或吗啡给他看，也没有什么大危险，但不消说，一面也必须有先觉者来指示，说吸了就会上瘾，而上瘾之后，就成一个废物，或者还是社会上的害虫。

在事实上，我曾经见过苏联的Academie新译新印的阿剌伯的《一千一夜》，意大利的《十日谈》，还有西班牙的《吉

بولسا، چىقارماسلىقى چوقۇم: چۈنكى بۇنىڭ سەۋەبى ماددىي كۈچنىڭ چەكلىك بولغانلىقىلا ئەمەس؛ ئۇلار ئىنقىلابنىڭ بوۋاق بالىسىنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن، بوۋاق بالىغا ئوزۇق بولىدىغان يېمەكلىكلەرنىمۇ، پايدىسىز، زىيانلىق يېمەكلىكلەرنىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچبىر پەرق ئەتمەستىن قويۇپ بېرىۋەرمەيدۇ. ھازىر مۇمكىن بولۇپ قالدى، بوۋاق بالا چوڭايدى، قۇرامىغا يەتتى، ئەقىل تاپتى. ئۇنىڭغا ئەپيۇننى ياكى مورفىننى كۆرسەتسىمۇ، ھېچقانچە چوڭ خەۋپ تۇغۇلمايدۇ. لېكىن دانالارنىڭ: بۇلارنى چەكسەڭ خۇمار تۇتىدىغان بولىدۇ. خۇمارلىق تۇتقاندىن كېيىن كېرەكتىن چىقىپ كېتىسەن، ياكى جەمئىيەتكە زىيانلىق مىتە بولۇپ قالىسەن، دەپ يوليۇرۇق كۆرسىتىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

ئەمەلىيەتتە، مەن سوۋېت ئىتتىپاقى Academie سى تەرىپىدىن يېڭى تەرجىمە قىلىنىپ بېسىپ چىقىرىلغان ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە» سىنى، ئىتالىيىنىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» نى، ئىسپانىيىنىڭ «دون-

呵德先生》，英国的《鲁滨孙漂流记》；在报章上，则记载过在为托尔斯泰印选集，为歌德编全集——更完全的全集。倍尔德兰不但是加特力教的宣传者，而且是王朝主义的代言人，但比起十九世纪初德意志布尔乔亚的文豪歌德来，那作品也不至于更加有害。所以我想，苏联来给他出一本选集，实在是很可能的。不过在这些书籍之前，想来一定有详序，加以仔细的分析和正确的批评。

凡作者，和读者因缘愈远的，那作品就于读者愈无害。古典的，反动的，观念形态已经很不相

كىخوت ئەپەندى» سىنى، ئەنگلىيىنىڭ «روبىنزون كروزو» سىنى كۆرگەنمەن: تولستوينىڭ تاللانما ئەسەرلىرى بېسىلغانلىقىنى، گىيوتېنىڭ ئەسەرلىرى — تېخىمۇ تولۇق توپلىمى — تەييارلانغانلىقىنى گېزىتلەر خەۋەر قىلدى. بىرترانىد كاتولىك دىنىنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولۇش بىلەنلا قالماستىن، مونارخىيىنىڭمۇ جارچىسى، لېكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى XIX — ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى گېرمانىيە بۇرژۇئا ئەدىبى گىيوتېنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىغاندا ئانچە زىيانلىق ئەمەس. دېمەك، مەن ئويلايمەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنىڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى چىقىرىشى ھەقىقەتەن ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. لېكىن شۇ كىتابلارنىڭ بېشىغا ئىنچىكە تەھلىل ۋە توغرا تەنقىد قىلىنغان تەپسىلىي كىرىش سۆز كىرگۈزۈشى چوقۇم.

ئاپتورنىڭ كىتابخانلار بىلەن تەقدىرداشلىقى قانچىكى يىراق بولسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىتابخانلارغا شۇنچە زىيانسىز بولىدۇ. كونا تۇقۇم بولۇپ قالغان، ئەكسىيەتچىل، ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن بىر — بىرىگە



同的作品，大抵即不能打动新的青年的心（但自然也要有正确的指示），倒反可以从中学学描写的本领，作者的努力。恰如大块的砒霜，欣赏之余，所得的是知道它杀人的力量和结晶的模样：药物学和矿物学上的知识了。可怕的倒在用有限的砒霜，和在食物中间，使青年不知不觉的吞下去，例如似是而非的所谓"革命文学"，故作激烈的所谓"唯物史观的批评"，就是这一类。这倒是应该防备的。

我是主张青年也可以看看"帝国主义者"的作品的，这就是古语的所谓

زادىلا ئوخشىمايدىغان ئەسەرلەر، ئومۇمەن، يېڭى ياشلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكەلمەيدۇ (دەرۋەقە، توغرا يېتەكچىلىكمۇ بولۇشى كېرەك)، ئەكسىچە، ئۇلار ئۇنىڭدىن تەسۋىرلەش ماھارىتىنى، ئاپتورنىڭ تىرىشچانلىقىنى ئۆگىنەلەيدۇ، مەسىلەن، يوغان بىر پارچە مەرگىمۇشنى ئالساق، ئۇنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش قۇۋۋىتىنى ۋە كرىستاللىق تۈزۈلۈشىنى، يەنى دورىگەرلىك ۋە مىنېرالشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىملەرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، قورقۇنچلۇقى — يېمەكلىكلەرگە ئازغىنە مەرگىمۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ، ياشلارغا تۇيدۇرماستىن يېگۈزۈۋېتىش. قارىماققا راستەك تۇرغان، ئەمەلىيەتتە يالغان «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات»، قەستەن كەسكىنلىك تۈسىگە كىرگۈزۈلگەن «تارىخىي ماتېرىيالىزمچە قاراشتىكى تەنقىد» ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

مەن ياشلارنىڭ «جاھانگىرلار»نىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ بېقىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن، يەنى قەدىمكىلەرنىڭ

«ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنىمۇ بىل» دېگەن ماقالى بار، ياشلار، يولۋاسنى، بۆرىنى كۆرۈش ئۈچۈن، تاغقا قۇرۇق قول بارىدىغان بولسا تەۋەللۇك قىلغان بولىدۇ؛ لېكىن يولۋاس بىلەن بۆرىنىڭ قورقۇنچلۇق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھەتتا يولۋاس ۋە بۆرە تۆمۈر شادىغا سولاپ قويۇلغان ھايۋانات باغچىسىغا بېرىشقىمۇ پېتىنالمىسا، ئۇنداق ئادەمنى كۈلكىلىك كالۋا دېمەي مۇمكىن ئەمەس. زىيانلىق ئەدەبىياتنىڭ تۆمۈر شادىسى نېمە؟ ئۇ — تەنقىدچى.

“知己知彼”。青年为了要看虎狼，赤手空拳的跑到深山里去固然是呆子，但因为虎狼可怕，连用铁栅围起来了的动物园里也不敢去，却也不能不说是一位可笑的愚人。有害的文学的铁栅是什么呢？批评家就是。

* * *

قوشۇمچە ئىزاھ: بۇ ماقالە مەتبۇئاتتا چىقىشقا مۇۋاپپەق بولالمىدى.

补记：这一篇没有能够刊出。



# «ماۋزۇسى قويۇلمىغان» ماقالە

# “题未定”草

لۇ شۈن

鲁 迅

1

一

ناھايىتى ئادەتتىكى پەرەزمۇ بەزىدە ئەمەلىيەت بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەن ئەزەلدىن تەرجىمە قىلىشنى ئىجاد قىلىشتىن ئاسان، چۈنكى ھېچبولمىغاندا پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن راستىن تەرجىمىگە تۇتۇش قىلغاندا، قىيىن ئۆتكەللەر دۇچ كېلىدىكەن. مەسىلەن، بىرەر ئىسىم ياكى پېئىلنى تاپالماي قالغاندا، ئىجاد قىلىپ يازغاندا تاشلاپ كېتىش مۇمكىن، تەرجىمە قىلغاندا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، خۇددى جىددى ئېچىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ساندۇقنىڭ

极平常的豫想，也往往会给实验打破。我向来总以为翻译比创作容易，因为至少是无须构想。但到真的一译，就会遇着难关，譬如一个名词或动词，写不出，创作时候可以回避，翻译上却不成，也还得想，一直弄到头昏眼花，好象在脑子里面摸

一个急于要开箱子的钥匙，却没有。严又陵说，“一名之立，旬月踌躇”，是他的经验之谈，的的确确的。

就近就因为豫想的不对，自己找了一个苦吃。《世界文库》的编者要我译果戈理的《死魂灵》，没有细想，一口答应了。这书我不过曾经草草的看过一遍，觉得写法平直，没有现代作品的希奇古怪，那时的人们还在蜡烛光下跳舞，可见也不会有什么摩登名词，为中国所未有，非译者来闭门生造不可的。我最怕新花样名词，譬如电灯，其实也不

ئاچقۇچىنى مېڭىدىن ئىزدىگەندەك، تاكى باش گاڭگىراپ، كۆز تورلاشقىچە ئويلاشقا توغرا كېلىدىكەن. يەن يۇلىڭنىڭ «بىرەر ئىسىمنى جايىدا قويغىچە، ھەپتىلەپ - ئايلاپ باش قاتۇرۇش توغرا كېلىدۇ» دېگىنى ئۆز تەجرىبىسىدىن ئېيتىلغان سۆز، ھەقىقەتەن راست.

پەرەزلىرىمنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن يېقىندا ئۆزۈمگە ئۆزۈم جاپا تېپىۋالدىم. «دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسى»نىڭ تەھرىرى ماڭا گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى تاپشۇرغانىدى، ئارقا - ئالدىنى ئويلانمايلا ماقۇل دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپتىمەن. ئۇ كىتابنى بالدۇر چالا - پۇچۇقلا ئوقۇپ چىققان ئىدىم؛ تۈزلا يېزىلغانىكەن، ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىدىكىدەك غەلىتىلىك يوق ئىكەن، شۇ چاغلاردىكى ئادەملەر شام يورۇقىدا تانسا ئوينايدىكەن، دېمەك جۇڭگودا بولمىغان، تەرجىمان قارىسىغا ياساشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان مودا ئاتالغۇلارمۇ يوقتۇر دەپ ئويلىغانىدىم. يېڭى پوسۇندىكى ئاتالغۇلاردىن ناھايىتى قورقاتتىم. ئېلېكتر چىراقنى ئالسام، ئۇ



不算新花样了，一个电灯的另件，我叫得出六样：花线，灯泡，灯罩，沙袋，扑落，开关。但这是上海话，那后三个，在别处怕就行不通。《一天的工作》里有一篇短篇，讲到铁厂，后来有一位在北方铁厂里的读者给我一封信，说其中的机件名目，没有一个能够使他知道实物是什么的。呜呼，——这里只好呜呼了——其实这些名目，大半乃是十九世纪末我在江南学习挖矿时，得之老师的传授。不知是古今异时，还是南北

يېڭى پوسۇندىكى ئاتالغۇمۇ ئەمەس، ئېلېكتر چىراقنىڭ زاپچاسلىرىدىن 6 سىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن: چىپار سىم، لامپۇچكا، ئاباژور، ئاسقۇ، پلۇگ، كەيگۆن (ئاچقۇچ). لېكىن بۇلار شاڭخەي شىۋىسى*، بۇلاردىن كېيىنكى ئۈچىنى باشقا يەرلەردە ئۇقمايدۇ. «بىر كۈنلۈك خىزمەت» دېگەن توپلامدا، تۆمۈر زاۋۇتى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان بىر پارچە قىسقا ماقالە بار ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا شىمال تەرەپتىكى تۆمۈر زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بىر كىتابخان ئۇنىڭدىكى ماشىنا سايمانلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. بەلكى — بۇ يەردە بەلكى دېمەكتىن باشقا ئامال يوق — ئەمەلىيەتتە شۇ ناملارنىڭ تولىسىنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جياڭنەندە كانچىلىق ساھەسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مۇئەللىملىرىم ئۆگىتىپ قويغانىدى. ئۆتمۈش زامان بىلەن ھازىرقى زاماننىڭ پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ

* خەنزۇچە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — ت.

地之故呢，隔膜了。在青年文学家靠它修养的《庄子》和《文选》或者明人小品里，也找不出那些名目来。没有法子。“三十六着，走为上着”，最没有弊病的是莫如不沾手。

可恨我还太自大，竟又小觑了《死魂灵》，以为这倒不算什么，担当回来，真的又要翻译了。于是“苦”字上头。仔细一读，不错，写法的确不过平铺直叙，但到处是刺，有的明白，有的却隐藏，要感得到；虽然重译，也得竭力保存它的锋头。里

پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، يات بولۇپ قاپتۇ. شۇ ناملار ياش ئەدىپلەر تەلىم ئېلىپ يۈرگەن «جۇاڭزى» ۋە «تاللانغان ماقالىلەر» دىنمۇ ياكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئادەملەر يازغان فىليەتونلاردىنمۇ تېپىلمايدۇ. ئىلاجى يوق. «ئوتتۇز ئالتە تەدبىر ئىچىدە تۇرالمىساڭ، قېچىپ كەت دېگەن بىر تەدبىر مۇبار» دېگەندەك، چاتاققا قالماسلىقنىڭ ھەممىدىن ياخشى چارىسى چېپىلماسلىق بولسا كېرەك.

بەكمۇ چوڭچىلىق قىلىپتىكەنمەن، «ئۆلۈك جانلار» نى ھېچقانچە ئەمەسقۇ دەپ ئويلاپ، سەل چاغلاپ، زىممەمگە ئېلىپ قايتىپ كەلدىم ۋە راستىنلا ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بېشىمغا يەنە «ئىسمە» چۈشتى. تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم، دەرۋەقە، ھەقىقەتەن تۈپتۈزلا بايان قىلىش يولى بىلەن يېزىلغانىكەن، لېكىن ھەممىلا يەردە تىكەن ئۇچراۋەردى، بۇ تىكەنلەرنىڭ بەزىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بەزىسى يوشۇرۇنغان بولسىمۇ سېزىۋالغىلى بولاتتى: گەرچە تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىۋاتقان بولسامۇ، ئۇنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا توغرا كەلدى.



面确没有电灯和汽车，然而十九世纪上半期的菜单，赌具，服装，也都是陌生家伙。这就势必至于字典不离手，冷汗不离身，一面也自然只好怪自己语学程度的不够格。但这一杯偶然自大了一下的罚酒是应该喝干的：硬着头皮译下去。到得烦厌，疲倦了的时候，就随便拉本新出的杂志来翻翻，算是休息。这是我的老脾气，休息之中，也略含幸灾乐祸之意，其意若曰：这回是轮到我舒舒服服的来看你们在闹什么花样了。

………

ئۇنىڭدا ئېلېكتر چىراغ ۋە ئاپتوموبىل بولمىسىمۇ، XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى تاماق تىزىملىكى، قىمار سايمانلىرى، كىيىم - كېچەكلەر يات نەرسىلەر ئىكەن. شۇڭا قولۇمدىن لۇغەت چۈشمىدى، تېنىمدىن سوغۇق تەر ئۈزۈلمىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ تىل جەھەتتىكى سەۋىيەمنىڭ يېتەرسىزلىكىدىنمۇ ئېچىندىم. ئەلۋەتتە لېكىن، چوڭچىلىق قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن جەرىمانە قويۇلغان بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋېتىشىم كېرەك بولسا: لېۋىمنى چىشلەپ تەرجىمە قىلىۋەردىم. زېرىككەن، ھارغان چاغلىرىمدا، يېڭى چىققان ژۇرناللارنى دەم ئالغان ھېسابتا ئوقۇدۇم، مېنىڭ كونا مىجەزىم شۇنداق، دەم ئېلىشىمدىمۇ خوپ بوپتۇ دەيدىغان مەزمۇن چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى: مانا ئەمدى ماڭا سەنلەرنىڭ تاماشايىڭنى ھوزۇر قىلىپ كۆرۈش نۆۋىتى كەلدى، دېگەن بولىدۇ.

.......

## 二

## 2

还是翻译《死魂灵》

يەنە شۇ «ئۆلۈك جانلار»نى تەر-

的事情。躲在书房里，是只有这类事情的。动笔之前，就先得解决一个问题：竭力使它归化，还是尽量保存洋气呢？日本文的译者上田进君，是主张用前一法的。他以为讽刺作品的翻译，第一当求其易懂，愈易懂，效力也愈广大。所以他的译文，有时就化一句为数句，很近于解释。我的意见却两样的。只求易懂，不如创作，或者改作，将事改为中国事，人也化为中国人。如果还是翻译，那

……

جىمە قىلىشقا دائىر ئەھۋاللار. يې-
زىش بۆلمىسىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن
قىلىدىغان ئىشلار پەقەت شۇنىڭغا
ئوخشاش ئىش بولىدۇ. قەلەم تەۋرىتىش-
تىن ئىلگىرى، ئۇنى كۈچىنىڭ بارىچە
ئۆزلەشتۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ ياكى
ئەجنەبىيلىك پۇرىقىنى ئىمكان قەدەر
ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ دېگەن مە-
سىلىنى ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى.
ياپونچە تەرجىمان ئۇئېداشىنكىن
ئالدىنقى ئۇسۇلنى قوللىنىشنى تەشەب-
بۇس قىلغان. ئۇ، ھەجۋىي ئەسەرلەر-
نى تەرجىمە قىلىشتا، ھەممىدىن مۇ-
ھىمى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان
قىلىپ تەرجىمە قىلىش كېرەك، قانچى-
كى چۈشىنىشلىك بولسا، ئۈنۈمى
شۇنچە زور بولىدۇ دەپ قارايدۇ،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز تەرجىمىسىدە،
بىر جۈملىنى بەزىدە بىرنەچچە جۈم-
لىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ تەر-
جىمىسى ئىزاھلاشقا ئوخشاپراق كەت-
كەن. مېنىڭ پىكرىم ئۇنداق ئەمەس.
چۈشىنىشلىك بولسۇن دېسەك، ئىجاد
قىلغىنىمىز ياكى ئۆزگەرتىپ يازغى-
نىمىز، ۋەقەلىكنى جۇڭگو ۋەقەلىكلى-
رىگە، ئادەملىرىنىمۇ جۇڭگو ئادەم-
لىرىگە ئۆزگەرتكىنىمىز ياخشى. ئەگەر
تەرجىمە ئىكەن، بۇنىڭدا ھەممىدىن



么，首先的目的，就在博览外国的作品，不但移情，也要益智，至少是知道何地何时，有这等事，和旅行外国，是很相象的；它必须有异国情调，就是所谓洋气。其实世界上也不会有完全归化的译文，倘有，就是貌合神离，从严辨别起来，它算不得翻译。凡是翻译，必须兼顾着两面，一当然力求其易解，一则保存着原作的丰姿，但这保存，却又常常和易懂相矛盾：看不惯了。不过它原是洋鬼

ئاۋۋال كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەت —
چەتئەل ئەسەرلىرىدىن كەڭ بەھرى-
مەن قىلىش؛ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى
تونۇشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى
شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەقلىي بىلىم-
نى ئۆستۈرۈش، ھېچبولمىغاندا خۇد-
دى چەتئەللەرگە ساياھەتكە بارغاندەك،
قايەردە، قاچان، قانداق ئىش بول-
غانلىقىدىن خەۋەردار قىلىش؛ ئۇنىڭ-
دا غەيرىي ئىقلىمنىڭ روھىي ھالى-
بولۇشى كېرەك، ئەجنەبىيلىك پۇراق
دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ئەمەلىيەتتە دۇن-
يادا پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرۈلگەن تەر-
جىمىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس؛
ئەگەر بولىدىكەن، تۇرقى ئوخشاش،
روھى باشقا بولۇپ چىقىدۇ، تازا پەرق
ئەتكەندە، ئۇنى تەرجىمە دەپ ھېساب-
لىغىلى بولمايدۇ. تەرجىمىدە ئىككى
تەرەپكە ئوخشاش ئېتىبار بېرىش
كېرەك: بىر تەرەپتىن چۈشىنىشلىك
قىلىشقا تىرىشىش كېرەك، يەنە بىر
تەرەپتىن ئەسلى ئەسەرنىڭ تۇرقى —
سىياقىنى ساقلاش كېرەك، لېكىن
بۇنداق ساقلاش كۆپ ھاللاردا چۈ-
شىنىشلىك بولۇشى بىلەن زىت بولۇپ
قالىدۇ؛ يات كۆرۈنىدۇ. بىراق ئۇ
ئەسلىدە ئەجنەبىي ئالۋاستى بولغاچقا،

子，当然谁也看不惯，为比较的顺眼起见，只能改换他的衣裳，却不该削低他的鼻子，剜掉他的眼睛。我是不主张削鼻剜眼的，所以有些地方，仍然宁可译得不顺口。只是文句的组织，无须科学理论似的精密了，就随随便便，但副词的“地”字，却还是使用的，因为我觉得现在看惯了这字的读者已经很不少。

然而“幸乎不幸乎”，我竟因此发见我的新职业了：做西崽。

还是当作休息的翻杂志，这回是在《人间世》二十八期上遇见了林语堂先生的大文，摘录会损精神，还是抄

ھەممە ئادەمگە يات كۆرۈنىدۇ، ئەلۋەتتە؛ ئۇنى يات كۆرۈنمەيدىغاندەك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىلا ئۆزگەرتىش مۇمكىن، ئۇنىڭ بۇرنىنى يونۇپ پاناق قىلىپ قويماسلىق، كۆزلىرىنى ئويۇۋەتمەسلىك كېرەك. مەن بۇرنىنى يونۇۋېتىشنى، كۆزلىرىنى ئويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى جايلىرىنى ئوقۇشقا راۋان چۈشۈپ بەرمىگۈدەك تەرجىمە قىلىشنى ئورۇنلۇق كۆردۇم. جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى پەن نەزەرىيىلىرىدەك تۈجۈپىلەپ ئولتۇرماي، ئەركىنرەك تەرجىمە قىلدىم؛ لېكىن «ھالدا» دېگەن رەۋىشنى ئىشلىتىۋەردىم، چۈنكى بۇنداق سۆزلەرنى ئوقۇپ ئادەتلىنىپ قالغان كىتابخانلار ھازىر ئاز ئەمەس ..............



# 对青年的苦口忠告

鲁　迅

我所译著的书，景宋曾经给我开过一个目录，载在《关于鲁迅及其著作》里，但是并不完全的。这回因为开手编集杂感，打开了装着和我有关的书籍的书箱，就顺便另抄了一张书目，如上。

我还要将这附在《三闲集》的末尾。这目的，是为着自己，也有些为着别人。据书目察核起来，我在过去的近十年中，费

# ياشلارغا سەممىي مەسلىھەتىم

لۇشۈن

.........

مەن تەرجىمە قىلغان، يازغان كىتابلارنى جىڭسۇڭ ماڭا تىزىملاپ بەرگەن ۋە «لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا»غا كىرگۈزگەن ئىدى، لېكىن تولۇق ئەمەس ئىكەن. بۇ نۆۋەت پارچە تەسراتنامىلىرىنى رەتلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۆزۈمگە ئالاقىدار بولغان كىتابلار قاچىلانغان ساندۇقنى ئېچىپ، يۇقىرىقىدەك باشقا بىر تىزىمنى تەييارلىدىم.*

بۇنى «3 بىكار» توپلىمىنىڭ ئاخىرىغىمۇ كىرگۈزۈپ قويماقچىمەن، بۇنىڭدا ئۆزۈمنى، باشقىلارنىمۇ كۆزدە تۇتتۇم. تىزىم بويىچە قارىغاندا، ئۆتكەن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت

去的力气实在也并不少，即使校对别人的译著，也真是一个字一个字的看下去，决不肯随便放过，敷衍作者和读者的，并且毫不怀着有所利用的意思。虽说做这些事，原因在于“有闲”，但我那时却每日必须将八小时为生活而出卖，用在译作和校对上的，全是此外的工夫，常常整天没有休息。倒是近四五年没有先前那么起劲了。

但这些陆续用去了的生命，实不只成为徒劳，据有些批评家言，倒都是应该从严发落的罪恶。做

ئىچىدە سەرپ قىلغان كۈچۈم ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس؛ باشقىلارنىڭ تەرجىملىرىنى، ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ — سېلىشتۇرۇشتىمۇ ھەرپمۇ — ھەرپ كۆردۈم، ھەرگىز چالا — بۇلا كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاپتورلارنىڭ ۋە كىتابخانىلارنىڭ كۆزىنى بويايدىغان ئىشنى قىلمىدىم، شۇ تەرجىمە ۋە ئەسەرلەردىن پايدىلىنىۋالاي دېگەن نىيەتتىمۇ بولمىدىم. بۇ ئىشلارنى «بىكار» چىلىق سەۋەبى بىلەن ئىشلىدى دېگەن گەپلەر بولدى، لېكىن ئۇ چاغلاردا كۈنىگە 8 سائەت ۋاقىتىمنى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن سېتىشقا مەجبۇر بولدۇم؛ تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەپ سېلىشتۇرۇش ئىشىنى پۈتۈنلەي شۇندىن باشقا چاغدا ئىشلىدىم، كۈن بويى دەم ئالماي ئىشلىگەن چاغلىرىم كۆپ بولدى. پەقەت يېقىنقى 4 — 5 يىلدىن بويان غەيرىتىم ئىلگىرىكىدەك بولماي قالدى.

لېكىن داۋاملىق سەرپ قىلغان ئۆمرۈم ھەقىقەتەن زايا كەتمىدى. بەزى تەنقىدچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىلغان ئىشلىرىم، قاتتىق جازا بېرىشكە تېگىشلىك جىنايەتمىش.



了“众矢之的”者，也已经四五年，开首是“作恶”，后来是“受报”了，有几位论客，还几分含讥，几分恐吓，几分快意的这样“忠告”我。然而我自己却并不全是这样想，我以为我至今还是存在，只有将近十年没有创作，而现在还有人称我为“作者”，却是很可笑的。

我想，这缘故，有些在我自己，有些则在于后起的青年的。在我自己的，是我确曾认真译著，并不如攻击我的人们所说的取巧，投机的。所出的许多书，功罪姑且弗论，

«لەنەتكەردى» بولۇپ قالغىنىمغىمۇ 4 — 5 يىل بولدى، دەسلەپتە «ئەسكى» سانالدىم، كېيىن «جاجىسىنى يېگەن» ھېسابلاندىم، ھەتتا بىر نەچچە مەمەدانىلار ماڭا بىر قانچە تەنە، تەھدىت ۋە «ئانچە-مۇنچە ھۇزۇرلىنارلىق» «سەمىمىي نەسىھەت» قىلغانمۇ بولدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن پۈتۈنلەي ئۇنداق ئويلىمىدىم. مېنىڭچە، مەن ھازىرمۇ ھايات تۇرۇپتىمەن؛ پەقەت ئون يىلچە بولاي دېدى، ئىجادىي بىر نەرسە يازمىدىم، ھالبۇكى بەزىلەرنىڭ يەنىلا مېنى «يازغۇچى» دەپ ئاتاپ يۈرگەنلىكى ناھايىتى كۈلكىلىك ئىش.

مەن ئويلايمەنكى، بۇنىڭ بەزى سەۋەبلىرى ئۆزۈمدە، بەزى سەۋەبلىرى يېڭى چىققان ياش ھەۋەسكارلاردا. ئۆزەمدىكىسى شۇكى، مەن ھەقىقەتەن تەرجىمە قىلىشتا، يېزىشتا ئەستايىدىل ئىشلىدىم؛ ماڭا ھۇجۇم قىلغان ئادەملەرنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇستىلىق، پۇرسەتپەرەسلىك قىلغىنىم يوق، مېنىڭ قولۇمدىن چىققان بىر مۇنچە كىتابلارنىڭ خاسىيىتى ياكى جىنايىتى ئۈستىدە ھازىرچە ئېغىز ئاچماي تۇراي؛

即使全是罪恶罢，但在出版界上，也就是一块不小的斑痕，要“一脚踢开”，必须有较大的腿劲。凭空的攻击，似乎也只能一时收些效验，而最坏的是他们自己又忽而影子似的淡去，消去了。

但是，试再一检我的书目，那些东西的内容也实在穷乏得可以。最致命的，是：创作既因为我缺少伟大的才能，至今没有做过一部长篇；翻译又因为缺少外国语的学力，所以徘徊观望，不敢译一种世上著名的巨著。后来的青年，只要做出相反的一件，便不但打倒，而且立

ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىنايەت
بولۇپ چىققان تەقدىردىمۇ، مۇتبوئات
ساھەسىدە خېلى چوڭ بىر توقۇناق
بولۇپ قالدى، بۇنى «تېپىپ تاشلاش»
ئۈچۈن پۇتنىڭ خېلى چوڭ ماغدۇرى
بولۇشى كېرەك. قۇرۇقتىن – قۇرۇق
قىلىغان ھۇجۇملىرى ۋاقتىنچە ئاز –
پاز ئۈنۈم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن
ھەممىدىن بەتتەر بولغىنى شۇكى، ئۇ-
لارنىڭ ئۆزلىرى خۇددى كۆلەڭگۈدەك
غايىب بولۇپ كەتتى.

ئەمدى ئۆز قولۇمدىن چىققان
كىتابلارنىڭ تىزىمىغا قاراپ باقسام،
ئۇ نەرسىلەر مەزمۇن جەھەتتە خې-
لىلا پۇچەك ئىكەن. ھەممىدىن يامى-
نى شۇكى، ئىجادىيەت جەھەتتە ئۇلۇغ
ئىستىدادىم بولمىغاچقا، تا ھازىرغىچە
بىرەر كاتتا ئەسەر يازغىنىم يوق؛
تەرجىمە جەھەتتە چەت ئەل تىلىنى
ئۆگىنىشكە قۇربىم كەملىك قىلغانلى-
قى ئۈچۈن، دۇنيا بويىچە مەشھۇر
بولغان بىرەر كاتتا ئەسەرنى تەرجىمە
قىلىشقا پېتىنالماي، تەلمۈرۈپ تېڭىرقاپ
يۈردۈم. يېڭى چىققان ياش ھەۋەس-
كارلار مېنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلى-
دىغان بولسا، مېنى ئاغدۇرۇپ تاش-
لاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى دەر-



刻会跨过的。但仅仅宣传些在西湖苦吟什么出奇的新诗，在外国创作着百万言的小说之类却不中用。因为言太夸则实难副，志极高而心不专，就永远只能得传扬一个可惊可喜的消息；然而静夜一想，自觉空虚，便又不免焦躁起来，仍然看见我的黑影遮在前面，好否一块很大的“绊脚石”了。

对于为了远大的目的，并非因个人之利而攻击我者，无论用怎样的方法，我全都没齿无怨言。

ھال مەندىن ئۆزۈپ كېتىدۇ. لېكىن
شىخۇ كۆلى بويىدا چىڭقىلىپ توقۇپ
چىققان قانداقتۇ ئاجايىپ بىر يېڭى
شېئىرنى تەشۋىق قىلىش بىلەنلا بولۇپ
كېتىش، چەت ئەللەرگە بېرىۋېلىپ بى-
رەر مىليون سۆزلۈك رومان يېزىش
جانىغا ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى گەپ تو-
لىمۇ چوڭ بولۇپ كەتسە ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇنلاشمايدۇ، ئىنتىلىش تولىمۇ
يۇكسەك بولۇپ كەتسە، پىكىرنى بىر
يەرگە يىغقىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىن
پەقەت كىشىنى ھەيران – ھەس قال-
دۇرىدىغان قۇرۇق خەۋەر تارقاتماق-
تىن باشقا پايدا چىقمايدۇ؛ جىمجىت
كېچىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ،
خىياللىرىمنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنلىكىم-
نى سېزىپ، ئىچىم تىتىلداپ كەتتى،
شۇ ھالدا قارا كۆلەڭگىنىڭ خۇددى
ناھايىتى يوغان «پۇتلىكاشاڭ تاش»
تەك ئالدىمدا تۇرغانلىقىغا بىردىنلا
كۆزۈم چۈشتى.

ماڭا شەخسىي مەنپەئەتنى كۆز-
لەپ ئەمەس، چوڭ مەقسەتلەرنى كۆز-
لەپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشسا، مەيلى
قانداق ئۇسۇلنى ئىشلەتسە ئىشلەت-
سۇن، مەن ھەرگىز چىشىمنى يېرىپ
زارلانمايمەن. لېكىن قەلەم بىلەن

但对于只想以笔墨问世的青年，我现在却敢据几年的经验，以诚恳的心，进一个苦口的忠告。那就是：不断的（！）努力一些，切勿想以一年半载，几篇文字和几本期刊，便立了空前绝后的大勋业。还有一点，是：不要只用力于抹杀别个，使他和自己一样的空无，而必须跨过那站着的前人，比前人更加高大。初初出阵的时候，幼稚和浅薄都不要紧，然而也须不断的（！）生长起来才好。并不明白文艺的理论而任意做些造谣生事的评论，写几句闲话便要扑灭异己的短评，译几篇童话就想抹杀一切的翻译，归根结蒂，于己

جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئارزۇسىدا بولۇپ يۈرگەن ياشلارغا، ئۆزۈمنىڭ بىرنەچچە يىللىق تەجرىبەمگە ئاساسەن، سەممىي كۆڭلۈم بىلەن كۆيۈپ - پىشىپ مۇنداق نەسىھەت قىلغۇم بار: بىرەر - يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە، بىر نەچچە پارچە ماقالا يېزىش ياكى بىرنەچچە سان ژۇرنال چىقىرىش بىلەنلا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ تۆھپە يارىتىمەن دېگەن خىيالدا بولماي، داۋاملىق (!) تىرىشىش كېرەك. يەنە بىرى: باشقىلارغا ھەدەپ كۆز يۇمۇپ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش سەمەرىسىز قىلىپ قويۇشنىڭلا كويىدا يۈرمەي، دەست تۇرغان ئالدىنقى ئادەملەردىن ئۆزۈپ، ئۇلاردىنمۇ بەستلىك بولۇش كېرەك. مەيدانغا يېڭى چۈشكەن چاغدا، گۆدەكلىك ۋە نادانلىق ھېچگەپ ئەمەس، لېكىن داۋاملىق (!) ئۆسكەن ياخشى. ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى بىلمەي تۇرۇپ، پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىدىغان تەقرىزلەرنى خالىغانچە ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ئۆزىدىن باشقىلارنى قۇرۇق گەپ بىلەن ھالاك قىلىدىغان قىسقا ئەنزارلارنى يېزىش، بىرنەچچە چۆچەكنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا باشقا ھەممە تەرجىمىلەرنى يوققا چىقارماقچى بولۇش، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئۆزى ئۈچۈنمۇ، ئۆزگە



于人，还都是“可怜无益费精神”的事，这也就是所谓“聪明误”了。

当我被“进步的青年”们所口诛笔伐的时候，我“还不到五十岁”，现在却真的过了五十岁了，据卢南（E. Renan）说，年纪一大，性情就会苛刻起来。我愿意竭力防止这弱点，因为我又明明白白地知道：世界决不和我同死，希望是在于将来的。但灯下独坐，春夜又倍觉凄清，便在百静中，信笔写了这一番话。

一九三二年四月二十九日，鲁迅于沪北寓楼记。

ئۈچۈنمۇ «ئېچىنارلىق پايدىسىز ئەجرە قىلىش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، «ئەقىل دۆمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان» دېگەن گەپ ئەنە شۇ.

«ئىلغار ياش» لار ماڭا تىل ۋە قەلەم نەشتەرلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، مەن «تېخى 50 كە كىرمىگەن» ئىدىم، ھازىر بولسا يېشىم ھەقىقەتەن 50 تىن ئېشىپ كەتتى. رېنان (E. Renan) نىڭ ئېيتىشىچە، ئادەم بىر ئاز ياشانغاندا، مىجەزى چۇس بولۇپ قالىدىكەن. مەن مۇنداق ئاجىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشماقچىمەن، چۈنكى ئېنىق چۈشىنىمەنكى، دۇنيا ھەرگىز مەن بىلەن بىللە ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، ئۈمىد كېلەچەكتە. لېكىن چىراغ تۈۋىدە يالغۇز ئولتۇرغىنىمدا، باھار كېچىسى ماڭا ناھايىتى خۇنۇك تۇيۇلدى، شۇ جىمجىتلىق ئىچىدە مۇشۇنداق گەپلەرنى يېزىپ قويدۇم.

(1932 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى؛ لۇشۈن، شاڭخەينىڭ شىمالىدىكى تۇرالغۇمدا)

---

* بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كىتابلار تىزىمى بۇ ماقالىغا كىرگۈزۈلمىدى. زۆرۈر تېپىلسا «3 بىكار» توپلىمىغا قاراڭ. — تەھرىردىن.

# 不懂的音译

鲁 迅

一

凡有一件事，总是永远缠夹不清的，大约莫过于在我们中国了。

翻外国人的姓名用音译，原是一件极正当，极平常的事，倘不是毫无常识的人们，似乎决不至于还会说费话。然而在上海报（我记不清楚什么报了，总之不是《新申报》

# چۈشىنىكسىز ئاھاڭ تەرجىمىسى

لۇشۈن

1

بىرەر ئىشنىڭ مەڭگۈ يېشىلمەي چىگىش بولۇپ كېتىشى جەھەتتە، بىزنىڭ جۇڭگودىنمۇ بەتتەر ئەل بولمىسا كېرەك.

چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىسىم - فەمىلىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، ئاھاڭ تەرجىمىسى قوللىنىش، ئەسلىدە، ناھايىتى توغرا، ناھايىتى ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى؛ ئەگەر ھېچقانداق ساۋادى يوق ئادەملەردىنلا ئەمەس ئىكەن، ھېچكىم بۇ ھەقتە ھېچقاچان قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرمايتتى. لېكىن شاڭخەي گېزىتلىرىدە (قايسى گېزىت ئىكەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە يوق، ھەر ھالدا «يېڭى شېنباۋ»



便是《时报》）上，却又有伏在暗地里掷石子的人来嘲笑了。他说，做新文学家的秘诀，其一是要用些“屠介纳”“郭歌里”之类使人不懂的字样的。

凡有旧来音译的名目：靴，狮子，萄葡，萝卜，佛，伊犁等……都毫不为奇的使用，而独独对于几个新译字来作怪；若是明知的，便笑；倘不，更可怜。

其实是，现在的许多翻译者，比起往古的翻译家来，已经含有加倍的顽固性的了。例如南北朝人译印度的人名：阿难陀，

گېزىتى، ياكى بولمىسا «شىباۋ» گېزىتى بولسا كېرەك)، دالدىغا مۆكۈنۈۋېلىپ تاش ئاتىدىغان ئادەملەر مەسخىرە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار: يېڭى ئەدەبىياتچى بولۇشنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى «تۇجيېنافۇ» (تۇرگېنېۋ)، «گوگېلى» (گوگول) دېگەندەك چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ قاپتۇ دېيىشىدۇ.

ئىلگىرىدىن تارتىپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قوبۇل قىلىنغان شۆپ، شىزى، پۇتاۋ، لوبۇ، فۇ، يىلى* ۋە شۇنىڭدەك ئىسىملارنى قىلچە ئەجەبلەنمەستىن ئىشلىتىۋاتىدۇ - يۇ، پەقەت تەرجىمە بىلەن قوبۇل قىلىنغان بىرنەچچە يېڭى سۆزلەردىن ئالاق - جالاق بولۇشۇپ كېتىپتۇ؛ ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ — كۈلكىگە قالغىنى؛ ئۇنداق بولمىسا، بىچارە بولغىنى.

ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى بىرمۇنچە تەرجىمە قىلغۇچىلار بۇرۇنقى تەرجىمانلارغا قارىغاندا ئىنتايىن جاھىللىشىپ كەتتى. مەسىلەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئادەملەر ئەنەتكەكلىك ئانەنتو،

实又难陀，鸠摩罗什婆……决不肯附会成中国的人名模样，所以我们到了现在，还可以依了他们的译例推出原音来。不料直到光绪末年，在留学生的书报上，说是外国出了一个“柯伯坚”，倘使粗粗一看，大约总不免要疑心他是柯府上的老爷柯仲软的令兄的罢，但幸而还有照相在，可知道并不如此，其实是俄国的Kropotkin。那书上又有一个“陶斯道”，我已经记不清是Dostoievski呢，还是Tolstoi了。这“屠介纳夫”和“郭歌里”，虽然古雅赶不上“柯伯坚”，

...... پو**، جيۇمالوشى، شچانەنتو دېگەن ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىشتا زورمۇ زور جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ قېلىپىغا چۈشۈرۈشنى ھەرگىز خالىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ھازىرمۇ ئەسلى ئاھاڭنى پەرەز قىلالايمىز. ئەپسۇسكى گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، چەت ئەللەردە ئوقۇغانلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا دېيىلىشىچە، چەت ئەلدە «كې بوجيەن» دېگەن ئادەم پەيدا بوپتۇ. بۇنىڭغا شۇنداقلا قارىسىڭىز، ئۇ ئادەم كې جەمەتىنىڭ غوجايىنى كې جۇڭرۇەننىڭ ئاغىسى ئوخشايدۇ، دېگەن گۇمان كېلىشى مۇمكىن. لېكىن بەختكە يارىشا ئۇنىڭ فوتو سۈرىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېلىقى ئادەم ئەمەس، ھەقىقەتتە روسىيىلىك Kroptkin ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. شۇ كىتابتا «تاۋسىداۋ» دېگەن ئىسىممۇ بار ئىكەن، ئۇنىڭ Dostoievski ياكى Tolstoi ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدىم.

(تۇرگېنېۋنى) «تۇجيەنافو» ۋە (گوگولنى) «گوگېلى» دەپ يېزىش نەپىسلىكتە «كې بوجيەن» دېگەنگە يەتمەيدۇ؛



但于外国人的氏姓上定要加一个“百家姓”里所有的字，却几乎成了现在译界的常习，比起六朝和尚来，已可谓很“安本分”的了。然而竟还有人从暗中来掷石子，装鬼脸，难道真所谓“人心不古”么？我想，现在的翻译家倒大可以学学“古之和尚”，凡有人名地名，什么音便怎么译，不但用不着白费心思去嵌镶，而且还须去改正。即如“柯伯坚”，现在虽然改译“苦鲁巴金”了，但第一音既

لېكىن چەت ئەللىكلەرنىڭ فامىلىسىگە «فامىلىلەر رىسالىسى»دىن تېپىلىدىغان خەتلەرنى ئىشلىتىشنى شەرت قىلىش ھازىرقى تەرجىمانلارغا ئادەت بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. دېمەك، ئۇلار ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى راھىبلاردىنمۇ بەكرەك «ئۆز ئۇلۇشىغا شۈكرى» قىلىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بەزىلەرنىڭ دالدا يەردە تۇرۇپ تاش ئاتقانلىقى، چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ زاڭلىق قىلغانلىقى «ئادەملەرنىڭ روھىي ھالى قەدىمكى ئۇدۇمدىن چىقىپ كەتكەن» لىكتىن بولۇۋاتامدۇ؟

مەن ئويلايمەنكى، ھازىرقى تەرجىمانلار «قەدىمكى راھىب» لاردىن ئوبدان ئۆگىنىشى كېرەك، ئادەم ئىسىملىرى، يەر ئىسىملىرى قانداق ئاھاڭدا بولسا شۇ ئاھاڭدا تەرجىمە قىلىشى كېرەك، ئۇنىڭغا قاش - كىرپىك چىقىرىمەن دەپ باش قاتۇرۇشنىڭ ۋە كېيىن يەنە ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مەسىلەن: «كېبوجيەن» ھازىر ئۆزگەرتىپ «كۇلوباجىن» (كروپاتكىن) دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى ئاھاڭ

然是K不是Ku，我们便该将“苦”改作“克”，因为K和Ku的分别，中国字音上是办得到的。

而中国却是更没有注意到，所以去年Kropotkin死去的消息传来的时候，上海《时报》便用日俄战争时旅顺败将 Kuropatkiu 的照相，把这位无治主义老英雄的面目来顶替了。

## 二

自命为“国学家”的对于译音也加以嘲笑，确可以算得一种古今的奇闻；但这不特显示他的昏愚，实在也足以看出他的悲惨。

Ku ئەمەس K بولغاچقا، «كۇ» نى «كې» غا ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. چۈنكى K بىلەن Ku نى خەنزۇ خەتلىرىنىڭ تەلەپپۇزىدا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

لېكىن جۇڭگودا بۇنداق ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا بۇلتۇر Kropotkin نىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقىلىپ كەلگەندە، شاڭخەيدىكى «دەۋر گېزىتى» ياپونىيە – روسىيە ئۇرۇشى ۋاقتىدا لۈيشۇندە مات بولغان گېنېرال Kuropatkin نىڭ فوتو سۈرىتىنى ئىشلىتىپ بۇ ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ قېرى باتۇرى Kropotkin نىڭ قىياپىتىگە سەپلەپ قويغان.

## 2

ئۆزلىرىنى «مىللىي مەدەنىيەتشۇناس» دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىنىمۇ مەسخىرە قىلغانلىقى ھەقىقەتەن قەدىمكى زاماندىمۇ، ھازىرمۇ غەلىتە بىر گەپ؛ لېكىن بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.



倘如他的尊意，则怎么办呢？我想，这只有三条计。上策是凡有外国的事物都不谈；中策是凡有外国人都称之为洋鬼子，例如屠介纳夫的《猎人日记》，郭歌里的《巡按使》，都题为“洋鬼子著”；下策是，只好将外国人名改为王羲之唐伯虎三太之类，例如进化论是唐伯虎提倡的，相对论是王羲之发明的，而发现美洲的则为黄三太。

倘不能，则为自命为国学家所不懂的新的音译语，可是要侵入真的国学的地域里来了。

ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە بۇنىڭ ئۈچلا چارىسى بار ئىكەن: ھەممىدىن ئەۋزەل چارە — چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىلا بولىدىكەن، ئۇ ھەقتە سۆز ئاچماسلىق؛ ئوتتۇرانچى چارە — چەت ئەل ئادەملىرىلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەجنەبىي شەيتان دەپ ئاتاش، مەسىلەن: تۇرگېنېۋنىڭ «ئوۋچى خاتىرىسى» نىمۇ، گوگولنىڭ «رىۋىزور» ىنىمۇ «ئەجنەبىي شەيتاننىڭ ئەسىرى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن ئېلىش؛ كەينچى چارە — چەت ئەل ئادەملىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋاڭ شىجى، تاڭ بوخۇ، خۇاڭ سەنتەي دەپ ئۆزگەرتىۋېتىش، مەسىلەن: تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى تاڭ بوخۇ تەرغىب قىلغان، نىسبەت نەزەرىيىسىنى ۋاڭ شىجى كەشىپ قىلغان، ئامېرىكا قىتئەسىنى بولسا خۇاڭ سەنتەي تاپقان دېيىش كېرەك ئىكەن.

بۇنداق قىلىشقا بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا مىللىي مەدەنىيەتشۇناس بولۇۋالغانلار چۈشەنمەيدىغان يېڭى ئاھاڭ تەرجىمىلىرى ھەقىقىي مىللىي مەدەنىيەت تەۋەسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ كېتەرمىش.

中国有一部《流沙坠简》，印了将有十年了。要谈国学，那才可以算一种研究国学的书。开首有一篇长序，是王国维先生做的，要谈国学，他才可以算一个研究国学的人物。而他的序文中有一段说，“案古简所出为地凡三（中略）其三则和阗东北之尼雅城及马咱托拉拔拉滑史德三地也”。

这些译音，不比“屠介纳夫”之类更古雅，更易懂。然而何以非用不可呢？就因为有三处地方，

جۇڭگودا «قۇملۇقتا چۈشۈپ قالغان خەت ـ چەكلەر» دېگەن بىر كىتاب بار، ئۇنىڭ بېسىلىپ چىققىنىغا 10 يىل بولدى. مىللىي مەدەنىيەتشۇناسلىقتىن سۆز ئېچىش توغرا كەلسە، ئەنە شۇ كىتابنى مىللىي پەن ـ مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان كىتاب دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدىلا ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى يازغان ئۇزۇن مۇقەددىمە بار، پەن ـ مەدەنىيەتتىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە، ئەنە شۇ ئادەمنى مىللىي پەن ـ مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەم دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «قەدىمكى تارىشا پۈتۈكلەر تېپىلغان يەر ئومۇمەن ئۈچ (ئوتتۇرىدىكى سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتتىم)، ئۇ 3 جاي ـ خوتەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نىيە شەھىرى ۋە مازا تولا بالا خۇاشدې دېگەن ئۈچ جاي» دېگەن سۆزلەر بار.

مانا بۇ ئاھاڭ تەرجىمىلىرى «تۈجېيەنافۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئاھاڭ تەرجىمىلىرىدىنمۇ ئېسىل ۋە چۈشىنىشلىك بولمىسا كېرەك، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا قوللىنىلىدۇ؟ چۈنكى ئۈچ جاي بار، ئۇ ئۈچ جاي شۇنداق ئاتىلىدۇ؛



是这样的称呼；即使上海的国学家怎样冷笑，他们也仍然还是这样的称呼。

当假的国学家正在打牌喝酒，真的国学家正在稳坐高斋读古书的时候，沙士比亚的同乡斯坦因博士却已经在甘肃新疆这些地方的沙碛里，将汉晋简牍掘去了；不但掘去，而且做出书来了。所以真要研究国学，便不能不翻回来；因为真要研究，所以也就不能行我的三策：或绝口不提，或但云“得于华夏”，或改为“获之于春申浦畔”了。

شاڭخەيدىكى مىللىي مەدەنىيەتشۇناسلار ھەرقانچە زاڭلىق قىلىشمۇ، ئۇلار يەنە شۇنداق ئاتىلىۋېرىدۇ. جا مىللىي مەدەنىيەتشۇناسلار قارتا ئويناپ، ھاراق ـ شارابنى ئىچىپ ئولتۇرغان، جىك مىللىي مەدەنىيەتشۇناسلار ئېسىل كۇتۇپخانىلىرىدا كونا كىتابلارنى بەھۇزۇر ئوقۇپ ئولتۇرغان چاغدا، شېكسپىرنىڭ بىر يۇرتلۇقى بولغان دوكتور ستەيىن گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق يەرلەرنىڭ چۆللىرىدىن خەن، جىن دەۋرلىرىگە ئائىت تارىشا پۈتۈك، خەت ـ چەكلەرنى قېزىپ ئەكەتكەن؛ قېزىپ كېتىش بىلەنلا قالماستىن، كىتابمۇ يېزىپ چىقارغان. دېمەك، مىللىي پەن ـ مەدەنىيەتنى ھەقىقەتەن تەتقىق قىلماقچى ئىكەنمىز، ئۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلماي بولمايدۇ؛ ھەقىقەتەن تەتقىق قىلىدىكەنمىز، مۇنداق 3 چارىنى قوللىنىشمۇ يارىمايدۇ، يەنى ياكى زادىلا سۆز ئاچماسلىق ياكى «جۇڭگودىن تېپىلغان» دېيىش ۋە ياكى «چۈنشېن دەرياسى بويلىرىدىن تېپىلغان» دېيىش يارىمايدۇ.

而且不特这一事。此外如真要研究元朝的历史，便不能不懂“屠介纳夫”的国文，因为单用些“鸳鸯”“蝴蝶”这些字样，实在是不够敷衍的。所以中国的国学不发达则已，万一发达起来，则敢请恕我直言，可是断不是洋场上的自命为国学家“所能厕足其间者也”的了。

但我于序文里所谓三处中的“马咱托拉拔拉滑史德”，起初却实在不知道怎样断句，读下去才明白二是“马咱托拉”，三是“拔拉滑史德”。

所以要清清楚楚的讲国学，也仍然须嵌外国字，须用新式的标点的。

بۇنىڭ ئۆزى كۆپايە قىلمايدۇ. بۇندىن باشقا، ئەگەر يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى چىندىن تەتقىق قىلماقچى ئىكەنمىز، «تۇرگېنېۋ» نىڭ ئانا تىلىنى بىلمەي بولمايدۇ، چۈنكى، «قوشماق ئۆردەك»، «جۈپ كېپىنەك» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىلا قوللىنىش كۆپايە قىلمايدۇ. دېمەك، جۇڭگونىڭ پەن - مەدەنىيىتى راۋاجلانمىسا خەيرىيەت، مۇبادا راۋاجلىنىدىكەن، كەچۈرۈڭلار، گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتسۇيتەي، ئۇنىڭغا ئەجنەبىيلەرنىڭ سورۇنلىرىدا يۈرىدىغان ئاتالمىش مىللىي مەدەنىيەتشۇناسلار «يېقىن يولىيالماي» قالىدۇ.

مۇقەددىمىدە ئېيتىلغان ئۈچ جايدىن «مازا تولا بالاخۋاشىدي» دېگەن سۆزلەرنى قانداق ئاجرىتىش كېرەكلىكىنى دەسلەپتە بىلەلمىگەنىدىم، ئوقۇۋەرگەندىن كېيىن، ئاندىن چۈشەندىمكى، 2 — سى «مازاتولا (مازاتوغراق)» 3 — سى «بالا خۋاشىدي (بوغرا قاش)» ئىكەن.

دېمەك، مىللىي پەن - مەدەنىيەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ چەت ئەل يېزىقلىرىنى قىستۇرۇش، يېڭىچە تىنىش بەلگىلىرىنى قوللىنىش كېرەك.



## ئىزاھەت:

*) بۇ سۆزلەر ئەسلىدە سۇغدۋە سۇرىيەك (قەشقەر) تىللىرىدىن خەنزۇ تىلىغا كىرگەن سۆزلەر بولۇپ، ئەسلى مۇنداق: جۈپ (靴) — ئەسلىدە 鞾骑驴 (ھورىكلوك) — ئۆتۈك؛ شىزى (狮子) — شىر؛ پۇتاۋ (葡萄) — پۇتاگا (ئۈزۈم)؛ لوبۇ (萝卜) — تۇرۇپ؛ فو (佛) — بۇت؛ يىلى (伊犁) — ئىلى.

**) ئانەنتو (阿难陀) — ئانادا، شىچانەنتو (实叉难陀) — سىكسانەنتو — بۇلار تاڭ دەۋرىدە ياشىغان خوتەنلىك تەرجىمانلار. سىكسانەنتو (652—710) ۋۇ زېتيەن زامانىدا (684—704) ئۇدۇن (خوتەن) دىن بۇددا دىنى كىتابىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەلچى بىلەن لوياڭغا بېرىپ، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان؛ جيۇمالوشى پو (鸠摩罗什婆) — كۇماراجىۋا (344—413) كۈچالىق تەرجىمان - راھىب، ئۆزىنىڭ 800 دىن ئوشۇق تالىپلىرى بىلەن بىرلىكتە مەنە تەرجىمە ئۇسۇلىدا، 384 جىلد بۇددا كىتابىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان. بۇلار سانسكرىت (قەدىمكى ھىندى تىلى) دىن تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئەنەتكەكلىكلەر» دىن بولسا كېرەك، دەپ تونۇلۇشى ئېھتىمال.

# «قاتمال تەرجىمە» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى»

لۇشۈن

## 1

ئاڭلىشىمچە، «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلى تەشكىلاتىدىكىلەر ھازىر بازىرىمىز ئىتتىك بولۇپ كەتتى دېيىشىپتىمىش. بۇ گەپ بەلكىم راستتۇ. مەندەك باردى - كەلدىسى ناھايىتى ئاز بولغان ئادەممۇ ئىككى ياش دوستنىڭ قولىدا 2 - جىلدنىڭ 6 - ۋە 7 - ئايلىق قوشما سانىنى كۆرۈپ قالدىم. ۋاراقلاپ باقسام، ئۇنىڭدا «سۆز ئەركىنلىكى» دەۋاسىنى قىلىدىغانلارنىڭ ماقالە ۋە ھېكايىلىرى كۆپ ئىكەن. ئاياغ تەرىپىگە يېقىن بىر جايدا لياڭ شىچيۇ ئەپەندىنىڭ «لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ‹قاتمال تەرجىمىسى› توغرىسىدا» دېگەن بىر

# “硬译”与“文学的阶级性”

鲁迅

## 一

听说《新月》月刊团体里的人们在说，现在销路好起来了。这大概是真的，以我似的交际极少的人，也在两个年青朋友的手里见过第二卷第六、七号的合本。顺便一翻，是争“言论自由”的文字和小说居多。近尾巴处，则有梁实秋先生的一篇《论鲁迅先生的“硬译”》，



پارچە ماقالىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مېنىڭ تەرجىمەمنى «ئۆلۈك تەرجىمىگە يېقىن» دەپتۇ. «ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش ئادىتىنى ھەرگىز ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدۇرۇۋەرمەسلىك كېرەك» دەپ، بۇنىڭغا مېنىڭ تەرجىمىلىرىمدىن ئۈچ ئابزاسنى، شۇنىڭدەك «ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەنقىد» دېگەن ماقالىنىڭ خاتىرىسىدىكى: «لېكىن تەرجىماننىڭ ئىقتىدارى يېتەرسىز بولغانلىقى ۋە جۇڭگو يېزىقىنىڭ ئەسلىدىن كەمچىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە قىلىپ بولۇپ ئوقۇپ باقسىڭىز، تۇتۇق ھەتتا چۈشىنىكسىز بولغان يەرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ بولىدىكەن؛ مۇبادا جۈملە بۆلەكلىرىدىن بىرەرىنى ئېلىۋېتىدىغان بولساڭىز، گەپنىڭ ئەسلى ئورانى يوقىلىپ كېتىدىكەن، شۇڭا مەن مۇشۇنداق قاتمال تەرجىمە قىلىۋېرىشتىن باشقا يول تاپالمىدىم. ئەمدى مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم: كىتابخانلارمۇ چىشىنى قاتتىق چىشلەپ چىداپ ئوقۇۋەرسە ئىكەن، دېگەندىن ئىبارەت» دېگەن سۆزلىرىمنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئاستىغا تەكىتلەش بەلگىلىرىنى زېرىكمەي قويۇپتۇ، «قاتمال تەرجىمە»

以为“近于死译”。而“死译之风也断不可长”，就引了我的三段译文，以及在《文艺与批评》的后记里所说：“但因为译者的能力不够，和中国文本来的缺点，译完一看，晦涩，甚而至于难解之处也真多；倘将仂句拆下来呢，又失了原来的语气，在我，是除了还是这样的硬译之外，只有束手这一条路了，所余的惟一的希望，只在读者还肯硬着头皮看下去而已”这些话，细心地在字旁加上圆圈，还在“硬译”两字旁边加

دېگەن سۆزلەرنىڭ يېنىغا ھەتتا تەكىتلەش بەلگىلىرىنى قوشلاپ قويۇۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «قەتئىيەت» بىلەن «تەنقىد» قىلىپ: «بىز ‹چىشىمىزنى قاتتىق چىشلەپ چىداپ ئوقۇۋەردۇق›، لېكىن ھېچبىر نەپ ئالالمىدۇق. ‹قاتتىق تەرجىمە› بىلەن ‹ئۆلۈك تەرجىمە›نىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟» دەپتۇ.

يېڭى ئاي تەھرىراتى ئۆز باياناتىدا ھېچقانداق تەشكىلاتىمىز يوق دەپ جاكارلىسىمۇ، ماقالىلىرىدىنمۇ پرولېتارىياتچە «تەشكىلات»، «گۇرۇھ» دېگەن سۆزلەرنى ناھايىتى يامان كۆرىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە تەشكىلى بار، ھېچ بولمىغاندا مەزكۇر سانىدىكى سىياسىي ماقالىلەردە بىر - بىرىگە «ھە - ھۇ» دەپ ماسلاشقان. ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا بولسا، بۇ ماقالا يۇقىرىدىكى ئەنە شۇ تەنقىدچىنىڭ «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىك بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىسىنىڭ چۇشۇرگۇسى بولغان. شۇ ماقالىسىدە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار: «...... لېكىن ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇنداق

上套圈，于是“严正”地下了“批评”道：“我们‘硬着头皮看下去’了。但是无所得。‘硬译’和‘死译’有什么分别呢？”

新月社的声明中，虽说并无什么组织，在论文里，也似乎痛恶无产阶级式的“组织”、“集团”这些话，但其实是有组织的，至少，关于政治的论文，这一本里都互相“照应”；关于文艺，则这一篇是登在上面的同一批评家所作的《文学是有阶级性的吗？》的余波。在那一篇里有一段说“……但是不幸得很，没有一本这类的书能被我看懂。……



كىتابلاردىن مەن ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەكلىرى يوق ...... مېنى ھەممىدىن قىينايدىغىنى ئۇنىڭ تىلى، ......بۇنى ئوقۇماق ھەتتا تىلسىمنامىدىنمۇ تەس...... پرولېتارىيات ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھازىر جۇڭگولۇقلار ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەك تىل بىلەن بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىرەر جۇڭگولۇق تېخى چىقمىدى». بۇ سۆزلەرنىڭ ئاستىغىمۇ دۈگىلەك بەلگىلەرنى سىزىۋېتىپتۇ. تىزىش ۋە بېسىشتا ئاۋارىگەرچىلىك بولمىسۇن ئۈچۈن، ئۇنى ئەينەن سىزىپ كۆرسەتمىدىم. قىسقىسى، لياڭ ئەپەندى ئۆزىنى بارلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋەكىلىمەن، بۇ كىتابلارنى مەن ئوقۇپ چۈشىنەلمىگەن ئىكەنمەن، بارلىق جۇڭگولۇقلارمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدۇ، جۇڭگودا بۇنداق كىتابلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئۇ «بۇنداق ئادەتنى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدۇرماسلىق كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بېرىپتۇ.

最使我感得困难的是文字，……简直读起来比天书还难。……现在还没有一个中国人，用中国人所能看得懂的文字，写一篇文章告诉我们无产文学的理论究竟是怎么一回事。”字旁也有圈圈，怕排印麻烦，恕不照画了。总之，梁先生自认是一切中国人的代表，这些书既为自己所不懂，也就是为一切中国人所不懂，应该在中国断绝其生命，于是出示曰“此风断不可长”云。

别的“天书”译著者的意见我不能代表，从我个人来看，则事情是不会这样简单的。第一，梁先生自以为“硬着头皮看下去”了，但究竟硬了没有，是否能够，还是一个问题。以硬自居了，而实则其软如棉，正是新月社的一种特色。第二，梁先生虽自来代表一切中国人了，但究竟是否全国中的最优秀者，也是一个问题。这问题从《文学是有阶级性的吗？》这篇文章里，便可以解释。Proletary 这字不必译音，大可译义，是有理可说的。但这位批评家却道：“其实翻翻字典，这个字的涵义

مەن باشقا «تىلسىمنامە» تەرجىمانلىرىنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلالمايمەن، شەخسەن ئۆزۈمنىڭ قارىشىچە، ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بىرىنچىدىن، لياڭ ئەپەندى «چىشىمىزنى قاتتىق چىشلەپ تۇرۇپ چىداپ ئوقۇدۇق» دەپتۇ؛ لېكىن زادى زورۇقۇپ، چىشىنى قاتتىق چىشلىيەلىدىمۇ، بۇ تېخى بىر مەسىلە. ئۆزىنى زورۇقۇپ، چىشىنى قاتتىق چىشلەپ تۇرغان قىلىپ كۆرسەتكىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە پاختىدەك بوش ئىكەنلىكى «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى. ئىككىنچىدىن، لياڭ ئەپەندى ئۆزىنى ھەممە جۇڭگولۇقلارغا ۋەكىل قىلىۋاپتۇ. لېكىن ئۇ زادى پۈتۈن جۇڭگو بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەممۇ، بۇمۇ بىر مەسىلە. بۇ مەسىلەرنى «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىك بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىسى بىلەن يەشكىلى بولىدۇ. Proletary (پرولېتار) دېگەن سۆزنى ئاھاڭ بويىچە تەرجىمە قىلىپ قوللانماستىن، مەنەن تەرجىمە قىلىش تامامەن مۇمكىن، بۇنداق قىلىش يوللۇق. لېكىن بۇ تەنقىدچى: «ئەمەلىيەتتە لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇپ كۆرسىڭىز، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى



并不见得体面，据《韦白斯特大字典》，Proletary Acitizen of the lowest class who served the state not with property, but only by having children。……普罗列塔利亚是国家里只会生孩子的阶级！（至少在罗马时代是如此）”其实正无须来争这“体面”，大约略有常识者，总不至于以现在为罗马时代，将现在的无产者都看作罗马人的。这正如将 Chemie 译作“舍密学”，读者必不和埃及的“炼金术”混同，对于“梁”先生所作的文章，也决不会去考查语源，误解为“独木小桥”竟会动笔一样。连“翻翻字典”（《韦白斯特大字典》！）也还是“无所得”，一切中国人未必全是如此的罢。

چىرايلىق ئەمەس ئىكەن، «ۋېبستېر قامۇسى» غا قارىغاندا، Proletary نىڭ مەنىسى — A citizen of the lowest clss who served teh state not with poroperty but only by having children...... پرولېتارىيات بولسا مەملىكەتتە بالا — پەرزەنت تېپىشنىلا بىلىدىغان سىنىپ! (ھېچ بولمىغاندا رىم دەۋرىدە شۇنداق)» دەپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق «چىرايلىق» لىقنى تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئومۇمەن ئاز - تولا ساۋادى بار ئادەملەر ھازىرنى رىم دەۋرى دەپ، ھازىرقى پرولېتارلارنى رىملىقلار دەپ قارىمىسا كېرەك. بۇ ئەھۋال خۇددى Chemie نى «خىمىيە» دەپ تەرجىمە قىلسا، كىتابخانلار مىسىرنىڭ «كىمىيا» سى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويمىغانغا، «لياڭ» ئەپەندى ماقالە يازسا، سۆزنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، «لىم كۆۋرۈك» مۇ قەلەم تەۋرىتەلەيدىكەن دەپ چۈشىنىۋالمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ھەتتا «لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇپ» (ۋېبستېر قامۇسىنى!) مۇ «نەپ ئالالمىغان» مىش. جۇڭگولۇقنىڭ ھەممىسى بۇنداق بولمىسا كېرەك.

## 二

但于我最觉得有兴味的，是上节所引的梁先生的文字里，有两处都用着一个“我们”，颇有些“多数”和“集团”气味了。自然，作者虽然单独执笔，气类则决不只一人，用“我们”来说话，是不错的，也令人看起来较有力量，又不至于一人双肩负责。然而，当“思想不能统一”时，“言论应该自由”时，正如梁先生的批评资本制度一般，也有一种“弊病”。就是，既有“我们”便有我们以外的“他们”，于是新月社的“我们”虽以为我的“死译之风断不可

## 2

لېكىن مېنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرغىنى شۇكى، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن لياڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدە ئىككى يەردە «بىز» سۆزى ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدا «كۆپ سانلىق» ۋە «گۇرۇھ» دېگەن پۇراق خېلىلا بار. تەبىئىيكى، ئاپتور ئۆزى يالغۇز قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، لېكىن روھىدىن قارىغاندا ھەرگىز يالغۇز بىر ئادەم ئەمەس. «بىزلەر» دەپ گەپ قىلغىنى جايىدا، ئوقۇغان ئادەمگىمۇ خېلى كۈچى باردەك تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاۋابكارلىقىمۇ بىر ئادەمنىڭلا ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالمايدۇ. لېكىن «ئىدىيىدە بىرلىككە كېلەلمىگەن» چاغدا، «سۆز ئەركىنلىكى كېرەك» بولۇپ قالغاندا، خۇددى لياڭ ئەپەندىنىڭ كاپىتال تۈزۈمىنى تەنقىد قىلغىنىغا ئوخشاش، «ئىللەت»مۇ پەيدا بولىدۇ. يەنى «بىزلەر» بولغانىكەن، بىزلەردىن باشقا «ئۇلار»مۇ بولىدۇ. دېمەك، يېڭى ئاي تەھرىراتىنىڭ «بىز» لىرى مېنىڭ تەرجىمىلىرىم توغرىسىدا «ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش ئادىتىنى ئۆزۈنىچە داۋام قىل-



长”了，却另有读了并不“无所得”的读者存在，而我的“硬译”，就还在“他们”之间生存，和“死译”还有一些区别。

我也就是新月社的“他们”之一，因为我的译作和梁先生所需的条件，是全都不一样的。

那一篇《论硬译》的开头论误译胜于死译说：“一部书断断不会完全曲译……部分的曲译即使是错误，究竟也还给你一个错误，这个错误也许真是害人无穷的，而你读的时候究竟还落个爽快。”末两句大可以加

دۇرۇۋەرمەسلىك كېرەك» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغاندىن كېيىن «نەپ ئالالماي» قالمايدىغان باشقا كىتابخانلارمۇ بار، مېنىڭ «قاتمال تەرجىمە» لىرىمنىڭ «ئۇلار»نىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى «ئۆلۈك تەرجىمە» دىن بىرئاز پەرق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەنمۇ يېڭى ئاي تەھرىراتىنىڭ «ئۇلار» لىرىدىن بىرى، چۈنكى مېنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىم لياڭ ئەپەندى زۆرۈر تاپقان شەرتلەرگە زادىلا توغرا كەلمىگەن.

ھېلىقى «قاتمال تەرجىمە توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا خاتا تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆلۈك تەرجىمە قىلىشقا قارىغاندا ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر كىتابنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس،...... قىسمەن بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىشمۇ خاتا بولغانىكەن، بەربىر سىزگە بىرەر خاتا چۈشەنچىنى بېرىدۇ، بۇ خاتالىق ئېھتىمال كىشىلەرگە چەكسىز زىيان كەلتۈرەر، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ئوقۇغىنىڭىزدا ھوزۇر قىلىسىز.» ئاخىرقى ئىككى ئېغىز سۆزى تەكىتلەش بەل-

上夹圈，但我却从来不干这样的勾当。我的译作，本不在博读者的“爽快”，却往往给以不舒服，甚而至于使人气闷，憎恶，愤恨。读了会“落个爽快”的东西，自有新月社的人们的译著在：徐志摩先生的诗，沈从文凌叔华先生的小说，陈西滢（即陈源）先生的闲话，梁实秋先生的批评，潘光旦先生的优生学，还有白璧德先生的人文主义。

所以梁先生后文说：“这样的书，就如同看地图一般，要伸着手指来寻找句法的线索位置”这些话，在我也就觉得是废

گىسى ئۇرۇشقا تازا لايىق، لېكىن ئۇنداق قىلىق ماڭا يات. مېنىڭ تەرجىمە قىلىشتىكى مەقسىتىم ئەسلىدە كىتابخانلارنى «ھوزۇرلاندۇرۇش» ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا بىئارام قىلىش، ھەتتا ئىچىنى قاينىتىش، نەپرەتلەندۈرۈش، غەزەپلەندۈرۈش. ئوقۇغاندىن كېيىن «ھوزۇرلاندۇرىدۇ»غان نەرسىلەر — يېڭى ئاي تەرەپدارلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى ۋە ئەسەرلىرىدىن: شۈي جىمو ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرى، شېن سۇڭۋېن، لىن شۇخۇا ئەپەندىلەرنىڭ ھېكايىلىرى، چېن شىيىڭ (يەنى چېن يۈەن) ئەپەندىنىڭ بىكار پاراڭلىرى، لياڭ شىچيۇ ئەپەندىنىڭ تەنقىدلىرى، پەن گۇاڭدەن ئەپەندىنىڭ ئېسىل نەسەب تەلىماتى شۇنىڭدەك بابىبىت ئەپەندىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى تۇرۇپتۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، لياڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى «بۇنداق كىتابنى ئوقۇسىڭىز، خۇددى خەرىتىگە قارىغانغا ئوخشاش، بارماقلىرىڭىزنى چىقىرىپ، جۈملە تەركىبىنىڭ ئورۇنلىرىنى بارماقلاپ ئىزدەشكە مەجبۇر بولىسىز» دېگەن سۆزلىرى مېنىڭچە قۇرۇق گەپ، گەرچە



话，虽说犹如不说了。是的，由我说来，要看“这样的书”就如同看地图一样，要伸着手指来找寻“句法的线索位置”的。看地图虽然没有看“杨妃出浴图”或“岁寒三友图”那么“爽快”，甚而至于还须伸着手指（其实这恐怕梁先生自已如此罢了，看惯地图的人，是只用眼睛就可以的），但地图并不是死图；所以“硬译”即使有同一之劳，照例子也就和“死译”有了些“什么区别”。识得ABCD者自以为新学家，仍旧和化学方程式无关，会打算盘的自以为数学家，看起笔算的演草来还

بۇ سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ قىلمىغانغا باراۋەر. شۇنداق، مېنىڭچە، «بۇنداق كىتاب»نى ئوقۇش ئۈچۈن، خۇددى خەرىتىگە قارىغاندەك، بارماقلارنى چىقىرىپ، «جۈملە تەركىبىنىڭ ئورنى»نى ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. خەرىتىگە قارىغاندا «بانو ياڭ گۈيفېينىڭ ھاممامدىن چىقىشى» ياكى «دىشۋارچىلىقتىكى ئۈچ دوست» دېگەن سۈرەتلەرنى كۆرگەندىكىدەك «ھوزۇرلانارلىق» بولمىسىمۇ، ھەتتا بارماقلاپ تۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كەلسىمۇ (ئەمەلىيەتتە لياڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزى شۇنداق قىلسا كېرەك. خەرىتىگە قاراپ ئادەتلەنگەن ئادەم كۆزى بىلەنلا قارىسا بولىۋېرىدۇ)، لېكىن خەرىتە ئۆلۈك نەرسە ئەمەس. دېمەك، «قاتمال تەرجىمە»گە ئوخشاشلا ئەمگەك سەرپ قىلىنغانىكەن، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ «ئۆلۈك تەرجىمە» دىن «قانداقتۇ پەرقى» بار. ABCD نى تونۇيدىغان ئادەم ئۆزىنى جەدىت ئالىم دەۋالسىمۇ، ئۇنىڭ خىمىيە تەڭلىمىلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق؛ چوت سوقۇشنى بىلىدىغان ئادەم ئۆزىنى ماتېماتىك دەۋالسىمۇ، قەلەم ھېسابىتىنى كۆرگەندە ھېچنەرسىنى چۈشـ

是无所得。现在的世间，原不是一为学者，便与一切事都会有缘的。

然而梁先生有实例在，举了我三段的译文，虽然明知道“也许因为没有上下文的缘故，意思不能”十分明了”。在《文学是有阶级性的吗？》这篇文章中，也用了类似手段，举出两首译诗来，总评道：“也许伟大的无产文学还没有出现，那么我愿意等着，等着，等着。”这些方法，诚然是很“爽快”的，但我可以就在这一本《新月》月刊里的创作——是创作呀！——《搬家》第八页上，举出一段文字来——

“小鸡有耳朵没有？”

“我没看见过小鸡长耳朵的。”

ئەلمەيدۇ. ھازىرقى دۇنيادا ئالىم بولۇۋالغانلىقى ئادەمنىڭ ھەممە ئىش بىلەن شىپەتچىلىكى بولۇۋەرمەيدۇ.

لېكىن لياڭ ئەپەندى «باش – ئايىغىدىكى سۆزلەرنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەنىسى ئانچە روشەن بولماسلىقى مۇمكىن» ئېكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، مېنىڭ تەرجىمەمدىن ئۈچ ئابزاسىنى مىسال كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىك بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىسىدىمۇ شۇنداق ۋاسىتىنى قوللىنىپ، ئىككى پارچە تەرجىمە شېئىرنى مىسال كەلتۈرگەن ۋە: «ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئەدەبىياتى تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەندەك تۇرىدۇ، ئۇنداق بولسا مەن تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇراي، كۈتۈپ تۇراي، كۈتۈپ تۇراي» دەپ ئومۇمىي باھا بەرگەن. بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەن ناھايىتى «ھوزۇرلىنارلىق» بولسىمۇ، لېكىن مەن مۇشۇ «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىنىڭ 8 – ۋارىقىدىكى «ئۆي كۆچۈش» سەرلەۋھىلىك ئىجادىي ئەسەر — ئىجادىي ئەسەرمىش! — دىن ئازراق مىسال كەلتۈرەي،

— چۈجىنىڭ قۇلىقى بارمۇ؟

— چۈجىگە قۇلاق چىققانىنى كۆرمەپتىكەنمەن.



“它怎样听见我叫它呢？”她想到前天四婆告诉她的耳朵是管听东西，眼是管看东西的。

“这个蛋是白鸡黑鸡？”枝儿见四婆没答她，站起来摸着蛋子又问。

“现在看不出来，等孵出小鸡才知道。”

“婉儿姊说小鸡会变大鸡，这些小鸡也会变大鸡么？”

“好好的喂它就会长大了，象这个鸡买来时还没有这样大吧？”

也够了，“文字”是懂得的，也无须伸出手指来寻线索，但我不“等着”了，以为就这一段看，是既不“爽快”，而且和不创作是很少区别的。

— مېنىڭ قىچقارغىنىمنى ئۇ قانداق ئاڭلايدۇ؟ — ئۇ ئالدىنقى كۈنى ھاممىسىنىڭ قۇلاق ئاڭلاش ۋەزىپىسىنى، كۆز كۆرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

— بۇ تۇخۇمدىن ئاق چۈجە چىقامدۇ ياكى قارا چۈجە چىقامدۇ؟ — ھاممىسىنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، جىژېر قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇخۇمنى سىيلاپ تۇرۇپ يەنە سورىدى.

— ھازىر بىلگىلى بولمايدۇ، چۈجە چىققاندىن كېيىن مەلۇم بولىدۇ.

— ۋەنئېر ئاچام كىچىك توخۇ چوڭ توخۇغا ئايلىنىدۇ دەۋاتاتتى، بۇ چۈجىلەرمۇ چوڭ توخۇغا ئايلىنامدۇ؟

— ئوبدان باقسا چوڭ بولىدۇ، ئاۋۇ توخۇمۇ يېڭى سېتىۋالغاندا مۇشۇنداق چوڭ ئەمەس بولغىيتتى؟

بەس، «تىلى» چۈشىنىشلىك، بارماقلىرىنى چىقىرىپ، جۈملە تەركىبلىرىنى ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، لېكىن مەن «تاقەت» قىلىپ تۇرالمايمەن، مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزىنىلا ئالساق، ئۇ كىشىگە «ھوزۇر» بەرمەيدۇلا ئەمەس، بەلكى ئىجادىيەت ئەمەسلىكىنىمۇ ھېچقانچە پەرق قىلمايدۇ.

临末，梁先生还有一个诘问：“中国文和外国文是不同的，……翻译之难即在这个地方。假如两种文中的文法句法词法完全一样，那么翻译还成为一件工作吗？……我们不妨把句法变换一下，以使读者能懂为第一要义，因为‘硬着头皮’不是一件愉快的事，并且‘硬译’也不见得能保存‘原来的精悍的语气’。假如‘硬译’而还能保存‘原来的精悍的语气’，那真是一件奇迹，还能说中国文是有‘缺点’吗？”我倒不见得如此之愚，要寻求和中国文相同的外国文，或

ئاخىرىدا، لياڭ ئەپەندى يەنە
بۇنداق سوئال قويۇپتۇ: «جۇڭگو تىلى
چەت ئەل تىلىغا ئوخشىمايدۇ، ......
تەرجىمە قىلىشنىڭ قىيىنلىقى ئەنە
شۇ يەردە. ئەگەر ئىككى خىل تىل-
نىڭ گىرامماتىكىسى، سىنتاكسىسى ۋە
مورفولوگىيىسى تامامەن ئوخشاش بو-
لىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا تەرجىمە
ئىشى خىزمەت قاتارىغا كىرەرمى-
دى؟...... كىتابخانلارنىڭ چۈشىنەل-
شىنى بىرىنچى شەرت قىلىپ، جۈملە
تۈزۈلۈشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېقىش-
مۇ مۇمكىن، چۈنكى «زورۇقۇش —
چىشىنى قاتتىق چىشلەش» كۆڭۈللۈك
ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قات-
مال تەرجىمە» دە «تىلنىڭ ئەسلى-
دىكى ئىخچام خۇسۇسىيىتى» نى ساق-
لاپ قېلىش ناتايىن. «قاتمال تەر-
جىمە» بىلەن «تىلنىڭ ئەسلىدىكى
ئىخچام خۇسۇسىيىتى» نى ساقلاپ
قالغىلى بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن كارا-
مەت بىر ئىش بولغان بولاتتى، ئۇ
ھالدا قانداقمۇ جۇڭگو تىلىدا «كەم-
چىلىك» بار دېگىلى بولسۇن؟ مەن
جۇڭگو تىلى بىلەن ئوخشاش بولغان
چەت ئەل تىلىنى ئىزدەپ يۈرىدىغان ياكى



者希望“两种文中的文法句法词法完全一样”。我但以为文法繁复的国语，较易于翻译外国文，语系相近的，也较易于翻译，而且也是一种工作。荷兰翻德国，俄国翻波兰，能说这和并不工作没有什么区别么？日本语和欧美很“不同”，但他们逐渐添加了新句法，比起古文来，更宜于翻译而不失原来的精悍的语气，开初自然是须“找寻句法的线索位置”，很给了一些人不“愉快”的，但经找寻和习惯，现在已经同化，成为已有了。中国的文法，

«ئىككى خىل تىلنىڭ گىرامماتىكىسى،
سىنتاكسىسى ۋە مورفولوگىيىسى تاما-
مەن ئوخشاش» بولۇشنى ئارزۇ قىلى-
دىغان نادانلاردىن ئەمەسمەن. لې-
كىن مېنىڭچە، گىرامماتىكىسى مۇرەك-
كەپ بولغان دۆلەت تىلى چەت ئەل
تىللىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئاسانراق
چۈشىدۇ؛ تىل سىستېمىلىرى يېقىنراق-
لىرىمۇ تەرجىمە قىلىشقا ئاسانراق
چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇمۇ خىز-
مەت قاتارىغا كىرىدۇ. گوللاند تىلى-
نى نېمىس تىلىغا، رۇس تىلىنى پو-
لەك تىلىغا تەرجىمە قىلسا، بۇنى
خىزمەت قىلمىغانلىقتىن ھېچقانداق
پەرقى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ ياپون
تىلى ياۋروپا — ئامېرىكىلىقلار تىلى-
دىن ناھايىتى «پەرق» قىلىدۇ، شۇن-
داق بولسىمۇ ئۇلار بارا — بارا يې-
ڭى — يېڭى جۈملە شەكىللىرىنى قو-
شۇپ، قەدىمىي تىلىغا قارىغاندا تىل-
نىڭ ئەسلىدىكى ئىخچام خۇسۇسىيەت-
لىرىنى يوقاتماي تەرجىمە قىلىشقا
تېخىمۇ لايىقلاشتۇرماقتا. تەبىئىيكى،
دەسلەپكى چاغلاردا «جۈملە تەركىبى-
نىڭ ئورنىنى ئىزدەش» كە توغرا
كەلگەچكە، بەزىلەرنى «ھوزۇر» لان-
دۇرالمىدى، لېكىن ئىزدەش ۋە ئادەت-
لىنىش نەتىجىسىدە ھازىر ئۆزلەشتۈ-
رۈپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. جۇڭگو

比日本的古文还要不完备，然而也曾有些变迁，例如《史》《汉》不同于《书经》，现在的白话文又不同于《史》《汉》；有添造，例如唐译佛经，元译上谕，当时很有些“文法句法词法”是生造的，一经习用，便不必伸手指，就懂得了。现在又来了即外国文”，许多句子，即也须新造，——说得坏点，就是硬造。据我的经验，这样译来，较之化为几句，更能保存原来的精悍的语气，但因为有待于新造，所以原先的中国文是有缺

گراماتىكىسى ياپونىيىنىڭ قەدىمىي تىلىدىنمۇ مۇكەممەل ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى، مەسىلەن: «تارىخنامە»، «خەننامە»، «نەسىرنامە» دىن پەرق قىلىدۇ؛ ھازىرقى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلمۇ «تارىخنامە»، «خەننامە» نىڭكىدىن پەرق قىلىدۇ. ياسالغانلىرىمۇ بار، مەسىلەن: تاڭ دەۋرىدە سۇترانى تەرجىمە قىلغاندا، يۈەن دەۋرىدە پادىشاھنىڭ يارلىقلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا، بەزى «گىراماتىكا، سىنتاكسىس، مورفولوگىيە»لەر ياسالغان، ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە بارماقلارنى چىقارماي تۇرۇپمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولغان. مانا ئەمدى «چەت ئەل تىلى» كىردى، بىرمۇنچە جۈملىلەرنى يېڭىدىن ياساشقا — يامانراق قىلىپ ئېيتسام، زورمۇ زور ياساشقا — توغرا كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ تەجرىبەمدىن قارىغاندا، مۇشۇنداق تەرجىمە قىلغاندا بىرنەچچە جۈملىنى ئۆزلەشتۈرۈۋەتكەنگە قارىغاندا، تىلنىڭ ئەسلىدىكى ئىخچام خۇسۇسىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئەسلىدىكى جۇڭگو يېزىقىدا



点的。有什么“奇迹”，干什么“吗”呢？但有待于“伸出手指”，“硬着头皮”，于有些人自然“不是一件愉快的事”。不过我是本不想将“爽快”或“愉快”来献给那些诸公的，只要还有若干的读者能够有所得，梁实秋先生“们”的苦乐以及无所得，实在“于我如浮云”。

但梁先生又有本不必求助于无产文学理论，而仍然很不了了的地方，例如他说：“鲁迅先生前些年翻译的文学，例如厨川白村的《苦闷的象征》，还不是令人看不懂的东

كەمچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭىدىن ياساشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە «نېمە بۇ» دەيدىغان قانداق «مۆجىزە» بار ئىكەن؟ لېكىن «بارماقنى چىقىرىش»، «چىشنى قاتتىق چىشلەش» توغرا كەلگەچكە، بەزىلەر ئۈچۈن «ھۇزۇرلىنارلىق ئىش» بولماسلىقى تەبىئىي. بىراق مېنىڭ ھېلىقى جانابلارغا زادىلا «ھۇزۇر» ياكى «خۇشاللىق» سېغىنىشلىغىم كەلمەيدۇ، پەقەت باشقا بىرقانچە كىتابخان نەپ ئالالىسىلا بولىدى، لياڭ شىچيۇ ئەپەندى «لەر» نىڭ ئازابلىنىشى ياكى ھۇزۇرلىنىشى ۋە نەپ ئالالماسلىقى ھەقىقەتەن «مەن ئۈچۈن لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت» تىنلا ئىبارەت.

لېكىن لياڭ ئەپەندى پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا زادىلا ھاجىتى يوقتەك بولسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى مۇجمەللىك قىلغان يەرلىرى بار، مەسىلەن ئۇ: «لۇشۈن ئەپەندى ئالدىنقى يىللىرى تەرجىمە قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەسىلەن: كۇرىيا كاۋاشىراماتسۇنىڭ «دەرد ـ ھەسرەت سىمۋولى» ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە ئە-

西，但是最近翻译的书似乎改变风格了。”只要有些常识的人就知道：“中国文和外国文是不同的”，但同是一种外国文，因为作者各人的做法，而“风格”和“句法的线索位置”也可以很不同。句子可繁可简，名词可常可专，决不会一种外国文，易解的程度就都一式。我的译《苦闷的象征》，也和现在一样，是按板规逐句，甚而至于逐字译的，然而梁实秋先生居然以为还能看懂者，乃是原文原是易解的缘故，也因为梁实秋先生是中国新的批评

مەس ئىدى. لېكىن يېقىندىن بۇيان تەرجىمە قىلىنغان كىتابلىرىدا ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدەك تۇرىدۇ» دەپتۇ. «جۇڭگو تىلى چەت ئەل تىلىغا ئوخشىمايدۇ» غانلىقىنى ئازغىنا ساۋادى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، لېكىن ئوخشاش بىر چەت ئەل تىلى بويىچە يازغۇچىلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، «ئۇسلۇبى» ۋە «جۈملە تەركىبىنىڭ ئورنى» مۇ ناھايىتى پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. جۈملىلىرى مۇرەككەپ ياكى ئاددىي بولۇشى مۇمكىن. ئاتالغۇلىرى كۆپ ئۇچرايدىغان ياكى خاس ئاتالغۇلاردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئوخشاش بىر خىل چەت ئەل تىلىدا يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇش دەرىجىسى ھەرگىز ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. مەن «دەرد - ھەسرەت سىمۋولى» نى تەرجىمە قىلىشىنىمۇ ھازىرقىدەكلا ئەسلى جۈملە قېلىپى بويىچە تەرجىمە قىلغان، ھەتتا سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە قىلغان لېكىن لياڭ شىچيۇ ئەپەندى ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدۇ دەپتۇ، بۇ، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئەسلىدە چۈشىنىشلىك بولغانلىقى، لياڭ شىچيۇ ئەپەندىنىڭ جۇڭگونىڭ يېڭى تەنقىدچىسى



家了的缘故，也因为其中硬造的句法，是比较地看惯了的缘故。若在三家村里，专读《古文观止》的学者们，看起来又何尝不比“天书”还难呢？

## 三

但是，这回的“比天书还难”的无产文学理论的译本们，却给了梁先生不小的影响。看不懂了，会有影响，虽然好象滑稽，然而是真的，这位批评家在《文学是有阶级性的吗？》里说：“我现在批评所谓无产文学理论，也只能根据我所能了解的一点材料而已。”这就是说：因此而对于这理论的知识，极不完全了。

بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى زورمۇ زور ياسالغان جۈملە شەكىللىرىنى ئوقۇپ يۈرۈپ خېلىلا ئادەتلىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن بولغان. ئەگەر خىلۋەت كەنت (سەنجياسۇن) تىكى مەخسۇس «قەدىمكى ناملەردىن نەمۇنىلەر» نى ئوقۇش بىلەنلا بولىدىغان ئالىملار ئوقۇيدىغان بولسا، ئۇلارغا «تىلسىمنامە» دىنمۇ تەس كەلمەي قالارمۇ؟

## 3

لېكىن، «تىلسىمنامىدىنمۇ تەس» بولغان پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى تەرجىمىلىرى لياڭ ئەپەندىگە بىرمۇنچە تەسىر قىپتۇ. ئوقۇپ چۈشىنەلمەپتۇ - يۇ، تەسىر ئاپتۇ، بۇ ئەھۋال كۈلكىلىك بولسىمۇ ۋە لېكىن راست. بۇ تەنقىدچى «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىك بولامدۇ؟» سىدا: «مەن ھازىر ئاتالمىش پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلىشتىمۇ، پەقەت ئۆزۈم ئىگىلىگەن ئازغىنا ماتېرىياللىلا ئاساس قىلدىم» دەپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيە توغرىسىدىكى بىلىمى ئىنتايىن كەم ئىكەن.

但对于这罪过，我们（包含一切“天书”译者在内，故曰“们”）也只能负一部分的责任，一部分是要作者自己的胡涂或懒惰来负的。“什么卢那卡尔斯基，蒲力汗诺夫”的书我不知道，若夫“婆格达诺夫之类”的三篇论文和托罗兹基的半部《文学与革命》，则确有英文译本的了。英国没有“鲁迅先生”，译文定该非常易解。梁先生对于伟大的无产文学的产生，曾经显示其“等着，等着，等着”的耐心和勇气，这回对于理论，何不也等一下子，寻来看了再说呢。不知其有而不求曰胡涂，

لېكىن بۇ سەۋەنلىك توغرىسىدا بىز (بارلىق «تىلسىمنامە» تەرجىمانلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، شۇڭا «بىز» دەۋاتىمەن) پەقەت بىر قىسىم جاۋابكارلىقنىلا ئۆز ئۈستىمىزگە ئالىمىز، بىر قىسمىغا ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كالۋالىقى ياكى ھورۇنلۇقى جاۋابكار. «قانداقتۇ لۇناچارىسكىي، پلېخانوپ» دېگەنلەرنىڭ كىتابلىرىدىن خەۋىرىم يوق، «بوگدانوپ» تەكلەرنىڭ ئۈچ پارچە نەزەرىي ماقالىسى بىلەن تروتسكىينىڭ «ئەدەبىيات ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىنىڭ يېرىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بار. ئەنگلىيىدە «لۇشۈن ئەپەندى» يوق، ئۇ تەرجىمىلەر ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. لياڭ ئەپەندى ئۇلۇغ پرولېتار ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تاقەت قىلىپ، «كۈتۈپ تۇراي، كۈتۈپ تۇراي، كۈتۈپ تۇراي» دېگەن سەۋرچانلىقنى ۋە غەيرىتىنى بىلدۈرگەنىدى، ئەمدى نەزەرىيىنىمۇ تاقەت بىلەن كۈتۈپ، ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇپ، ئاندىن بىرنەرسە دېسە بولماسمىدى! بار ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇقلۇق ئىزدەنمەسلىكنىڭ ئۆزى كالۋالىق،



知其有而不求曰懒惰，如果单是默坐，这样也许是“爽快”的。然而开起口来，却很容易咽进冷气去了。

例如就是那篇《文学是有阶级性的吗？》的高文，结论是并无阶级性。要抹杀阶级性，我以为最干净的是吴稚晖先生的“什么马克思牛克思”以及什么先生的“世界上并没有阶级这东西”的学说。那么，就万喙啕，天下太平。但梁先生却中了一些“什么马克思”毒了，先承认了现在许多地方是资产制度，在这制度之下则有无产者。不过这“无产者本来并没有阶级的自觉。是几个过于富同情心而又态度褊激的领袖把这个阶级观念传授了给

بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىزدەنمەسلىكنىڭ ئۆزى ھورۇنلۇق. سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇش ئېھتىمال «ھوزۇر» بولار. لېكىن ئۇ ھالدا ئاغزىنى ئاچقان ھامان ئاسانلا سوغۇق شامال كىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن، ھېلىقى «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىك بولامدۇ؟» دېگەن ئېسىل ماقالىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ خۇلاسىسى: سىنىپىيلىك يوق. سىنىپىيلىكنى يوققا چىقىرىشتا، مېنىڭچە ئەڭ ئۈچىغا چىققىنى ۋۇجىخۇي ئەپەندىنىڭ «ماركس — پاركس دېگەن بىر نېمە» دېگەنلىرى ۋە قايسىبىر ئەپەندىنىڭ «دۇنيادا سىنىپ دېگەن نەرسە يوق» دېگەن تەلىماتى. شۇنداق ئىكەن، ھەممىنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ، ئالەم تىنچىپ كەتكەن بولسا بولاتتى. لېكىن لياڭ ئەپەندى «ماركس دېگەن بىر نېمە» بىلەن ئاز - پاز زەھەرلىنىپ، ئاۋۋال: ھازىر بىر مۇنچە جايلاردا مۈلۈكدارلىق تۈزۈمى بار، بۇ تۈزۈم ئاستىدا يوقسۇللار (پرولېتارلار) بار، بىراق بۇ «پرولېتارلاردا ئەسلىدە سىنىپىي ئاڭ يوق ئىدى، تولىمۇ ھېسداش بولغان سەپرا مىجەز بىر نەچچە داھى ئۇلارغا سىنىپىي كۆز قاراشنى سىڭدۈرۈپ»، ئۇلارنى بىر-

他们”，要促起他们的联合，激发他们斗争的欲念。不错，但我以为传授者应该并非由于同情，却因了改造世界的思想。况且“本无其物”的东西，是无从自觉，无从激发的，会自觉，能激发，足见那是原有的东西。原有的东西，就遮掩不久，即如格里莱阿说地体运动，达尔文说生物进化，当初何尝不或者几被宗教家烧死，或者大受保守者攻击呢，然而现在人们对于两说，并不为奇者，就因为地体终于在运动，生物确也在进化的缘故。承认其有而要掩饰为无，非有绝技是不行的。

لەشتۈرمەكچى، ئۇلارنىڭ كۈرەش قىلىش ئارزۇسىنى قوزغىماقچى بولغان، دەپ ئېتىراپ قىلىمىز. شۇنداق، لېكىن مېنىڭچە، سىڭدۈرگۈچىلەرنى ھېسداشلىق تۈپەيلىدىن ئەمەس بەلكى دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىدىيىسى بىلەن سىڭدۈرگەن دېيىش كېرەك. ھالبۇكى «ئەسلىدە يوق» نەرسىنىڭ ئويغىنىشى، قوزغىلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئويغانغان، قوزغالغان ئىكەن، دېمەك، ئۇنىڭ ئەسلىدە بار نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە بار نەرسىنى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە يېپىپ قويغىلى بولمايدۇ، مەسىلەن: گالىلېي يەر شارى ھەرىكەتلىنىدۇ، دارۋىن جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، دېگەندە؛ دەسلەپكى چاغلاردا بىر نەچچە دىنىي ئۆلىما گالىلېينى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالمىدىمۇ، مۇتەئەسسىپلەر دارۋىنغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلمىدىمۇ؟! لېكىن ھازىرقى كۈندە كىشىلەر بۇ ئىككى تەلىماتقا ئەجەبلەنمەيدىغان بولدى. چۈنكى، يەر شارى بەرىبىر ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. جانلىقلارمۇ ھەقىقەتەن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. بار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنى يوق دەپ يوشۇرۇش ئۈچۈن كارامەت كۆرسىتىدىغان ھۈنەر بولمىسا بولمايدۇ.



但梁先生自有消除斗争的办法，以为如卢梭所说：资产是文明的基础”，“所以攻击资产制度，即是反抗文明”，“一个无产者假如他是有出息的，只消辛辛苦苦诚诚实实的工作一生，多少必定可以得到相当的资产。这才是正当的生活斗争的手段。”我想，卢梭去今虽已百五十年，但当不至于以为过去还来的文明，都以资产为基础。（但倘说以经济关系为基础，那自然是对的。）希腊印度，都有文明，而繁盛时俱非在资产社会，他大概是知道的；倘不知道，那也是他的错误。至于无产者应

لېكىن لياڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىچە كۈرەشنى يوققا چىقىرىش چارىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭچە رۇسسو «مۈلۈك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى»، «شۇنىڭ ئۈچۈن، مۈلۈكدارلىق تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلىش مەدەنىيەتكە قارشى چىققانلىق بولىدۇ»، «ئەگەر بىرەر پرولېتارنىڭ پەمى بولىدىكەن، ئۇ ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ، ھالال ئىشلەۋېرىدىغان بولسا، ھەر ھالدا خېلىلا مۈلۈك تاپالايدۇ. تۇرمۇش يولىدا كۈرەش قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ئەنە شۇ» دەپ ئېيتقانمىش. مېنىڭچە، رۇسسونىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ھازىر 150 يىل بولدى، لېكىن ئۇ ئەينى زاماندا، ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت مۈلۈكنى ئاساس قىلىدۇ، دەپ قارىمىغان بولۇشى مۇمكىن (ئەگەر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىدۇ دېگەن بولسا، بۇ توغرا، ئەلۋەتتە). ئۇ، يۇناننىڭ، ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى بارلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى مۈلۈكدارلىق (بۇرژۇئا) جەمئىيىتىدە بولمىغانلىقىنى بىلسە كېرەك؛ ئەگەر بىلمىگەن بولسا، بۇمۇ ئۇنىڭ خاتالىقى. پرولېتارلارنىڭ

该“辛辛苦苦”爬上有产阶级去的“正当”的方法，则是中国有钱的老太爷高兴时候，教导穷工人的古训，在实际上，现今正在“辛辛苦苦诚诚实实”想爬上一级去的“无产者”也还多。然而这是还没有人“把这个阶级观念传授了给他们”的时候。一经传授，他们可就不肯一个一个的来爬了，诚如梁先生所说，“他们是一个阶级了，他们要有组织了，他们是一个集团了，于是他们便不循常轨的一跃而夺取政权财权，一跃而为统治阶级。”但可还有想“辛辛苦苦诚诚实实工作一生，多少必定可以得到相当的资产”的“无产者”呢？自然还有的。然

«جاپا چېكىپ» بۇرژۇئازىيە دەرىجىسىگە يامىشىپ چىقىشىدىكى «توغرا» ئۇسۇل دېگەنگە كەلسەك، بۇ — جۇڭگودىكى باي - غوجاملار خوشى كېلىپ قالغاندا گاداي ئىشچىلارغا ئېيتىدىغان كونا تەنبىھ. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى ۋاقىتتا بىر دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەش ئارزۇسى بىلەن «جاپا چېكىپ ھالاللىق بىلەن» يامىشىپ كېتىۋاتقان «پرولېتار» لارمۇ خېلى كۆپ. لېكىن بۇ «سىنىپىي ئاڭنى ئۇلارغا سىڭدۈرىدىغان» ئادەم تېخى چىقمىغان ۋاقىتتىكى ئەھۋال. سىڭدۈرۈلگەن ھامان، ئۇلار بىر - بىرلەپ يامىشىپ، تىرمىشىپ ئولتۇرمايدۇ، خۇددى لياڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك، «ئۇلار بىر سىنىپ بولۇپ قالىدۇ، تەشكىللىنىدۇ، ئۇلار بىر گۇرۇھ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئادەتتىكى يولدىن چىقىپ، بىر سەكرەپلا سىياسىي ھوقۇقنى، مالىيە ھوقۇقنى تارتىۋالىدۇ، بىر سەكرەپلا ھۆكۈمران سىنىپ بولۇپ قالىدۇ.» لېكىن «ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ، ھالاللىق بىلەن ئىشلەۋەرسە، ھەر ھالدا خېلىلا مۈلۈك تاپالايدۇ» غان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان «پرولېتار» مۇ بولارمۇ؟ بولۇشى تەبىئىي.



而他要算是“尚未发财的有产者”了。”梁先生的忠告，将为无产者所呕吐了，将只好和老太爷去互相赞赏而已了。

那么，此后如何呢？梁先生以为是不足虑的。因为“这种革命的现象不能是永久的，经过自然进化之后，优胜劣败的定律又要证明了，还是聪明才力过人的人占优越的地位，无产者仍是无产者”。但无产阶级大概也知道“反文明的势力早晚要被文明的势力所征服”，所以“要建立所谓‘无产阶级文化’，……这里面包括文艺学术”。

بىراق ئۇنى «تېخى بېيىمىغان مۈلۈكدار (بۇرژۇئاز)» دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. لياڭ ئەپەندىنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرىگە پرولېتارلار تۈكۈرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇ باي - غوجاملار بىلەن ئۆز ئارا ماختىشىپ ئۆتكىنى تۈزۈك.

خوش، ئاندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟ لياڭ ئەپەندىچە، بۇ ھەقتە قايغۇرۇش كېرەك ئەمەسمىش. چۈنكى «بۇنداق ئىنقىلابىي ھادىسە ئۇزۇنغىچە داۋام قىلالمايدۇ. تەبىئىي تەدرىجىي تەرەققىياتتىن كېيىن، كۈچلۈكلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى، ئاجىزلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھەققىدىكى قانۇنىيەت شۇنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، يەنىلا زېھنى، قابىلىيىتى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەملەر ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، پرولېتار يەنىلا پرولېتارلىقىدا قېلىۋېرىدۇ» مىش. لېكىن پرولېتارىيات «مەدەنىيەتكە قارشى كۈچلەرنىڭ ھەر قاچان مەدەنىيەت كۈچلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ» غانلىقىنى بىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن «ئاتالمىش (پرولېتارىيات مەدەنىيىتى) نى ...... جۈملىدىن ئەدەبىيات ئىلمىنى بەرپا قىلماقچى» ئىمىش.

自此以后，这才入了文艺批评的本题。

# 四

梁先生首先以为无产者文学理论的错误是，“在把阶级的束缚加在文学上面”，因为一个资本家和一个劳动者，有不同的地方，但还有相同的地方，“他们的人性（这两字原本有套圈）并没有两样”，例如都有喜怒哀乐，都有恋爱（但所“说的是恋爱的本身，不是恋爱的方式”，）“文学就是表现这最基本的人性的艺术”。这些话是矛盾而空虚的。既然文明以资产为基础，穷人以竭力爬上去为“有

ئەمدى، ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ئاساسىي تېمىغا ئۆتەيلى.

# 4

لياڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، ھەممىدىن ئاۋۋال، پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ خاتالىقى «سىنىپ ئاسارىتىنى ئەدەبىياتقا تاڭغان» لىقىمىش، چۈنكى كاپىتالىست بىلەن ئەمگەكچىنىڭ ئوخشاشمايدىغان يېرى بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش يەرلىرىمۇ بار ئىمىش، «ئۇلارنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتى (بۇ ئىككى سۆزگە ئەسلىدە قوش تەكىتلەش بەلگىسى قويۇلغان) پەرقلەنمەيدۇ» مىش، مەسىلەن: ھەممىسىدە خوشاللىق، خاپىلىق، قايغۇ، راھەت، ئىشق مۇھەببەت (لېكىن «بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى ئىشق مۇھەببەت ئۇسۇلى ئەمەس، ئىشق مۇھەببەتنىڭ ئۆزى») بارمىش، «ئەدەبىيات ئەنە شۇ ئەڭ تۈپ ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سەنئەت» مىش. بۇ سۆزلەر بىر - بىرىگە زىت ۋە پۇچەك، خوش، مەدەنىيەت مۈلۈكنى ئاساس قىلىدىكەن، گادايلار تىرىشىپ -



出息”，那么，爬上是人生的要谛，富翁乃人类的至尊，文学也只要表现资产阶级就够了，又何必如此“过于富同情心”，一并包括“劣败”的无产者？况且“人性”的“本身”，又怎样表现的呢？譬如原质或杂质的化学底性质，有化合力，物理学底性质有硬度，要显示这力和度数，是须用两种物质来表现的，倘说要不用物质而显示化合力和硬度的单单“本身”，无此妙法；但

تىرىشىپ يۇقىرىغا ياماشسا «پەمى بار» ھېسابلىنىدىكەن، ئۇنداق بولسا، يۇقىرىغا يامىشىش — ئىنسان ھاياتىنىڭ دەستۇرى، بايلار — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئادەملىرى بولغان بولىدۇ - دە، ئەدەبىياتمۇ بۇرژۇئازىيىنىلا تەسۋىرلىسە كۇپايە قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، «ئاجىزلىقىدىن مەغلۇپ بولىدۇ» غان پرولېتارلارنى تولىمۇ ھېسداشلىق قىلىپ ئاشۇ قاتارغا قوشۇۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ خوش، ئەمىسە، «ئىنسان تەبىئىتى» نىڭ «ئۆزى» قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟ ئالايلۇق ئەسلى ماددا ياكى ئارىلاشما ماددا خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن بىرىكىش ئىقتىدارىغا ئىگە، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن قاتتىقلىق دەرىجىسىگە ئىگە، بۇ ئىقتىدار ۋە دەرىجىنى كۆرسىتىشتە، ئىككى خىل ماددا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ، ماددىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارى ۋە قاتتىقلىق دەرىجىسىنىڭ يالغۇز «ئۆزى» نىلا كۆرسىتىپ بېرىمەن دەيدىغان بولسا، ئۇنداق ئەپچىل ئۇسۇل تېپىلمايدۇ؛ لېكىن

一用物质，这现象即又因物质不同。文学不借人，也无以表示“性”，一用人，而且还在阶级社会里，即断不能免掉所属的阶级性，无需加以“束缚”，实乃出于必然。自然，“喜怒哀乐，人之情也”，然而穷人决无开交易所折本的懊恼，煤油大王那会知道北京检煤渣老婆子身受的酸辛，饥区的灾民，大约总不去种兰花，象阔人的老太爷一样，贾府上的焦大，也不爱林妹妹的。“汽笛呀！”“列宁呀！”固然

ماددا ۋاستە قىلىنىدىكەن، بۇنداق ھادىسىلەر ماددىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئەدەبىياتتىمۇ ئادەمنى ۋاستە قىلمىغاندا «تەبىئىتى» نى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئادەم ۋاستە قىلىنىدىكەن، يەنە كېلىپ سىنىپىي جەمئىيەتتە شۇنداق قىلىنىدىكەن، ئۇنىڭ سىنىپىيلىكىنى چىقىرىپ تاشلاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ سىنىپىيلىكى مۇقەررەر ھادىسىكى، ئۇنىڭغا «ئاسارەت» نى تېڭىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەرۋەقە، «خۇشاللىق ۋە خاپىلىق، قايغۇ ۋە راھەت ئىنسانى ھېسسىيات ھېسابلىنىدۇ»، لېكىن گادايلاردا بىرژا (جياۋيىسو) ئېچىپ دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش قايغۇسى بولمايدۇ، كېرسىن ماگناتى (چوڭ كاپىتالىستى) بېيجىڭدىكى شاخار تېرىپ قالايدىغان مومايلارنىڭ دەرد ـ ئەلەمىنى نەدىن بىلسۇن؟! ئاچارچىلىقتا قالغان رايونلاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق باي ـ غوجاملارغا ئوخشاش خۇشبۇي گۈل تېرىمىسا كېرەك؛ جيا خاندانىدىكى جياۋدا سولتەكمۇ لىن خېنىمغا مۇھەببەت باغلىمىسا كېرەك. «گۇدۇك ـ پۇدۇك!»، «لېنىن ـ



并不就是无产文学，然而“一切东西呀！”“一切人呀！”“可喜的事来了，人喜了呀！”也不是表现“人性”的“本身”的文学。倘以表现最普通的人性的文学为至高，则表现最普遍的动物性——营养，呼吸，运动，生殖——的文学，或者除去“运动”，表现生物性的文学，必当更在其上。倘说，因为我们是人，所以以表现人性为限，那么，无产者就因为是无产阶级，所以要做无产文学。

لېنىن!» غۇ ئەلۋەتتە پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئەمەس، «ھەممە نەرسە ـ پەرسە!»، «ھەممە ئادەم ـ پادەم!»، «ياخشى ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، كىشىلەر خۇرسەن دولۇۋاتىدۇ!» لارمۇ «ئىنسان تەبىئىتى» نىڭ «ئۆزى» نى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ئەمەس. ئەگەر ئەڭ ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ئېسىل بولىدىغان بولسا، ئەڭ ئومۇمىي ھايۋانات تەبىئىتى — ئوزۇقلىنىش، نەپەس ئېلىش، ھەرىكەت قىلىش، نەسىللەش — نى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ياكى «ھەرىكەت قىلىش» نى چىقىرىپ تاشلاپ، جانلىقلار تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەكتۇ. ئەگەر، بىز بولساق ئىنسان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن چەكلىنىمىز، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، پرولېتارلار پرولېتارىيات بولغانلىقى ئۈچۈن، پرولېتار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك.

其次，梁先生说作者的阶级，和作品无关。托尔斯泰出身贵族，而同情于贫民，然而并不主张阶级斗争；马克思并非无产阶级中的人物；终身穷苦的约翰孙博士，志行吐属，过于贵族。所以估量文学，当看作品本身，不能连累到作者的阶级和身分。这些例子，也全不足以证明文学的无阶级性的。托尔斯泰正因为出身贵族，旧性荡涤不尽，所以只同情于贫民而不主张阶级斗争。马克思原先诚非无产阶级中的人物，但也并无文学作品，我们不

ئىككىنچىدىن، لياڭ ئەپەندى،
ئاپتورنىڭ سىنىپى ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرى بىلەن ئالاقىسىز، دەيدۇ؛ تو-
لستوي ئاقسۆڭەكتىن كېلىپ چىققان
بولۇپ كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق
قىلغانۇ، لېكىن سىنىپىي كۆرەشنى
تەشەببۇس قىلمىغانەي؛ ماركس
پرولېتارلار تەركىبىدىكى شەخس
ئەمەسەي؛ ئۆمۈر بويى گادايلىق -
غۇربەتچىلىكتە ياشىغان ئالىم جونسون-
نىڭ ئارزۇ - ئارمان ۋە خۇي -
پەيلى توغرىسىدا ئېيتقان گەپ -
سۆزلىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭكىنى بېسىپ
چۈشكەنەي، دېمەك ئەدەبىياتقا باھا
بېرىشتە ئەسەرنىڭ ئۆزىگە قاراش
كېرەك، ئاپتورنىڭ سىنىپى ۋە
مەرتىۋىسىگە چاتماسلىق كېرەكەي،
دەيدۇ. بۇ مىساللىرىمۇ ئەدەبىياتنىڭ
سىنىپىيسىزلىكىنى زادى ئىسپاتلاپ
بېرەلمەيدۇ. تولستوي ئاقسۆڭەكتىن
كېلىپ چىققان بولۇپ، كونا تەبىئى-
تىنى تازىلاپ تۈگەتمىگەنلىكى ئۈچۈن
كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىقلا قىلغان،
لېكىن سىنىپىي كۆرەشنى تەشەببۇس
قىلمىغان. ماركس ھەقىقەتەن ئەس-
لىدە پرولېتارلار تەركىبىدىكى
شەخس ئەمەس، ئۇنىڭ ئەدەبىي
ئەسەرلىرىمۇ يوق، بىز،



能悬拟他如果动笔，所表现的一定是不用方式的恋爱本身。至于约翰孙博士终身穷苦，而志行吐属，过于王侯者，我却实在不明白那缘故。因为我不知道英国文学和他的传记。也许，他原想“辛辛苦苦诚诚实实的工作一生，多少必定可以得到相当的资产”，然后再爬上贵族阶级去，不料终于“劣败”，连相当的资产也积不起来，所以只落得摆空架子，“爽快”了罢。

ئۇ قەلەم تەۋرەتكەن بولسا،
ئۇنىڭ ئىپادىلەپ بەرگەن-
لىرى چوقۇم ئۇسۇل ئىشلەت-
مەيدىغان ئىشق مۇھەببەتنىڭ ئۆزىلا
بولۇپ چىقاتتى، دەپ ئاساسسىز
پەرەز قىلالايمىز. ئالىم جونسون
ئۆمۈر بويى گادايلىقتا - غۇربەت-
چىلىكتە ئۆتكەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ
ئارزۇ - ئارمان ۋە خۇي - پەيلى
توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلىرىنىڭ
پادىشاھ - بەگلەرنىڭكىدىن ئېشىپ
چۈشكەنلىكىگە كەلسەم، ئۇنىڭ
سەۋەبلىرىنى ھەقىقەتەن بىلمەيمەن،
چۈنكى ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىن ۋە
ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن خەۋىرىم
يوق، ئېھتىمال ئۇ ئەسلىدە «ئۆمۈر
بويى جاپا - مۇشەققەت چېكىپ،
ھالال ئىشلەپ، قانداقلا
بولمىسۇن خېلىلا مۈلۈك تېپىش»،
ئاندىن كېيىن ئاقسۆڭەكلەر
دەرىجىسىگە يامىشىپ چىقىش ئار-
زۇسىدا بولغان بولۇشى، لېكىن
«ئاجىزلىقىدىن مەغلۇپ بولۇپ»، ھەت-
تا خېلىلا مۈلۈكنىمۇ توپلىيالماي،
ئاخىرىدا قۇرۇق سۆلەت بولۇپ
«ئارام تاپقان» بولۇشى مۇمكىن.

其次，梁先生说，“好的作品永远是少数人的专利品，大多数永远是蠢的，永远是和文学无缘”，但鉴赏力之有无却和阶级无干，因为“鉴赏文学也是天生的一种福气”，就是，虽在无产阶级里，也会有这“天生的一种福气”的人。由我推论起来，则只要有这一种“福气”的人，虽穷得不能受教育，至于一字不识，也可以赏鉴《新月》月刊，来作“人性”和文艺“本身”原无阶级性的证据。但梁先生也知道天生这一种福气的无产者一定不多，所以另定一种东西（文艺？）来给他们看，

ئۇچىنچىدىن، لياڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، «ياخشى ئەسەر ھەر قاچان ئاز سانلىق ئادەملەرگىلا خاس بولىدۇ، زور كۆپچىلىك كىشىلەر ھەر قاچان دۆت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتتىن ھەرگىز نېسىۋىسى بولمايدۇ» مىش، لېكىن زوقلىنىش ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقى سىنىپ بىلەن ئالاقىسىز بولارمىش، چۈنكى «ئەدەبىياتتىن زوقلىنىشمۇ تۇغما ئامەت» مىش. ھەتتا پرولېتارىيات ئىچىدىمۇ شۇنداق «تۇغما ئامەتلىك» ئادەملەرمۇ بار ئىمىش. مېنىڭ پەرىزىمچە، ئەنە شۇنداق «ئامىتى» بار ئادەملا بولىدىكەن، ئۇ، گادايلىقىدىن ئوقۇمىغان، ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان بولسىمۇ، «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىغا زوقلىنىپ، «ئىنسان تەبىئىتى» نىڭ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ «ئۆزى» نىڭ ئەسلىدىن سىنىپىيسىزلىكىگە گۇۋاھچى بولۇۋېرىدۇ. لېكىن بۇنداق تۇغما ئامىتى بار پرولېتارلارنىڭ چوقۇم كۆپ ئەمەسلىكىنى لياڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ، ئۇلارغا كۆرۈش ئۈچۈن باشقا بىر خىل نەرسە (ئەدەبىيات - سەنئەت؟)



“例如什么通俗的戏剧，电影，通俗小说之类”，因为“一般劳工劳农需要娱乐，也许需要少量的艺术的娱乐”的缘故。这样看来，好象文学确因阶级而不同了，但这是因鉴赏力之高低而定的，这种力量的修养和经济无关，乃是上帝之所赐——“福”气。所以文学家要自由创造，既不该为皇室贵族所雇用，也不该受无产阶级所威胁，去做讴功颂德的文章。这是不错的，但在我们所见的无产文学理论中，也并未见过有谁说或一阶级的文学家，不该

نى — «مەسىلەن، قانداقتۇ ئاممىباب تىياتىر، كىنو، قانداقتۇ ئاممىباب ھېكايە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر» نى بەلگىلەپ بەرگەن، بۇنىڭغا «ئادەتتىكى ئەمگەكچى ئىشچى - دېھقانلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشقا موھتاج بولغانلىقى، بەلكىم ئازغىنا بەدىئىي كۆڭۈل ئېچىشقا موھتاج بولغانلىقى» سەۋەب بولغانمىش. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەدەبىيات ھەقىقەتەن سىنىپقا قاراپ پەرقلىنىدىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن بۇ زوقلىنىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بەلگىلىگەن پەرق ئىمىش. بۇنداق ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈش ئىقتىساد بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، تەڭرى بەخش ئەتكەن «ئامەت» مىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدىبلەر ئەركىن ئىجاد قىلىشى ھەم خانزادە - ئېسىلزادىلەرگە ياللانماسلىقى ھەم پرولېتارىياتنىڭ مەدھىيە ئەسەرلىرىنى يېزىش توغرىسىدىكى تەھدىتلىرىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك ئىمىش. بۇ گەپ دۇرۇس، لېكىن بىز كۆرگەن پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرىدە، مەلۇم بىر سىنىپنىڭ ئەدىبلىرى خان-

受皇室贵族的雇用，却该受无产阶级的威胁，去做讴功颂德的文章，不过说，文学有阶级性，在阶级社会中，文学家虽自以为“自由”，自以为超了阶级，而以意识底地，也终受本阶级的阶级意识所支配，那些创作，并非别阶级的文化罢了。例如梁先生的这篇文章，原意是在取消文学上的阶级性，张扬真理的。但以资产为文明的祖宗，指穷人为劣败的渣滓，只要一瞥，就知道是资产家的斗争的“武器”，——不，“文章”了。无产文学理论家以主张“全人类”“超阶级”的文学理论为帮助有产阶级的东西，这里就给

زادە ــ ئېسىلزادىلەرگە ياللانماسلىقى، پرولېتارىياتنىڭ مەدھىيە ئەسەرلىرىنى يازىدىغان تەھدىتلىرىگە ئۇچرىشى كېرەك دېگەن بىرەر ئادەمنى كۆرمىدۇق. ھالبۇكى ئەدەبىيات سىنىپىي بولىدۇ، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەدىبلەر «ئەركىن» مەن، سىنىپتىن خالىي تۇرىمەن دېسىمۇ، لېكىن ئاڭسىز ھالدا يەنىلا ئۆز سىنىپىنىڭ سىنىپىي ئېڭىغا مەھكۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ياراتقان ئەسەرلىرى باشقا سىنىپنىڭ مەدەنىيىتى ئەمەس. مەسىلەن، لياڭ ئەپەندىنىڭ شۇ ماقالىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئەدەبىياتتىكى سىنىپىيلىكنى ئېلىپ تاشلاش، ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش ئىكەن. لېكىن مۈلۈكنى مەدەنىيەتنىڭ بوۋىسى قىلىپ، گادايلارنى ئاجىزلىقىدىن مەغلۇپ بولىدىغان داشقال قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىگە بىر قاراپلا، ئۇنىڭ كاپىتالىستلارنىڭ كۈرەش «قورالى» — ياق، «ئەسەرى» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى «پۈتۈن ئىنسانىيەت» ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى، «سىنىپتىن خالىي» ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى بۇرژۇئازىيىگە ياردەم بېرىدىغان نەرسە دەپ



了一个极分明的例证。至于成仿吾先生似的“他们一定胜利的，所以我们去指导安慰他们去”，说出“去了”之后，便来“打发”自己们以外的“他们”那样的无产文学家，那不消说，是也和梁先生一样地对于无产文学的工论，未免有“以意为之”的错误的。

又其次，梁先生最痛恨的是无产文学理论家以文艺为斗争的武器，就是当作宣传品。他“不反对任何人利用文学来达到另外的目的”，但“不能承认宣传式的文字便是文

تەكىتلىگەن پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنى ناھايىتى روشەن بىر دەلىل بىلەن تەمىنلىدى. چېڭ فاڭۋۇ ئەپەندىگە ئوخشاش «ئۇلار چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا، تەسەللى بېرىشكە بارىمىز» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىدىن باشقا بولغان «ئۇلار» نى «ئەۋەتىپ» ئولتۇرىدىغان ئۇنداق پرولېتار ئەدىبلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭمۇ لياڭ ئەپەندىگە ئوخشاشلا پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئالدىدا «خالىغىنىچە ئىش كۆرۈش» خاتالىقىدىن خالىي بولالمايدىغانلىقىدا گەپ يوق.

تۆتىنچىدىن، لياڭ ئەپەندى پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەتنى كۈرەش قورالى قىلىشىدىن، يەنى تەشۋىقات ماتېرىيالى قىلىۋالغانلىقىدىن ئىنتايىن ئوغىسى قاينايدىكەن. ئۇ «ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىپ باشقا مەقسەتلىرىگە يېتىشىۋېلىشىغا قارشى ئەمەس» ئىكەن، لېكىن «تەشۋىقات تەرىقىسىدىكى يازمىلارنى ئەدەبىيات دەپ

学”。我以为这是自扰之谈。据我所看过的那些理论，都不过说凡文艺必有所宣传，并没有谁主张只要宣传式的文字便是文学。诚然，前年以来，中国确曾有许多诗歌小说，填进口号和标语去，自以为就是无产文学。但那是因为内容和形式，都没有无产气，不用口号和标语，便无从表示其“新兴”的缘故，实际上并非无产文学。今年，有名的“无产文学底批评”家钱杏邨先生在《拓荒者》上还在引卢那卡尔斯基的话，以为他推重大众能解的文学，

ئېتىراپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس»
دەيدىكەن. مەن بۇنى ئۆز ئاغزىغا
ئۆزى كاچات ئۇرۇش دەپ قارايمەن.
مەن ئوقۇغان نەزەرىيىلەرگە قارى-
غاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتلا بول-
كەن، ئۇنىڭدا مۇقەررەر تەشۋىقات
بولىدۇ؛ ھېچكىم تەشۋىقات تەرغىبىسى-
دىكى يازما بولسىلا، ئۇ ئەدەبىيات
بولىدۇ دەپ تەشەببۇس قىلغىنى يوق.
دەرۋەقە، ئالدىنقى يىلدىن بۇيان،
جۇڭگودا ھەقىقەتەن شوئارلارنى
قىستۇرۇپ قويۇش بىلەن ئۆزىنى
پرولېتار ئەدەبىياتى قىلمۇالغان
بىر مۇنچە شېئىرلار، ھېكايىلەر چىق-
تى. لېكىن بۇ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدا
ۋە شەكلىدە پرولېتارچە پۇراق بول-
مىغاچقا،شوئارلارنى ئىشلەتمىسە ئۆز-
نىڭ «يېڭى» لىقىنى ئىپادىلەپ
بېرەلمەيدىغانلىقىدىن بولغان، ئۇلار
ئەمەلىيەتتە پرولېتارىيات ئەدەبىياتى
ئەمەس. بۇ يىل مەشھۇر «پرولېتا-
رىيات ئەدەبىي تەنقىدچىسى» چيەن
شىنسۇن ئەپەندى «بوز يەر ئاچقۇ-
چى» ناملىق ژۇرنالدا لۇناچارسكىي-
نىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ،
ئۇنىڭ ئامما چۈشىنەلەيدىغان ئەدە-
بىياتنى قەدىرلىگەنلىكىنى شوئار



足见用口号标语之未可厚非，来给那些“革命文学”辩护。但我觉得那也和梁实秋先生一样，是有意的或无意的曲解。卢那卡尔斯基所谓大众能解的东西，当是指托尔斯泰做了分给农民的小本子那样的文体，工农一看便会了然的语法，歌调，诙谐，只要看台明·培特尼（DemianBednii）曾因诗歌得到赤旗章，而他的诗中并不用标语和口号，便可明白了。

最后，梁先生要看货色。这不错的，是最切实的办法；但抄两首译诗算是在示众，是不对的。《新月》上就曾有《论翻译之难》，何况所译的文是

ئىشلىتىشنى ئارتۇقچە ئېيىبلەشكە
بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ھېساب-
لاپ، ئاتالمىش «ئىنقىلابىي ئەدە-
بىيات» نى ئاقلىغان. مېنىڭچە، بۇمۇ
لياڭ شىچيۇ ئەپەندىگە ئوخشاشلا
ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بۇرمىلاش.
لۇناچارسكىينىڭ ئامما چۈشىنەلەي-
دىغان نەرسە دېگىنى تولستوينىڭ
دېھقانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن
يازغان كىتابچىلىرىغا ئوخشاش ئۇس-
لۇبتا يېزىلغان نەرسىلەرگە قارىتىل-
غان بولسا كېرەك. ئىشچى، دېھقان-
لار بىر قاراش بىلەنلا چۈشىنىپ
كېتەلەيدىغان گىراماتىكا، شېئىر،
چاقچاقلار توغرىسىدا، دېميان بېد-
نىي (Demian Bednii) نىڭ
شېئىر يازغانلىقى ئۈچۈن قىزىل باي-
راق مېدالى ئالغانلىقىغا، ئۇنىڭ
شېئىرلىرىدا بولسا شوئار ئىشلىتىلمى-
گەنلىكىگە نەزەر سالساقلا كۇپايە.

ئاخىرىدا، لياڭ ئەپەندى ئەسەر-
نىڭ سۈپىتىگە قارايدىكەن. بۇ جايى-
دا، بۇ ناھايىتى ئەمەلىي چارە؛ لې-
كىن ئىككى پارچە تەرجىمە شېئىرنى
كۆچۈرۈۋېلىپ سازايى قىلىشى توغ-
را ئەمەس. «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىدا
«تەرجىمە قىلىشنىڭ تەسلىكى» دېگەن
ماقالە بېسىلغان، ھالبۇكى، شېئىر

诗。就我所见的而论，卢那卡尔斯基的《被解放的堂·吉诃德》，法兑耶夫的《溃灭》，格拉特珂夫的《水门汀》，在中国这十一年中，就并无可以和这些相比的作品。这是指“新月社”一流的蒙资产文明的余荫，而且衷心在拥护它的作家而言。于号称无产作家的作品中，我也举不出相当的成绩。但钱杏邨先生也曾辩护，说新兴阶级，于文学的本领当然幼稚而单纯，向他们立刻要求好作品，是“布尔乔亚”的恶意。这话为农工而说，是极不错的。这样的无理要

تەرجىمە قىلىش ئېنىمۇ تەس ـ تە.
ئۆزۈم ئوقۇغانلىرىمنى ئېلىپ ئېيتـ
سام، 11 يىلدىن بۇيان جۇڭگودا
لۇناچارسكىينىڭ «ئازاد قىلىنغان
دون ـ كىخوت»، فادېيېۋنىڭ «تار-
مار»، گلادكوۋنىڭ «سېمېنت» دې-
گەن ئەسەرلىرىگە تەڭ كېلەلەيدىغان
ئەسەرلەر چىققىنى يوق. بۇ يەردە
«يېڭى ئاي تەھرىراتى» دىكى بۇر-
ژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ پۇشتىلىرىنى،
ھەمدە ئۇلارنى چىن قەلبىدىن ھىما-
يە قىلىدىغان يازغۇچىلارنى نەزەر-
دە تۇتۇۋاتىمەن. پرولېتار يازغۇ-
چىلىرى دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئەسەر-
لىرىدىن خېلى نەتىجىلىك دەپ
بىرەرىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن.
لېكىن چيەن شىڭسۇن ئەپەندى،
يېڭى گۈللەنگەن سىنىپ ئەدەبىي
ماھارەت جەھەتتە ئەلۋەتتە گۆدەك
ۋە ئاددىي كېلىدۇ، ئۇلاردىن دەرھال
ياخشى ئەسەر تەلەپ قىلىش «بۇر-
ژۇئازىيىچە» يامان نىيەت، دەپمۇ
ئاقلىغانىدى. بۇ سۆز ئىشچى ـ
دېھقانلارنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان
بولسا ئىدى، ناھايىتى توغرا بول-
غان بولاتتى. يەنى ئۇلارغا مۇنداق
يولسىز تەلەپ قويۇش خۇددى



求，恰如使他们冻饿了好久，倒怪他们为什么没有富翁那么肥胖一样。但中国的作者，现在却实在并无刚刚放下锄斧柄子的人，大多数都是进过学校的智识者，有些还是早已有名的文人，莫非克服了自己的小资产阶级意识之后，就连先前的文学本领也随着消失了么？不会的。俄国的老作家亚历舍·托尔斯勒和威垒赛耶夫，普理希文，至今都还有好作品。中国的有口号而无随同的实证者，我想，那病根并不在“以文艺为阶级斗争的武器”，而在“借阶级斗争为文艺的武器”在“无产者文

ئۇلارنى ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ ـ يالـ
ئاچ قالدۇرۇپ، نېمىشقا بايلارغا
ئوخشاش سەمرىشمەيسەن دەپ ئەيىپ-
لىگەندەك بىر ئىش بولاتتى. لېكىن
جۇڭگونىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە ھازىر
پالتا ـ كەتمەن دەستىسىنى يېڭىلا
قولىدىن چۈشۈرگەن ئادەملەر ھەقىـ
قەتەن تېپىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ زور
كۆپچىلىكى مەكتەپتە ئوقۇغان بىلىم-
دارلار، بەزىسى ئېخى ئاللىقاچان
داڭقى چىققان ئەدىب، ئۇلار ئۆز-
لىرىدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئاڭ-
لىرىنى تۈگەتسە، ئىلگىرىكى ئەدە-
بىي ماھارىتىنىمۇ تەڭلا يوقاتقان
بولامدۇ؟ ياق. روسىيىنىڭ پېشقەدەم
يازغۇچىلىرىدىن ئالېكسېي تولستوي،
ۋېرېسايېپ، پرىشۋىن ھازىرمۇ ياخشى
ئەسەرلەرنى يارىتىۋاتىدۇ. جۇڭگودا
شوئار بار، ئەمما ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ
ئەمەل قىلغۇچىلار يوق، بۇ كېسەلـ
نىڭ مەنبەسى، مېنىڭچە، «ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنى سىنىپىي كۈرەش قورالى»
قىلغانلىقتا ئەمەس، بەلكى «سىنىپىي
كۈرەشنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ
قورالى سۈپىتىدە سۈيىئىستېمال قىل-
غان» لىقتا، «پرولېتار ئەدەبى-

学”这旗帜之下，聚集了不少的忽翻筋斗的人，试看去年的新书广告，几乎没有一本不是革命文学，批评家又但将辩护当作“清算”，就是，请文学坐在“阶级斗争”的掩护之下，于是文学自己倒不必着力，因而于文学和斗争两方面都少关系了。

但中国目前的一时现象，当然毫不足作无产文学之新兴的反证的。梁先生也知道，所以他临末让步说，“假如无产阶级革命家一定要把他的宣传文学唤做无产文学，那总算是一种新兴文学，总算是文学国土里的新收获，用

ياتى» دېگەن بايراق ئاستىغا بىر
مۇنچە ئۇشتۇمتۇتلا دومىلاپ كېتىدى-
غان ئادەملەرنى توپلاپ قويغانلىقتا.
بۇلتۇرقى يېڭى كىتابلار ئېلانلىرىغا
قاراپ باقساق، ئىنقىلابىي ئەدەبى-
يات ھېسابلانمايدىغىنى يوقتەك تۇ-
رىدۇ، تەنقىدچىلەرمۇ ئاقلاشنى «ھې-
ساب ئېلىش» قىلىۋالغان، يەنى
ئەدەبىياتنى «سىنىپىي كۈرەش» نىڭ
پاناھلىقى ئاستىغا ئولتۇرغۇزۇپ قوي-
غان، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ
ئۆزىگە كۈچ چىقىرىش ھاجەتسىز
بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن ئەدە-
بىيات بىلەن كۈرەشنىڭ مۇناسىۋىتى
ئازىيىپ كەتكەن.

لېكىن جۇڭگودا يۈز بېرىۋاتقان
ھازىرقى ۋاقىتلىق ھادىسىلەر پرو-
لېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىدىن
باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ ئەكس
دەلىلى بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنى
لياڭ ئەپەندىمۇ بىلگەنلىكى ئۈچۈن
ئاخىر يول قويۇپ: «ئەگەر پرولې-
تارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ
تەشۋىقات ئەدەبىياتلىرىنى پرولېتا-
رىيات ئەدەبىياتى دەپ تۇرۇۋالىدى-
غان بولسا، ئۇنى ھەر ھالدا يېڭى-
دىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئەدەبىيات



不着高呼打倒资产的文学来争夺文学的领域，因为文学的领域太大了，新的东西总有它的位置的。”但这好象“中日亲善，同存共荣”之说，从羽毛未丰的无产者看来，是一种欺骗。愿意这样的“无产文学者”，现在恐怕实在也有的罢，不过这是梁先生所谓“有出息”的要爬上资产阶级去的“无产者”一流，他的作品是穷秀才未中状元时候的牢骚，从开手到爬上以及以

ھېسابلاشقا، ئەدەبىيات زېمىنىدىكى يې-
ڭى مەھسۇلات ھېسابلاشقا بولار،
بۇرژۇئازىيە ئەدەبىياتىنى يوقىتىپ،
ئەدەبىيات زېمىنىنى تارتىۋالاي-
دەپ ۋاقىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق،
چۈنكى ئەدەبىيات زېمىنى تولىمۇ
كەڭ، يېڭى نەرسىلەرگە ھەر قاچان
ئورۇن تېپىلىدۇ» دەيدۇ. لېكىن بۇ،
قانات - قۇيرۇقى تېخى يېتىلمىگەن
پرولېتارىياتنىڭ نەزەرىدە خۇددى
«جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئىناق بو-
لايلى، بىللە ياشاپ، بىللە گۈللى-
نەيلى» دېگەنگە ئوخشاش بىر خىل
ئالدامچىلىق. شۇنداق قىلىشنى راۋا
كۆرىدىغان «پرولېتارىيات ئەدەبى-
ياتچىلىرى» بەلكىم ھازىر ھەقىقەتەن
بولسا كېرەك، بىراق ئۇلار لياڭ
ئەپەندى ئېيتقاندەك بۇرژۇئازىيە
دەرىجىسىگە يامىشىپ چىقىشنى ئارزۇ
قىلىدىغان «پەمى بار پرولېتار» لار.
ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى گاداي شيۇسەي
(موللىلار) نىڭ ئەلىيول ئەلا (ئوردا
ئىمتىھانىدا بىرىنچى بولغان مىرزا)
دەرىجىسىگە ئېرىشەلمىگەن چاغدىكى
قاقشاشلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس؛
ئىشنى باشلىغاندىن تارتىپ يامىشىپ
چىققانغا قەدەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن-

后，都决不是无产文学。无产者文学是为了以自己们之力，来解放本阶级并及一切阶级而斗争的一翼，所要的是全般，不是一角的地位。就拿文艺批评界来比方罢，假如在“人性”的“艺术之宫”（这须从成仿吾先生处租来暂用）里，向南面摆两把虎皮交椅，请梁实秋钱杏邨两位先生并排坐下，一个右执“新月”，一个左执“太阳”，那情形可真是“劳资”媲美了。

كى ئەسەرلىرى ھەرگىز پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئەمەس. پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئۆز سىنىپىنى ۋە بارلىق سىنىپلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بىر قانات، ئۇلارنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى بىر بۆلۈكىدىكى ئورۇن ئەمەس، بەلكى ھەممە ئورۇن. ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىرىنى مىسال كەلتۈرەيلى، ئەگەر «ئىنسان تەبىئىتى» نىڭ «سەنئەت ئوردىسى» (بۇ سۆزنى چېڭ فاڭۋۇ ئەپەندى ھوزۇرىدىن ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى) دا جەنۇب تەرەپكە ئىككى دانە يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ئېسىل ئورۇندۇق قويۇپ، لياڭ شىچيۇ ئەپەندى بىلەن چيەن شىڭسۈن ئەپەندىنى قاتار ئولتۇرغۇزۇپ قويساق، بىرى ئوڭ قولىغا «يېڭى ئاي» نى ئالسا، بىرى سول قولىغا «قۇياش» نى ئالسا، بۇ كۆرۈنۈش خۇددى «ئەمگەك بىلەن كاپىتال» نىڭ گۈزەللىك سېلىشتۇرغىنىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.



## 五

到这里，又可以谈到我的“硬译”去了。

推想起来，这是很应该跟着发生的问题：无产文学既然重在宣传，宣传必须多数能懂，那么，你这些“硬译”而难懂的理论“天书”，究竟为什么而译的呢？不是等于不译么？

我的回答，是：为了我自己，和几个以无产文学批评家自居的人，和一部分不图“爽快”，不怕艰难，多少要明白一些这理论的读者。

从前年以来，对于我个人的攻击是多极了，每

## 5

ئەمدى بۇ يەردە، ئۆزۈمنىڭ «قاتمال تەرجىمە» لىرىم ئۈستىدە يەنە توختىلاي.

پەرەز قىلغانىدا، بۇمۇ تەگلا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە: پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ سالمىقى تەشۋىقات ئىكەن، تەشۋىقاتنى كۆپچىلىك ئادەم چۈشىنەلىشى شەرت ئىكەن، ئۇنداقتا سەن بۇ «قاتمال تەرجىمە» قىلىنغان ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەزەرىيەۋى «تىلسىمنامە» نى زادى نېمە ئۈچۈن تەرجىمە قىلدىڭ؟ بۇ تەرجىمە قىلمىغانغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە ئۆزىنى پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ تەنقىدچىسى دەپ ئاتىۋالغان بىرنەچچە ئادەم ئۈچۈن، «ھوزۇر» لىنىشقا بېرىلمەيدىغان، مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، بۇ نەزەرىيەلەرنى ئاز - تولا چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىتابخانلار ئۈچۈن تەرجىمە قىلدىم.

ئالدىنقى يىلدىن بۇيان شەخسەن ماڭا ھۇجۇم قىلىدىغانلار تولىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، ھەر

一种刊物上，大抵总要看见“鲁迅”的名字，而作者的口吻，则粗粗一看，大抵好象革命文学家。但我看了几篇，竟逐渐觉得废话太多了。解剖刀既不中腠理[87]，子弹所击之处，也不是致命伤，例如我所属的阶级罢，就至今还未判定，忽说小资产阶级，忽说“布尔乔亚”，有时还升为“建封余孽”，而且又等于猩猩（见《创造月刊》上的《东京通信》）；有一回则骂到牙齿的颜色。在这样的社会里，有封建余孽出风头，是十分可能的，但封建余孽就是猩猩，却在任

خىل ژۇرناللاردا «لۇشۈن» دېگەن ئىسىم ئومۇمەن ئۇچراپ تۇرىدۇ؛ ئاپتورلىرىنىڭ تەلەپپۇزىدىن، شۇنداقلا قارىغاندا، ئىنقىلابىي ئەدىبلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن بىرنەچچە پارچە ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، قۇرۇق گەپلىرىنىڭ تولىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى بارا - بارا ھېس قىلدىم. نەشتەر جان تومۇرغا، ئوق جايىغا تەگمىسە جانغا خەۋپ يەتكۈزەلمەيدۇ. مەسىلەن، مەن تەۋە بولغان سىنىپ توغرىسىدا، تاكى ھازىرغىچە بىر نېمە دەپ ھۆكۈم قىلىشالمىدى، بىر تۇرۇپ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە دېيىشىدۇ، بىر تۇرۇپ «بۇرژۇئازىيە» دېيىشىدۇ، بەزىدە تېخى «فېئودالىزمنىڭ پۇشتى»، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمپەنزە بىلەن ئوخشاش («ئىجادىيەت ژۇرنىلى» دىكى «دۇڭجىڭدىن خەت» كە قارالسۇن) قىلىپمۇ قويۇشىدۇ؛ قايسى بىر قېتىمدا ھەتتا چىشلىرىمنىڭ رەڭگىچە تىللاشتى. مۇشۇنداق جەمئىيەتتە فېئودالىزم پۇشتىلىرىنىڭ دەۋران سۈرۈشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، لېكىن، فېئودالىزمنىڭ پۇشتى بولسا شىمپەنزە دەپ ھېچقانداق



何“唯物史观”上都没有说明，也找不出牙齿色黄，即有害于无产阶级革命的论据。我于是想，可供参考的这样的理论，是太少了，所以大家有些胡涂。对于敌人，解剖，咬嚼，现在是在所不免的，不过有一本解剖学，有一本烹任法，依法办理，则构造味道，总还可以较为清楚，有味。人往往以神话中的 Prometheus 比革命者，以为窃火给人，虽遭天帝之虐待不悔，其博大坚忍正相同。但我从别国里窃得火来，本意却

«ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشى» دا شەرھىلەنگەن ئەمەس ۋە ئۇنىڭدىن چىشىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا زىيانلىق بولىدىغانلىقىغا دەلىل تاپقىلىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئويلاپ قالىمەنكى، بۇ ھەقتە پايدىلىنىپ كۆرگۈدەك نەزەرىيە تولىمۇ ئاز بولغاچقا، ئۇلار بىر ئاز كولدۇرلاپ قالغان. دۈشمەننى يېرىپ تەكشۈرۈشتىن، چايناپ بېقىشتىن ھازىرقى ۋاقىتتا خالىي بولغىلى بولمايدۇ. بىراق يېرىپ تەكشۈرۈش ئىلمىگە دائىر بىرەر كىتاب، قايىنىتىپ پىشۇرۇش ئۇسۇلىغا دائىر بىرەر كىتاب بولغان بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىنسا تەم پەيدا بولاتتى - دە، ئايدىڭلىشاتتى، لەززەتلىك بولاتتى. كىشىلەر تولا چاغلاردا مىفلاردىكى Prometheus نى ئىنقىلابچىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇ ئىنسانلارغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن، خۇدا شۇنچە ئازابلىسىمۇ تۆۋە قىلمىغان، ئۇنىڭ قورسىقى كەڭلىكى ۋە قەيسەرلىكى ئىنقىلابچىنىڭكىگە راسا ئوخشايدۇ، دېيىشىدۇ. لېكىن مەن باشقا دۆلەتلەردىن ئوت ئوغرىلاپ كېلىشتە،

在煮自己的肉的，以为倘能味道较好，庶几在咬嚼者那一面也得到较多的好处，我也不枉费了身躯：出发点全是个人主义，并且还夹杂着小市民性的奢华，以及慢慢地摸出解剖刀来反而刺进解剖者的心脏里去的“报复”。梁先生说“他们要报复！”其实岂只“他们”，这样的人在“封建余孽”中也很有的。然而，我也愿意于社会上有些用处，看客所见的结果仍是火和光。这样，首先开手的就是《文艺政策》，因为其中含有各派的议论。

ئەسلىدە ئۆز گۆشۈمنى پىشۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدىم؛ تەمى ياخشىراق بولسا، چاينىغۇچىلارمۇ كۆپرەك نەپ ئالسا، تېنىممۇ زايا كەتمىگەن بولاتتى دەپ ئويلىغانىدىم؛ مۇددىئايىم پۈتۈنلەي شەخسىيەتچىلىك بولغانلىقى ئۈستىگە، ئۇنىڭغا مېشچانلارچە ھەشەمەتچىلىكمۇ، شۇنىڭدەك نەشتىرىمنى ئاستا چىقىرىپ، مېنى يېرىپ كۆرگۈچىلەرنىڭ يۈرىكىگە تىقىپ، «ئىنتىقام ئېلىش» مۇ ئارىلاشقانىدى. لياڭ ئەپەندى «ئۇلار ئىنتىقام ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ!» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە يالغۇز «ئۇلار» لا ئەمەس، ئۇنداق ئادەملەر «فېئودالىزمنىڭ پۇشتى» لىرى ئىچىدىمۇ تولا. لېكىن مەن جەمئىيەتكە ئاز - تولا نەپ يەتكۈزۈشنى، تاماشىچىلار كۆرىدىغان نەتىجىنىڭ يەنىلا ئوت ۋە نۇر بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋۋال قول سېلىپ ئىشلىگىنىم «ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتى» بولدى، چۈنكى ئۇنىڭدا تۈرلۈك گۇرۇھلارنىڭ مۇھاكىمىلىرى بار.



郑伯奇先生现在是开书铺，印Hauptmann和Gregory夫人的剧本了，那时他还是革命文学家，便在所编的《文艺生活》上，笑我的翻译这书，是不甘没落，而可惜被别人着了先鞭。翻一本书便会浮起，做革命文学家真太容易了，我并不这样想。有一种小报，则说我的译《艺术论》是“投降”。是的，投降的事，为世上所常有。但其时成仿吾元帅早已爬出日本的温泉，住进巴黎的旅馆了，在这里又向谁去输诚呢。今

جېڭ بوچى ئەپەندى ھازىر كىتابپۇرۇشلۇق قىلىۋاتىدۇ، HauPtmann ۋە Gergory خانىمنىڭ سەھنە ئەسىرىنى باستى؛ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىنقىلابىي ئەدىب ئىدى، ئۇ ئۆزى تەھرىرلەيدىغان «ئەدەبىيات - سەنئەت تۇرمۇشى» دا مېنىڭ شۇ كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىمنى، قاتاردىن قالمايمەن دەپ تەرجىمە قىلغان ئىكەن، دەپ مەسخىرە قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، مەندىن ئاۋۋال باشقىلاردىن قامچا يېدى. بىرەر كىتابنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا ھاكاۋۇرلىنىشىپ كەتسە، ئىنقىلابىي ئەدىب بولۇش تولىمۇ ئاسان ئىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. كىچىككىنە بىر گېزىت مېنىڭ «سەنئەت توغرىسىدا» نى تەرجىمە قىلغانلىقىمنى «تەسلىمچىلىك» دەپتۇ. شۇنداق، تەسلىم بولىدىغان ئىشلار دۇنيادا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ چاغدا مارشال چېڭ فاڭۋۇ ئاللىقاچان ياپونىيىنىڭ ئارشاڭىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، پارىژدىكى مېھمانخانىغا كىرىپ جايلىشىپ بولغان تۇرسا، بۇ يەردە يەنە كىمگە تەسلىم بولغان ئىش ئىكەن - تاڭ؟!

年，说法又两样了，在《拓荒者》和《现代小说》上，都说是“方向转换”。我看见日本的有些杂志中，曾将这四字加在先前的新感觉派片冈铁兵上，算是一个好名词。其实，这些纷纭之谈，也还是只看名目，连想也不肯想的老病。译一本关于无产文学的书，是不足以证明方向的，倘有曲译，倒反足以为害。我的译书，就也要献给这些速断的无产文学批评家，因为他们是有不贪“爽快”，耐苦来研究这些理论的义务的。

بۇ يىل يەنە باشقىچە گەپ چىقىپ قالدى، «بوز يەر ئاچقۇچى» بىلەن «ھازىرقى زامان ھېكايىلىرى»دا «يۆنىلىشنى بۇرىۋەتتى» دېيىشىۋاتىدۇ. ياپونىيىنىڭ بەزى ژۇرناللىرى بۇ سۆزنى يېڭى ھېسسىياتنىڭ سابىق تەرەپدارلىرى كاتا ئوكاتېبېيگە ياخشى ئىسىم دەپ چاپلاشقانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كوتۇلداشلار پەقەت ئىسىمغىلا قاراپ قويۇپ، ئويلاپ كۆرۈشنىمۇ خالىمايدىغان كونا كېسەلدىن ئىبارەت. پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا دائىر بىرەر كىتابنى تەرجىمە قىلىش بىلەن يۆنىلىشنى ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئەگەر بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلسا، ئەكسىچە زىيان كەلتۈرىدۇ. مەن كىتابنى ئەنە شۇنداق چۇس پرولېتار ئەدەبىي تەنقىتچىلىرىگە ئاتاپ تەرجىمە قىلىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ «ھوزۇرلىنىش»قا بېرىلمەي، بۇ نەزەرىيىلەرنى دەرتكە چىداپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان مەجبۇرىيىتى بار.



但我自信并无故意的曲译，打着我所不佩服的批评家的伤处了的时候我就一笑，打着我的伤处了的时候我就忍疼，却决不肯有所增减，这也是始终“硬译”的一个原因。自然，世间总有较好的翻译者，能够译成既不曲，也不“硬”或“死”的文章的，那时我的译本当然就被淘汰，我就只要来填这从“无有”到“较好”的空间罢了。

然而世间纸张还多，每一文社的人数却少，志大力薄，写不完所有的纸张，于是一社中的职司克敌朋友，扫荡异类的批评家，看见别人来涂写纸张了，便喟然兴叹，不胜其摇头顿足之苦。上海的

لېكىن شۇنداق ئىشەنچىم باركى، مېنىڭ ئەتەي بۇرمىلىمىغان تەرجىمىلىرىم مەن ياراتمايدىغان تەنقىدچىلەرنىڭ يېغىرىغا تەگسە ھوزۇرلىنىپ كۈلىمەن، ئۆزۈمنىڭ يېغىرىغا تەگسە چىدايمەن، لېكىن ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتمەيمەن ھەم كېمەيتمەيمەن بۇمۇ مېنىڭ «قاتمال تەرجىمە» قىلىشىمنىڭ بىر سەۋەبى. دەرۋەقە دۇنيادا ئاخىر ياخشىراق تەرجىمانلار چىقىدۇ، ئۇلار ھەم بۇرمىلىماي، ھەم «قاتمال» ياكى «ئۆلۈك»مۇ قىلماي تەرجىمە قىلالايدۇ، شۇ چاغدا مېنىڭ تەرجىمىلىرىم شاللاپ تاشلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. مەن ئەنە شۇنداق «يوق» لۇقتىن «ياخشىراق»قا ئۆتكىچە بولغان بوشلۇقنى تولدۇرسام بولدى.

ۋەھالەنكى، دۇنيادا قەغەز تولا، لېكىن ئەدەبىيات تەھرىراتلىرىدا ئادەم ئاز؛ ئۇلارنىڭ ئىرادىسى چوڭ ۋە لېكىن كۈچى ئاجىز، ئۇلار ھەممە قەغەزنى يېزىپ تۈگىتەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر تەھرىراتتا دۈشمەنگە قارشى دوستلىرىغا ياردەم بېرىش، ياتلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تەنقىدچىلەر باشقىلارنىڭ قەغەزگە يازماقچى بولغىنىنى كۆرۈپ قالسا، ئاھ ئۇرۇپ، بېشىنى چايقاپ، تېپىچەكلەپ كېتىدۇ.

《申报》上，至于称社会科学的翻译者为“阿狗阿猫”，其愤愤有如此。在“中国新兴文学的地位，早为读者所共知”的蒋光Z先生，曾往日本出京养病，看见藏原惟人。谈到日本有许多翻译太坏，简直比原文还难读……他就笑了起来，说：“……那中国的翻译更要莫名其妙了，近来中国有许多书籍都是译自日文的，如果日本人将欧洲人那一国的作品带点错误和删改，从日文译到中国去，试问这作品岂不是要变了一半相貌么？……”

شاڭخەيدىكى «شېنباۋ» گېزىتى ھەتتا ئىجتىمائىي پەن تەرجىمانلىرىنى «ئىت باي، مۈشۈك باي» دەپ ئاتىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوغىسى ئەنە شۇنداق قايناپ كەتكەن. «جۇڭگونىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ئاللىقاچان كىتابخانلارغا مەلۇم بولغان» جياڭ گۇاڭ Z ئەپەندى ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىگە كېسەل داۋالاتقىلى بېرىپ، تۇراخارا كورېخىتو بىلەن كۆرۈشكىنىدە، تۇراخارا كورېخىتونىڭ، ياپونىيىدە بىرمۇنچە تولىمۇ ناچار تەرجىمىلەر بار، ئۇ تەرجىمىلەرنى چۈشىنىش ھەتتا ئەسلىنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىنمۇ تەس......دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ كېتىپ: «......جۇڭگودا تەرجىمانلار تېخىمۇ قاملاشمىغان، يېقىندىن بۇيان جۇڭگودا ياپون تىلىدىن بىرمۇنچە كىتاب تەرجىمە قىلىندى، ئەگەر ياپونلار ياۋروپادىكى بىرەر مەملىكەتنىڭ ئەسەرلىرىگە بىرئاز خاتالىق كىرگۈزۈپ قويغان ۋە ئۇ ئەسەرلەرنى بىرئاز ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسا، ياپون تىلىدىن جۇڭگو تىلىغا تەرجىمە قىلىنسا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ قىياپىتىنىڭ يېرىمى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولمامدۇ؟......»



（见《拓荒者》）也就是深不满于翻译，尤其是重译的表示。不过梁先生还举出书名和坏处，蒋先生却只嫣然一笑，扫荡无余，真是普遍得远了。藏原惟人是从俄文直接译过许多文艺理论和小说的，于我个人就极有裨益。我希望中国也有一两个这样的诚实的俄文翻译者，陆续译出好书来，不仅自骂一声“混蛋”就算尽了革命文学家的责任。

然而现在呢，这些东西，梁实秋先生是不译

«(بوز يەر ئاچقۇچى» غا قارالسۇن) دەپتىكەن. دېمەك ئۇ تەرجىمىگە، بولۇپمۇ تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشقا ناھايىتى نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. لياڭ ئەپەندىنىڭ كىتابلىرىنىڭ ئىسمىنى ۋە يامان يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن، بىراق جياڭ ئەپەندى بولسا پىسسىڭلاپ كۈلۈپ قويۇپ، ھېچنەرسىنى قالدۇرماي سۈپۈرۈپ تاشلىغان، ھەقىقەتەن ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىۋەتكەن. تۇراخارا كورېخىتو رۇس تىلىدىن بىرمۇنچە ئەدەبىيات — سەنئەت نەزەرىيىلىرىنى ۋە ھېكايىلەرنى بىۋاستە تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭ شەخسەن ماڭا ناھايىتى پايدىسى تەگدى. مەن جۇڭگودىمۇ شۇنداق ھالال ئىشلەيدىغان بىر — ئىككى رۇسچە تەرجىمان چىقىپ، ياخشى كىتابلارنى داۋاملىق تەرجىمە قىلىشىنى، ئۆزىنى «ھارامزادە» دەپ بىر ئېغىز تىللاپ قويۇش بىلەنلا ئىنقىلابىي ئەدىبلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەپ بولغان بولۇۋالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ھازىرچۇ، بۇ نەرسىلەرنى لياڭ شىچيۇ ئەپەندى تەرجىمە قىلمايدىغان

的，称人为“阿狗阿猫”的伟人也不译，学过俄文的蒋先生原是最为适宜的了，可惜养病之后，只出了一本《一周间》，而日本则早已有了两种的译本。中国曾经大谈达尔文，大谈尼采，到欧战时候，则大骂了他们一通，但达尔文的著作的译本，至今只有一种，尼采的则只有半部，学英德文的学者及文豪都不暇顾及，或不屑顾及，拉倒了。所以暂时之间，恐怕还只好任人笑骂，仍从日文来重译，或者取一本原文，

بولدى، باشقىلارنى «ئىت باي، مۈشۈك باي» دەپ ئاتايدىغان ئۇلۇغلارمۇ تەرجىمە قىلمايدىغان بولدى، رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن جىياڭ ئەپەندى بۇ ئىشقا ئەسلىدە ناھايىتى باب ئىدى، ئەپسۇسكى ئۇ كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن، ئاران «بىر ھەپتە ئىچىدە» دېگەن بىر ئەسەرنىلا چىقاردى، ۋەھالەنكى بۇنىڭ ياپونىيىدە خېلى بۇرۇنلا ئىككى خىل تەرجىمىسى چىققانىدى. جۇڭگو بىر چاغلاردا ۋاي داروۋىن، ۋاي نىتسشې دەپ يۈرگەنىدى، ياۋروپا ئۇرۇشى دەۋرىدە بولسا ئۇلارنى تىللاشقا باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ داروۋىن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن ھازىر بىر خىلىلا بار، نىتسشېنىڭ بولسا يېرىم قىسمى بار؛ ئىنگلىز، نېمىس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ئالىملارنىڭ ۋە كاتتا ئەدىبلەرنىڭ چولىسى تەگمىگەچكە ياكى نەزەرگە ئىلمىغاچقا بىر چەتكە قايرىلىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە باشقىلار مەسخىرە قىلسىمۇ، تىللىسىمۇ پەرۋا قىلماي، ياپون تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلىش ياكى ئەسلى نۇسخىسىنى



比照了日译本来直译罢。我还想这样做，并且希望更多有这样做的人，来填一填彻底的高谈中的空虚，因为我们不能象蒋先生那样的“好笑起来”，也不该如梁先生的“等着，等着，等着”了。

## 六

我在开头曾有“以硬自居了，而实则其软如棉，正是新月社的一种特色”这些话，到这里还应该简短地补充几句，就作为本篇的收场。

تېپىپ ياپونچە تەرجىمىسىگە قاراپ تۇرۇپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش توغرا كەلسە كېرەك. مېنىڭ يەنە شۇنداق قىلغۇم بار ھەمدە تېخىمۇ كۆپ شۇنداق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇزۇل-كېسىل قۇرۇق گەپ ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، چۈنكى بىزگە جىياڭ ئەپەندىگە ئوخشاش «كۈلۈپ قويۇش» يارىمايدۇ، لياڭ ئەپەندىگە ئوخشاش «تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇش، كۈتۈپ تۇرۇش» مۇ كېرەك ئەمەس.

## 6

مەن باشتا «ئۆزىنى زورۇققان — چىشىنى قاتتىق چىشلىگەن قىلىپ كۆرسەتكىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە پاختىدەك بوش ئىكەنلىكى يېڭى ئاي جەمئىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى» دېگەن سۆزلەرنى قىلغانىدىم، ئەمدى بۇ يەردە بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرى سۈپىتىدە قىسقىچە بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلدى.

《新月》一出世，就主张“严正态度”，但于骂人者则骂之，讥人者则讥之。这并不错，正是“即以其人之道，还治其人之身”，虽然也是一种“报复”，而非为了自己。到二卷六七号合本的广告上，还说“我们都保持‘容忍’的态度（除了‘不容忍’的态度是我们所不能容忍以外），我们都喜欢稳健的合乎理性的学说”。上两句也不错，“以眼还眼，以牙还牙”，和开初仍然一贯，然而从这条大路走下去，一定要遇到“以暴力抗暴力”。这和新月社诸君所喜欢的“稳健”也不能相容了。

«يېڭى ئاي» دۇنياغا كېلىش بىلەنلا «جىددىي پوزىتسىيە» نى تەشەببۇس قىلىپ، تىللايدىغانلارنى تىللاش كېرەك، تەنە قىلغۇچىلارنى تەنە قىلىش كېرەك، دېگەنىدى. بۇمۇ جايىدا گەپ بولغان. بۇ دەل «ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش» بولىدۇ. بۇ «ئىنتىقام ئېلىش» نىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، لېكىن ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماسلىق كېرەك. 2 – جىلدنىڭ 6 – ۋە 7 – قوشما سانىدىكى ئېلانىدا «بىز ‹سەۋرى – تاقەت قىلىش› («سەۋرى – تاقەتلىك» بولالمىغانلارغا سەۋرى – تاقەت قىلالمايدىغانلىقىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا) پوزىتسىيىمىزنى ساقلاپ قالىمىز، بىز سالماقلىق، ئەقىلىلىككە مۇۋاپىق تەلىماتنى ياقتۇرىمىز» دېگەن سۆزلىرىمۇ بار. بۇ گەپلەرنىڭ يۇقىرىقى ئىككى جۈملىسىمۇ جايىدا، «كۆزۈڭنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي، چىشىڭنى چاققاننىڭ چىشىنى چاق» دېگەندەك، دەسلەپكىسى بىلەن ئىزچىللىشىپ كەلگەن. لېكىن مۇشۇ يول بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولسا، «زورلۇق كۈچكە زورلۇق كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇش» قا دۇچ كېلىپ قالىدۇ – دە، بۇمۇ يېڭى ئاي تەھرىراتىدىكى جانابلار ياقتۇرىدىغان «سالماقلىق» بىلەن پېتىشالمايدۇ.



这一回，新社的“自由言论”遭了压迫，照老办法，是必须对于压迫者，也加以压迫的，但《新月》上所显现的反应，却是一篇《告压迫言论自由者》，先引对方的党义，次引外国的法律，终引东西史例，以见凡压迫自由者，往往臻于灭亡：是一番替对方设想的警告。

所以，新月社的“严正态度”，“以眼还眼”法，归根结蒂，是专施之力量相类，或力量较小的人的，倘给有力者打肿了眼，就要破例，只举手掩住自己的脸，叫一声“小心你自己的眼睛！”

بۇ نۆۋەت يېڭى ئاي تەھرىراتىنىڭ «ئەركىن سۆز» لىرى زۇلۇمغا ئۇچرىدى، كونا چارە بويىچە، زۇلۇم قىلغۇچىغا زۇلۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن «يېڭى ئاي» دا چىققان ئىنكاس پەقەت «سۆز ئەركىنلىكىگە زۇلۇم سالغۇچىلارغا» دېگەن بىر پارچە ماقالە بولدى، بۇنىڭدا ئاۋۋال قارشى تەرەپنىڭ مەسلىكى، ئاندىن كېيىن چەت ئەل قانۇنلىرى، ئاخىرىدا شەرق ۋە غەربنىڭ تارىخىي مىساللىرى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئەركىنلىكنى بوغقۇچىلار ھامان ھالاك بولىدۇ، دەپ، قارشى تەرەپنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئاگاھلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

دېمەك، يېڭى ئاي تەھرىراتىنىڭ «جىددىي پوزىتسىيە» سى، «كۆزۈڭنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئويۇش» ئۇسۇلى، تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا، مەخسۇسلا كۈچتە تەڭ ياكى كۈچى ئاجىزراق ئادەملەرگىلا قارىتىلغان. ئەگەر كۈچى بارلاردىن مۇشت يەپ كۆزىنى ئىششىتىۋالىدىغان بولسا، ئادەتتە بۇزۇپلا ئۆزىنىڭ يۈزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ، «ئۆزۈڭنىڭ كۆزىگە دىققەت قىل!» دەپ توۋلاپ قويىدۇ، خالاس.

# 几条“顺”的翻译

鲁　迅

在这一个多年之中，拚死命攻击“硬译”的名人，已经有了三代：首先是祖师梁实秋教授，其次是徒弟赵景深教授，最近就来了徒孙杨晋豪大学生。但这三代之中，却要算赵教授的主张最为明白而且彻底了，那精义是——

“与其信而不顺，不如顺而不信。”

# بىرنەچچە «راۋان» تەرجىمە

لۇشۈن

مۇشۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، «قاتمال» غا جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان مەشھۇر ئادەملەردىن ئۈچ ئەۋلاد پەيدا بولدى: بىرىنچىسى، پىرى بولغان پروفېسسور لياڭ شىچيۇ، ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ شاگىرتى، پروفېسسور جاۋ جىڭشېن، يېقىندا تالىپچاق — ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياڭ جىڭخاۋ مەيدانغا چىقتى، بۇ ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدە پروفېسسور جاۋ جىڭشېننىڭ تەشەببۇسى ھەممىدىن بەك ئېنىق ۋە ئۈزۈل - كېسىل بولۇپ ئۇنىڭ مەھۇمى مۇنداق:

«دۇرۇس بولۇپ راۋان بولمىغىنىدىن كۆرە، راۋان بولۇپ دۇرۇس بولمىغىنى تۈزۈك.»



这一条格言虽然有些希奇古怪，但对于读者是有效力的。因为“信而不顺”的译文，一看觉得费力，要借书来休养精神的读者，自然就会佩服赵景深教授的格言。至于“顺而不信”的译文，却是倘不对照原文，就连那“不信”在什么地方都不知道。然而用原文来对照的读者，中国有几个呢。这时候，必须读者比译者知道得更多一点，才可以看出其中的错误，明白那“不信”的所在。否则，就只好胡里胡涂的装进脑子里去了。

我对于科学是知道得很少的，也没有什么外国书只好看看译本，但近来

بۇ ھېكمەتلىك سۆز بىر ئاز غەلىتە بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارغا كار قىلىدۇ. چۈنكى كىشى «دۇرۇس بولۇپ راۋان بولمىغان» تەرجىمىنى ئوقۇش بىلەنلا قىيىنلىشىپ قالىدۇ؛ ئۆز روھىغا كىتاب بىلەن دەم بېرىدىغان كىتابخانلار دەرۋەقە پروفېسسور جاۋ جىڭشېننىڭ ھېكمەتلىك سۆزىگە قايىل بولار. «راۋان بولسىمۇ، دۇرۇس بولمىغان» تەرجىمىنى ئەسلىگە سېلىشتۇرمىغىچە، دۇرۇس بولمىغان يەرلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان كىتابخانلاردىن جۇڭگودا قانچىلىك تېپىلاركىن - تاڭ. مۇنداق چاغدا، كىتابخان تەرجىماندىنمۇ كۆپرەك بىر نەرسىنى بىلىشى شەرت، شۇنىڭدىلا ئۇنىڭدىكى خاتالىقنى تاپالايدۇ - دە، «دۇرۇس بولمىغان» جايلىرىنى بىلىۋالىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ ئوقۇمايلا مېڭىسىگە قارا - قويۇق قاچىلىۋالىدۇ.

مېنىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتە بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇمدا چەت ئەل كىتابلىرىمۇ بولمىغاچقا، تەرجىمە قىلىنغانلىرىنىلا ئوقۇشقا مەجبۇرمەن. لېكىن يېقىندىن

往往遇见疑难的地方。随便举几个例子罢。《万有文库》里的周太玄先生的《生物学浅说》里，有这样的一句——

“最近如尼尔及厄尔两氏之对于麦……”

据我所知道，在瑞典有一个生物学名家Nilsson-Ehle是考验小麦的遗传的，但他是一个人而兼两姓，应该译作“尼尔生厄尔”才对。现在称为“两氏”，又加了“及”，顺是顺的，却很使我疑心是别的两位了。不过这是小问题，虽然，要讲生物学，连这些小节也不应该忽略，但我们姑且模模胡胡罢。

بۇيان گۇمانلىق يەرلەرنى پات-پاتلا ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولدۇم. شۇنداقلا بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەي: «ئەسەرلەر خەزىنىسى» دېگەن كىتابلار مەجمۇئەسىدىكى جۇ تەيشۈەن ئەپەندىنىڭ «بىئولوگىيە توغرىسىدا ئاددىي ساۋات» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر جۈملە بار ئىكەن:

«يېقىندا نىل ۋە ئېل ئەپەندىلەرنىڭ بۇغداي توغرىسىدىكى ......»

مېنىڭ بىلىشىمچە شۋېتسىيىدە Nilsson—Ehle ناملىق مەشھۇر بىر بىئولوگ بولۇپ، ئۇ بۇغداينىڭ ئىرسىيەت قانۇنىنى تەكشۈرىدىغان ئالىم ئىدى، لېكىن ئۇ قوش فامىلىلىك بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئىسمى «نىلسون-ئېل» دەپ تەرجىمە قىلىنسا توغرا بولاتتى. ھازىر بولسا «ئەپەندىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ۋە» سۆزىمۇ قوشۇلغان. بۇنىڭ راۋانلىقىغۇ راۋان، لېكىن مەندە باشقا ئىككى ئادەم بولسا كېرەك دېگەن گۇماننى پەيدا قىلدى. بۇ كىچىك مەسىلە بولسىمۇ، بىئولوگىيە توغرىسىدا سۆزلىنىۋاتقانىكەن، شۇنداق كىچىك تەرەپلىرىدىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ھازىرچە سالاۋات قىلىپ تۇرايلى.



今年的三月号《小说月报》上冯厚生先生译的《老人》里，又有这样的一句——

“他由伤寒病变为流行性的感冒（Influenza）的重病……”

这也是很“顺”的，但据我所知道，月流行性感冒并不比伤寒重，而且一个是呼吸系病，一个是消化系病，无论你怎样“变”也“变”不过去的。须是“伤风”或“中寒”，这才变得过去。但小说不比《生物学浅说》，我们也姑且模模胡胡罢。这回另外来看一个奇特的实验。

这一种实验，是出在何定杰及张志耀两位合译的美国Conklin所作的《遗传与环境》里面的。那译文是——

بۇ يىل 3-ئايلىق «ھېكايە» ژۇرنىلىدىكى فىڭ خۇشېڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلغان «بوۋاي» دىمۇ مۇنداق بىر جۈملە بار ئىكەن:

«ئۇنىڭ كېزىك كېسىلى ئېغىر كېسەلگە، يەنى يۇقۇملۇق زۇكام (Influenza)غا ئۆزگىرىپ كەتتى...»

بۇمۇ ناھايىتى «راۋان»، لېكىن مېنىڭ بىلىشىمچە، يۇقۇملۇق زۇكام كېزىكتىن ئېغىر ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرى نەپەس يوللىرىدا بولىدىغان كېسەل، يەنە بىرى ھەزىم يوللىرىدا بولىدىغان كېسەل، سەن ئۇنى ھەرقانچە «ئۆزگەر» تىسەڭمۇ «ئۆزگەر»تىپ كېتەلمەيسەن. پەقەت «تەپ» تۇتۇپ ياكى «جاڭداپ» قالغاندىلا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. لېكىن ھېكايە «بىئولوگىيە توغرىسىدا ئاددىي ساۋات»قا ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭغىمۇ سالاۋات قىلىپ تۇرايلى. ئەمدى باشقا بىر ئۆزگە-ئاجايىپ تەجرىبىگە قاراپ باقايلى.

بۇ تەجرىبە خې دىڭجې بىلەن جاڭ جىياۋ بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان، ئامېرىكىلىق Conklin يازغان «ئىرسىيەت ۋە مۇھىت» تىن چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق:

“……他们先取出兔眼睛内髓质之晶体，注射于家禽，等到家禽眼中生成一种‘代晶质’，足以透视这种外来的蛋白质精以后，再取出家禽之血清，而注射于受孕之雌兔。雌兔经此番注射，每不能堪，多遭死亡，但是他们的眼睛或晶体并不见有若何之伤害，并且他们卵巢容所蓄之卵，亦不见有什么特别之伤害，因为就他们以后所生的小兔看来，并没有生而具残缺不全之眼者”。

这一段文章，也好象是颇“顺”，可以懂得的。但仔细一想，却不免不懂起来了。一，“髓质之晶体”是什么？因为水晶体是没有髓质皮质之分的。二，“代晶质”又是什么？三，“透视外来的

«...... ئۇلار ئاۋۋال توشقاننىڭ كۆزىدىكى يىلىكسىمان كرىستاللنى ئېلىپ، ئۆي قۇشىغا ئوكۇل قىلدى، ئۆي قۇشىنىڭ كۆزىدە تاشقىرىدىن كەلگەن ئاقسىل ماددىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان «كرىستال سەپلەنمىسى» پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۆي قۇشىنىڭ قېنىنى ئېلىپ، بوغاز توشقانغا ئوكۇل قىلدى. چىشى توشقانلار بۇ ئوكۇلغا بەرداشلىق بېرەلمەي تولىسى ئۆلۈپ كەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ياكى خرۇستاللىرىغا بىرەر زىيان يەتمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۇرۇقدانلىرىغا توپلانغان ئۇرۇقلىرىغىمۇ بىرەر ئالاھىدە زىيان يەتمىگەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ كېيىن تۇغقان بوجەنلىرىگە قارىغاندا، كۆزلىرى مېيىپ بولۇپ تۇغۇلغان ئەمەس.»

بۇ ئابزاستىكى جۈملىلەرمۇ ناھايىتى «راۋان» دەك، چۈشىنىشلىكتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن تەپسىلىي ئويلاپ قارىغاندا، چۈشىنىكسىزلىكتىن خالىي ئەمەس. 1. «يىلىكسىمان كرىستال» دېگەن نېمە؟ چۈنكى، كرىستال يىلىكسىمان، تېرىسىمان دەپ ئايرىلمايدۇ. 2. «كرىستالنىڭ سەپلەنمىسى» دېگىنى نېمىسى؟ 3. «تاشقىرىدىن كەلگەن



蛋白质”又是怎么一回事？我没有原文能对，实在苦恼得很，想来想去，才以为恐怕是应该改译为这样的——

“他们先取兔眼内的制成浆状（以便注射）的水晶体，注射于家禽，等到家禽感应了这外来的蛋白质（即浆状的水晶体）而生‘抗晶质’（即抵抗这浆状水晶体的物质）。然后再取其血清，而注射于怀孕之雌兔。……”

以上不过随手引来的几个例，此外情随事迁，忘却了的还不少，有许多为我所不知道的，那自然就都溜过去，或者照样错

ئاقسىل ماددىلىرىنى گۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان» دېگىنى قانداق گەپ؟ مەندە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئەسلى نۇسخىسى بولمىغاچقا ناھايىتى ئىچىم پۇشتى، ئۇنداق ئويلاپ - بۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش كېرەك ئىكەن دېگەن يەرگە كەلدىم:

«ئۇلار ئاۋۋال توشقاننىڭ كۆزىدىكى شىلىمشىق تەييارلىقى بولىدىغان (ئوكۇل قىلىش ئۈچۈن) كرىستالنى ئېلىپ ئۆي قۇشىغا ئوكۇل قىلدى، ئۆي قۇشى بۇ يات ئاقسىل ماددىسىنى (يەنى شىلىم ھالىتىدىكى كرىستالنى) ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ كرىستالغا قارشى ماددا (يەنى ھېلىقى شىلىم ھالىتىدىكى كرىستالغا قارشى ماددا) نى پەيدا قىلغان، ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ قېنىنى ئېلىپ بوغاز توشقانغا ئوكۇل قىلغان......»

يۇقىرىقىلىرى ئۇتتۇر كەلگىنىنى بويىچە كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە مىسالدىنلا ئىبارەت، بۇلاردىن باشقا، مۇھىتقا قاراپ پىكىر تۇيغۇنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ قالغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئۆزۈم بىلمەيدىغان بىر مۇنچىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ياكى خاتا پېتىچە مېگەمگە

误地装在我的脑里了。但即此几个例子，我们就已经可以决定，译得“信而不顺”的至多不过看不懂，想一想也许能懂，译得“顺而不信”的却令人迷误，怎样也不会懂，如果好象已经懂得，那么你正是入了迷途了。

قاچىلىۋالغان بولۇشۇم تەبىئىي. شۇنداق بولسىمۇ، مۇشۇ بىر نەچچە مىسالدىنلا شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇكى، «تەرجىمە دۇرۇس بولۇپ، راۋانسىز» قىلىنسا، ھەرقانچە دېگەندىمۇ چۈشىنىكسىز چىقار، ئويلاپ كۆرگەندە چۈشىنىپ كەتكىلىمۇ بولار؛ تەرجىمە «راۋان بولسىمۇ دۇرۇس بولمىسا» ئازدۇرۇپ قويىدۇ، ھەرقانچە ئويلىغان بىلەنمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر چۈشەنگەندەك قىلغان بولسىڭىز، تويۇق يولغا كىرىپ كەتكەن بولىسىز.



# 再来一条“顺”的翻译

鲁　迅

这“顺”的翻译出现的时候，是很久远了；而且是大文学家和大翻译理论家，谁都不屑注意的。但因为偶然在我所搜集的“顺译模范文大成”稿本里，翻到了这一条，所以就再来一下子。

却说这一条，是出在中华民国国十九年八月三日的《时报》里的，在头号字的“针穿两手……”这一个题目之下，做着这样的文章：

# يەنە بىر «راۋان» تەرجىمە توغرىسىدا

لۇشۈن

«راۋان» تەرجىمىنىڭ پەيدا بولغىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئەدىب ۋە چوڭ تەرجىمە نەزەرىيىچىلىرىنىڭ بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ دىققەت قىلمايدۇ. لېكىن مەن توپلىغان «راۋان تەرجىمىلەر ئۈلگىلىرىنىڭ توپلىمى» دىن ئۇشتۇمتۇت مۇشۇنداق بىر ماددا ئۇچراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم گەپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

بۇ ماددىدىن گەپ باشلاي، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى «دەۋر» گېزىتىدە، «ئىككى قولىغا يىڭنە ئۆتكۈزۈلگەن......» دېگەن بىرىنچى نومۇرلۇق چوڭ ھەرپلەر بىلەن تىزىلغان ماۋزۇ ئاستىدا مۇنداق گەپ بار ئىكەن:

"被共党捉去以钱赎出由长沙逃出之中国商人，与从者二名，于昨日避难得汉，彼等主仆，均鲜血淋漓，语其友人曰，长沙有为共党作侦探者，故多数之资产阶级，于廿九日晨被捕，予等系于廿八日夜捕去者，即以针穿手，以秤秤之，言时出其两手，解布以示其所穿之穴，尚鲜血淋漓。……（汉口二日电通电）"

这自然是"顺"的，虽然略一留心，即容或会有多少可疑之点。譬如罢，其一，主人是资产阶

«كوممۇنىستلار تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن پۇل تۆلەپ چاڭشادىن قېچىپ چىققان بىر نەپەر جۇڭگولۇق سودىگەر ئۆزىنىڭ ئىككى نەپەر ئەگەشكۈچىسى بىلەن بىللە تۈنۈگۈن خەنكۇغا كەلدى، بۇ خوجايىن بىلەن چاكارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىبېشى قان. ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، چاڭشادا كوممۇنىستلارنىڭ پايلاقچىلىرى بار ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرژۇئازلارنىڭ تولىسى 29 - كۈنى سەھەردە قولغا ئېلىنىپتۇ. بۇلار بولسا 28 - كۈنى كېچىدە قولغا ئېلىنىپتۇ - دە، بۇلارنىڭ قوللىرىغا يىڭنە ئۆتكۈزۈپ، جىڭ بىلەن جىڭلاپتۇ. بۇلار بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگىنىدە ئىككى قوللىرىنى چىقىرىپ لاتىلىرىنى يېشىپ، يىڭنە ئۆتكۈزۈلگەن تۆشۈكلىرىنى كۆرسەتتى، قانغا مىلەنگەن...... (تېلېگراف ئاگېنتلىقىنىڭ 2 - كۈنى خەنكۇدىن بەرگەن تېلېگراممىسى).»

ئازغىنە دىققەت قىلغاندا، بۇنىڭدىن ئاز - پاز گۇمانلىق يەرلىرىنى تاپقىلى بولسىمۇ، لېكىن سۆزى «راۋان» ئەلۋەتتە. مەسىلەن: بىرىنچىدىن، خوجايىن بۇرژۇئاز بولغاچقا،



级，当然要"鲜血淋漓"的了，二仆大概总是穷人，为什么也要一同"鲜血淋漓"的呢？其二，"以针穿手，以秤秤之"干什么，莫非要照斤两来定罪名么？但是，虽然如此，文章也还是"顺"的，因为在社会上，本来说得共党的行为是古里古怪；况且只要看过《玉历钞传》，就都知道十殿阎王的某一殿里，有用天秤来秤犯人的办法，所以"以秤秤之"，也还是毫不足奇。只有秤的时候，不用称钩而用"针"，却似乎有些特别罢了。

幸而，我在同日的一种日本文报纸《上海日报》上，也偶然见到了电

«قانغا مىلەنگەن» بولۇشى تەبىئىي؛ ئىككى نەپەر چاكىرى ھەرھالدا كەمبەغەل بولسا كېرەك، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇلارمۇ بىللە «قانغا مىلەنگەن» بولىدىكەن؟ ئىككىنچىدىن، «قوللىرىغا يىڭنە ئۆتكۈزۈپ، جىڭ بىلەن جىڭلاپ» نېمە قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ۋەزنىگە قاراپ جىنايىتىنى بېكىتەمدىكەن - يا؟ لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ماقالە - گەپ يەنە «راۋان»، چۈنكى جەمئىيەتتە، كوممۇنىستلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئاجايىپ - غارايىپ دەيدىغان گەپلەر ئەسلىدىنلا بار؛ ھالبۇكى، «ئاخىرەتنامە» نى ئوقۇغانلا ئادەم ئونقات دوزاخنىڭ مەلۇم بىرىدە گۇناھكارنى تارازىغا سېلىپ جىڭلايدىغان ئۇسۇلنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا، «جىڭ بىلەن جىڭلىغان» نىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. لېكىن جىڭلىغاندا «جىڭنىڭ ئىلمىكىنى ئىشلەتمەي»، «يىڭنە» ئىشلەتكەنلىكى بىرئاز باشقىچىرەك بولۇپ قاپتۇ.

بەختىمگە يارىشا، شۇ كۈنكى ياپون تىلىدىكى گېزىت — «شاڭخەي گېزىتى» دىمۇ

通社的同一的电报，这才明白《时报》是因为译者不拘拘于“硬译”，而又要“顺”，所以有些不“信”了。倘若译得“信而不顺”一点，大略是应该这样的：

“……彼等主仆，将为恐怖和鲜血所渲染之经验谈，语该地之中国人曰，共产军中，有熟悉长沙之情形者，……予等系于廿八日之半夜被捕，拉去之时，则在腕上刺孔，穿以铁丝，数人或数十人为一串。言时即以包着沁血之布片之手示之……”

تېلېگراف ئاگېنتلىقىنىڭ شۇ مەزمۇندىكى تېلېگرامما خەۋەردىگەنلىپپىدە كۆزۈم چۈشتى-دە، «دەۋر» گېزىتىدىكىسىنى تەرجىماننىڭ «قاتمال تەرجىمە» گە بېرىلمەي، «راۋان» قىلىشقا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىر ئاز «دۇرۇس» قىلالمىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئەگەر «دۇرۇس بولغىنى بىلەن راۋان ئەمەس» دەك تەرجىمە قىلىنسا، ئومۇمەن مۇنداق بولۇشى كېرەك:

«...... ئۇلار — خوجايىن ۋە چاكارلىرى تەشۋىشلىك ۋە قانلىق ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇبالىغە قىلىنغان كەچۈرمىش پاراڭلىرىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇلار ئېيتىدۇكى: شۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېيتىشىچە، كوممۇنىستلار قوشۇنى ئىچىدە چاڭشانىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغانلار بار ئىكەن، ...... بىز 28 - كۈنى يېرىم كېچىدە تۇتۇلدۇق، ھەيدەپ ئېلىپ ماڭغاندا، بېغىشلىرىمىزنى تېشىپ سىم ئۆتكۈزدى، بىرنەچچە ياكى نەچچە ئون ئادەمنى بىر قىلىپ چاتتى. ئۇلار سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، قان بولۇپ كەتكەن لاتىغا تېڭىقلىق قوللىرىنى كۆرسەتتى......»



这才分明知道，“鲜血淋漓”的并非“彼等主仆”，乃是他们的“经验谈”，两位仆人，手上实在并没有一个洞。穿手的东西，日本文虽然写作“针金”，但译起来须是“铁丝”，不是“针”，针是做衣服的。至于“以秤秤之”，却连影子也没有。

我们的“友邦”好友，顶喜欢宣传中国的古怪事情，尤其是“共党”的，四年以前，将“裸体游行”说得象煞有介事，于是中国人也跟着叫了好几个月。其实是，警察用铁丝穿了殖民地的革命党的手，一串一串的牵去，

مانا ئەمدى ئېنىق چۈشىنىلدىكى، «قانغا مىلەنگەن» لەر ئۇلار — خوجايىن ۋە چاكارلار «ئەمەس»، بەلكى ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەن «كەچۈرمىش پاراڭلىرى» ئىكەن، ئىككى چاكارنىڭ قولىدا ھەقىقەتەن بىرەر تۆشۈكمۇ يوق ئىكەن. قولىنى تېشىپ ئۆتكۈزىدىغان نەرسىنى ياپونچە «زىخچە» دېسىمۇ، لېكىن تەرجىمىدە «سىم» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، «يىڭنە» ئەمەس، يىڭنە كىيىم تىكىدىغان نەرسە. «جىڭ بىلەن جىڭلىغان» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇنىڭ سايىسىمۇ يوق.

بىزنىڭ «دوست دۆلەتلەر» دىكى ياخشى دوستلىرىمىز جۇڭگودىكى غەلىتە - غەلىتە ئىشلارنى بولۇپمۇ «كوممۇنىستلار» نىڭ ئىشلىرىنى پىپىشقا ناھايىتى خۇشتار، بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى «يالىڭاچ نامايىش ئۆتكۈزۈش» نى خۇددى راستەكلا چۆپچەك قىلىشقانىدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلارمۇ بىر نەچچە ئاي دوس تارتىشقانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ساقچىلارنىڭ مۇستەملىكىلەردىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ قوللىرىغا سىم ئۆتكۈزۈپ، چاتما - چېتىق قىلىپ ھەيدەپ مېڭىشى

是所谓“文明”国民的行为，中国人还没有知道这方法，铁丝也不是农业社会的产品。从唐到宋，因为迷信，对于“妖人”虽然曾有用铁索穿了锁骨，以防变化的法子，但久已不用，知道的人也几乎没有了。文明国人将自己们所用的文明方法，硬栽到中国来，不料中国人却还没有这样文明，连上海的翻译家也不懂，偏不用铁丝来穿，就只照阎罗殿上的办法，“秤”了一下完事。

造谣的和帮助造谣的，一下子都显出本相来了。

ئاتالمىش «مەدەنىيەتلىك» خەلقنىڭ ھەرىكىتى. جۇڭگولۇقلار ئۇنداق قىلىشنى تېخى بىلمەيدۇ، سىممۇ يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس. تاڭ دەۋرىدىن تارتىپ سۇڭ دەۋرىگىچە، خوراپاتلىق سەۋەبى بىلەن «جادۇگەر» لەر ئۆزگىرىشتىن ساقلىنىشنىڭ ئامالى سۈپىتىدە ئوخۇرەك سۆڭىكىگە سىم ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇسۇللار ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىشلىتىلمەي، بۇنى بىلگۈچىلەرمۇ يوق دېيەرلىك بولۇپ قالغان. مەدەنىي دۆلەت ئادەملىرى ئۆزلىرى قوللانغان مەدەنىي ئۇسۇلنى جۇڭگوغا زورمۇزور دۆڭگىگەن. ئەپسۇسكى، جۇڭگولۇقلاردا تېخى ئۇنداق مەدەنىيەت يوق، ھەتتا شاڭخەيدىكى تەرجىمانلارمۇ چۈشەنمەي، سىم ئۆتكۈزمەستىن، دوزاختىكى چارە بويىچە «جىڭلاپ»لا ئىشنى تۈگەتكەن.

پىتنىخورلارنىڭمۇ ۋە پىتنىگە قىلىشىپ بەرگۈچىلەرنىڭمۇ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلاندى.



# 玩笑只当它玩笑（上）

鲁 迅

不料刘半农先生竟忽然病故了，学术界上又短少了一个人。这是应该惋惜的。但我于音韵学一无所知，毁誉两面，都不配说一句话。我因此记起的是别一件事，是在现在的白话将被“扬弃”或“唾弃”之前，他早是一位对于那时的白话，尤其是欧化式的白话的伟大的“迎头痛击”者。

# چاقچاق چاقچاقچە بولسۇن

لۇشۇن*

ئېست، ليۇ بەننۇڭ ئەپەندى ئۇشتۇمتۇت كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئىلىم ساھەسىدە يەنە بىر ئادەم كېمىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەتلىنىش كېرەك. لېكىن فونېتىكىدىن قىلچە ساۋادىم يوق، ئۇنى تەرىپلەش جەھەتتە بولسۇن، چۆكۈرۈش جەھەتتە بولسۇن، بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن باشقا بىر ئىش ئېسىمگە چۈشتى، ھازىرقى ئوموميى ئەدەبىي تىل تاكى «چۆرۈۋېتىلگىچە» ياكى «ۋاز كېچىلگىچە» ليۇ بەننۇڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئوموميى ئەدەبىي تىلغا بولۇپمۇ ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان ئوموميى ئەدەبىي تىلغا «ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرۇپ زەربە بېرىدۇ» غان كاتتا ئادەم ئىدى.

* لۇشۇن بۇ ماقالىنى «كومپرادور» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلغان. — تەرجىمان.

他曾经有过极不费力，但极有力的妙文：

“我现在只举一个简单的例：

子曰：‘学而时习之，不亦悦乎？’

这太老式了，不好！

‘学而时习之，’子曰，‘不亦悦乎？’

这好！

‘学而时习之，不亦悦乎？’子曰。

这更好！为什么好？欧化了。但‘子曰’终没有能欧化到‘曰子’！”

这段话见于《中国文法通论》中，那书是一本正经的书；作者又是《新

ئۇنىڭ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلىنمىغان، لېكىن ناھايىتى كۈچلۈك بولغان مۇنداق ئاجايىپ سۆزلىرى بار ئىدى:

«ئاددىيغىنا بىرلا مىسال كەلتۈرەي: كۇڭزى ئېيتىدۇلەركى: ‹ئوقۇغاننى ھەمىشە تەكرار قىلىش راھەت ئەمەسمۇ؟›

بۇ تولىمۇ كونا ئۇسلۇب، ياخشى ئەمەس!

— ئوقۇغاننى ھەمىشە تەكرار قىلىش، — دەيدۇ كۇڭزى، — راھەت ئەمەسمۇ؟

بۇ يارايدۇ!

— ئوقۇغاننى ھەمىشە تەكرار قىلىش راھەت ئەمەسمۇ؟ — دەيدۇ كۇڭزى.

بۇ تېخىمۇ ياخشى! نېمىشقا؟ ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان. لېكىن ‹كۇڭزى ئېيتىدۇ› دېگەن شەكىل ‹ئېيتىدۇ كۇڭزى› دېگەندەك ياۋروپاچىلىشالمىغان!»

بۇ سۆزلەر «جۇڭگو گىرامماتىكىسى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دا ئۇچرايدۇ. ئۇ كىتاب — راۋرۇس يېزىلغان كىتاب؛ ئۇنىڭ ئاپتورى «يېڭى ياش» نىڭ ھەمسەپەرلىرىدىن



青年》的同人，五四时代“文学革命”的战士，现在又成了古人了。中国老例，一死是常常能够增价的，所以我想从新提起，并且提出他终于也是论语社的同人，有时不免发些“幽默”；原先也有“幽默”，而这些“幽默”，又不免常常掉到“开玩笑”的阴沟里去的。

实例也就是上面所引的文章，其实是，那论法，和顽固先生，市井无赖，看见青年穿洋服，学外国话了，便冷笑道：“可惜鼻子还低，脸孔也不白”的那些话，并没有两样的。

بولۇپ، 4 - ماي دەۋرىدىكى «ئەدەبىيات ئىنقىلابى» نىڭ جەڭچىسى ئىدى، ھازىر رەھمەتلىك بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ كونا ئادىتى بويىچە، بىر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتى ئېشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يېڭىباشتىن تىلغا ئالغۇم كەلدى ۋە ئۇنىڭمۇ ئاخىر «مۇھاكىمە» تەھرىراتىنىڭ ھەمسەپەرلىرىدىن بولۇپ قالغانلىقىنى، بەزىدە «يۇمۇر» مۇ قىلىپ قويىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغۇم كەلدى؛ ئىلگىرى «يۇمۇر» مۇ قىلاتتى، لېكىن ئۇ «يۇمور» لىرى «چاقچاق» ئازگىلىغا تاشلىنىپ قېلىشتىنمۇ خالىي بولالمايتتى.

يۇقىرىقىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالىسىمۇ بۇنىڭغا ئەمەلىي مىسال بولالايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سۆزلىرى جاھىل ئەپەندىلەرنىڭ، شەھەر كوچىلىرىدىكى مۇتەھەملەرنىڭ شىم - كاستيۇم كىيگەن ۋە چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگەنگەن ياشلارنى كۆرگەندە، «ھەي...... ي، بۇرنى پاكارلىق قىلىپ قاپتۇ، يۈزىمۇ ئاق ئەمەس ئىكەن» دەپ زاڭلىق قىلغان سۆزلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

自然，刘先生所反对的是“太欧化”。但“太”的范围是怎样的呢？他举出的前三法，古文上没有，谈话里却能有的，对人口谈，也都可以懂。只有将“子曰”改成“曰子”是决不能懂的了。然而他在他所反对的欧化文中也寻不出实例来，只好说是“‘子曰’终没有欧化到‘曰子’！”那么，这不是“无的放矢”吗？

欧化文法的侵入中国白话中的大原因，并非因为好奇，乃是为了必要。国粹学家痛恨鬼子气，但他住在租界里，便会写些“霞飞路”，“麦特赫司脱路”那样的怪地名；评

تەبىئىيكى، ليۇ ئەپەندىنىڭ قارشى تۇرغىنى «تولىمۇ ياۋروپاچىلاشتۇرۇۋېتىش» ئىدى. لېكىن «تولىمۇ» نىڭ دائىرىسى قانچىلىگىرەكتۇ؟ ئۇ مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن يۇقۇرىقى 3 ئۇسۇل كونا كىتابلاردا ئۇچرىمايدۇ، گەپلەشكەندە ئۇچراپ قالىدۇ، ئېغىزدا ئېيتقاندا، باشقىلارمۇ چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ؛ لېكىن «كۆزى ئېيتىدۇ» نى «بايان كۆزى» غا ئۆزگەرتىپ سۆزلىسەك چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ليۇ ئەپەندى ئۆزى قارشى چىققان ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان يېزىقلاردىن ئەمەلىي مىسال تاپالماي، «(كۆزى ئېيتىدۇ) دېگەن شەكىل (ئېيتىدۇ كۆزى) دېگەندەك ياۋروپاچىلىشالمىغان!» دېيىشكىلا مەجبۇر بولغان. خوش، بۇ «نىشانسىز ئوق ئاتقان» بولمىدىمۇ؟

ياۋروپاچىلاشقان گرامماتىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىغا چاڭ سېلىپ كىرىشىگە ئۇنىڭ قىزىقارلىقلىقى ئەمەس، زۆرۈر بولغانلىقى چوڭ سەۋەپ بولماقتا. مىللىي ئەنئەنىشۇناسلار ئالۋاستى مىجەزىنى يامان كۆرىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى كونسېسسىيەلەردە ئولتۇرۇپ، «شافىر كوچىسى»، «مىتخىست كوچىسى» دېگەندەك غەلىتە ئىسىملارنى يازىدۇ؛



论者何尝要好奇，但他要说得精密，固有的白话不够用，便只得采些外国的句法。比较的难懂，不象茶淘饭似的可以一口吞下去是真的，但补这缺点的是精密。胡适先生登在《新青年》上的《易卜生主义》，比起近时的有些文艺论文来，的确容易懂，但我们不觉得它却又粗浅，笼统吗？

如果嘲笑欧化式白话的人，除嘲笑之外，再去试一试介绍外国的精密的论著，又不随意改变，删削，我想，他一定还能够给我们更好的箴规。

مۇلاھىزىچىلەر نېمىشقا قىزىقىدىكىن-تاڭ، ئۇلار ئۆز سۆزلىرىنى ئىخچام قىلىمەن دەپ ئىلگىرىكى ئومۇمىي ئەدەبىي تىل يېتىشمەي چەت ئەل جۈملە شەكىللىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنى چۈشىنىشنىڭ تەس ئىكەنلىكى، چاينى سۈمۈرگەندەك غورتلا يۇتۇۋەتكىلى بولمايدىغانلىقى ھەق — راست، لېكىن ئۇنىڭ ئىخچاملىقى شۇ كەمچىلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. خۇشى ئەپەندىنىڭ «يېڭى ياش» قا بېسىلغان «ئىبسېنىزم» دېگەن ماقالىسى يېقىندىن بۇيانقى بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى نەزەرىي ماقالىلارغا قارىغاندا ھەقىقەتەن چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزگە قوپال - تېيىز، تومتاق بولۇپ تۇيۇلمىدىمۇ؟

ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى مەسخىرە قىلىدىغان ئادەم مەسخىرە قىلغاندىن تاشقىرى، بىزگە چەت ئەللەرنىڭ ئىخچام مۇھاكىمىلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتمەي، شۇلۇپ تاشلىماي تونۇشتۇرىدىغان بولسا، مەن ئويلايمەنكى، ئۇ چوقۇم بىزگە تېخىمۇ ياخشى ئىبرەت كۆرسەتكەن بولاتتى.

用玩笑来应付敌人，自然也是一种好战法，但触着之处，须是对手的致命伤，否则，玩笑终不过是一种单单的玩笑而已。

رەقىبكە چاقچاق بىلەن تاقابىل
تۇرۇشمۇ، دەرۋەقە، جەڭ قىلىشنىڭ
ياخشى ئۇسۇلى؛ لېكىن ئۇنى رەقىب-
نىڭ ئىتاك تومۇرىغا تەگدۈرۈش شەرت؛
ئۇنداق قىلمىغاندا، چاقچاق ئاخىر
چاقچاقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ،
خالاس.

## 文公直给康伯度的信

## ۋېن گۇڭجىنىڭ كومپرادورغا يازغان خېتى

伯度先生：今天读到先生在《自由谈》刊布的大作，知道为西人侵略张目的急先锋（汉奸）仍多，先生以为欧式文化的风行，原因是“必要”。这我真不知是从那里说起？中国人虽无用，但是话总是会说的。如果一定要把中国话取消，要乡下人也“密司忒”起来，这不见得是中国文化上的“必要”吧。譬如照华人

كومپرادور ئەپەندى:
جانابىڭىزنىڭ «ئەركىن پاراڭ»
دا ئېلان قىلغان كاتتا ماقالىڭىزنى
بۈگۈن ئوقۇپ، شۇنى چۈشەندىمكى،
غەربلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ھە-
ھۇ دەپ مەدەت بېرىدىغان ئالاقانات
(خائىن) لار ھېلىمۇ كۆپ ئىكەن،
جانابىڭىزنىڭ قارىشىچە، ياۋروپاچە
مەدەنىيەتنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا «زۆرۈر-
يەت» سەۋەب بولغانمىش. بۇ ھەقتە
گەپنى نەدىن باشلىسام بولاركى-
تاڭ؟ جۇڭگولۇقلار كارغا يارىماس
بولسىمۇ، ھەر ھالدا سۆز قىلالايدۇ.
جۇڭگو تىلىنى كېرەكسىز قىلىۋېتىش،
يېزىلىقلارنىمۇ «مىستىر» دەيدىغان
قىلىۋېتىش — بۇ، جۇڭگو مەدەنىيە-
تىدىكى «زۆرۈرىيەت» بولمىسا كېرەك.
مەسىلەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ تىلى بويى-



的言语说：张甲说：“今天下雨了。”李乙说：“是的，天凉了。”若照尊论的主张，就应该改做：“今天下雨了，”张甲说：“天凉了，——是的，”李乙说：这个算得是中华民国全族的“必要”吗？一般翻译大家的欧化文笔，已足阻尽中西文化的通路，使能读原文的人也不懂译文。再加上先生的“必要”，从此使中国更无可读的西书了。陈子展先生提倡的“大众语”，是天经地义的。中国人间应该说中国话，总是绝对的。而先生偏要说欧化文法是必要！毋怪大名是“康伯度”，真十足加二的表现“买办心理”

چە، پالانى كىشى: «بۈگۈن يامغۇر
ياغدى» دېسە، پوكۇنى كىشى: «شۇنداق،
ھاۋا سالقىن بولۇپ قالدى» دېسۇن،
جانابىڭىزنىڭ تەشەببۇسى بويىچە،
بۇنى «بۈگۈن يامغۇر ياغدى، —
دېدى پالانى كىشى» «ھاۋا سالقىن
بولۇپ قالدى، شۇنداق، — دېدى
پوكۇنى كىشى» دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك
ئىكەن. بۇمۇ پۈتۈن جۇڭخۇا مىنگو-
نىڭ پۈتۈن مىللىتى
ئۈچۈن «زۆرۈر» بولامدۇ؟ ئومۇمەن
كاتتا تەرجىمانلارنىڭ ياۋروپاچىلاش-
تۇرۇلغان قەلەملىرى جۇڭگو - غەرب
مەدەنىيىتىنىڭ راۋان يولىنى توسۇ-
ۋەتتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەسلى
ئەسەرنى ئوقۇيالايدىغان ئادەملەرمۇ
تەرجىمىسىنى چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ
قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جانابىڭىز-
نىڭ «زۆرۈرىيەت»ى بۇنىڭدىن كېيىن
جۇڭگونى غەرب كىتابلىرىنى ئوقۇش
ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بولدى.
چىن زىجەن ئەپەندى تەشەببۇس قىلغان
«ئاممىۋى تىل» — ئۆزگەرمەس ھە-
قىقەت. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز ئارا
جۇڭگو تىلى بىلەن سۆزلىشى ھەر-
قاچان مۇتلەق بولىدۇ. جانابىڭىز
بولسىڭىز ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان گرا-
ماتىكىنى زۆرۈرىيەت دەپ تۇرۇۋې-
لىۋاتىسىز! شۇڭا كاتتا نامىڭىزنىڭ
«كومپرادور» ئىكەنلىكى «دەللالچە

了。刘半农先生说："翻译是要使不懂外国文的人得读"，这是确切不移的定理。而先生大骂其半农，认为非使全中国人都以欧化文法为"必要"的性命不可！先生，现在暑天，你歇歇吧！帝国主义的灭绝华人的毒气弹，已经制成无数了。先生要做买办尽管做，只求不必将全个民族出卖。我是一个不懂颠倒式的欧化文式的愚人！对于先生的盛意提倡，几乎疑惑先生已不是敝国人了。今特负责请问先生为甚么投这文化的毒瓦斯？是否受了帝国主义

روھىي ھالىتىڭىز» نى كەم ـ كۆتىسىز ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ليۇ بەننۇڭ ئەپەندى: «تەرجىمە چەت ئەل تىلىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ» دەيدۇ، بۇ ئۆزگەرمەس قائىدە. جانابىڭىز بولسىڭىز ليۇ بەننۇڭنى ئاغزىڭىزغا كەلگىنىچە ھاقارەتلەپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان گرامماتىكىنى ئۆزىگە جاندەك «زۆرۈر» قىلىۋالىدىغان ھالغا كەلتۈرمەي قويمايمەن دەۋاتىسىز! ئەپەندىم، ھازىر تومۇز ۋاقتى، ئارام ئېلىۋېلىڭ! جاھانگىرلار جۇڭگولۇقلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىدىغان گاز بومبىلىرىنى سان ـ ساناقسىز تەييارلاپ قويدى. دەللاللىق قىلغۇڭىز بولسا قىلىۋېرىڭ، لېكىن پۈتۈن مىللەتنى سېتىۋەتمەڭ. مەن بولسام بېشى بىلەن ئاخىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىدىغان ياۋروپاچە ئەدەبىي شەكىلنى بىلمەيدىغان نادان ئادەممەن! جانابىڭىزنىڭ زوق بىلەن قىلغان تەشەببۇسىڭىزغا قاراپ جانابىڭىزنى بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئادىمى بولمىسا كېرەك دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالدىم. جانابىڭىزغا ئالاھىدە جاۋابكارلىق بىلەن سوئال قويساي: نېمە ئۈچۈن بۇ زەھەرلىك مەدەنىيەت گازىنى چېچىۋاتىسىز؟ جاھانگىرلاردىن



者的指使？总之，四万万四千九百万（陈先生以外）以内的中国人对于先生的主张不敢领教的！幸先生注意。

文公直　七月二十六日。

八月七日《申报》《自由谈》。

# 康伯度答文公直

公直先生：中国语法里要加一点欧化，是我的一种主张，并不是"一定要把中国话取消"，也没有"受了帝国主义者的指使"，可是先生立刻加给我"汉奸"之类的重罪名，自己代表了"四万万四千九百万（陈先生以外）以内的中国人"要杀我的头了。我的主张也许会错的，不过一来就判死

تاپشۇرۇق ئالدىڭىزمۇ ـ يا؟ قىسقىسى، 449 مىليون (چېن ئەپەندىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) قاتارىغا كىرىدىغان جۇڭگولۇقلار جانابىڭىزنىڭ تەشەببۇسى توغرىسىدا مەرھەمەت بىلدۈرمەيدۇ! دىققەت قىلىڭ، جاناب.

ۋېن گۇڭجى. 7 ـ ئاينىڭ 25 كۈنى

(8 ـ ئاينىڭ 17 كۈنى چىققان «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان)

# كومپرادورنىڭ ۋېن گۇڭجىغا جاۋابى

گۇڭجى ئەپەندى:

جۇڭگو گرامماتىكىسىغا ياۋروپاچە شەكىلنى بىر ئاز كىرگۈزۈش مېنىڭ تەشەببۇسۇم. ئۇ «جۇڭگو تىلىنى كېرەكسىز قىلىۋېتىش» دېگەن گەپ ئەمەس، «جاھانگىرلاردىن تاپشۇرۇق ئالغان» مۇ ئەمەس. لېكىن جانابىڭىز دەرھاللا ماڭا «خائىن» دېگەندەك ئېغىر بەتناملارنى چاپلاپسىز، 449 مىليون (چېن ئەپەندىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) قاتارىدىكى جۇڭگولۇقلار نامىدىن مېنىڭ كاللامنى ئالماقچى بوپسىز. ئېھتىمال مېنىڭ تەشەببۇسۇم خاتا بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن، بىراق ھە دېگەندىلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم

罪，方法虽然很时髦，但也似乎过分了一点。况且我看“四万万四千九百万（陈先生以外）以内的中国人”，意见也未必都和先生相同，先生并没有征求过同意，你是冒充代表的。

中国语法的欧化并不就是改学外国话，但这些粗浅的道理不想和先生多谈了。我不怕热，倒是因为无聊。不过还要说一回：我主张中国语法上有加些欧化的必要。这主张，是由事实而来的。中国人“话总是会说的”，一点不错，但要前进，全照老样却不够。眼前的

قىلمىپسىز. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى مودا بولسىمۇ، لېكىن بىر ئاز ھەددىن ئاشقاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭچە، «449 مىليون (چېن ئەپەندىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) قاتارىدىكى جۇڭگولۇقلار» نىڭ پىكرى جانابىڭىزنىڭ پىكرى بىلەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن، سىز ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان، ئۇلارنىڭ سىرتىدىن ۋەكىل بولۇۋاپسىز.

جۇڭگو گرامماتىكىسىنى ياۋروپاچىلاشتۇرۇش دېگەن سۆزدىن جۇڭگو تىلى ئورنىغا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. بۇ ئاددىي داۋلىلار توغرىسىدا جانابىڭىز بىلەن كۆپ سۆزلىشىشنى خالىمايمەن. مەن تومۇزدىن قورقۇپ كەتمەيمەن. ئەكسىچە مەنىسىزلىك سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنە تەكرار ئېيتىمەنكى، مەن جۇڭگو گرامماتىكىسىغا ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان بەزى شەكىللەرنى قوشۇش زۆرۈر دەپ تەشەببۇس قىلىمەن. بۇ تەشەببۇس پاكىتتىن كېلىپ چىققان. جۇڭگولۇقلار «ھەر ھالدا سۆز قىلالايدۇ»، بۇنىڭدا گەپ يوق، لېكىن ئالغا بېسىش كېرەك، ھەممىدە كونا پېتىچە بولۇۋەرسە كۇپايە قىلمايدۇ. كۆز ئال-



例，就如先生这几百个字的信里面，就用了两回“对于”，这和古文无关，是后来起于直译的欧化语法，而且连“欧化”这两个字也是欧化字；还用着一个“取消”，这是纯粹日本词；一个“瓦斯”，是德国字的原封不动的日本人的音译。都用得很惬当，而且是“必要”的。譬如“毒瓦斯”罢，倘用中国固有的话的“毒气”就显得含混，未必一定是毒弹里面的东西了。所以写作“毒瓦斯”，的确是出乎“必要”的。

دىمدىكى مىسالنى ئالاي: جانابىڭىز مانا مۇشۇ بىرنەچچە يۈز خەتلىك خېتىڭىزدىلا «توغرىسىدا» دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم ئىشلەتىپسىز، بۇنىڭ قەدىمكى يېزىق بىلەن ئالاقىسى يوق، بۇ كېيىنكى چاغلاردىكى ئۇدۇل تەرجىمىدىن كېلىپ چىققان ياۋروپاچە گرامماتىك شەكىل؛ ھەتتا «ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىمۇ ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان سۆز؛ «كېرەكسىز» 取消 دېگەن سۆزنىمۇ ئىشلەتىپسىز، بۇ پۈتۈنلەي ياپونچە سۆز؛ «گاز» بولسا نېمىس تىلىدىن ئەينەن قوبۇل قىلىنغان ياپونچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى جايىدا ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ئىشلىتىش «زۆرۈر». مەسىلەن، «زەھەرلىك گاز» نى ئالاي، ئەگەر جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن بار بولغان «زەھەرلىك بۇس» دېگەن سۆزى ئىشلىتىلىدىغان بولسا، مەنىسى مۇجمەل بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ زەھەرلىك بومبا ئىچىدىكى بىر نەرسىنى بىلدۈرۈشى ناتايىن. دېمەك، «زەھەرلىك گاز» دەپ يېزىلىشى ھەقىقەتەن «زۆرۈرىيەت» تىن كېلىپ چىققان.

先生自己没有照镜子，无意中也证明了自己也正是欧化语法，用鬼子名词的人，但我看先生决不是"为西人侵略张目的急先锋（汉奸）"，所以也想由此证明我也并非那一伙。否则，先生含狗血喷人，倒先污了你自己的尊口了。

我想，辩论事情，威吓和诬陷，是没有用处的。用笔的人，一来就发你的脾气，要我的性命，更其可笑得很。先生还是不要暴躁，静静的再看看自己的信，想想自己，何如？

جانابىڭىز ئەينەككە قاراپ باقماي، ئۆزىڭىزنىڭمۇ ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان گرامماتىكىنى ئىشلىتىۋاتقان، ئالۋاستىلار ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىختىيارسىز ئىسپاتلاپ بېرىپسىز. لېكىن مېنىڭچە، سىز ھەرگىزمۇ «غەربلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ھە - ھۇ دەپ مەدەت بېرىدىغان ئالاقانات (خائىن)» ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭمۇ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىمنى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىسپاتلاپ بەردىڭىز دەپ ئويلايمەن. ئۇنداق بولمىسا، جانابىڭىز ئىتنىڭ قېنىنى باشقا ئادەمگە پۈركۈيمەن دەپ، ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ مۇبارەك ئاغزىڭىزنى بۇلغىغان بولۇپ چىقىسىز.

مەن ئويلايمەنكى، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلەشكەندە پوپوزا ۋە بوھتان كارغا كەلمەيدۇ. قەلەم تۇتىدىغان ئادەمنىڭ ھەدېگەندىلا خاپا بولۇپ كېتىشى، باشقا ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى تېخىمۇ كۈلكىلىك. ئەپەندىم، چىچاڭلاشنى قويۇپ، ئۆپكىڭىزنى بېسىپ، ئۆزىڭىزنىڭ خېتىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ كۆرۈپ، ئۆزىڭىزنى ئويلاپ كۆرسىڭىز قانداق؟



专此布复，并请

热安。

弟康伯度脱帽鞠躬。 八月五日。

八月七日《申报》《自由谈》。

تومۇزدىكى ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ خېتىڭىزنىڭ ئۇچۇرىنى بەردىم. شىلەپەمنى ئېلىپ تەزىم قىلىمەن. ئىنىڭىز كومپرادور.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

(8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چىققان «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان)

# 风　马　牛

鲁　迅

主张“顺而不信”译法的大将赵景深先生，近来却并没有译什么大作，他大抵只在《小说月报》上，将“国外文坛消息”，来介绍给我们。这自然是很可感谢的。那些消息，是译来的呢，还是介绍者自去打听来，研究来的？我们无从捉摸。即使是译来的罢，但大抵没有说明出处，我们也无从考查。

# كاللا دېسە پاقالچەك دەپتۇ!

لۇشۈن

«دۇرۇس بولمىسىمۇ راۋان» تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ سەركەردىسى جاۋ جىڭشېن ئەپەندى يېقىنقىدىن بۇيان بىرەر چوڭ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغىنى يوق. ئۇ ئەتىمالىم، «ھېكايە» ژۇرنىلىدا بىزگە «چەت ئەل ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىن خەۋەرلەر» نى تونۇشتۇرۇشقىلا تۇرغان بولسا كېرەك. دەرۋەقە، بۇنىڭغا ناھايىتى تەشەككۈر بىلدۈرىمىز. ئۇ خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تاپقانمۇ ياكى تونۇشتۇرغۇچى ئۆزى ئۇقۇشۇپ ۋە ياكى تەتقىق قىلىپ تاپقانمۇ؟ بۇنى ھېچنېمىدىن قىياس قىلالمىدۇق. تەرجىمە قىلىپ تاپقان دەيلى دېسەك، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ مەنبەسى كۆرسىتىلمىگەن، بىزمۇ نەدىن سۈرۈشتۈرۈشنى بىلەلمىدۇق.



自然，在主张“顺而不信”译法的赵先生，这是都不必注意的，如果有些“不信”，倒正是贯彻了宗旨。

然而，疑难之处，我却还是遇到的。

在二月号的《小说月报》里，赵先生将“新群众作家近讯”告诉我们，其一道：“格罗泼已将马戏的图画故事‘Alay Oop’脱稿。”这是极“顺”的，但待到看见了这本图画，却不尽是马戏。借得英文字典来，将书名下面注着的两行英文“Life and L-ove Among the Acrobats Told Fntirely in Pictures”查了一通，才知道原来并不是“马戏”的故事，而

دەرۋەقە «دۇرۇس بولمىسىمۇ راۋان» تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان جاۋ ئەپەندى بۇلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىسە كېرەك؛ بىرئاز «دۇرۇس بولماي» قالسىمۇ بەربىر مەقسىتى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ-دە.

شۇنداق بولسىمۇ، گۇمانلىق يەرلىرى يەنىلا ماڭا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

«ھېكايە» ژۇرنىلىنىڭ 2 - ئايلىق سانىدا، جاۋ جىڭشېن ئەپەندى «يېڭى ئامما يازغۇچىلىرىنىڭ يېقىنقى خەۋەرلىرى» نى بىزگە يەتكۈزۈپتۇ. بۇلارنىڭ بىرسىدە: «ئاكروبات سېرك ئويۇنىنىڭ OoP Alay ناملىق رەسىملىك ھېكايىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى» دەپتۇ. بۇ سۆز ناھايىتى «راۋان»، ئەمما، كېيىن بۇ رەسىملىك كىتابقا قارىسام، سېرك ئەمەس ئىكەن. ئىنگلىزچە لۇغەتنى قەرز ئېلىپ كېلىپ، كىتابنىڭ ئىسمى ئاستىغا ئىزاھلاپ «Life and Love Among the Acrobats Entire yinTod Pictures» دەپ يېزىلغان 2 قۇر ئىنگلىزچە سۆزلەرنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرسەم، ئەسلىدە «سېرك» نىڭ ھېكايىسى ئەمەس، بەلكى

是“做马戏的戏子们”的故事。这么一说，自然，有些“不顺”了。但内容既然是这样的，另外也没有法子想。必须是“马戏子”，这才会有“Love”。

《小说月报》到了十一月号，赵先生又告诉了我们“塞意斯完成四部曲”，而且“连最后的一册‘半人半牛怪’（Der Zentaur）也已于今年出版”了。这一下“Der”，就令人眼睛发白，因为这是茄门话，就是想查字典，除了同济学校也几乎无处可借，那里还敢发生什么贰心。然而那下面的一个名词，却不写尚可，一写倒成了疑难杂症。这

«سېرك ئوينايدىغان سېركچىلار» نىڭ ھېكايىسى ئىكەن. دېمەك، بۇ گەپكە قارىغاندا، دەرۋەقە، ئۇ بىرئاز «راۋان» بولماي چىقتى. لېكىن مەزمۇن ئەنە شۇنداق تۇرسا، بۇ ھەقتە ئويلاشقا نېمە چارە بولسۇن؟ «سېركچىلار» بولغاچقا، «elove» دېگەن سۆز كەلگەن - دە.

«ھېكايە» ژۇرنىلىنىڭ 11 - ئايلىق سانىدا، جاۋ جىڭشېن ئەپەندى بىزگە يەنە «سېيىس 4 توملۇق رومانىنى پۈتتۈردى»، ئۇنىڭ ئۈستىگە «(ھەتتا يېرىمى ئادەم، يېرىمى كالا سۆرەتلىك دىۋە، دېگەن (Der Zentaur) ئاخىرقى قىسمىمۇ بۇ يىل نەشىردىن چىقتى» دەپ خەۋەر قىپتۇ. مانا ئەمدى «Der» دېگەن سۆزى ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتۈرۈۋەتتى، چۈنكى بۇ كامېن تىلى بولغاچقا، لۇغەتتىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقاي دېگەن بىلەن، ئۇنداق لۇغەتنى «تۇڭجى» مەكتىپىمۇ تاپالمىغان يەردە، باشقىچە خىيالدا بولۇشقا قانداقمۇ پېتىنغىلى بولسۇن. ھالبۇكى، ئاستىدىكى بىر ئاتالغۇنى يازمىغان بولسىغۇ مەيلىدى، ئۇنى يازغانلىقى ئۈچۈن چىگىش كېسەلگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ



字大约是源于希腊的，英文字典上也就有，我们还常常看见用它做画材的图画，上半身是人，下半身却是马，不是牛。牛马同是哺乳动物，为了要“顺”，固然混用一回也不关紧要，但究竟马是奇蹄类，牛是偶蹄类，有些不同，还是分别了好，不必“出到最后的一册”的候，偏来“牛”一下子时的。

“牛”了一下之后，使我联想起赵先生的有名的“牛奶路”来了。这很象是直译或“硬译“，其实却不然，也是无缘无故的“牛”了进去的。这故

سۆز ئېھتىمال، يۇنان تىلىدىن چىققان بولسا كېرەك، ئىنگلىز لۇغەتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ، بىز ئۇنى بەزىلەرنىڭ دائىم رەسىم سىزىشتا ماتېرىيال قىلغانلىقىنى كۆرگەنمىز، ئەسلىدە بېلىنىڭ يۇقىرىسى ئادەم، بېلىنىڭ تۆۋىنى كالا ئەمەس، ئات ئىدى. كالا بىلەن ئات ئوخشاشلا سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، «راۋان» لاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر قېتىم ئارىلاشتۇرۇۋەتسىمۇ ھېچقىسى يوق؛ شۇنداق بولسىمۇ ئات تاق تۇياقلىقلار تۈرىدە، كالا جۈپ تۇياقلىقلار تۈرىگە كىرىدۇ، بىرئاز ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى پەرق ئەتكەن ياخشى، «ئاخىرقى قىسمى نەشىردىن چىققان» چاغدا، قەستەن «كالا» لاشتۇرۇپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

«كالا» لاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، جاۋ جىڭشېن ئەپەندىنىڭ مەشھۇر «كالا سۈتى يولى» ئىسمىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ قارىماققا خېلىدىلا سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە ياكى «قاتتىق تەرجىمە» گە ئوخشاپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، بۇ يەرگىمۇ سەۋەبسىزلا «كالا» نى كىرگۈزۈپ قويغان. بۇ ھېكايە

事无须查字典，在图画上也能看见。却说希腊神话里的大神宙斯是一位很有些喜欢女人的神，他有一回到人间去，和某女士生了一个男孩子。物必有偶，宙斯太太却偏又是一个很有些嫉妒心的女神。**她一知道，拍桌打凳的（？）大怒了一通之后，便将那孩子取到天上，要看机会将他害死。然而孩子是天真的，他满不知道，有一回，碰着了宙太太的乳头，便一吸，太太大吃一惊，将他一推，跌落到人间，不但没有被害，后来还成了英雄。**但宙太太的乳汁，却

توغرىسىدا لۇغەت ئاختۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بۇنى رەسىملىك كىتابلاردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇلۇغ تەڭرى زېۋس ئاياللارغا ناھايىتى خۇشتار تەڭرى ئىكەن، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادەمزات ئارىسىغا كېلىپ، مەلۇم بىر خانىمدىن بىر ئوغۇل تېپىپتۇ. ھەر نەرسىنىڭ **جۈپى بولىدۇ - دە، زېۋسنىڭ خانىمى ناھايىتى كۈندەش مەبۇدە** ئىكەن، ئۇ بىر كۈنى ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، ئۈستەل - ئورۇندۇقنى ئۇرۇپ - چېقىپ (؟) دەرغەزەپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى بالىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، پەيتى كەلگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن بالا گۆدەك بولغاچقا، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ زېۋس خېنىمنىڭ ئەمچىكىگە دۈچ كېلىپ قاپتۇ - دە، ئۇنى شورىۋاپتۇ، خېنىم قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، ئۇنى بىر ئىتتىرىۋېتىپتىكەن، ئۇ ئادەمزات ئارىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايلا قالماستىن، بەلكى كېيىن قەھرىمان بولۇپ يېتىشىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىرلا شورىۋالغانلىقى



因此一吸，喷了出来，飞散天空，成为银河，也就是“牛奶路”，——不，其实是“神奶路”。但白种人是一切“奶”都叫Milk的，我们看惯了罐头牛奶上的文字，有时就不免于误译，是的，这也是无足怪的事。

但以对于翻译大有主张的名人，而遇马发昏，爱牛成性，有些“牛头不对马嘴”的翻译，却也可当作一点谈助。——不过当作别人的一点谈助，并且借此知道一点希腊神话而已，于赵先生的“与其信

ئۈچۈن، زېۋس خېنىمنىڭ سۈتى چىرتلا قىلىپ چىقىپ، ئاسمانغا چېچىلىپ، سامان يولىغا، يەنى «كالا سۈتى يولى» — ياق، ھەقىقەتتە «ئىلاھىي سۈت يولى» غا ئايلىنىپتۇ. لېكىن ئاق تەنلىكلەر «سۈت» نىڭ ھەر قانداقلىقىنى Milk دەيدۇ، بىز سۈت كونسېرۋالىرىدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، بەزىدە خاتا تەرجىمە قىلىپ قويۇشتىن خالى بولالمايمىز، شۇنداق، بۇمۇ ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش ئەمەس،

لېكىن تەرجىمە توغرىسىدا چوڭ تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈرگەن مەشھۇر ئادەم ئاتنى كۆرگەندە كاللىسى ئايلىپ قالسا، كالىغا ئىجىل بولۇپ تۇرسا، «ئاتنى كالادەپتۇ» (بۇ يەردە «كالا دېسە پاقالچاق دەپتۇ» دېگەن ماقال ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ — ت) دېگەندەك تەرجىمە قىلسا، بۇمۇ بىر شاڭخو ئۈچۈن دەستەك.— بۇ پەقەت باشقىلار توغرىسىدىكى شاڭخو ئۈچۈن دەستەك؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇنان مىفلىرىدىن بىر ئاز خەۋەردار بولۇپ قالدۇق، بۇنىڭ جاۋ جىڭشېن ئەپەندىنىڭ

而不顺，不如而而不信”的格言，却还是毫无损害的。这叫作“乱译万岁！”

«دۇرۇس بولۇپ راۋان بولمىغىنىدىن كۆرە، راۋان بولۇپ دۇرۇس بولمىغىنى تۈزۈك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزگە قىلچىلىك زىيىنى يوقمىش. بۇنىڭغا «ياشىسۇن كەلسە كەلمەس تەرجىمە» دەپ قويايلى.



# 关于翻译(下)

鲁迅

但我在那《为翻译辩护》中，所希望于批评家的，实在有三点：一，指出坏的；二，奖励好的；三，倘没有，则较好的也可以。而穆木天先生所实做的是第一句。以后呢，可能有别的批评家来做其次的文章，想起来真是一个大疑问。

所以我要再来补充几句：倘连较好的也没有，则指出坏的译本之后，并且指明其中的那些地方还可以于读者有益处。

# تەرجىمە توغرىسىدا (2)

لۇشۈن

مەن «تەرجىمىنى ئاقلايمەن» دېگەن ماقالەمدە تەنقىدچىلەردىن 3 نۇقتىنى، يەنى 1. ناچارلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى؛ 2. ياخشىلىرىنى تەقدىرلەشنى؛ 3. ئەگەر ياخشىلىرى بولمىسا، ياخشىراقلىرىنىمۇ تەقدىرلەشنى ئۈمىد قىلغانىدىم. مۇمۇتيەن ئەپەندى ئەمەلىيەتتە بىرىنچى جۈملىدىكىدەك قىلدى. كېيىنچە، باشقا تەنقىدچىلەر قالغان سۆزلىرىم ئۈستىدە بىر نەرسە دېيىشى مۇمكىن. ئويلاپ قارىسام، بۇ ھەقىقەتەن چوڭ سوئال ئىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم يەنە بىرنەچچە ئېغىز قوشۇمچە قىلاي: ئەگەر ياخشىراقلىرىمۇ بولمىسا، ناچار تەرجىمىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە قايسى جايلىرىنىڭ كىتابخانلارغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

此后的译作界，恐怕是还退步下去的。姑不论民穷财尽，即看地面和人口，四省是给日本拿去了，一大块在水淹，一大块在旱，一大块在打仗，只要略略一想，就知道读者是减少了许许多了。因为销路的少，出版界就要更投机，欺骗，而拿笔的人也因此只好更投机，欺骗。即有不愿意欺骗的人，为生计所压迫，也总不免比较的粗制滥造，增出些先前所没有的缺点来。走过租界

تەرجىمانلار، ئاپتورلار بۇنىڭدىن
كېيىن يەنە ئارقىغا چېكىنىپ كېتى-
ۋېرىدىغاندەك تۇرىدۇ. خەلقنىڭ كەم-
بەغەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى. باي-
لىقىنىڭ تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ھازىرچە تىلغا ئالماي تۇرۇپ، يەر-
لىرىمىزگە ۋە نوپۇسىمىزغا قاراپ
باقايلى. تۆت ئۆلكىمىزنى ياپونلار
بېسىۋالدى، بىر تالاي يەرلىرى-
مىزنى سۇ بېسىپ كەتتى، بىر تالاي
يەرلىرىمىزدە قۇرغاقچىلىق بولۇۋاتى-
دۇ، بىر تالاي يەرلىرىمىزدە جەڭ
بولۇۋاتىدۇ. سەل - پەل ئويلايدى-
غان بولساقلا، كىتابخانلارنىڭ كۆپ
ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالالاي-
مىز. بازارنىڭ كاساتلىشىپ كېتىۋات-
قانلىقى ئۈچۈن، نەشرىياتچىلار
تېخىمۇ پۇرسەتپەرەسلىك، ئالدام-
چىلىق قىلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەب-
تىن قەلەم ئىگىلىرىمۇ ئۇلاردىن
ئۆتە پۇرسەتپەرەسلىك، ئالدامچىلىق
قىلىشى مۇمكىن. ئالدامچىلىق قىلىش-
نى خالىمايدىغان ئادەملەرمۇ تىرىك-
چىلىك زورىدىن، بىرئاز ئورۇپ -
سوقۇپ ئىشلەپ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ
باقمىغان كەمچىلىكلەرنى پەيدا
قىلىشى مۇمكىن. كونسېسسىيەلەردىكى



的住宅区邻近的马路，三间门面的水果店，晶莹的玻璃窗里是鲜红的苹果，通黄的香蕉，还有不知名的热带的果物。但略站一下就知道：这地方，中国人是很少进去的，买不起。我们大抵只好到同胞摆的水果摊上去，化几文钱买一个烂苹果。

苹果一烂，比别的水果更不好吃，但是也有人买的，不过我们另外还有一种相反的脾气：首饰要“足赤”，人物要“完人”。一有缺点，有时就

تۇرار جاي رايونلىرى يېنىدىكى
رەستىلەردىن ئۆتسەك، ئۈچ ئىشىك-
لىك مېۋە دۇكانلىرىنىڭ ۋالىداپ
تۇرغان ئەينەكلىك دېرىزىلىرى
ئىچىدە تۇرغان قىپ - قىزىل ئال-
مىلارنى، ساپ - سېرىق بانانلار-
نى، يەنە نامى قانداقتۇ بىرنېمە
دەپ ئاتىلىدىغان ئىسسىق بەلباغ
مېۋىلىرىنى كۆرىمىز. ئەگە بىرئاز
توختايدىغان بولساق، ئۇ يەرلەرنىڭ
جۇڭگولۇقلار ناھايىتى ئاز بارىدىغان
بىر يەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇ
مېۋىلەرنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەت-
مەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭ
ئۈچۈن كۆپىنچە ئۆز قېرىنداشلىرى-
مىزنىڭ باققاللىق تەزدىلىرىگە
بېرىپ، بىرنەچچە داچەنگە بىرەر
زەدە ئالما سېتىۋالىمىز.

ئالما زەدە بولۇپ كەتكەن
بولسا، ئۇ باشقا مېۋىلەرگە قارى-
غاندا تېخىمۇ لاۋزا بولىدۇ. شۇنداق
بولسىمۇ يەنە ئۇنى سېتىۋالىدىغان
ئادەم چىقىدۇ. بىراق بىزنىڭ يەنە
باشقىچە بىر مىجەزىمىزمۇ بار:
ئۇزۇك، سىرغىلارنىڭ «ساپ ئالتۇن»
بولۇشىنى، ئادەمنىڭ «تاكامۇل»
بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. قۇسۇ-
رى چىقىپ قالسا، بەزىدە

全部都不要了。爱人身上生几个疮，固然不至于就请律师离婚，但对于作者，作品，译品，却总归比较的严紧，萧伯纳坐了大船，不好；巴比塞不算第一个作家，也不好；译者是“大学教授，下职官员”，更不好。好的又不出来，怎么办呢？我想，还是请批评家用吃烂苹果的方法，来救一救急罢。

我们先前的批评法，是说，这苹果有烂疤了，要不得，一下子抛掉。然而买者的金钱有限，岂不是大冤枉，而况此后还要

ھەممىسىنى بىكېرەك قىلىۋېتىمىز. رەپىقىمىزنىڭ تېنىدە بىرنەچچە جاراھەت پەيدا بولۇپ قالسا ئاقلىغۇچى (ئادۋوكات) تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى تالاق قىلىۋەتمەيمىز، لېكىن ئاپتورلارغا، ئەسەرلەرگە، تەرجىمە ئەسەرلىرىگە بولسا، ھامان خېلى قاتتىقلىق قىلىمىز. بېرنارد شاۋ كېمىگە چۈشكەنىكەن، ئۇنى ياراشماپتۇ دېدۇق؛ بابىست بىرىنچى قاتاردىكى يازغۇچى ئەمەس ئىكەن، ئۇنىمۇ ياراتمىدۇق؛ تەرجىمان «ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار» ئىكەن، ئۇنى تېخىمۇ ياراتمىدۇق. ياخشىلىرى ئوتتۇرىغا چىقمىسىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، تەنقىدچىلەردىن زىدە ئالمىنى يېيىش ئۇسۇلى بويىچە دەردىمىزگە دەرمان بولۇشنى ئۆتۈنۈشىمىز كېرەك.

تەنقىد قىلىشتا بىز ئىلگىرى، بۇ ئالمىنىڭ زىدىسى بار ئىكەن، يېگىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، بىراقلا چۆرۈپ تاشلىۋېتەتتۇق. لېكىن سېتىۋالغۇچىلارنىڭ پۇلى چەكلىك تۇرسا، ئۇلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ



穷下去。所以，此后似乎最好还是添几句，倘不是穿心烂，就说：这苹果有着烂疤了，然而这几处没有烂，还可以吃得。这么一办，译品的好坏是明白了，而读者的损失也可以小一点。

但这一类的批评，在中国还不大有，即以《自由谈》所登的批评为例，对于《二十世纪之欧洲文学》，就是专指烂疤的；记得先前有一篇批评邹韬奋先生所编的《高尔基》的短文，除掉指出几个缺点之外，也没有别的话。

گەمبەغەللىشىپ كېتەرمىكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن، ئەڭ ياخشىسى، يەنە بىر ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويۇش توغرا كەلسە كېرەك: ئەگەر ئىچىدىن سېسىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ئالمىنىڭ زىدىسى بار ئىكەن، ئەمما باشقا يەرلىرى سېسىماپتۇ، يېگىلى بولىدۇ، دېيىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ياخشى ياكى يامان تەرەپلىرى ئايدىڭلىشىدۇ، كىتابخانلارنىڭ تارتىدىغان زىيانلىرىمۇ ئازراق بولىدۇ.

لېكىن بۇنداق تەنقىد جۇڭگودا ئانچە كۆپ ئەمەس. «ئەركىن پاراڭ»دا چىققان تەنقىدلەرنى مىسال قىلسام، «XX ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى» نىڭ مەخسۇس سېسىق يەرلىرى كۆرسىتىلگەن. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئىلگىرى زۇ تاۋفېن ئەپەندى تۈزۈپ چىققان «گوركىي» نى تەنقىد قىلىدىغان بىرپارچە قىسقا ماقالە چىققان، ئۇنىڭدا بىرنەچچە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسەتكەندىن باشقا گەپ بولمىغان.

前者我没有看过，说不出另外可有什么可取的地方，但后者却曾经翻过一遍，觉得除批评者所指摘的缺点之外，另有许多记载作者的勇敢的奋斗，胥吏的卑劣的阴谋，是很有益于青年作家的，但也因为有了烂疤，就被抛在筐子外面了。

所以，我又希望刻苦的批评家来做剜烂苹果的工作，这正如"拾荒"一样，是很辛苦的，但也必要，而且大家有益的。

«XX ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى» نى كۆرگىنىم يوق، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدە يەنە باشقا قانداق يارىغۇدەك يەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن «گوركي» دېگەن كىتابىنى بىر قۇر ئوقۇپ كۆرگەنمەن، ئۇنىڭدا تەنقىدچى ئەيىبلىگەن كەمچىلىكلەردىن باشقا، ئاپتورنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقى، كىچىك مەنسەپدارلارنىڭ رەزىل سۇيىقەستلىرى توغرىسىدىكى بىرمۇنچە تەسۋىرلەر ياش يازغۇچىلارغا ناھايىتى نەپ بېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەسەرمۇ زەدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن سېۋەتتىن ئېلىپ تاشلانغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچان تەنقىدچىلەرنىڭ ئالمىنىڭ زەدە يەرلىرىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىش خىزمىتىنى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ خۇددى «بىنەم ئېچىش» قا ئوخشاش مۇشكۈل ئىش بولسىمۇ، لېكىن زۆرۈر، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپچىلىككە نەپ تېگىدۇ.



# 论 重 译

鲁 迅

穆木天先生在二十一日的《火炬》上，反对作家的写无聊的游记之类，以为不如给中国介绍一点上起希腊罗马，下至现代的文学名作。我以为这是很切实的忠告。但他在十九日的《自由谈》上，却又反对间接翻译，说"是

# تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا

لۇشۈن

مۇمۇتيەن ئەپەندى «مەشئەل» نىڭ 21 - كۈنى چىققان سانىدا، يازغۇچىلارنىڭ مەنىسىز ساياھەت خاتىرىلىرىگە ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى يېزىشىغا قارشى چىقىپ، جۇڭگوغا ئاۋۋەلى يۇنان - رىمنىڭ، ئاخىرى ھازىرقى زاماننىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرغانغا يەتمەيدۇ، دەپتۇ. مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ئەمەلىي مەسلىھەت. لېكىن ئۇ «ئەركىن پاراڭ» نىڭ 19 - كۈنى چىققان سانىدا، ۋاستىلىك تەرجىمىگە قارشى چىقىپ، كەچۈرگىلى بولىدىغان بەزى شەرتلەرنى قوشۇپ قويغان بولسىمۇ، ۋاستىلىك تەرجىمىنى «بىر خىل

一种滑头办法”，虽然还附有一些可恕的条件。这是和他后来的所说冲突的，也容易启人误会，所以我想说几句。

重译确是比直接译容易。首先，是原文的能令译者自惭不及，怕敢动笔的好处，先由原译者消去若干部分了。译文是大抵比不上原文的，就是将中国的粤语译为京语，或京语译成沪语，也很难恰如其。在重译，便减少了对于原文的好处的踌躇。其次，是难解之处，忠实的译者往往会有注解，可以

قۇۋلۇق — لوللىق» دەپتىكەن. بۇ سۆز ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزىگە زىت، ئۇقۇشۇلماسلىقلارنىمۇ ئاسانلا پەيدا قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغۇم كەلدى.

تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش بىۋاستە تەرجىمە قىلغانغا قارىغاندا ئاسان چۈشىدۇ. ئالدى بىلەن، ئەسلى ئەسەرنىڭ تەرجىمانىنى چىشىم پاتماسمىكىن دەپ تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ۋە قەلەم تەۋرىتىشكە پېتىنالمايدىغان يەرلىرىنىڭ بەزى قىسمى ئەسلى تەرجىمە قىلغۇچى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. تەرجىمە ھەر ھالدا ئەسلى ئەسەرگە يەتمەيدۇ، ھەتتا جۇڭگونىڭ گۇاڭدۇڭ تىلىنى بېيجىڭ تىلىغا ياكى بېيجىڭ تىلىنى شاڭخەي تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى دەل جايىدا چىقىرىش تەس. تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلغاندا بولسا، ئەسلى ئەسەرنىڭ كۆز يەتمەيدىغان يەرلىرى توغرىسىدىكى دىلغۇللۇق ئازىيىدۇ. ئاندىن قالسا، چۈشىنىش قىيىن بولغان يەرلىرىنى سادىق تەرجىمان كۆپىنچە ئىزاھلاپ قويىدۇ، ئۇنى بىر قاراش بىلەنلا چۈشىنىپ



一目了然，原书上倒未必有。但因此，也常有直接译错误，而间接译却不然的时候。

懂某一国文，最好是译某一国文学，这主张是断无错误的，但是，假使如此，中国也就难有上起希罗，下至现代的文学名作的译本了。中国人所懂的外国文，恐怕是英文最多，日文次之，倘不重译，我们将只能看见许多英美和日本的文学作品，不但没有伊卜生，没有伊本涅支，连极通行的安徒

كەتكىلى بولىدۇ. ئەسلى ئەسەردە ئۇنداق ئىزاھاتلارنىڭ بولۇشى ھاجەت ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، بىۋاستە تەرجىمە خاتا بولۇپ قالىدىغان، ۋاستىلىك تەرجىمىدە ئۇنداق خاتالىقلار تۇغۇلمايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ.

قايسى ئەلنىڭ تىلىنى بىلسە، شۇ ئەلنىڭ ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلغان ياخشى. — بۇ تەشەببۇستا زادىلا خاتالىق يوق. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، جۇڭگودا ئاۋۋەلى يۇنان — رىمنىڭ، ئاخىرى ھازىرقى زاماننىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىملىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تەس بولىدۇ. جۇڭگولۇقلار چەت ئەل تىللىرىدىن ئېھتىمال ئىنگلىز تىلىنى ھەممىدىن كۆپ بىلىدۇ، ئاندىن قالسا ياپونچىنى بىلىدۇ. ئەگەر تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىنمايدىغان بولسا، بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭلا ئەدەبىي ئەسەرلىرى بولۇپ قالىدۇ؛ ئىبسېن، ئىبانېز بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئاندىرسېن بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئاندىرسېن

生的童话，西万提司的《吉呵德先生》，也无从看见了。这是何等可怜的眼界。自然，中国未必没有精通丹麦，诺威，西班牙文字的人们，然而他们至今没有译，我们现在的所有，都是从英文重译的。连苏联的作品，也大抵是从英法文重译的。

所以我想，对于翻译，现在似乎暂不必有严峻的堡垒。最要紧的是要看译文的佳良与否，直接译或间接译，是不必置重的；是否投机，也不必推问的。深通原译文的趋时者的重译本，有时会比

چۆچەكلىرىنىمۇ، سېرۋانتېسنىڭ «دون - كىخوت ئەپەندى» سىنىمۇ كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمايمىز. ئۇنداق بولغاندا نەزەر دائىرىمىز نەقەدەر بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاركەن. دەرۋەقە، جۇڭگودا دانىيە، نورۋېگىيە، ئىسپانىيە تىللىرىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەستۇر، لېكىن ئۇلار تاكى ھازىرغىچە تەرجىمە قىلمايۋاتىدۇ، بىزدە ھازىر بىرى تامامەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىن قىلىنغان تەرجىمە. ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كۆپىنچە ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە تەرجىمىلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئويلايمەنكى، تەرجىمىگە ھازىرچە قاتتىق قورغان سېلىپ قويماسلىق كېرەك. ھەممىدىن مۇھىمى تەرجىمىنىڭ ياخشى ياكى ناچار قىلىنغانلىقىغا قاراش كېرەك؛ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تەرجىمە دەپ ئىلغاشنىڭ ھاجىتى يوق؛ پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەسلى تەرجىمىسىنى پىششىق چۈشىنىپ، زامانىنىڭ تەقەززاسىنى بىلگۈچىنىڭ تەرجىمىدىن قىلغان



不甚懂原文的忠实者的直接译本好，日本改造社译的《高尔基全集》，曾被有一些革命者斥责为投机，但革命者的译本出，却反而显出前一本的优良了。不过也还要附一个条件，并不很懂原译文的趋时者的速成译本，可实在是不可恕的。

待到将各种名作有了直接译本，则重译本便是应该淘汰的时候，然而必须那译本比旧译本好，不能但以“直接翻译”当作护身的挡牌。

تەرجىمىسى بەزىدە ئەسلى ئەسەرنى ئوبدان چۈشەنمەيدىغان سادىق ئادەمنىڭ بىۋاسىتە تەرجىمىسىدىنمۇ ئوبدان بولۇپ چىقىدۇ. ياپونىيىدىكى «ئۆزگەرتىش» نەشرىياتى «گوركىي ئەسەرلىرى»نى تەرجىمە قىلىپ چىقارغانلىقىنى بەزى ئىنقىلابچىلار پۇرسەتپەرەسلىك دەپ ئەيىبلىگەنىدى، لېكىن ئىنقىلابچىلارنىڭ تەرجىمە قىلغانلىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئەكسىچە ئىلگىرىكى تەرجىمىنىڭ ئېسىللىكى روشەنلەشتى. لېكىن شۇ شەرتنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ئەسلى تەرجىمىسىنى ئوبدان چۈشەنمەيدىغان، زامانىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئالدىراپ تەرجىمە قىلىدىغانلارنىڭ تەرجىمىسىنى ھەقىقەتەن كەچۈرۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

كەلگۈسىدە، تۈرلۈك مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىۋاسىتە تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەندە، تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن بولىدۇ، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ شۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى كونا تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن ياخشى بولۇشى شەرت، «بىۋاسىتە تەرجىمە»نى قالقان قىلىۋېلىش يارىمايدۇ.

# 关于翻译的通信

鲁　讯

## 来　　信

敬爱的同志：

你译的《毁灭》出版，当然是中国文艺生活里面的极可纪念的事迹。翻译世界无产阶级革命文学的名著，并且有系统的介绍给中国读者，（尤其是苏联的名著，因为它们能够把伟大的十月，国内战争，五年计划的“英雄”，经过具体的形象，经过艺术的照耀，而供献给读者。）——这是中国普罗文学者的重要任务之

# تەرجىمە توغرىسىدا سالام خەت

لۇشۈن

## كەلگەن خەت

مۆھتەرەم يولداش:

سىز تەرجىمە قىلغان «تارمار»
نىڭ نەشىر قىلىنغانلىقى جۇڭگونىڭ
ئەدەبىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى خاتىرى-
لەشكە ئەرزىيدىغان ئىش. دۇنيا
پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى
بويىچە مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە
قىلىش ۋە جۇڭگو كىتابخانلىرىغا
سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇش (بولۇپمۇ
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر
ئەسەرلىرىنى. چۈنكى ئۇلار ئۇلۇغ
ئۆكتەبىر، گراژدانلار ئۇرۇشى ۋە
بەش يىللىق پىلان «قەھرىمان»
لىرىنى كونكرېت ئوبراز، بەدىئىي
روناق بىلەن كىتابخانلارغا تەقدىم
قىلالايدۇ.) — جۇڭگو پرولېتار
ئەدىبلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن



一。虽然，现在做这件事的，差不多完全只是你个人和Z同志的努力；可是，谁能够说：这是私人的事情？！谁？！《毁灭》，《铁流》等等的出版，应当认为一切中国革命文学家的责任。每一个革命的文学战线上的战士，每一个革命的读者，应当庆祝这一个胜利；虽然这还只是小小的胜利。

你的译文，的确是非常忠实的，“决不欺骗读者”这一句话，决不是广告！这也可见得一个诚挚，热心，为着光明而斗争的人，不能够不是刻苦而负责的。二十世纪的才子和欧化名士可以用“最少的劳力求得最大的”声

بىرى. دەرۋەقە، ھازىر بۇ ئىش
تامامەن دېگۈدەك شەخسەن سىزنىڭلا
ۋە يولداش Z نىڭلا تىرىشچانلىقىغا
باغلىق بولۇپ قالدى؛ لېكىن، بۇنى
خۇسۇسىي ئىش دەپ كىم ئېيتالا-
سۇن؟! كىم؟! «تارمار»، «تۆمۈر
ئېقىن» ۋەھاكازالارنى نەشىر
قىلىشنى جۇڭگونىڭ بارلىق
ئىنقىلابىي ئەدىبلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى
دەپ قاراش كېرەك. ئىنقىلابىي
ئەدەبىيات سېپىدىكى ھەربىر
جەڭچى، ھەربىر ئىنقىلابىي
كىتابخان بۇ غەلىبىنى تەبرىكلىشى
كېرەك؛ گەرچە بۇ كىچىككىنە
غەلىبە بولسىمۇ.

سىزنىڭ تەرجىمىڭىز ھەقىقەتەنمۇ
ئىنتايىن ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەن-
گەن؛ «كىتابخانلارنى ھەرگىزمۇ
ئالدىمايمەن» دېگەن جۈملە ھەرگىز-
مۇ بايانات ئەمەس! بۇنىڭدىن
سەممىيەتلىك، ئوت يۈرەك، يورۇق-
لۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان
ئادەمنىڭ جاپاغا چىداملىق
ۋە مەسئۇلىيەتچان بولماي قالماي-
دىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. 20 –
ئەسىرنىڭ ماھارەت ئىگىلىرى ۋە
ياۋروپالىشىپ كەتكەن مەشھۇر
جانابلار «ئازغىنا ئەمگەك بىلەن
چوڭ ئابروي» تېپىشى مۇمكىن،

望，但是，这种人物如果不彻底的脱胎换骨，始终只是“纱笼”（Salon）里的哈叭狗。现在粗制滥造的翻译，不是这班人干的，就是一些书贾的投机。你的努力——我以及大家都希望这种努力变成团体的，——应当继续，应当扩大，应当加深。所以也许和你自己一样，看着这本《毁灭》，简直非常的激动：我爱它，象爱自己的儿女一样。咱们的这种爱，一定能够帮助我们，使我们的精力增加起来，使我们的小小的事业扩大起来。

翻译——除出能够介绍原本的内容给中国读者之外——还有一个很重要

لېكىن ئۇنداق ئادەملەر ئۇزۇل-كېسىل ھالدا ئۆزىنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا، ھەرقاچان «سالون» (Salon) لاردىكى پىستە كۈچۈكلاردىن بولۇپ قېلىشىۋېرىدۇ. ھازىرقى كۈندىكى بولۇشىچە قوپال ئىشلەنگەن تەرجىمىلەر ياكى ئەنە شۇنداقلارنىڭ ئىشى ياكى بەزى كىتابپۇرۇشلارنىڭ ھايانكەشلىكى. سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز — مەن ۋە ھەممىمىز شۇنداق تىرىشچانلىقنىڭ كوللېكتىپ تىرىشچانلىققا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز — داۋاملاشسۇن، كېڭەيسۇن، چوڭقۇرلاشسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ، خۇددى سىزگە ئوخشاشلا، بۇ «تارمار» نى كۆرۈۋېتىپ ناھايىتى ھاياجانلاندىم: مەن ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز پەرزەنتىمگە كۆيۈنگەندەك، سۆيۈنۈپ كەتتىم. بىزنىڭ بۇنداق كۆيۈنۈشىمىز بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە، كىچىككىنە مەشغۇلاتىمىزنىڭ كېڭىيىشىگە چوقۇم ياردەم بېرەلەيدۇ.

تەرجىمىنىڭ — ئەسلى مەزمۇننى جۇڭگو كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇپ بېرەلىگەندىن باشقا — يەنە بىر ناھايىتى مۇھىم رولى بار:



的作用：就是帮助我们创造出新的中国的现代言语。中国的言语（文字）是那么贫乏，甚至于日常用品都是无名氏的。中国的言语简直没有完全脱离所谓“姿势语”的程度——普通的日常谈话几乎还离不开“手势戏”。自然，一切表现细腻的分别和复杂的关系的形容词，动词，前置词，几乎没有。宗教封建的中世纪的余孽，还紧紧的束缚着中国人的活的言语，（不但是工农群众！）这种情形之下，创造新的言语是非常重大的任务。欧洲先进的国家，在二三百年四五百年以前已经一般的完成了这个任务。就是历史上比较落后的俄国，也在一百五六

جۇڭگونىڭ يېڭى، زامانىۋى تىلىنى يارىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ تىلى (يېزىقى) شۇنچە گادايكى، ھەتتا كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭمۇ ناملىرى يوق. جۇڭگونىڭ تىلى گويا ئاتالمىش «ئىشارەت تىلى» دەرىجىسىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كەتمىگەن — ئادەتتىكى گەپ-سۆزلىرىمىزمۇ ھەتتا «قول ئىشارىتى» دىن دېگۈدەك قۇتۇلۇپ كەتمىگەن. ھالبۇكى، نازۇك پەرقلەرنى ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۈپەت، پېئىل، سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى يوق دېيەرلىك. پاترىئارخال — فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان سارقىتلار جۇڭگولۇقلارنىڭ (يالغۇز ئىشچى، دېھقانلار ئاممىسىنىڭلا ئەمەس!) جانلىق تىلىنى تېخىچە چىڭ چىرماپ تۇرماقتا؛ مۇشۇنداق شارائىتتا، يېڭى تىل يارىتىش تولىمۇ زور ۋەزىپە. بۇ ۋەزىپىنى ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بۇنىڭدىن 2 — 3 يۈز يىل، 4 — 5 يۈز يىل بۇرۇن ئومۇمەن ئورۇنداپ بولغان. ھەتتا تارىختا ئارقىدا قالغان روسىيەمۇ «چېركاۋ سلاۋيان تىلى» غا بۇنىڭدىن 150 — 160 يىل

十年以前就相当的结束了“教堂斯拉夫文”。他们那里，是资产阶级的文艺复兴运动和启蒙运动做了这件事。例如俄国的洛莫洛莎夫……普希金。中国的资产阶级可没有这个能力。固然，中国的欧化的绅商，例如胡适之之流，开始了这个运动。但是，这个运动的结果等于它的政治上的主人。因此，无产阶级必须继续去彻底完成这个任务，领导这个运动。翻译，的确可以帮助我们造出许多新的字眼，新的句法，丰富的字汇和细腻的精密的正确的表现。因此，我们既然进行着创造中国现代的新的言语的斗争，我们对于翻译，就不能够不要求：绝

ئىلگىرى خېلىلا خاتىمە بەرگەن. ئۇلاردا بۇ ئىشنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ئورۇندىدى. مەسىلەن، روسىيىدە لومونوسوۋ...... پۇشكىن. لېكىن جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىدە ئۇنداق ئىقتىدار يوق. دۇرۇس، جۇڭگودىكى پەرەڭلىشىپ كەتكەن تۆرە - سودىگەرلەر، مەسىلەن، خۇشىزىدەك بىرنىمىلەر، بۇ ھەرىكەتنى باشلاپ باقتى. لېكىن بۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى شۇ ھەرىكەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى خوجايىنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنى داۋاملىق ئۈزۈل - كېسىل ئورۇنداش، بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىش پرولېتارىياتقا توغرا كەلدى. تەرجىمە ھەقىقەتەن بىزنىڭ بىر مۇنچە يېڭى سۆز، يېڭى جۈملە، كەڭ مەزمۇنلۇق ئاتالغۇ ۋە نازۇك، مۇكەممەل، توغرا ئىپادىلەرنى يارىتىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز جۇڭگونىڭ زامانىۋى يېڭى تىلىنى يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقانىكەنمىز، تەرجىمىگە تەلەپ قويماي تۇرالمايمىز: مۇتلەق توغرا ۋە مۇتلەق



对的正确和绝对的中国白话文。这是要把新的文化的言语介绍给大众。

严几道的翻译，不用说了。他是：

译须信雅达，

文必夏殷周。

其实，他是用一个“雅”字打消了“信”和“达”。最近商务还翻印“严译名著”，我不道这是“是何居心”！这简直是拿中国的民众和青年开玩笑。古文的文言怎么能够译得“信”，对于现在的将来的大众读者，怎么能够“达”！

现在赵景深之流，又来要求：

جۇڭگو ئومۇمىي ئەدەبىي تىلى كېرەك. بۇ — ئاممىغا يېڭى مەدەنىي تىلنى تونۇشتۇرسۇن.

يەن جىداۋنىڭ تەرجىمىسىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ دەيدۇ:

تەرجىمە دۇرۇس، ئۇقۇملۇق،

پاساھەتلىك بولسۇن؛

ئەسەر شيا، يىن، جۇ دەۋرلىرىدىكىدەك بولسۇن.

ھەقىقەتتە ئۇ «دۇرۇس» ۋە «ئۇقۇملۇق» بولۇشنى «پاساھەتلىك» دېگەن سۆزى بىلەن يوققا چىقارغان. يېقىندا تىجارەت كىتابخانىسى «يەنفۇ تەرجىمە قىلغان مەشھۇر ئەسەرلەر»نى كۆچۈرۈپ بېسىپتۇ، بىلەلمىدىم، ئۇلارنىڭ «غەرىزى نېمىكى — تاڭ!» بۇ گويا جۇڭگو خەلقى ۋە ياشلىرى ھېسابىغا ئويناشقانلىق. قەدىمكى كىتابلاردىكى يېزىق ئەدەبىي تىلى بىلەن قانداقمۇ «دۇرۇس» تەرجىمە قىلغىلى بولسۇن؛ ھازىرقى، كەلگۈسىدىكى كەڭ كىتابخانلارغا قانداقمۇ «ئۇقۇملۇق» قىلغىلى بولسۇن!

مانا ئەمدى جاۋ جىڭشېندەك بىرنېمىلەر تەلەپ قويۇشۇۋاتىدۇ:

宁错而务顺，

毋拗而仅信！

赵老爷的主张，其实是和城隍庙里演说西洋故事的，一鼻孔出气。这是自己懂得了（？）外国文，看了些书报，就随便拿起笔来乱写几句所谓通顺的中国文。这明明白白的欺骗中国读者，信口开河的来乱讲海外奇谈。第一，他的所谓“顺”，既然是宁可“错”一点儿的“顺”，那么，这当然是迁就中国的低级言语而抹杀原意的办法。这不是创造新的言语，而是努力保存中国的野蛮人的言语程

خاتا بولسا بولسۇنكى، راۋان بولسۇن؛

گىدە ـ گاراڭ بولمىسۇنكى، دۇرۇسلا بولسۇن.

جاۋ غوجىنىڭ تەشەببۇسى، ئەمەلىيەتتە، چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىدىكى پەرەڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەيدىغان مەدداھلار بىلەن بىر تۆشۈكتىن نەپەس ئالغانلىق. بۇ ــ ئۆزى چەت ئەل تىلىنى بىلىۋېلىپ (؟) بەزى كىتاب ـ گېزىتلىرىنى ئوقۇپ، قولىغا قەلەم ئېلىپلا قالايمىقان راۋان دېيىلگەن، جۇڭگو تىلىدا ئۆز مەيلىچە بولار ـ بولماس بىر نەچچە جۈملە يازغانلىق. بۇ ـ جۇڭگو كىتابخانلىرىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھوزەك قىلىپ، چەت ئەلچە غەلىتە گەپلەرنى، غەلىتە ۋالاقلاپ سۆزلەپ كەتكەنلىك. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ «راۋان» دېگىنى ئازراق «خاتا» بولسىمۇ بولىۋېرىدىغان «راۋان» ئىكەن، بۇ ئەلۋەتتە جۇڭگونىڭ چاكىنا تىلىغا يول قويۇپ، ئەسلى مەنىسىنى يوقىتا چىقىرىشنىڭ چارىسى. بۇ ــ يېڭى تىل ياراتقانلىق ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ بەدۆلەر تىلى سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىشقا، ئۇنىڭ



度，努力阻挡它的发展。第二，既然要宁可“错”一点儿，那就是要朦蔽读者，使读者不能够知道作者的原意。所以我说：赵景深的主张是愚民政策，是垄断智识的学阀主义，——一点儿也没有过分的。还有，第三，他显然是暗示的反对普罗文学（好个可怜的“特殊走狗”）！他这是反对普罗文学，暗指着普罗文学的一些理论著作的翻译和创作的翻译。这是普罗文学敌人的话。

但是，普罗文学的中文书籍中，的确有许多翻译是不“顺”的。这是我

تەرەققىياتىنى توسۇشقا بېرىلگەنلىك. ئىككىنچىدىن، «خاتا» راق بولسىمۇ مەيلىكەن، دېمەك بۇ كىتابخانلارنى قايمۇقتۇرغانلىق، كىتابخانلارنى ئاپتورنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماسلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئېيتىمەنكى، جاۋ جىڭشېننىڭ تەشەببۇسى خەلقنى نادانلىقتا تۇتىدىغان سىياسەت، ئىلىم ـ بىلىمنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدىغان بىلىم زوراۋانلىقى. بۇ گەپ ئازراقمۇ ئاشۇقچىلىق قىلمايدۇ. يەنە، ئۈچىنچىدىن، روشەنكى، ئۇ پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرۇشقا ئىشارەت قىلغان (ۋاي ئەبگا «ئالاھىدە يۈندىخور»!) ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ــ پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرغانلىقى، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى نەزەرى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىجادىيەتلەرنى تەرجىمە قىلىشنى دارىتمىلاپ ئەيىبلىگەنلىكى. بۇ ــ پرولېتارىيات ئەدەبىيات دۈشمەنلىرىنىڭ سۆزى.

لېكىن پرولېتارىيات ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى خەنزۇچە كىتابلارنىڭ ھەقىقەتەن بىرمۇنچىسىنىڭ تەرجىمىسى «راۋان» ئەمەس. بۇ ــ

们自己的弱点，敌人乘这个弱点来进攻。我们的胜利的道路当然不仅要迎头痛打，打击敌人的军队，而且要更加整顿自己的队伍。我们的自己批评的勇敢，常常可以解除敌人的武装。现在，所谓翻译论战的结论，我们的同志却提出了这样的结语：

“翻译绝对不容许错误。可是，有时候，依照译品内容的性质，为着保存原作精神，多少的不顺，倒可以容忍。”

这是只是个“防御的战术”。而蒲力汗诺夫说：辩证法的唯物论者应当要会“反守为攻”。第一，当然我们首先要说

بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، دۈشمەنلەر ئەنە شۇ ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشۋاتىدۇ. بىزنىڭ غەلىبە قىلىش يولىمىز، ئەلۋەتتە، دۈشمەن قوشۇنىغا تازا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشلا ئەمەس، بەلكى ئۆز قوشۇنىمىزنىمۇ تېخىمۇ رەتكە سېلىش. بىزنىڭ ئۆز – ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىش جاسارىتىمىز كۆپ ھاللاردا دۈشمەنلەرنى قورالسىزلاندۇرالايدۇ. ھازىر، ئاتالمىش تەرجىمە ھەققىدىكى مۇنازىرە جېڭى توغرىسىدا، بىزنىڭ يولداشلىرىمىز مۇنداق خۇلاسە چىقارماقتا:

«تەرجىمىدە خاتالىققا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. لېكىن، بەزىدە، تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ، ئەسلى روھىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاز – تولا راۋان بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا يول قويۇش مۇمكىن.» بۇ پەقەت «مۇداپىئە تاكتىكىسى» دىنلا ئىبارەت. پلېخانوپ دىئالېكتىك ماتېرىيالىستلار «مۇداپىئەدىن، ھۇجۇمغا ئۆتۈش» نى بىلىش كېرەك دېگەن. بىرىنچىدىن، بىز ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنى ئېيتىشىمىز كېرەككى، بىز چۈشەنگەن «راۋان» دېگەنلىك



明：我们所认识的所谓“顺”，和赵景深等所说的不同。第二，我们所要求的是：绝对的正确和绝对的白话。所谓绝对的白话，就是朗诵起来可以懂得的。第三，我们承认：一直到现在，普罗文学的翻译还没有做到这个程度，我们要继续努力。第四，我们揭穿赵景深等自己的翻译，指出他们认为是“顺”的翻译，其实只是梁启超和胡适之交媾出来的杂种——半文不白，半死不活的言语，对于大众仍旧是不“顺”的。

这里，讲到你最近出版的《毁灭》，可以说：这是做到了“正确”，还

جاۋ جىڭشېن قاتارلىقلارنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشىمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز: مۇتلەق توغرا ۋە مۇتلەق ئوممىي ئەدەبىي تىل. مۇتلەق ئوممىي ئەدەبىي تىل دېگىنىمىز شۇكى، ئوقۇلۇك ئوقۇغاندا چۈشەنگىلى بولىدىغان بولسۇن. ئۈچىنچىدىن بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىمىزكى: پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ تەرجىمىسى ھازىر تېخى بۇ دەرىجىگە يەتمىدى، بىز داۋاملىق تىرىشىمىز. تۆتىنچىدىن، بىز جاۋجىڭشېن قاتارلىقلارنىڭ ئۆز تەرجىملىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇلارنىڭ «راۋان» دېگەن تەرجىملىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە لياڭ چىچاۋ بىلەن خۇشىزنىڭ خالىدا تېپىشىپ قېلىشى بىلەن پەيدا بولغان شالغۇت – يېرىق تىلى دېسە يېرىق تىلى ئەمەس، ئوممىي ئەدەبىي تىل دېسە ئۇمۇ ئەمەس، يېرىم ئۆلۈك، يېرىم جانلىق تىل: ئۇ كۆپچىلىك ئاما ئۈچۈن بۇرۇنقىدەكلا «راۋان» سىز.

بۇ يەردە، سىز يېقىندا نەشر قىلدۇرغان «تارمار» غا ئۆتەي. شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇنىڭدا «توغرا»

没有做到“绝对的白话”。

翻译要用绝对的白话，并不就不能够“保存原作的精神”。固然，这是很困难，很费功夫的。但是，我们是要绝对不怕困难，努力去克服一切的困难。

一般的说起来，不但翻译，就是自己的作品也是一样，现在的文学家，哲学家，政论家，以及一切普通人，要想表现现在中国社会已经有的新的关系，新的现象，新的事物，新的观念，就差不多人人都要做“仓颉”。这就是说，要天天创造新的字眼，新的句法。实际生活的要求是这样。难道一九二五年初我们没有在上海小沙渡替群众造出“罢工”这一个字眼吗？还有

بولۇش تەلىپى ئورۇندالغان، لېكىن «مۇتلەق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل» دا بولۇش تەلىپى ئورۇندالمىغان.

تەرجىمىدە مۇتلەق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل قوللىنىلسا، «ئەسلى ئەسەرنىڭ روھىنى ساقلاش» مۇمكىن بولمايدۇ ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلىش خېلى تەس، ئۇنىڭغا خېلى ئەجىر كېتىدۇ، لېكىن بىز قىيىنچىلىقتىن ھەرگىز قورقمايمىز، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ يېڭىمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، يالغۇز تەرجىمىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزى يازغان ئەسەرلەردىمۇ ئەھۋال ئوخشاش، ھازىرقى ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، سىياسىي مۇھاكىمىچىلەر ۋە بارلىق ئادەتتىكى كىشىلەر ھازىرقى جۇڭگو جەمئىيىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى، يېڭى ھادىسىلەرنى، يېڭى شەيئىلەرنى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسا، ھەممىسىنىڭ «ساڭجىيې» بولۇشى، يەنى ھەر كۈنى يېڭى سۆز، يېڭى جۈملە يارىتىشى توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ تەلىپى شۇنداق. 1925 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شاڭخەيدىكى شياۋشادۇدا ئاممىغا «ئىش تاشلاش» دېگەن سۆزنى يارىتىپ بەرمىگەنمىدۇق؟



“游击队”，“游击战争”，“右倾”，“左倾”，“尾巴主义”，甚至于普通的“团结”，“坚决”，“动摇”等等，等类……这些说不尽的新的字眼，渐渐的容纳到群众的口头上的言语里去了，即使还没有完全容纳，那也已经有了可以容纳的可能了。讲到新的句法，比较起来要困难一些，但是，口头上的言语里面，句法也已经有了很大的改变，很大的进步。只要拿我们自己演讲的言语和旧小说里的对白比较一下，就可以看得出来。可是，这些新的字眼和句法的创造，无意之中自然而然的要遵照着中国白话的文法公律。凡是“白话文”里面，违反这些公律的新字眼，新句法，——就是说不上口的——自然淘汰出去，不能够存在。

«پارتىزان»، «پارتىزانلىق ئۇرۇشى»، «ئوڭچىل»، «سولچىل»، «قۇيرۇقچىلىق» ھەتتا ئادەتتىكى «ئىتتىپاقلىق»، «قەتئىي»، «ئارسالدىلىق» ۋەھاكازالارمۇ بار...... ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇ يېڭى سۆزلەر بارا - بارا ئاممىنىڭ ئېغىز تىلىغا سىڭىپ كەتتى، تولۇق سىڭىپ بولالمىغانلىرى بولسىمۇ، سىڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يېڭى جۈملە شەكلىگە كەلسەك، بۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش قىيىنراق، لېكىن ئېغىز تىلىدا، جۈملە شەكلىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۆزگەرمەكتە، ناھايىتى ئىلگىرىلىمەكتە، ئۆزىمىز سۆزلەپ تۇرغان تىل بىلەن كونا رومان قىسسىلەردىكى دىئالوگلارنى سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساقلا، بايقىۋالالايمىز. ئەمما بۇ يېڭى سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئىجاد قىلىشتا ئاڭسىز ۋە تەبىئىي ھالدا جۇڭگو ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىماقتا. «ئومۇمىي ئەدەبىي تىل» دىكى بۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپ يېڭى سۆز ۋە جۈملە شەكىللىرى — يەنى ئېغىزغا چۈشمەيدىغانلىرى — تەبىئىي يوسۇندا شاللاپ چىقىرىلماقتا، مەۋجۇت تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولماقتا.

所以说到什么是“顺”的问题，应当说：真正的白话就是真正通顺的现代中国文，这里所说的白话，当然不限于“家务琐事”的白话，这是说：从一般人的普通谈话，直到大学教授的演讲的口头上的白话。中国人现在讲哲学，讲科学，讲艺术……显然已经有了一个口头上的白话。难道不是如此？如果这样，那么，写在纸上的说话（文字），就应当是这一种白话，不过组织的比较紧凑，比较整齐罢了。这种文字，虽然现在还有许多对于一般识字很少的群众，仍旧是看不懂的。因为这种言语，对于一般不识字的群众，也还

شۇنىڭ ئۈچۈن، «راۋان» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە سۆزلىگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەقىقىي ئومۇمىي ئەدەبىي تىل ھەقىقىي راۋان ھازىرقى زامان جۇڭگو تىلى. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىل «ئائىلىۋى ئۇششاق – چۈششەك ئىشلار» بىلەن چەكلەنمىگەن ئومۇمىي تىل، يەنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى گەپ – سۆزلىرىدىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپ جياۋشۇلىرى دەرس ئۆتكەندە ئىشلەتكەن ئېغىزدىكى ئومۇمىي ئەدەبىي تىل. جۇڭگولۇقلارنىڭ ھازىر پەلسەپە، پەن، سەنئەت...... ئۈستىدە سۆزلىگەندە قوللانغان ئاغزاكى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلى بار. شۇنداق ئەمەسمۇ – يا؟ شۇنداق ئىكەن، قەغەزگە يېزىلغان گەپلەر (يېزىق) ئەلۋەتتە شۇنداق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بولىدۇ، پىراق ئۇ بىر ئاز ئىخچام، بىر ئاز رەتلىك ئۇيۇشتۇرغان بولىدۇ، خالاس. بۇنداق يېزىقنى ھازىرمۇ ئومۇمەن ئانچە – مۇنچە ساۋاتى چىققان بىرمۇنچە ئامما يەنىلا ئوقۇپ چۈشەنمەيدۇ، چۈنكى بۇنداق تىلنى ئومۇمەن خەت ساۋاتى يوق ئاممۇ ئاڭلاپ چۈشەنمەيدۇ؛



是所不懂的——。可是，第一，这种情形只限于文章的内容，而不在文字的本身，所以，第二，这种文字已经有了生命，它已经有了可以被群众容纳的可能性。它是活的言语。

所以，书面上的白话文，如果不注意中国白话的文法公律，如果不就着中国白话原来有的公律去创造新的，那就很容易走到所谓“不顺”的方面去。这是在创造新的字眼新的句法的时候，完全不顾普通群众口头上说话的习惯，而用文言做本位的结果。这样写出来的文字，本身就是死的言语。

شۇنداق بولسىمۇ، بىرىنچىدىن، بۇنداق ئەھۋال يېزىقنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى پەقەت ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەنلا چەكلىنىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، بۇنداق يېزىق جانلاندى، ئۇ ئامما تەرىپىدىن سىڭدۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، ئۇ جانلىق تىل.

دېمەك، يېزىقتىكى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدا، ئەگەر جۇڭگو ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قانۇنىيىتىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، جۇڭگو ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەسلى قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلماستىن، يېڭىسى يارىتىلىدىغان بولسا، «راۋانسىز» دېيىلگەن تەرەپكە ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن. بۇ — يېڭى سۆز، يېڭى جۈملە شەكلى يارىتىشتا ئادەتتىكى ئامىنىڭ ئاغزاكى سۆز قىلىش ئادىتىگە زادىلا قارىماستىن، يېزىق تىلىنى ئاساس قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنداق يېزىلغان يېزىقنىڭ ئۆزى ئۆلۈك تىل بولۇپ قالىدۇ.

因此，我觉的对于这个问题，我们要有勇敢的自己批评的精神，我们应当开始一个新的斗争。你以为怎么样？

我的意见是：翻译应当把原文的本意，完全正确的介绍给中国读者，使中国读者所得到的概念等于英俄日法德……读者从原文得来的概念，这样的直译，应当用中国人口头上可以讲得出来的白话来写。为着保存原作的精神，并不用着容忍“多少的不顺”。相反的，容忍着“多少的不顺”（就是不用口头上的白话），反而要多少的丧失原作的精神。

شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە، بۇ مەسىلە توغرىسىدا باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىدىغان روھتا بولۇپ، يېڭى كۈرەشنى باشلىشىمىز كېرەك. سىزنىڭچە قانداق؟

مېنىڭ پىكرىم: تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ تۈپ مەنىسىنى جۇڭگو كىتابخانلىرىغا پۈتۈنلەي توغرا تونۇشتۇرۇش كېرەك. جۇڭگو كىتابخانلىرى چۈشەنگەن ئۇقۇم ئىنگلىز، رۇس، ياپون، نېمىس، فرانسۇز...... كىتابخانلىرىنىڭ ئەسلى ئەسەردىن ئالغان ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش بولسۇن، مۇشۇنداق ئۇدۇل (تۈپتۈز) تەرجىمىنى جۇڭگولۇقلار ئېغىزدا سۆزلىشىدىغان ئوممىي ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىش كېرەك. ئەسلى ئەسەرنىڭ روھىنى ساقلاش ئۈچۈن، «ئاز - پاز راۋانسىز» لىققا يول قويماسلىق كېرەك. ئەكسىچە، «ئاز - پاز راۋانسىزلىق» قا (ئېغىزدىكى ئوممىي ئەدەبىي تىلنى ئىشلەتمەسلىككە) يول قويۇلىدىكەن، ئەسلى ئەسەرنىڭ روھى ئاز - تولا يوقىلىپ كېتىدۇ.



当然，在艺术的作品里，言语上的要求是更加苛刻，比普通的论文要更加来得精细。这里有各种人不同的口气，不同的字眼，不同的声调，不同的情绪，……并且这并不限于对白。这里，要用贫乏的中国口头上的白话来应付，比翻译哲学，科学……的理论著作，还要来得困难。但是，这些困难只不过愈加加重我们的任务，可并不会取消我们的这个任务的。

现在，请你允许我提出《毁灭》的译文之中的几个问题。我还没有能够读完，对着原文读的只有很少几段。这里，我只把苇理契序文里引的原文来校对一下。（我顺着序文

دەرۋەقە، بەدىئىي ئەسەرلەردە تىل جەھەتتىكى تەلەپ تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ، ئۇ ئادەتتىكى نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىڭكىدىنمۇ نازۇك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇزلىرى، ھەر خىل سۆزلىرى، ھەر خىل ئاھاڭ ئۇرغۇلىرى، ھەر خىل كەيپىياتلىرى ...... بولىدۇ ھەمدە بۇلار دىئالوگ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇلارغا جۇڭگونىڭ ئېغىزدىكى گاداي ئوممىي ئەدەبىي تىلى بىلەن جاۋاب بېرىش، پەلسەپە، پەن...... لەرگە ئائىت نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتىنمۇ قىيىن. لېكىن بۇ قىيىنچىلىق بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇكى، بۇ ۋەزىپىمىزنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ.

ھازىر «تارمار» نىڭ تەرجىمىسىدىكى بىرنەچچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ. پۈتۈن ئەسەرنى تېخى تولۇق ئوقۇپ بولالمىدىم، ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغىنىم ناھايىتى ئاز. بۇ يەردە ۋ. فرىتچېنىڭ كىرىش سۆزىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسلى تېكىستى بىلەنلا سېلىشتۇرۇپ كۆردۇم (ئەسلى

里的次序，编着号码写下去，不再引你的译文，请你自己照着号码到书上去找罢。序文的翻译有些错误，这里不谈了。）

تېكستنىڭ تەرتىپى بويىچە بەت نومۇرى سالدىم، سىزنىڭ تەرجىمىڭىزدىن نەقىل كەلتۈرمىدىم، ئۆزىڭىز مەن سالغان بەت نومۇرى بويىچە كىتابتىن تاپارسىز. كىرىش سۆزنىڭ تەرجىمىسىدىكى خاتالىقلار ئۈستىدە بۇ يەردە توختالمىدىم).

（一）结算起来，还是因为他心上有一种——“对于新的极好的有力量的慈善的人的渴望，这种渴望是极大的，无论什么别的愿望都比不上的。”更正确些：结算起来，还是因为他心上——“渴望着一种新的极好的有力量的慈善的人，这个渴望是极大的，无论什么别的愿望都比不上的。”

（二）“在这种时候，极大多数的几万万人，还不得不过着这种原始的可怜的生活，过着这种无聊得一点意思都没有的生活，——怎么能够谈得上什么新的极好的人呢。”

（三）“他在世界上，最爱的始终还是他自己，——他爱他自己的雪白的肮脏的没有力量的手，他爱他自己的唉声叹气的声音，他爱他自己的苦痛，自己的行为——甚至于那些最可厌恶的行为。”

（四）“这算收场了，一切都回到老样子，仿佛什么也不曾有过，——华理亚想着，——又是旧的道路，仍旧是那一些纠葛——一切都要到那一个地方……可是，我的上帝，这是多么没有快乐呵！”

（五）“他自己都从没有知道过这种苦恼，这是忧愁的疲倦的，老年人似的苦恼，——他这样苦恼着的想：他已经二十七岁了，过去的每一分钟，都不能再回来，重新换个样



子再过它一过，而以后，看来也没有什么好的……（这一段，你的译文有错误，也就特别来的“不顺”。）现在木罗式加觉得，他一生一世，用了一切力量，都只是竭力要走上那样的一条道路，他看起来是一直的明白的正当的道路，象莱奋生，巴克拉诺夫，图皤夫那样的人，他们所走的正是这样的道路；然而似乎有一个什么人妨碍他走上这样的道路呢？而因为他无论什么时候也想不到这个仇敌就在他自己的心里面，所以，他想着他的痛苦是因为一般人的卑鄙，他就觉得特别的痛恨和伤心。”

（六）“他只知道一件事——工作。所以，这样正当的人，是不能不信任他，不能够不服从他的。”

（七）“开始的时候，他对于他生活的这方面的一些思想，很不愿意去思索，然而，渐渐的他起劲起来了，他竟写了两张纸……在这两张纸上，居然有许多这样的字眼——谁也想不到莱奋生会知道这些字眼的。”（这一段，你的译文里比俄文原文多了几句副句，也许是你引了相近的另外一句了罢？或者是你把萧理契空出的虚点填满了？）

（八）“这些受尽磨难的忠实的人，对于他的亲近的，比一切其他的东西都更亲近，甚至于比他自己还要亲近。”

（九）“……沉默的，还是潮湿的眼睛，看了一看那些打麦场上的疏远的人，——这些人，他应当很快就把他们变成为自己的亲近的人，象那十八个人一样，象那不做声的，在他后面走着的人一样。”（这里，最后一句，你的译文有错误。）

这些译文请你用日文和德文校对一下，是否是正确的直译，可以比较的出来的。我的译文，除出按照中国白话的句法和修辞法，有些比起原文来是倒装的，或者主词，动词，宾词是重复的，此外，完完全全是直译的。

这里，举一个例：第（八）条“……甚至于比他自己还要亲近。”这句话的每一个字都和俄文相同的。同时，这在口头上说起来的时候，原文的口气和精神完全传达得出。而你的译文：“较之自己较之别人，还要亲近的人们”，是有错误的（也许是日德文的错误。）错误

بۇ تەرجىمىلەرنى ئۆزىڭىز ياپونچىسى بىلەن نېمىسچىسىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ؛ بۇنىڭ توغرا قىلىنغان ئۇدۇل تەرجىمە ئىكەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى سېلىشتۇرۇپ بىلگىلى بولىدۇ. مېنىڭ تەرجىمەم جۇڭگونىڭ جانلىق تىل ئاساسىدىكى جۈملە تۈزۈلۈشلىرى ۋە ستىلىستىكىسى بويىچە ئىشلەنگەندىن باشقا، بەزىلىرى ئەسلى تېكىستىگە نىسبەتەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ئىشلەندى؛ بەزىدە ئىگە، پېئىل، تولدۇرغۇچىلار تەكرار ئېلىندى. بۇلاردىن باشقىسى تامامەن ئۇدۇل تەرجىمە قىلىندى.

بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈرەي:

(8) ماددىدىكى “……甚至于比他自己还要亲近” دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى رۇسچىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ سۆزلەرنى ئېغىزدا ئېيتقاندا ئەسلى روھىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن سىزنىڭ “较之自己较之别人，还要亲近的人们” دېگەن تەرجىمىڭىزدە خاتالىق بار (ئېھتىمال ياپونچە، نېمىسچە تەرجىمىلىرىدىن كەلگەن خاتالىقتۇر). خاتالىق شۇ



是在于：（一）丢掉了“甚至于”这一个字眼；（二）用了中国文言的文法，就不能够表现那句话的神气。

所有这些话，我都这样不客气的说着，仿佛自称自赞的。对于一班庸俗的人，这自然是“没有礼貌”。但是，我们是这样亲密的人，没有见面的时候就这样亲密的人。这种感觉，使我对于你说话的时候，和对自己说话一样，和自己商量一样。

再则，还有一个例子，比较重要的，不仅仅关于翻译方法的。这就是第（一）条的“新的……人”的问题。

《毁灭》的主题是新的人的产生。这里，萧理契以及法捷耶夫自己用的俄文字眼，是一个普通的“人”字的单数。不但不

يەردىكى، (1) «ھەتتا» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان؛ (2) جۇڭگونىڭ كىتابىي تىل گرامماتىكىسىنى قوللانغاندا، شۇ سۆزنىڭ روھىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

مەن بۇ سۆزلىرىمنى خۇددى ئۆزۈم سۆزلەپ، ئۆزۈم ماختىغاندەك، تارتىنمايلا يازدىم. دەرۋەقە بۇ، چاكىنا ئادەملەر نەزەرىدە «ئەدەبسىزلىك» بولار، لېكىن بىز بىر - بىرىمىزگە كۆڭلىمىز شۇنداق يېقىن ئادەملەرمىزكى، دىدار كۆرۈشمىگەن چاغلاردىمۇ بىر - بىرىمىزگە كۆڭلىمىز شۇنداق يېقىن. بۇ ھېسسىيات مېنى سىز بىلەن سۆزلەشكەندە، خۇددى ئۆزۈمگە ئۆزۈم گەپ قىلغاندەكلا ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم مەسلىھەتلەشكەندەكلا سۆزلەشكە مۇۋەپپەق قىلدى.

ئەمدى يەنە بىر مىسال بار، بۇ خېلى مۇھىم، بۇ يالغۇز تەرجىمە ئۇسۇلىدىكىلا مەسىلە ئەمەس. يەنى («تارمار» نىڭ تەرجىمىسىدىكى — ت) «يېڭى …… ئادەم» مەسىلىسى.

«تارمار» نىڭ تېمىسى — يېڭى ئادەمنىڭ بارلىققا كېلىشى. بۇ يەردە ۋىلىچمۇ، فادېيېۋمۇ ئەسلى رۇسچىسىدا ئادەتتىكى «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ بىرلىك شەكلىنى ئىشلەتكەن.

是人类，而且不是“人”字的复数。这意思是指着革命，国内战争……的过程之中产生着一种新式的人，一种新的“路数”（Type）——文雅的译法叫做典型，这是在全部《毁灭》里面看得出来的。现在，你的译文，写着“人类”莱奋生渴望着一种新的……人类。这可以误会到另外一个主题。仿佛是一般的渴望着整个的社会主义的社会。而事实上，《毁灭》的“新人”，是当前的战斗的迫切的任务：在斗争过程中去创造，去锻炼，去改造成一种新式的人物，和木罗式加，美谛克……等等不同的人物。这可是现在

دېمەك، ئىنسانىيەت دېگەن سۆز بولمايلا قالماستىن، بەلكى «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىمۇ ئەمەس. بۇ يەردە گەپ ئىنقىلاب، گراژدانلار ئۇرۇشى ...... جەريانىدا بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئادەم، بىر خىل يېڭى «ئۆرنەك» (Type) — بەدىئىيلەشتۇرۇپ تەرجىمە قىلغاندا تىپ دېيىلسە بولار — پەيدا بولۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە باردۇ. بۇنى پۈتۈن «تارمار» دىن كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىر سىزنىڭ تەرجىمىڭىزدە «ئىنسانلار» دەپ يېزىلغان. لىۋىنسون بىر خىل يېڭى ....... ئىنسانلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭدا باشقا بىر تېمىغا ئۆتۈپ كەتكەن دەپ خاتا چۈشىنىلگەن بولۇشى مۇمكىن. گويا ئومۇمەن پۈتۈن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك. ئەمەلىيەتتە، «تارمار»دىكى «يېڭى ئادەم» — نۆۋەتتىكى كۈرەشنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى، يەنى كۈرەش داۋامىدا بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئادەمنى ۋە موروزكا، مېتېلىتسا ....... قاتارلىق بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان شەخسلەرنى يارىتىش، چېنىقتۇرۇش، ئۆزگەرتىپ يېتىشتۈرۈش. لېكىن بۇلار ھازىرقى ئادەم،



的人，是一些人，是做群众之中的骨干的人，而不是一般的人类，不是笼统的人类，正是群众之中的一些人，领导的人，新的整个人类的先辈。

这一点是值得特别提出来说的。当然，译文的错误，仅仅是一个字眼上的错误：“人”是一个字眼，“人类”是另外一个字眼。整本的书仍旧在我们面前，你的后记也很正确的了解到《毁灭》的主题。可是翻译要精确，就应当估量每一个字眼。

《毁灭》的出版，始终是值得纪念的。我庆祝你。希望你考虑我的意见，而对于翻译问题，对于一般的言语革命问题，开始一个新的斗争。

J.K.

一九三一，十二，五。

ھازىرقى بەزى ئادەملەر، ئامما ئىچىدىكى تايانچ ئادەملەر؛ ئەمما ئومۇمەن ئىنسانلار ئەمەس، قارا - قويۇق ئىنسانىيەت ئەمەس، دەل ئامما ئىچىدىكى بەزى ئادەملەر، رەھبەرلەر، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى باشلامچىلىرى.

بۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. دەرۋەقە، تەرجىمىدىكى خاتالىق پەقەت بىرلا سۆز ئۈستىدىكى خاتالىق: «ئادەم» بىر سۆز «ئىنسانلار» باشقا بىر سۆز. 1
پۈتۈن كىتاب ھازىرمۇ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ خاتىمىسىدىمۇ «تارمار» نىڭ تېمىسىنى ناھايىتى توغرا چۈشەنگەن. بىراق، تەرجىمىنى قىيامىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەر بىر سۆزنى مۆلچەرلەپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«تارمار» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ھەرقاچان خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ. سىزنى مۇبارەكلەيمەن. مېنىڭ پىكرىمنى نەزەرگە ئېلىشىڭىزنى، تەرجىمە مەسىلىسى، ئومۇمەن تىل ئىنقىلاۋى مەسىلىسى توغرىسىدا يېڭى كۈرەش باشلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

J.K.

1931 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

# 回　信

敬爱的J. K. 同志：

看见你那关于翻译的信以后，使我非常高兴。从去年的翻译洪水泛滥以来，使许多人攒眉叹气，甚而至于讲冷话。我也是一个偶而译书的人，本来应该说几句话的，然而至今没有开过口。"强聒不舍"虽然是勇壮的行为，但我所奉行的，却是"不可与言而与之言，失言"这一句古老话。况且前来的大抵是纸人纸马，说的耳熟一点，那便是"阴兵"，实在是也无从迎头

# جاۋاب خەت

مۆھتەرەم يولداش JK:

تەرجىمە توغرىسىدىكى خېتىڭىز-
نى ئوقۇغاندىن كېيىن ناھايىتى
خۇرسەن بولدۇم. بۇلتۇر تەرجىمە
كەلكۈنى يامرىغاندىن بۇيان، بىر-
مۇنچە ئادەملەر قاپىقىنى تۈرۈپ ئاھ
ئۇردى، ھەتتا سوغۇق گەپلەرنىمۇ
قىلدى. مەنمۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ
كىتاب تەرجىمە قىلىدىغان ئادەملەر-
دىن بىرى بولغاچقا مېنىڭمۇ بىر
نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشىم لازىم
ئىدى، لېكىن تا ھازىرغىچە ئېغىز
ئېچىپ باقمىدىم. «گەپكە گەپ كەل-
گەندە ئاتاڭدىن يانما» دېگەن گەپ
بار، بۇنداق قىلىش باتۇرانە ھەرى-
كەت بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئەمەل
قىلىپ كەلگىنىم «سۆزنى سەپ سىڭەر
يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە»
دېگەن كونا گەپ بولدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ئالدىمغا كەلگەنلەر ئومۇ-
مەن قەغەز ئادەم، قەغەز ئات، قۇ-
لاققا تونۇشراق قىلىپ ئېيتسام،
«ھارۇت - مارۇتلار» تۇرسا، مۇنداق-
لارنىڭ كومشىرىغا ئۇرۇشقا ھەقىقە-



痛击。就拿赵景深教授老爷来做例子罢，他一面专门攻击科学的文艺论译本之不通，指明被压迫的作家匿名之可笑，一面却又大发慈悲，说是这样的译本，恐怕大众不懂得。好像他倒天天在替大众计划方法，别的译者来搅乱了他的阵势似的。这正如俄国革命以后，欧美的富家奴去看了一看，回来就摇头皱脸，做出文章，慨叹着工农还在怎样吃苦，怎样忍饥，说得满纸凄凄惨惨。仿佛唯有他却是极希望一个筋斗，工农就都住王宫，吃大菜，躺安乐椅

تەن ئامالىمۇ بولمايدىكەن. فروفېسسور
جاۋ جىڭشېن غوجامنى مىسال كەلتۈر-
سەم، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىلمىي ئەدە-
بىيات - سەنئەت نەزەرىيىلىرىنىڭ
تەرجىمىلىرى يارىمايدۇ، دەپ ھۇجۇم
قىلىۋاتىدۇ، ئېزىلگەن يازغۇچىلارغا
ئىسمىنى يوشۇرۇپ كۈلكىگە قالدى
دەپ بوھتان قىلىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر
تەرەپتىن، بۇنداق تەرجىمىلەرنى
ئامما چۈشىنەلمەي قالارمىكىن، دەپ
مېھرىبانلىق قىلىۋاتىدۇ. گويا ئۇنىڭ
ئۆزى ھەر كۈنى ئاممىغا چارە -
تەدبىر تېپىپ بېرىۋاتقاندەك، باشقا
تەرجىمانلار بولسا، ئۇنىڭ سەپلىرى-
نى مالىمان قىلىۋاتقاندەك، بۇ خۇد-
دى روسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن،
ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىق بايلارنىڭ
روسىيىگە كېلىپ كۆرۈپ كەتكەندىن
كېيىن بېشىنى چايقاپ تەرىنى تۈ-
رۈپ، ماقالىلەر يېزىپ، ۋاي ئىشچى -
دېھقانلار ئۇنداق ئازاب چېكىۋېتىپ-
تۇ، مۇنداق ئاچارچىلىققا قاپتۇ دەپ،
پۈتۈنلەي پاجىئەلىك قىلىپ تەسۋىر-
لىگىنىگە ئوخشايدۇ. گويا پەقەت
ئۇنىڭ ئۆزىلا ئىشچى - دېھقانلارنىڭ
بىر موللاق ئېتىپلا ئوردا - ساراي-
لارغا كىرىپ ئولتۇرۇشىنى، نازۇ -
نېمەتلەرنى يەيدىغان، لۆم - لۆم

子享福的人。谁料还是苦，所以俄国不行了，革命不好了，阿呀阿呀了，可恶之极了。对着这样的苦丧脸，你同他说什么呢？假如觉得讨厌，我想，只要拿指头轻轻的在那纸糊架子上挖一个窟窿就可以了。

赵老爷评论翻译，拉了严又陵，并且替他叫屈，于是累得他在你的信里也挨了一顿骂。但由我看来，这是冤枉的，严老爷和赵老爷，在实际上，有虎狗之差。极明显的例子，是严又陵为要译书，曾经查过汉晋六朝翻译佛

ئورۇندۇقلاردا يېتىپ راھەت كۆرىدىغان بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىپ كەلگەن بىر ئادەم ئىمىش، لېكىن، ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ تەتۇرسىچە، ئۇلار يەنىلا جەبرى - جاپا چەككەن ئىمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن روسىيىنىڭ ئىشى قالاشماپتۇمىش، ئىنقىلاب يامان بولغانىمىش، ئاپلا، ئەستاغپۇرۇللا، تولىمۇ قەبىھ بولغانىمىش. مانا مۇشۇنداق يىغلاڭغۇغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەگەر ئۇنىڭدىن بىزار بولسىڭىز، مېنىڭچە، قەغەز بىلەن يەملەنگەن ئىسكەتىدىن تىرنىقىڭىز بىلەن ئەپلەپ بىر تۆشۈك ئېچىپ قويسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ.

جاۋ خوجام تەرجىمە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، يەن يۈلىڭنى شېپى كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرغانىدى، شۇڭا سىزنىڭ خېتىڭىزدىمۇ دەشنام يەپتۇ. لېكىن، مېنىڭچە، ئۇۋال قىلىنىپتۇ. يەن خوجام بىلەن جاۋ خوجامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە يولۋاس بىلەن ئىتنىڭ پەرقىدەك پەرق بار. بۇنىڭ ناھايىتى روشەن مىسالى شۇكى، يەن يۈلىڭ كىتاب تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن، خەن، جىن ۋە ئالتە سۇلالە



经的方法，赵老爷引严又陵为地下知己，却没有看这严又陵所译的书。现在严译的书都出版了，虽然没有什么意义，但他所用的工夫，却从中可以查考。据我所记得，译得最费力，也令人看起来最吃力的，是《穆勒名学》和《群己权界论》的一篇作者自序，其次就是这论，后来不知怎地又改称为《权界》，连书名也很费解了。最好懂的自然是《天演论》，桐城气息十

زامانىسىدىكىلەرنىڭ بۇددا كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىكەن؛ جاۋ خوجام يەن يۈلىڭنى غايىبانە سىرداش قىلىۋالغانۇ، يەن يۈلىڭ تەرجىمە قىلغان كىتابلارنى كۆرۈپ باقمىغان. يەن تەرجىمە قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى ھازىر نەشر قىلىندى، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن يەننىڭ قانچىلىك ئەجىر قىلغانلىقىنى شۇ كىتابلاردىن تەكشۈرۈپ بىلگىلى بولىدۇ. مېنىڭ ئەسلىشىمچە، ئۇ تەرجىمە قىلىشتا ھەممىدىن بەك قىينالغان ۋە ئوقۇغان ئادەمگىمۇ ھەممىدىن بەك تەس كېلىدىغان كىتاب — «مۇللىنىڭ مەشھۇر تەلىماتى»① ۋە «جامائەتنىڭ ئۆزلۈك ھوقۇقى ساھەسى توغرىسىدا»② دېگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى يازغان كىرىش سۆز ئاندىن قالسا شۇ ئەسەرنىڭ ئۆزى بولغان. قانداق بولدىكىن - تاڭ، كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ ئىسمى «ھوقۇق ساھەسى» گە ئۆزگەرتىلگەن، كىتابنىڭ نامىنى چۈشىنىشمۇ تەس. ھەممىدىن ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغىنى، تەبىئىيكى، «تەبىئىي تەرەققىيات توغرىسىدا»③، بۇنىڭدىن

足，连字的平仄也都留心。摇头晃脑的读起来，真是音调铿锵，使人不自觉其头晕。这一点竟感动了桐城派老头子吴汝纶，不禁说是“足与周秦诸子相上下”了。然而严又陵自己却知道这太“达”的译法是不对的，所以他不称为“翻译”，而写作„侯官严复达旨”；序例上发了一通“信达雅”之类的议论之后，结末却声明道：“什法师云，‘学我者病’，来者方多，慎勿以是书为口实也！”好像

تۈكچىگىلىقلارنىڭ پۈرۈقى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ھەتتا سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇلۇق ئاھاڭلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن، بېشىڭىزنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولسىڭىز، ئاھاڭ ئۇرغۇلىرى جاراڭلاپ كېتىدۇ — دە، بېشىڭىزنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى تۇيمايسىز. مانا بۇ تەرىپى تۈكچىگىلىقلار تەرەپدارى بولغان ئاقساقال ۋۇرۇلۇنىمۇ تەسىرلەندۇرۇۋەتكەن، شۇڭا ئۇ: «جۇ، چىن زامانلىرىدىكى موللىلارنىڭكىدىنمۇ قېلىشمايدىكەن» دېگەن. لېكىن يەن يۇلىڭ بۇنداق تولىمۇ «ئۇقۇملۇق» تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، ئۇ بۇنى «تەرجىمە» دەپ ئاتىماي، «خۇگۇەنلىك يەن فۇ مەپھۇمىنى ئۇختۇرغان» دەپ يېزىپ قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كىرىش سۆزلىرىدە «دۇرۇس، ئۇقۇملۇق، پاساھەت» دېگەن بىر نېمىلىرى ئۈستىدە بىر قۇر گەپ ساتقاندىن كېيىن، ئاخىرىدا: «شى فامىلىلىك راھىپ — خەلپەت ‹مېنى دورىساڭ كېسەلگە گىرىپتار بولىسەن› دەپتىكەن، ۋارىسلار كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ كىتابتىكىلەرنى راست ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭلار؟» دەپ باياناتنى ئېلان



他在四十年前，便料到会有赵老爷来谬托知己，早已毛骨悚然一样。仅仅这一点，我就要说，严赵两大师，实有虎狗之差，不能相提并论的。

那么，他为什么要干这一手把戏呢？答案是：那时的留学生没有现在那么阔气，社会上大抵以为西洋人只会做机器——尤其自鸣钟——留学生只会讲鬼子话，所以算不了“士”的人。因此他便来铿锵一下子，铿锵得吴汝纶也肯给他作序，这一序，别的生意也就源源而

قىلىپ قويغان. گويا ئۇ جاۋ خوجامنىڭ قارىسىغىلا سىردىشىم دەۋالىدىغانلىقىنى 40 يىل ئىلگىرى پەملەپ، قويۇقا چىچى تىك تۇرغان. پەقەت مۇشۇ بىر نۇقتىغىلا ئاساسلىنىپ شۇنى ئېيتىمەنكى، يەن ئۇستاز بىلەن جاۋ ئۇستاز ئوتتۇرىسىدا يولۋاس بىلەن ئىتتەك پەرق بار، بۇلارنى ئوخشاش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئۇ نېمىشقا بۇنداق رەڭۋازلىق قىلىدۇ؟ جاۋاب: ئۇ چاغدا چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھازىرقىدەك سۆلەتلىك ئەمەس ئىدى، جەمئىيەتتە ئومۇمەن، غەربلىكلەر ماشىنا — بولۇپمۇ ئۆزى جىرىڭلايدىغان سائەت — ياساشنىلا بىلىدۇ، چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەنلەر بولسا چەت ئەللىك ئالۋاستىلارچە سۆزلەشنىلا بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى «ئوقۇمۇشلۇق» دېگىلى بولمايدۇ دەپ قارىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جاراڭلاتقىلى تۇردى. ئۇنىڭ جاراڭلىتىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋۇرۇلۇنمۇ ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى، ئەنە شۇ كىرىش سۆز مۇناسىۋىتى بىلەن باشقا ئىش — ئوقەتكىمۇ كۆپلەپ

来了，于是有《名学》，有《法意》，有《原富》等等。但他后来的译本，看得“信”比“达雅”都重一些。

他的翻译，实在是汉唐译经历史的缩图。中国之译佛经，汉末质直，他没有取法。六朝真是“达”而“雅”了，他的《天演论》的模范就在于此。唐则以“信”为主，粗粗一看，简直是不能懂的，这就仿佛他后来的译书。译经的简单的标本，

تۇتۇش قىلدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن «مەشهۇر تەلىمات»، «قانۇن ماھىيىتى»④، «تەبىئىي بايلىق» ۋەھاكازالارنى پەيدا قىلغان. لېكىن ئۇ كېيىنكى چاغلاردىكى تەرجىمىلىرىدە «ئۇقۇملۇق ۋە پاساھەتلىك» بولۇشقا قارىغاندا، «دۇرۇس» بولۇشىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن.

ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى، ھەقىقەتەن خەن، تاڭ دەۋرلىرىنىڭ دىنىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش تارىخىنىڭ كىچىك كارتىنىسى. جۇڭگودا بۇددا سۇترا (نامە) لىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇدۇلىسىغا تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، يەن فۇمۇ بۇ ئۇسۇلغا تەقلىد قىلمىغان. ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى تەرجىمىلەر ھەقىقەتەن «ئۇقۇملۇق» ۋە «پاساھەتلىك» بولغان، يەن فۇ «تەبىئىي تەرەققىيات توغرىسىدا» نى تەرجىمە قىلىشتا ئەنە شۇنى ئۈلگە قىلغان. تاڭ دەۋرىدە بولسا «دۇرۇس» قىلىش ئاساس قىلىنغان، يۈزە قارىغاندا زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ، بۇ يەن فۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى تەرجىمىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سۇترا ـ نامەلەر تەرجىمىسىنىڭ ئاددىي ئۈلگىسى



有金陵刻经处汇印的三种译本《大乘起信论》，也是赵老爷的一个死对头。

但我想，我们的译书，还不能这样简单，首先要决定译给大众中的怎样的读者。将这些大众，粗粗的分起来：甲，有很受了教育的；乙，有略能识字的；丙，有识字无几的。而其中的丙，则在“读者”的范围之外，启发他们是图画、演讲，戏剧，电影的任务，在这里可以不论。但就是甲乙两种，也不能用同样的书籍，应该各有供给阅读的相当的书。供给乙的，还不能用翻译，至少是改

سۇپىتىدە، جىنلىڭدىكى سۇترا ـ نامە باسمىخانىسى توپلاپ باسقان «ماخايانا ئېتىقادىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا» نىڭ ئۈچ خىل تەرجىمە نۇسخىسى بار، بۇلارمۇ جاۋ خوجامنىڭ كۈشەندىسى.

لېكىن، مەن ئويلايمەنكى، بىزنىڭ تەرجىمە قىلغان كىتابلىرىمىز ئۇنداق ئاددىي بولماسلىقى كېرەك، ئالدى بىلەن، ئامما ئىچىدىكى قانداق كىتابخانلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدىغانلىقىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ ئاممىنى ئاددىي ھالدا پەرقلەندۈرگەندە: A — خېلى ئوبدان ئوقۇغانلار، B — ئاز ـ پاز خەت ساۋادى بارلار، D — ھېچقانچە خەت ساۋادى يوقلار دەپ ئايرىلىدۇ، D خىلىغا كىرىدىغانلار «كىتابخانلار» نىڭ قاتارىدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇلارنى ئويغىتىش ئىشى — رەسىم، نۇتۇق، تىياتىر ۋە كىنونىڭ ۋەزىپىسى، بۇ ھەقتە بۇ يەردە توختالمىسامۇ بولار. لېكىن A بىلەن B گىمۇ ئوخشاش كىتابنى بەرگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە لايىق كىتابلار بىلەن تەمىنلەش كېرەك. B گە تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنى بەرگىلى بولمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا

作，最好还是创作，而这创作又必须并不只在配合读者的胃口，讨好了，读的多就够。至于供给甲类的读者的译本，无论什么，我是至今主张“宁信而不顺”的。自然，这所谓“不顺”，决不是说“跪下”要译作“跪在膝之上”，“天河”要译作“牛奶路”的意思，乃是说，不妨不象吃茶淘饭一样几口可以咽完，却必须费牙来嚼一嚼。这里就来了一个问题：为什么不完全中国化，给读者省些力气呢？这样费解，怎样还

ئۆزگەرتىپ يېزىلغان كىتابلارنى ئەڭ ياخشىسى ئىجادىي كىتابلارنى بېرىش كېرەك، لېكىن بۇ ئىجادىي كىتابلاردا كىتابخانلارنىڭ دىتىغا يېقىشىنى، كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىنى، كۆپرەك ئوقۇشىنىلا مەقسەت قىلماسلىق كېرەك. A خىلىغا كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان تەرجىمىلەر توغرىسىدا — مەيلى نېمە بولسا — بولسۇن — مەن ھازىرغىچە «راۋان بولمىسا مەيلىكى، دۇرۇس بولسۇن» دەپ تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىمەن. دەرۋەقە «راۋان بولمىسىمۇ مەيلى» دېگەن سۆز ھەرگىز «تىزلىنىش» دېگەن سۆزنى «تىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش» دەپ، «سامان يولى» نى «كالا سۈتى يولى» دەپ تەرجىمە قىلىۋېرىش كېرەك دېگەن سۆز ئەمەس، بەلكى چاينى غۇتتىدا ئىچىۋەتكەندەك، ئاشنى خولۇپپىدە يۇتۇۋەتكەندەك نەچچە يالماپ يۇتۇۋەتمەستىن، چىش بىلەن چاينىغۇدەك قىلىپ بېرىش كېرەك دېگەن سۆز. بۇ يەردە: نېمىشقا پۈتۈنلەي جۇڭگوچىلاشتۇرۇپ، كىتابخانلارغا بىرئاز ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرمەيمىز؟ شۇنداق جاپا بىلەن چۈشىنىلىدىغان نەرسىنى قان-



可以称为翻译呢？我的答案是：这也是译本。这样的译本，不但在输入新的内容，也在输入新的表现法。中国的文或话，法子实在太不精密了，作文的秘诀，是在避去熟字，删掉虚字，就是好文章，讲话的时候，也时时要辞不达意，这就是话不够用，所以教员讲书，也必须借助于粉笔。这语法的不精密，就在证明思路的不精密，换一句话，就是脑筋有些胡涂。倘若永远用着

داقمۇ تەرجىمە دېگىلى بولسۇن دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى: بۇمۇ تەرجىمە. بۇنداق تەرجىمە يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش بىلەنلا قالماستىن، يېڭى ئىپادە شەكىللىرىنىمۇ كىرگۈزىدۇ. جۇڭگو يېزىقى ياكى تىلى، ئىپادە شەكلى جەھەتتە، ھەقىقەتەن تولىمۇ مۇكەممەلسىز؛ ماقالە يېزىشنىڭ ئەپلىك چارىسى شۇكى ھەممىگە تونۇش بولغان سۆزلەر بىر چەتكە قايرىپ قويۇلىدۇ، قوشۇمچە سۆزلەر چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئەنە شۇنداق ماقالە ياخشى ماقالە ھېسابلىنىدۇ، سۆز قىلغاندىمۇ كۆپىنچە ئىستېمال قىلىنغان سۆزلەر مەقسەتنى ئۇقتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگەندىمۇ بورغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. گراماتىكىدىكى بۇ مۇكەممەلسىزلىك پىكىر قىلىشنىڭ مۇكەممەلسىزلىكىنى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا مېڭىنىڭ بىرئاز دۆتلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق دۆتلەرچە گەپ مەڭگۈ ئىشلىتىلىۋېرىدىغان بولسا، ھەتتا شا-

胡涂话，即使读的时候，滔滔而下，但归根结蒂，所得的还是一个胡涂的影子。要医这病，我以为只好陆续吃一点苦，装进异样的句法去，古的，外省外府的，外国的，后来便可以据为己有。这并不是空想的事情。远的例子，如日本，他们的文章里，欧化的语法是极平常的了，和梁启超《和文汉读法》时代，大不相同；近的例子，就如来信所说，一九二五年曾给群众造出过“罢工”这一个字眼，这字眼虽然未曾有过，然而大众已都懂得了。

我还以为即使为乙类读者而译的书，也应该时

رىلداپ ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئېلىنىدىغان نەتىجە ئاخىر يەنە شۇ دۆتلۈك بولۇپ چىقىدۇ. بۇ كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن، مېنىڭچە داۋاملىق هالدا بىرئاز جاپا تارتىپ، قەدىمكى، باشقا ئۆلكە، باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ غەيرىي - غەيرىي جۈملە شەكىللىرىنى مېڭىگە قۇيۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋېلىش كېرەك. بۇ قۇرۇق خىيال بىلەن بولىدىغان ئىش ئەمەس. يىراقتىن ياپونىيىنى مىسالغا ئالسام، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىدا ياۋروپالاشقان گراماتىك قائىدىلەر ئىنتايىن ئادەتتىكى بىر نەرسە بولۇپ قالغان، لياڭ چىچاۋ «ياپونچىنى خەنزۇچە ئوقۇش ئۇسۇلى» نى يازغان دەۋردىكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ؛ يېقىنقى مىسال ئۈچۈن مانا بۇ ئەۋەتكەن خېتىڭىزدا ئېيتىلغىنىنى ئالسام، 1925 - يىلى ئاممىغا «ئىش تاشلاش» دېگەن سۆز يارىتىپ بېرىلگەن، بۇ سۆز ئەسلىدە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن هازىر ئامما چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

يەنە، مېنىڭچە، B خىلدىكى كىتابخانلارغا بېغىشلاپ تەرجىمە قىلىنىدىغان كىتابلارغىمۇ پات -



常加些新的字眼，新的语法在里面，但自然不宜太多，以偶尔遇见，而想一想，或问一问就能懂得为度。必须这样，群众的言语才能够丰富起来。

什么人全都懂得的书，现在是不会有的，只有佛教徒的“唵字”，据说是“人人能解”，但可惜又是“解各不同”。就是数学或化学书，里面何尝没有许多“术语”之类，为赵老爷所不懂，然而赵老爷并不提及者，太记得了严又陵之故也。

说到翻译文艺，倘以甲类读者为对象，我是也主张直译，我自己的译法，

پات يېڭى سۆز، يېڭى گراماتىكا قائىدىلىرىنى كىرگۈزۈپ تۇرۇش كېرەك، لېكىن، تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇچراپ قالغاندا، ئويلاپ كۆرۈش ياكى سوراش بىلەنلا چۈشىنىۋالالىغۇدەك بولسا كۇپايە. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ئاممىنىڭ تىلىنى ئاندىن بېيىتقىلى بولىدۇ.

هەرقانداق ئادەم ئوقۇپ چۈشىنىپ كېتەلەيدىغان كىتاب هازىرچە تېپىلماس. بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ «ئوم» (an—唵) دېگەن سۆزىنى «هەممە ئادەم چۈشىنەلەر» مىش، ئەپسۇسكى «هەر كىمنىڭ شەرھلىشى ئوخشاش ئەمەس». هەتتا ماتېماتىكا ياكى خىمىيە كىتابلىرىدا جاۋ خوجام چۈشەنمەيدىغان بىرمۇنچە «ئاتالغۇلار» نى يوق دېگىلى بولماس. لېكىن جاۋ خوجام بۇلارنى تىلغا ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا يەن يۈلىڭ تولىمۇ بەك ياد بولۇپ كەتكەن.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەرجىمىسىگە كەلسەم، ئەگەر A خىلدىكى كىتابخانلار نىشان قىلىنىدىغان بولسا، مەنمۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىمەن. مېنىڭ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلۇم

是譬如“山背后太阳落下去了”，虽然不顺，也决不改作“日落山阴”，因为原意以山为主，改了就变成太阳为主了。虽然创作，我以为作者也得加以这样的区别。一面尽量的输入，一面尽量的消化，吸收，可用的传下去了，渣滓就听他剩落在过去里。所以在现在容忍“多少的不顺”，倒并不能算“防守”，其实也还是一种的“进攻”。在现在民众口头上的话，那不错，都是“顺”的，但为民众口头上的话搜集来的话胚，其实也还是要顺的，因此我也是主张容忍“不顺”的一个。

مۇنداق: مەسىلەن، «تاغ ئارقىسىدا كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى». بۇ راۋان بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنى ھەرگىز «كۈن تاغنىڭ تەسكىرىسىگە ئولتۇردى» دەپ ئۆزگەرتمەيمەن. چۈنكى ئەسلىدە تاغ ئاساس قىلىنغان، ئۆزگەرتىلگەندە كۈن ئاساس بولۇپ قالىدۇ. ئىجادىي ئەسەردىمۇ ئاپتور شۇنداق پەرق ئېتىشى كېرەك. بىر تەرەپتىن ئىمكان قەدەر چەتتىن قوبۇل قىلىش كېرەك، بىر تەرەپتىن ئىمكان قەدەر ھەزىم قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كارغا يارايدىغانلىرى ئۆمۈر سۈرۈپ كېتىۋېرىدۇ، داشقاللىرى چۈشۈپ قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، ھازىرقى ۋاقىتتا «ئاز - تولا راۋانسىز» لىققا يول قويۇشنى «مۇداپىئە قىلىش» قاتارىغا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ھەقىقەتتە بولسا، ئۇ يەنىلا «ھۇجۇم قىلىش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئاممىنىڭ ئاغزىدىكى سۆزلەر جايىدا، ھەممىسى «راۋان»، لېكىن ئاممىنىڭ ئېغىز تىلىدىن توپلانغان خام سۆزلەرنىمۇ ئەمەلىيەتتە راۋان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ «راۋانسىز» لىققا يول قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ بىرى.



但这情形也当然不是永远的，其中的一部分，将从“不顺”而成为“顺”，有一部分，则因为到底“不顺”而被淘汰，被踢开。这最要紧的是我们自已的批判。如来信所举的译例，我都可以承认比我译得更“达”，也可推定并且更“信”，对于译者和读者，都有很大的益处。不过这些只能使甲类的读者懂得，于乙类的读者是太艰深的。由此也可见现在必须区别了种种的读者层，有种种的译作。

为乙类读者译作的方法，我没有细想过，此刻

لېكىن بۇ ئەھۋالمۇ مەڭگۈلۈك بولۇۋەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ بىر قىسمى «راۋانسىز» لىقتىن «راۋان» غا ئۆتىدۇ، بىر قىسمى بولسا تېگىدىن «راۋانسىز» بولغانلىقى ئۈچۈن شاللىنىپ چىقىپ تېپىك يەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىمىزنىڭ باھالىشىغا باغلىق. يازغان خېتىڭىزدە كەلتۈرۈلگەن تەرجىمە مىساللىرىنى ئالسام، سىزنىڭ تەرجىمىلىرىڭىزنىڭ مېنىڭ تەرجىمىلىرىمدىنمۇ «ئوقۇملۇق» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن، مېنىڭكىدىنمۇ «دۇرۇس» ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمەن، بۇ تەرجىمانغىمۇ، كىتابخانلارغىمۇ ناھايىتى چوڭ پايدىلىق. بىراق، بۇلار پەقەت A خىلدىكى كىتابخانلارغىلا چۈشىنىشلىك، B خىلدىكى كىتابخانلارغا بولسا تولىمۇ چوڭقۇرلۇق قىلىدۇ. دېمەك، ھازىرقى ۋاقىتتا، تۈرلۈك كىتابخانلار قاتلىمىنى پەرق ئېتىپ، ئۆز لايىقىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنى بېرىش كېرەك.

B خىلدىكى كىتابخانلار ئۈچۈن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆرمىگەنىكەنمەن،

说不出什么来。但就大体看来，现在也还不能和口语——各处各种的土话合一，只能成为一种特别的白话，或限于某一地方的白话。后一种，某一地方以外的读者就看不懂了，要它分布较广，势必至于要用前一种，但因此也就仍然成为特别的白话，文言的分子也多起来。我是反对用太限于一处的方言的，例如小说中常见的“别闹”“别说”等类罢，假使我没有到过北京，我一定解作“另外捣乱”“另外去说”的意思，实在远不如较近文言的“不要”来得容易了

هازىر بۇ ھەقتە بىر نەرسە
دېيەلمەيمەن. لېكىن ئومۇمەن ئېيت-
قاندا، ھازىر تېخى ئېغىز تىلى —
ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەر خىل يەر-
لىك لەھجىلىرى — بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈپ، بىر خىل ئالاھىدە ئومۇمىي
ئەدەبىي تىلغا ياكى مەلۇم بىرەر
جاي بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئومۇمىي
ئەدەبىي تىلغا ئايلاندۇرغىلى بول-
مايدۇ. كېيىنكى بىر خىلدىكىسىنى
شۇ مەلۇم جايدىن باشقا جايلاردىكى
كىتابخانلار چۈشەنمەي قالىدۇ، بۇنىڭ
كەڭرەك تارقىلىشى ئۈچۈن ئالدىنقى
خىلىنى قوللىنىش توغرا كەلگەندىمۇ،
بىراق ئۇمۇ يەنىلا ئالاھىدە بىر خىل
ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بولۇپ قال-
دۇ — دە، يېزىق ئەدەبىي تىلى
ئامىللىرىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. مەن
بىرەر جاي بىلەنلا چەكلىنىدىغان
يەرلىك لەھجە قوللىنىشقا قارشى،
مەسىلەن: رومانلاردا دائىم ئۇچراپ
تۇرىدىغان "别闹"、"别说"
دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئالاي،
ئەگەر بېيجىڭغا بارمىغان بولسام،
"另外捣乱"、"另外去说" چوقۇم
دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن بولاتتىم،
ئۇ ھەقىقەتەن بىرقەدەر يېقىن زامان
يېزىق ئەدەبىي تىلىدىكى "不要"
دېگەن سۆزدەك ئاسان چۈشىنىشلىك



然，这样的只在一处活着的口语，倘不是万不得已，也应该回避的。还有章回体小说中的笔法，即使眼熟，也不必尽是采用，例如“林冲笑道：原来，你认得。”和“原来，你认得。——林冲笑着说。”这两条，后一例然看去有些洋气，其实我们讲话的时候倒常用，听得“耳熟”的。但中国人对于小说是看的，所以还是前一例觉得“眼熟”，在书上遇见后一例的笔法，反而好象生疏了。没有法子，现在只好采说书而去其油滑，听闲谈而去其散漫，博取民众的口语

ئەمەس. دېمەك، بىر جايدا ئېقىپ
تۇرغان ئېغىز تىلىنى، زادىلا ئىلاجى
بولماي قالمىسا، قوللىنىشتىن ساق-
لىنىش كېرەك. «ئەل قىسسە ۋە
پەسلى — بايان» تەرزىدىكى رومان-
لارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ناھايىتى
تونۇش بولسىمۇ، ئۇلارنى قوللىنىۋې-
رىش ھاجەتسىز. مەسىلەن: «لىن چۇڭ
كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى: ئەسلىدە سىز
تونۇيدىكەنسىز — دە». «ئەسلىدە
تونۇيدىكەنسىز — دە. — دېدى
لىن چۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.» بۇ ئىككى
مىسالنىڭ كېيىنكىسى قارىماققا ئەجنە-
بىيچىرەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىز
سۆزلىگەن چاغلىرىمىزدا پات — پات
ئىشلىتىپ قالىمىز، ئاڭلاۋېرىپ «قۇ-
لاققا سىڭىپ» قالغان. شۇنداق بول-
سىمۇ، جۇڭگولۇقلار رومان ئوقۇيدۇ،
شۇڭا ئالدىنقى مىسالنى «كۆزگە
تونۇش» دەپ قارايدۇ — دە، كىتاب-
لاردا كېيىنكى مىسالدىكىدەك يېزىش
ئۇسلۇبى ئۇچراپ قالسا، ياتتەك
تۇيۇلىدۇ. ئىلاجى يوق، ھازىرچە
مەدداھلارنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىش ۋە
لېكىن لوللىقلىرىنى چىقىرىپ تاش-
لاش، قۇرۇق گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىمۇ
ئۇنىڭ چېچىلاڭغۇ قىسىملىرىنى
چىقىرىپ تاشلاش، ئاممىنىڭ ئېغىز

而存其比较的大家能懂的字句，成为四不象的白话。这白话的是活的，活的缘故，就因为有些是从活的民众的口头取来，有些是要从此注入活的民众里面去。

临末，我很感谢你信末所举的两个例子。一，我将“……甚至于比自己还要亲近”译成“较之自己较之别人，还要亲近的人们”。是直译德日两种译本的说法的，这恐怕因为他们的语法中，没有象“甚至于”这样能够简单而确切地表现这口气的字眼的缘故，转几个弯，就成为这么拙笨了。二，将“新的……人”的“人”

تىلىدىن كەڭ پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن كۆپچىلىك ئوبدانراق چۈشىنەلەيدىغان سۆز - جۈملىلەرنى ساقلاپ قېلىش يولى بىلەن ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىل قىلىۋېلىشقا مەجبۇرمىز. بۇنداق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل جانلىق بولىدۇ، جانلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەزىلىرى ئاممىنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىدىن ئېلىنىدۇ، بەزىلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ جانلىق ئامما ئىچىگە سىڭدۈرۈلىدۇ.

ئاخىرىدا، خېتىڭىزنىڭ تۈگەنچىسىدە كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسالدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم. بىرىنچىدىن، مەن «...... ھەتتا ئۆزىدىنمۇ يېقىن كۆرىدۇ» دېگەن سۆزنى «ئۆزىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ يېقىن كۆرىدىغان ئادەملەر» دەپ تەرجىمە قىلىشتا نېمىسچە، ياپونچە تەرجىمىلىرىدىكى سۆزدىن ئۇدۇلىسىغا تەرجىمە قىلغان، بۇ ئېھتىمال ئۇلارنىڭ گرامماتىكىسىدا شۇنداق تەلەپپۇزنى «ھەتتا» دېگەن سۆزدەك ئەپچىل ۋە ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆز بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆز ئايلىنىپ يۈرۈپ شۇنداق قاملاشمىغان بىر گەپ بولۇپ قالغان.



字译成“人类”，那是我的错误，是太穿凿了之后的错误。莱奋生望见的打麦场上的人，他要造他们成为目前的战斗的人物，我是看得很清楚的，但当他默想“新的……人”的时候，却也很使我默想了好近：（一）“人”的原文，日译本是“人间”，德译本是“Mensch”都是单数，但有时也可作“人们”解；（二）他在目前就想有“新的极好的有力量的慈善的人”，希望似乎太奢，太空了。我于是想到他的出身，是商人的孩子，是智识分子，由此猜测他的战斗，是为了经过阶级斗争之后的无阶级社会，于是就将他所

ئىككىنچىدىن، «يېڭى...... ئادەم» دېگەن جۈملىدىكى «ئادەم» نى «ئىنسانلار» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويۇش مېنىڭ خاتالىقىم، تولىمۇ تېشىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن بولغان خاتالىق. لېۋىنسون خاماندىكى ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ھازىرقى جەڭنىڭ ئادەملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى بولغان. مەن بۇنى چۈشەنگەنىدىم. لېكىن ئۇ «يېڭى...... ئادەم» نى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە، مەن خېلى كۆپ ئويلاندىم: (1) «ئادەم» سۆزىنىڭ ئەسلىسى ياپونچىغا «ئادەمزات» دەپ، نېمىسچىسىغا «Mensch» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ھەممىسى بىرلىك سان، لېكىن بەزىدە ئۇلارنى «ئادەملەر» دەپ چۈشىنىشمۇ مۇمكىن؛ (2) ئۇنىڭ ھازىرلا «يېڭى، ناھايىتى ياخشى، قۇۋۋەتلىك، شەپقەتلىك ئادەم» نىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقى تولىمۇ بىھۇدە، تولىمۇ قۇرۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى سودىگەر بالىسى، زىيالىي ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈرەش قىلىشتىن مەقسىتى سىنىپىي كۈرەشتىن كېيىنكى سىنىپسىز جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان ھازىرقى ئادەمـ

设想的目前的人，跟着我的主观的错误，搬往将来，并且成为“人们”——人类了。在你未曾指出之前，我还自以为这见解是很高明的哩，这是必须对于读者，赶紧声明改正的。

总之，今年总算将一部纪念碑的小说，送到这里的读者们的面前了。译的时候和印的时候，颇经过了不少艰难，现在倒也退出了记忆的圈外去，但我真如你来信所说那样，就象亲生的儿子一般爱他，并且由他想到儿子的儿子。还有《铁流》，我也很喜欢。这两部小说，虽然粗制，却并非滥造，铁的人物和血的战斗，实

لەرنى ئۆزۈمنىڭ جۇگۇەن خاتالىقىم
بىلەن بىللە كېلەچەككە يۆتكەپ
قويغان ھەمدە «ئادەملەر» گە —
ئىنسانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.
سىز بۇنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىل-
گىرى، مەن تېخى بۇ چۈشەنچەمنى
قالتىس جايىدا دەپ ئويلاپ يۈرەت-
تىم. بۇنى كىتابخانلار ئالدىدا دەر-
ھال تۈزىتىدىغانلىقىمنى ئېلان
قىلىمەن.

ئومۇمەن، بۇ يىل قانداقلا بول-
مىسۇن بۇ خاتىرە تېشى بولغان
رومانىنى بۇ يەردىكى كىتابخانلارغا
سوۋغا قىلدىم. تەرجىمە قىلىش ۋاقتى-
دا ۋە باستۇرۇش ۋاقتىدا، بىر-
مۇنچە قىيىنچىلىقلارنى تارتقانىدىم،
ھازىر بۇ قىيىنچىلىقلار ئەس —
خاتىرەمدىن چىقىپمۇ كەتتى، لېكىن
ھەقىقەتەن سىز ئۆز خېتىڭىزدە ياز-
غىنىڭىزدەك، ئۇنى ئۆز ئوغلۇمدەك
ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى
بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئوغلىنى كۆز
ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. «تۆمۈر ئېقىن»
نىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. بۇ
ئىككى رومان قوپال ئىشلەنگەن بول-
سىمۇ، لېكىن كەلسە — كەلمەس قىلىپ
بولۇشىچە ئىشلەنگەن ئەمەس؛ ئۇلار-
دىكى پولاتتەك ئادەملەر ۋە قانلىق



在够使描写多愁善病的才子和千娇百媚的佳人的所谓“美文”，在这面前淡到毫无踪影。不过我也和你的意思一样，以为这只是一点小小的胜利，所以也很希望多人合力的更来绍介，至少在后三年内，有关于内战时代和建设时代的纪念碑的文学书八种至十种，此外更译几种虽然往往被称为无产者文学，然而还不免含有小资产阶级的偏见（如巴比塞）和基督教社会主义的偏见（如辛克莱）的代表作，加上了分析和严正的批评，好在那里，坏在那

كۆرەشلەر ئالدىدا، غەمگۇزار — كې-
سەلچان مىرزىلارنى ۋە ناز — كەرەشمە
بىلەن تىتاڭلاپ يۈرىدىغان سەتەڭ-
لەرنى بولۇشىچە تەسۋىرلىگەن ئاتال-
مىش «گۈزەل ئەسەر» لەر ھېچنېمىگە
ئەرزىمەس پوچەك نەرسە بولۇپ
قالىدۇ. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا،
بۇنى كىچىككىنە بىر غەلىبە دەپلا
قارايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك
ئادەمنىڭ ھەمكارلىشىپ تېخىمۇ كۆپ
تونۇشتۇرۇشىنى، ھېچ بولمىغاندا بۇنىڭ-
دىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە گراژدان-
لار ئۇرۇشى دەۋرىنىڭ ۋە قۇرۇلۇش
دەۋرىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالغان
ئەدەبىي كىتابلاردىن 8 — 10 خىل-
نىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىنى، بۇنىڭدىن
باشقا پرولېتارىيات ئەدەبىياتى دەپ
ئاتالسىمۇ، لېكىن ئۇششاق بۇرژۇئا-
زىيىنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىدىن
(مەسىلەن: ھېنرى باربۇسنىڭ) ۋە
كاتولىك سوتسىيالىزمى كۆز قارىشى-
دىن (مەسىلەن: سىنكلېرنىڭ) خالى
بولالمىغان ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى
ئەسەرلەرنىڭ جىددىي تەنقىد بەرگەن
ھالدا ياخشىلىقى نەدە، يامانلىقى
نەدە، سېلىشتۇرۇپ پايدىلىنىش ئۈچۈن
تەھلىل ۋە جىددىي تەنقىد قوشۇلغان
ھالدا تەرجىمە قىلىنىشىنى ئارزۇ

قىلىمەن. شۇنداق بولغاندا، كىتابخانلار كۆز قاراشلىرى كۈندىن – كۈنگە روشەنلىشىش بىلەنلا قالماستىن، يېڭى ئىجادكارلارمۇ توغرا ئۈلگىگە ئىگە بولالايدۇ.

لۇشۈن

(1931 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)

① توغرا تەرجىمىسى مۇنداق: «جون. ستۇئارت. مىلل: لوگىكا سىستېمىسى توغرىسىدا». — ت.

② توغرا تەرجىمىسى: «ئەركىنلىك توغرىسىدا». — ت.

③ توغرا تەرجىمىسى: «تەدرىجىي تەرەققىيات توغرىسىدا» ياكى «ئېۋولىيۇتسىيە». — ت.

④ توغرا تەرجىمىسى: «قانۇننىڭ روھى توغرىسىدا». — ت.

里，以备对比参考之用，那么，不但读者的见解，可以一天一天的分明起来，就是新的创作家，也得了正确的师范。

鲁迅

一九三一，十二，二八



# يەنە تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا

لۇشۈن

مۇمۇتيەن ئەپەندىنىڭ «تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش ۋە باشقىلار توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ئىككىنچى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇپ، مەندىكى چۈشىنىشمەسلىكنى ئىزاھلىغانلىقىنى بىلدىم. لېكىن مېنىڭچە ھېچقانداق چۈشىنىشمەسلىك يوق، پەرق شۇنىڭدىكى، پەقەت مۇھىم بولغىنى بىلەن مۇھىم بولمىغىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان. مەن تەرجىمىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاسىتىلىك قىلىنغانلىقىدىن ۋە تەرجىماننىڭ مۇددىئاسىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋۋال شۇ تەرجىمە نەتىجىسىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇپ چىققانلىقىغا قاراش كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىۋاتىمەن.

# 再论重译

鲁迅

看到穆木天先生的《论重译及其他》下篇的末尾，才知道是在释我的误会。我却觉得并无什么误会，不同之点，只在倒过了一个轻重，我主张首先要看成绩的好坏，而不管译文是直接或间接，以及译者是怎样的动机。

木天先生要译者“自如”，用自己的长处，译成“一劳永逸”的书。要不然，还是不动手的好。这就是说，与其来种荆棘，不如留下一片白地，让别的好园丁来种可以永久观赏的佳花。但是，“一劳永逸”的话，有是有的，而“一劳永逸”的事却极少，就文字而论，中国的这方块字便决非“一劳永逸”的符号。况且白地也决不能永久的保留，既有空地，便会生长荆棘或雀麦。最要紧的是有人来处理，或者培植，或者删除，使翻译界略免于芜杂。这就是批评。

مۇمۇتيەن ئەپەندى بولسا، تەرجىمان «ئۆزىنى ئۆزى چاغلىشى» كېرەك، ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى ئىشلىتىپ، «بىرلا ئەجىرە بىلەن مەڭگۈ ھۇزۇرلىنىدىغان» قىلىپ تەرجىمە قىلىشى كېرەك، ئۇنداق قىلالمايدىغان بولسا، قول سالمىغىنى ياخشى، دەيدۇ. يەنى چىتەن - تىكەن تېرىدىغاندىن كۆرە، يەرنى ئاق قالدۇرغىنى ياخشى، ئۇ يەرگە باشقا ئۇستا باغۋەنلەر مەڭگۈ مەنزۇر بولىدىغان ئېسىل گۈللەرنى تېرىسۇن، دەيدۇ. لېكىن «بىرلا ئەجىرە بىلەن مەڭگۈ ھۇزۇرلىنىدىغان» قىلىش دېگەن گەپنىڭ بارلىقىغۇ بار، لېكىن «بىرلا ئەجىرە بىلەن مەڭگۈ ھۇزۇرلىنىدىغان» ئىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. يېزىقنى ئالساق، جۇڭگونىڭ بۇ تۆت چاسا ھەرپلىرى ھەرگىزمۇ «بىرلا ئەجىرە بىلەن مەڭگۈ ھۇزۇرلانغىلى بولىدىغان» بەلگىلەر ئەمەس. ھالبۇكى، ئاق يەرلەرنىمۇ مەڭگۈ ئاق قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس؛ بىكار يەرلا بولىدىكەن، ئۇ يەرلەردە ياكى چىتەن - تىكەن ياكى قامغاق ئۈنىدۇ، ھەممىدىن مۇھىمى، تەرجىمە ساھەسىنى قاغجىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ ساھەدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇنى پەرۋىش قىلىش ياكى ئوتاپ تۇرۇش كېرەك. بۇ — تەنقىد.



然而我们向来看轻着翻译，尤其是重译。对于创作，批评家是总算时时开口的，一到翻译，则前几年还偶有专指误译的文章，近来就极其少见；对于重译的更其少。但在工作上，批评翻译却比批评创作难，不但看原文须有译者以上的工力，对作品也须有译者以上的理解。如木天先生所说，重译有数种译本作参考，这在译者是极为便利的，因为甲

لېكىن بىز تەرجىمىگە، بولۇپمۇ تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشقا سەل قاراپ كېلىۋاتىمىز. تەنقىدچىلەر ئىجادىيەت توغرىسىدا ھەر ھالدا پات - پات ئېغىز ئېچىپ تۇرىدۇ. تەرجىمە توغرىسىدا بولسا، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى تەرجىمە خاتالىقلىرىنى مەخسۇس كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماقالىلەر ئاندا - ساندا چىقىپ تۇراتتى، يېقىندىن بۇيان ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بولدى؛ تەرجىمىدىن قىلىنغان تەرجىمە توغرىسىدىكى ماقالىلەر تېخىمۇ ئاز. لېكىن ئەمەلدە ئىشلەش جەھەتتە، تەرجىمە تەنقىدچىلىكى ئىجادىيەت تەنقىدچىلىكىدىن تەس، ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىشتە تەرجىماندىنمۇ ئارتۇق ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش كېرەك، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىمۇ تەرجىماندىن ئوبدانراق چۈشىنىش كېرەك. مۇمۇتيەن ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشتا، قوشۇمچە پايدىلانغىلى بولىدىغان بىرنەچچە خىل تەرجىمە نۇسخىلىرى تەييار؛ بۇ تەرجىمانلارغا ناھايىتى ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، چۈنكى A تەرجىمە نۇسخىسىدىن گۇمان تۇغۇلسا، B

译本可疑时，能够参看乙译本。直接译就不然了，一有不懂的地方，便无法可想，因为世界上是没有用了不同的文章，来写两部意义句句相同的作品的作者的。重译的书之多，这也许是一种原因，说偷懒也行，但大约也达是语学的力量不足的缘故。遇到这种参酌各本而成的译本，批评就更为难了，至少也得能看各种原译本。如陈源译的《父与子》，鲁迅译的《毁灭》，就都属于这一类的。

我以为翻译的路要放宽，批评的工作要着重。倘只是立论极严，想使译者自己慎重，倒会得到相反的结果，要

ئەرجىمە ئۇسخىسىدىن پايدىلىنىش مۇمكىن. بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىشتا ئۇنداق ئوڭايلىق يوق، چۈشەنمەيدىغان جاي ئۇچراپ قالسا ئىلاج يوق، چۈنكى دۇنيادا ئوخشاشمايدىغان ئىبارىلەر بىلەن مەنىسى جۈملىمۇ جۈملە ئوخشايدىغان ئىككى ئەسەر يازىدىغان ئاپتور يوق. تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇ بولسا كېرەك، ھورۇنلۇقنىمۇ ئۇنىڭ سەۋەبى دېسە بولىدۇ، لېكىن تىل ئىلمى جەھەتتىكى كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكىمۇ سەۋەب بولسا كېرەك. ئەنە شۇنداق ھەر خىل نۇسخىلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىپ ئولتۇرۇپ قىلغان تەرجىمىلەرنى تەنقىد قىلىش تېخىمۇ تەس، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچبولمىغاندا ھەر خىل ئەسلى تەرجىمىلەرنى چۈشىنىش شەرت. مەسىلەن، چېن يۈەن تەرجىمە قىلغان «ئاتىلار ۋە بالىلار»، لۇشۈن تەرجىمە قىلغان «تارمار» ئەنە شۇ خىلغا كىرىدۇ.

مېنىڭچە، تەرجىمىگە كەڭ يول بېرىش كېرەك، تەنقىدلەش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەگەر تەرجىمانلار ئۆزى ئېھتىيات قىلسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن ھۆكۈمنى



好的慎重了，乱译者却还是乱译，这时恶译本就会比稍好的译本多。

临末还有几句不大紧要的话。木天先生因为怀疑重译，见了德译本之后，连他自己所译的《塔什干》，也定为法文原译是删节本了。其实是不然的。德译本虽然厚，但那是两部小说合订在一起的。后面的大半，就是绥拉菲摩维支的《铁流》。

所以我们所有的汉译《塔什干》，也并不是节本。

تولىمۇ قاتتىق قىلىۋېتىدىغان بولساق، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۈتكىنىمىزدىن باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ؛ ياخشى تەرجىمە قىلىدىغانلار ئېھتىيات قىلىدۇ، قالايمىقان تەرجىمە قىلىدىغانلار يەنىلا قالايمىقان تەرجىمە قىلىۋېرىدۇ، ئۇ چاغدا يامان تەرجىمىلەر ياخشىراق تەرجىمىلەردىن كۆپىيىپ كېتىدۇ.

ئاخىرىدا، ئانچە مۇھىم بولمىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈم بار. مۇمۇتيەن ئەپەندى تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشقا شەك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزى تەرجىمە قىلغان «تاشكەنت» نىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەتتا ئۇنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسىنىمۇ «قىسقارتىلغان نۇسخىسى» دەۋاپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. نېمىسچە تەرجىمىسى قېلىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىرلەشتۈرۈپ تۈپلەنگەن ئىككى رومان، ئاخىرىقى كۆپرەك قىسمى سىرافىموۋىچنىڭ «تۆمۈر ئېقىن» دېگەن رومانى. دېمەك، بىزدىكى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «تاشكەنت» مۇ «قىسقارتىلغان نۇسخىسى» ئەمەس.

# 非有复议不可

鲁　迅

好象有人说过，去年是“翻译年”；其实何尝有什么了不起的翻译，不过又给翻译暂时洗去了恶名却是真的。

可怜的很，还只译了几个短篇小说到中国来，创作家就出现了，说它是媒婆，而创作是处女。在男女交际自由的时候，谁还喜欢和媒婆周旋呢，当然没落。后来是译了一点

# تەكرار تەرجىمە قىلمايمۇ بولمايدۇ

لۇشۈن

كىمدۇ بىر كىم ئۆتكەن يىلنى «تەرجىمە يىلى» دېگەندەك قىلىۋېدى؛ ئەمەلىيەتتە، قالتىس بوپتۇ دېگۈدەك ھېچقانداق تەرجىمە ۋۇجۇدقا چىقمىدى، بىراق تەرجىمىگە چاپلانغان بەدنامنى ۋاقىتىنچە يۇيۇۋەتكەنلىكى راست.

بىچارىلىك شۇ دەرىجىدە بولدىكى، ئاران بىرنەچچە پارچە ھېكايە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغانىدى، ئىجادىيەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنى دەللە، ئىجادىيەتنى رەسىدە بولغان قىز، دېيىشتى. ئوغۇل - قىزلارنىڭ رابىتە ئەركىنلىكى بارلىققا كېلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، كىممۇ ئاردا يۈرىدىغان دەللىگە موھتاج بولسۇن؟! دەللىگە موھتاج بولۇش چۈشكۈنلۈكتە، ئەلۋەتتە. كېيىن ئاز - پاز ئە-



文学理论到中国来，但“批评家”幽默家之流又出现了，说是“硬译”，“死译”，“好象看地图”，幽默家还从他自己的脑子里，造出可笑的例子来，使读者们“开心”，学者和大师们的话是不会错的，“开心”也总比正经省力，于是乎翻译的脸上就被他们画上了一条粉。

但怎么又来了“翻译年”呢，在并无什么了不起的翻译的时候？不是夸大和开心，它本身不太轻飘飘，禁不起风吹雨打的缘故么？

دەبىيات نەزەرىيىسى تەرجىمە قىلىنىپ جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلۇۋېدى، «تەنقىدچى»، يۇمۇرچى دېيىلگەن بىرنېمىلەر پەيدا بولۇپ، «قاتمال تەرجىمە» ئىكەن، «ئۆلۈك تەرجىمە» ئىكەن، «خۇددى خەرىتىگە قاراتقاندەك بوپتۇ»، دېيىشتى. ھەتتا يۇمۇرچىلار كىتابخانلارغا «كۆڭۈل خۇشى» قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۆز مېڭىسىدە كۈلكىلىك مىساللارنى توقۇپمۇ چىقاردى، بۇ ئالىملار ۋە كاتتا ئۇستازلارنىڭ سۆزلىرى خاتا بولمىسا كېرەك، «كۆڭۈل خۇشى» قىلىش ئۈچۈن جىك - ھالال ئىشنى ئىشلەشكە قارىغاندا ھەرھالدا ئانچە كۆپ كۈچ كەتمىسە كېرەك، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق گەپ - سۆزلىرى نەتىجىسىدە تەرجىمىنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈلدى.

قالتىس بوپتۇ دېگۈدەك ھېچقانداق تەرجىمە ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «تەرجىمە يىلى» دېگەن گەپ قانداقسىگە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى؟ مۇبالىغە ۋە كۆڭۈل خۇشى بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پۈۋلىسە ئۇچۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە لەيلەپ تۇرغانلىقىدىن بولغان ئەمەسمۇ؟

于是有些人又记起了翻译，试来译几篇。但这就又是“批评家”的材料了，其实，正名正分，他是应该叫作“唠叨家”的，是创作家和批评家以外的一种，要说得好听，也可以谓之“第三种”。他象后街的老虔婆一样，并不大声，却在那里唠叨，说是莫非世界上的名著都译完了吗，你们只在译别人已经译过，有的还译过七八次。

记得中国先前，有过一种风气，遇见外国——大抵是日本——有一部书出版，想来当为中国人所要看的，便往往有人在报上登出广告来，说“已在

شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر يەنە تەرجىمىنى ئېسىگە ئېلىپ، بىرنەچچە پارچە نەرسىنى تەرجىمە قىلىپ كۆرۈۋىدى، بۇ ئىش يەنە «تەنقىدچى»لەرگە ماتېرىيال بولۇپ قالدى. لېكىن نام - نەسىۋىنى توغرىلايدىغان بولساق، ئۇنداق «تەنقىدچى»نى «كوت - كوتچى» دەپ، ئىجادىيەتچىلەردىن، تەنقىدچىلەردىن باشقا بىر خىل ئادەم دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ؛ چىرايلىقراق قىلىپ ئېيتقاندا «3 - خىل» ئادەم دەپ ئېيتىش ھەم مۇمكىن. ئۇ خۇددى ئارقا كوچىدىكى دەللەدەك، ئانچە ئۈنلۈك گەپ قىلمىسىمۇ، كوتۇلداپ تۇرىدۇ، ئۇ دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىپ بولغانمىدى، نېمىشقا باشقا ئادەملەر تەرجىمە قىلىپ بولغان ئەسەرلەرنىلا تەرجىمە قىلىسەن، بەزىسى ھەتتا 7 — 8 قېتىم تەرجىمە قىلىنىپ كەتتى، دەيدۇ.

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئىلگىرى جۇڭگودا مۇنداق بىر ئادەت چىققانىدى، چەت ئەللەر — ئېھتىمال ياپونىيە — دە بىرەر كىتاب نەشر قىلىنغان بولسا — جۇڭگولۇقلار ئوقۇپ كۆرسۇن دەپ چىقىرىلغان بولسا — بەزىلەر ئۇنى كۆرۈپلا، «تەرجىمە» قىلىشقا



开译，请万勿重译为幸”。他看得译书好象订婚，自己首先套上约婚戒指了，别人便莫作非分之想。自然，译本是未必一定出版的，倒是暗中解约的居多；不过别人却也因此不敢译，新妇就在闺中老掉。这种广告，现在是久不看见了，但我们今年的唠叨家，却正继承着这一派的正统。他看得翻译好象结婚，有人译过了，第二个便不该再来碰一

كىرىشتىم، ھەرگىز تەكرار تەرجىمە قىلىپ يۈرمەسلىكىڭلارنى ئۆتۈنىمەن» دەپ، گېزىتكە ئېلان چىقىراتتى. ئۇلار كىتاب تەرجىمە قىلىشنى قىزلارغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇشقا ئوخشاش بىر ئىش قاتارىدا كۆرۈپ، ئاۋۋال ئۆزۈم ئەھدە نىكاھ ئۈزۈكىنى قولىغا سېلىپ قويسام، باشقىلارنىڭ ئۆز نېسىۋىسىدىن باشقا خىياللارنى قىلىپ يۈرۈشىگە ئورۇن قالمايدۇ دەپ ئويلايتتى. تەبىئىيكى، تەرجىمە قىلىنغان نەرسىنىڭ نەشر قىلىنىشى ناتايىن؛ تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ئۈچۈن تۈزۈشكەن توختاملارنىڭ يەك ئىچىدە بىكار قىلىنىپ كېتىدىغانلىرى كۆپ؛ شۇنداق بولسىمۇ، ھېلىقىدەك ئەھدە تۈپەيلىدىن باشقىلار تەرجىمە قىلىشقا پېتىنالمايتتى - دە، بېشى باغلىنىپ قالغان قىز ئۆز ھۇجرىسىدا قېرىپ كېتەتتى. ئۇنداق ئېلانلارنىڭ ھازىر كۆرۈنمەس بولۇپ قالغىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ يىللىقى كوت - كوتچىلىرىمىز شۇ مەزھەپكە ۋارىسلىق قىلماقتا. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، تەرجىمە قىلىش گويا توي قىلىشقا ئوخشايدۇ، باشقا ئادەم تەرجىمە قىلىپ چىققانىكەن، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا يەنە قول

下，否则，就仿佛引诱了有夫之妇似的，他要来唠叨，当然罗，是维持风化。但在这唠叨里，他不也活活的画出了自己的猥琐的嘴脸了么？

前几年，翻译的失了一般读者的信用，学者和大师们的曲说固然是原因之一，但在翻译本身也有一个原因，就是常有胡乱动笔的译本。不过要击退这些乱译，诬赖，开心，唠叨，都没有用处，唯一的方法是又来一回复译，还不行，就再来一回。譬如赛跑，至少总得有两个人，如果不许有第二人入

تەگكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر قول تەگكۈزسىدىكەن، ئېرى بار خوتۇننى ئازدۇرغانىدەك بولىدۇ؛ ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ شەرمى – ھايانى قوغداش كېرەك دەپ كوتۇلدايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. لېكىن ئۇلار شۇنداق كوتۇلداش بىلەن ئۆزىنىڭ رەزىل ئەپت – بەشىرىسىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن بولماسمۇ؟

تەرجىمىنىڭ ئۆتكەن بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئومۇمەن كىتابخانلارنىڭ نەزەرىدىن قالغانلىقىغا زامىن بولغان سەۋەبلەردىن بىرى ئالىملارنىڭ ۋە كاتتا ئۇستازلارنىڭ بۇرمىلىما سۆزلىرى بولىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن تەرجىمىنىڭ ئۆزىدىمۇ بىر سەۋەب بار: قالايمىقان – چۇۋالچاق تەرجىمىلەرمۇ پات – پات ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇردى. شۇنداق قالايمىقان – چۇۋالچاق تەرجىمىلەرگە پەشۋا بېرىشتە تۆھمەت قىلىش، كۆڭۈل خۇشى قىلىش، كوتۇلداشلار ئەسقاتمايدۇ؛ بىردىنبىر ياخشى ئۇسۇل — يەنە بىر قېتىم تەكرار تەرجىمە قىلىش؛ ئۇمۇ بولمىسا، يەنە بىر قېتىم تەرجىمە قىلىش. يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى ئالساق، ھېچبولمىغاندا ئىككى ئادەم بولۇشى شەرت؛ ئەگەر ئىككىنچى ئادەم مەيدانغا چۈشۈرۈلمىسە



场，则先在的一个永远是第一名，无论他怎样蹩脚。所以讥笑复译的，虽然表面上好象关心翻译界，其实是在毒害翻译界，比诬赖，开心的更有害，因为他更阴柔。

而且复译还不止是击退乱译而已，即使已有好译本，复译也还是必要的。曾有文言译本的，现在当改译白话，不必说了。即使先出的译本已很可观，但倘使后来的译者自己觉得可以译得更好，就不妨再来译一遍，无须客气，更不必管那些无聊的唠叨。取旧译的长处，

ئاۋۋالقى بىر ئادەم ھەرقانچە پالاكەت بولسىمۇ مەڭگۈ بىرىنچى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، تەكرار تەرجىمە قىلىشنى مەسخىرە قىلىدىغان ئادەملەر كۆرۈنۈشتە تەرجىمە ساھەسىگە جان كۆيدۈرگەندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تەرجىمە ساھەسىگە زىيان يەتكۈزىدۇ؛ ئۇ تېخىمۇ خەتەرلىك ھىيلە – نەيرەڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ زىيىنى ھەتتا قۇرۇق تۆھمەتتىنمۇ، كۆڭۈل خۇشى قىلىشتىنمۇ يامان.

تەكرار تەرجىمىنىڭ رولى قالايمىقان – چۇۋالچاق تەرجىمىگە پەشۋا بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ياخشىراق تەرجىمە بولغان تەقدىردىمۇ تەكرار تەرجىمە يەنىلا زۆرۈر. يېزىق ئەدەبىي تىلىدا تەرجىمە قىلىنغانلىرىنى ئەمدى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدا تەرجىمە قىلىش كېرەك، بۇنىڭدا گەپ يوق. ئىلگىرى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدا تەرجىمە قىلىنغانلىرى خېلى ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، كېيىنكى تەرجىمانلارنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق تەرجىمە قىلىشقا كۆزى يەتسە، يەنە بىر قېتىم تەرجىمە قىلىپ باقسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، بۇنىڭغا تۈزۈت قىلىش كېرەك ئەمەس، تېتىقسىز كوت – كوت گەپلەرگە پەرۋا قىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. كونا تەرجىمىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل

再加上自己的新心得，这才会成功一种近于完全的定本。但因言语跟着时代的变化，将来还可以有新的复译本的，七八次何足为奇，何况中国其实也并没有译过七八次的作品。如果已经有，中国的新文艺倒也许不至于现在似的沉滞了。

三月十六日。

قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى چۈشەنچىلىرى بىلەن تەرجىمە قىلسا، كامالەتكە يەتكۈدەك مۇكەممەل نۇسخىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تىل زامانغا بېقىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگۈسىدە يەنە يېڭىدىن تەكرار تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن، 7 — 8 قېتىم تەرجىمە قىلىنىشىمۇ ئەجەپلىنىش كېرەك ئەمەس، ئەمەلىيەتتە جۇڭگودا 7 — 8 قېتىم تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر بولسا كاشكى. ئەگەر بولغان بولسا، جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات — سەنئىتى ھازىرقىدەك قۇيرۇقىنى قۇم باسقان ھالدا ياتمىغان بولاتتى.

3 – ئاينىڭ 16 – كۈنى



# 奇怪

鲁迅

尤墨君先生以教师的资格参加着讨论大众语，那意见是极该看重的。他主张“使中学生练习大众语”，还举出“中学生作文最喜用而又最误用的许多时髦字眼”来，说“最好叫他们不要用”，待他们将能够辨别时再说，因为是与其“食新不化，何如禁用于先”的。现在摘一点所举的“时髦字眼”在这里——

# ھەيرانمەن

لۇشۈن

يومۇجۈن ئەپەندى ئاممىۋى تىل مۇھاكىمىسىگە ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە قاتنىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ پىكرىگە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن تېگىشلىك. ئۇ «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاممىۋى تىلنى مەشىق قىلدۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ؛ «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ماقالە يېزىشتا ئىشلىتىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ۋە دائىم خاتا ئىشلىتىدىغان بىرمۇنچە مودا سۆزلەر»نى مىسالغىمۇ ئېلىپ، «ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار ئىشلەتمىسۇن» ئۇلار كەلگۈسىدە پەرق ئېتەلەيدىغان بولغاندا بىر گەپ بولار، چۈنكى «ھەزىم قىلالمايدىغان يېڭى نەرسىلەرنى يېدۈرگەندىن كۆرە، ئاۋۋال توسۇپ قويۇش كېرەك» دەيدۇ. بۇ يەردە ئۇ مىسال كەلتۈرگەن «مودا سۆز» لەردىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەي—

共鸣　对象　气压　温度　结晶　彻底　趋势　理智　现实　下意识　相对性　绝对性　纵剖面　横剖面　死亡率　……（《新语林》三期）

但是我很奇怪。

那些字眼，几乎算不得“时髦字眼”了。如“对象”“现实”等，只要看看书报的人，就时常遇见，一常见，就会比较而得其意义，恰如孩子懂话，并不依照文法教科书一样；何况在学校中，还有教员的指点。至于“温度”“结晶”“纵剖面”“横剖面”等，也是科学上的名词，中学的物理学矿物学植物学教科书里就有，和用于国文上的意义并无不同。现在竟“最误用”，莫非自己既不思索，教师也未给指点，而

ئورتاق ھېسسىيات، ئوبيېكت، ھاۋا بېسىمى، تېمپېراتۇرا، كىرىستال، ئۈزۈل - كېسىل، يۈزلىنىش، ئىدراك، رېئال، پەمسىز، نىسبىيلىك، مۇتلەقلىك ئۇزۇن كەسمە يۈز، توغرا كەسمە يۈز، ئۆلۈم نىسبىتى ...... («يېڭى ئىبارىلەر بوستانى» نىڭ 3 - سانىدىن)

لېكىن مەن ناھايىتى ھەيرانمەن.

بۇ سۆزلەرنى «مودا سۆزلەر» دېگىلى بولماس. مەسىلەن: «ئوبيېكت»، «رېئال» دېگەن سۆزلەرنى گېزىت - كىتاب ئوقۇپ تۇرىدىغان ئادەملەر دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ؛ دائىم ئۇچرىتىپ تۇرغاچقا، خۇددى كىچىك بالىلار گىراماتىكا دەرسلىكلىرىسىزمۇ تىل چىقارغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى سېلىشتۇرۇپ بىلىۋالالايدۇ؛ ھالبۇكى مەكتەپتە مۇئەللىم چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تېمپېراتۇرا»، «كىرىستال»، «ئۇزۇن كەسمە يۈز»، «توغرا كەسمە يۈز» دېگەن سۆزلەرمۇ پەن ئاتالغۇلىرى؛ بۇلار ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ فىزىكا، مىنېرالوگىيە، بوتانىكا دەرسلىكلىرىدە بار، بۇلارنىڭ مەنىلىرى تىل دەرسلىكلىرىدىكى مەنىلىرىدىن پەرق قىلمايدۇ. ھازىر «دائىم خاتا ئىشلىتىلىدىغان» لىقى ئۆزلىرىنىڭ ئويلاپ كۆرمىگەنلىكى، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرمىگەنلىكى، ھەتتا



且连别的科学也一样的模胡吗？

那么，单是中途学了大众语，也不过是一位中学出身的速成大众，于大众有什么用处呢？大众的需要中学生，是因为他教育程度比较的高，能够给大家开拓知识，增加语汇，能解明的就解明，该新添的就新添；他对于“对象”等等的界说，就先要弄明白，当必要时，有方言可以替代，就译换，倘没有，便教给新名词，并且说明这意义。如如大众语既是半路出家，新名词也还不很明白，这“落伍”可真是“彻底”了。

باشقا پەنلەردىمۇ ئوخشاش مۇجمەل مەنىدە قوللىنىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بولمىغانمىدۇ؟

ئۇنداق بولسا، ئاممىۋى تىلنى يېرىم يولدا ئۆگەنگەن، ئوتتۇرا مەكتەپتىن كېلىپ چىقىپ تېز يېتىشكەن ئاۋام كىشىلىرىنىڭ ئاممىغا نېمە پايدىسى تەگسۇن؟ ئاما ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھتاجكى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى خېلى ئۈستۈن، ئۇلار كۆپچىلىككە بىلىم يولىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ، سۆز بايلىقىنى كۆپەيتىپ، يېشىپ بەرگىلى بولىدىغانلىرىنى يېشىپ بېرىدۇ، يېڭىدىن قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولىۋاتقانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ «ئوبيېكت» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ شەرھىنى ئاۋۋال چۈشىنىۋالىدۇ، توغرا كەلگەندە شىۋە بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتەلەيدۇ، شىۋە تېپىلماي قالسا، شۇ يېڭى ئاتالغۇنىڭ ئۆزىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاممىۋى تىلنى چالا بىلسە، يېڭى ئاتالغۇلارنىمۇ ئانچە چۈشەنمىسە، ئۇلار ھەقىقەتەن «ئۈزۈل - كېسىل» «قاتاردىن قالغان» بولۇپ قالىدۇ.

我想，为大众而练习大众语，倒是不该禁用那些“时髦字眼”的，最要紧的是教给他定义，教师对于中学生，和将来中学生的对于大众一样。譬如“纵断面”和“横断面”，解作“直切面”和“横切面”，就容易懂；倘说就是“横锯面”和“直锯面”，那么，连木匠学徒也明白了，无须识字。禁，是不好的，他们中有些人将永远模胡，“因为中学生不一定个个能升入大学而实现其做文豪或学者的理想的”。

مەن ئويلايمەنكى، ئاممىۋى تىلنى ئاممىا ئۈچۈن مەشق قىلىش كېرەك، «مودا سۆز» لەرنى قوللىنىشتىن توسماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇلارغا مەنىسىنى ئۆگىتىش كېرەك. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدىكى رولى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە ئاممىا ئالدىدا ئوينايدىغان رولىغا ئوخشاش. مەسىلەن، «ئۇزۇن كەسمە يۈز» ۋە «توغرا كەسمە يۈز» دېگەن سۆز «ئۇزۇنىسىغا كەسمە يۈزى» ۋە «توغرىسىغا كەسمە يۈزى» دەپ يېشىپ بېرىلسە، ئۇنى چۈشىنىش ئاسان. ئەگەر «توغرىسىغا ھەرىلەنگەن يۈز» ۋە «ئۇزۇنىسىغا ھەرىلەنگەن يۈز» دەپ يېشىپ بېرىلسە، ئۇ چاغدا ھەتتا ياغاچچى شاگىرتمۇ چۈشىنىۋالالايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن خەت ساۋاتىنى چىقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەنئى قىلىش ياخشى ئەمەس. ئۇنداق قىلغاندا ئۇلاردىن بەزىسىگە مەڭگۈ مۈجمەل بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، «چۈنكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ، مەشھۇر ئەدىب ياكى ئالىم بولۇش مۇرادىغا يېتىشى ناتايىن.»



# 我们要批评家

鲁迅

看大概的情形（我们这里得不到确凿的统计），从去年以来，挂着“革命的”的招牌的创作小说的读者已经减少，出版界的趋势，已在转向社会科学了。这不能不说是好现象。最初，青年的读者迷于广告式批评的符咒，以为读了“革命的”创作，便有出路，自己和社会，都可以得救，于是随手拈来，大口吞下，不料许多是并不是滋养品，是

# بىزگە تەنقىدچى كېرەك

لۇشۈن

ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا (بىزدە ئېنىق سانلىق مەلۇمات يوق) ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، «ئىنقىلابىي» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىۋالغان ئىجادىي ھېكايىلەرنىڭ كىتابخانلىرى ئازىيىپ كەتتى، نەشرىيات ساھەسىمۇ ئىجتىمائىي پەنلەرگە يۈزلەندى. بۇنى ياخشى ھادىسە دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ياش كىتابخانلار، «ئىنقىلابىي» ئىجادىي ئەسەرلەرنى ئوقۇساق، ئۇلاردىن نىجات يولىنى تاپقىلى بولىدۇ، ئۆزىمىزمۇ، جەمئىيەتمۇ نىجات تاپالايدۇ دەپ ئويلاپ، دەسلەپكى ئېلان شەكلىدىكى تەنقىدنىڭ تۇمارلىرىغا ھېرىس بولۇپ، قولىغا چىققانلىكى ئىجادىي ئەسەرلەرنى نېرى - بېرىسىگە قارىماستىن يۇتۇۋەردى؛ ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ تولىسى تەنگە قۇۋۋەت

新袋子里的酸酒，红纸包里的烂肉，那结果，是吃得胸口痒痒的，好象要呕吐。

得了这一种苦楚的教训之后，转而去救医于根本的，切实的社会科学，自然，是一个正当的前进。

然而，大部分是因为市场的需要，社会科学的译著又蜂起云涌了，较为可看的和很要不得的都杂陈在书摊上，开始寻求正确的知识的读者们已经在惶惑。然而新的批评家不开口，类似批评家之流便趁势一笔抹杀：“阿狗阿猫。”

قىلمايدىغان بىر نەرسە، يېڭى تۇلۇمدىكى ئېچىپ كەتكەن ئىچىملىك ۋە قىزىل قەغەزگە ئورالغان سېسىق گۆش بولغاچقا، نەتىجىدە يېگەن - ئىچكەن ئادەمنىڭ مەيدىسىنى ئېچىشتۇرۇپ، قۇسقىسىنى كەلتۈردى.

ئەنە شۇ ئاچچىق ساۋاقتىن كېيىن، تۈپ - نېگىزلىك، جانغا ئەسقاتىدىغان ئىجتىمائىي پەنلەردىن شىپالىق ئىزلەش، تەبىئىيكى، توغرا ئىلگىرىلەش.

بىراق، كۆپىنچە بازارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئىجتىمائىي پەنگە دائىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغۇچىلار يازغۇچىلارمۇ بەس - بەس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشقا بولىدىغان كىتابلار بىلەن زادىلا يارىماس كىتابلار كىتاب دۇكانلىرىغا ئارىلاش قويۇلىدىغان بولدى، نەتىجىدە ھەقىقىي بىلىم ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىتابخانلار تېڭىرقاپ قالدى. بۇ ھەقتە يېڭى تەنقىدچىلەر ئېغىز ئاچمايدىغان بولۇۋالدى، تەنقىدچى سىياقىدىكى بىر نېمىلەر بولسا، شۇنداق پەيتنى قولدىن بەرمەي، «ئىت باي، مۈشۈك باي» يازغان، دەپ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان بولدى.



到这里，我们所需要的，就只得还是几个坚实的，明白的，真懂得社会科学及其术艺理论的批评家。

批评家的发生，在中国已经好久了。每一个文学团体中，大抵总有一套文学的人物。至少，是一个诗人，一个小说家，还有一个尽职于宣传本团体的光荣和功绩的批评家。这些团体，都说是志在改革，向旧的堡垒取攻势的，然而还在中途，就在旧的堡垒之下纷纷自己扭打起来，扭得大家乏力了，这才放开了手，因为不过是“扭”而已矣，所以大创是没有的，仅仅喘着气。一面喘着气，一面各自以为胜利，唱着凯歌。旧堡垒上简直无须守

مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، بىزگە كېرىكى — مەزمۇت، ئەقلىي - ھوشى جايىدا، ئىجتىمائىي پەنلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىنى ھەقىقىي بىلىدىغان تەنقىدچى.

تەنقىدچىلەرنىڭ جۇڭگودا بارلىققا كېلىشىگە ناھايىتى ئۇزۇن بولدى. ھەربىر ئەدەبىيات تەشكىلاتىدا ھەر ھالدا بىر يۈرۈش ئەدەبىيات ئەھلى بار: ھېچ بولمىغاندا بىرەر شائىر، بىرەر ھېكايىچى ۋە ئۆز تەشكىلاتىنىڭ شان - شەرىپى ۋە تۆھپىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىرەر مۇناسىپ تەنقىدچى بار. بۇ تەشكىلاتلار، ئىسلاھاتقا بەل باغلىدۇق، كونا قورغانغا ھۇجۇم قىلىمىز، دەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئوتتۇرا يولدا، كونا قورغان ئالدىدا بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشماقتا، ھارغاندىن كېيىن، ئاندىن بىر-بىرىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتمەكتە. ئۇلارنىڭ قىلمىشى پەقەت «تۇتۇشۇش» لا بولغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت ھاسىراش-ھۆمىدەشتىن باشقا زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغىنى يوق. ئۇلار ھاسىراپ-ھۆمىدەپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىچە غەلىبە قىلدۇق دەپ ئويلاپ، زەپەر مارشىنى ياڭراتماقتا. كونا قورغاندىكىلەر

兵，只要袖手俯首，看这些新的敌人自己所唱的喜剧就够。他无声，但他胜利了。

这两年中，虽然没有极出色的创作，然而据我所见，印成本子的，如李守章的《跋涉的人们》，台静农的《地之子》，叶永青的《小小十年》前半部，柔石的《二月》及《旧时代之死》，魏金枝的《七封信的自传》，刘一梦的《失业以后》，总是优秀之作。可惜我们的有名的批评家，梁实秋先生还在和陈西滢相呼应，这里可以不提；成仿吾先生是怀念了创造社过

بولسا، گويا قاراۋۇلمۇ قويماي، قورغان ئۈستىدە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قورغان ئالدىدا تۇرغان يېڭى دۈشمەنلىرىنىڭ تاماشىسىنى كۆرمەكتە؛ ئۇلار زۇۋان چىقارمىغان بولسىمۇ، غەلىبە قىلماقتا.

مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە ناھايىتى ياخشى ئىجادىي ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ بىلىشىمچە، كىتاب بولۇپ بېسىلىپ چىققان ئەسەرلەر — مەسىلەن، لى شۇجاڭنىڭ «سەپەر ئۈستىدىكىلەر» دېگەن ئەسىرى، تەي جىڭنۇڭنىڭ «زېمىن ئوغلى» دېگەن ئەسىرى، يې يۇڭچېڭنىڭ «قىسقىغىنە ئون يىل» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، رۇشىنىڭ «فېۋرال» ۋە «كونا دەۋرنىڭ ھالاكىتى» دېگەن ئەسەرلىرى، ۋېي جىنجىنىڭ «يەتتە پارچە خەتنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرى ۋە ليۇ يىمىڭنىڭ «ئىشسىز قالغاندىن كېيىن» دېگەن ئەسىرى ھەر ھالدا ئېسىل ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئاتاقلىق تەنقىدچىلىرىمىزدىن بولغان لياڭ شىچيۇ ئەپەندى تېخىچە چېن شىيىڭ بىلەن بىر — بىرىگە دوس تارتىشىۋاتىدۇ، بۇ گەپنى بۇ يەردە قويۇپ تۇرايلى؛



去的光荣之后，摇身一变而成为“石厚生”，接着又流星似的消失了；钱杏邨先生近来又只在《拓荒者》上，搀着藏原惟人，一段又一段的，在和矛盾扭结。每一个文学团体以外的作品，在这样忙碌或萧闲的战场，便都被“打发”或默杀了。

这回的读书界的趋向社会科学，是一个好的，正当的转机，不惟有益于别方面，即对于文艺，也可催促它向正确，前进的路。但在出品的杂乱和旁观者的冷笑中，是极容易雕谢的，所以现在所首先

چېڭ فاڭۋۇ ئەپەندى «ئىجادىيەت تەھرىراتى» نىڭ ئۆتمۈشتىكى شان - شەرىپىنى يادلىغاندىن كېيىن، بىر يۈملىپلا «شى خۇشىڭ» غا ئايلىنىۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە خۇددى كۆچمە يۇلتۇزدەك غايىب بولۇپ كەتتى. چيەن شىڭسۇن ئەپەندى يېقىندىن بۇيان يەنە «بوز يەر ئاچقۇچى» ناملىق ژۇرنالدىلا تۇراخارا كوربېختونى يانتاياق قىلىپ، ھەر قەدەمدە ماۋدۇن بىلەن ياقىلاشماقتا. ئەنە شۇنداق قاتمۇقاتچىلىق بولۇپ قالغان ياكى بىكارچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن مەيداندا، بىرەر ئەدەبىيات تەشكىلاتىدا بولمىغانلارنىڭ ئەسەرلىرى «پاس» قىلىنماقتا ياكى قان چىقارماي بوغۇزلانماقتا.

ھازىر كىتابخانلارنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرگە يۈزلەنگەنلىكى ياخشى ۋە توغرا پۇرسەت؛ بۇنىڭ باشقا تەرەپلەرگە، يەنى ئەدەبىيات - سەنئەتكىلا پايدىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ توغرا ۋە ئىلگىرىلەش يولىغا ئۆتۈشىگىمۇ تۈرتكە بولىدۇ. لېكىن چىقىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ يارىماسلىقى ۋە چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ مەسخىرە كۈلكىلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭ ئاسان سولىشىپ قېلىشى مۇمكىن:

需要的，也还是——

几个坚实的，明白的，真懂得社会科学及其文艺理论的批评家。

شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەممىدىن زۆرۈرى يەنىلا —

بىرنەچچە مەزمۇت، ئەقلى-ھوشى جايىدا، ئىجتىمائىي پەنلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى ھەقىقىي بىلىدىغان تەنقىدچى.



# 骂杀与捧杀

# تىللاپ ئۆلتۈرۈش ۋە ماختاپ ئۆلتۈرۈش

鲁迅

لۇشۈن

现在有些不满于文学批评的，总说近几年的所谓批评，不外乎捧与骂。

其实所谓捧与骂者，不过是将称赞与攻击，换了两个不好看的字眼。指英雄为英雄，说娼妇是娼妇，表面上虽象捧与骂，实则说的刚刚合式，不能责备批评家的。批评家的错处，是在乱骂与乱捧，例如说英雄是娼妇，举娼妇为英雄。

ھازىر ئەدەبىي تەنقىدتىن ئانچە رازى بولمىغانلار، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئاتالمىش تەنقىدلەر پۈۋلەش ۋە تىللاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېمەكتە.

ئەمەلىيەتتە، پۈۋلەش ۋە تىللاش دېگەن سۆز ماختاش ۋە ھۇجۇم قىلىش دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا قويۇلغان يامان ئاڭلىنىدىغان سۆز. قەھرىماننى قەھرىمان، پاھىشەنى پاھىشە دېيىش، قارىماققا پۈۋلەش ۋە تىللاشقا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تازا باب كەلگەن، بۇ جەھەتتە تەنقىدچىنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. تەنقىدچىنىڭ خاتالىقى — قالايمىقان تىللاش ۋە قالايمىقان پۈۋلەشتە: مەسىلەن، قەھرىماننى پاھىشە، پاھىشەنى قەھرىمان دېيىشتە.

批评的失了威力，由于“乱”，甚至于“乱”到和事实相反，这底细一被大家看出，那效果有时也就会相反了。所以现在被骂杀的少，被捧杀的却多。

人古而事近的，就是袁中郎。这一班明末的作家，在文学史上，是自有他们的价值和地位的。而不幸被一群学者们捧了出来，颂扬，标点，印刷，“色借，日月借，烛借，青黄借，眼色无常。声借，钟鼓借，枯竹窍借……”借得他一榻胡涂，正如在中郎脸上，画上花

تەنقىد قالايمىقان بولسا ئۆز كۈچىدىن قالىدۇ. ھەتتا پاكىتنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ. تېگى ـ تەكتى كۆپچىلىك تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بەزى چاغدا پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. شۇڭا، ھازىر تىللاپ ئۆلتۈرۈلگەنلىرى ئازراق، پۈۋلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىرى كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ.

ئۆزى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بولسىمۇ، مەسىلىسى يېقىندا تۇغۇلغانلارغا يۈەن جۇڭلاڭنى مىسال قىلىش مۇمكىن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن بۇ يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە چۇشلۇق قىممىتى ۋە ئورنى بار. لېكىن بەختكە قارشى، بىر توپ موللىلار ئۇنى پۈۋلەپ، ماختاپ، ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ، تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ، مەتبەئەدە «رەڭ كېلىدۇ، ئاي ـ كۈندىن كېلىدۇ، شام كېلىدۇ، كۆك ـ سېرىقتىن كېلىدۇ، كۆزنىڭ رەڭگى باشقىچە بولىدۇ، ئاۋاز كېلىدۇ، قوڭغۇراق ـ دۇمباقتىن كېلىدۇ، قورۇق بامبۇك تۆشۈكىدىن كېلىدۇ... ...» دەپ بېسىپ چىقىرىپ، پۈتۈنلەي باشقىچە بىر نېمە قىلىۋەتتى. بۇ ئەھۋال خۇددى جۇڭ لاڭنىڭ يۈ-



脸，却指给大家看，啧啧赞叹道：“看哪，这多么‘性灵’呀！”对于中郎的本质，自然是并无关系的，但在未经别人将花脸洗清之前，这“中郎”总不免招人好笑，大触其霉头。

人近而事古的，我记起了泰戈尔。他到中国来了，开坛讲演，人给他摆出一张琴，烧上一炉香，左有林长民，右有徐志摩，各各头戴印度帽。徐诗人开始绍介了：“唵！叽哩咕噜，白云清风，铜磬……当！”说的他好象活神仙一样，于是我们的地上的青年们失望，离开了。神仙和凡人，怎能不

زىنى رەڭمۇ رەڭ بوياپ، كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭلار، بۇ نېمىدېگەن روھلۇق، ھە!» دەپ ماختاپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ. تەبىئىيكى، بۇنداق قىلىش جۇڭ لاڭنىڭ ماھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، باشقىلار كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى پاكىز يۇيۇۋەتكىچە «جۇڭ لاڭ» ھامان باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە، چوڭ دۆملىگە يولۇقماي قالمايدۇ.

ئۆزى يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىشى كونىراپ قالغانلاردىن ئەسلەپ باقسام تاگور بار ئىكەن. ئۇ جۇڭگوغا كېلىپ، مۇنبەرگە چىقىپ سۆز قىلماقچى بولغاندا، باشقىلار ئۇنىڭغا بىر ساز ئېلىپ كېلىپ بەرگەن، ئىسرىق سالغان، سول تەرىپىدە لىن چاڭمىن، ئوڭ تەرىپىدە شۈي زىمو ھىندىچە بۆك كىيىپ ئولتۇرغان. شائىر شۈي زىمو تونۇشتۇرۇشنى باشلاپ: «ئوھ...ھو! ھ، ھ، ئىنجىك ـ ئىنجىك، ئاپپاق بۇلۇت، سەلكىن شامال، جىرىڭ ـ جىرىڭ... داڭ!» دەپ، خۇددى تىرىك ئەۋلىيادەك سۆزلىگەن. بۇنىڭدىن تۆۋەندە ئولتۇرغان ياشلار ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىپ قېلىشقان. ئەۋلىيا بىلەن ئادەتتىكى ئىنسانلار

离开呢？但我今年看见他论苏联的文章，自己声明道：“我是一个英国治下的印度人。”他自己知道的明明白白。大约他到中国来得时候，决不至于还胡涂，如果我们的诗人诸公不将他制成一个活神仙，青年们对于他是不至于如此隔膜的。现在可是老大的晦气。

以学者或诗人的招牌，来批评或介绍一个作者，开初是很能够蒙混旁人的，但待旁人看清了这作者的真相的时候，却只剩了他自己的不诚恳，或学识的不够了。然而如果没有旁人来指明真相呢，这作家就从此被捧杀，不知道要多少年后才翻身。

十一月十九日。

نېمىشقا ئايرىلىپ كەتمىسۇن؟ لېكىن مەن بۇ يىل ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى ماقالىسىنى كۆردۈم، ئۇ ئۆزى بايانات ئېلان قىلىپ: «مەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستانلىق مەن» دەپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى روشەن. ئېھتىمال ئۇ جۇڭگوغا كەلگەن ۋاقتىدا ھەرگىزمۇ مۇنچىلىك ھاماقەت بولمىسا كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ شائىرلىرىمىز ئۇنى تىرىك ئەۋلىياغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان بولسا، ياشلارمۇ ئۇنىڭدىن مۇنچىلىك ياتسىرىمىغان بولاتتى. شۇڭا ئۇ خورلىنىپ قالغان.

ئالىم ياكى شائىرلىق ۋىۋىسكىسى بىلەن بىرەر يازغۇچىنى تەنقىد قىلغاندا ياكى تونۇشتۇرغاندا، دەسلەپتە باشقىلارنى ئوڭايلا ئالداپ كەتكىلى بولىدۇ. باشقىلار شۇ يازغۇچىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېنىق كۆرگەندە ئۇنىڭ سەممىيەتسىزلىكى ياكى بىلىمىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىلا قالىدۇ. ئەگەر باشقىلار ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرسەتمىسە، ئۇ يازغۇچى شۇنىڭدىن كېيىن پۈۋلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ-دە، قانچە-قانچە يىللاردىن كېيىن ئۆز قەددىنى كۆتۈرەركىن-تاڭ؟!



## 漫 骂

鲁 迅

还有一种不满于批评家的批评，是说所谓批评家好“漫骂”，所以他的文字并不是批评。

这“漫骂”，有人写作“谩骂”，也有人写作“嫚骂”，我不知道是否是一样的函义。但这故而不管他也好。现在要问的是怎样的是“漫骂”。

假如指着一个人，说道：这是婊子！如果她是良家，那就是漫骂；倘使她实在是做卖笑生涯的，

## تىللاش

لۇشۈن

تەنقىدچىلەردىن نارازى يەنە بىر خىل تەنقىد باركى، تەنقىدچىلەر «تىللاش»قا خۇشتار ئىمىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ يازغانلىرى تەنقىد ئەمەسمىش.

«تىللاش» دېگەن سۆزنى بەزىلەر «تىل تەككۈزۈش» دەپ يازسا، يەنە بەزىلەر «ئاھانەت قىلىش» دەپ يازىدۇ. بۇلارنىڭ مەنىسىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن. بۇنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، قانداق بولسا «تىللاش» ھېسابلىنىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى.

مۇبادا مەلۇم بىر كىشىنى كۆرسىتىپ: «بۇ جالاپ ئىكەن!» دېسەك، ئەگەر ئۇ ئوبدان ئايال بولغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنى تىللىغان بولىمىز. ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن سەتەڭ-

就并不是漫骂，倒是说了真实。诗人没有捐班，富翁只会计较，因为事实是这样的，所以这是真话，即使称之为漫骂，诗人也还是捐不来，这是幻想碰在现实上的小钉子。

有钱不能就有文才，比“儿女成行”并不一定明白儿童的性质更明白。“儿女成行”只能证明他两口子的善于生，还会养，却并无妄谈儿童的权利。要谈，只不过不识羞。这好象是漫骂，然而并不是。倘说是的，就得

لىك قىلىندىغان ئايال بولسا، ئۇ هالدا بىز ئۇنى تىللىغان بولمايمىز، بەلكى راست گەپ قىلغان بولىمىز. شائىرلىقنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، باي ئادەم بۇردىچىلىق قىلىشنىلا بىلىدۇ، بۇ پاكىت، بۇ راست گەپ، بۇنى تىل - هاقارەت دېگەن تەقدىردىمۇ، شائىرلىقنى بەربىر پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، خام - خىيال رېئاللىققا دۇچ كەلدى دېگەن ئەنە شۇ.

پۇلى بارلارنىڭ ئەدەبىي تالانتى بولۇشى ناتايىن، بۇمۇ «پەرزەنتلىرى توپ - توپ» بولغان ئادەملەرنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭ خۇلقى - مىجەزىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىدىنمۇ ئېنىق. «پەرزەنتلىرى توپ - توپ» بولغانلىقى ئەر - خوتۇننىڭ بالا تۇغۇشقا ۋە بالا بېقىشقا ئۇستىلىقىنى، لېكىن بالىلار هەققىدە هەدەپ گەپ سېتىش هوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر گەپ ساتىمەن دەپ تۇرسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇياتنى بىلمەيدىغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ گويا تىل - هاقارەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مۇبادا بۇمۇ تىل - هاقارەت دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، دۇن-



承认世界上的儿童心理学家，都是最会生孩子的父母。

说儿童为了一点食物就会打起来，是冤枉儿童的，其实是漫骂。儿童的行为，出于天性，也因环境而改变，所以孔融会让梨。打起来的，是家庭的影响，便是成人，不也有争家私，夺遗产的吗？孩子学了样了。

漫骂固然冤屈了许多好人，但含含胡胡的扑灭“漫骂”，却包庇了一切坏种。

يادىكى بالىلار پسىخولوگلىرىنى بالا تېپىشقا ئۇستا ئاتا - ئانىلار دەپ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بالىلار كىچىككىنە بىر پارچە ئاننى تالىشىپ سوقۇشۇپ كېتىدۇ دېيىلسە، بالىلارغا ئۇۋال بولىدۇ. بۇ هەقىقىي تىل - هاقارەتتۇر. بالىلارنىڭ قىلىقلىرى ئۆز تەبىئىتىدىن بولىدۇ هەمدە مۇهىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا كۇڭ يۇڭ نەشپۈتنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن. بالىلارنىڭ سوقۇشۇشى بولسا ئائىلىسىنىڭ تەسىرى، چوڭلارمۇ ئائىلىنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە مىراسىنى تالاشمامدىغۇ؟ بالىلار ئەنە شۇلاردىن ئۆگەنگەن.

دەر هەقىقەت، تىل - هاقارەت بىلەن نۇرغۇن ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىنغان بولسىمۇ. «تىل - هاقارەت»نى قارا - قويۇق ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش جىمى يامانلىقنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق بولىدۇ.

# 商贾的批评

鲁　迅

中国现今没有好作品，早已使批评家或胡评家不满，前些时还曾经探究过它的所以没有的原因。结果是没有结果。但还有新解释。林希恭先生说是因为“作家毁掉了自己，以投机取巧的手腕”去作“杂文”了，所以也害得做不成莘克莱或托尔斯泰（《现代》九月号）。还有一位希恭先生，却以为“在这资本主义的社会里头，……作家无形中也就成为贾商了。……为了获利较多的报酬起见，便也不得不采用‘粗制滥造’的方法，再没有人殚精竭虑用苦工夫去认真创作了”。（《社会月报》九月号）

着眼在经济上，当然可以说是进了一步。但这“殚精竭虑用苦工夫去认真创作”出来的学说，和我们只有常识的见解是很不一样的。我们向来只以为用资本来获利的是商人，所以在出版界，商人是用钱开书店来赚钱的老板。到现在才知道用文章去买有限的稿费的也是商人，不过是一种“无形中”的商人。农民省几斗米去出售，工人用筋力去换钱，教授买嘴，妓女买

# سودىگەرنىڭ تەنقىدى

لۇشۈن

ھازىر جۇڭگودا ياخشى ئەسەرلەرنىڭ يوقلۇقى تەنقىدچىلەرنى ياكى پەنقىدچىلەرنى ئاللىبۇرۇنلا نارازى قىلىپ كەلمەكتە. بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ياخشى ئەسەرلەرنىڭ يوقلۇقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدىنىپ كۆرگەن بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى. لېكىن يېڭىچە ئىزاھلار مەيدانغا كەلدى. لىن شىجۈەن ئەپەندى: «يازغۇچىلار ئۆزىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، پۇرسەتپەرەسلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، فېلىيەتون يېزىۋاتىدۇ، شۇڭا ياكى سىنكلائىر، ياكى تولستوي بولالمىدى («ھازىرقى زامان» 9 - ئايلىق سانى) دەپتۇ. يەنە شۇ لىن شىجۈەن ئەپەندى: «بۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە... يازغۇچىلارمۇ ئۆزى سەزمىگەن ھالدا سودىگەرگە ئايلىنىپ قالدى... كۆپرەك



ھەق ئېلىش ئۈچۈن ئامالسىز قوپال ۋە چالا ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا. يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، تازا جاپا تارتىپ ئەستايىدىل ئىجاد قىلىدىغان ئادەم قالمىدى» («جەمئىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 9 - ئايلىق سانى) دەپ يېزىپتۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇنى ئەلۋەتتە بىر قەدەم ئىلگىرىلەش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. لېكىن «يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، تازا جاپا تارتىپ ئەستايىدىل ئىجاد» قىلىپ چىققان بۇ تەلىمات توغرىسىدىكى ساۋات ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز زادىلا ئوخشىمايدۇ. بىز، ئەزەلدىن كاپىتال ئارقىلىق پايدا تاپقۇچىلارنى سودىگەر دەپ قاراپ كەلگەنىدۇق. شۇڭا نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى سودىگەرلەرنى پۇل ئارقىلىق كىتابخانا ئېچىپ پۇل تاپىدىغان خوجايىن دەيتتۇق. ماقالىسىنى سېتىش ئارقىلىق چەكلىك قەلەم ھەققى ئالغۇچىلارنىڭمۇ سودىگەر بولىدىغانلىقىنى، بىراق «ئۆزىمۇ سەزمىگەن» سودىگەر ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا بىلىۋاتىمىز. ئېشىنغان بىر نەچچە كۈرە گۈرۈچنى ساتقان دېھقانمۇ، ئۆز كۈچىنى پۇلغا تېگىشكەن ئىشچىمۇ، كاپىشىپ تىنمايدىغان پروفېسسورمۇ، جالاپلىق

淫，也都是“无形中”的商人。只有买主不是商人了，但他的钱一定是用东西换来的，所以也是商人。于是“在这资本主义社会里头”，个个都是商人，但可分为在“无形中”和有形中的两大类。

用希泰先生自己的定义来断定他自己，自然是一位“无形中”的商人；如果并不以卖文为活，因此也无须“粗制滥造”，那么，怎样过活呢，一定另外在做买卖，也许竟是有形中的商人了，所以他的见识，无论怎么看，总逃不脱一个商人见识。

“杂文”很短，就是写下来的工夫，也决不要

قىلىدىغان پاھىشە خوتۇنلارمۇ «ئۆزىمۇ سەزمىگەن» سودىگەرلەر بولىدىكەن – دە! پەقەت خېرىدارلارلا سودىگەر بولمايدىكەن، بىراق، ئۇنىڭ پۇلىمۇ چوقۇم بىرەر نەرسىگە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلگەندۇ، شۇڭا ئۇمۇ سودىگەر بولىدىكەن. دېمەك، «بۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە» ھەممە ئادەم سودىگەر ئىكەن. بىراق، بۇ سودىگەرلەر «ئۆزى سەزمىگەن» ۋە «ئۆزى سېزىپ تۇرغان» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدىكەن.

شى جېزەن ئەپەندىنىڭ ئۆز تەبىرى بويىچە ئۇنىڭ ئۆزىگە ھۆكۈم قىلساق، ئۇنىڭمۇ «ئۆزى سەزمىگەن» سودىگەر بولۇشى تەبىئىي. ئۇ، ئەگەر ماقالىسىنى سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدىمىسا ۋە شۇنىڭ بىلەن «قوپال ۋە چالا ئىشلەش» كە توغرا كەلمىسە، ئۇ ھالدا، ئۇ تۇرمۇشىنى قانداق قامدايدۇ؟ چوقۇم باشقىچە ئالدى – ساتتى قىلىدۇ، بەلكى ئۆزى سېزىپ تۇرغان سودىگەرنىڭ دەل ئۆزى بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆز قارىشى، قايسى جەھەتتىن قارىماڭ، ھامان سودىگەرنىڭ كۆز قارىشى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

«فېلىيەتون» ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. ئۇنى يېزىشقا كەتكەن



写“和平与战争”（这是照林希泰先生的文章抄下来的，原名其实是《战争与和平》）的那么长久，用力极少，是一点也不错的。不过要有一点常识，用一点苦工，要不然，就是“杂文”，也不免更进一步的“粗制滥造”，只剩下笑柄。作品，总是有些缺点的。亚波理奈尔《咏孔雀》，说它翘起尾巴，光辉灿烂，但后面的屁股眼也露出来了。所以批评家的指摘是要的，不过批评家这时却也要翘起了尾巴，露出他的屁眼。但为什么还要呢，就因为它正面还有光辉灿烂的羽毛。不过倘使并非孔雀，仅仅是鹅鸭之流，它应该想一想翘起尾巴来，露出的只有些什么！

ۋاقىتمۇ ھەرگىز «تىنچلىق ۋە ئۇرۇش» (بۇ لىن شىجۈەن ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن ئەينەن كۆچۈرۈلگەن. ئەسلى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق») نى يېزىشقا كەتكەن ۋاقىتتەك ئۇزۇن بولمايدۇ. ئازراقلا كۈچ كېتىدىغانلىقى راست. لېكىن ئۇنى يېزىشقىمۇ ئاز – تولا ساۋات كېرەك، ئازراق جاپا تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، «فېلىيەتون» نىڭ ئۆزىمۇ بەكرەك «قوپال ۋە چالا ئىشلىنىپ» كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگىلا قالىدۇ. ئەسەردە ھامان بەزى كەمچىلىكلەر بولىدۇ. ئاپوللىنائىر توزنى مەدھىيىلىگەندە: توز قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەندە، رەڭمۇرەڭ نۇر چاقنايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىكى پۇرۇقىمۇ كۆرۈنۈپ قالىدۇ، دېگەنىكەن. دېمەك تەنقىدچىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرى زۆرۈر، بىراق، تەنقىدچىمۇ بۇ چاغدا قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەنلىكتىن، پۇرۇقى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەيىبلەشلىرى زۆرۈر بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە رەڭمۇرەڭ تاۋلىنىپ تۇرغاپ پەيلىرى بار. لېكىن ئۇ توز بولماي، غاز – ئۆردەك قاتارلىقلار بولۇپ قالسا، ئۇ قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەندە نېمىلەر كۆرۈنۈپ قالىدىغانلىقىنى ئۆزى ئويلاپ كۆرۈشى لازىم – دە.

# 批评家的批评家

# تەنقىدچىنى تەنقىد قىلغۇچى

鲁 迅

لۇشۈن

情势也转变的真更快，去年以前，是批评家和非批评家都批评文学，自然，不满的居多，但说好的也有。去年以来，却变了文学家和非文学家都翻了一个身，转过来来批评批评家了。

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئىمىدىكىگەن تېز ھە، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئالدىدا تەنقىدچى ۋە غەيرىي تەنقىدچىلەر ئەدەبىياتنى تەنقىد قىلاتتى: دەرۋەقە، نارازى بولغۇچىلارغۇ كۆپ، لېكىن ياخشى دېگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇلتۇردىن تارتىپ ئەھۋال ئۆزگەردى، ئەدىبلەر ۋە غەيرىي ئەدىبلەر تەنقىدچىلەرنى تەنقىد قىلىدىغان بولدى.

这一回可是不大有人说好，最彻底的是不承认近来有真的批评家。即使承认，也大大的笑他们胡涂。为什么呢？因为他们往往用一个一定的圈子向作品上面套，合就好，不合就坏。

ئەمدىلىكتە ياخشى دېگۈچىلەر يوق دېيەرلىك. مەسىلىگە كەسكىن قارىغۇچىلار كېيىنكى كۈنلەردە ھەقىقىي تەنقىدچىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بولدى، ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى گالۋاڭ دەپ كۈلىدىغان بولۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلار ئەسەرنى ھەمىشە بىر مۇقىم رامكا بىلەن ئۆلچەرمىش، مۇۋاپىق كەلگىنىنى ياخشى دەرمىش، مۇۋاپىق كەلمىگىنىنى ناچار دەرمىش.



但是，我们曾经在文艺批评史上见过没有一定圈子的批评家吗？都有的，或者是美的圈，或者是真实的圈，或者是前进的圈。没有一定的圈子的批评家，那才是怪汉子呢。办杂志可以号称没有一定的圈子，而其实这正是圈子，是便于遮眼的变戏法的手巾。譬如一个编辑者是唯美主义者罢，他尽可以自说并无定见，单在书籍评论上，就足够玩把戏。倘是一种所谓"为艺术的艺术"的作品，合于自己的私意的，他就选登一篇赞成这种主义的批评，或读后感，捧着它上

لېكىن، بىز ئەدەبىي تەنقىد تارىخىدا رامكىسىز تەنقىدچىنى ئۇچراتقانمۇ؟ ھەممىسىنىڭ يا گۈزەللىك رامكىسى، يا چىنلىق رامكىسى، يا بولمىسا تەرەققىيپەرۋەرلىك رامكىسى بار. مۇئەييەن رامكىسى بولمىغان تەنقىدچى غەلىتە ئادەم بولۇپ قالاتتى، خالاس. ژۇرنال چىقىرىشتا مۇئەييەن رامكا يوق دەپ داۋراڭ سېلىش مۇمكىن، لېكىن ئەمەلىيەتتە شۇ داۋراڭ دەل رامكىنىڭ ئۆزى، سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئوينىغان چاغدىكى كۆز باغلايدىغان ياغلىق. ئالايلۇق، ئېستېت تەھرىر، مۇئەييەن كۆز قارىشىم يوق دېيىشى مۇمكىن، لېكىن كىتابنى باھالاشقا كەلگەندە پوخادىن چىققىچە نەيرەڭۋازلىق قىلغىنى قىلغان. ئەگەر ئاتالمىش «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» مەسلىكىدىكى بىرەر ئەسەر ئۆزىنىڭ شەخسىي دىتىغا يېقىپ قالسا، ئۇ بۇ مەسلەكنى ماختايدىغان بىرەر پارچە تەنقىدىي ماقالە ياكى تەسىراتنى تاللاپ باستۇرىدۇ — دە، ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدۇ؛ ئۇنداق

天；要不然，就用一篇假急进的好象非常革命的批评家的文章，捺它到地里去。读者这就被迷了眼。

但在个人，如果还有一点记性，却不能这么两端的，他需有一定的圈子。我们不能责备他有圈子，我们只能批评他这圈子对不对。

然而批评家的批评家会引出张献忠考秀才的古典来；先在两柱之间横系一条绳子，叫应考的走过去，太高的杀，太矮的也杀，于是杀光了蜀中的英才。这么一比，有定见的批评家即等于张献忠，真可以使读者发生满心的憎恨。但是，评文的圈，就是量人的绳吗？论文的合

ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئىنتايىن ئىنقىلابچىدەك ساختا رادىكال تەنقىدچىنىڭ ماقالىسىنى باستۇرىدۇ — دە، ئۇنى يەرگە ئۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆزى باغلىنىپ قالىدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ ئازراق ئەس — ھوشى بولسىلا، ئۇ ئىككى قۇتۇپقا سەكرىمەيدۇ، مۇئەييەن رامكىنى تۇتىدۇ. بىز ئۇنىڭ رامكىسى بارلىقىنى ئەيىبلەپ يۈرمەيمىز. پەقەت ئۇنىڭ رامكىسىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى تەنقىد قىلساقلا كۇپايە.

تەنقىدچىنى تەنقىد قىلغۇچىلار جاڭ شيەنجۇڭنىڭ تالىپلاردىن ئىمتىھان ئالغاندا ئالدى بىلەن ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئارغامچا باغلاپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ، بويى تولىمۇ ئېگىزلەرنى ۋە بويى تولىمۇ پاكارلارنى چاپقانلىقىنى، نەتىجىدە سىچۈەن تەۋەسىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى چېپىپ تۈگەتكەنلىكىنى مىسالغا ئالار. ئۇلار مۇشۇنداق ئوخشىتىش بىلەن مۇئەييەن مەسلىكى بار تەنقىدچىنى جاڭ شيەنجۇڭغا ئوخشىتىپ قويىدۇ — دە، كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە نەپرەت قوزغايدۇ. لېكىن تەنقىدىي ماقالىنىڭ رامكىسى ئادەم ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولالامدۇ؟ ئەسەر-



不合，就是量人的长短吗？引出这例子来的，是诬陷，更不是什么批评。

一月十七日。

نىڭ مۇۋاپىق بولغان — بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئادەمنىڭ ئېگىز — پەسلىكىنى ئۆلچەش بولامدۇ؟ بۇ مىسالنى كەلتۈرۈش بوھتان، ھەرگىزمۇ تەنقىد ئەمەس.

21500008277

责任编辑：魏力
封面设计：贾拉力丁

借书还期表

| 证号 | 还期 |
| --- | --- |
| 06.12.6 | |
| 07.1.11 | |
| 07.1.17 | |
| 07.9.17 | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路348号　　邮政编码：830001）
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　22.5印张　2插页
1996年4月第1版　1996年6月第2次印刷
印数：2001——4000

ISBN7—288—02957—7/H·78　定价：19.50元

17184